

تۇرسۇن روزى

# كۆزى ئېچىلغان بۇلاق



شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى


ئۇيغۇر ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىن تاللانمىلار
71 - 100
维吾尔原创文学作品精选


تۇرسۇن روزى
كۆزى ئېچىلغان بۇلاق
(رومان)
شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

开启的泉眼 ：维吾尔文 / 吐尔逊·肉孜著. — 乌鲁木齐:
新疆人民出版社，2015.9
ISBN 978-7-228-18751-5

Ⅰ. ①开… Ⅱ. ①吐… Ⅲ. ①长篇小说-中国-当代-维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ. ①I247.5

中国版本图书馆CIP数据核字(2015)第223125号

| | |
|---|---|
| 责任编辑 | 巴力江·孜帕尔 |
| 责任校对 | 阿孜古丽·克力木 |
| 封面设计 | 买买提·诺比提 |
| 出版发行 | 新疆人民出版总社<br>新疆人民出版社 |
| 电　　话 | 0991-2827472 |
| 地　　址 | 乌鲁木齐市解放南路348号 |
| 邮　　编 | 830001 |
| 印　　刷 | 北京顺诚彩色印刷有限公司 |
| 经　　销 | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| 开　　本 | 880×1230毫米 32开本 |
| 印　　张 | 14 |
| 版　　次 | 2015年9月第1版 |
| 印　　次 | 2015年9月第1次印刷 |
| 印　　数 | 1 — 2000 |
| 定　　价 | 40.00 元 |

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: مەمەت نەۋبەت

فوتوگراف: ئابلىز غوجامنىياز



ISBN 978-7-228-18751-5

定价：40.00 元

# ئاپتور ھەققىدە

پېشقەدەم مائارىپچى، يازغۇچى تۇرسۇن روزى 1939 ـ يىلى تۇرپان ئاستانە غوجامئالدى مەھەللىسىدە دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۆز يېزىسىدا باشلانغۇچ مەكتەپنى تاماملاپ، 1951 ـ يىلى سابىق ئۆلكىلىك 2 ـ دارىلمۇئەللىمىنگە ئوقۇشقا كىرگەن. 1956 ـ يىلى ئوقۇش پۈتكۈزۈپ، ئۈرۈمچى قىزلار 2 ـ ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. كېيىن ئۈرۈمچى شەھەرلىك 14 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە تىل ـ ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى ۋە مەكتەپ ئىلمىي باشقارمىسىنىڭ مۇدىرى بولۇپ ئىشلىگەن، 2014 ـ يىلى 2 ـ ئايدا كېسەل سەۋەبىدىن ئالەمدىن ئۆتكەن.

ئۇ سابىق ئۆلكىلىك 2 ـ دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدىلا ئەدەبىياتقا ھەۋەس قىلغان. ئوتتۇرا مەكتەپ تىل ـ ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى بولغاندىن كېيىن ئەدەبىياتقا تېخىمۇ چوڭقۇر ئىشتىياق باغلاپ ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن داۋاملىق شۇغۇللانغان. ئۇنىڭ تۇنجى ھېكايىسى «سوراقتىن كېيىن» «تارىم ژۇرنىلىنىڭ 1980 ـ يىلى 7 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ھەرقايسى گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئۇنىڭ ئوتتۇز پارچە ھېكايىسى ئېلان قىلىنغان. شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتىدا 1986 ـ يىلى «ساداقەت» ناملىق ھېكايىلەر توپلىمى، 1990 ـ يىلى «تىلەمچى ئايال» ناملىق پوۋېستلار توپلىمى (تۇرسۇنئاي ھوسەيىن بىلەن بىرلىكتە) نەشر قىلىنغان. 1994 ـ يىلى «تاڭ سۈزۈلگەندە» ناملىق ھېكايىلەر توپلىمى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدا نەشر قىلىنغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇنىڭ يۈز پارچىدىن ئارتۇق شېئىرى مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنغان.

# مۇندەرىجە


بىرىنچى باب ........ 1

ئىككىنچى باب ........ 18

ئۈچىنچى باب ........ 32

تۆتىنچى باب ........ 54

بەشىنچى باب ........ 76

ئالتىنچى باب ........ 91

يەتتىنچى باب ........ 112

سەككىزىنچى باب ........ 133

توققۇزىنچى باب ........ 155

ئونىنچى باب ........ 169

ئون بىرىنچى باب ........ 193

ئون ئىككىنچى باب ........ 223

ئون ئۈچىنچى باب ........ 247

ئون تۆتىنچى باب ........ 272

ئون بەشىنچى باب ........ 299

ئون ئالتىنچى باب ........ 321

ئون يەتتىنچى باب ........ 348

ئون سەككىزىنچى باب ........ 372

ئون توققۇزىنچى باب ........ 398

يىگىرمىنچى باب ........ 421

# بىرىنچى باب

## 1

ئىشىك يېنىك چېكىلدى. بېرىلىپ ماتېرىيال كۆرۈۋاتقان باش گېئولوگ كامىل بېشىنى كۆتۈرۈپ، كىرىشكە ئىجازەت بەردى. ئىشىكتىن چىرايلىق، زىلۋا بىر قىز تارتىنىپ كىرىپ كەلدى ـ دە، ئۈستەل ئالدىغا كېلىپ توختىدى ۋە گەپ ـ سۆز قىلماستىن كىچىك سومكىسىدىن بىر خەتنى ئېلىپ باش گېئولوگقا سۇندى.

خەتنى ئوقۇۋاتقان باش گېئولوگنىڭ ئەيمەنگۈدەك چىرايى تېخىمۇ سۈرلۈك تۈس ئالدى. قويۇق قارا قاشلىرى ئارىسىدىكى ئىككى تال تىك سىزىق تېخىمۇ قويۇقلاشتى، بىر خىل يالقۇن ئۇچقۇنداپ تۇرغان دۈگىلەك كۆزلىرى سەل قىسىلدى، مەڭزلىرى قىزاردى. ئۇ ئۇششاق قوللىرى بىلەن يىرىك، قارا چاچلىرىنى قايرىغاچ بېشىنى كۆتۈرۈپ قىزغا زەن سېلىپ قارىدى.

— ئولتۇرۇڭ، — ئۇ قولى بىلەن تامغا يۆلەپ قويۇلغان چوڭ كىرېسلونى كۆرسەتتى. ئۆرە تۇرغان قىز بېرىپ، بىر ئەپلىك ئولتۇرۇپ نېمىنىدۇر كۈتتى. باش گېئولوگ خەتنى يەنە بىر قېتىم كۆرۈپ چىقتى.

— بىزنىڭ تارماققا ئېلىش ھەققىدە ھازىرچە ئېنىق جاۋاب بەرمەيمەن، كۈتۈپ تۇرىسىز.

— يەنە قاچانغىچە كۈتىمەن؟

— چۈشتىن كېيىنگىچە.

— ماقۇل، — قىز ئورنىدىن تۇردى.

باش گېئولوگ توساتتىنلا بىر ئويغا كېلىپ، قىزغا قول ئىشارىسى قىلىپ:

— كەتمەڭ، سەل كۈتۈپ تۇرۇڭ، — دېدى. قىز قايتىدىن ئولتۇردى. نەچچە مىنۇتتىن كېيىن ئىشخانىنىڭ ئىشىكى چېكىلدى.

— كىرىڭ.

كۆك سارجىدىن بىر پار كاستۇم ـ بۇرۇلكا كىيگەن، چىرايلىق گالىستۇك تاقىۋالغان ئوتتۇز ياشلار چامىسىدىكى بىر يىگىت كىردى.

— يولداش كامىل، نېمە ئىش بار ئىدى؟ — دېدى ئۇ ئەدەپ بىلەن.

— مانا بۇ قىزچاق، — دېدى كامىل قولى بىلەن قىزنى كۆرسىتىپ، — رىزۋانگۈل، يېڭى خىزمەتدىشىمىز. سىز بۆلۈمگە ئەكىرىپ خىزمەت ئەھۋالىمىزنى تونۇشتۇرۇڭ.

— قېنى، مەرھەمەت، — دېدى يىگىت رىزۋانگۈلگە يېقىملىق قاراپ. ئۇنىڭ سەل ئېگىلىپ تۇرۇشلىرى ئارتىسقا ئوخشايتتى.

رىزۋانگۈل بىلەن يىگىت ئىشىككە قاراپ ماڭدى. كامىل ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىككىچە ئۇزىتىپ قويدى.

بۆلۈمنىڭ ئىچى رىزۋانگۈلنى ھەيران قالدۇردى. چوڭ خانا ھەم خىزمەت قىلىش ئورنى ھەم يەر ئاستى بايلىقلىرىنىڭ كۆرگەزمىسىگە ئوخشايتتى. مەخسۇس ياسالغان ئىشكاپلاردىكى كىچىك ئەينەك قۇتىلاردا سان ـ ساناقسىز رۇدا ئەۋرىشكىلىرى تۇراتتى. ھەر بىرسىنىڭ يان تەرىپىدىكى كارتوچكىلاردا ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، ئىنگلىزچە يېزىقلار يېزىلغانىدى. جاھازلارغا ئېلىپ، تاملارغا ئېسىپ قويۇلغان زامانىۋى تەكشۈرۈش ئەسۋابلىرىنىڭ رەسىم ۋە تۈزۈلۈش چېرتيوژلىرى رىزۋانگۈلگە تونۇشلۇق ئىدى.

رىزۋانگۈلنى باشلاپ كىرگەن يىگىت قىزنىڭ يېنىدىكى كىرېسلودا ئولتۇرۇپ دېدى:

— مېنىڭ ئىسمىم ئەركىن. ئىشلەۋاتقىنىمغا يەتتە يىل بولدى. بۇلار خىزمەتداشلار، كېيىنچە تونۇشۇۋالىسىز، — ئۇ ئورۇنلىرىدا ئولتۇرۇپ جىددىي مەشغۇلات قىلىۋاتقانلارنى قولى بىلەن كۆرسىتىپ قويۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — بىز، قاراڭ رىزۋانگۈل، ۋاقىتنى سائەت، كۈنلەر بىلەن ھېسابلاپ ئولتۇرمايمىز. كۆپ ۋاقىتلاردا چېسلانىڭ قانچە بولغانلىقىنى، ھەپتىنىڭ قانچىنچى كۈنى ئىكەنلىكىنى بۇنىڭدىن (بىلىكىدىكى سائىتىنى كۆرسىتىپ) تاپىمىز. بىر يىلنىڭ كۆپ ۋاقتىنى تاغۇ دەريا، چۆل - جەزىرىلەردە ئۆتكۈزىمىز. بوران كۆزنى ئاچقۇزمايدۇ، يامغۇر چېدىردىن چىققىلى قويمايدۇ. بۆرە ھۇۋلاۋاتقان، ئىتلار قاۋاۋاتقان، يىلانلار ۋىشىلداپ يۈرگەن. بىز گېئولوگ - دە، بىز شۇنداق يەرگە موھتاج، ئۇلار بىزگە. تېخى ئۇلار بىزدىن خۇش، قانچە مىڭ يىللار كۆمۈلۈپ يېتىپ ئىچى پۇشقان، بىز ئۇلارنى يورۇق دۇنياغا چىقىرىمىز، قۇياش نۇرىنى بەخش قىلىمىز، ئۇلار قولىدىن - قولغا ئۆتۈپ تەۋەررۈككە ئايلىنىدۇ. قاراڭە، ئۇلار مۇشۇنداق ئېسىل يەردە تۇرۇپ باققانمۇ؟ ئەتىدىن - كەچكىچە ھەپىلىشىدىغىنىمىز مۇشۇ تاشلار تۇرسا، ئاستا - ئاستا تونۇش بولۇپ قالىدىكەنمىز، ئىچەكىشىپ كۈندۈزلىرى ھەپىلەشكىنىمىز ئازدەك، چۈشىمىزگە كىرىۋالىدۇ تېخى، — يىگىتنىڭ تاش ئېرىقتا زىلال ئېقىۋاتقان سۇنىڭ شىلدىرلىشىدەك بىر خىل رىتىمدا چىققان سۆزلىرىنى رىزۋانگۈل ئىشتىياق بىلەن تىڭشىدى، بەزى چاغلاردا يېنىك تەبەسسۇم قىلىپ قويدى.

يىگىت ئازراق ۋاقىت ئىچىدىلا خىزمەت، خىزمەت شارائىتى، ھەتتا باش گېئولوگنىڭ مىجەز - خۇلقىدىن تارتىپ، تەلەپچانلىقىغىچە مەلۇمات بېرىۋەتتى.

— خىزمەتداشلار بىلەن بىر - بىرلەپ تونۇشتۇرمىساممۇ ئۆزىڭىز تېزلا تونۇشىۋالىسىز. بۇ يەردىكىلەرنىڭ ئىككىسىنىڭلا نۇختىسى بار، باشقىلىرىمىز يۈگەنسىز ... — باشقىلارنىڭ

كۆلكىسى ئەركىنىنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى. بويى پاكار، غوللۇق كەلگەن يىگىت:

— ئەركىن، بولدى قىل، رىزۋانگۈلنىڭ ئۆزىگىمۇ قالسۇن، مەخپىيەتلىكنىڭ ئازراق ساقلىنىپ تۇرغىنى ياخشى، — دېدى كۆلۈپ تۇرۇپ، قىزمۇ مىيىقىدا كۆلۈپ قويدى.

— كۆپ سۆزلەپ زېرىكتۈرىۋەتمىگەن بولسام ـ ھە، تۇنجى قىز خىزمەتدىشىمىز، سىزنى قىزغىن قارشى ئالىمىز، — دەپ ئەركىن سۆزدىن توختىدى.

خانا بىر پەس جىمجىت بولۇپ كەتتى، ھەممىسى بېرىلىپ ئۆز ئىشىنى داۋاملاشتۇرماقتا.

بىر پەستىن كېيىن رىزۋانگۈل بېشىنى كۆتۈرۈپ ئەركىنگە قارىدى، شۇئان يىگىت ئورنىدىن تۇردى. يوغان بىر ئىشكاپنى ئاچتى ـ دە، قېلىن قەغەزدىن ياسالغان بىر خالتىنى ئېلىپ قىزغا ئۇزاتتى.

— مانا بۇ بىزنىڭ ئىلمىي خۇلاسىلىرىمىز، ھەر قېتىملىق دالا تەكشۈرۈشىدىن كېيىن مۇشۇنداق ماتېرىيالدىن بىرنى يازىمىز، بىر ـ بىرلەپ كۆرۈپ بېقىڭ، بەلكى قىزىقىپ قالارسىز — دېدى. رىزۋانگۈل بۇ يىگىتنىڭ تۇيغۇنلىقىغا، سۆزلىرىنىڭ تەبىئىيلىكىگە قايىل بولدى. كەيپىياتى باش گېئولوگنىڭ ئالدىدىكىگە پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغان بىر خىل ھالغا كەلدى، تارتىنىش ھېيىقىش ئازىيىپ، ئۆزىنى خېلى ئەركىن ھېس قىلدى.

رىزۋانگۈل قەغەز خالتىنى ئېلىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە چىرايلىق يېزىلغان «مەسئۇد سەمەدى» دېگەن ئىسىمنى كۆردى. «بۇ ئىسىم مۇشۇ ئولتۇرغانلارنىڭ قايسىسىدۇ؟» دېگەن ئوي لىپپىدە كاللىسىدىن ئۆتتى. قىز كۆڭلىدە بىرنەچچىسىنى قىياس قىلىپ بېقىپ، ئۆزىنىڭ بۇ ئىشى ئۆزىگە كۈلكىلىك تۇيۇلدى ـ دە، بېشىنى يېنىك چايقاپ خىيالىنى قاچۇرماقچى بولدى.

رىزۋانگۈل دەسلەپتە ئانچە بىر قىزىقمىغان ھالدا، ئوقۇپ

بىقمش ئۈچۈنلا ماتېرىيالدىن بىرىنى تارتىپ چىقىرىپ كۆردى، لېكىن ئۇنىڭ ئىككىنچى ماتېرىيالىنىمۇ كۆرگۈسى كەلدى. ئېنىقكى، ماتېرىيال ئۇنىڭ دىققىتىنى تارتقانىدى، شۇنىڭ بىلەن قىز ئىككىنچىسىنى دىققەت بىلەن ئوقۇشقا كىرىشتى. بەزى ئورۇنلىرىنى ئىككى، ئۈچ قېتىمدىن ئوقۇدى. ئەمدى پۈتۈن زېھنى بىلەن بېرىلىپ ئوقۇشقا كىرىشىپ كەتتى. ئۇ يېزىلغان ماتېرىيالنىڭ ئىلمىيلىكىنىڭ كۈچلۈكلىكىنى بارغانسېرى ئېنىق بىلىپ يەتكەنىدى.

رىزۋانگۈل خۇددى يېنىدا ھېچكىم يوقتەك، ئۆزىنى ئەركىن - ئازادە قويۇۋەتتى. ئۇ بىردىنلا ئوقۇشتىن توختاپ، چىرايلىق سومكىسىنى ئاچتى - دە، دەپتەر، قەلەم چىقىرىپ نېمىلەرنىدۇر يازدى، يېزىشتىن توختاپ بىرپەس ماتېرىيال كۆردى ۋە يەنە يازدى. ئۇنىڭ بىر ھەرىكىتى كۆپ قېتىم تەكرارلاندى. رىزۋانگۈلنىڭ چىرايى قىممەتلىك بىر نەرسىنى تېپىۋالغان كىشىدەك شادلىق ئىلكىدە چاقناپ كەتكەنىدى. كېيىنكى كۆزلىرىدىن خۇشاللىق ئۇرغۇپ تۇراتتى. ئۇ بىر چاغدا ماتېرىيالنى كۆرگەچ دىمىقىدا ناخشا باشلىۋەتتى، ناخشىنى قانچىلىك ئېيتقىنىنى ئۆزىمۇ بىلمەيدۇ.

— ئاۋازلىقراق، — دېگەن سۆزدىن كېيىنلا ئۇ ئېسىگە كېلىپ ۋارقىرىۋەتتى ۋە ئورنىدىن چۆچۈپ تۇرۇپ، يۈگۈرۈپ سىرتقا چىقىپ كەتتى. ئىشخانىدىكىلەر باشلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ، بىر - بىرى بىلەن كۆز ئۇرۇشتۇرۇپ قويىدى.

بىرقانچە مىنۇتتىن كېيىن مەڭزى ئاناردەك قىزارغان رىزۋانگۈل بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئىشخانىغا ئاستا كىردى - دە، بۇرۇنقى ئورنىغا بېرىپ ئولتۇرىۋالدى، ھەممىسىنىڭ ئۆز ئىشى بىلەن بەنت بولۇپ، ھېچ ئىش بولمىغاندەك جىددىي ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ بىر تەرەپتىن خۇش بولسا، بىر تەرەپتىن ئەجەبلەندى. «ئۇلار مېنى مازاق قىلمىغان بولسا كېرەك، لېكىن ياشلاردەك جۇشقۇن ئەمەس. ئوتتۇرا ياش ۋە

قىرلاردەك ۋەزمىن ھەم ئېغىر. بۇلار ئويۇن ـ تاماشا، چاقچاقلىق تۇرمۇشنى خالىمامدۇ، يە بىلمەمدۇ؟ يە بۇ مەكتەپ بىلەن ئىدارىنىڭ پەرقىمىدۇ؟ ...» تۇيۇقسىز جىرىڭلىغان قوڭغۇراق ساداسى رىزۋانگۇلنىڭ خىيالىنى ئۈزۈۋەتتى. ئەركىن بىرسى چاقىرغاندەك شۇئان ئورنىدىن تۇرۇپ ئالدىراش چىقىپ كەتتى. قوڭغۇراق ئارقىلىق ئەركىننى كامىلنىڭ چاقىرغانلىقىنى قىز نەدىن بىلسۇن؟ بىردەمدىلا قايتىپ كىرگەن ئەركىن قىزغا يېقىن كېلىپ:

— سىزنى باش گېئولوگ ئىشخانىسىدا كۈتىدۇ، — دېدى تۆۋەن ئاۋازدا.

رىزۋانگۇل كىرىپسلودا ئولتۇرۇپ كامىلنىڭ گېپىنى كۈتمەكتە. بۇ سۇرلۇك ئادەم تېخى بىر تەرەپ قىلالمىغان خىياللىرى باردەك، چوڭقۇر ئويدا ئولتۇراتتى. ۋاقىت ئۆتمەكتە. جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرمەكتە.

— سىڭلىم، — دەپ سۆزىنى باشلىدى كامىل بىر ھازادىن كېيىن، — ئادەم بىلىم ئىشلىتىش ئۈچۈن يارالغان، بىراق بۇلارنىڭ بىرىنى بىلگەنلىك ھەممىنى بىلىپ بولغانلىق ئەمەس، چۈنكى ئىككىسى ئىككى ئىش. سىنىپتا ئولتۇرۇپ باشقىلار يەكۈنلىگەن قائىدە ـ قانۇنىيەتلەرنى بىلىش ئىشلىتىشكە قارىغاندا ئاسان، بىلىش بىلەن ئۇنى ئىشلىتىش ئوتتۇرىسىدا يېتىلدۈرۈلگەن جاپا ـ مۇشەققەت، ئاقىۋەتلەرنىڭ تەر، تەقدىم قىلىدىغان ئەقىل پەرقلىق، ئوخشاش ئەمەس. سىزنى بۇلارنى چۈشىنىدۇ دەپ ئىشىنىپ، سىپىمىزگە قوبۇل قىلدىم، — كامىل سۆزىنى توختىتىپ، بىر نېمە ئىزدىگەندەك قىزنىڭ پۈتۈن تۇرقىغا قارىدى، رىزۋانگۇلنىڭ بەدىنى تاتلىق سېزىمدە ئېرىگەندەك بولدى ـ دە، ئىختىيارسىز يەرگە قارىۋالدى.

— قانچە ياشقا كىردىڭىز؟ — دەپ سورىدى كامىل.

— يىگىرمە ئۈچكە.

— ئۆيىڭىز شەھەردىمۇ؟

— ياق، يېزىدا، — نېمىشقىدۇر كامىلنىڭ چىرايى ئېچىلدى.
— دېھقان قىزىمەن دەڭ، ياخشى، ياتىقىڭىزچۇ؟
— ياتاق بىناسىنىڭ بىرىنچى قەۋىتىگە ئورۇنلاشتىم.
— بولىدۇ، ئەركىن كۈندىلىك ئىشلارغا مەسئۇل، چۈشتىن كېيىن ھەممىنى ئورۇنلاشتۇرىدۇ.

## 2

رىزۋانگۈل گېئولوگىيە تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئىلمىي خادىمى سۈپىتى بىلەن يېڭى ھاياتنى باشلىدى. ئەسلىدە ئۇ ئون ئۈچ ئەرنىڭ ئىچىدە تەنھا قىز ئىدى، بەش كۈنگە قالماي، كامىل يېڭى دوختۇر رامىلەنىمۇ ئۆز ئەترىتىگە قوبۇل قىلدى.

رىزۋانگۈل بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن ئىشقا چىقىپ، ئەمدىلا ئىشخانىنىڭ ئىشىكىگە قولىنى ئاپىرىشىغا خانا ئىچىدىن «قىز» دېگەن سۆزنى ئاڭلاپ قالدى، ئۇ كۆتۈرگەن قولىنى چۈشۈرۈۋېلىپ، دىققىتىنى يىغىپ بولۇۋاتقان سۆزلەرگە قۇلاق سالدى.

— كامىلغا نېمە بولدى، ئىككى قىزنى بىراقلا قوبۇل قىلدى، بۇ بىر مۆجىزە ئاغىنىلەر، — بۇ خىرقىراپ چىققان مەخمۇتنىڭ ئاۋازى ئىدى.

— قىز دېسىلا قاپاقلىرى تۈرۈلۈپ، چىرايى ئۆڭۈپ كېتەتتى، ئەمدى ئەجەب جۇرئەت قىپتا، — دېدى يەنە بىرسى.

— بىزگە ئىچى ئاغرىغاندۇ. قىز دېگەننى چۈشىدىلا كۆرمىسۇن، ئوڭىدىمۇ كۆرسۇن دەپ، ئەترىتىمىزگە بىراقلا كۆزنىڭ يېغىنى يەيدىغان ئىككى قىزنى ئالغان ئوخشايدۇ، — دېدى شاڭخوچى دەپ نامى بار ئېلى. ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى قاتتىق كۈلۈشۈپ كەتتى.

— ئاغىنىلەر قىز دېگەن ...

— بولـدى قويۇقلار ئـۇ گـەپلەرنـى، ئۇلارمۇ ئالـىي مەلـۇمـات ئالـغان، كەسـىپ ئۆگەنگـەن، نېمـىشقا بـىز قـىلـغـان ئىشـلارنـى قـىلالمايدىكەن، پەقەت مۇشكۇل شارائىتتا تاقـابىل تۇرالـىسىلا نـى ـ نى ئىشلارنى قىلالايدۇ، — بۇ جاراڭلىق ئاۋاز مەسئۇدنىڭ ئىدى.
— هەر نېمە بولغـان بىلەن قـىز بالا نازۇك، ئـەركە بولـىدۇ، چۆل ـ باياۋانلاردا يەنە نېمە خۇيـلىرى چـىقىدۇ؟ — بۇ هـېلىقـى خىرقىراق ئاۋاز ئىدى.
— قىز بـالـىنـىڭ ئانچە ـ مـۇنچە خۇيـى، خۇلقـى بـولـمـىسـا، تـەمبۇرنـىڭ تارىنى دىـرىڭشـىتالمايـدۇ، — بۇ سۆزنى خـۇپپيانـە ئاڭـلاپ تـۇرغان رىزۋانـگـۇلـنـىڭ مـەڭزى قـىـزىـرىـپ كـەتـتـى، نېمىشقىدۇر يۈرىكـى سالدى، هەتـتا بەدىنـىگە ئازراق تـىترەكـمۇ ئولاشتى.
— مەسئـۇد، تـوغرا ئېيـتـىدۇ، — دېدى ئـەركىن، — قـىـز دېگەنـنـىڭ چىرايى بىلەن خۇلقى بولمىسا، ئوغۇل بالىغا ئوخشاپلا قالامدۇ؟ ئۇ چاغدا نەس باسقىنى شۇ ـ دە، — ئـۇنىڭ بۇ سـۆزى بـىـردىنلا بـىـرقانچە قـوللىغـۇچىغا ئـىگە بولـدى. بىراق قـارشـى چىققـۇچىلارمۇ بـار ئىدى. بـىـر پەس جـىـددىـي بەس ـ مۇنـازىـرە باشلاندى. يىگىتلەر ئۆزلىرىنىڭ قىز تاللاشتىكى قاراشلىرىنـى ئوخشـىمىغان ئـاساسلار بىـلەن ئـىسپاتلاپ قـىـزىشـىـپ تـالاش ـ تارتىش قىلدى.
— گۈزەللىـك دېگەن كـىمـنىڭ مـەيلـىـنـى تارتمايـدۇ، — دەپ سۆزلەپ كـەتتى ئـەركـىن، — رەڭمـۇرەڭ گـۇللەر ئېچـىلـغـان، كېپىنـەكلەر ئەركـىن ئۇچۇپ يـۈرگەن گۈلزارلـىقتا زوقـلـىـنىـپ قارىمايدىغان كـۆز تېپـىلـماس. قـىـياقتەك قـاش، بۇلاقتەك كـۆز، ئالمىدەك قىزىرىپ تۇرىدىغان مەڭـزى بار، تۆكـۈلـۈپ تۇرىدىغـان كىرپىكلىرى سۆزلەيدىغان، جىنەستىدەك لەۋلىرىدىن تەبەسسـۇم تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان قىزغا يىگىتلەرلا ئەمـەس، يەتمـىش ياشلىـق بوۋايـنىڭمۇ كۆزى تىكىلـىپلا قالـىدۇ، ئۇنداق قـىزلاردا يۈرەكـنـى ئۆزىگە تارتىدىغان ماگنىت بولىدۇ، ماگنىت.

— هە ... شوْخازە يېشىڭ ئوتتوْزغا بارغوْچە ماگنىت تاپالماي تەنھا يوْروْپسەن ـ دە؟! — ھەممىسى پاراققىدە كوْلوْشوْپ كەتتى. بولوْنوْۋاتقان سۆزلەرنى قىزىقىش، تارتىنىش بىلەن تىڭشاپ توْرغان رىزۋانگوْل يىگىتلەرنىڭ قىزلار ئوْستىدە بوْنداق بېرىلىپ موْنازىرىلىشىشىگە ھەيران قالدى.

رىزۋانگوْل ئوتتوْرا مەكتەپتە ئوقوْۋاتقاندا تېخى ساددا قىز ئىدى، ئالىي مەكتەپكە چىققاندا كۆپرەك بىلىم ئىگىلەشكە، ئۆگىنىشكە بېرىلىپ، يىگىتلەرگە كۆپ ئارىلاشمىغان، شوْڭا ئوْلارنىڭ نېمىلەر توغرىسىدا كۆپرەك سۆزلىشىدىغانلىقىنى تازا بىلمەيتتى. مانا ھازىر ئوْنىڭ كۆز ئالدىدا يېڭى بىر دوْنيا، موْھەببەت ئېچىلغاندەك، ئوْ يەردىن قانچىلىغان جوْپ كۆزلەر ئوْنىڭدىن گوْزەللىك ئىزدەۋاتقاندەك بولوْپ توْيوْلدى. ئوْ ئىختىيارسىزلا يەلكىسىنى بېسىپ توْرغان قاپقارا، بوْدوْر چاچلىرىنى توْزەشتوْردى، يوْزىنى ئالىقانلىرى بىلەن سىلاپ قويوْپ، بىردىنلا ئوْيالغاندەك ئەتراپقا قارىدى. رىزۋانگوْل گەپ تىڭشاپ ئىشىك توْۋىدە توْرىۋېرىشنى ئەپسىز كۆردى بولغاي، ئىشىكنى ئېچىپ ئىشخانىغا كىردى. بولوْنوْۋاتقان گەپ ـ سۆزلەر قايناۋاتقان قازانغا سوغوْق سوْ قوْيغاندەك بىردىنلا تىنچىپ قالدى. ئوْ ئىش ئوْستىلىگە بېرىپ، كۆزىنىڭ قىرىدا ئىشخانا ئىچىنى كۆزەتتى. نېمىشقىدوْر خىزمەتداشلىرى ئەمدى رىزۋانگوْلگە بىرقانچە مىنوْت ئىلگىرىكىگە ئوخشىماي قالغاندەك كۆروْندى.

رىزۋانگوْل ئوقوْۋاتقان ئىنگلىزچە كىتابنى ئېچىپ قويغىلى خېلى ۋاقىت بولغان بولسىموْ، تېخى بىر قوْرنىموْ ئوقوْپ بولالمىدى، ئوْنىڭ كۆڭلى ئولتوْرغانلارنى بىر باشتىن كۆزىتىپ بېقىشقا ئوْندەپ ئوْنى خاتىرجەم قىلمىدى. بىراق، قىز كۆزلىرىنى دادىل تىكىپ ھەممىسىگە بىر ـ بىرلەپ قاراشقا جوْرئەت قىلالمايتتى. بىردىنلا ئوْنىڭ قوْلىقىدا «قىز بالىنىڭ ئانچە ـ موْنچە خوْي ـ خوْلقى بولمىسا، تەمبوْرنىڭ تارىنى

دىرىڭشىتالمايدۇ ...» دېگەن ئاۋاز جاراڭشىغاندەك بولدى ـ دە، مەسئۇدقا قاراپ باقتۇسى كەلدى. رىزۋانگۇل مەسئۇدنىڭ چىرايىنى كۆرەلمەيتتى. چۈنكى ئۇنىڭ ئۈستىلى قىزنىڭ ئارقا تەرىپىدە بولۇپ، ئۇلار بىر ـ بىرىگە ئۇدۇل ئولتۇراتتى. قىز ئورنىدىن تۇرۇپ ئايلىنىپ ئۇنىڭ ئالدىغا باردى، خەنزۇچە كىتابنى ئېچىپ، بىر جۈملىنى كۆرسىتىپ:

— ماۋۇ جۈملىنى قانداق چۈشەنسەك بولىدۇ؟ — دەپ سورىدى. ئۇنىڭ تاۋۇشى تىترەپ چىقتى. بېرىلىپ بىر نەرسە يېزىۋاتقان مەسئۇد سەمىدى ئىشىنى توختىتىپ كىتاب بېتىگە قارىدى. مەسئۇد:

— ھە، بۇنى يەر قاتلىمىنىڭ دەۋر يېشى دېسەك بولىدىغۇ دەيمەن، — دېدى ئەستايىدىللىق بىلەن. قىزدىن سادا چىقمىدى، ئاندىن ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ رىزۋانگۇلگە قارىدى. قىز چوڭقۇر خىيال ئىلكىدە مەسئۇدنىڭ كۆزلىرىگە جۈرئەتلىك تىكىلدى. ئادەتتىكىلا چىراي، ھېچقانداق ئالاھىدىلىك يوق، تېخى بىغەم، ئېغىر ـ بېسىق بۇ چىرايدا رىزۋانگۇل ئۈچۈن ھېچقانداق يېڭىلىق كۆرۈلمىدى، ئەكسىچە ئۆزىنىڭ يۈرىكى سېلىپ، بەدىنى قىزىغاندەك بولدى.

— ھە، — دېدى ئۇ بىر پەستىن كېيىن، — مەنمۇ شۇنداق دەپ پەرەز قىلغانىدىم، لېكىن تازا ئىشەنچ قىلالمىغانىدىم. مەن تېخى بىلمەيدىغان بىرەر ئىچكى مەنە بارمىكىن دەپتىمەن، ئىشەنسەم بولغۇدەك ـ ھە، رەھمەت.

رىزۋانگۇل ئورنىغا كېلىپ ئولتۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ ھېلى نېمە ئىش قىلغانلىقىنى ئويلاپ بىردىنلا ئارامسىزلاندى، تەمتىرىدى، ئۆزىچىلا ھودۇقتى، بەكمۇ ئوڭايسىزلاندى. ئۇ نېمىشقا مەسئۇدنىڭ چىرايىنى كۆرمەكچى بولۇپ قالدى؟ نېمە ئۈنى شۇنداق قىلىشقا دەۋەت قىلدى؟ ئۇنىڭ تەمبۇرىنىڭ سىممىنى چېكىپ ئاۋاز چىقىرىپ باقماقچىمۇ؟ رىزۋانگۇل ئىشتىن كېيىن ئۇشتۇمتۇتلا بۇلارنى ئويلاپ قالدى، لېكىن بۇنىڭغا

قانائەتلىنەرلىك جاۋاب تاپالمىدى. قىز ئۆزىنىڭ جۇرئىتىگىمۇ ھەيران قالدى. ئۇ ئادەتتە ئوغۇللارنىڭ ئالدىدا تەمتىرەپ قالاتتى. يېقىندىن بېرى ئۆزىچىلا مەسئۇدتىن بەكمۇ تەمتىرەيدىغان، لېكىن ھە دېسىلا چاندۇرۇپ قويىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ قىسىلاتتى، قورۇناتتى، ئۆزىنى ئەركىن ھېس قىلالمايتتى، خىيالىدىكى سۆزلىرىنىمۇ ئاسان چىقىرالمايتتى. ئۇ ئوغۇللارنىڭ ئادەتتىكى چاقچاقلىرىغىمۇ باتناپ قالاتتى، ئاسانلا كۆزىنى ياشلايتتى. ئۇ بۈگۈن قانداقلارچە شۇنچىۋالا جۇرئەت قىلىپ مەسئۇدنىڭ ئالدىغا تەمتىرىمەي بارغىنىنى، ئۇنىڭ كۆزىگە بىر پەس تىكىلگىنىنى ئەقلىگە سىغدۇرالمايتتى، قانچە ئويلىسىمۇ ئۇنىڭغا ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى. مەن راستىلا ئۇنى ... ياق، قانداق قىلىپ ئۇنداق بولۇپ قالىدۇ؟ ئۇ بىردىنلا چۆچۈدى. ئۇنىڭ مەسئۇدقا بولغان مۇئامىلىسى ئالاھىدە، ئۇنىڭ بىلەن بىردەم ـ يېرىم دەم سۆزلەشسە، كۆڭلى خۇش بولۇپ كېتىدۇ، ئۇنىڭ ئاندا ـ ساندا ئۆزىگە قارىغانلىقىنى كۆرۈپ قالسا، بىر خىل تاتلىق سېزىمگە تولىدۇ، بۇ نېمە ھال؟ رىزۋانگۈل ئويلىغانسېرى ئۆزىنىڭ خىياللىرى ئۆزىگە راستتەك بىلىنىپ باشقىچىلا بولۇپ كېتىۋاتاتتى.

مەسئۇدمۇ رىزۋانگۈل يېنىدىن كەتكەندىن كېيىن يېزىشنى داۋاملاشتۇرالمىدى. ئۇنىڭ پىكىرلىرى چېچىلدى، رىتىمى بۇزۇلدى، شۇنچىلىك كۈچەپمۇ ئۆزىنى ئىزىغا چۈشۈرەلمىدى. ئۆزگىچە بىر خىل تۇيغۇ ئۇنى ۋەسۋەسىگە سالماقتا ئىدى، مەسئۇد بۇنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلمىسىمۇ ھەر ھالدا ھېس قىلالايتتى. بۇ قۇيۇننىڭ چىقىشقا باشلىغانلىقىغا خېلى ۋاقىت بولغان، ئۇ بالداقمۇ بالداق ئۇلغىيىۋاتىدۇ، بۈگۈنكى رىزۋانگۈلنىڭ ھەرىكىتى، بولۇپمۇ سۆزلىرى بۇ قۇيۇننى يەنە بىر بالداق ئۆرلىتىپ، ئۇنىڭ خاتىرجەملىكىنى ئۇچۇرۇپ كەتتى، ئۇنىڭ خىياللىرىمۇ ئۆزىگە بويسۇنماستىن ئۇچ تارتقىلى تۇردى. ئەركىنىنىڭ:

— بۇرادەرلەر، مېڭىمىز ئېتىلىپ كەتمىسۇن، بىردەم - بىرىم دەم ئارام ئالغاچ پاراڭ - ماراڭ سېلىشايلى، — دېگەن سۆزى ھەر ئىككىسىنىڭ خىياللىرىنى ئۈزدى.

— باشلىق دېگەن مۇشۇنداق بولسا، قول ئاستىدىكىلەرنى ئىشلىتىشنىمۇ، ئاسراشنىمۇ بىلسە، — دېدى مەخمۇت خىرقىراپ.

— ئاغزىڭ ئېچىلدى قاغا، — دېدى ئەركىن ئورنىدىن تۇرۇپ بەللىرىنى تۈزەشتۈرۈپ، — كۆڭۈلگە ياققۇدەك باشقا سۆزۈڭ يوقمۇ؟

— قاغا بۇلبۇل بولالمايدۇ، ئۇ بەربىر قاغا، ئۇنىڭغا قاغا بولۇش پۈتۈلگەن، — دېدى ئېلى كەينىگە قاراپ.

— ھەي ئاغزى بوشلار، نېمە دېگۈلۈك، — دېدى مەخمۇت بېشىنى چايقاپ، — مەخپىيەتلىكنى ئىككى ئايمۇ ساقلىيالمىدىڭلار - ھە؟!

— سېنىڭ سىرلىرىڭنى قىزلاردىن مەخپىي تۇتىدىغان دەۋرىڭ ئۆتتى مەخمۇت، بېشىڭغا نوختىسىنىڭ چۈشكىنى ئىشىڭنىڭ پۈتكىنى، ئۇياق - بۇياققا قاراشقا ھەددىڭ يوق، بويۇن تولغىساڭ قۇلىقىڭنى سوزۇپ قويىدىغان ئىگەڭ بار. بۇنى ئېسىڭدىن چىقىرىپ قويساڭ ئىشىڭ چاتاق، ئاغىنە، — دېدى ئەركىن ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ. مەخمۇتمۇ بوش كەلمىدى. ئۇ ئەركىننىڭ چىرايىغا قاراپ تۇرۇپ:

— كۆڭلۈڭنىڭ تۆرىدىكى قورقۇنچۇڭنى ئېيتمۇەتتىڭ ئەركىن، شۇڭا يېشىڭ ئوتتۇزغا يېقىنلاشقۇچە تەنھا سەن، نوختىدىن قورقۇپ ئۈركۈپ يۈرگىنىڭ يۈرگەن.

— ياق بۇ قورقۇش ئەمەس، — دەپ مەخمۇتنىڭ گېپىنى ئۈزدى ئەركىن، — بۇ بۈيۈك مەقسەت ئۈچۈن ئازراق قۇربان بېرىش، بۇ مېنىڭ ھايات مەنتىقەم، ئىلىم - پەن بىلەن ئۇنۇملۇك قۇراللىنىشقا ئائىلە ھەر ھالدا كاشىلا بولىدۇ. ئائىلىنى كۈنتەرتىپنىڭ كەينىگە قويۇش لازىم.

— يەنە كەينىگە قويمەن دېسەڭ ساقىلىڭغا ئاق كىرىدۇ، چىشىڭ سارغىيىپ، ئۇماچ ئىچىدىغان هالغا قالغىنىڭدا، ساڭا مومايدىن باشقىسى قالمايدۇ، — دېدى ئېلى كۈلكىلىك قىلىپ. ئىشخانىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى قاتتىق كۈلۈشتى. رىزۋانگۈل كۈلكىسىنى توختىتالمىدى، ئورنىدا ئولتۇرۇپ تولغىنىپ كەتتى. پەقەت مەسئۇدنىڭ سۆزى ئۇنى توختاشقا مەجبۇر قىلدى.

— بۇرادەرلەر، ئەركىنىڭ ھايات مەنتىقىسىنى ئويلىشىپ كۆرۈشكە ئەرزىيدۇ، ئۇنىڭ گېپى جىڭدا توختايدۇ، جۇمۇ. مېنىڭچە بۇ ھاياتنىڭ قىممىتىنى تونۇغانلىق، ئۆز ھاياتىنىڭ تۇرمۇش پەللىسىدىكى سالمىقىنى ئاشۇرۇش بولىدۇ، — بۇ يەكۈن ئىشخانىنى بىردىنلا سۈكۈناتقا چۆمدۈردى. بىرەرسىمۇ دەرھال ئېغىز ئېچىپ سۆز قاتمىدى. لېكىن، ھەممە مېڭىنىڭ ھەرىكەتكە كەلگەنلىكىنى ئۇلارنىڭ قىياپەتلىرى كۆرسىتىپ تۇراتتى. رىزۋانگۈلنىڭ تىنچ قەلب دەرياسىنى مەسئۇدنىڭ سالماقلىق سۆزى ئېتىلغان تاشتەك داۋالغۇتىۋەتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى تېخىمۇ يوغىناپ، قالغاچنىڭ قانىتىدەك ئىنچىكە قاشلىرى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. ئۇ شۇ چاغقىچە ئىلىم ئىگىلەش بىلەن ئۆيلۈك بولۇشنىڭ بۇ خىل مۇناسىۋىتى ھەققىدە ئويلاپمۇ باقمىغان، بىرەرسىدىن ئاڭلىغانمۇ ئەمەس ئىدى. شۇڭا، يېڭىلىق تۇيۇلغان بۇ مەسىلە رىزۋانگۈلنى ماگنىتتەك ئۆزىگە تارتىۋالدى. ئۇ ئويلىغانسېرى پىكىرلىرى چوڭقۇرلاشتى، مەسئۇدنىڭ گېپىگە بىر ھەقىقەتنىڭ يوشۇرۇنغانلىقىنى ھېس قىلدى، بۇنىڭ سالمىقىنىڭ يېنىك ئەمەسلىكىگە كۆزى يەتتى.

«ئادەم نېمە ئۈچۈن ياشايدۇ؟ قۇياش نېمە ئۈچۈن نۇر چاچىدۇ؟ شاپتۇل دەرىخى نېمە ئۈچۈن سۈيى ئېقىپ تۇرىدىغان، شېرىنلىكلىكىدىن تىلنى يارىدىغان مېۋە بېرىدۇ؟! تەبىئەت شۇنداق ئىكەن، ئادەملەرچۇ؟ باشقىلارغا نەپ بېرەلمىسە، قانداق بولىدۇ؟» رىزۋانگۈلنىڭ مېڭىسىنى تۈرلۈك خىياللار چىرمىۋالدى. ھەتتا ئۇنىڭ بۇ خىياللىرى ئۇنى ھاياجانغا سالدى،

يۈرىكى ئويناپ كەتتى، قىپقىزىرىپ، خۇشلۇق ۋۇجۇدىنى ئىگىلىدى.

ئەركىن نېمىدىندۇر خىجىل بولغاندەك ئاستا بېرىپ ئورنىدا ئولتۇرۇۋالدى، ئۆكتەبىر ئايلىرى بولۇشىغا قارىماي پېشانىسى، تۇمشۇقلىرى، بۇرنىنىڭ ئۇچلىرى تەرلىدى. ئۇ يانچۇقىدىن قول ياغلىقىنى چىقىرىپ تەرلىرىنى ئېرتتى. بېشىنى تۆۋەن سېلىۋالدى.

— مەسئۇدنىڭ يەكۇنىمۇ توغرا بولدى، — دەپ جىمىلىقنى بۇزدى مەخمۇت خىرقىراق ئاۋاز بىلەن، — ھازىرغىچە ئىگىلىگەن بىلىمىمىزمۇ ئۆمرىمىزنىڭ ئاخىرىغىچە بىزگە يېتىپ ئېشىپ قالىدۇ. ئەركىننىڭ بولسا، تېخىمۇ يېتىدۇ، ئۇنىڭ قاچىلىۋالغىنى ھەممىمىزنىڭكىدىن كۆپ. مانا ئۆزۈمنى ئالسام، ئۇنى خەجلەپ بىر ئۆبدان ياشاۋاتىمەن، ماڭا شۇنىڭ ئۆزى كۇپايە.

— خوتۇنى، بىر بالامنى ئوبدان بېقىۋاتىمەن، ئۆيۈمدە ھېچ نەرسە كەم ئەمەس، توڭلاتقۇدىن باشقا غېمىم يوق دېگىنە، — دېدى بىرسى سەل پۇراقلىق تەلەپپۇزدا.

— شۇنى دېگىنە، ماڭا ئۇ ئائىلە كاشىلا بولمىدى، ئەكسىچە مەدەت، خاتىرجەملىك بەخش قىلدى، — دېدى مەخمۇت.

— ھاياتنىڭ كۆكسى ـ قارنى كەڭ، بىرەرسىدىن بىر نەرسە تەمە قىلمايدۇ، ئۇنى بېرىشكە قىستىمايدۇ، كۆپرەك بېرىشكە زورلىمايدۇ، قانچىلىك بېرىش شۇ ئادەمنىڭ ئىختىيارىدا. بەرمەي ئېلىۋەرگەنلەرگىمۇ ھايات سېخىيلىق قىلىدۇ. تەبىئەت ئىنسانلار ئۈچۈن شۇنچىلىك سېخىيلىق قىلىپ بېرىۋاتقان يەردە بىز ئىنسان ـ دە، ھاياتقا، بىزگە ياشاۋاتقان ئىنسانلارغا نېمىشقا كۆپرەك بېرىشكە ئۆزىمىزنى زورلىيالمايمىز؟ نېمىشقا ئۆزىمىزگە يۇكسەكرەك تەلەپ قويمايمىز؟ مېنىڭچە ئەركىننىڭ ياشاش مەنتىقىسىنىڭ مەنىسى مۇشۇنداق بولسا كېرەك، — بۇ مەسئۇد ئىدى. ئۇنىڭ چۈيۈندەك سالماق سۆزلىرى ھەممىسىنى

ئەيمەندۇرۇپ، سۆزلەشتىن يالتايتتى، بۇ تالاش شۇنىڭ بىلەن بىسىقىپ قالدى، ھەممىسى ئۆزىنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىنى داۋاملاشتۇردى.

رىزۋانگۇل كىتابىنى ئوقۇشنى داۋاملاشتۇردى، لېكىن ئۇنىڭ كۆڭۈل كۆلىنىڭ چايقىلىشى توختىمىغاچقا، ئوقۇغانلىرىنى خاتىرىسىگە ئالالمىدى، كۆزى خەتتە بولسىمۇ، كۆڭۈل كۆزلىرى خىيال ئاسمىنىدا ئۇچۇپ يۈرگەن پىكىرلەرگە تىكىلگەنىدى. ئىشخانا — خىزمەتداشلىرى ئىككى ئاي ئىلگىرىكى نەزەربەدىكىگە تۇپتىن ئوخشىماي قالدى، ئۇلار ئۇنىڭغا سىرلىق تۇيۇلدى. بولۇپمۇ مەسئۇد رىزۋانگۇلدە ئالاھىدە تەسىرات قالدۇردى. ئۇ ھايات يولىدا سالماق قەدەم تاشلاپ، ھەربىر ئىزىنى تارىخ بېتىگە ئۆچمەس قىلىپ سىلىۋاتقان سەپەرچىگە ئوخشاپ قالدى. رىزۋانگۇل مەسئۇدنىڭ ئەستايىدىللىق بىلەن ئىپتىلىق قىلىۋاتقان ئىشلىرىنى تاغقا چىقىش تەنھەرىكەتچىسىنىڭ ھېچكىم تېخى سىرىنى ئاچمىغان ئېگىز چوققىغا چىقىش تەييارلىقى قىلىۋاتقاندىكى مەشىقىگە ئوخشاتتى. دېمىسىمۇ مەسئۇد ئۆزى قىلغان ھەرقانداق ئىشنى ئەتراپلىق ئويلاپ قىلاتتى. سۆزلىرىمۇ سالماق، ۋەزىنلىك ئىدى. ئۇنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشى، كىيىنىشىمۇ شۇ دىتىغا ماس ئىدى.

## 3

كۆز شېخىدا سارغايغان يوپۇرماقلار كەينى - كەينىدىن تۆكۈلۈپ تۇراتتى. ھاۋا ھەر خىل مەززىلىك پۇراقلارنى دىماققا ئۇرۇپ تۇرىدۇ. بازار تەبىئەت ئىنسانلارغا ئاتا قىلغان نېمەتلەر بىلەن تولغان. تاغ تەرەپتىن چىقىدىغان سەھەر شامىلى بەدەنلەرنى شۇركەندۇرىدۇ.

كامىل ئۆز ئەتراپىدىكى ھەممە خادىمنى ئىشخانىغا يىغىۋالغان، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەتىۋارلىق بىر جۈپ قىز

رىزۋانگۈل بىلەن راملە بار ئىدى.
بېشى يوغان، گەۋدىلىك باش گېئولوگ كامىل بۇ قېتىمقى قىسقا يازلىق دالا تەكشۈرۈش پىلانىنى تەپسىلىي چۈشەندۈردى. قىسقا، ئېنىق قىلىپ مەقسەت، بېسىپ ئۆتىدىغان مۇساپە، تەكشۈرۈش ئورنىنىڭ دائىرىسى، تۈزۈلۈشى، مەركىزى، تەكشۈرۈش ئۇسۇللىرىنى ئوقتۇردى.
— هازىر كۆز پەسلى، بۇ دېگەنلىك قىشنىڭ خەۋەرچىسى، پەسىل ئالدىمىزغا تەبىئىي توسقۇنلارنى پەيدا قىلىپ تاشلايدۇ. ئېيتايلى، قاتتىق بوران - جۇدۇنغا دۇچ كېلىشىمىز مۇمكىن، دەسلەپتە يامغۇر يېغىپ، ئاخىر قارغا ئايلىنىدىغان ئەھۋاللارغا يولۇقىمىز. بۇرادەرلەر، بىز ئىنسان، تەبىئەتنىڭ قۇلى ئەمەس، غوجايىنى، بىز ئىلمىي خادىملار، تەبىئەتكە ياۋاشلىق بىلەن بويسۇنۇپ قاراپ تۇرغۇچىلار ئەمەس، بەلكى ئۇنى بويسۇندۇرغۇچىلار، ئۆزىمىز ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرغۇچىلار. ئۆزىمىزنىڭ كىم ئىكەنلىكىمىزنى ئۇنتۇشقا ھەققىمىز يوق، مېنىڭ مەقسىتىم سىلەرگە ئايدىڭ بولغانلىقىغا ئىشىنىمەن، — دېدى. ئاخىر كىمنىڭ نېمە ئىشقا مەسئۇل بولىدىغانلىقىنى بىر - بىرلەپ ئوقتۇردى. شۇ دائىرىدە نېمىلەرنى تەييارلاش لازىملىقىنى ئېيتىپ ئۈچ كۈن قويۇپ بەردى، 4 - كۈنى سەھەردە يولغا چىقىشنى ئوقتۇرۇپ مەجلىسنى ئاخىرلاشتۇردى. ئەركىن، رىزۋانگۈل، راملەلەرنى قالدۇرۇپ ئايرىم چۈشەندۈردى. رىزۋانگۈلگە كېرەكلىك نەرسىلەرنى تېپىپ بېرىشنى ئەركىنگە تاپشۇردى، راملەگە نېمىلەرنى ئېلىشنى بىر - بىرلەپ ئېيتتى.
— يەنە راملە، ئاي - دالا، تاغ - ئېدىرلاردا، كۆز پەسلىدە ئادەملەردە ئۆزگىرىش ئېھتىمالى بولغان فىزىيولوگىيەلىك ئەھۋاللارغا قارىتا ئالىدىغان دورىلارنى ئۆزىڭىزمۇ ئويلاپ تولۇقلاڭ، — دېدى جىددىي قىلىپ.
باش گېئولوگ كامىلنىڭ دالا تەكشۈرۈش ئەترىتىدىكى ئون تۆت نەپەر خادىم ئىككى ئىشخانىدا جىددىي تەييارلىق قىلدى.

ھەر بىرى ئۆزى مەسئۇل بولغان تەكشۈرۈش ئەسۋابلىرىنى سۈرتۈپ پاكىز تازىلىدى. ئەسۋابلارنىڭ ھەر بىر قىسىملىرىنى پارچىلاپ، توپا ـ چاڭلاردىن خالىي قىلغاندىن كېيىن لاتىلارغا ئوراپ جاي ـ جايىغا سەپلىدى. ساندۇقلارغا سېلىپ، بىرېزېنت قاپلىرىنى كىيدۈرۈپ قول بىلەن كۆتۈرۈشكە ئەپلىك قىلىپ تاڭدى. رىزۋانگۈل ئەۋرىشكىلەرنى ساقلاش ئىشىغا مەسئۇل قىلىندى، ئۇمۇ چوڭ ـ كىچىك ساندۇق، ئورايدىغان تىۋىتلىق قەغەز ۋە لاتىلارنى تەييارلىدى. ئەۋرىشكە خاتىرىسىنى يېزىپ، نومۇر سالىدىغان قاتتىق قەغەز، ئۇلارغا تىزىملايدىغان قاتتىق مۇقاۋىلىق، جەدۋەللەشتۈرۈلگەن دەپتەر ئالدى. ئەركىنىنىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن خەنزۇچە ـ ئىنگلىزچە رۇدىشۇناسلىق لۇغىتىنى ھەم تەييارلىدى. خۇسۇسىي تەييارلىق ئۈچۈن بېرىلگەن ئاخىرقى بىر كۈندە رىزۋانگۈل بىلەن رامىلە كىر ـ قات يۇيدى، دەزمال سالدى، بازاردىن كېرەكلىك نەرسىلەرنى سېتىۋالدى. ھەر ئىككىسىنىڭ كۆڭلى چاغ، روھى كۆتۈرەڭگۈ ئىدى، چۈنكى ئۇلار تۇنجى قېتىم كەسپىي پائالىيەت قىلىدۇ. بۇ ئۇلارغا يېڭىلىق تۇيۇلۇپ، ئاجايىپ كۆڭۈللۈك ئىشتەك بىلىنىۋاتاتتى.

گۈگۈم چۈشكەندە رامىلە ئاتا ـ ئانىسى بىلەن خوشلاشقىلى ئۆيىگە كەتتى. رىزۋانگۈل ياتاقتا يالغۇز قېلىپ، ئائىلىسىگە خەت يېزىشقا ئولتۇردى.

# ئىككىنچى باب

رىزۋانگۈلنىڭ ئاتىسىمۇ، ئاپىسىمۇ ساۋاتلىق. ئۇلار تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ ئاتا كەسپىگە ۋارىسلىق قىلىپ، قەلەمنى كەتمەنگە ئالماشتۇرغان. ئاپىسى قىز بالا دېگەن كۆپ ئوقۇپ نېمە قىلىدۇ، خەت ـ ساۋاتىنى چىقىرىۋالسا بولىدۇ دېگەن ئەنئەنە بويىچە ئوقۇشتىن توختىغان. ئاتىسىنىڭ شۇنداق ئوقۇغۇسى بولسىمۇ، ئائىلىسىنىڭ قىيىن تۇرمۇشى ئۇنى ئارزۇسىدىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇر قىلغانىدى. رىزۋانگۈل بۇ ئائىلىنىڭ تۇنجى قىزى. ئۇ ئېسىنى بىلىسىلا، ئۆيىدىكى يوغان ئىشكاپنىڭ تۆۋەن قەۋىتىدە رەت ـ رەت تىزىلغان نۇرغۇن كىتابلار بار ئىدى. ئۇنىڭ ئاتىسى ئاخشاملىرى چىراغ يورۇقىدا سائەت ـ سائەتلەپ كىتاب ئوقۇيتتى. بولۇپمۇ ئېتىزدا ھارغۇدەك قاتتىق ئىشلىگەن ياكى بىرەر نەرسىدىن كۆڭلى قېلىپ خاپا بولغان چاغلىرىدا ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا كىتابقا بېرىلەتتى. ئايالىنىڭ دەم ئېلىشقا قىلغان دەۋەتلىرىگە:

— كىتاب بىلەن خۇشاللىق تاپىمەن، ھارغىنلىق تارقىلىپ، ئازادىلىشىپ قالىمەن، راھەتلىنىمەن، — دەپ جاۋاب بېرەتتى.

رىزۋانگۈلنىڭ ئاتىسى ئۆزىنىڭ ئوقۇشىنى داۋاملاشتۇرالمىغانلىقىغا ئەپسۇسلىناتتى، ئۇ قىزى رىزۋانگۈلنى يەتتە ياشقا توشمايلا ئۆز يېزىسىدىكى مەكتەپكە بەردى. سېنتەبىرنىڭ تۇنجى كۈنى ئەتىگەندە قىزىنى چىرايلىق كىيىندۈرۈپ، بوغچىسىنى ئاسقۇزۇپ، مەكتەپكە ئۆزى ئېلىپ باردى. ئۇ شۇ كۈنى ئۆزىنىڭ ئېيتقۇسىز خۇشلۇقتا

چۈمۈلگەنلىكىنى ھازىرغىچە ئۇنتۇيالمىدى.

ئىلىم ـ پەنگە ئىشتىياق باغلىغان، بىراق مۇرادىغا يېتەلمىگەن ئاتا قىزى رىزۋانگۈلنىڭ ياخشى ئوقۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈشنى بىر مىنۇتمۇ ئېسىدىن چىقارمىدى. قىزى تولۇقسىز ئوتتۇرىنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن، ئۇنى قىرىق كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ناھىيەلىك تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە ئوقۇشقا بەردى. ئۆزى يېمىسىمۇ، كىيمىسىمۇ قىزىنى ھېچ نەرسىدىن قىسىپ قويمىدى. ھەر شەنبە كۈنى ئاپتوبۇس بېكىتىگە چىقىپ ناھىيەدىن قاتنايدىغان ئاپتوبۇسنى ساقلايتتى، قىزىنىڭ كېلىشىنى كۈتەتتى.

ئائىلىنىڭ بالا سانىنىڭ كۆپىيىشى بىلەن يۈكى ئېغىرلاشقان ئاپا رىزۋانگۈلنىڭ يېشى چوڭايغانسېرى ئۇنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ، پۈت ـ قولىنى ئازراق بوشىتىۋېلىشنى ئويلايدىغان بولۇپ قالدى. كۆڭۈلدە پەيدا بولغانىكەن، ئېغىزدىن چىقماي قالمايدۇ. مۇشۇ ۋەجىدىن ئەر ـ خوتۇن ئىككى قېتىم جېدەللىشىپ قالدى، خېلى قاتتىق تىركەشتى، بۇ ئائىلە تارىخىدىكى كۆرۈلۈپ باقمىغان ئىش ئىدى. ئەر فېئودال لىق ئائىلە قاراشلىرىدىن تامامەن بولمىسىمۇ، ھەر ھالدا خالىي ئىدى. ئايالىنى مۇستەقىل ئادەم، ئائىلىنىڭ بىر ئىگىسى دەپ قارايتتى، خوتۇنىنىڭ ئىشلىرىغا چەك قويمايتتى، ھەرقانداق ئىشتا مەسلىھەت سورايتتى. ئايال كىشى ئەرگە مۇتلەق بويسۇنۇشى كېرەك دېگەن خىيال ئۇنىڭدا يوق ئىدى. لېكىن رىزۋانگۈلنىڭ ئوقۇشى ھەققىدىكى ئىككىنچى قېتىمقى جېدەلدە ئاتا ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىدى، خوتۇنىنىڭ ئۆز ئېرىنىڭ كۆڭلىدىكى بۈيۈك ئارمانلىرىغا پىسەنت قىلمايۋاتقانلىقىغا قەھرى تېشىپ كەتتى.

— مەن نېمە كويدا، سەن نېمە كويدا، ئۆمۈر بويى قۇتۇلالمايدىغان پۇشايمان تېشىنىڭ يۈرىكىمنى بېسىپ تۇرغانلىقىنى بىلمەيدىغاندەك گەپ قىلىسەن! — دەپ ۋارقىراپ

كەتتى، — بىلەمسەن، رىزۋان شۇ تاشنى يۈرىكىمىزدىن غۇلىتىۋەتكەن چاغدىلا مېنىڭ خۇشاللىق كۈنلىرىم رەسمىي باشلىنىدۇ، — ئايالىنىڭ كۆزلىرى ئاللىقاچان ياشلانغانىدى. ئۇ:

— مەنمۇ ئۆي كارىنىڭ يۈكى ئاستىدا يانجىلىپ كېتىۋاتىمەن. رىزۋاننى قولۇمغا قول، پۇتۇمغا پۇت بولۇپ، يېنىكلىشەي دېگەن، — دېدى يىغا ئارىلاش.

— سېنى ئوقۇغان، مۇنداق كالتە ئويلايدۇ دەپ ئويلىماپتىمەن. ئۇنى ئوقۇشتىن تۇتۇپ قېلىپ، ئۆي ئىشىغا سالساڭ، ئۇمۇ سېنىڭ يېشىڭغا كەلگەندە ساڭا ئوخشاش بولسا، يۈرىكىڭ ئېچىشمامدۇ؟ نېمىشقا يىراقنى ئويلىماي، بۇرنىڭنىڭ ئۇچىنىلا كۆرىسەن، سەن ۋاپادار، مېھرىبان ئانا ئىدىڭغۇ! بىلىپ قوي، مەن رىزۋاننى ئالىي مەكتەپكىچە ئوقۇتىمەن. بۇ مېنىڭ قارارىم، ئەقىدەم، تىرىكلىكىمدىكى ئەڭ چوڭ ئارزۇ - ئارمىنىم، — دېدى ۋە ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

رىزۋانگۈلنى ئالىي مەكتەپكە ئۇزىتىش، يەنە كېلىپ بېيجىڭدىكى ئالىي مەكتەپكە ئۇزىتىش ئاتا ئۈچۈن چوڭ بايرام، بېشى ئاسمانغا يەتكۈدەك خۇشاللىق بولدى. ئاپا ئۈچۈن بولسا، يوشۇرۇن ئازاب ئىدى. ئاپا ھەممىگە چىداشلىق بېرەلىسىمۇ پەرزەنت يىراقىغا چىدىمايدۇ، ئۇ يۈرەك پارىسى، ئۇنى توققۇز ئاي توققۇز كۈن قورسىقىدا كۆتۈرگەن. ئامال قانچە، رىزۋانگۈلنىڭ ئاپىسى سېغىنىش يىراقنىڭ ئازابلىرىنى ئىچىگە سىڭدۈرۈپ قىزىنى تەبەسسۇم بىلەن ئۇزىتىپ قويدى. پېشانىسىدىن، مەڭزىدىن يېنىش - يېنىشلاپ سۆيدى، باغرىغا مەھكەم بېسىپ ئۇزاق پۇرىۋالدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى رىزۋانگۈلنىڭ دىلىغا نەقىش بولۇپ ئويۇلغان، قەلبىنىڭ سۈتتەك ئاق بەتلىرىگە ئەبەدىيلىك خاتىرە بولۇپ پۈتۈلگەن بىر ئۆمۈر يەتكۈدەك، ئەسلىگۈدەك خۇشاللىق ئەسلىمىلىرى ئىدى. خەت يېزىۋاتقان رىزۋانگۈل بۇلارنى ھاياجان، ئىپتىخار، سېغىنىش بىلەن ئەسلىدى. ئۆز خېتىدىن ئاتىسىنىڭ قانچىلىك خۇشال

بولىدىغانلىقىنى قىياس قىلىپ سۆيۈندى، چەكسىز ھۇزۇرلاندى. رىزۋانگۇل كونۋېرتقا ئادرېسىنى يېزىپ بولۇپ ئاتىسىنىڭ ئىسمىنى يېزىۋاتقاندا، راملە قايتىپ كەلدى ـ دە، ھەيران قالدى.

— خەتنى ئەمدى يېزىپ بولدىڭىزمۇ؟ داستان يازغان ئوخشايسىز، — دېدى راملە كۈلۈپ. ئۇ كۆزلۈك پەلتوسىنى سېلىپ، كىيىم ئاسقۇغا ئېسىپ قويدى.

— سىز ئۆيىڭىزگە بېرىپ، ئاتا ـ ئانىڭىزنىڭ دىدارىنى قانغۇدەك كۆرۈپ، مۇڭدىشىپ كەلدىڭىز، مەن غايىۋى مۇڭداشتىم، — دېدى رىزۋانگۇل تىترەك ئاۋازدا.

— ھەي، مەنمۇ تازا خۇشال ئەمەس كەلدىم، — دېدى راملە مەيۈس ھالدا، — ئاپامنىڭ لەۋلىرى كۈلۈپ تۇرسىمۇ، كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلۈپ تۇرىدۇ، بۇنى كۆرۈش ماڭا بەكمۇ ئېغىر تۇيۇلدى. شۇڭا، تېزلا قايتىپ كەلدىم، — راملە خىيالچان ئولتۇرغان رىزۋانگۇلنىڭ يېنىغا بېرىپ ئولتۇردى.

دەسلەپتە سۈس، كېيىن ئاستا ـ ئاستا قىزغىن مۇڭداشتى. ئاتا ـ ئانىدىن باشلانغان سۆھبەتتە، ئوقۇغۇچىلىق ھاياتى، غايە، ئىنتىلىشلىرى رومانتىك تۈس ئالغان شېرىن ئارزۇ، تەسەۋۋۇرلىرىغا ئالماشتى. ئۇلار ئايرىلىش، سېغىنىشتىن پەيدا بولغان روھىي غەمكىنلىكلىرىنى ئۇنتۇشتى.

— راملە، يىگىتىڭىز بىلەن خوشلاشتىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى رىزۋانگۇل، لېكىن ئۇنىڭ يۈزى، مەڭزى قىزىرىپ كەتتى، بىردىنلا تەمتىرىگەندەك بولدى. ئۇ بۇنى نېمىشقا سوراپ قالغىنىنى ئۆزىمۇ بىلمەي قالدى. راملەنىڭ يۈرۈۋاتقان يىگىتىنىڭ بار ـ يوقلۇقىنى بىلمەيتتى. بۇ سوئال راملەنىمۇ ھودۇقتۇرۇپ قويدى. ئۇ نېمە دېيىشىنى بىلمەي تەمتىرەپ قالدى، لېكىن ئۇ تېزلا ئۆزىنى ئوڭشىۋالدى.

— بىر ياتاقتا ياتقىلى نەچچە ئاي بولۇپ قالغان بولسىمۇ، مۇشۇ ھەقتە سۆزلىشىپ باقماپتىمىز ـ ھە ... — دېدى راملە

رىزۋانگۈلنىڭ كۆزىگە قاراپ. ئۇلار بىر ـ بىرىگە قاراشقىنىچە بىر پەس تۇرۇپ قېلىشتى. بۇنىڭ مەنىسىنى ئۆزلىرىمۇ چۈشەنمەيتتى. بەلكى بۇ ئىنسان ھاياتىدىكى ئەڭ نازۇك تۇيغۇ بولۇپ، قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن ئورۇن ئالغاچقا، ئۇنىڭغا ئاسان تېگىشكە بولمايدىغانلىقىدىن بولسا كېرەك. ياكى بۇ بىر جۈپ قىز تازا سىرداش بولۇپ كەتمىگەنلىكى سەۋەبىدىن بىر ـ بىرىگە ئېغىز ئاچالمىدىمۇ؟ بۇنىڭغا بىر نەرسە دېيىش قىيىن.

— راستلا بۇ ھەقتە نېمىشقا ئويلاپ باقمىغاندىمەن، راملە، ئۆزۈممۇ ھەيران قېلىۋاتىمەن. ئىككىمىزلا قىز بالا تۇرۇپ ـ ھە ... توۋا، — دېدى رىزۋانگۈل تەبىئىي ھەيرانلىق بىلەن، — راستىلا يۈرۈۋاتقان يىگىتىڭىز يوقمۇ؟ — دېدى رىزۋانگۈل راملەنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراپ. نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ يۈزى قىزىرىپ كەتكەندەك بولدى. بىر خىل ھاياجان ئارىلاش تارتىنىش تۇيغۇسى ئۇنىڭ ئىچىنى ئىللىتتى. راملە دەرھال بىر نېمە دېمىدى، مېيىقىدا كۈلدى.

— ماڭىمۇ تەكلىپ قىلىدىغانلار چىققان، — دەپ سۆز باشلىدى راملە خىيالغا پاتقان ھالدا، — راستىنى دېسەم، دەسلەپكى قېتىمقى خەتنى قولۇمغا ئېلىپ، خالىي بىر جاينى تاپقان بولسامۇ، خېلى ئۇزاققىچە ئېچىشقا جۈرئەت قىلالمىدىم. ھە دەپ قولۇم تىترەيتتى، بىر ياقتىن يۈرىكىم سېلىپ، بىر ياقتىن ھاياجانلانسام، بىر ياقتىن قورقتۇم. نېمە دېگەنلىكىنى بىلىش ئىستىكى ئاخىر مېنى جۈرئەتكە كەلتۈردى. قاراڭ رىزۋانگۈل، نەچچە ئايغىچە قورقتۇم، ھېچ نەرسە دېمىدىم، خەت يازغان بالىغا ئۇچرىشىپ قېلىشتىن، قاراشتىنىمۇ قورقتىم. ئۆزۈمنى ئۇنىڭدىن ئەپقېچىپ يۈردۈم. قىزىق ئىشكەن ... — راملە سۆزىدىن توختاپ خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ خۇمارلاشقان كۆزلىرى غايىۋى مەنزىرىنى كۆرۈۋاتقاندەك بىر نۇقتىغا تىكىلىپ قالدى. رىزۋانگۈلمۇ ئۇنىڭ بىلەن تەڭ شۇ مەنزىرىنى كۆرۈۋاتقاندەك كۆزىنى بىر نۇقتىغا تىكىپ ئولتۇرۇپ

قالدى. بىر پەستىن كېيىن:
— كېيىنچۇ، قانداق بولدى؟ ئاخىرىنى دەڭا، — دېدى رىزۋانگۈل راملەگە تېخىمۇ يېقىن سۈرۈلۈپ.
— كېيىنمۇ بىر قانچە يىگىت تەكلىپ قويدى، نېمىشقىكىن جاۋاب بەرمىدىم، كۆڭلۈم تارتمىدىمۇ ياكى قورقۇپ قالدىمۇ، بۇنىسىنى بىلمىدىم.
— مۇنداق دەڭ ... — دېدى رىزۋانگۈل.
— سىزگىچۇ، قانچىسى تەكلىپ قويغاندۇ؟
— نەدىكىنى، مەن تېخى يىگىتلەر يازغان تەكلىپ خېتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن، راملە ئىشەنسىڭىز.
— ئىشەنمەيمەن، ئاغزىڭىز چىڭ ئىكەن جۇمۇ سىزنىڭ.
— ياق راملە، ماڭا هازىرغىچە بىرەرمۇ يىگىت تەكلىپ قويۇپ باقمىدى، بەلكى مېنىڭدە ئوغۇللارنى جەلپ قىلىدىغان ئالاھىدىلىك بولمىسا كېرەك. بىلسىڭىز مەن يېزىدا چوڭ بولغان، مىجەزىم ياۋايىراق، يەنە بىرسى ئوغۇللارغا ئارىلاشمايتتىم، كۆپ گەپمۇ قىلمايتتىم، يەنە بىر مىجەزىم چاقچاق كۆتۈرەلمەيتتىم، شۇڭا ئوغۇللار مېنىڭ بىلەن چاقچاقلىشىشقا جۈرئەت قىلالمايتتى.
— شۇڭا سىزنى خۇدايىم ئۇن نەچچە ئەرنىڭ ئىچىگە تاشلاپتۇ ـ دە؟
— خۇددى مېنى جازالىغاندەك ئىش بولدى دەڭا، ئۆزۈممۇ توۋا دەيمەن.
— سىزنى مۇكاپاتلاپتۇ، خۇدانىڭ بۇ شەپقىتىگە رەھمەت ئېيتىسىڭىز بولغۇدەك.
— نېمە دېگىنىڭىز بۇ؟
— سىزنى ئۇزۇپ قىسىدىغان گۈلخۇمارلارنى ئىزدەپ ئاۋارە بولمىسۇن دەپ، ئۇن نەچچىسىنىڭ ئىچىگە سېخىيلىق بىلەن ئەكىرىپ قويۇپتۇ ئەمەسمۇ؟! — ھەر ئىككى قىز قاقاھلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى. رىزۋانگۈل راملەنى قۇچاقلاپ كارىۋاتقا

گەۋدىسىنى تاشلىدى. ئۇلار قانغۇدەك كۆلۈشتى، كۆزلىرىدىن ياشمۇ چىقىپ كەتتى.

— سىزمۇ بۇنىڭدىن قۇرۇق قالمايسىز، — دېدى رىزۋانگۇل كۈلكىدىن توختاپ، رامىلەنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قۇچاقلاپ، — سىزمۇ خىللاپ بىرسىنى تاللىۋالارسىز ھەقاچان.

— قىچىغىم كېلىۋاتىدۇ قويۇۋېتىڭ، نېمىدېگەن كۈچلۈك سىز، ئوغۇل بالىدەك. ئىچىم پۇشۇپ كەتتى قويۇۋېتىڭ، — دەپ زارلىدى رامىلە چىرقىراپ. قىزلىق بارانىغا يېتىپ، تولۇپ ئېچىلغان گۈلدەك جەلپكار تۇس ئالغان بىر جۈپ قىز يۈرەك سىرلىرىنى ئېيتىشىپ ئۇزاق سىرداشتى. تەبىئىي ئىنتىلىش، ھاياتنىڭ روھىي لەززەتلىرى پەيدا قىلغان تاتلىق ھېسسىيات ئالىمىدە ئەركىن پەرۋاز قىلىپ، كۆڭۈللىرىنى كۆتۈرۈشتى، ھاياجانلاندى، كۈلدى، بىر - بىرىگە شوخلۇق قىلىشتى. ئۇلار نېمىشقىدۇر قىزىپ كەتتى. رىزۋانگۇل ئاستا بېرىپ ياتاقنىڭ دېرىزىسىنى ئېچىۋەتتى. خانىغا گۈر قىلىپ كۆز كېچىسىنىڭ سالقىن شامىلى كىردى.

— مايەرگە كېلىڭ، رامىلە، نېمىدېگەن راھەت. ئادەمنىڭ يۈرىكى سەگىپ قالىدىكەن.

ئۇلار ئىككىسى دېرىزە ئالدىدا تەنلىرىنى كۆزنىڭ نەمخۇش شامىلىغا تۇتۇشۇپ راھەتلەندى. بۇلۇتسىز ئاسمان، چېكى يوق كائىنات بوشلۇقىدا سان - ساناقسىز يۇلتۇزلار چاقناپ تۇرىدۇ، ئۇلار يەر شارىدىكى تۇرلۇك - تۇرلۇك ئىشلارغا تاڭ قالغاندەك، شادلانغاندەك، مەسخىرە قىلغاندەك ئوخشىمىغان نەزەرلەردە كۆز تىكىشىدۇ. ئاسماندىكى يۇلتۇزلار بىلەن كۆز قىسىشقاندەك شەھەردە ئېلېكتىر چىراغلىرى چاقنايدۇ، ئۇلار پۈتۈن كېچە نېمىنى يورۇتماقچى، نېمىلەرگە گۇۋاھ بولماقچى؟ ئىككى قىز دېرىزە تۈۋىدە تۇرۇپ بىر پەس يۇلتۇزلۇق ئاسمانغا، بىر پەس يېيىلىپ ياتقان شەھەرگە قاراشتى. رامىلە مۇزلىدى.

— بولدى رىزۋانگۇل، مەن مۇزلاپ تۇرىمەن، زۇكام بولۇپ

قالىمىز، — دېدى ئۇ ۋە يېنىپ كېلىپ كارىۋىتىغا ئۆزىنى تاشلاپ، قوللىرىنى بېشىنىڭ ئاستىغا قويۇپ ئوڭدىسىغا ياتتى.

رىزۋانگۇل بولسا ھېلىھەم دېرىزىدىن سىرتقا قارىغىنىچە، پېتىنى بۇزماي تۇراتتى. ئۇنىڭ بەدىنى تېخى مۇزلىمىغانىدى. قانلىرى دولقۇنلانماقتا، ئۆزى كۆچلۈك ھاياجاندا ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ باشقىچىلا ھېسسىيات دولقۇنىغا دۇچ كېلىۋاتقىنىنى بارغانسېرى چوڭقۇر ھېس قىلماقتا. بۇ ھېسسىيات، بۇ كەيپىياتنىڭ بىر يېرى ئازابلىق، بىر يېرى شېرىن، تۇرۇپ سۆزۈك، تۇرۇپلا تۇماندەك. ئۇ ئىچ ـ ئىچىدىن بىر نەرسىگە شادلىنىۋاتقاندەك قىلىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ نېمىلىكىنى ئويلىسا، ھېچ نەرسە تاپالمايدۇ، ئالدىرىغاندەك، ئىنتىلگەندەك بىر خىل تەقەززالىق ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ئەگىپ يۈرىدۇ، لېكىن مەنزىل، نىشان كۆرۈنمەيدۇ. ئۇ ئىنتىلىۋاتقان نەرسە ئۆزىنى كۆرسەتمەيدۇ. رىزۋانگۇلنىڭ يۇلتۇزلارغا قارىغۇسى كېلەتتى، ئۇ يۇلتۇزلارنىڭ نۇرلۇقلىقىغا شەيدا بولغىنىچە ئۇنىڭدىن بىر نەرسىنى ئىزدىگەندەك ئۇزاق ـ ئۇزاق تىكىلىپ قالدى.

— رىزۋانگۇل ئۇزۇن تۇرۇپ كەتتىڭىز، سوغۇق تېگىپ قالىدۇ، ئەتە يولغا چىقىمىز، — دېدى راملە ئورنىدىن تۇرۇپ، ئاندىن ئاستا بېرىپ ئۇنى قۇچاقلىدى.

— نېمانچە ئىسسىق سىز، — دېدى رىزۋانگۇل چۆچۈپ ۋە ئاندىن دېرىزىنى ئېتىۋەتتى. رىزۋانگۇل ئىزدىگەن نەرسىنى تېپىۋالغاندەك بىردىنلا ھاياجانلاندى، كۆزلىرى يېنىپ كەتتى.

— ئەتە ھە... ئەتە ئەتىگەن ھەممىمىز يولغا چىقىمىز ـ ھە... — دېدى رىزۋانگۇل خۇشال كەيپىياتتا.

ئۇ قايتىپ كېلىپ كارىۋىتىدا ئولتۇردى.

رىزۋانگۇل بىلەن راملە بۇ سەپەرگە ئۆزلىرىنىڭ شەخسىي تەييارلىقلىرى ھەققىدە ئازراق سۆزلەشتى. ئاخىر ئورۇنلىرىغا كىرىپ يېتىشتى.

ياتاق قاراڭغۇلۇققا چۆمدى. رىزۋانگۇلنىڭ ئۇيقۇسى

كېلىدىغاندەك ئەمەس، خىياللىرىنىڭ تايىنى يوق، پەقەت ئۇنى قانداقتۇر بىر خۇشاللىق بەزلەيدۇ، ھاياجانلاندۇرىدۇ، ئەمتىرىتىدۇ. توساتتىنلا رىزۋانگۈلنىڭ خىيالى قاناتلاندى ـ دە، مۇنداق بىر ئەسلىمە كۆڭۈل ئېكرانىدىن ئۆتۈشكە باشلىدى:

تولۇق ئوتتۇرىنىڭ 1 ـ يىللىقىنىڭ ئاخىرقى ۋاقىتلىرى ئىدى. رىزۋانگۈلنىڭ كەينىدىكى پارتىدا ئەخمەت ئىسىملىك بىر ئوقۇغۇچى ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ يېشى سىنىپ بويىچە ھەممىدىن چوڭ، بۇرۇتى خەت تارتىپ قالغان، قارا كۆز، سىياھتەك قارا چاچلىق، چىرايلىق بالا ئىدى. بىر كۈنى مەكتەپ باغچىسىدا دەرس تەييارلاۋاتقان رىزۋانگۈلنىڭ يېنىغا ئىككى قىز ساۋاقدىشى كەلدى. ئۇلار ئۇنىڭدىن نېمىنىدۇر يوشۇرغاندەك كۈلكىسىنى زورغا بېسىپ تۇراتتى. ئۇلارنى كۆرۈپ كىتابىنى يېپىپ قويغان رىزۋانگۈل سەل ئەجەبلەندى.

— ئەجەبمۇ خۇشالغۇسىلەر، بىرەر خۇشاللىق ئىش بولدىمۇ نېمە سىلەرگە ؟ — دېدى تەبەسسۇم بىلەن. سىمىزرەك بىرسى:

— ئۆزۈڭنىڭ يۈرىكىڭدىن سوراپ باق، خۇپسەنلىكىڭنى قارا، — دېدى ئەگىتىپ. بۇنىڭدىن ھېچنېمىنى چۈشەنمىگەن رىزۋانگۈل كۆزىنى پارقىرىتىپ ساۋاقدىشىغا قاراپ قالدى.

— تەمتىرىمە، ھودۇقما، — دېدى ئىككىنچى ساۋاقدىشى ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، — تىترەۋاتامسەن نېمە؟

— نېمىلەرنى دەپ كەتتىڭلار، ئۆزۈڭلار باشقىچىلىغۇ، بىرەر گەپ ئاڭلىدىڭلارمۇ؟

— تولا قۇۋلۇق قىلما رىزۋان، — دېدى سىمىزرەكى، — ئۇ گەپنى ئاغزىڭدىن ئاڭلاپ باقايلى دەپ كەلدۇق، قانداق بولىدىكەن، سۆزلەپ بەرگىن.

— نېمىنى، نېمىنى سۆزلەپ بېرىمەن؟ ئادەم ئۇققۇدەك گەپ قىلساڭلارچۇ ! ؟ — سەل جىددىيلەشكەن رىزۋانگۈل.

— سەن بوش قىز ئەمەسكەنسەن، — دېدى سىمىزرەك ساۋاقدىشى رەنجىش تەلەپپۇزىدا، — ئېنىقىنى دېيىلى، ئەخمەت

بىلەن چىقىشىپ قالغىنىڭنى سوراۋاتىمىز.

— نېمە؟ ! — دېدى رىزۋانگۈل چۆچۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— قورقما، مەخپىيەتلىكنى چىڭ ساقلايمىز، — دېدى يېنىدىكى ساۋاقدىشى، ئۇنى ئولتۇرۇشقا دەۋەت قىلىپ قولىدىن تارتتى. ساۋاقدىشىنىڭ قولىنى سىلكىۋەتكەن رىزۋانگۈل ئەلەم ۋە خورلۇق بىلەن:

— نېمە دەپ ئالجىۋاتىسىلەر، ئىزا تارتماي دېگەن گېپىڭلارنى، كىم شۇنداق دەيدۇ؟ مەن ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىمەن، زادى كىم مۇشۇ گەپنى چىقارغان؟ — ئىككى ساۋاقدىشى جىددىيلىشىپ قالدى. رىزۋانگۈل رەسمىي خاپا بولغانىدى.

— نېمانچە قىلىسەن، بىز يامان گەپ قىلمىدۇققۇ.

— يەنە نېمە دېسەڭلار بولاتتى، بۇ ھاقارەت ئەمەسمۇ، سىلەرچە ... — ئۇنىڭ ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ سۆزىنى داۋاملاشتۇرالمىدى. سېمىز رەك ساۋاقدىشى ئىشنىڭ چىڭغا چىقىۋاتقىنىنى سەزدى بولغاي:

— رىزۋان، راستلا ھېچنېمە بىلمەمسەن، ھېچنېمە سەزمىدىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى رىزۋانگۈلنىڭ ياش ئەگىپ تۇرغان كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراپ. رىزۋانگۈل ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىغانىدى. شۇڭا ئۇ بېشى بىلەنلا ھېچنېمە بىلمەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

— ئەخمەت دائىم ئارقاڭدىن قاراپلا قالىدۇ، ئۇزاق - ئۇزاق قاراپ تۇرىدۇ. سەن قارىساڭلا باشقا ياققا قاراپ تۇرۇۋالىدۇ. يېقىندىن بېرى ... ئۇ، — قىز نېمىشقىدۇر سۆزىدىن توختاپ قالدى. رىزۋانگۈل گەپنىڭ ئاخىرىنى كۈتتى.

— يېقىندىن بېرى ... ھە، نېمە بولدى دېمەمسەن؟ — دېدى ئۇ بىر پەس كۈتكەندىن كېيىن تاقەتسىزلىنىپ.

— يېقىندىن بېرى ... يېقىندىن بېرى دەرس ۋاقتىدا چاچلىرىڭنى ئوينايدۇ، سىلايدۇ، سەن بىلمىگەندەك جىم

ئولتۇرساڭ ... بىز ...

رىزۋانگۈل يىغلاپ تاشلىدى. خورلانغاندەك ئازابلاندى. تەمتىرەپ قالغان ئىككى ساۋاقدىشى ئۇنى بىر پەس بەزلىدى. يىغىسىنى توختىتىپ، ئۆزىنى سەل تۇتىۋالغان رىزۋانگۈل ئورنىدىن قەھرى بىلەن تۇردى ـ دە تېز ـ تېز چامداپ، سىنىپ تەرەپكە غەزەپ بىلەن كېتىپ قالدى.

سىنىپتا تۆت ئوغۇل، ئۈچ قىز ئوقۇغۇچى دەپتەرلىرىگە بېرىلىپ بىر نەرسە يېزىۋاتاتتى. ئەخمەت ئۆز ئورنىدا ئولتۇرۇپ خىيال سۈرۈۋاتاتتى، ئۇنىڭ قىياپىتى غايىۋى بىرسىگە تەلمۈرگەندەك ئىدى. كۆزلىرى بىر نۇقتىغا تىكىلگەنىدى.

— ئەخمەت ! — سىنىپقا كىرگەن رىزۋانگۈلنىڭ غەزەپ ۋە ئەلەملىك چاقىرىشى ھەممىنى قىلىۋاتقان ئىشىدىن توختاتتى. ئەخمەتنى بولسا قاتتىق چۆچۈتىۋەتتى، — سەن ... سەن ... — ئۇ گېپىنىڭ ئاخىرىنى چىقىرالماي بوغۇلۇپ قالدى. ئىككى قىز ساۋاقدىشى ئۇنىڭ قېشىغا يۈگۈرۈپ كەلدى ۋە:

— نېمە بولدۇڭ، نېمە ئىش بولدى؟ — دېدى ئۇنىڭ قىياپىتىگە ھەيران قېلىپ، رىزۋانگۈلنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ تۆكۈلدى.

— ئۇ مېنى بوزەك قىپتۇ ... مېنىڭ ... مېنىڭ چاچلىرىمنى تۇتۇپ... لوكچەك، مېنىڭ يۈزۈمنى تۆكتى. ئەمدى مەن ... — رىزۋانگۈل ئەلەم بىلەن ھۆركىرەپ يىغلىۋەتتى. ئىككى ساۋاقدىشى ئۇنى يۆلەشتۈرۈپ سىرتقا ئاچىقىپ كەتتى. چىرايى تامدەك تاتىرىپ كەتكەن ئەخمەت روھى چىقىپ كەتكەن ئادەمدەك ئورنىدا ئولتۇرۇپلا قالدى. كۆزلىرى ھېس ـ تۇيغۇسىنى يوقاتقان ئادەمنىڭكىدەك پارقىراپ قالدى. بىر چاغدا ئۇنىڭ چىرايى ئاستا ـ ئاستا قىزاردى. ئاۋۋال بۇرنىنىڭ ئۇچلىرى، كېيىن پېشانىلىرى مونچاق ـ مونچاق تەر تامچىلىرى بىلەن تولدى.

كۈن ئاللىقاچان بۇ يۇرت بىلەن خوشلىشىپ، غەرب ئۇپۇقىدا غايىب بولغان. كېچىنىڭ خەۋەرچىسى گۇگۇم پۈتۈن يورۇقنى

ئۆز ئېتىكى بىلەن چۈمكىگەن بولسىمۇ، ئەخمەت تېخىچىلا سىنىپتا، يەنە شۇ ئۆزىنىڭ ئورنىدا قىمىر قىلماي ئولتۇراتتى. چىراغنى ياندۇرۇپ، ئىككى ئوغۇل ساۋاقدىشى ئۇنىڭ قېشىغا كەلدى:

— ئەخمەت، يۈر ئاداش ياتاقىقا چىقىپ كېتىمىز، — دېدى ئۇنىڭ قولىدىن تارتىپ. ئەخمەت ئىچىگە تۇشۇپ كەتكەن ھەسرىتىنى چىقىرىۋەتمەكچى بولغاندەك ئېغىر ۋە ئۇزۇن نەپەس ئالدى. بوشاشقان، روھى چۈشكەن ھالدا ئورنىدىن تۇرۇپ، ساۋاقداشلىرى بىلەن سىنىپتىن چىقتى.

— ياتاقىقا يۈر، — دېدى ساۋاقدىشىنىڭ بىرسى.

— سىلەر كىرىپ تۇرۇڭلار، مەن ئارقاڭلاردىن كىرىمەن، — ئىككى ساۋاقدىشى ھەرقانچە زورلاپمۇ ئەخمەتنى ياتاقىقا كىرىشكە كۆندۈرەلمىدى.

يالغۇز قالغان ئەخمەت مەكتەپ بېغىنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى ئاسمانغا تاقاشقان، قويۇق تېرەكلىك قاراڭغۇلۇقىغا كىرىپ كەتتى. پۈتۈن كېچە ئۇنىڭ ئورنى بوش قالدى. ئەتىسى ئەخمەتنى ھېچكىم ئۇچراتمىدى. بىرىنچى سائەتلىك دەرستىن باشلاپ ئۇنىڭ ئورنى بوش قالدى. پەقەت بۇنىڭ سەۋەبىنى رىزۋانگۈللا بىلەتتى. رىزۋانگۈل پارتىسىدىن دەپتىرىنى ئېلىش ئۈچۈن قولىنى تىققاندا، قولىغا بىر پارچە قەغەز چىقتى. رىزۋانگۈل يېنىدىكى ئوقۇغۇچىدىن يوشۇرۇن خەتكە كۆز يۈگۈرتتى.

«ھۆرمەتلىك رىزۋانگۈل:

مېنى كەچۈرگىن، سېنىڭدىن ئەپۇ سورايمەن. مېنىڭ قىلغىنىمنى كۆڭلۈڭدىن چىقىرىۋەت، پەقەت بىرلا تىلىكىم، مېنى لۈكچەك دېگەن باھايىڭنىڭ ئادالەتسىزلىكىنى ئېتىراپ قىلغىن. خوش ئەمدى كۆرۈشەلەيمىزمۇ، يوق».

ئۇ خەتنى ئۈچ قېتىم ئوقۇدى. قەغەزنى مىجىپ - مىجىپ يانچۇقىغا سالدى. تەنەپپۇس ۋاقتىدا خەتنى مەكتەپنىڭ ئىچىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان ئۆستەڭ سۈيىگە تاشلاپ ئېقىتىۋەتتى. شۇ

ئىشتىن كېيىن ئەخمەت مەكتەپتە ئىككىنچى كۆرۈنمىدى. ھەتتا ئۆزىنىڭ يوتقان ـ كۆرپىلىرىنى ئېلىشقىمۇ ئۆزى كەلمەي، ئىنىسى ئېلىپ كەتكەنىدى. بۇ ۋەقە بىر سىنىپ كوللېكتىپىغا ئالاھىدە تەسىر قىلدى. ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا ئوخشىمىغان كۆزقاراشلارنى پەيدا قىلدى. رىزۋانگۈلنى ئەيىبلىگۈچىلەرمۇ، ياقلىغۇچىلارمۇ چىقتى. بىر قىسىم ئوغۇل ئوقۇغۇچىلارنىڭلا ئەمەس، بىر قىسىم قىز ئوقۇغۇچىلارنىڭمۇ رىزۋانگۈلگە بولغان مۇئامىلىسى كۆرۈنەرلىك ئۆزگەردى. بىراق ھېچكىم، ھەتتا بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان ئوقۇتقۇچىلارمۇ رىزۋانگۈلگە يۈزتۈرا بىرەر ئېغىز گەپ قىلمىدى. ئەخمەتنىڭ كېتىپ قېلىشىنىڭ، بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇئامىلىسىنىڭ ئۆزگىرىشىنىڭ، بىرەرسىنىڭمۇ بۇ ئىش ھەققىدە رىزۋانگۈلنىڭ يۈزىدە بىرەر نەرسە دېمىگەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى قىز ئۇ چاغدا بىلمىگەن، بۇ سىرنىڭ تېگىگە يېتەلمىگەنىدى. ئارىدىن شۇنچە يىللار ئۆتۈپ، بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، قىز ئۇلارنىڭ مەنىسىگە يەتكەندەك قىلىۋاتاتتى. ئۇ شۇ تاپتا ئۇ دەۋردىن يىراق، ھەيۋەتلىك زامانىۋى شەھەردىكى ياتاقتا يېتىپ، تۇن كېچىدە ئۆزىنىڭ قىلغان ئاشۇ ياۋايىلىقىغا خىجىل بولۇۋاتاتتى. ئۇ ئەپسۇسلانغان ھالدا بىر يېنىدىن ئىككىنچى يېنىغا ئۆرۈلدى. ئېغىر نەپەس ئالدى. بىردىنلا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئەخمەتنىڭ خەت تارتىشقا باشلىغان بۇرۇتى، تىكىلىپ تۇرغان قاپقارا كۆزلىرى، دولقۇنلىنىپ تۇرىدىغان قويۇق چاچلىرى گەۋدىلەندى. بۇنىڭدىن رىزۋانگۈل ئەجەبلەنمىدى، ئەكسىچە تەبىئىيدەك بىلىنىپ كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ قالدى. ئەخمەت ھازىر قەيەردىدۇ؟ نېمە ئىش قىلىۋاتقاندۇ؟ بەلكىم ئۇ ھازىر ھەممە نېمىگە پەرقسىز، بىپەرۋا قارايدىغان دېھقان بولۇپ قالغاندۇ. كىم بىلىدۇ، ئەنئەنە بويىچە ئۆزى تونۇمايدىغان بىر قىز بىلەن ئالدىراقچان ئۆي ـ ئوچاقلىق بولۇپ، بىر ـ ئىككى، ھەتتا ئۈچ باللىق بولغاندۇ، ئۇنىڭ تۇرمۇشى كۆڭۈللۈكمىدۇ؟ رىزۋانگۈلنىڭ كۆڭلى باشقىچىلا

بولۇپ، بىر خىل ئۈركۈنۈش ئۇنىڭ كۆڭلىگە بېسىپ كىردى. ئۆزىنى ئەخمەتكە يۈز كېلەلمەيدىغاندەك، گويا ئۆتكۈزۈپ قويغاندەك ھېس قىلىپ، بىئارام بولدى. ئەخمەتنىڭ تۇرمۇش يولىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىشكە ئۆزى سەۋەبچى بولغان، ئۇنى ئوقۇشتىن، ئىستىقباللىق يولدىن قايتىشقا مەجبۇر قىلغان، ئۇنىڭ كۆڭۈلسىزلىكىگە ئۆزى سەۋەبچى ... بۇلار رىزۋانگۈلنى ئازابلىدى، كۆڭلىنى غەش قىلدى.

# ئۈچىنچى باب

## 1

ئاپتوبۇس ماي يېيىتىلغان تۈز يولدا ئۈچقاندەك كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئىچى كۈلكە ـ چاقچاق، خۇشاللىق كەيپىياتىغا تولغان. بۇ خۇددى بىر كۆڭۈللۈك ئولتۇرۇش، دوستلارنىڭ جەم بولۇشى. قىزىق ـ قىزىق چاقچاق، شاڭخولار، كۈلكە سادالىرى بىردە ئەۋجىگە چىقىدۇ، بىردە ئۈزۈلۈپ قالىدۇ. مەخمۇت ھە دېسىلا شاڭخونىڭ ئوبيېكتى بولۇپ قالىدۇ. ئېلى ئىلمىي، سىياسىي گەپلەرنى ئەپلەشتۈرۈپ قىلالمىغان بىلەن شاڭخو، چاقچاقتا، يۇمۇرلۇق سۆزلەرگە بەك ئۇستا، ھازىر جاۋاب. ئەركىن بولسا، ئۇنىڭ ياردەمچىسى، مەخمۇتچۇ، گەپنى ئۆزى ئىزدەپ تېپىۋالىدۇ. شاڭخو قىلىدىغانغا ئۆزى سەۋەب تېپىپ بېرىپ ئولتۇرىدۇ. مەسئۇد بولسا، قېنىپ ـ قېنىپ كۈلۈشنىلا بىلىدۇ.

بىر يەردە يانمۇيان ئولتۇرغان رىزۋانگۈل بىلەن راملە ھاياجىنىنى تېخىچىلا باسالمىغانىدى. بىرىنچى قېتىملىق خىزمەت سەپىرى ئۇلار ئۈچۈن ئەھمىيەتلىك، مەنىلىك ئىش بولۇپ، ئۇلار كېچىدىن بېرى بەكمۇ خۇشال ئىدى. سەپەرنىڭ بۇنداق بولۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلىپمۇ باقمىغان بىر جۈپ قىز شۇ تاپتا تېخىمۇ ھاياجانلانماقتا. بولۇپمۇ رىزۋانگۈلنىڭ كەيپىياتى بەك يۇقىرى، ئۇ بوستانلىققا قايتىپ كەلگەن بۇلبۇلدەك ئورنىدا ئاران ئولتۇرىدۇ. ئۇ پۈتۈن ئاۋازدا كۈلىدۇ، كۈلكىسى ھەممىنى بېسىپ چۈشىدۇ، راملەنىڭ بىلەكلىرىنى سىقىدۇ، بىقىنىغا نوقۇيدۇ، بەللىرىنى تۇتۇپ ئۆزىگە چىڭ تارتىپ قويىدۇ.

ئۇنىڭ ئىچىگە پاتمايۋاتقان نېمىدۇ؟! بۇنى رىزۋانگۇل هازىر ئويلىيالمايدۇ. شوپۇر رول بىلەن، ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان كامىل ئوي بىلەن. كامىل كەينى تەرىپىدىكى شۇنچە گەپ ـ سۆز، ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ، كۈلكىلەرنى ئاڭلىمىغاندەك ئولتۇرىدۇ. ئۇ بىرەر قېتىممۇ ئارقىغا قاراپ قويمىدى، شۇنچە قىزىق كۈلكە ـ چاقچاقلارغا هېجىيىپمۇ قويمىدى، تۆمۈردىن ياسالغان ئادەمدەك ئولتۇرغىنى ئولتۇرغان. رىزۋانگۇلنىڭ كۆزى قانداق قىلىپ ئۇياققا چۈشۈپ قالغان، ئۇ راملەنىڭ قولىقىغا:

— قاراڭە، بىزنىڭ باشلىقنىڭ ئولتۇرۇشىنى، — دەپ شىۋىرلىدى. راملە باشقىلارغا سەزدۈرمەستىن كامىل ئولتۇرغان تەرەپكە قارىدى. كامىلنىڭ ئىككى مۈرىسى چىقىپ قالغانلىقىنى هېسابقا ئالمىغاندا ئۇ تىك ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ كەڭ غوللىرى گەۋدىلىك ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىپ تۇراتتى، كامىلنىڭ بېشى باشقىلارنىڭكىدىن چوڭراق ئىدى، چېكىلىرىگە بىرقانچە تال ئاق ئارىلىغانىدى.

— ماڭا بەك سۈرلۈك كۆرۈنىدۇ بۇ باشلىق، نېمىشقىكىن ئۇنى كۆرسەملا ئەيمەنگەندەك بولىمەن، — دېدى رىزۋانگۇل.

— كۆرۈنۈشى شۇنداق بولغان بىلەن كۆڭلى يۇمشاق، رەھىمدىل ئادەمدەك قىلىدۇ. قاراڭە، ئەتىگەندە بىزدىن شەخسىي تەييارلىقىمىزنى ئىنچىكىلەپ سوراپ كەتكىنىنى، بارىدىغان يېرىمىز تاغ، جاڭگال، بىزنى تۇرمۇشتا قىسىلىپ قالمىسۇن دېگەن چېغى.

— مەنمۇ ئۇنى بەك تۇيغۇن ئادەممىكىن دەيمەن. كۆزىگە قارىسام بىر خىل ئۆتكۈر نۇر چاقناپ تۇرغاندەك قىلىدۇ. بىر قاراپلا كۆڭلۈڭدىكىنى بىلىۋالىدىكەن دېگۈم كېلىدۇ.

گەپ ـ سۆزلەرمۇ ئازايدى، كۈلكىلەرمۇ بېسىقتى. يول ماڭغىلىمۇ يېرىم كۈن بولاي دەپ قالدى. بىرىنچى بولۇپ ئەركىن سومكىسىنى ئېچىپ، ئۇنىڭدىن ئالما ئالدى. ئۇ ئالمىلارنى ئولتۇرغانلارغا بىر ـ بىرلەپ بەرگىلى تۇردى.

— قىنى ئىككى يېڭى سەپەردىشىمىز، بۇ سەپەرنىڭ تۇنجى مۇبارەك ئالمىسى، — دېدى ئەركىن رىزۋانگۈل بىلەن راملەگە بىر جۈپ ئالمىنى سۇنۇپ تۇرۇپ.

— ھازىر ئالما بىلەن تەبرىكلىدۇق، كېيىن تاش بىلەن تەبرىكلەيمىز تېخى، — دېدى ئېلى. يەنە بىر قېتىم خۇشاللىق كۈلكىسى ئاپتوبۇس ئىچىنى بىر ئالدى. تېخى ئالما يېيىلىپ بولمايلا مەخمۇت سومكىسىنى ئاچتى. ئۇنىڭدىن سامسا چىقىرىپ ھەر بىرىگە ئىككىدىن بەردى. ئېلىنىڭ ئاغزى يەنە ئېچىلدى.

— پاھ، بۇ قېتىم ئاچمىز قۇلىقىڭنى تازا بىر تولغاپتىمىز نېمە، ئاغىنە، سومكاڭنىڭ ئاغزىنى ئاچقاندا قولۇڭ تىترىمىدى.

— بۇنى مەخمۇتنىڭ قولى ئەمەس، رابىيەمنىڭ قولى دەيمىز. مەخمۇتنىڭ قولىدىن قىلىنىمۇ ئالغىلى بولمايدۇ، — دەپ تەڭكەش قىلدى ئەركىن. مەخمۇت ھىجىيىپلا قويدى. ئەڭ ئاخىردا ئالمىنى شوپۇرغا بېرىپ ئورنىدا ئولتۇرۇۋالغاندا، ئېلى:

— ئۆيىڭگە دەۋا قىلىپمۇ بارالمىغاندۇق، مۇشۇ ئىككى سامسا بىلەن ئۇنىڭ ئورنىنى تولدۇراي دەمسەن نېمە، ئۆزۈڭمۇ قوم سانايدىغان نېمە جۇمۇ! — دېدى چېقىشىپ.

— قىنى، سەن مۇشۇنداق ئۆيدە قىلغان نەرسەڭ بولسا چىقىرىپ باقمامسەن، — دېدى مەخمۇت ئېلىغا تەگكۈزۈپ. بىرقانچە تەرەپتىن «يارايسەن مەخمۇت، چىڭ يەردىن تۇتتۇڭ!» دېگەن سۆزلەر بىردەك ئاڭلاندى.

— خەپ مەخمۇت، — دېدى ئېلى، — مۇشۇ قېتىمقى تەكشۈرۈشتىن قايتىپلا توي قىلىمىسام، مۇشۇ دېگىنىڭگە بولسىمۇ ...

— بولىدۇ، — دېدى ئەركىن، — قىزىلتاغ سودا سارىيىنىڭ ھېلىقى ئەينەك جازىسىنىڭ ئىچىدىكى خانىم بىلەن، — يەنە قاتتىق كۈلكە كۆتۈرۈلدى. ئېلىنىڭ ئۆزى كۆزلىرىدىن ياش چىققۇدەك كۈلدى. رىزۋان بىلەن راملە كۈلۈپ تېلىقىپ قالدى. ئۇلار بىر ـ بىرىگە يۈلىنىشىپ ئۆزلىرىنى تۇتۇۋالالمىدى. ھېچ

نەرسە تەسىر قىلمايدۇ، دەيدىغان كامىلمۇ ئاغزىنى ئالىقانلىرى بىلەن ئېتىپ ئاۋازسىز كۈلدى. كۈلكىلەر توختىدى، بىر پەس جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى.

— ئۈنچىلىك غەمگە چۆكۈپ كەتمە، ئېلى، — دەپ جىملىقنى بۇزدى ئەركىن، — ئۆزۈڭ بېرىشتىن قورقساڭ، مەسئۇدنى ئەلچىلىككە ئەۋەتمىز، ئۇ داھىيانە سۆزلىرى بىلەن تاشنىمۇ ئېرىتىدۇ. بارامسەن مەسئۇد؟

— ئېلى ئۇچۈن ئۈنچىلىك خىزمەت قىلمىساق ئىنسابسىزلىق بولىدۇ. ئۇ گەپ ئاڭلايدىغان، قۇلىقى يۇمشاق قىز بولسا ئەلۋەتتە بارامدىغان، — دېدى مەسئۇد.

ئۇلارنىڭ چاقچاقلىرى يەنە باشلاندى. ماشىنا گۈركىرەپ بىر خىل ماڭماقتا. بۇ كۆڭۈللۈك كوللېكتىپ ئۆزلىرىنىڭ ماشىنىدا ئولتۇرغانلىقىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇغانىدى، بۇ قېتىم ھۇجۇمنىڭ مەركىزى ئېلى بولۇپ، مەخمۇت ئارام ئېلىپ قالدى. كۈلكىلەر ئەۋجىگە چىققاندا ئاپتوبۇس چۇشلۇك تاماق يەيدىغان ئۆتەڭگە كېلىپ قالدى.

— بىر سائەت توختايمىز، ھەممىڭلار سائىتىڭلەرگە قارىۋېلىڭلار، — دېدى كامىل، ئاندىن ئۆزى بىرىنچى بولۇپ ئاپتوبۇستىن چۈشتى.

گىياھسىز چۆلدە سوزۇلۇپ ياتقان يولدا ئاپتوبۇس غوڭۇلداپ ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە. دېرىزىدىن قارىسىڭىز چەكسىز سوزۇلغان تاشلىق، ئۇنىڭ چېكىگە كۆز يەتمەيدۇ. بىر سائەتتىن بېرى جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرمەكتە. پەقەت گۈركىرەشتىن باشقا سادا يوق. بىر چاغدا شوپۇرنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان كامىل كەينىگە ئۆرۈلۈپ، جىم ئولتۇرۇشقان ئەترەت ئەزالىرىغا بىر - بىرلەپ قاراپ چىقتى، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى كۆزلىرىنى يۇمۇۋېلىشقان، پەقەت ئىككى قىزلا دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ ئولتۇراتتى. ئۇلار بىر نەرسىنى ئىزدىگەندەك كۆزلىرىنى يۆتكىمەيدۇ. كامىل ئاستا ئورنىدىن تۇردى. خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغان مەسئۇدنىڭ يېنىغا

قىسىلدى.

— ھە يىگىتلەر، شوكىلىشىپ كەتتىڭلارغۇ؟ مەسئۇد ئىسكىرىپكاڭنى قولۇڭغا ئال، — دېدى. بۇ سۆز بىلەن ئەركىن ئورنىدىن تۇردى. ئۇ ئاپتوبۇسنىڭ كەينى تەرىپىگە ئۆتۈپ، ئالدى بىلەن ئىسكىرىپكىنى ئېلىپ مەسئۇدنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى. ئاندىن تەمبۇرنى ئېلىپ كامىلغا تۇتقۇزدى. ئۆزى قولىغا داپنى ئالدى. كۆزىنى يۇمۇۋالغانلارمۇ جانلاندى. نېمىگىدۇر ئۆزلىرىنى رۇسلىغاندەك مىدىرلىشىپ قەددىنى تىك قىلىشتى. كامىل بىلەن مەسئۇد چالغۇلىرىنى تەڭشىدى. ئىككى قىز تاشقىرىدىن كۆزلىرىنى ئۈزۈپ، ئەمدى نېمىلەر قىلىشىدىكىن دېگەندەك ئاپتوبۇسنىڭ ئىچىگە قاراپ ئولتۇردى.

ئىسكىرىپكىغا تەڭكەش قىلىنغان تەمبۇرنىڭ جاراڭلىق ساداسى ھەممىنى جىددىيلەشتۈردى. كامىل كۆزلىرىنى يۇمۇپ، ناخشىنى سىملارغا چاقچاقلىق بىلەن ئۇرۇپ، پەدە تۇتقان قولىنى يېنىك يۆتكەيتتى. شوخلۇق، جۇشقۇنلۇق مۇڭغا ئالمىشىپ، يۈرەك تارلىرىنى تىترىتىپ ئۆتمىدىغان مۇزىكا كۈيى كەيپىياتنى سالماق، ۋەزمىن ھالەتكە كەلتۈردى.

رىزۋانگۈل بىلەن رامىلە يېڭىلىق تۇيۇلغان بۇ مەنزىرىگە قارىشىپلا قالدى. ئۇلار كامىلنىڭ قولىدىن تەمبۇر چېلىشنىڭ كېلىدىغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغانىدى. شۇڭا، ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن ھەيرانلىق، ئەجەبلىنىش، قىزىقىش ئالامەتلىرى چىقىپ تۇراتتى. يېقىملىق مۇزىكا ئۇلارنىڭ قەلبىنى دولقۇنلاتسا، ئۇنى چېلىۋاتقان كىشىنىڭ كامىللىقى، ئۆزلىرىنىڭ باشلىقى ئىكەنلىكى سۆيۈنۈش تۇيغۇسىنى ئويغىتىۋاتاتتى. ئەمدى رامىلە بىلەن رىزۋانگۈلنىڭ كۆزلىرى پارقىراپ ئېچىلىپلا قالدى. چۈنكى، كامىل ناخشا باشلىۋەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئاۋازى ياڭراق، يېقىملىق، ھەم مۇڭلۇق ئىدى. ئۇ ئېيتقان مۇقامنىڭ سېھىرلىك ئىقىمى ئۇيغۇر قېنى ئېقىپ تۇرغان تومۇرلاردا ئۆركەش ياسىدى. مىسكىنلىك ئارىلاشقان بىر خىل شېرىن

لەززەت تۇيغۇسى يۇرەكلەرنى ئېرىتتى.

پەدە يۆتكىلىپ، بىر پەس مۇزىكا چېلىنىپ، يەنە ناخشا باشلاندى. خۇددى مەسلىھەتلىشىۋالغاندەك بۇ قېتىمقى ناخشىغا ئەركىن، مەستىئۇد، ئېلىلارمۇ قوشۇلدى. خۇددى سەھنىدىكى ئارتىسلاردەك ئۇلارنىڭ ئاۋازلىرى بىر ـ بىرىگە شۇنداق ماس، تەكشى چىقىۋاتاتتى. باشقىلارنىڭ شۇنداق زوق بىلەن بېرىلىپ تىڭشاۋاتقىنىغا قارىغاندا، ئۇلارنىڭ چەكسىز ھوزۇرلىنىۋاتقىنى شۈبھىسىز ئىدى. بولۇپمۇ رىزۋانگۈلنىڭ كۆزلىرى، تەلمۈرۈشلىرى، ھەممىنى ئۇنتۇغاندەك قىياپىتى ھاياجىنىنى باسالمايۋاتقىنىنى نامايان قىلىپ تۇراتتى.

باشلىغاندا كۆزىنى يۇمۇۋالغان كامىل كۆزىنى ئىككىنچى ئاچمىدى، قولى توختىمىدى. ئۇ شۇ تاپتا مۇزىكا، ناخشا دۇنياسىدىن باشقا ھەممىنى ئۇنتۇغان. ئۇنىڭ قاڭشارلىق بۇرنى، كۆكىرىپ تۇرغان ئېڭەكلىرى تەرلىدى، بارا ـ بارا كەڭ پېشانىسىدە تەر تامچىلىرى كۆرۈنۈشكە باشلىدى. لېكىن ئۇ بىر خىلدا تەمبۇرنى زوق بىلەن چالاتتى، ناخشىنى ئىشتىياق بىلەن ئېيتاتتى. ماشىنا ئايىغى چىقماس يولدا بىر خىلدا ئىلگىرىلىمەكتە. گىياھسىز سايلىق تۈگەي دېمەيدۇ، يە ئۆي، يە بىر پارچە يېشىللىق كۆرۈنمەيدۇ. تاش، شېغىل، ئاندا ـ ساندا قۇم، دۆڭلۈكلەر چېلىقىپ قالىدۇ.

بىر ـ بىرىگە ئۇلىشىپ ئېيتىلغان ناخشا، چېلىنغان ساز ھەممىنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلدى. بىر چاغدا كامىل ئاخىرىنى چۇشۇردى، رىزۋانگۈل ئىختىيارسىز ئورنىدىن تۇرۇپ چاۋاك چېلىۋەتتى. باشقىلار پەقەت مەمنۇنلۇق بىلەن كامىلغا قارىشىپ قويدى.

كامىلنىڭ كۆزلىرى خۇمارلاشقان، ئۇنىڭدا ئىشتىياق، ھەسرەت، ئۈمىد ئارىلاشقان مۇرەككەپ ھېسسىيات چاقناپ تۇراتتى. ئۇ يازدا ئۇزۇن چۆلنى بېسىپ چاڭقىغان، مۇزدەك بۇلاق سۈيىنى قېنىپ ئىچكەن ئادەمدەك راھەتلىنىپ كېرىلىپ قويدى.

ئۇ قولىدىكىنى ئېلىگە ئۇزاتتى. ئورنىدىن تۇرۇپ گەپ ـ سۆز قىلماستىن شوپۇرنىڭ يېنىغا بېرىپ ئولتۇرۇۋالدى. قالغانلار نەغمە ـ ناۋانى داۋاملاشتۇردى. جۇشقۇن، شوخ پەدىلەرگە چېلىپ، ناخشا ئېيتتى. ئاخىر كوچا ناخشىلىرىنى ھەممىسى بىر بولۇپ بىر پەستىن توۋلاشتى. ئىككى قىز ناخشىغا قوشۇلماستىن ئاڭلىغۇچى بولۇپ ئولتۇردى.

كۆڭۈللۈك سەپەر ئۇچىنچى كۈنگە قەدەم قويغاندا، ئاپتوبۇس بىر پەس مېڭىپ ماي يېپىشتىلغان يولدىن جەنۇبقا ئايرىلغان يولغا بۇرۇلدى. چۈشتە بىر ناھىيە بازىرىغا كەلدى. بىر سائەت توختاپ يەنە يولغا چىققان ئاپتوبۇس كۆپ ماڭماي، قاراماي يول ئاياغلاشتى. شېغىل يېپىشتىلغان يولغا چۈشتى. ئەمدى كىچىك ـ كىچىك يېزىلار، بۇك دەرەخلىكلەر ئاندا ـ ساندا ئۇچرايدىغان بولدى. كۈن غەرب ئۇپۇقىغا يېقىنلاشقاندا يىراقتا تاغ كۆرۈندى. كۈن ئولتۇرۇپ، گۇگۇم چۈشكەندە ئاپتوبۇس تاغنىڭ ئېغىزىدىكى ئون ـ يىگىرمىچە ئائىلە ئورۇنلاشقان يېزىغا كېلىپ توختىدى. چۈنكى، بىر كۈن بۇرۇن يولغا چىققان يۈك ـ تاق ماشىنىسى شۇ يەردە ئىدى. كامىل مۇنداق ئۇقتۇرۇش قىلدى:

— بۈگۈن مۇشۇ يەردە قونىمىز، قىدىرىپ تەكشۈرۈش دائىرىمىز مۇشۇ تاغنىڭ ئىچىدە. ساقلاپ تۇرۇڭلار، ھازىرلا كېلىمىز، — دېدى ۋە ئەركىننى ئەگەشتۇرۇپ كېتىپ قالدى. ئون بەش مىنۇتلاردىن كېيىن كەلگەن ئەركىن ھەممەيلەننى قونالغۇغا باشلاپ ماڭدى.

تاغنىڭ كەچلىك ھاۋاسى سالقىن، ساپ، ھەرخىل ياۋا ئوتلارنىڭ پۇراقلىرى گۇپۇلدەپ تۇرىدۇ. يىراق يەردىكى قارىغايلىقتىن دېۋېرقاينىڭ قاڭسىق پۇرىقىنى يېنىك شامال ئۇزۇكسىز ئېلىپ كېلىدۇ، ئەمەننىڭ ئۆتكۈر پۇرىقى دىماقلارنى غىدىقلايدۇ، كەچ كىرگەنسېرى سۇنىڭ شارقىرىشى كۈچەيدى، ئادەتتە بۇ ئېغىزدىكى سۇ شارقىراپ ئاققۇدەك كۆپ ئەمەس ئىدى.

ئەرلەر چوڭ بىر ئېغىز دېھقان ئۆيىگە، ئىككى قىز كىچىك بىر ئۆيگە ئورۇنلاشتى. كىرسىن چىراغىنىڭ غۇۋا يورۇقى ئۆينى سۈس يورۇتۇپ تۇردۇ. ھەممىسى بىر كۈن ئاپتوبۇستا ئولتۇرۇپ چارچىغان، ئۆينىڭ ئۇچتىن ئىككى قىسمىنى ئىگىلىگەن سۇپىغا سېلىنغان يوتقان - كۆرپىلەرى ئۈستىگە قىڭغىيىشقانىدى. بىر چاغدا خېلىدىن بېرى يوقاپ كەتكەن كامىل بىلەن ئەركىن كىردى. يىگىتلەر دەرھال ئۆرە بولۇشتى. ئەركىن چىقىپ كېتىپ ئىككى قىزنى باشلاپ كىردى.

— بۇرادەرلەر، ئەمدى ماشىنىلىق مېڭىش بەك تەس، تەۋەككۇل قىلىشقا بولمايدۇ. شۇڭا، ھارۋىلىق، ئاتلىق ماڭىمىز. ئورۇنلىشىدىغان يەرگە بەش - ئالتە سائەتتە يېتىپ بارغىلى بولىدۇ. ئەمدىكى ئىشىمىز مۇنداق: مەخمۇت، ئېلى باشلىق تۆتىڭلار، يەنە ئۈچ دېھقان يىگىتى ئەتە ئەتىگەن نەرسە - كېرەكلەرنى ئىككى ھارۋىغا بېسىپ يولغا چىقىسىلەر. تۆتىڭلارغا تۆت ئات بار. ئاتلارغا مۇۋاپىق نەرسىلەرنى ئارتىپ، مىنىۋالىسىلەر. بارغاندىن كېيىن ئورۇنلىشىدىغان جاينى تەييارلايسىلەر. چېدىردىن تۆتنى تىكىسىلەر، يەر تۈزۈلۈشىگە قاراپ چېدىر تىكىدىغان يەرنىڭ ئورنىنى بەلگىلەيسىلەر. بوران تەگمەيدىغان، يامغۇر سۈيى بېسىپ كىرەلمەيدىغان، كۈن تېگىدىغان جاي بولسۇن. قالغانلىرىمىز ئۆگۈنلۈككە يولغا چىقىمىز، — دېدى كامىل.

— ئاشخانا بىلەن ئوچاقنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇڭلار بۇرادەرلەر، تۇرخۇندىن ئىس ماڭمىسا، خام تاماق يەيمىز. مەخمۇت، بۇنىڭغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ قوي. تۇرىدىغان ئورنىمىز سۇدىن بەك يىراق بولۇپ كەتمىسۇن. شۇ يەردە بىر بۇلاق بار ئىكەن، تۇرالغۇ شۇنىڭ ئەتراپىدىراق بولغىنى ياخشى، — دەپ ئەركىن قوشۇمچە قىلدى. خىزمەت توغرىسىدىكى گەپ شۇنىڭ بىلەن تۈگىدى. رىزۋانگۈل بىلەن رامىلە ياتىقىغا چىقىپ كەتتى. ئۇلار ئىككىسى كارىۋات قويۇلغان كىچىكرەك بىر ئۆيگە

ئورۇنلاشقانىدى. پەنەر چىراغىنىڭ يورۇقى ئۆيىنى غۇۋا يورۇتۇپ تۇرىدۇ. ئىككى قىز قىڭغىيىپ كارىۋاتتا بىر پەس جىمجىت يېتىشتى.

— راملە، مەن ئۆزۈمنى باشقىچىلا سېزىۋاتىمەن، — دېدى رىزۋانگۈل جىملىقنى بۇزۇپ.

— مېنىڭ مۇنداق ئۇزۇن سەپەرگە چىقىشىم تۇنجى قېتىم، نەنسەن تېغىدىن باشقا تاغنى كۆرۈپ باقمىغان، — دېدى راملە. ئۇنىڭ ئاۋازىدىن خۇشاللىقى چىقىپ تۇراتتى.

— خىزمەت دېگەن مۇشۇنداق بولىدىغان ئوخشايدۇ، خىزمەتداش دېگەن ساۋاقداشقا ئوخشمايدىكەن.

— خىزمەت شارائىتى كەڭرى دۇنياغا ئوخشايدىكەن، مەن ئۆزۈمنى قەپەستىن بوشىنىپ، چەكسىز ئاسمانغا چىقىپ قالغاندەك ھېس قىلىۋاتىمەن.

— بىزنىڭ ماۋۇ شاش يىگىتلەرنى دېمەمسىز تېخى، — دېدى رىزۋانگۈل ئۆرە بولۇپ ئولتۇرۇپ، — ئىشخانىدىكى سالاپەتلىكە قارىغاندا ئۇلارنى مۇنداق چاقچاقچى، غەزەلكەش دەپ تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. كامىل باشلىقىمۇ ھەيران قالدىم.

— شۇنى دەڭا، ھېلىقى سالاپەتلىك پەيلاسوپچۇ تېخى.

— ھە، مەسئۇدنى دەمسىز، ئۇنى ئۇلۇغۋار سۆزلەرنى قىلىشتىن باشقا، ئويۇن - تاماشا دېگەنگە يولىمايدۇ دەپ ئويلاپتىمەن. ئادەم دېگەننى چۈشەنمەك ئاسان ئەمەسكەن، جۇمۇ! — ئىشىك چېكىلدى. سۆزدىن توختىغان رىزۋانگۈل:

— كىرىڭ، — دېدى ئىشىككە قاراپ.

— كىرسەم بولامدۇ، قىزلار؟ — بۇ كامىل ئىدى. ھەر ئىككىسى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى.

— مەرھەمەت، — دېدى ئىككىسى تەڭلا. ئۆيگە كىرگەن كامىل تاملارغا، تورۇسلارغا تەكشى قاراپ چىقتى.

— ئولتۇرۇڭ، — دېدى رىزۋانگۈل ئۆزىنىڭ كارىۋىتىنى كۆرسىتىپ.

— ئولتۇرىۋېرىڭلار، مەنمۇ ئولتۇراي، — ئۇ ئۆزى ئولتۇردى، رىزۋانگۇلنىمۇ ئولتۇرغۇزدى.

— خىزمەت دېگەن شۇنداق سىڭلىلار، بىزنىڭ خىزمىتىمىز تېخىمۇ شۇنداق. ئۆيدە خاتىرجەم تۇرغىلى بولمايدۇ، يات يەرلەردە، ئاي دالالاردا ياتىمىز، تېخى ...

— بەك ياخشى بولىدىكەن، يېڭى - يېڭى تۇرمۇش شارائىتى. بىر خىللا ئۆتىدىغان تۇرمۇش ئادەمنى زېرىكتۈرىدۇ، — دېدى رىزۋانگۇل قىزغىنلىق بىلەن.

— مانا تۇرمۇشقا قارىتا يېڭىچە پىكىر، قارىغاندا كۆپنى كۆرگەن ياخشى ئوخشايدۇ. ئادەم تىرىكلا بولسا، دۇنيا دېگەندە كۆرىدىغان ئىش كۆپ ئىكەن. ياتاق قانداقراق؟ مانا بىلىپ تۇرۇپ، كۆرۈپ تۇرۇپ مۇشۇنداق مەنىسىز سوئاللارنى سوراپ قويىدىغان پەمسىزلىكلەرمۇ بولۇپ تۇرىدۇ.

— نېمە دېگىنىڭىز ئۇ باشلىق، ئادەملەر ئۆزئارا كۆڭۈل بۆلۈشمىسە قانداق بولىدۇ. يەنە كېلىپ باشلىقلار قول ئاستىدىكىلەرگە تېخىمۇ كۆڭۈل بۆلۈشى كېرەك ئەمەسمۇ؟ — دېدى رىزۋانگۇل كۈلۈپ تۇرۇپ.

— كامىل ئاكا، — دېدى راملە قىزغىنلىق بىلەن، — سىزنىڭ هال سوراپ كىرگىنىڭىز كۆڭلىمىزنى تولۇق خاتىرجەم قىلدى.

— ئىلمىي خادىملار ئارىسىدا باشلىق، باشلىق ئەمەس دېگەن سۆزلەر بولسا ياراشمايدىكەن، راملەدەك كامىل ئاكا دېسە نېمىدېگەن يېقىملىق ئاڭلىنىدۇ. ئۆز كۆرسىڭىزلەر كامىل دېسىڭىزلەر تېخىمۇ ياخشى. مەنمۇ كۆڭلۈمدىكى سۆزلەرنى قىسىلماي ئېيتىۋېرىمەن.

ياخشى گەپ قىلىدىكەنسىز. ناخشىنى بەك ياخشى ئېيتىدىكەنسىز، بىز پەقەت ئويلىماپتىكەنمىز، — دېدى رىزۋانگۇل.

— هەيران قالدۇق، تەمبۇرنى قالتىس چالىدىكەنسىز، — دەپ

قوشۇلدى راملە.

— ياشلىقىمىزدا ھەۋەس قىلىپ ئادەتلىنىپ قاپتىكەنمىز، ئېيپى كېلىپ قالسا ئەمدى مۇشۇنداق سەپەردە تاغ، جاڭگاللاردا ۋارقىراپ قويىمىز.

— بەك مۇڭلۇق ئېيتىدىكەنسىز، كىشىنىڭ كۆڭلىگە باشقىچىلا تەسىر قىلىدىكەن.

— مۇنداق دەڭ، رىزۋانگۈل، — دېدى كامىل، ئۇنىڭ چىرايى بىردىنلا سۇرلۇك تۈس ئالدى، قاپاقلىرى تۈرۈلدى، نېمىشقىدۇر شۇنىڭدىن كېيىنكى سۆزلىرى قولاشمىدى، خاتىرجەمسىزلىنىپ ئولتۇرالمىدى، ئاخىر ئۇخلاشنى باھانە قىلىپ چىقىپ كەتتى. ئىككى قىز يوتقاننىڭ ئىچىگە كىرىۋېلىپ بىر پەس مۇڭداشتى ۋە ئاستا - ئاستا ئۇيقۇغا كەتتى.

## 2

تاقىر تاغنىڭ كۈنگەي قاپتىلى. ئەتراپىدىن بىر مېتىردەك ئېگىز تۈزلەڭلىكتىكى تۆت چېدىرنىڭ چوڭىغا ئەرلەر ئورۇنلاشتى. كىچىكرەكىنىڭ بىرىگە كامىل، بىرىگە تاماق ئېتىپ بېرىش ئۈچۈن ياللىنىۋالغان دېھقان چوكان گۈلئايشەم بىلەن رىزۋانگۈل، راملەلەر ئورۇنلاشتى. تاماق ئېتىش، تاماق يېيىشكە ھازىرلانغان ئەڭ چوڭ چېدىرغا ئادەم ئورۇنلاشمىدى. ئۇنىڭغا قازان ئېسىلغان، ئاشتاختىلار ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى.

پەستە يېشىل ئوتلار بىلەن پۈركىنىپ تۇرغان بىرلا بۇلاق بار، ئانچە يىراق ئەمەس. بۇلاقنىڭ سۈيى كۆپ ئەمەس، سۇ ئېقىپ بېرىپ بىر سازلىققا كىرىدۇ. ئەتراپىدا دەرەخ يوق. ئاندا - ساندا ئۆسۈپ قالغان ياۋا گىياھلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا بۇ مىنگىشىپ كەتكەن تاغ، قىزغۇچ تاۋلىنىپ تۇرغان كۆكۈچ رەڭدىكى تىك قىيالار گىياھسىز.

ئۇلار تەييارلاپ قويغان ئىلمان سۇدا يۈز - كۆزلىرىنى يۇيۇپ

بولغاندا قۇياش غەرب تەرەپتىكى ئېگىز چوققىغا قونۇۋالغاندەك كۆرۈندى. ھاۋا ئازراق مۇزلىدى. ھەممىدىن بۇرۇن ئىشقا كىرىشكەن گۈلئايشەم سۈيۈقئاشقا يۇغۇرغان خېمىرنى پىلتە قىلىۋاتاتتى. رىزۋانگۇل بىلەن راملە ياردەملەشكىلى ئاشخانىغا كىردى. ئۇلار قوللىرىنى يۇيۇپ بولۇپ، چوكانىنى نېمە دەپ ئاتاشنى بىلمەي بىر پەس تۇرۇپ قېلىشتى.

— سىلىنى ئاچا دېسەك بولارمۇ؟ — دېدى رىزۋانگۇل.

— ئاچا دېسىڭىزمۇ بولىدۇ، خانىم، تۇنۇگۇنلا قولۇمدا قونچاق بار ئىدى. ئەرگە تەگكەندىن كېيىن بىردىنلا چوڭلاپ قالىدىكەن كىشى، — دېدى گۈلئايشەم قىلىۋاتقان ئىشىنى توختاتماي كۈلۈپ تۇرۇپ.

— سىلىگە ياردەملەشكىلى كىردۇق، — دېدى راملە خېمىرنى تۇتۇپ.

— ئارام ئېلىڭىزلار، خانىملار، ئىشقا ئانچە مىدىق چوكان ئەمەسمەن.

— مۇڭداشقاچ تاماقنى بىرگە ئېتەيلى، — دېدى رىزۋانگۇل. ئۇلار ئۈچىسى خېمىرنى پىلتە قىلىشقا كىرىشتى.

— خانىم، سىز قانچە ياشقا كىردىڭىز؟ — سورىدى گۈلئايشەم رىزۋانگۇلگە قاراپ.

— يىگىرمە بەش ياشقا.

— مەن يىگىرمە تۆت ياشقا، — دېدى راملە. گۈلئايشەمنىڭ قوللىرى ئىشتىن توختاپ قالدى. ئۇ بىر نەرسىنى ئويلاۋاتقاندەك قىلاتتى.

— ئۆيدىكى ئادەم نېمە ئىش قىلىدۇ؟

— مېنىڭ ئاتا ـ ئانام سىزدەك دېھقان، يەر تېرىيدۇ، — دېدى رىزۋانگۇل.

— ياق، مەن سىزنىڭ ... — گۈلئايشەم گېپىنىڭ ئاخىرىنى چىقارمىدى. مەقسەتنى چۈشەنگەن ئىككى قىز تەڭلا قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى. گۈلئايشەم بۇنىڭ مەنىسىنى چۈشەنمىدى.

— بىزچۇ، گۇلئايشەم ئاچا، يالغۇز تېخى، جۇپتىمىز يوق.

چوكان ئىككى قىزغا نۆۋەت بىلەن قارىدى. ئۇنىڭ قارىشىدا ئەجەبلىنىش، ئىشەنمەسلىك، گۇمان ئارىلىشىپ كەتكەن ئالامەتلەر بار ئىدى. شەھەر دېگەننى كۆرۈپ باقمىغان، قوشنا بىرقانچە يېزىدىن باشقا ھېچ يەرنى كۆرۈپ باقمىغان گۇلئايشەمنىڭ يىگىرمە تۆت، يىگىرمە بەش ياشلىق قىزلارنىڭ يالغۇزلۇقىغا ئىشەنگۈسى كەلمىدى، بۇنى ئەقلىگە سىغدۇرالمايتتى. ئۇنىڭ جىم بولۇپ قالغانلىقىغا ئىچى پۇشقان رىزۋانگۈل:

— سىز قانچە ياشقا كىردىڭىز؟ — دەپ سورىدى.

— ئىككىمىز تەڭ ئىكەنمىز، — دېدى گۇلئايشەم راملەنى كۆرسىتىپ.

— مېنى ئاچا دېسىڭىز بولغۇدەك، گۇلئايشەم، — دېدى رىزۋانگۈل كۈلۈپ تۇرۇپ. گۇلئايشەم چۆچۈگەندەك قارىدى ۋە:

— مېنىڭ دېگەن ئىككى بالام بار، يەتتە يىل بولدى توي قىلغىلى، سىز قىز تۇرسىڭىز، ئاچا دېسەم بولامدۇ، ئىككىڭىزلەر مېنى ئاچا دەڭىزلەر.

— ئون يەتتە ياشتا توي قىلغانمۇ؟ — دېدى راملە.

— شۇنداق، — دېدى گۇلئايشەم مەيۈس ھالدا. ئىككى قىز بىر - بىرىگە مەنىلىك قارىشىپ قويدى، كۆڭلىدىن نېمىلەرنىڭ ئۆتكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايتتى.

— ئېرىڭىزنى ياخشى كۆرەمسىز؟ — دەپ سورىدى رىزۋانگۈل مەقسەتلىك ھالدا. گۇلئايشەم قايناۋاتقان قازانغا چۆپ تاشلاشنى توختىتىپ، رىزۋانگۈلگە ھەيرانلىق بىلەن قارىدى.

— مانا سېنى ئالغان ئەر دەپ ئالدىغا ئاپىرىپ قويغاندىن كېيىن بىر ياستۇققا باش قويىدىغان، بىر ئۆيدە تۇرىدىغان گەپ ئىكەن. ھېلىمۇ ياخشى، ئېرىم ياۋاش، ئۇرمايدۇ، تىل دېگەن شامال. يەيدىغان بىلەن كىيىدىغاننى تېپىپ بەرسە ياخشى

كۆرىمىز ـ دە، ـــ تەبىئىي ئېيتىلغان سۆزلەردىن شەھەردە چوڭ بولغان راملەنىڭ ئاغزى ئېچىلىپ، كۆزى چەكچىيىپلا قالدى.
ئۇ گۈلئايشەمنىڭ سول تەرىپىگە ئۆتۈپ:
ـــ بۇرۇن ياخشى كۆرۈشۈپ يۈرۈشمىگەنمۇسىز؟ ـــ دەپ سورىدى قىزىقىپ. سۆزنىڭ مەنىسىنى چۈشەنمىدى بولغاي، گۈلئايشەم دەرھال بىرنەرسە دېمىدى.
ـــ توي قىلماستىن بۇرۇن تونۇشۇپ، كىنولارغا بىللە بېرىپ سىرداشقانمۇ؟ ـــ رىزۋانگۈل ئاددىيلاشتۇرۇپ سورىدى.
ـــ كىم كۆرۈپتۇ ئۇ نېمىنى، مېنىڭ ئۆيۈم باشقا يېزىدا. ئاتا ـ ئانام سېنى بېرىمىز دېدى، ماقۇل دېدىم، ئۆيگە بىر قېتىم كەلدى. شۇ چاغدا كۆردۈم. توي خېتى ئالغاندا بىرگە باردۇق. تۈزۈكرەك سۆزلىشىپمۇ باقمىدۇق.
ـــ شۇنداقمۇ توي بولامدۇ، تونۇش ئەمەس ئادەم بىلەن بىر ئۆيدە بولۇش نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق ! مۇھەببەتسىز ئائىلىدە قانداق ياشايدۇ؟ ـــ راملە مەيۈسلەنگەن ۋە ئېچىنغان قىياپەتتە سۆزلىدى.
ـــ قىزىقكەنسىز، نېمىسى قورقۇنچلۇق، ئۇمۇ ئادەم تۇرسا، مانا مەن بىللە ياشاۋاتىمەن، ئىككى بالىمىزمۇ بولدى.
ـــ يېزىلاردا دېھقان قىزلىرىنىڭ تەقدىرى شۇنداق، ئۇلار مۇھەببەتنىڭ نېمىلىكىنى بىلگۈچە، ـــ دەپ سۆز قىستۇردى رىزۋانگۈل خورسىنىپ، ـــ ئاتا ـ ئانىسى بىرسىنى تېپىپ بېرىۋېتىدۇ. ئەمدىلا ئون يەتتە، ئون سەككىز ياشقا كىرگەن قىز نېمىنى بىلەتتى، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ دېگىنىگە ماقۇل دېمەستىن باشقا چارە يوق. تەقدىرگە تەن بېرىپ ياشايدۇ.
تاماقنىڭ تەييار بولۇشى بۇ ئۈچەيلەننىڭ سۆھبىتىنى داۋاملاشتۇرۇشىغا ئىمكانىيەت بەرمىدى. كامىل باشلىق ئەرلەر ئاشخانىغا كىرىپ تاماق يېيىشكە باشلىدى. ھەممىسى مەززىلىك سۈيۇقئاشنى ئىچكەچ، تاماق بەك ئوخشاپتۇ، دەپ ماختاشتى، ئاخىر گۈلئايشەمگە چاقچاق قىلىشقا ئۆتتى.

# 3

باش گېئولوگ كامىلنىڭ قىدىرىپ تەكشۈرۈش ئەترىتى ئىككى ئايلىق ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئېلىپ، يولغا چىققاننىڭ 5 ـ كۈنى رەسمىي ئىش باشلاپ كەتتى. ھەربىر قېدىرىش كىچىك گۇرۇپپىسى تۆت خادىمدىن تەركىب تاپتى، ئۇلار ئۆزلىرى ئورۇنلاشقان بۇلاقتا يېقىن قاپتالنى قورشاپ تۇرغان مىڭگەشكەن تاغ تىزمىلىرىنى ئارىلىشى كېرەك. ھەربىر چوققا، تىك يار، چوقچىيىپ تۇرغان دۆڭلۈك ئىنچىكە تەكشۈرۈلۈشى، تەركىبى تولۇق ئېنىقلانمىسىمۇ ئەۋرىشكە ئېلىنىشى، ئۇ يەرگە قائىدە بويىچە بەلگە بېكىتىلىشى لازىم. قېدىرىش دائىرىسى كەڭ، پەقەت ئىككى پۇتقىلا تايىنىش كېرەك. ھەربىر كىچىك گۇرۇپپا ئوخشىمىغان يۆنىلىش بويىچە يولغا چىقىدۇ، ئۆزىگە كېرەكلىك تەكشۈرۈش ئۈسكۈنىلىرىنى، بەلگە بېكىتىش ئەسۋابلىرى، سۇ ۋە يەيدىغان نەرسىلەرنى تۆت كىشى بۆلۈشۈپ كۆتۈرىدۇ.

— خىزمەت بىزنىڭ جەمئىيەت ئالدىدا ئۆتەشكە تېگىشلىك بۇرچىمىز. بۇرچ جاۋابكارلىق تۇيغۇسى ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ. بۇنى بىز مەسئۇلىيەت دەيمىز. يەنە بىر گەپ: ھەممىمىز بىر پۈتۈن گەۋدە، خۇددى ئادەمنىڭ تېنىگە ئوخشاش. پۇت قولغا قانچىلىك زۆرۈر بولسا، بىز بىر ـ بىرىمىزگە شۇنداق ئېھتىياجلىق، مېنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىمنى چۈشەنگەنسىلەر، ھەممىمىز پۈتۈن چىقتۇق، پۈتۈن قايتىپ كېتەيلى، — دېدى كامىل كىچىك گۇرۇپپىلار يولغا چىقىش ئالدىدا.

كامىل ئۆزى بىر كىچىك گۇرۇپپىغا قوشۇلدى. راملە تۇرالغۇدا قالدى. دەسلەپتە رىزۋانگۈلمۇ تۇرالغۇدا قالدۇرۇلغانىدى. كېيىن ئۆزىنىڭ تەلىپى بويىچە قېدىرىشقا چىقىشقا كامىل ماقۇل بولدى. قايسى گۇرۇپپىغا قوشۇلۇشنى

ئۆز ئىختىيارىغا قويدى. رىزۋانگۈل ھېچنېمىنى ئويلىماستىنلا مەسئۇدنىڭ گۇرۇپپىسىنى تاللىدى. بىردىنلا ئۇنىڭ كۆڭلىدە خۇدۇكسىنىش، گۇمان تۇيغۇلىرى پەيدا بولۇپ، تەشۋىش بىلەن باشقىلارغا قارىدى. ھېچكىمنىڭ قىياپىتىدىن باشقىچە مەنە بېرىدىغان ھالەتنى سەزمىدى. ئۇ يوشۇرۇنچە مەسئۇدقا سەپسالدى، ئۇمۇ ئادەتتىكىدەك ئېغىر - بېسىق، سالماق ھالەتتە تۇراتتى. رىزۋانگۈل ئۆزىنىڭ ئورۇنسىز گۇمانسىرىغانلىقىغا خىجىل بولدى.

مەسئۇد يېتەكچىلىكىدىكى گۇرۇپپا كامىلنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن قىيىنراق يۆنىلىشكە قاراپ يولغا چىقتى. ئۇلارنىڭ كىيىنىشىدىن بىر قىزنىڭ بارلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى. ھەممىسىنىڭ كىيىنىشى ئوخشاش. رىزۋانگۈل پەقەت ئېچىدىغان سۇنىلا ئۆزىنىڭ كۆتۈرۈۋېلىشىغا باشقىلارنى ئاران ئۇناتتى. ئۈچ ئەر رىزۋانگۈلنى يالغۇز قىز بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى بىرىنچى قېتىملىق سەپىرى بولغانلىقى ئۈچۈن ئاسرىدى.

مەسئۇد سەپنىڭ ئالدىدا، ئۈچ ئەزاسى كەينىدە خۇددى تاغقا چىقىش تەنھەرىكەتچىلىرىدەك سالماق قەدەم بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە. ئۇلار بىرەر سائەتتەك ماڭغاندىن كېيىن بىر دوقمۇشتىن ئايلاندى. تۇرالغۇدىكى ئاقىرىپ كۆرۈنىدىغان چېدىرلار كۆزدىن غايىب بولدى. مەسئۇد ئەمدى ئۇلارنى يۇقىرىغا ئۆرلەيدىغان، ئىزناسى ئارانلا كۆرۈنىدىغان ئاياغ يولغا باشلىدى.

يول بارغانسېرى تىكلىشىپ كېتىۋاتاتتى. ھەربىر قەدەم ئۈچۈن ئەمدى خېلى كۈچەشكە توغرا كېلىۋاتاتتى، بولۇپمۇ رىزۋانگۈلنىڭ پۇتلىرى باشقىچىلا ئېغىرلىشىپ كەتتى. دەسلەپ ئۇنىڭ بۇرنىنىڭ ئۈچىدىن تەر چىقتى، بارا - بارا پېشانىسىدە ئۈنچىلەر پەيدا بولدى، ھازىر بولسا ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى تەرگە چۆمۈلۈپ كەتتى، نەپەس ئېلىشلىرى تېزلەشتى، بۇرنىدىن كىرىۋاتقان ھاۋا يېتىشمەي قالدى. ئۇ ئاغزىنى ئېچىۋالدى. خېلى بۇرۇنلا چاپىنىنىڭ تۈگمىلىرىنى ئېچىۋەتكەنىدى، ئەمدى بولسا،

كوپتىسىنىڭ يۇقىرىقى تۈگمىسىنى ئېچىۋەتتى. سالقىن شامال تەرلەپ كەتكەن كۆكسىگە بىردىنلا تەسىر قىلدى. رىزۋانگۈل تىل بىلەن ئۇقتۇرۇپ بولغۇسىز راھەتلەندى. بىر پەس نەپەس ئېلىشىمۇ راۋانلىشىپ، پۇتلىرى يېنىكلىشىپ قالغاندەك بولدى. بىراق بۇ ھال ئۇزاققا بارمىدى. پۇتلىرىنى يۆتكەش تېخىمۇ قىيىنلاشتى. ئوغۇللار بىلەن ئۇنىڭ ئارىلىقى بارغانسېرى ئۇزارغىلى تۇردى. قىز پۈتۈن كۈچىنى يىغىپ يۇقىرى ئۆرلەشكە تىرىشاتتى. مەسئۇد ھەممىسىنىڭ ئالدىدا، پۇتىنى يۆتكەشلىرى يېنىك، ئۇ بىر خىلدا چىقىپ كېتىۋاتىدۇ. ئۇ كەينىگە قارىمىغان بىلەن رىزۋانگۈل ئۈچۈن يېنىك چۈشمەيۋاتقانلىقىنى تولۇق بىلىپ كېتىۋاتىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئۆزىمۇ تۇنجى سەپەردە ئاز قىينالمىغان. بۇ قىز بالا ئۈچۈن يېنىك بولاتتىمۇ؟ مەسئۇد توختاپ كەينىگە قارىدى. رىزۋانگۈلنىڭ يۇقىرىغا ئۆرلەش قىياپىتىدىن ئۆز پەرىزىنىڭ توغرىلىقىنى بىلدى. ئۇ ئەتراپقا قاراپ تۆت ئادەم ئولتۇرغۇدەك بىر تەكشى يەرنى تاللىدى ـ دە، شۇ يەرگە بېرىپ ئولتۇردى.

رىزۋانگۈل ئۈچ يىگىتنىڭ يېنىغا يېتىپ كەلگەندە، يىگىتلەرنىڭ تەرلىرى قۇرۇپ بولغانىدى، قىزنىڭ بولسا، يۈزلىرىدىن تەر قۇيۇلۇپ تۇراتتى.

— مەيەرگە رىزۋانگۈل، — دېدى مەسئۇد ئۆزىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى ئولتۇرۇشقا ھازىرلاپ قويغان يەرنى كۆرسىتىپ. رىزۋانگۈل كۆرسىتىلگەن يەرگە بېرىپ ئولتۇردى. لۆڭگىنى چىقىرىپ يۈزلىرىنى، بويۇنلىرىدىكى تەرلىرىنى ئېرتتى. ئۇنىڭ كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان كۆكسىمۇ ھۆل ئىدى. ئۇ يەرنى ئېرتقۇسى بولسىمۇ قولىنى ئېلىپ بېرىشقا جۈرئەت قىلالمىدى.

— قانات بولسا ئۇچۇپلا چىقسا نېمىدېگەن ياخشى، — دېدى ئېلى رىزۋانگۈلنىڭ قىزىرىپ كەتكەن يۈزىگە قاراپ. قىز ھىجىيىپلا قويدى، ئوچۇقى ئۇنىڭ گەپ قىلغۇدەكمۇ مادارى يوق ئىدى.

— پەن - تېخنىكىمىز يۇقىرى بولسا، مۇنچىلىك قىيىنىلىپ يۈرمەيتتۇق. خۇدايىم بەرگەن ئىككى پۇتقا تايىنىشتىن قۇتۇلالمىساق، ئىپتىدائىي ئۇسۇل، — دېدى بىر ئاز جىمىلىقتىن كېيىن مەسئۇد ئۇنىڭغا قاراپ.

— رىزۋانگۇل، ئازراق قايناق سۇ ئىچىۋېلىڭ، — دېدى بىر ئاز جىمىلىقتىن كېيىن مەسئۇد.

— نېمە دەيسىز ئەمدى، ئىسسىپ ئۆلەي دەۋاتىمەن، قايناق سۇ ئىچسەم نېمە بولۇپ كېتەرمەن.

— قورسىقىڭىز پار قازىنىغا ئايلىنىدۇ، ئاغزىڭىز پار تۇرۇبىسى بولىدۇ، — دېدى ئېلى قىزىقچىلىق قىلىپ. ئولتۇرغانلار بىر قېتىم كۈلۈشتى.

— رىزۋانگۇلنى تولا قورقۇتما ئېلى، — مەسئۇد قىزغا قاراپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ئىسسىق قايناق سۇدىن يېرىم كۇرۇشكا ئىچسىڭىز، ئاز ۋاقىتتىن كېيىن پۈتۈن تېنىڭىز سالقىنلىشىپ قالىدۇ، — مەسئۇد سۆزلەۋاتقاندا رىزۋانگۇل تەمتىرىگەن هالدا كوپتىسىنىڭ يۇقىرىقى تۇگمىسىنى ئېتىش بىلەن ئاۋارە ئىدى. يىگىت تېرموستىن يېرىم ئىستاكان قايناق سۇ قۇيۇپ قىزغا ئۇزاتتى. قىز تۇگمىلەش بىلەن هەپىلىشىۋاتقان قولىنى كۇرۇشكىغا ئۇزاتتى. ئۇنىڭ ئاپپاق بويۇنلىرى، كۆكرىكىنىڭ ئۈستۈنكى قىسمى يەنە ئېچىلىپ قالدى. كۇرۇشكىدىن سۈس هور كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى. رىزۋانگۇل بىر قولىغا، بىر ئولتۇرغانلارغا قاراپ قويياتتى. بۇلار ماڭا چاقچاق قىلىۋاتمايدىغاندۇ، دەپ كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى. لېكىن قايناق سۇنى مەسئۇدنىڭ قۇيۇپ بەرگىنىنى يادىغا ئېلىپ كۆڭلى تىندى.

ئۇلار مەسئۇدنىڭ باشلىشى بىلەن يەنە يۇقىرىغا ئۆرلەشنى داۋاملاشتۇردى. دېگەندەك، رىزۋانگۇلنىڭ بەدىنى سالقىنلاپ قالدى. راهەتلەندى، بىراق، هەر قېتىم پۇتىنى يۆتكىگەندە تىزلىرى ئازراق ئاغرىيتتى. لېكىننىڭ ئىچى بىر يېرى تۇرۇپ -

تۇرۇپ يىگىنە سانجىغانىدەك بىئارام بولاتتى.

شۇنداقتىمۇ رىزۋانگۇل خۇشال، ئۇ ئۆزىنى قاناتلىنىپ قالغاندەك يېنىك ھېس قىلىدۇ، كۆزلىرى بۇرۇنقىدىن روشەنلىشىپ قالغاندەك كۆز ئالدى كېڭەيگەن، كۆلىسە بىر خىل ئىپتىخار تۇيغۇسى ئۇنى بەزلەيدۇ. ئەتراپتىكى گىياھسىز تاغ، تىك چوققا، قىزغۇچ توپا، كۆكۈچ تاشلار ئۇنىڭغا يېقىملىق تۇيۇلىدۇ. تۆت ئادەمنىڭ ئاياغ سادالىرىدىن باشقا تاۋۇش يوق جىمجىتلىق ئۇنىڭغا ئۇنسىز ناخشا ئېيتىپ بېرىۋاتقاندەك كۆڭۈللۈك. ئەھمىيەتلىك ئىش رىزۋانگۇلدە غۇرۇر، جاسارەت ئويغىتىدۇ. ھارغىنلىق، ئاغرىش ئىچىدىن بىر خىل شېرىنلىك پۈتۈن ۋۇجۇدىغا تاراپ تۇرغاندەك راھەتلىنىدۇ.

گۇرۇپپا يېرىم سائەت ماڭغاندىن كېيىن تاغ ئۈستىدىكى بىر پارچە تۈزلەڭلىككە چىقتى. ئۇلات ئىككىنچى قېتىم دەم ئالدى. بۇ تۈزلەڭلىكنىڭ غەربىي، شىمالىي ۋە شەرقىي تەرەپلىرىدە ئۈچ چوققا بىر ـ بىرى بىلەن بەسلەشكەندەك قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. يىراقتىن قارىسىڭىز خۇددى ئۇستا ئارخىتېكتور كۆڭۈل قويۇپ ئىشلىگەن نەقىشلەر بىلەن بېزىلىپ تۇرغاندەك كۆرۈنىدۇ. بۇ تەبىئەتنىڭ ھېكمىتى، ئۇنىڭ سېھىرلىك قوللىرىنىڭ كارامىتى، تەبىئىي گۈزەللىكنىڭ نامايەندىسى.

ئۇلار ھاردۇق ئېلىپ ئولتۇرغاندا مەسئۇد چۈشەندۈردى:

ئۈچ — بىزنىڭ ۋەزىپىمىز مانا مۇشۇ قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان ئەزىمەتنىڭ پۈتۈن ئەزالىرىنى تەكشۈرۈش. بۇلارنىڭ ئۆزۈن ئەسىرلەردىن بېرى ئىنسانلار ئۈچۈن ئۆز باغرىدا ساقلاۋاتقان سوۋغىلىرىنى ئېنىقلاپ چىقىش، ھۆزۈرىغا كەلگەنلىكىمىزنى ئۇلارغا بىلدۈرۈپ قويۇش، — دېدى كۆلۈمسىرەپ تۇرۇپ.

— پاھ، قاراڭلار بۇلارنىڭ بىزدىن ئۈركۈپمۇ قويماي مەغرۇر تۇرۇشىنى، — دېدى ئېلى قىزىقچىلىق قىلىپ، — رىزۋانگۇل سىزگىلا قاراپ تىكىلىپلا قالدىمۇ نېمە؟ — دەپ قوشۇپ قويدى سۆزىنىڭ ئاخىرىغا.

— ھەممىمىزگە ئوخشاشلا قاراۋاتىدىغۇ، مەنمۇ ھازىر مۇشۇ

تۇرقۇم بىلەن سىزلەرگە ئوخشاشلا تۇرسام.
— ياق، تەبىئەت دېگەن ئادەمدىن سەزگۈر، سىزنىڭ تۇرقىڭىزدىنلا بىزدىن باشقا جىنىستا ئىكەنلىكىڭىزنى بىلىدۇ.
— ھەقىقەتەن ھەيران قېلىنىۋاتقىنى راست. بۇ بىر مۆجىزە، رىزۋانگۈل، بۇ تاغلار ئاپىرىدە بولۇپ، بۇ چوققىلار ئۆسۈپ مۇشۇنچىلىك بولغۇچە، بۇ يەرگە قىز زاتىنىڭ ئايىغى تەگكىنى تۇنجى قېتىمدۇ؟ سىزنىڭ كۆزىڭىزدىن چىقىۋاتقان باشقىچە نۇرلاردىن ھەيران قېلىنىۋاتىدىغاندۇ!
— ئۇ ئېسىل بىر قىزنىڭ تۇنجى چۈشكەن ئىزلىرىدىن پەخىرلىنىۋاتىدىغاندۇ! — دېدى مەسئۇد ئېلىنىڭ چاقچاقلىرىغا پەلسەپىۋى مەنە بېرىپ.
رىزۋانگۈل ئۆزىگە ئېيتىلىۋاتقان بۇ چىرايلىق مەدھىيەلەردىن ھاياجانلاندى، خۇشال كۆڭلى تېخىمۇ شادلاندى. بىر ئاز خىجىل بولۇپمۇ قالدى. ئۇ كۆزلىرىنى يىراقلارغا تىكىپ غايىۋى كەيپىياتتا راھەتلەندى. ئادەم دېگەن كۆڭلى خالىغان ئىشتىن جەبىر چەكسىمۇ، ئۇنىڭدىن ئازاب ئەمەس، راھەت ھېس قىلىدۇ، مەنىۋى ھۇزۇر ئۇنىڭ قەلبىنى قانائەتلەندۈرىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئۆزى ئۆلگۈدەك ياخشى كۆرۈپ قېلىپ تەگكەن ئېرىنىڭ تاياق - دۇمبالىرىدىن ئازاب ھېس قىلمايدىغان ئاياللارغا ئاپىرىن ئوقۇش كېرەك.
ئۇلار شەرق تەرەپتىكى نىسبەتەن پاكارراق چوققىدا ئىش باشلىدى. ئۇلار ھەربىر ئالاھىدە كۆرۈنۈشتىكى تاشلارنى قولغا ئېلىپ سىنچىلاپ كۆرىدۇ، چوڭايتىپ كۆرسىتىدىغان لوپا ئەينەك بىلەن قارايدۇ، ئەسۋابلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ ئوخشاش بولمىغان رەڭلىرىنى ئىنچىكە كۆزىتىدۇ، ئوخشاش بولمىغان سىزىقچىلارغا دىققەت قىلىدۇ، قوللىرىدىكى كىچىك پولات بولقىلار بىلەن ئۇرۇپ، تاشتىن چىققان سادالارغا قۇلاق سالىدۇ.
رىزۋانگۈل مەسئۇدنىڭ ئىش قائىدىلىرىگە قايىل بولدى. مەسئۇد قولىغا ئالغان ھەربىر تاشنى ئىنچىكىلىك بىلەن تەپسىلىي كۆزىتەتتى، ئۇنىڭ قاراشلىرى دائىم سوئال مەنىسىنى

ئىپادە قىلاتتى، ھەتتا ئۇ تاشلارنى تىلى بىلەن تېتىپ كۆرەتتى. پولات بولقا تاشقا ئۇرۇلغاندا چىققان سادانى سېھىرلىك مۇزىكىنى تىڭشىغاندەك بېرىلىپ ئاڭلايتتى، تۇرۇپ - تۇرۇپ رىزۋانگۈل ئېسىگە كېلىپ، ئۇنى يېنىغا چاقىراتتى.

— قاراڭ، رىزۋانگۈل، ماۋۇ تاشنىڭ رەڭگىگە، — دەپ قولىدىكى تاشنى كۆرسىتەتتى يېنىغا كەلگەن رىزۋانگۈلگە، — بىر پۈتۈن تاش، رەڭگى بىر - بىرىدىن پەرقلىق تۆت خىل. ماۋۇ ئىنچىكە سىزىقچىلارغا قاراڭ، بۇلارنى بىرسى مەقسەتلىك ياسىغاندەك، — دەيتتى زوق بىلەن.

ئېلى بىلەن ئۇنىڭ ھەمراھى ئاللىقاچان بۇ چوققىنىڭ ئۈستىگە چىقىۋېلىپ ئىش باشلاپ كەتكەنىدى. ئۇلار مۇۋاپىق جاي تېپىپ، كىچىك لوم تۆمۈر بىلەن بەلگە بېكىتىدىغان ئورەكنى كولاشقا كىرىشتى. ئۇلارنىڭ مەخسۇس كەسپى شۇ بولغانلىقى ئۈچۈن ھەممىنى تەلەپكە لايىق قىلىشىدا شەك يوق. كولىغان يېرىمۇ تۇتاش سوزۇلۇپ ياتقان بىر پارچە تاشنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بوشراق ئورۇن. بۇنداق يەرگە تىكىلگەن بەلگە بوران، قار - يامغۇرغا بەرداشلىق بېرەلەيتتى.

چوققا تۆپىسىگە يېقىنلاشقانسېرى تىكلەشتى. ھەربىر قەدەمنى يۆتكەش قىيىنلاشتى. بولۇپمۇ، رىزۋانگۈلنىڭ چىقىشى تېخىمۇ قىيىنلاشتى. ئەمدى ھەر قەدەمدە دېگۈدەك مەسئۇد ئۇنىڭ قولىدىن تارتىشقا توغرا كەلدى. ئادەمنىڭ كۆڭلى دېگەن غەلىتە نەرسە، ئايال جىنسىتىكىلەرنىڭ تېخىمۇ غەلىتە، بۇنىڭغا سىرلىق دېگەننى قوشۇپ قويسا بەكمۇ مۇۋاپىق بولىدۇ. مەسئۇد رىزۋانگۈلگە بىرىنچى قېتىم قولىنى ئۇزاتقاندا، ئۇ ئىككىلىنىپ قالدى، نېمە ئۈچۈنلىكىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى، لېكىن سۇنۇلۇپ تۇرغان قولغا قولىنى بەرمەسلىك مۇمكىن ئەمەس - تە. يىگىت قىزنىڭ قولىنى تۇتتى. شۇ ئان رىزۋانگۈلنىڭ تېنى توك تېگىپ ئۆتكەندەك يېنىك سىلكىندى، ئارقىدىنلا ۋۇجۇدىغا ئىسسىق ئېقىم شۇر قىلىپ ئۆتتى. يۈرەك سېلىشى تېزلىشىپ، باشقىچىلا

بىر خىل كەيپىيات ئۇنى ئەسىر قىلدى. رىزۋانگۇل يىگىتنىڭ يېنىغا چىقىپ ئۆرە بولغاندا پۈتۈن تېنى يېنىك تىترىدى. ئۇ سېكۇنت ئارىلىقىدا ئۆزىگە يېقىن تۇرغان مەسئۇدنىڭ كۆزلىرىگە قاراپ باقتى، بۇنى يىگىت سەزمىدى. ئۇ تېخىچىلا قىزنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرغان بولسىمۇ، يىراق ھاۋا بوشلۇقىغا تىكىلگەنىدى. رىزۋانگۇل قولىنى تارتىۋېلىشنى ئويلىمىدى. شۇ تەرىقىدە يەنە بىر دەم تۇرۇشنى خالىغاندەك قىلدى. لېكىن، مەسئۇد ئاستا قولىنى بوشاتتى. بۇ ھەرىكەتلەر شۇنچىلىك قىسقا ۋاقىت ئىچىدە بولۇپ ئۆتكەن بولسىمۇ، قىزغا ناھايىتى مەنىلىك تۇيۇلدى.

بۇ كىچىك گۇرۇپپا ئۆزلىرى تەكشۈرۈپ كۆرۈشكە تېگىشلىك دەپ ھېسابلىغان تاش ۋە توپىلاردىن، قىسمەن ياۋا ئوتلاردىن ئەۋرىشكىلەرنى يىغىپ، نومۇر قويۇلغان كىچىك خالتىلارغا سالدى. بەلگە تاختىلىرىنى مەزمۇت قىلىپ ئورناتتى. ئۇلار كۈز قۇياشى غەرب تەرەپتىكى چوققىنىڭ كەينىگە بېشىنى تىققاندا تۇرالغۇغا قايتتى.

# تۆتىنچى باب

## 1

كامىلىنىڭ باشقا كىچىك گۇرۇپپىلىرىمۇ چۈشتە قايتمىغانىدى، كەچ كىرگەندە ئۇلار كېلىشىۋالغاندەكلا يېرىم سائەت ئىچىدە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ تۇرالغۇدا جەم بولۇشتى. تەييارلاپ قويغان ئىلمان سۇ بىلەن يۈز ـ كۆزلىرىنى يۇيۇشۇپ، چاچلىرىنى تاراشتى. ئىش كىيىملىرىنىڭ ئورنىغا ئادەتتىكى كىيىملىرىنى ئالماشتۇردى.

ئاشخانا تەرەپتىن مەززىلىك سەينىڭ پۇرىقى كېلىپ تۇراتتى. ئەتىگەندىن بېرى قاتتىق ـ قۇرۇق، تاتلىق ـ تۇرۇملەر بىلەن قورساقلىرىنى گوللىشىپ كەلگەن يىگىتلەرنىڭ نەپسى تاقىلداپ كېتىشكەنىدى. رىزۋانگۇل ئاللىقاچان رامىلە بىلەن گۈلئايشەمنىڭ يېنىغا — ئاشخانىغا كىرىپ كەتكەنىدى.

— تاماق تەييار بولدى! — دەپ ۋارقىرىدى ئاشخانا ئىشىكىدە پەيدا بولغان رىزۋانگۈل.

ئاغزىلىرىنى تەمشىپ، پاكار ئۈستەلنىڭ ئەتراپىدا ئولتۇرغان يىگىتلەرنىڭ ئالدىغا رىزۋانگۈل تەخسىلەرگە ئېلىنغان، ئوخشىغان لەڭمەننى بىر باشتىن قويغىلى تۇردى. گۈلئايشەم ئىسسىتىلغان لەڭمەننى تەخسىگە سېلىپ بەرسە، رامىلە ئۈستىگە سەي سېلىپ رىزۋانگۈلگە بېرەتتى. ئاخىر ئىككى قىزمۇ ئۆز تەخسىلىرىنى ئېلىشىپ، ئۈستەلنىڭ بوش يېرىدىن ئورۇن ئېلىشتى. ئالدىغا پەشتاما تاقىۋالغان گۈلئايشەم قازانغا يېقىن قويۇلغان ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، پەشتاما بىلەن

پېشانىسىدىكى تەرلىرىنى ئېرتتى. چايناش، سۈمۈرۈشتىن باشقا ھېچقانداق ئاۋازلار يوق، ھەممەيلەن ئىشتىھا بىلەن تاماق يېمەكتە.

— ھە، سىڭلىم گۈلئايشەم، ئۆزىڭىزمۇ تاماق يېگەچ ئولتۇرۇڭ، — دېدى جۈملىقنى بۇزۇپ كامىل.

— ئاش كەلسە ئىمان قېچىپتۇ دېگەن شۇ - دە، — دېدى ئېلى بېشىنى كۆتۈرۈپ، — قوتانغا كىرگەن بۆرىنىڭ قويچى بىلەن كارى يوق دېگەندەك ئىش بولدى.

— ياقەي، — دېدى گۈلئايشەم كۈلۈپ تۇرۇپ، — بۇ قائىدە، قازاننىڭ ئىگىسىنىڭ نۆۋىتى ھەممىدىن كېيىن.

— گۈلئايشەم، بۇ ئۆي ئەمەس، بالىلىرىم تويغاندىن كېيىن ئاشقىنىنى يەيمەن دەيدىغان، سىزمۇ يېگەچ ئولتۇرۇڭ، — دېدى مەخمۇت كۆيۈنگەندەك.

— ئاغىنىلەر، — دېدى ئېلى كۈلكىسىنى يوشۇرۇپ، — مەخمۇت بالىسىغا قىسىنىۋاتىدۇ، تېخى ئۇنىڭ ئاپىسىنى قوشۇپ بىر تەخسە ئوشۇق بېرەيلى، ئاپتاپقا يېيىپ قويۇپ، قۇرۇغاندىن كېيىن خالتىسىغا سېلىۋالسۇن، — ھەممىسى پاراققىدە كۈلۈشتى. رىزۋانگۈل ئاغزىدىكى تاماقنى پۈركۈۋەتكىلى تاس قالدى. گۈلئايشەمۇ تېلىقىپ - تېلىقىپ كۈلدى. مەخمۇت بوش كەلمىدى. كۈلكە بېسىققاندىن كېيىن ئۇ:

— ئالدى بىلەن ماۋۇ خالتىنى توشتۇرايلى، دەسمايە شۇنىڭغا يېتەمدۇ، يوق! ئېلى ئاغزىڭ سېخىي بولغان بىلەن قولۇڭ ئۇنچىلىك ئەمەس، — دېدى تەگكۈزۈپ. بۇ گەپ ئېلىدىن بۇرۇن گۈلئايشەمگە تەگدى.

— سىزنىڭ قورسىقىڭىز تاغار ئەمەستۇ؟ يە ئاتىنىڭ، يە كالىنىڭ قورسىقى ئەمەستۇ - ھە؟ ئۇن دېگەننى خالتا - خالتا تىكلەپ قويسا، تۈگىدا ماي، نەچچە كورىدا قورىغان گۆش تۇرسا، سەيىنى يېگىدىن - يېگى يەتكۈزۈپ بەرسە ئادەمنىڭكىلا قورسىقى بولسا، مانا مەن تويدۇرىمەن. مەخمۇت ئاكا، غەم قىلماي،

تارتىنماي يەڭ، مانا مەن بار، — دېدى ئۇ ئالقىنىنى چىرايلىق كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان كۆكسىگە تەگكۈزۈپ. رامىلە بىلەن رىزۋانگۇل چاقماقتەك سۆزلىگەن چوكاننىڭ دۈگلەك، قاپقارا كۆزلىرىگە مەمنۇنلۇق بىلەن تىكىلىپ قويدى. ئېلى بولسا، ئېشى ئاز قالغان تەخسىنى كۆتۈرۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. گۇلئايشەمگە يېقىنلاشقاچ:

— يارايسىز گۇلئايشەم، يارايسىز، چاقماقتەك تىلىڭىزغا، ئاپىرىن، يېنىمدا ناۋات بولغان بولسا، ئاغزىڭىزغا بىرنى ئەمەس، ئىككى نوكچا سېلىپ قويسام مۇرادىم ھاسىل بولاتتى. ئاغىنىلەر، ماڭمۇ شېرىك چىقتى. گۇلئايشەم مۇشۇنىڭ قېپىنى بىر تولدۇرىڭە، ئۆزىمۇ ئۆمرىدە تويۇپ ئۆتكەن نەرسە ئەمەس بۇ، — دېدى ئېلى قىزىپ.

تاماق ۋاقتىمۇ ھەر خىل چاقچاق، شاڭخۇلار بىلەن بەكمۇ كۆڭۈللۈك ئۆتتى. بۇ سەپنىڭ يېڭى ئەزالىرى رامىلە بىلەن رىزۋانگۇل بۇ كوللېكتىپنى تېخىمۇ كۆڭۈللۈك ھېس قىلدى. گۇلئايشەممۇ بۇنىڭ سىرتىدا قالمىدى. بۇ خىل تۇرمۇشنىڭ ھەقىقەتەنمۇ كۆڭۈللۈك بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ياتسىراش تۇيغۇلىرىنى ئۇنتۇدى. ئەرلەر بولسا، ھارغاندەك ئەمەس، ئەپتىدىن خۇشلۇق، جۇشقۇنلۇق ئۇرغۇپ تۇرىدۇ.

تاماق يېيىلىپ بولدى. ئۈستەلگە قويۇلغان سەيدىن بىر قانچە تەخسىسى تېخى تۈگىمىدى. بەزىلەر نېمىنىدۇر كۈتكەندەك ئولتۇردى. مەسئۇد ۋە يەنە ئىككىيلەن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. كامىل كۈلكىسىنى يوشۇرۇپ، ئولتۇرغانلارغا قاراپ قويدى.

— ئەركىن، بىر بوتۇلكا ئەكىرگىن، بىرەر رومكىدىن ئىچىشەيلى، — دېدى كامىل. ئولتۇرغانلارنىڭ ئاغزى ئېچىلدى.

— چېچەن باشلىق جۇمۇ، كۆڭۈلنىڭ تۈرىدىكىنىمۇ بىلىدۇ.

— ياخشى تەرىپلىيەلمىدىڭ، بىزنىڭ باشلىق يىلاننىڭ كۆشىگىنىنى بىلىدۇ.

— قولى ئۇچۇق، سېخىي دەڭلار.

— ئادەمنىڭ قەدرىنى بىلمىدۇ.

— ئاغزىڭلارغا هاراق تەگمەي تۇرۇپ ئالجىغىلى تۇردۇڭلار، جىق ئەمەس بىرلا بوتۇلكىنى تەڭ تالىشىپ ئىچىمىز، — دېدى كامىل.

— مەسئۇد، — دېدى مەخمۇت ئۆرە تۇرغان مەسئۇدقا قاراپ، — سەن ئىچمىگەندىكىن ساڭا تېگىشلىكىنى ماڭا ئۆتۈنۈپ بەر - هە؟!

— هالىڭغا بېقىپ هاراق سورا مەخمۇت، ئاغزىڭغا هاراق تېگىشى بىلەن پۇتلىرىڭ بوشىشىدۇ، قوللىرىڭ ئۇششۇك تەگكەن پىلەكتەك سالپىيىدۇ، — دېدى ئېلى.

ئېلى بىلەن مەخمۇتنىڭ كۆڭلى بەكمۇ يېقىن، ئۇلارنىڭ بۇنداق قاتتىق چېقىشىشلىرى بەزىدە قىزىرىشىپ قېلىش دەرىجىسىگە يەتسىمۇ، بىردەمدىن كېيىن ئۇلار هېچنېمە بولمىغاندەك مۇڭدىشىپ كېتىدۇ. شۇڭا، باشقىلار ئۇلارنىڭ چېقىشىشلىرىغا دوست تارتىشىپ قىزىتىپ بېرىدۇ. پەقەت رىزۋانگۈل بىلەن رامىلەلا باشقىچە هېسسىياتتا بولۇپ ئەجەبلىنەتتى، ئازراق ئەنسىرەيتتى، شۇ تاپتىمۇ ئۆرە تۇرغان رىزۋانگۈل ئېلىغا نارازى بولۇپ قاراپ قويدى. بۇنىڭدا «چاقچاق چېكىدىن ئېشىپ كەتتىغۇ ... رەنجىشىپ قالماڭلار ...» دېگەن مەنە بار ئىدى. لېكىن، ئېلى ئۇنى سەزمىدى. قولىدىكى رومكىغا سۈپسۈزۈك هاراقنى بېلىق كۆزى قۇيۇپ كامىلغا سۇندى. كامىل رومكىنى ئوڭ قولىغا ئالدى. رىزۋانگۈلنىڭ كۆزى ئىختىيارسىز رومكىغا چۈشتى. باشلىقنىڭ قولى بىلىنەر - بىلىنمەس تىترەۋاتاتتى. قىزنىڭ قۇلىقىغا بىرسى قارا دەپ شىۋىرلىغاندەك ئۇنىڭ كۆزلىرى ئىختىيارسىز كامىلنىڭ چىرايىغا يۆتكەلدى. ئۇ هەيران قالدى. كامىلنىڭ چىرايىنى بىر قەۋەت مۇڭ ۋە هەسرەت پەردىسى قاپلىغاندەك كۆرۈندى. ئۇنىڭ بۇرۇنقى سۈرى يوقالغان، چىرايىنى مەيۈسلۈك، مىسكىنلىك ئىگىلىگەن، بولۇپمۇ ئۇنىڭ كۆرۈنۈشىدىكى تەمكىنلىك مىسكىنلىك بىلەن ئالماشقانىدى. ئۇنىڭ نۇرلۇق كۆزلىرىدە ئازاب، ئىنتىلىش، سېغىنىش،

غەزەپكە ئوخشاش ئىپادىلەر دەممۇدەم ئالمىشىپ تۇراتتى. بىردىنلا رىزۋانگۈلنىڭ كۆڭلىدە ئىچ ئاغرىتىش، مەيۈسلۈك سېزىمى پەيدا بولدى. خۇددى ئۆزىنىڭ يېقىن ئادىمى، جان دوستى بىر خىل روھىي ئازاب ئىچىدە قىلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ تۇرسىمۇ، ياردەم قىلالمىغان ئادەمدەك ئاچچىق، ئامالسىزلىق ھېسسىياتى ئۇنى ساراسىمىگە سالدى. ئۇ ئورنىدا قېقىپ قويغاندەك تۇراتتى. يېنىغا كەلگەن گۈلئايشەمگىمۇ قارىمىدى. ئەرلەر بىر رومكىدىن ئىچىشىپ، ئىككىنچى رومكىنى يەنە كامىل باشلىدى. بۇ چاغدىمۇ رىزۋانگۈل هاراق ئىچىۋاتقان كامىلنىڭ چىرايىنى كۆزەتتى. رىزۋانگۈل ھەممىنى ئۇنتۇغان ھالدا، ئۆزى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈۋاتقان نەرسىنى تاقەتسىزلىك بىلەن ئىزدىگەن كىشىدەك، ئۇ بىر جۈپ كۆزگە تىكىلدى، قىز تىكىلگەن بىر جۈپ كۆز رومكىدا يېنىك تەۋرىنىپ تۇرغان سۈپسۈزۈك هاراقتا مەيۈسلۈك بىلەن تىكىلگەندى. بۇ ھال شۇنچە قىسقا ۋاقىت ئىچىدە بولۇپ ئۆتكەن بولسىمۇ، رىزۋانگۈلگە ناھايىتى سىرلىق ۋە ناھايىتىمۇ ئىنچىكە مەنىلەرنى يوشۇرۇپ تۇرغاندەك بىلىندى. ئېھتىمال بۇ رىزۋانگۈلگىلا شۇنداق تۇيۇلۇۋاتقان خىيالدىن ئىبارەت بولۇپ، باشقىلار ئۈچۈن ئادەتتىكىدەك، پەقەت ئادەتتىكىدەكلا بىر ئىشتۇ.

ئىككى بوتۇلكا هاراق تۈگىدى. باشقىلارنىڭ يەنە ئىچكۈسى بارمىكىن، ئۇلار ئورنىدىن تۇرمىدى. لېكىن، كامىل ئېغىر بىر يۆكنى كۆتۈرگەندەك زورۇقۇپ ئورنىدىن تۇردى ۋە ھېچكىمگە قارىماستىن بىر ـ بىر دەسسەپ چىقىپ كەتتى.

ھېچنېمىنى ئويلاپ قويماي ئورنىدا تۇرۇپلا قالغان رىزۋانگۈل بىر پەستىن كېيىن ئۇيقۇدىن ئويغانغاندەك بولدى ـ دە، كامىلنىڭ بۇ يەردىن چىقىپ كەتكىنىنى ئەسكە ئالدى. غەلىتە ئىش، بىردىنلا ئۇنىڭ سىرتقا چىققۇسى، كامىلنىڭ نەدىلىكىنى بىلگۈسى، ھەتتا ئۇنىڭ چىرايىدىكى ھېلىقى ئىپادىنىڭ بار ـ يوقلۇقىنى بىلگۈسى كەلدى. ئۇ مۇھىم بىر ئىشى چىقىپ

قالغاندەك ئالدىراش سىرتقا چىقتى. ئەتراپقا قارىدى، لېكىن ھېچكىمنى كۆرمىدى.

ئاشخانىدىن ھەممىسى كەينى - كەينىدىن چىقتى. راميلەمۇ چىقىپ ئەنسىزچىلىك ئىچىدە قاراپ تۇرغان رىزۋانگۈلنىڭ يېنىغا كەلدى.

## 2

ياتاققا كىرىپ، كارىۋاتقا چىقىپ، سوزۇلۇپ ياتقان رىزۋانگۈل ئۆزىنىڭ شۇ تاپتىكى كەيپىياتىغا ئۆزىمۇ ھەيران قالدى. «توۋا، مەن نېمە بولدۇم. ھېچنېمىنى بىلمەي تۇرۇپ، شۇنچىلىك ھېس - تۇيغۇغا كەلگىنىم نېمىسى ... توۋا ... ئادەمنىڭ روھى دېگەن مۇشۇنداق غەلىتە بولامدۇ؟» رىزۋانگۈل ئۆمرىدە مۇنداق كەيپىياتقا گىرىپتار بولغىنىنى بىلمەيدۇ. ئېنىقكى، ئۆزىدىكى بۇ ئەھۋاللارنىڭ نېمىلىكىنى ھەم بىلەلمىدى. پەقەت قانداقتۇر بىر ئىچكى دەۋەتنىڭ ئۇنى مۇنداق غەلىتە كەيپىياتقا سۆرەپ كىرىپ كېتىۋاتقىنىنى غۇۋا ھېس قىلدى، خالاس.

— رىزۋانگۈل ھاردىڭىزمۇ؟ چىققان يېرىڭىز ئېگىزمىكەن؟ — دەپ سورىدى راميلە. ئۇمۇ كارىۋىتىدا يانپاشلاپ ياتقانىدى.

— ھارماي، ئۇنىڭ نېمىسىنى دەيسىز، لېكىن بەك كۆڭۈللۈك، بۇ قاقاس تاغ بولغىنى بىلەن بەكمۇ گۈزەل جايلىرى بار ئىكەن.

— دەل - دەرەخ، ئوت - چۆپلىرى بار يەرلەرمۇ بارمىكەن.

— قاراڭە راميلە، ئىككىمىز ئوخشاش ئويلاپتىمىز. گۈزەل مەنزىرىلىك يەر دېسە شارقىراپ ئېقىپ تۇرىدىغان ئويناق سۇلىرى بار، ئاسمانغا بوي تارتقان قارىغايلىرى تۇتىشىپ كەتكەن، كۆز يەتكۈسىز سوزۇلۇپ ياتقان ئوتلاق، ئېچىلىپ كەتكەن رەڭمۇرەڭ گۈللەر بار، بۇلبۇللار سايرىشىپ تۇرغان يەر دەپ پەرەز قىلاتتىم. مەن بىرىنچى قېتىم ئۆزۈمنىڭ تەبىئەت گۈزەللىكى ھەققىدىكى چۈشەنچەمنىڭ تارلىقىنى سەزدىم.

— شائىردەكلا ئىلهامىڭىز تۇتۇپتىغۇ، گىياھسىز، سۇسىز تاغنىڭ نېمە گۈزەللىكى بولسۇن؟ — دېدى راملە رىزۋانگۇلنىڭ سۆزىگە ھەيران قالغانلىقىنى يوشۇرماي.

— ئۆز كۆزىڭىز بىلەن كۆرمىسىڭىز، سۆزلەپ چۈشەندۇرۇش تەس، بىر قىسىم چوقچىيىپ تۇرغان تاشلارنى ئادەمزات ئۇنداق كېلىشتۈرۈپ ياسىيالمايدۇ. يىراقتىن قارىسىڭىز ئۇچۇپ كېتىۋاتقان قاناتلىق ئاتقا ئوخشايدۇ، بەزىلىرى ئادەمگە، بەزىلىرى بۈركۈتكە، ئەيتاۋۇر ھەر بىرسى كىمدۇر بىرسى بىر نەرسىگە ئوخشىتىپ ياساپ قويغاندەك. تاشلارنىڭ تۈپتۈز يۈزىدىكى نەقىشلىرىچۇ تېخى، ھەرقانداق ماھىر كەشتىچىمۇ ئۇنداق بېزىيەلمەس.

— سىرلىق دۇنيانى كۆرگەندەك ئادەمنىڭ ئىچىنى قىزىقتۇرىۋەتتىڭىزغۇ!

— راست دەيمەن راملە، دالا تەكشۈرۈشكە چىقىپ بىر كۆرمىسىڭىز ھەقىقەتەن ئارماندا قالىسىز، — دېدى رىزۋانگۇل قىزغىنلىق بىلەن. راملەنىڭ كۆرۈپ باققۇسى كەلدى. ئۇ دالاغا بىر كۈنى چىقىشنى ۋەدە قىلدى.

رىزۋانگۇلنىڭ پاقالچاقلىرى ۋە يوغان يوتا مۇسكۇللىرى ئاغرىشقا باشلىدى. بۇنى بىلگەن راملە ئۇنى دوم ياتقۇزۇپ مۇسكۇللىرىنى ئۇۋۇلىدى. پاختا بىلەن تەكشى قىلىپ ئىسپىرت سۈركىدى. ئىككى قىز لامپىنى ئۆچۈرۈپ ئۇخلاشقا ياتتى. گۈلئايشەم ئەتىگەننىڭ تەييارلىقى بىلەن تېخى كىرمىدى. جىمجىتلىق رىزۋانگۇلنىڭ كۆز ئالدىغا كامىلنىڭ ھاراق ئىچكەن ۋاقىتتىكى قىياپىتىنى ئوچۇقلا كەلتۈردى. ئۇنىڭ خىياللىرى يەنە قاناتلاندى.

## 3

ھايات، تۇرمۇش ئۆزىنىڭ مۇرەككەپلىكى بىلەن ئىنسانلارنى قىزىقتۇرسا، ئادەملەر ئۆزلىرىنىڭ سىرلىقلىقى بىلەن ھاياتقا

چەكسىز مەنە بەخش قىلىدۇ. ئادەمنىڭ روھى دولقۇنلۇق، تىنىمسىز دەرياغا ئوخشايدۇ، ئۇنىڭ جىمجىت، دولقۇنسىز، ئۆركەشلىمەي ئاقىدىغان ۋاقىتلىرى بولغىنىغا ئوخشاش، قەھرى بىلەن ئۆركەشلەپ، قىينى تېشىپ تۇرغاندەك دولقۇنلىنىپ ئاقىدىغان ۋاقىتلىرىمۇ بولىدۇ. ئۇنىڭ سىرلىق شاۋقۇنى خۇشاللىق، كۈلكە، قايغۇ، شادلىق، مۇڭ، يىغا ... ھەممىسىنى پۈتۈن بىر كۈيگە ئايلاندۇرغاندەك كائىنات بوشلۇقىغا تارقىلىدۇ. ئادەمنىڭ روھىمۇ بەزىدە توساتتىن دولقۇنلىنىدۇ، ئۆركەشلەيدۇ، راھەت، ئازاب، ئۈمىد، ئۈمىدسىزلىك بەخش قىلىدۇ. ئۇمۇ ئۈنسىز كۈيگە ئايلىنىدۇ، ئۆزىمۇ چۈشەنمەيدۇ، سەۋەبىنىمۇ بىلمەيدۇ، تېگىگە يېتىشكە شۇنچە ھەرىكەت قىلىسىمۇ زادى باش - ئايىغىغا چىقالمايدۇ. بۇ چاغدا ئۇ ئۆزىنىڭ بۇرۇنقىغا ئوخشىمايدىغان يېڭىچە بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قالغانلىقىدىن ھەيران قالىدۇ. ئۆزىنى چۈشىنىشكە ئۇرۇنىدۇ، ۋەسۋەسىگە چۈشۈپ، كۆڭلىنى داۋالغۇتىۋاتقان كۈچنىڭ نېمىلىكىنى بىلىشكە كۈچەپ ئىنتىلىدۇ. ئۇنىڭ گەپلىرى ئازلايدۇ، جىمجىت خىيال سۈرۈشلىرى كۆپىيىدۇ، كۆزلىرى بىر نۇقتىغا تىكىلىپ، بىر نېمىنى ئىزدىگەندەك قىلىدۇ. چىرايى تۇرۇپلا سولغۇن كۆرۈنسە، تۇرۇپلا جۇشقۇن تۈسكە كىرىدۇ. بۇزۇلغان خاتىرجەملىكى سۆزىدە، ھەرىكەتلىرىدە ئۆزىنى كۆرسىتىدۇ.

كامىلنىڭ ھاراق ئىچكەن ۋاقىتتىكى قىياپىتى رىزۋانگۈلگە سىرلىق مەنىلەرنى ھېس قىلدۇردى. ئۇزاق يىللىق خاتىرجەملىكىنى بۇزدى، تىنچ كۆڭلىگە خىيال تاشلىرىنى توختىماي ئاتىدىغان بولۇپ قالدى. رىزۋانگۈلنىڭ تاتلىق ئۇيقۇلىرىنى ئېلىپ قاچتى، كېچە قاراڭغۇلۇقىغا كۆز تىكىپ، ئۇزۇندىن - ئۇزۇن خىيال سۈرىدىغان قىلىپ قويدى. ئۇ نېمىگىدۇر ئارامسىزلىناتتى، ئىچى پۇشاتتى، ئىچىنىڭ بىر يېرى ئېچىشقاندەك بولاتتى. رىزۋانگۈل ئۆزىمۇ چۈشىنىپ يېتەلمەيۋاتقان بۇ ھال، روھىي كىلىماتتىن ئۆزىنى خالاس

قىلىش ئۇچۇن ئورۇنۇپ كۆردى. «مېنىڭ ھېس قىلغانلىرىم ئاساسسىز، غەلىتە نەرسىلەردۇ، بەلكى بىر ئۆزۈم بىھۇدە توقۇپ چىقارغان سۈنئىي يەكۈنلەردۇ. كامىل خۇشال، كۆڭلى توق، ھېچقانداق قايغۇ ـ ئازابى يوق بەختلىك ياشايدىغاندۇ، قىلىۋاتقىنىم بىر نادان قىزنىڭ پەمسىزلىكى ... بۇ ئۆز ـ ئۆزىنى ئاۋارە قىلىش ... قىيناش ...» دەپ ئويلىدى. لېكىن، تېزلا ئۇنىڭ روھىدا بىر كۈچ ئۈستۈن كېلىپ، ئۆزىنىڭ ئويلىغانلىرىنى شۇۋاقتەك توزۇتۇپ، يەنە ئىچ ئاغرىتىش، خەيرخاھلىق تۇيغۇسى ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيتتى. بۇ ئۇنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك مەجبۇرىيىتى، بۇرچى بولۇپ گەۋدىلىنەتتى.

تەكشۈرۈش ئون بەش كۈن داۋام قىلىپ، بىرىنچى قېتىمقى دەم ئالغان كۈندىكى ئىشلار رىزۋانگۈلنىڭ ھازىرقى روھىي مۇھىتتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئورۇنۇشلىرىنىڭ بىھۇدە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. يەكشەنبە كۈنى دەم ئېلىش ئىدى. شەنبە كۈنى ئەتىگەندە ھەممە گورۇپپىلارنىڭ ئادەتتىكىدەك ئۈچ سائەت بۇرۇن قايتىپ كېلىشى ئۇقتۇرۇلدى. كامىل بىلەن ئەركىن تۇرالغۇدا قېلىپ قالدى. سائەت ئونلار بىلەن گۈلئايشەمنىڭ ئېرى ئىككى ئات قوشۇلغان ھارۋىنى ھەيدەپ يېتىپ كەلدى. ئۇ بۇ ئەترەتكە گۆش، كۆكتات يەتكۈزۈپ بېرىشكە بەلگىلەنگەنىدى، ئۈچ ـ تۆت كۈندە بىر قېتىم كېلەتتى. بۈگۈن كامىل ئالاھىدە تاپشۇرغان نەرسىلەرنى ئېلىپ، تون نىسپى بىلەن يولغا چىقىپ، بالدۇر يېتىپ كەلگەنىدى. پەمىدۇر، كۆكمۇچ، چۆپ پۇرچاق قاتارلىق ئېسىل كۆكتاتلارنى، قوي گۆشى، تازىلانغان توخۇ گۆشلىرىنى ئېلىپ كەلگەنىدى. كامىل، ئەركىن، گۈلئايشەم ۋە ئېرى ئولاش ـ چولاش ھارۋىدىكى نەرسىلەرنى بىردەمدىلا چۈشۈرىۋەتتى. ھارۋىكەش ئاتلىرىنى چىقارمايلا ئىككى ئاتنىڭ بېشىغا ئىككى توۋرىنى كىيدۈرۈپ قويدى. ئۇ يەنە نېمىلەرنىدۇر قىلىپ ھارۋىسىدىن بېرى كەلمەيتتى. ئەركىن ئۇنى ئاشخانىغا كىرىشكە ئىككى قېتىم چاقىردى، لېكىن ئۇ

يەنىلا سىرتتا ئەگىپ يۈرەتتى، ئاخىر كامىل قاچا - قومۇچلارنى يۇيىۋاتقان گۈلئايشەمنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— گۈلئايشەم، ئۇ ياقنى چاقىرىپ كىرىپ چاي بېرىڭ، قورسىقى ئاچقاندۇ، — دېدى.

— ئۇنىڭ ئىسمى گايىت، شۇنداق ساراڭ نېمە ئۇ، كىرىدۇ ھېلى، — دېدى گۈلئايشەم قىلىۋاتقان ئىشىنى توختاتماي. ئەركىن كۈلۈپ قويدى، ئازراق چېقىشقۇسى كەلدى بولغاي:

— گۈلئايشەم، گايىتنى كەلدىڭىزمۇ، دەپ قويمىدىڭىز، ھېچبولمىغاندا مۇنداق بىر كۆز تاشلاپ تەبەسسۇم قىلىپمۇ قويمىدىڭىز، — دېدى.

— ئوھوش، بىر ئايدا بىر كۆرسەممۇ، ھېلى كۆرگەندەكلا تۇرىمەن. ئۇنىڭ قايسى يېقىنچىلىقىغا كۈلۈپ بېرەتتىم ! — گۈلئايشەمنىڭ ئوچۇق - ئوچۇق سۆزلىرىگە ھەيران قالغان رامىلە ئەركىننىڭ يەنە گەپ سېلىش ئۈچۈن تەمشىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ:

— بولدى ئەركىن، — دېدى يېقىملىق ئالىيىپ. ئەركىن ئېچىلغان ئاغزىنى يۇمدى - دە، كامىل بىلەن ئاشخانىدىن چىقىپ كەتتى.

— راستىلا يات كىشىدەك مۇناسىۋەت قىلىدىكەنسىزلەرغۇ، بىز بىلەن بىللە بولغىلى يېرىم ئاي بولدى، ئېرىڭىز تۆت - بەش قېتىم كەلدى، تۇزۇكرەك ئىككى ئېغىز گەپ قىلىشىپ باقمىدىڭىز. باللار قانداق، دەيسىز، ياخشى، دەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن ھەممە گەپ تۈگەيدۇ.

— قىزىقكەنسىز رامىلە، نېمە گېپىمىز بولاتتى. ئەر دېگەننىڭ ھېچقانداق بىگىسى بولمىسىمۇ، ئاغزىدا تۆت ئېغىز گېپى بولسا ئىدى، بۇ نېمە ئىككى ئېغىز گەپنىمۇ ئوخشاپ قىلالمايدۇ.

— ئۆيدىمۇ شۇنداقمۇ؟

— تۇرقى شۇ تۇرسا، نەدىلا بولسۇن ئوخشاش. ھەي، ئەر

دېگەن خاپىلىقى تۇتسا، چاس ـ چۇس بىر ـ ئىككى شاپىلاق ئۇرۇپ قويسىمۇ، خۇشاللىقى تۇتقاندا ئىككى ئېغىز چىرايلىق گېپى بولسا ...

— بەزىدە تەگىشىپ قويىدىغانسىلەر؟ — دېدى راملە قىزىقىپ. شۇئان ئۇنىڭ مەڭزى قىزىرىپ كەتتى، يۈزىنىڭ گۆشلىرى قىمىرلىدى، بېشىنى سىلىپ يەرگە قارىۋالدى.

— نېمىسىنى دەيسىز. بۇقا، بۇقىنىڭ ئۆزى، تەگەشنى بىلمەيدۇ! — گۈلئايشەمنىڭ ئېرى كىرىپ، گەپ ئۈزۈلدى. راملە گۈلئايشەمگە ئېرىگە چاي بېرىشنى تاپىلاپ ئاستا ئاشخانىدىن چىقىپ كەتتى. كاملىنىڭ شۇنچە تۇتقىنىغا ئۇنىماي، گۈلئايشەمنىڭ يولدىشى كەتتى. ئايالى ئۇنى ئىشىككە چىقىپ بولسىمۇ ئۇزۇتۇپ قويمىدى.

قاقاس تاغ ئارىسىدىكى دەم ئېلىش نېمە بولاتتى، بۇ دەم ئېلىش ياخشى يېيىش، هاراقنى قانغۇدەك ئىچىش، شىركەيىپ بولغاندا ئۆز كۆڭلىنى ئۆز ناخشىلىرى بىلەن خۇش قىلىپ ئۆتكۈزۈش، خالاس. شۇڭا تۇرالغۇدا قالغانلار كاملىنىڭ باشچىلىقىدا زىياپەت تەييارلىقىغا كىرىشىپ كەتتى. كۆكتاتلارنى يۇدى، رېتى بويىچە توغراپ تەييارلىدى. توخۇ گۆشىنى پىشۇرۇشقا ئەپلەك قىلىپ تەق قىلىپ قويدى. قوي گۆشىنى بولسا، بىرقانچە خىل قورۇمىغا هازىرلاپ توغرىدى، يۇتازىنىڭ تەييارلىقىنىمۇ تاماملىدى.

ئۆكتەبىر قۇياشى غەربكە قاراپ تۆۋەنلەشكە باشلىدى. هاۋا بىردىنلا سالقىنلاپ، چۈش ۋاقتىدىكى ئىسسىقتىن ئەسەر قالمىدى. تۇرالغۇغا بىرىنچى بولۇپ مەسئۇدنىڭ كىچىك گۇرۇپپىسى قايتىپ كەلدى. ياتىقىغا كىرىپ ئىش كىيىملىرىنى سېلىۋېتىپ، نېپىز كىيىملىرى بىلەن ئاشخانىغا كىرگەن رىزۋانگۈل كاملىنى كۆرۈپ چۆچۈپ تۇرۇپ قالدى. يۈرىكى تېز ـ تېز سوقۇپ كەتتى، بىر تەرەپتىن هەيران قالدى. ئالدىغا پەشتاما تارتىۋالغان كامىل يوغان تەلەڭگىدىكى چوك ـ چوك توغرالغان

گۆشكە نېمە سەپكەنكىن، قولى بىلەن مىجىپ ئاربلاشتۇرۇۋاتاتتى. ئۇ پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن ئىشقا بېرىلگەن، رىزۋانگۈلنىڭ كىرگىنىنى سەزمىگەنىدى. قىز بىر ـ بىر بېسىپ ئۇنىڭغا يېقىنلاشتى ۋە ئازراق قاراپ تۇردى. ئۇ بىرىنچى قېتىم گەپ قىلىشقا تەمشىلىپ، نېمشقىدۇر ئاۋازىنى چىقىرالمىدى. غەيرىتىنى يىغقاندەك ئېغىرلىقىنى بىر پۇتىدىن يەنە بىر پۇتىغا يۆتكەپ قىمىرلاپ قويدى.

ــــ سىزگە ياراشمايدىكەن باشلىق، بىزگە تاشلاپ بەرسىڭىز بولغۇدەك، ــــ دېدى رىزۋانگۈل. ئۇنىڭ ئاۋازى تىترەپ چىقتى، يۈرىكىنىڭ تېز ـ تېز سېلىپ كەتكىنى تاۋۇشىدىن بىلىنىپ تۇراتتى.

ــــ ھە، قايتىپ كەلدىڭىزلەرمۇ؟ ــــ دېدى كامىل، ئۇ بېشىنى بۇراپ رىزۋانگۈلگە قارىدى، ــــ ئىسسىق سۇ بار، تويپا ـ چاڭلاردىن خالاس بولۇپ ئازراق دەم ئېلىۋېلىڭ، ــــ رىزۋانگۈل يەنە ھودۇقۇپ قالدى. كامىلنىڭ چىرايىدا ئۆزى ھېس قىلغان ئىپادىلەردىن ئەسەرمۇ يوق. ئۇ شۇنداق خاتىرجەم، خۇشالدەك قىلاتتى. كۆزلىرى چاقناپ تۇراتتى. تەلەپپۇزىدا سەممىيلىك، مېھرىبانلىق ئەكس ئەتكەنىدى. بىردىنلا رىزۋانگۈل كامىلنىڭ ئازراق بىر نېمە دېيىشىنى خالاپ قالدى، ئۇنىڭدىن ئۆزى ئىزدىگەن نەرسىنى تېپىش ئىستىكى قوزغالدى. ئۇ نېمە دېيىشىنى ئويلاپ، دەماللىققا مۇۋاپىق سۆز تاپالمىدى.

ــــ نېمىگە قاراپ تۇرۇپ قالدىڭىز؟ ئاۋۇ ئىسسىق ساقلاش تۇڭلىرىدا قايناق سۇ بار، ــــ خۇددى شەھەردە كىيىنگەندەك كىيىنىپ، ئۆزىڭىزنى ياخشى تۈزەشتۈرۈڭ. بۈگۈن كېچىچە ئوينايمىز! ــــ دېدى كامىل گۆشنى مىجىشتىن توختىماي. ئىللىق بىر ئېقىم رىزۋانگۈلنىڭ تېنىگە شۇررىدە ئېقىپ كىرىپ، تاتلىق سۆيۈنۈش تۇيغۇسى ئاتا قىلدى. بويسۇنۇش ھېسسىياتى ئۇنى ئىختىيارسىز سۇ ئېلىشقا باشلاپ باردى. رىزۋانگۈلنىڭ كۆڭلىدە كامىلنىڭ دېگەنلىرىنى بىرمۇبىر

ئورۇنلاش بۇرچ بولۇپ تىكلەندى. ئۇنىڭ ئۆز كۆڭلىگە خۇشلۇق بەخش قىلىشىنى سەزگەندى.

رىزۋانگۇل يۇيۇنۇش، تارىنىش، كىيىنىش ۋە ئۆزىنى تۈزەشتۈرۈشلەرنى ئاجايىپ سىرلىق بىر خىل غايىۋى كەيپىيات ئىچىدە كۆڭۈللۈك تاماملىدى. ئۇنىڭ ئۆزىگە مەڭزىلىرى قىزىپ قالغاندەك، كۆزلىرى ئويناپ تۇرغاندەك، لەۋلىرىدىن تەبەسسۇم تۆكۈلۈپ تۇرغاندەك بىلىندى. يۈرىكى ھېلىدىن ـ ھېلىغا سالاتتى. تومۇرىدىكى قانلىرى ئۇرغۇۋاتقاندەك قىلاتتى.

— رىزۋانگۇل، بۈگۈن باشقىچىلىغۇسىز؟ — دېدى ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرىگە خېلىدىن بېرى سەپسېلىپ تۇرغان راملە ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ.

— نەدە؟ ئوخشاشلىغۇ، سىزگە شۇنداق بىلىنىۋاتسا كېرەك، — دېدى رىزۋانگۇل قىزلارغا خاس بىر خىل جىلۋە بىلەن، بۇ ھال راملەنى تېخىمۇ قىزىقتۇردى.

— يىگىتى بىلەن ئۇچرىشىدىغان قىزدەك كۆڭۈل قويۇپ ياسىنىپ كەتتىڭىز، يا بىرسىنىڭ يۈرىكىگە چوغ تاشلاي دەۋاتامسىز نېمە ! ؟ — رىزۋانگۇلنىڭ مەڭزى ۋىللىدە قىزاردى، كۆزلىرى ئويناپ كەتتى. راملەنىڭ سۆزلىرىنىڭ ئاخىرى ھېلى ئويلاپ قويغان سۆزىنى ئاغزىدىن چىقىرىشقا يول بەرمىدى. ئۇ نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي بىر پەس تۇرۇپ قالدى.

— دېمىسىڭىز ئىچىڭىزگە چۈشۈپلا كەتتىغۇ، سىز ساقلىسىڭىز ئېيتمىسىڭىزمۇ بولىدۇ. مېنى ھېچنېمە سورىمىدى دەپ ھېسابلاڭ، — راملەنىڭ تەلەپپۇزىدا رەنجىش پۇرىقى بار ئىدى. لېكىن ئۇ رەنجىمىدى. پەقەت رىزۋانگۇلنىڭ قەلبىدىكى سۆزىنى كوچىلاش ئۈچۈن ئىلمەك سالدى.

— ياق راملە، نېمىنى سىر تۇتاتتىم؟! — ئۇ سۆزلەۋېتىپ راملەنى مۈرىسىدىن قۇچاقلىدى، — بۈگۈن كېچىچە ئويناپدىكەنمىز. ھەر ھالدا بىر قىز بولغاندىن كېيىن ئازراق تۈزەشتۈرۈۋالدىم.

— قاراڭە، نېمانچە ئىسسىقسىز، يۈرىكىڭىزنىڭ سىلىشىنى دېمەمسىز تېخى.

— تاڭەي، ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن، بۈگۈن نېمىشقىدۇر ھاياجانلىنىپ تۇرىمەن، ئالدىرايمەن، تەمتىرەيمەن، نېمىگە؟ ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن.

— بەلكى بىر نەرسىنىڭ باشلىنىشىدۇر، — دېدى راملە مەنىلىك قىلىپ. رىزۋانگۈل راملەنى پۈتۈن كۈچى بىلەن شۇنداق چىڭ قۇچاقلىدىكى، دوختۇر قىز چىرقىرىۋەتتى ۋە:

— قويۇۋېتىڭ رىزۋانگۈل، قويۇۋېتىڭ، نەپىسىم بوغۇلۇپ قالدى، — دەپ زارلاندى.

گۈگۈم چۈشۈشى بىلەن ئالاھىدە تەييارلانغان ئوغۇللار ياتىقىدا دالا زىياپىتى باشلاندى. ئۈنىمىغانغا قارىماستىن كامىل تۆرگە چىقىرىلدى، ئەركىن بىلەن ئېلى مۇلازىمەتنى ئۈستىگە ئالدى، رىزۋانگۈل بىلەن راملەنىڭ ئازراق ئىشلەيلى دېگىنىگە ئۈنىماي ئۇلا تەرەپكە ئولتۇرغۇزدى، قالغانلىرى چۆرىدەپ ئولتۇرۇشتى.

كامىل، گۈلئايشەم، ئەركىن، راملەلەر يېمەكلىكلەرنى ئاساسەن پىشۇرۇپ بولغانىدى. پەقەت كاۋاپلا پىشمىغانىدى. قورۇمىلار ئۈستەللەرگە تېزلا قاتار قىلىپ تىزىلدى. ھورى چىقىپ تۇرغان يۇتازا قويۇلدى. ئاخىر گۈلئايشەممۇ ئۇلارغا قوشۇلۇپ ئولتۇردى. چاقچاق، شاڭخو، كۈلكىلەر بىلەن يېيىش باشلاندى. ئالدى بىلەن قورساقنى توقلاش كېرەك. بۇ كامىلنىڭ ئۆز ئەترىتىگە بەلگىلەپ بەرگەن تۈزۈمى، ئاچ قورساق ھاراق ئىچىشكە رۇخسەت قىلىنمايدۇ. ھەرقانچە خۇمارى تۇتۇپ تاقىلداپ كەتكەنلەرمۇ چىدام بىلەن كۈتۈپ تۇرۇشى كېرەك.

تۆت يەرگە ئېسىلغان لامپا چېدىرنى يورۇتۇپ تۇرىدۇ. ئادەمنىڭ ھارارىتى ۋە تاماق، قورۇمىلارنىڭ ھورى بىلەن ئۆي ئوبدانلا ئىسسىپ قالدى. مەززىلىك قورۇمىنىڭ پۇراقلىرىغا قىزلار سەپكەن ئەتىرنىڭ پۇرىقى قوشۇلۇپ، ئائىلە پۇرىقى پەيدا

قىلدى.

تاغ ئارىسى سۈرلۈك جىمجىت. ھېچقانداق سادا يوق. بۇلۇتسىز ئاسمان، پىلدىرلاپ تۇرغان سان ـ ساناقسىز يۇلتۇزلار خۇددى قارا پەردىنىڭ يوچۇقلىرىدىن مارىلىغان كۆزلەردەك پارقىرايدۇ. ئەتراپتىكى مىنگىشىپ تۇرغان تاغ تىزمىلىرى، بىر ـ بىرىدىن ئېگىز چوققىلار تۇرالغۇغا سايە تاشلاپ تۇراتتى. چېدىرنىڭ دېرىزىلىرىدىن شۇڭغۇپ چىققان قىزغۇچ نۇر تۇن قاراڭغۇلۇقى ئىچىدە بىردىنلا يورۇپ كېتەتتى. چەكسىز كەتكەن بوشلۇقتا نۇر ئېقىمى پەيدا قىلىپ، ئاخىر قاراڭغۇلۇققا سىڭىپ كېتەتتى. تۇرۇپ ـ تۇرۇپ كۆتۈرۈلگەن قاتتىق كۈلكە سادالىرى ئۇيۇقتا ياتقان تاغ تىزمىلىرىنىڭ خاتىرجەملىكىنى بۇزۇپ جاراڭلىشىپ كېتەتتى.

كامىلنىڭ ماقۇللۇقى بىلەن ئەركىن بوتۇلكىلار ۋە رومكىلارنى ئۈستەلگە قويدى. قىزلارغا بولسا پىۋا تەييارلىدى. بۇ ئىش ھەممىدىن بەك مەخمۇتقا ياقتى. ئۇنىڭ نۇرسىز كىچىك كۆزلىرى پارقىراپ كەتتى. جۇۋەك گەۋدىسى تىكلەشتى، كالپۇكى تەكشى ئەمەس يوغان ـ يوغان چىشلىرىنى ياپالماي قالدى.

ھەممە رومكىلار لىق تولدۇرۇلدى. قىزلارغا ئىستاكانغا پىۋا قويۇلدى. بىرىنچى بولۇپ كامىل ئالدىدىكى رومكىنى قولىغا ئېلىپ، يېنىك چايقىلىپ تۇرغان سۈپسۈزۈك ھاراققا بىر پەس تىكىلىپ تۇردى. رىزۋانگۈل دەككە ـ دۈككە ئىچىدە كامىلنى كۆزەتتى. بىردىنلا ئۇنىڭ يۈرىكى سىيلىپ، ۋۇجۇدىنى ئەنسىرەش، ۋەھىمە ئارىلاش بىر تۇيغۇ ئىگىلىدى. رىزۋانگۈل غەيرەت بىلەن كامىلدىن كۆزىنى ئۈزمەي تىكىلىپ تۇردى. كامىل بېشىنى كۆتۈردى. رىزۋانگۈل يېنىك سىلكىنىپ تىترىدى، ئۇ يەنە شۇ چىرايىدىن ھەسرەت پەردىسىنى، ئاشۇ بىر جۈپ ئوتلۇق كۆزدىكى مۇڭ، سېغىنىش، نەپرەت ئارىلاشقان بەلگىلەرنى كۆرگەنىدى.

— ئاغىنىلەر، دوستلار، خىزمەت ـ مېھنەت شەرەپلىك، قان ـ تەر، ئەقىل سەرپ قىلىش ئىنسان ھاياتىنىڭ ھەقىقىي مەنىسى.

ئۆي، ئائىلە، خوتۇن، بالا، ئويۇن ـ تاماشا ئۇنىڭ زىننىتى. ھەقىقىي مەنىسى بولغاندىلا زىننىتىنىڭ گۈزەللىكى، قىممىتى بولىدۇ. ھەقىقىي ئىنسان مۇشۇنداق ھاياتنى سۆيىدۇ، مېھنەت قىلىشتىن چارچاشتىن راھەت تاپالايدۇ، قايغۇدىن خۇشاللىق تاۋلاپ چىقىرالايدۇ. بىز ھاياتنىڭ قۇلى ئەمەس، ئىگىسى بولۇشىمىز. كېرەك، ھاياتىمىزنىڭ قىممىتىنى ئۆزىمىز يارىتىمىز، پەقەت ئۆزىمىز مېھنەت قىلىشتىن! قېنى ئاغىنىلەر، ھايات تارازىسىنىڭ پەللىسىدە قىممىتىمىزنىڭ چوڭ سالماقتا ئىگە بولۇشى ئۈچۈن كۆتۈرەيلى، ـــ كامىلنىڭ سۆزىنى ئولتۇرغان سەپداشلىرى جىمجىت ئولتۇرۇپ ئاڭلىدى. مەسئۇدقا قاتتىق تەسىر قىلدى بولغاي، رومكىنى ئېلىپ ھەممىدىن ئاۋۋال ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. قالغانلارمۇ دۈررىدە ئورنىدىن تۇردى. قولىدىكى رومكىلارنى كۆتۈرۈشۈپ «ئىنژېنېرنىڭ سۆزى ئۈچۈن ئىچەيلى !» دېيىشتى بىر قانچە تەرەپتىن. رومكىلارنىڭ بىر ـ بىرىگە ئۇرۇلغان ئاۋازلىرى ئاڭلىنىشىپ كەتتى.

رومكىلار بىرقانچە قېتىمدىن ئايلانغاندىن كېيىن ئولتۇرۇش جانلىنىپ كەتتى. گەپ ـ سۆزلەر كۆپەيدى، كۈلكە ـ چاقچاقلارنىڭ ئايغى بىر ـ بىرىگە ئۇلىشىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ مەڭزلىرى قىزارغان، ھەرىكەتلىرى چاققان بولۇپ، كۆڭۈل ئازادىلىكىنى ئىپادىلەپ تۇراتتى. جۇشقۇن كەيپىيات، خۇشال چىرايلار پاك كۆڭۈلنىڭ ئەينىكى، تولۇپ ـ تاشقان ئىشەنچ، ئۇرغۇپ تۇرغان جاسارەت ئۆزىدىن پەخىرلىنىشتىن بېشارەت.

ھەممىنىڭ كەيپى چاغ، روھى كۆتۈرەڭگۈ، ئەمدى نېمىنىدۇر سېغىنغاندەك كامىلغا قارىشىپ قوياتتى. ھاراقنى باشقىلاردىن كۆپرەك ئىچكەن كامىل چۈيۈندەك ئېغىر، سالماق ئولتۇراتتى. چىرايى تېخىمۇ قىزارغان، دۇگىلەك، چىرايلىق كۆزلىرى خۇمارلاشقانىدى. ئۇ بوگۇن پۇزۇر كىيىنگەن، سۇتتەك ئاق ياقىغا تاقىغان چاسا، يوللۇق گالىستۇكى بەكمۇ ياراشقان، قويۇق قارا چاچلىرى دولقۇنسىمان رەتلىك تارالغانىدى، لېكىن ئۇنىڭ

قىپشى ئوتتۇرىسىدىكى ئىككى تال سىزىق تېخىمۇ چوڭقۇرلاشقانىدى. ئۇ ئىشداشلىرىنىڭ قاراشلىرىدىن كۆڭلىدىكىنى چۈشەندى، شۇڭا ئەركىننى بېشى بىلەن ئىشارەت قىلىپ چاقىرىپ، سازلارنى تەييارلاشنى ئېيتتى.

كامىلنىڭ بىر تەرىپىگە ئىسكىرىپكا ئېلىپ مەسئۇد جايلاشتى، داپ ئېلىپ ئەركىن ئۇ تەرىپىگە ئورۇنلاشتى. ئېلىمۇ ئۇ توپقا قوشۇلدى. ئازراق تەڭشەشتىن كېيىن يېقىملىق مۇزىكا ساداسى تاغ ئاسمىنىدا ياڭرىدى. كامىل ناخشا باشلىۋەتتى. ئۇ قولىدىكى تەمبۇرغا تەڭكەش قىلىپ ئۇيغۇر مۇقامىنى دەسلەپتە پەسرەك ئاۋازدا باشلاپ بالداقمۇبالداق ئۆرلەتتى. ئۇنىڭ ئاۋازى مۇڭلۇق، جاراڭلىق، يېقىملىق ئىدى. ئۇ ناخشىنى شۇنداق ياخشى ئېيتتىكى، مەخسۇس سەنئەت ساھەسىدە ئالىي تەربىيە كۆرگەنلەردىن قېلىشمايتتى. ئۇنىڭ ساپ ئاۋازى بوغۇلىدىغاندەك ئەمەس، ھەتتا ناخشىنىڭ ئەڭ يۇقىرى ئەۋجىنىمۇ ھېچقانچە كۆچىمەيلا ئېيتاتتى. مۇزىكا ئىنسان قەلبىنىڭ سىرلىق رىتىمى، ئۇنىڭ تىلى، خاھىش، ئىنتىلىش، شادلىق قايغۇلىرىنىڭ ساداسى. تومۇرلاردا ئېقىۋاتقان قانلارنىڭ دولقۇنى، ئۆركەشلىرى، بىر كۆتۈرۈلۈپ بىر چۈشۈشلىرىنىڭ ئەكس ئېتىشى. ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى بىر خىل سېھرىي كەيپىياتقا چۆمدى. گويا خۇمارلاشقان كۆزلەردە غايىۋى مەنزىرىلەر ئۇچۇپ يۈرگەندەك ئىدى. ئۇلار تەلمۈرىشەتتى، قۇلاق سېلىشاتتى. قىزىلدىن ئازراق ئىچىپ بەدەنلىرى قىزىپ، جىسمى جاسارەتكە تولۇپ ئولتۇرغان رىزۋانگۈلنىڭ كۆزى كامىلدا ئىدى. ئۇ تېز - تېز نەپەس ئالاتتى. ئۇنىڭ ئاپپاق كوپتىسىنى كۆتۈرۈپ تۇرغان ئالمىدەك بىر جۈپ كۆكسى بىر كۆتۈرۈلۈپ، بىر تۆۋەنلەپ تۇراتتى. قىز پۈتۈن مەيلى بىلەن بېرىلگەن، شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا چەكسىز كەتكەن بوشلۇق، ئۇنىڭ يىراق چېتىدە تۇرۇم - تۇرۇم ئاقۇچ بۇلۇتلار ئىز بېسىپ كۆتۈرۈلۈۋاتقان مەنزىرە نامايان بولدى. بۇلۇتلار ئېگىز

كۆتۈرۈلگەنسېرى ئۇنىڭ ئىچىدە ئويناقلاپ تۇرغان قايناm شۇنچە روشەنلەشتى. بۇ قايناm غايەت زور ئوتتىن كۆتۈرۈلگەن يالقۇنغا ئوخشايتتى. زوق - شوقى بىلەن تەمبۇر چېلىۋاتقان كامىل ئاستا - ئاستا سۇرۇلۇپ بۇلۇت ئىچىگە كىرىپ كېتىۋاتاتتى، قايناm ئۇنى بىردەمدىلا يۇتۇۋېلىپ ئۆزى بىلەن چۆرگىلەتكىلى تۇردى. ئۇنىڭ تەمبۇرىنىڭ مۇڭلۇق ئاۋازى، يۈرەكنى تىترىتىدىغان ناخشىغا تەڭكەش بولۇپ بىر خىل ئاڭلىنىپ تۇراتتى. رىزۋانگۈل ئۆزىنىڭ نېمە بولۇۋاتقىنىنى بىلەلمەي قالدى. كۆز ئالدىدا بولۇۋاتقان مۆجىزىلەرنىڭ رېئاللىق ئەمەسلىكىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، بۇ ھالەتتىن قۇتۇلۇشقا قۇربى يەتمەيۋاتاتتى. ئۇ بىردىنلا ئازابلاندى، كۆڭلى بىر خىل سىرلىق ۋەھىمە ئىچىدە تىنچسىزلاندى. ياق ... بۇ رېئاللىق ئەمەس ... پەرۋەردىگار، مەن نېمە بولۇۋاتىمەن، دەپ زارلاندى ئۇ ئۈنسىز.

بىر چاغدا ناخشا توختىدى. تەمبۇرنىڭ ئاۋازىمۇ تىنچىدى. رىزۋانگۈلنىڭ ئالدىدىكى بۇلۇتمۇ غايىب بولدى. يۈزىدە مونچاق - مونچاق تەر تامچىلىرى مەرۋايىتتەك پارقىراپ تۇرغان كامىل يەنە ئۆز ئورنىدا — مەسئۇدنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتى، كۆزلىرىنى ئېچىپ ئىشداشلىرىغا مەمنۇنلۇق بىلەن قاراپ تۇراتتى. رىزۋانگۈلنىڭ مەڭزىلىرى ياشتىن ھۆل بولغانىدى.

ئوبدانلا كەيپ بولغان مەخمۇت بىرىنچى بولۇپ سۆز باشلىدى.

— ھاردۇق چىقتى، جانلار ياشىرىپ كەتتى. بىزنىڭ باشلىق پۇخاندىن چىققۇدەك چالدى، بىزمۇ ئاغىنىلەر خۇماردىن چىققۇدەك ئاڭلىدۇق، — ئۇ ئالدىدىكى رومكىنى قولىغا ئېلىپ ئورنىدىن تەستە تۇردى. ئۆرە بولغاندا دەلدەڭشىپ ئۆزىنى ئوڭشىيالمىدى ... — لېكىن مۇنۇ شارابقا تازا قانالمىدۇققۇ؟ ... — ئۇ ئەركىنگە قارىدى.

— سېنىڭ ھەممە يېرىڭ تويغان بىلەن، — دېدى ئېلى

مۇغەمبەرلىك بىلەن، — كۆزۈڭ تويمايدۇ. قورسىقىڭدا ئورۇن بولمىسا، يانچۇقىڭغا قويۇۋالساڭچۇ ... — ئولتۇرغانلار پاراقلاپ كۈلۈشتى. يۇقىرىقى سۆزلەر بولۇنۇۋاتقاندا رامىلە رىزاۋانگۈلگە ئاستا پىچىرلاپ:

— چىرايلىق كىرپىكلىرىڭىز ياش بىلەن نەملىنىپتۇ. لېكىن خۇمارلىشىپ قالتىس چىرايلىق بولۇپ قالدىڭىز. نېمە بولدىڭىز، تىترەيسىزغۇ؟ — دېدى.

— ناخشا، مۇزىكىلارچۇ، ماڭا بەكمۇ تەسىر قىلدى.

— تەسىر قىلغان باشقا نېمىمۇ باردەك قىلىدىغۇ؟

— نېمىلەرنى دەپ يۈرىسىز.

كامىلنىڭ سۆزى بىلەن ئۇلارنىڭ گېپى ئۈزۈلدى.

— خالىغانلار هاراق ئىچىڭلار، لېكىن تېنىڭلەرگە قاراپ، كۆتۈرۈش هالىڭلارغا بېقىپ ئىچىڭلار. ئەمدى ئۈنئالغۇنى قويۇپ تانسا ئوينايلى، تەۋەررۇك ئىككى قىزىمىز، گۈلئايشەمۇ بار تېخى، — كامىل ئالدى بىلەن ئۆزى بىر رومكىنى ئىچىۋەتتى.

چېدىردىن چىققان تانسا مۇزىكىسىنىڭ شوخ ۋە رىتىملىق ساداسى تاغ ئارىسىدا ئەكس سادا بولۇپ يىراقلارغا ئۇچۇپ كەتتى. كامىل ئورنىدىن تۇرۇپ، رىزۋانگۈلنىڭ ئالدىغا كەلدى، هۆرمەت بىلەن ئېگىلىپ ئۇنى تانسىغا تەكلىپ قىلدى، تېخى ئويلاپ ئۈلگۈرمىگەن بۇ ئىشتىن قىز تەمتىرەپ قالدى، ئۇنىڭ قوي كۆزلىرىگە سايە تاشلاپ تۇرغان ئۇزۇن كىرپىكلىرى توختىماي لىپىلداپ كەتتى، بەدىنى تېخىمۇ قىزىدى، ئۇ كامىلنىڭ قاراپ تۇرغان كۆزلىرىگە جۈرئەتلىك قارىيالمىدى.

كامىل بىلەن رىزۋانگۈل چېدىرنىڭ بوش يېرىگە ئىلگىرى - كېيىن يېتىپ باردى. بۇ يەرنى پەنەر چىراغنىڭ يورۇقى غۇۋا يورۇتۇپ تۇراتتى. كامىل قىزنى زىلۋا بېلىدىن تۇتتى، قولىغا قولىنى ئالدى. قىز تانسىنى خېلى ياخشى ئويناياتتى. يىگىتنىڭ هەرىكەتلىرىگە ماسلىشىپ، تەمتىرىمەيلا ئوينىدى. چىڭ، كۈچلۈك بىلەك قىزنى تېخىمۇ جۈرئەتكە كەلتۈردى، بىر چاغدا

ئۇ ئۆزىنى كەينىگە سەل تاشلىغاندى. كامىل ئۇنىڭ بىلىنى تېخىمۇ مەھكەم تۇتتى. قىزنىڭ قەلبى بىر خىل سىرلىق تۇيغۇ ئىلكىدە دولقۇنلانماقتا. ئۇنىڭ نېمىگىدۇر زوقى كەلگەندەك كۈلۈمسىرەپ ـ كۈلۈمسىرەپ قويىاتتى. ئۆزىنى پىرقىرىتىپ ئوينىتىۋاتقان كىشىنىڭ مۇشۇ تاپتىكى چىرايىنى، كۆزلىرىنى شۇنداق كۆرگۈسى كەلدى. لېكىن كىرپىكىنى لاپ قىلىپ كۆتۈرۈشكە جۈرئەت قىلالمايۋاتاتتى. كىرپىكىنى بىرلا كۆتۈرسە، ئۇ مەقسىتىنى ئورۇنلايتتى. بۇنىڭ ئۈچۈن ھېچقانچە كۈچمۇ كەتمەيتتى. رىزۋانگۈلدە بۇنچىلىك كۈچ يوقمىكىن ... ئۇنىڭغا ئۇنىڭغا بىرقانچە سېكۇنت ۋاقىت بولسا، كۇپايە قىلاتتى. لېكىن ئۇ شۇنداق ۋاقىتنى تاپالمايۋاتاتتى. رىزۋانگۈلنىڭ پۈتۈن پىكىر ـ خىيالىنى شۇ بىرلا ئىستەك، كامىلنىڭ شۇ تاپتىكى چىرايىنى، مۇھىمى كۆزلىرىنى بىرلا قېتىم كۆرۈۋېلىش ئىستىكى ئىگىلىگەندى. قىز پۇرسەت كۈتتى، كۈتە ـ كۈتە بىر قېتىملىق مۇزىكا ئاياغلاشتى. كامىل قوللىرىنى بوشاتتى. قىز كەينىگە ئۆرۈلدى. دەل شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ كۆزلىرى دەقىقە ئارىلىقىدا ئۇچرىشىپ ئۆتتى.

يەنە مۇزىكا باشلاندى. ئەركىن راملەنى تانسىغا تارتىپ ئوينىدى. رىزۋانگۈلنى مەسئۇد تارتتى. مەخمۇت گۈلئايشەمنى تانسا ئويناشقا قىستىغىلى تۇردى، بىلمەيمەن دېگەنلىرى قۇلىقىغا كىرمەيتتى.

تاغ ئارىسىدىكى چېدىردا ئۆتكۈزۈلگەن زىياپەت ناخشا ـ مۇزىكا، تانسا، يەپ ـ ئىچىش بىلەن تۈن نىسپىگىچە داۋاملاشتى. قىزلار ياتاقلىرىغا كىرىپ كېتىشتى. كامىلمۇ ئۆزىنىڭ ئىشخانا چېدىرىغا كىرىپ كەتتى. يىگىتلەر تېزلا چىراغنى ئۆچۈرۈپ جىم بولۇشتى. راملە بىلەن گۈلئايشەم يوتقانغا كىرىپ بولدى. رىزۋانگۈل مۇرەككەپ روھىي كەيپىياتتا ئاللىقاچان يوتقانلىرىنى تەييارلاپ قويغان بولسىمۇ، تېخى ياتمىدى. بىر پەستىن كېيىن ئۇ يېتىپ قالماقچى بولۇپ، ئاۋۋال سىرتقا چىقىپ كىرىشنى

ئويلىدى. قولىغا قول چىرىغىنى ئېلىپ چېدىر ئىشىكىدىن چىقتى - دە، كۆزى كامىلنىڭ چېدىرىغا چۈشتى، دېرىزىسىدىن چىراغنىڭ قىزغۇچ نۇرى چېچىلىپ تۇراتتى. ئۇ تېخى ئۇخلىماپتۇ، دەپ ئويلىدى قىز ۋە سول تەرەپكە بىرقانچە چامدام مېڭىپ قول چىرىغىنى يورۇتتى. ئۇنىڭدىن ئۇرغۇپ چىققان نۇر كامىل ئورۇنلاشقان چېدىرنىڭ يېگىرمە - ئوتتۇز مېتىر يۇقىرىسىدىكى دۆڭلۈكنى پاللىدە يورۇتىۋەتتى. رىزۋانگۈل قورققىنىدىن قولىدىكى قول چىراغنى تاشلىۋەتتى. ئۇ ۋارقىراپ تاشلىغىلى تاس قالدى. ئۇنىڭ ئەقلى دۆڭدە ئولتۇرغان كىشىنىڭ كامىل ئىكەنلىكىنى شۇنچىلىك تېز ئىنكاس قىلمىغان بولسا، بەلكى ئاغىل - تاغىل ۋارقىرىۋەتكەنمۇ بولاتتى. شۇڭا ئۇ ئورنىدا بىر پەس تۇرغاندىن كېيىن مېڭىش يولىنى ئۆزگەرتتى ۋە قول چىراغنى ئىككىنچى يورۇتمىدى.

چىراغ ئۆچۈرۈلگەن، رىزۋانگۈل يوتقاننىڭ ئىچىگە كىرىپ بولغىلى خېلى ۋاقىت بولغان بولسىمۇ، مەيۈس خىياللار ئۇنىڭ ئۇيقۇسىنى قاچۇرغان. كۆز ئالدىدا ئادەمسىز تاغ ئارىسىدىكى بىر دۆڭدە تۈن قاراڭغۇلۇقىغا ھەمراھ بولۇپ تۇرغان گەۋدە تىكلىنىپ تۇرۇۋالدى. قىزنىڭ نېمىنىڭ كامىلنى قاراڭغۇ ئاسماندىكى يۇلتۇزلارغا كۆز تىكىپ ئولتۇرۇشقا مەجبۇر قىلغانلىقىنى بىلگۈسى كېلەتتى. ئۇنىڭ روھىدا نېمە ئالامەتلەرنىڭ بولۇۋاتقىنىنى كۆرگۈسى، قانداق مەنزىرىلەر كۆز ئالدىدىن ئۆتۈۋاتقىنىنى ئۇققۇسى كېلەتتى، بىر تەرەپتىن خەيرخاھلىق، ئىچ ئاغرىتىش تۇيغۇسى كۆچىيىپ باراتتى. رىزۋانگۈل تۇرۇلۇپ - تۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان خىياللىرى ئىچىدىن تۇنجى قېتىم كامىلنىڭ چىرايىدىن ئۆزى بايقىغان ئالامەتلەرنىڭ رىئاللىق ئىكەنلىكىنى يەكۈنلەپ چىقاردى. شۇ چاغدا كامىل ئۇنىڭغا سىرلىق ئادەم بولۇپ تۇيۇلدى، ئۇنىڭ قەلبىدە نۇرغۇن سىرلارنىڭ يوشۇرۇنۇپ ياتقىنىنى ھېس قىلدى، چىرايىدىكى سۆز ئەنە شۇلارنىڭ شولىسى، پېشانىسىدىكى ئىككى تال سىزىق

ئۇنىڭ پەقەتلا ئىزناسى ئىكەنلىكىنى مۇقىملاشتۇردى. رىزۋانگۇلنىڭ قەلبىدە بىر مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى پەيدا بولدى. ئۇ ئورۇنلىمىسا قەتئىي بولمايدىغان بىر مۇقەددەس ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئېلىشقا تەييار تۇرغاندەك بىر خىل روھىي كەيپىيات ئۇنى ئالدىرىتىۋاتقاندەك قىلاتتى. بۇ نېمە؟ قانداق ۋەزىپە؟ ئۇنى قانداق ئورۇنلايدۇ؟ بۇلارنى رىزۋانگۈل بىلمەيتتى. ئوچۇقى، بۇنى ئويلاپمۇ باقمىدى، ئۇنىڭ ئىچى ـ ئىچىدىن بىر ئۇنىسىز سادا چىقىپ دەۋەت قىلاتتى، خىتاب قىلاتتى، بەزلەيتتى ھەم ئىلھاملاندۇراتتى.

قىزىق، بۇ خىل كەيپىيات رىزۋانگۇلگە ئاجايىپ بىر سىرلىق شېرىنلىك بەخش قىلدى. ئۇنىڭ كۆڭلى ـ كۆكسى يورۇپ كەتكەندەك بولۇپ، مەھكەم يېپىشىۋالغان يوتقىنىنى ئېچىۋەتتى، بېشىنى كۆتۈرۈپ ئىشىك تەرەپكە قاراپ قويدى، ئۇنىڭ قەلبى راھەتلىنىپ قالدى، لەۋلىرىدە تەبەسسۇم پەيدا بولغانلىقىنى ئۆزى پەرەز قىلدى، بەلكى نۇرلىنىپ كەتكەندۇ، مەڭزلىرى قىزىرىپ، ئۆزى چىرايلىق بولۇپ كەتكەندۇ ...

«ھەي ئىنسان، ئۆز قەلبىڭنىڭ ھۆكمى بىلەن تاللىۋالغان بۇرچنى ئورۇنلاش شۇنچە مۇشەققەت ۋە مۇرەككەپ بولسىمۇ، ئۇ مۇشۇنداق خۇشاللىق، مەنىۋى ھوزۇر بېرىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭدىن ئۈمىد ئۈزۈشنىڭ ئازاب ئىكەنلىكىنى بىلگەن ئىكەن ـ دە» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزگەن رىزۋانگۇل تىنچلىنىپ خاتىرجەم بولۇپ قالدى.

# بەشىنچى باب

تۈن يېرىمىدىن ئۆتكەندە ياغقىلى تۇرغان يامغۇر تاڭ ئاتقۇچە توختىمىدى. ئاسماننى تۇتاش ئىگىلىگەن قارا بۇلۇتلار بىر خىل سۈر بىلەن تۇرۇۋالغان، ئۆز جىسمىدىكى بارلىق سۈنى تۆكۈۋەتمىگۈچە تارقىلمىدىغاندەك ئەمەس. بىرخىلدا يېغىۋاتقان يامغۇرنىڭ تۈگىمەس ناخشىدەك غەمكىن ساداسى تاغ ئارىسىنى تېخىمۇ سۈرلۈك تۈسكە كىرگۈزگەنىدى. يەر بېغىرلاپ تۇرغان ئاقۇچ تۇمان يۇقىرىلىغانسېرى قويۇقلىشىپ، قارىيىپ باراتتى، تاغ تىزمىلىرى تۇمان ئىچىدە كۆرۈنمەي قالغانىدى.

تەرەپ ـ تەرەپتىن شىلدىرلاپ ئېقىپ چۈشۈۋاتقان قىزغۇچ سۇلار بىر ـ بىرىگە قوشۇلۇپ، بۇ سۇسىز سايدا بىر ئۆستەڭ سۇ ھاسىل قىلدى. بارغانسېرى ئۇلغىيىۋاتقان سۇ پەسكە قاراپ شىددەت بىلەن ئېقىپ، ھەيۋەتلىك سادا چىقىراتتى. ھاۋا مۇزلاپ كەتتى، ئادەتتىكى كىيىم بىلەن چېدىردا ئولتۇرغىلى بولمايتتى، شۇڭا ئۇلارنىڭ ھەممىسى قېلىن كىيىملىرىنى، يۇڭ پوپايكا، يۇڭ ئىشتانلىرىنى كىيىۋېلىشقانىدى.

بۈگۈن ئەتىگەنلىك چاي ۋاقلىق ئىچىلدى، ئاشخانا چېدىرى جىمجىت، كۆڭۈلسىز كەيپىياتتا ئىدى، سۆز قىلىشقىمۇ رايى يوقتەك، بىرسىمۇ سۆز قىلمىدى. يىگىتلەر سالپىيىشىپ ئولتۇراتتى، پەقەت ئۈچ قىزلا سەيلەرنى ئۇستەلگە تىزىش، چاي قۇيۇش بىلەن مەشغۇل بولۇپ، ھەرىكەت قىلىپ يۈرەتتى.

كامىل ھەممىدىن كېيىن كىردى. ئولتۇرغانلارغا بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىقىپلا، كەيپىياتنىڭ بوشلىقىنى ھېس قىلدى.

— نېمە، تەبىئەت بىلەن كىندىكىڭلار قوشمىتى، ئۇ تۇتۇلسا، سىلەرمۇ تۇتۇلىۋېلىپ، پەقەت يامغۇرۇڭلارلا كەم، — دېدى كامىل ئولتۇرۇۋالغاندىن كېيىن كۈلۈپ تۇرۇپ. لېكىن ئۇنىڭ ئۆزىنىڭمۇ كەيپى تازا چاغ ئەمەس ئىدى. چىرايىدىن ئۆزىنى كۈلكىگە زورلاۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى. ئىچى پۇشۇپ تۇرغان ئېلىنىڭ ئاغزى ئېچىلدى:

— رىزۋانگۈل يامغۇر پەرىشتىسى، مۇشۇنداق ئولتۇرۇشنى خالىمىساق ئۇنىڭغا ئىلتىجا قىلايلى، — دېدى. رىزۋانگۈل تۇمشۇقىنى ئۇچلاپ، بىر خىل قىيىداش بىلەن ئالىيىپ قويدى.

— ئادەمنىڭ ساڭا ئوخشاش روھى چۈيۈن بولسا، كۆز ياشىمۇ ئۇنتۇپ قالىدۇ، يامغۇرنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەي، قالىدۇ ئېلى.

— مانا ئاغىنىلەر، مەنمۇ قالتىس موللا تاپقاق جۇمۇ، سۆزۈمگە ھېچكىم ئىنكاس قايتۇرمىسا، مەسئۇد چوقۇم ئېغىز ئاچىدۇ دەپ ئويلىغانىدىم، بىزنىڭ بۇ مۇتەپەككۇر چېچەن جۇمۇ، كىمنى قوغداشنى ئاللىقاچان مۇقىملاپ بولغان، — دېدى ئېلى ئىچىۋاتقان چېيىنى قويۇپ. ھەتتا ئۇ سۆزىنىڭ ئاخىرىدا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى كۈلۈشتى، راسلە ھەممىدىن قاتتىق كۈلدى، ئۆزىنى تۇتۇۋالالماستىن رىزۋانگۈلگە ئېسىلىۋالدى. رىزۋانگۈلمۇ باشقىلارغا قوشۇلۇپ كۈلدى ۋە باشقىلاردىن يوشۇرۇن مەسئۇدقا سەپسالدى. مەسئۇد قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ كەتتى. ئادەتتە سۇزۇك مەڭزى تېخىمۇ قىزاردى، خاتىرجەمسىزلىنىپ تۇرۇشىدىن ھودۇققانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى، ئۇ كۈلمىدى، نېمىنىدۇر باشقىلاردىن يوشۇرغاندەك بېشىنى تۆۋەن سېلىۋالدى.

— سەن ئېلى، — دېدى مەخمۇت ئۆزىگە جىددىي تۇس بېرىپ، — قونۇش ئۈچۈن تەمشىلىۋاتقان بۇلبۇلنى دائىم ئۈركىتىۋېتىسەن. قارىغاندا قورسىقىڭ كىچىك ئوخشايدۇ، ھەسەت قىلامسەن تېخى، بۇنى خۇدانىڭ ئۆزى بىلىدۇ.

— راست ئېيتىسەن بۇرادەر، قورسىقىم چوڭ بولۇپ كەتسە، كۆزۈم قازان بىلەن قاچىدىن بىرى بولمىسا، ساقىلىم ئاقارغۇچە بويتاق يۈرىدىغان كۈنگە قالارمەن.

ئېلى بىلەن مەخمۇتنىڭ چىقىشىشى كەيپىياتنى جانلاندۇردى. باشقىلارمۇ مەخمۇتقا ھۇجۇم قىلىپ، ئېلىنى تېخىمۇ ئەدىتىۋەتتى. كامىل بولۇنۇۋاتقان سۆزلەرگە ئەمەس، ئۇنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنغان سەپداشلىرىنىڭ سەمىمىي كۆڭلى، دوستلۇقىغا مەستلىكى كېلىپ، كۈلۈپ ئولتۇردى.

يامغۇر بىر خىلدا يېغىۋاتاتتى، ئاسماندا ئېغىر بۇلۇتلار ئېسىلىپ تۇرىدۇ، ھاۋا بارغانسېرى مۇزلاپ كەتتى، يەردىن ئاقۇچ تۇمان كۆتۈرۈلۈپ، يەر بېغىرلاپ ئاستا - ئاستا يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ، مۇھىت گۈگۈم ۋاقتىدەك غۇۋا.

چاي ئىچىلىپ بولدى. ئۇلار بىر - بىرلەپ تارقىلىپ، ئۆز ئورۇنلىرىدا يوتقانغا ئورىنىپ ئولتۇرۇشتى. رىزۋانگۈل بىلەن راملەمۇ ياتىقىغا كىرىپ يوتقانغا ئورىنىپ ئولتۇردى. يامغۇرنىڭ بىر خىلدا يېغىشىدىن چىققان رىتىملىق ئاۋازىدىن باشقا سادا يوق، بۇ خىل جىملىق ھەرقانداق ئادەمنى خىياللار دۇنياسىغا سۆرەپ كىرىدۇ.

رىزۋانگۈل بۇ ئەترەتكە قوشۇلغاندىن بېرى بىرىنچى بولۇپ ئۇنىڭغا ئالاھىدە تەسىر قىلغىنى مەسئۇد ئىدى. ئۇنىڭ ئېغىر - بېسىق مىجەزى، سالماق ھەرىكەتلىرى، ئىشلارنى ئەستايىدىل، ئىنچىكە قىلىشلىرى رىزۋانگۈلگە ياخشى تەسىر بەرگەنىدى. كېيىنچە مەسئۇدنىڭ ئاز، لېكىن مەزمۇنلۇق سۆزلىرىدىن ئۇنىڭ ئۆتكۈرلىكى، قاراشلىرىنىڭ كەڭ، چوڭقۇرلىقىنى بىلىپ، ئۇنىڭغا نىسبەتەن ھۆرمەت تۇيغۇسى پەيدا بولغانىدى. شۇڭا رىزۋانگۈل ئۆزىگە ئېنىق بولمىغان مەسىلىلەرنى، خەنزۇچە ماتېرىيالدىكى ئۆزى تازا تولۇق چۈشىنەلمىگەن مەزمۇنلارنى تارتىنمايلا ئۇنىڭدىن سورايتتى. مەسئۇد ئۆزىنىڭ قىلىۋاتقان ھەرقانداق ئىشىنى توختىتىپ، قىزغىن ۋە سەمىمىي

چۈشەندۈرەتتى. رىزۋانگۈل شۇ تاپتا بۇلارنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپ، ۋۇجۇدىدا تاتلىق بىر سېزىمنى ھېس قىلدى. ئۇنىڭ خىياللىرى بارغانسېرى چوڭقۇرلاشتى. مەسئۇد كېيىنچە قىزغا قارىماستىن پەقەت كىتاب بېتىگە ياكى ئۈستەلگە، باشقا ياقلارغا قاراپ، ئۇنىڭغا بىر نەرسىلەرنى چۈشەندۈرىدىغان بولۇپ قالدى، ھەتتا بىللە ئۇزاقراق تۇرۇپ قالسىمۇ، بىرەر قېتىممۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا قاراپ قويمايدىغان بولۇپ قالدى. كېيىنكى ئىككى ئايدىن بېرى قىز بىلەن سۆزلەشكەندە سۆزلىرىدىن يېڭىلىدىغان، ئاخىرىنى تاپالماي تۇرۇپ قالىدىغان بولۇپ قالدى. ئۆز ۋاقتىدا ئانچە بىلىنمىگەن، ئادەتتىكىدەكلا بىلىنگەن بۇ ئىشلار ئەمدى رىزۋانگۈلگە شۇنچىلىك ئېنىق، ھەتتا قانداقتۇر بىر مەنىسى باردەك تۇيۇلدى ـ دە، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا مۇنداق مەنزىرىلەر گەۋدىلىنىشكە باشلىدى: رىزۋانگۈلنىڭ قوللىرى مەسئۇدنىڭ قوللىرىغا تېگىپ كەتسە، ئۇ چۆچۈگەندەك بولاتتى، ئاۋۋال سارغىيىپ، كېيىن مەڭزى ۋىللىدە قىزىراتتى، پۈتۈن تېنى تىترىگەندەك بولاتتى. دەل شۇ چاغدا مەسئۇد بىر نەرسىنى باھانە قىلىپ ئورنىدىن قوزغىلاتتى ياكى ھەرىكەت قىلىپ مىدىرلايتتى. كىرپىكلىرى پىلدىرلايتتى، يېنىنى ئاختۇرۇپ تاماكا چىقىرىپ تۇتاشتۇراتتى ۋە ئۇنى چېكىشكە باشلايتتى. بۇلارغا ئۇلىشىپ مەسئۇدنىڭ رىزۋانگۈلنىڭ كۆزى بىلەن كۆزى ئۇچرىشىپ قالسا، ھودۇقۇپ ئەپقاچىدىغانلىقى، بىرقانچە قېتىم ئۆزىگە خۇپىيانە قاراۋاتقانلىقىنى چېلىقتۇرۇپ قالغانلىقى گەۋدىلەندى.

دالا تەكشۈرۈشكە چىققان بىر ئاي ئىچىدە بولۇپ ئۆتكەن ئىشلار رىزۋانگۈلگە قىزىق تۇيۇلدى ـ دە، ئۇ سەل جىددىيلەشتى. كامىل رىزۋانگۈلنى مەقسەتلىك مەسئۇدنىڭ كىچىك گۇرۇپپىسىغا قوشۇپ قويغانمىدۇ؟ بۇ سوئال رىزۋانگۈلنى ئۆزىگە ماگنىتتەك تارتىۋالدى ۋە ئۇنى ۋەسۋەسىگە سالدى. ئەگەر مەسئۇدنىڭ كۆڭلىدە شۇنداق نەرسە بولسا، كامىل بۇنى قوللاپ

ئۇنىڭغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن مۇشۇنداق قىلغان بولسا ـ ھە ... رىزۋانگۇل ئەندىشە ۋە قىسمەن ئەپسۇسلۇق ھېسسىياتىدا مۇنداق بىر ئىشنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى: ھەر بىر كىچىك گۇرۇپپا ئۆزلىرى تەكشۈرگەن ئورۇنلاردىن ھەر خىل تاش ئەۋرىشكىلىرىنى ھەر كۈنى ئېلىپ كېلىۋېرىپ، ئالتە ـ يەتتە كۈندىلا خېلى يىغىلىپ قالدى. ئىش تەقسىماتى بويىچە رىزۋانگۇل ئەمدى دالا تەكشۈرۈشكە چىقماستىن، ئەۋرىشكىلەرنى رەتلەپ كارتوچكا يېزىپ، خالتىلارغا، ئاندىن تەرتىپى بويىچە ساندۇقلارغا جايلاشتۇرۇشى كېرەك. شۇڭا، بىر كۈنى ئەتىگەندە كامىل ئۇنىڭغا تۇرالغۇدا قېلىپ ئۆز ئىشىنى قىلىشنى ئۇقتۇردى. رىزۋانگۇل كۈندۈزى مەسئۇدلار بىلەن تەكشۈرۈشكە چىقىشنى، كەچقۇرۇن جايلاشتۇرۇش ۋەزىپىسىنى تەلەپكە لايىق ئورۇنلاشنى ئېيتىپ تۇرۇۋالدى، شۇ چاغدا كامىل بىر پەس ئويلىنىپ تۇرۇپ قالغان، كېيىن بېشىنى كۆتۈرۈپ رىزۋانگۇلنىڭ كۆزلىرىگە قارىغان ۋە ماختاپ قويۇپ ماقۇل بولغانىدى. شۇ چاغدا كامىل نېمىلەرنى ئويلىغان بولغىيتتى؟ ! مېنىڭ مەسئۇد بىلەن بىرگە ئىشلەشنى تەلەپ قىلىشىمدىن قانداق مەنىلەرنى چىقارغاندۇ؟ ! سىرلىق سوئاللار رىزۋانگۇلنى بىر تەرەپتىن ئارامسىزلاندۇرسا، بىر تەرەپتىن نومۇس تۇيغۇسىنى ئويغىتىپ ئازابلىغاندەك بولدى.

رىزۋانگۇلنىڭ خىياللىرىنى لايغا مىلىنىپ كىرگەن گۇلئايشەمنىڭ تۇرقى ئۈزۈپ تاشلىدى. رىزۋانگۇل بىلەن راملە چېدىرغا كىرگەن گۇلئايشەمنى كۆرۈپ، ۋارقىرىغىنىچە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ كەتتى، كۈلكىلىرىنى بېسىۋالالمىدى. گۇلئايشەمنىڭ ئىككى قولى، ئوڭ تەرىپى، يانپىشى، ئايىغى پاتقاققا مىلىنىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇ يا كۈلۈشنى، يا يىغلاشنى بىلمەي قوللىرىنى كۆتۈرۈپ چېدىرنىڭ ئوتتۇرىسىدا غەلىتىلا تۇراتتى. ئىككى قىز تولا كۈلۈپ پۇكۇلۇپ قالدى، بۇ كۈلكىنىڭ ساداسى ئەرلەر چېدىرىغىچە ئاڭلانغانمۇ ياكى مەخمۇت سىرتقا

چىقىپ ئاڭلاپ قالغانمۇ، ئىشىكنىڭ سىرتىدا شەپە بېرىپ قويۇپ، كېكىرتىكىنى قىرىپ چېدىرنىڭ ئىشىكىدە پەيدا بولدى، ئۇنىڭ كۆزى گۈلئايشەمگە ھەيرانلىق بىلەن تىكىلىپ قالدى، بۇ قاراشتىن ئۆزىچە مەنە چىقارغان گۈلئايشەم:

— نېمانچە قارايسىز، كۆزىڭىزگە جىندەك كۆرۈنۈۋاتىمەنمۇ؟ زاڭلىق قىلماڭ، — دېدى غەمكىن ھالدا.

— نېمىلەرنى دەپ يۈرىدىغانسىز گۈلئايشەم، سىز جىندەك كۆرۈنسىڭىز، دۇنيادا ئادەمدەك كۆرۈنىدىغان ئايال تېپىلماي قالار، ھېلىغۇ لايغا مىلىنىپ كەپسىز، قارا قۇرۇمغا پۈركىنىپ كەلسىڭىزمۇ پەرىزاتتەكلا كۆرۈنىسىز، — دېدى مەخمۇت كۈلۈپ. بۇ سۆز گۈلئايشەمنىڭ چىرايىنى ئېچىۋەتتى، ئۇنىڭ لەۋلىرىدە تەبەسسۇم پەيدا بولدى، ئۇ قاپاقلىرىنى سۈزۈپ، قارا قاشلىرىنى ئوينىتىپ مەخمۇتقا قاراپ قويدى.

— زادى نېمە بولدىڭىز؟ ئاۋايلاپ ماڭسىڭىز بوپتىكەن، — دېدى كۈلكىدىن توختىغان رىزۋانگۈل ئۇنىڭغا يېقىن كېلىپ.

— مېڭىپ يىقىلىپ چۈشمەمدىمەن، سۇ قالمىغان، بۇلاقتىن سۇ ئېلىپ، كۆتۈرۈپ كېلىۋېتىپ ...

— ھەي گۈلئايشەم، — دېدى خېلىدىن بېرى گۈلئايشەمدىن كۆزىنى ئۈزمەي تىكىلىپ تۇرغان مەخمۇت، — مېنى ھايتلا دېسىڭىز تەييار قىلىپ بەرمەمدىم، — گۈلئايشەم بېشىنى بۇراپ مەخمۇتقا قارىدى، كۆزى ئۇنىڭ تەلمۈرۈپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. شۇئان ۋۇجۇدىنى ئىسسىق ئېقىم زىلزىلىگە سېلىپ ئۆتتى، كۆڭلى بىر نەرسىنى تۇيۇپ بېشىنى تۆۋەن سېلىۋالدى. مەخمۇت:

— مەن كەتتىم، — دېدى ـ دە، ئارقىغا ئۆرۈلۈپ چېدىردىن چىقىپ كەتتى.

گۈلئايشەم كىيىملىرىنى يەڭگۈشلەپ، يۇيۇندى، تاراندى، ئۇنىڭ مۇزلاپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن رامىلە بىلەن رىزۋانگۈل ئىسسىنىۋېلىشى ئۈچۈن ئۇنى زورلاپ يوتقانغا چۈمكەپ قويدى.

يامغۇر شۇ كۈنى يېرىم كېچىلەردە توختىدى، ئەتىسى قۇياش شەرقتىن پارلاپ چىقتى. ئاسمان سۈزۈك، بىر پارچىمۇ بۇلۇت يوق، قۇياش نۇرى ئىللىق، تازىلانغان تاغ هاۋاسى كىشىگە هۇزۇر بېرىدۇ. لېكىن ئۇ كۈنى تەكشۈرۈشكە چىققىلى بولمايتتى. شۇڭا ئۇلار ۋاقلىق ئىچىلگەن ئەتىگەنلىك چايدىن كېيىن يوتقان – كۆرپە، كىيىم – كېچەكلىرىنى ئاپتاپقا يېيىشتى، ئۆزلىرىمۇ كۆز ئاپتىپىغا بىرقانچە سائەتتىن قاقلىنىشتى.

ئۈچىنچى كۈنى ئەتىگەندە كىچىك گۇرۇپپىلار بىر – بىرلەپ يولغا چىقتى، لېكىن رىزۋانگۈل ئارىسالدا بولۇپ قالدى. مەسئۇدنىڭ گۇرۇپپىسى بىلەن دالا تەكشۈرۈشكە چىقىش ئەمدى ئۇنىڭ ئۈچۈن قورقۇنچلۇق بىلىنىپ، كۆڭلىنى پاراكەندە قىلدى. ئۇ بىر نەرسىدىن مەھرۇم بولۇپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ جۈرئىتىنى يوقاتتى. قانداق قىلىشنى بىلمەي قىينالدى، پەقەت بىرلا ئوي ئۇنى خاتىرجەم قىلىدىغاندەك قىلاتتى. ئۇ بولسىمۇ باش گېئولوگدىن سوراش. ئۇ رىزۋانگۈلنىڭ مەسئۇد گۇرۇپپىسى بىلەن دالا تەكشۈرۈشكە چىقىشىغا رۇخسەت قىلسا، كۆڭلىگە ئالمىسا، يەنە كېلىپ باشقىچە چۈشىنىپ قالمىسا، ئۇ قەپەستىن قويۇۋېتىلگەن قۇشتەك ئەركىن بولۇپ كېتەتتى. رىزۋانگۈلنىڭ بۇ ئەركىنلىكىنى كىم چەكلەپ قالدى؟ ئۇنىڭ باشلىقى رىزۋانگۈلنىڭ ئەركىنلىكىگە چاڭ سالمىغان ئىدىغۇ ... ئۆزىنىڭ ئەمدىكى قىلىدىغان ئىشلىرى كامىلنىڭ رازىلىقىنى ئېلىش، هەتتا ئۇنىڭ كۆڭلىنىڭ ئىچكىرى يەرلىرىدىن رازىلىقىنى، ماقۇللىقىنى ئېلىش رىزۋانگۈلگە نېمە ئۈچۈن بۇنچىلىك زۆرۈر بولۇپ قالدى، كامىلنىڭ رازىلىقى ئۇنى غەم – ئەندىشىدىن، قىسىلىش، قورقۇشتىن ئازاد قىلىدىغان، هەتتا خۇشال قىلىدىغان شۇنداق هېكمەتكە ئىگىمۇ؟! رىزۋانگۈل بۇلارنى ئويلاپمۇ قويمىدى، بەلكى بۇلارنى ئويلاش ئۇنىڭ چۈشىگىمۇ كىرمىگەندۇ. ئۇنىڭ پۈتۈن پىكىر – خىيالى كامىلنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئىجازەت سوراش، شۇ چاغدا ئۇنىڭ نۇرلۇق كۆزلىرىگە

قاراپ ئاغزىدىن چىققان بىلەن كۆڭلىدىكىنىڭ بىر ياكى بىر ئەمەسلىكىنى بىلىش.

رىزۋانگۈل 3 ـ قېتىم كامىل تۇرىدىغان چېدىرنىڭ ئىشىكى ئالدىغا بارغاندا غايىۋى بىر كۈچنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئىشىك پەردىسىنى قايرىپ، چېدىر ئىچىگە كىردى. بىردىنلا ئۇنىڭ يۈرىكى تەرتىپسىز سىلىپ كەتتى، بەدىنىگە تىترەك ئولاشتى، كۆزلىرىگە ھەممە نېمە تۇمان ئىچىدە قالغاندەك كۆرۈندى. يا ئالدىغا مېڭىشنى، يا گەپ قىلىشنى بىلەلمەي غەلىتىلا تۇرۇپ قالدى.

ــــ كېلىڭ رىزۋانگۈل، ــــ دېدى كامىل يېزىشنى توختىتىپ. ئۇ ئورنىدىن تۇردى، رىزۋانگۈلگە بىرقانچە سېكۇنت دىققەت بىلەن قارىغاندىن كېيىن:

ــــ نېمە، مىجەزىڭىز يوقمۇ؟ چىرايىڭىز سارغىيىپ كېتىپتۇ، باشقىچىلا بولۇپ قاپسىزغۇ؟ ــــ دېدى سەممىي تەلەپپۇزدا. ئۇ شۇ سۆزلەرنى قىلغاچ رىزۋانگۈلنىڭ يېنىغا كېلىپ بولغانىدى، ــــ قېنى ئولتۇرۇڭ، ــــ دېدى كامىل بىر قولى بىلەن ئورۇندۇقنى كۆرسىتىپ. يەنە بىر قولىنى قىزنىڭ دولىسىغا يېنىك تەگكۈزۈپ ئالدىغا ماڭدۇردى. قىزنىڭ ۋۇجۇدىغا ئىسسىق بىر ئېقىم شۇرۇلدە كىرىپ، ئۇنى ئۇيقۇدىن ئويغانغاندەك ئەندىكتۈردى. كۆز ئالدىدىكى ھەممە نەرسە يورۇپ كەتتى، ئۇ كامىلنىڭ كۆزىگە قاراپ ئىللىق تەبەسسۇم قىلدى. يېنىك بىر تىنىۋېلىپ ئورۇندۇقتا ئولتۇردى. ئۆزىنىڭ ئورنىدا باشقىدىن ئولتۇرۇۋالغان كامىل بېشىنى كۆتۈرۈپ رىزۋانگۈلگە دادىل تىكىلدى، بىر جۈپ كۆز ئۇچراشتى. ئەمما، قىزنىڭ كۆزى بەرداشلىق بېرەلمىدى.

ــــ مانا ئەمدى بىر ئوبدان بولۇپ قالدىڭىز، مەڭزىلىرىڭىزمۇ قىزىرىپ.

ــــ مەن ھېچ نەرسە بولمىدىم، كەيپىممۇ شۇنداق ياخشى، سالامەتلىكىممۇ ياخشى.

— بەلكىم ماڭا شۇنداق تۇيۇلغاندۇ، — ئوتتۇرىغا جىمجىتلىق چۈشتى. ھەر ئىككىسى ئۆز خىيالى بىلەن. رىزۋانگۈل كۆڭلىدىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن سۆزنى قانداق قىلىشنى ئويلاۋاتاتتى، ھازىر ئۇ سۆزنى چىقىرىش رىزۋانگۈلگە ئاسان چۈشىدىغاندەك ئەمەس، يوشۇرۇپ تۇرغان بىر سىر ئاشكارىلىنىپ قالىدىغاندەك بىر خىل تۇيغۇ ئۇنىڭ ئاغزىنى ئېچىشىغا يول بەرمەيۋاتاتتى.

ھايات ئۆزى سالغان مۈشكۈللۈكنى، بەزىدە ئۆزى ئاسانلاشتۇرىدۇ. سىرتتىن ئېلىنىڭ يولغا چىقىشقا قىزنى چاقىرغان ئاۋازى ئاڭلاندى. رىزۋانگۈل بېشىنى كۆتۈرۈپ كامىلغا ئۆتۈنۈش، جاۋاب كۈتۈش نەزەرى بىلەن تىكىلدى. بۇ تىكىلىش شۇنداق دادىل ۋە ئىنتائەتمەنلىكنى ئىپادىلىگەنىدى.

— ئۇلار ئالدىرىتىۋاتىدۇ، يول يىراق، — دېدى كامىل قىزدىن سۆز چىقامدىكىن دېگەن ئۈمىدتە.

— ئۇلار بىلەن بىرگە بارايمۇ؟! — بۇ سۆز شۇنداق سەممىمي تەلەپپۇزدا ئېيتىلدىكى، كامىلنىڭ كۆزلىرى تېخىمۇ يوغىناپ، قېتىپ تۇرۇپلا قالدى، لېكىن تېزلا ئۆزىنى ئوڭشىۋالدى.

— ئۆزىڭىزنىڭ تەلىپىغۇ، ھازىرغىچە بىرگە چىقىپ كېلىۋېتىپ ...

— سىز رۇخسەت قىلامسىز؟ — رىزۋانگۈل قايتۇرۇپ سورىدى. كامىل تەبەسسۇم، قاش، كۆزى بىلەنلا رۇخسەت قىلغانلىق مەقسىتىنى بىلدۈردى.

شاۋقۇن - سۈرەنسىز، جىمجىت تاغ ئارىسىدا كۈز قۇياشىنىڭ ئىللىق نۇرى تەكشى چېچىلىپ تۇراتتى، تۇرالغۇدا كامىل، رامىلە، گۈلئايشەملەر قالدى. ئىككىسى ئاشخانىدا مۇڭداشقاچ نېمىلەرنىدۇر قىلىۋاتاتتى. كامىل بولسا، ئۆزى بىلەن ئۆزى مۇڭدىشىپ تۈگىمەس خىياللار بىلەن ئولتۇراتتى. رىزۋانگۈل ئۇنىڭ تىنىق كۆڭلىگە تاش ئېتىپ، ئۇنى داۋالغۇتىۋەتتى. رىزۋانگۈلنىڭ بۇگۈنكى كۆرۈنۈشى غەلىتىدەك قىلىسىمۇ، كامىل

بۇنىڭ تىپىگە يەتتى، مەنىسىنى چۈشەندى. كامىل شوخ، ھەبىسسىياتچان يىگىت ئىدى. ئۇ ئەسلىدە سەنئەتكە ھەۋەس قىلاتتى. سەنئەتچى بولۇشنى ئارزۇ قىلاتتى، كىچىكىدىن تارتىپ باشقىلارنىڭ زوقىنى كەلتۈرگۈدەك ناخشا ئېيتاتتى، ئاۋازىمۇ ياڭراق، يېقىملىق ئىدى. تەمبۇر چېلىشنىمۇ تېز ئۆگىنىۋالغان، ئوغۇل، قىز ساۋاقداشلىرى ئىچىدە مۇشۇ تەرەپتىنمۇ ئالاھىدە ھۆرمەتكە ئىگە ئىدى. خېلى - خېلى قىزلارنىڭ قەلب كۆڭلىگە تاش بولۇپ چۈشۈپ، ئۇ يەردە دولقۇنلارنى پەيدا قىلغانىدى. مەشرەپ كۆرگەن ۋە ئۇنىڭ كۆزى بولغان يىگىت ئۆزىگە تىكىلگەن قىزلار كۆزلىرىنىڭ تېگىدە نېمىلەرنىڭ بارلىقىنى بىر قاراشتىلا بىلىۋالىدۇ. كامىلمۇ بۇگۈن رىزۋانگۈلنىڭ تەمتىرەپ، قورۇنۇپ قاراشلىرىدىن ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا كۆتۈرۈلۈۋاتقان غەلياننىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى پەملىدى - دە، ئىختىيارسىز ئويغا كەتتى. رىزۋانگۈلنىڭ ئىش بىلەن ئۆزىنىڭ ئالدىغا كىرگەن ۋاقىتلاردىكى بىر تاتىرىپ، بىر قىزىرىپ كېتىشلىرى ئەمدى ئۇنىڭغا مەنىلىك بىلىندى. ئۇنداق چاغلاردا رىزۋانگۈل ئارتۇقچە گەپ قىلمايتتى، بىر نەرسە ئاشكارىلىنىپ قالىدىغاندەك بىر - ئىككى جۈملە بىلەنلا دېمەكچى بولغىنىنى ئۇقتۇرۇپ جىم بولاتتى، كامىلغا پەقەت تىكىلىپ قارىمايتتى.

بىردىنلا كامىلنىڭ كۆز ئالدىدا مۇنداق بىر مەنزىرە گەۋدىلەندى. ھېلىقى ئولتۇرۇش قىلغان ئاخشىمى كامىل پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن تەمبۇر چېلىپ، زوق بىلەن ناخشا ئېيتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ كۆزى يۇمۇق ئىدى. ماڭلايلىرىدىن تەر چىقىشقا باشلىدى. بىر چاغدا ئۇنىڭ خىيالىدا بىر جۈپ كۆز ئۇنىڭغا تىكىلگەن، بۇ كۆز ئۇنىڭغا تونۇش، شۇنداق مەيۈس، شۇنداق سۆيۈملۈك ۋە شۇنداق قورقۇنچلۇق، بۇ گۈزەللىنۇردەك قىلاتتى. كۆزىنى يۇمۇپ تۇرۇۋېرىشكە تاقەت قىلالمىغان كامىل كۆزىنى ئاچتى، ئۆزىگە تىكىلگەن رىزۋانگۈلنىڭ بىر جۈپ كۆزىنى كۆردى، كىرپىكلىرىدىكى باھار شەبنىمىدەك زۇمرەت

تامچىلارنىمۇ ئېنىق كۆردى. بۇ سېكۇنت ئارىلىقىدا بولۇپ ئۆتكەن مەنزىرە كامىلنىڭ كۆز ئالدىدا ئۇزۇن بىر مۇساپە بولۇپ تىكلەندى. كامىل ئۆز خىياللىرىدىن ئۆزى ئۇيالدى ـ دە، كاللىسىدىن قوغلاپ چىقىرىش ئۈچۈن يېزىۋاتقان ماتېرىيالىنى داۋاملاشتۇرماقچى بولدى، بىراق خېلى ئۇزاق ۋاقىت قەلەمنى قەغەزگە تىرەپ تۇرغان بولسىمۇ، بىر سۆزمۇ يازالمىدى، شۇنچىلىك ھەرىكەت قىلىپمۇ پىكرىنى يىغالمىدى. گۈزەلنۇر، رىزۋانگۈل، مەسئۇدلار ئۇنىڭ كاللىسىدا بىر ـ بىرىگە ئارىلىشىپ كەتتى. كامىل قولىدىكى قەلەمنى قويۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. چېدىرنىڭ ئىچىدە ئۇياقتىن ـ بۇياققا ماڭغىلى تۇردى. ئۇ ئۆزىنىڭ باشقىچىلا كەيپىياتقا كىرىپ قالغانلىقىغا ھەيران بولدى، يېقىنقى ئۈچ ـ تۆت يىلدىن بېرى ئۇ ئۆزىنى بىر خىل تۇتۇپ ياشاۋاتاتتى. ھەممىنى، ھەتتا ھېسسىياتىنىمۇ ئەقلىگە بويسۇندۇرۇپ، تىپتىنچ كېلىۋاتاتتى. سېغىنىش، پىراق، ھەسرەت، خورلۇق، غورۇر، سۆيگۈ ھەممىسى بىر ـ بىرى بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن مۇرەككەپ ھېسسىياتلارنىمۇ ئەقلىنىڭ كۈچى، ئىرادىسى، جاسارىتىگە بويسۇندۇرۇپ ياشاپ كەلگەنىدى. پەقەت ھاراق ئىچكەندىلا سېغىنىش بىلەن خورلۇقى ئۈستۈن كېلىپ مۇڭلىنىپ قالاتتى. ئۇنىڭ ئىڭراۋاتقان قەلبى چىرايىغا تېپىپ چىقىپ ئۆزىنى كۆرسىتەتتى. كۆڭۈل ھەسرەتلىرى چېكىگە يەتكەندە ئۇ ئولتۇرۇشلاردىن جىمجىت ئايرىلىپ، تەنھا ھالدا ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن چىگىچ خىياللار بىلەن ئاستا ـ ئاستا ئۆزىنى باساتتى. لېكىن ئۇ بۈگۈن باشقىچە، ئىرادىسى ئاجىزلاپ كەتكەندەك ھېس ۋە خىياللىرىنى ئۆزى ئادەتلەنگەن يولغا سېلىشقا شۇنچىلىك ئۇرۇنۇپ باقسىمۇ نەتىجە چىقمايۋاتاتتى. ئۇنىڭ ھېسسىيات توغىنى ئېلىپ كەتكەن، ئۈچ ـ تۆت يىلدىن بېرى يىغىلىپ قالغان ياشلىقنىڭ تەبىئىي خاھىشلىرى توپان بولۇپ ۋۇجۇدىغا يامرىغاندەك قىلدۇ. بۇلار يىگىرمە ياشتىكى جۇشقۇنلۇق دەۋرىگە ئوخشاش شىددەتلىك، دولقۇنلۇق، ئاسان

بولسىمۇ، سۈزۈك ئەمەس تۇمانلىق، ساپ ئەمەس مۇرەككەپ، خۇشلۇق بىلەن ئازاب ئارىلىشىپ كەتكەن. بەلكىم بۇ كامىلنىڭ تەبىئىي خاھىشى، جىسمانىي ھەم مەنىۋى ئىنتىلىشلىرىنىڭ ئىسيانى، جار سېلىشىدۇ، قەلبىنىڭ چۇقانى، يۈرىكىنىڭ ھۆكمىدۇ.

كامىل چېدىر ئىچىدە ئۇياقتىن ـ بۇياققا توختىماي ماڭاتتى. بىر ـ بىرىگە ئۇلاپ تاماكا چېكەتتى. ئۆزى ئارتۇقچە دېگەن ھېسسىياتلارنى بېسىش، خام خىيال دەۋاتقان پىكىرلەرنى كاللىسىدىن چىقىرىۋېتىش ئۈچۈن پۈتۈن كۈچى بىلەن ھەرىكەت قىلاتتى. جىمجىت تاغ ئارىسىنى جاراڭلىتىۋەتكەن قاتتىق كۈلكە ساداسى كامىلنىڭ خىيالىنى ئۆتكۈر خەنجەردەك كەستى. كۈلكە ئاشخانىدىكى رامىلە بىلەن گۈلئايشەمنىڭ ئىدى. بىر ـ بىرىگە تەڭكەش قىلىۋاتقاندەك چىقىۋاتقان كۈلكە خېلى ئۇزاق داۋاملاشتى. بۇنىڭغا زوقى كەلگەن كامىل ئىختىيارسىز ھالدا ئىشىنى بىلىپ باقماقچى بولدى ـ دە، ئۆزىنىڭ چېدىرىدىن چىقتى.

رامىلە بىلەن گۈلئايشەمنىڭ كۈلكىسى چىپ توختىدى، چۈنكى ئىشىك پەردىسىنى قايرىپ كىرگەن كامىلنى ئىككى جۈپ كۆز تەڭلا كۆرگەنىدى. ئۇ قىزلارغا قاراپ كۈلۈمسىرىدى.

ــ خاتىرجەملىكىڭىزنى بۇزۇپ، ئىشىڭىزغا تەسىر يەتكۈزۈپ قويدۇقمۇ نېمە باشلىق؟ ــ دېدى گۈلئايشەم ئوڭايسىزلىنىپ. ئاستا ئۇلارغا يېقىنلاشقان كامىل:

ــ مەن خېلى ۋاقىتتىن بۇيان بۇنداق كۈلكىنى ئاڭلاپ باقماپتىمەن، گۈلئايشەم. سىزگە نەچچە قېتىم ئېيتتىم، باشلىق دېمەڭ. كامىل ئاكا دەڭ. ئاكا دېيىشنى خالىمىسىڭىز كامىل دەۋېرىڭ، ــ گۈلئايشەم بىر نەرسە دېيىشكە ئاغزىنى ئېچىۋىدى، رامىلە سۆز باشلىدى:

ــ كۈلكىنىڭمۇ سۈپىتى بار ئوخشايدۇ، بىز ناھايىتى يېقىمسىز كۈلگەن ئوخشايمىز، شۇنداقمۇ؟

— بۇ دوختۇرنىڭ سۆزى بولماي قالدى راملە، — دېدى كامىل كۈلۈمسىرەپ، — ئادەمنىڭ ئىچ - باغرىدىن چىققان تەبىئىي كۈلكىسىنىڭ ئاۋازى باشقىچە بولىدۇ. ئاڭلىغۇچىنىمۇ شۇنچىلىك ھۇزۇرلاندۇرىدۇ، كۈلگۈچىنىڭ ئۆزىگە بەرگەن ھۇزۇرىنى تەسەۋۋۇر قىلىش ھەقىقەتەن تەس.

— راست، — دېدى گۈلئايشەم كامىلنىڭ سۆزىنىڭ مەنىسىگە چۈشىنىپ، — كۆزدىن ياش چىققۇدەك كۈلسە ئادەمنىڭ ئىچى كېڭىيىپ يورۇپ كەتكەندەك بولىدۇ. مەن راسا ياش تۆكۈپ يىغلىۋالسامۇ، راھەتلىنىپ قالىمەن، — راملە بىلەن كامىل بۇ دېھقان چوكاننىڭ سۆزىگە زوقلىنىپ قالدى. راملەنىڭ ئۇنى گەپكە سالغۇسى كەلدى بولغاي، قىلىۋاتقان ئىشىنى توختىتىپ ئۇنى ئولتۇرغۇزدى. خېلى ئارامىغا چۈشۈپ قالغان كامىلنىڭمۇ چىقىپ كەتكۈسى كەلمىدى، ئۇمۇ ئولتۇردى.

— بىز بىلەن بىرگە بولغىلى يىغلاپ باقمىدىڭىزغۇ گۈلئايشەم؟ — دېدى راملە گەپ ئېلىش ئۈچۈن.

— خانىم قىز، نېمىگە يىغلايتتىم، كۈلكىدىن ئاغزىم يۇمۇلماي قېلىۋاتسا، يىغلاشقا نەدە ۋاقتىم؟

— ئۆيىڭىزنى سېغىنمامسىز؟ كۆرگۈڭىز كەلمەمدۇ؟

— سېغىنغۇدەك نېمىسى بار ئىدى، قايسىبىر خۇشاللىقلىرىنى ئەسلەيمەن. قانغۇدەك كۈلگەن ۋاقىتلىرىم قىز ۋاقتىمدا تۈگەپ بولغان ئوخشايدۇ. مۇشۇ بىر ئايدىن بېرى خۇشاللىقنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى باشقىدىن تېتىۋاتىمەن، رىزۋانگۈل بىلەن ئىككىڭىزلەر قېرىندىشىمدىن يېقىن، يىگىتلەر بىر - بىرىدىن ياخشىكەن.

— ئۇنداقتا بىزنىڭ بۇ توپ سىزگە يېقىپ قاپتۇ - دە، — دېدى كامىل گۈلئايشەمگە قاراپ، — ئايرىلىپ كەتسەك راستلا يىغلايدىغان ئوخشايسىز.

— ئايال خەقنىڭ كۆڭلى يۇمشاق، نازۇك بولىدۇ، ياخشى يېمىسىمۇ، ياخشى كىيمىسىمۇ كۆڭلى خۇش بولسىلا شۇنىڭغا

رازى، ئەپەندىم. سىزنىڭ كۆرۈنۈشىڭىز ئادەمنى ئەيمەندۈرگۈدەك بولسىمۇ، كۆكسى ـ قارنىڭىزنىڭ كەڭلىكىنى، رەھىمدىللىكىڭىزنى يوشۇرۇپ كېتەلمەيدۇ. شۇڭا، سىزمۇ شۇنداق يېقىملىق تۇيۇلىسىز، ـــ ئاددىي بىر دېھقان ئايالنىڭ سەزگۈرلۈكىگە قايىل بولغان كامىل ئۇنىڭغا زوق بىلەن بىر پەس قاراپ قالدى. راملە بولسا ھەممىسى كۆرۈپ، بىلىپ تۇرغان، لېكىن يۈز تۇرا ئېيتىپ باقمىغان سۆزلەرنى گۈلئايشەمنىڭ سۇ تۆكۈلگەندەك شار ـ شۇرلا ئېيتىۋەتكىنىگە ھەيران قېلىپ پىخىلداپ كۈلدى. گۈلئايشەم سەل ئوڭايسىزلانغاندەك بولدى.

ـــ نېمە راملە، مەن دېمەيدىغان گەپنى قىلىپ قويدۇممۇ؟ ! ـــ دېدى راملەگە سوئال نەزەرى بىلەن قاراپ. راملە ئېغىز ئاچقۇچە كامىل:

ـــ ياق گۈلئايشەم، راست گەپنى قىلدىڭىز، سىزنىڭ سەممىي سۆزلىرىڭىز ئادەمنى سۆيۈندۈرىدۇ، كۆڭلى پاك ئادەملەرلا مۇشۇنداق بولىدۇ. ئېيتىڭە، مېنىڭ كۆرۈنۈشۈم شۇنداق قورقۇنچلۇقمۇ؟ ـــ دېدى.

ـــ بىز ئۇنى قورقۇنچلۇق دېمەيمىز، قورقۇنچلۇق نەرسىدىن ھەممە ئادەم قاچىدۇ، ھەممىسى سىزگە ئىنتىلىپ تۇرسا. ئۇنى سۈرلۈك دەيمىز، ئادەمنى ئەيمەندۈرىدۇ، ھودۇقتۇرۇپ قويىدۇ. كۆڭلۈمدىكى گەپنى ئېيتسام سۈرلۈكلۈك سىزگە ياراشمايدىكەن.

ـــ ئۇنداقتا ئاتايىن شۇنداق بولۇۋالغاندەك كۆرۈنىدىكەنمەن ـ دە، ـــ دېدى كامىل چوڭقۇر خىيال ئىچىدە. گۈلئايشەممۇ نېمىنىدۇر خىيالىدىن ئۆتكۈزۈۋاتقاندەك جىم بولۇپ قالدى. راملە كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا كامىلنى كۆزەتتى. ئارىغا سۈرلۈك جىمجىتلىق چۈشتى. پەقەت ئۈچ كىشىنىڭ بىر ـ بىرىگە ئۇلىشىپ چىقىۋاتقان تىنىقلىرىنىڭ ئاۋازىلا ئېنىق ئاڭلىناتتى.

كامىل ئورنىدىن ئاستا تۇردى، ئۇ بىر نەرسە دېيىشكە تەمشىلىپ راملە بىلەن گۈلئايشەمگە قارىدى ـ يۇ، توختاپ قالدى. ئىككى جۈپ كۆز كامىلغا ھەيرانلىق بىلەن تىكىلدى.

كامىل كەيىنىگە ئۆرۈلۈپ تېز ـ تېز قەدەم تاشلاپ چېدىردىن چىقىپ كەتتى.

— كامىلغا نېمە بولدى، ئۇ باشقىچىلا بولۇپ قالدىغۇ؟ — دېدى رامىلە ھەيرانلىق بىلەن.

— ئۇنىڭ يۈرىكىدە ئېغىر ئازاب بار ئوخشايدۇ، مېنىڭ بەك ئىچىم ئاغرىپ كەتتى، — دېدى گۈلئايشەم ئۆز ـ ئۆزىگە سۆزلىگەندەك.

— سىز، گۈلئايشەم قانداق بىلىسىز؟ — دېدى رامىلە تېخىمۇ ھەيرانلىق بىلەن.

— سىزگە تېخى بالدۇر، بىز ئاسان سېزىۋالىمىز...

# ئالتىنچى باب

## 1

يېرىم كېچە. كۈز ئاسمىنى بۇلۇتسىز، ئوچۇق، ئون بەش كۈنلۈك تولۇنئاي تاغ ئارىسىنى سۈتتەك يورۇتقان، چېدىرنىڭ ئوچۇق تۇرغان تۈڭلۈكىدىن شۇڭغۇپ كىرگەن ئاي شولىسى تۆت بۇرجەك ئەينەككە ئوخشاش چېدىرنىڭ تېمىغا ئېسىقلىق تۇراتتى. ئۇ چېدىر ئىچىنى غۇۋا يورۇتۇپ تۇراتتى. تەبىئەت شېرىن ئۇيقۇغا چۆمگەن.

گۈلئايشەمنىڭ ئۇيقۇسى قاچقان، كىرپىكلىرى جۇپلىشەي دېمەيدۇ. ئۇزۇكسىز بوران ئۇرۇپ تۇرغان كۆل سۈيىدەك ئۇنىڭ خىياللىرى توختىماي داۋالغۇيدۇ. ئۇ ئۆمرىدە مۇنداق بولۇپ باقمىغان، بۇنچىلىك خىياللار ئۇنىڭغا قەيەردىن كېلىپ قالدى! گۈلئايشەمنىڭ ئۆزىمۇ بۇنى چۈشەنمەيدۇ، لېكىن ئۇ ھەيران قالمىدى، ئەجەبلىنىپمۇ كەتمىدى. خۇددى شۇنداق بولۇشقا تېگىشلىكتەك ھېسسىياتتا خىياللىرىنى داۋاملاشتۇراتتى.

گۈلئايشەمنىڭ ئۇيقۇسىنى قاچۇرۇپ، خىياللارغا سۆرەپ كىرگەن مەخمۇت ئىدى. ئۇنىڭ قاراشلىرى يېقىندىن بېرى باشقىچە، تۇرۇپ - تۇرۇپ گۈلئايشەمنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قارايدۇ. ئۇ نېمىنى ئىزدەيدۇ ! ؟ بۇنى گۈلئايشەم سېزىدۇ، ئۇنىڭ نېمە تەمە قىلىۋاتقىنىنى بىلىدۇ. ئەر كىشىنىڭ ئۆزىگە ھە دېسىلا قارىشى، كۆزىنىڭ ئىچىگە تىكىلىشى، كۆپرەك گەپكە تۇتۇپ يېنىدا ئۇزاقراق تۇرۇشى، مۇئامىلىدە سىلىق بولۇپ يېقىنچىلىق قىلىشلىرىنىڭ مەنىسىنى چۈشەنمەيدىغان ئايال

بولمايدۇ.

مەخمۇتنىڭ پۇرسەت تېپىپ گۈلئايشەمنىڭ يېنىغا كېلىۋېلىپ گەپكە سېلىشى، يېقىملىق قاراپ قويۇشلىرى ئۇنى چۆچۈتمىدى، زېرىكتۇرۇپمۇ قويمىدى. نېمىشقىدۇر پەخىرلىنىش تۇيغۇسىنى قوزغاپ، ئۇنىڭ ئاياللىق غۇرۇرىنى ئۆستۈردى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا مۇنداق بىر سېلىشتۇرما روشەن گەۋدىلەندى: تونۇشماي تۇرۇپ تەگكەن ئېرىنىڭ قاراشلىرى ھېچقانداق مەنە بەرمەيدۇ، نۇرسىز، خۇددى قارا مونچاق پارقىراپ تۇرغانغا ئوخشايدۇ. ئۇ يېقىنچىلىق قىلىشنى بىلمەيدۇ. كۆڭۈلگە ياققۇدەك بىرەر ئېغىز سۆز قىلىشنىمۇ بىلمەيدۇ، بېشى ياستۇققا تېگىشى بىلەن خورەك تارتىدۇ. گۈلئايشەم ئېرىدىن بىر قېتىم قانغۇدەك سۆيۈنگىنىنى، يېقىنچىلىق ھېسسىياتى قوبۇل قىلغىنىنى بىلمەيدۇ. ئۇ مەخمۇتتىن باشقىچە يېقىملىق تەسىرلەرنى ئېلىپ، كۆڭلى سۆيۈنگەندەك بولىدۇ، تومۇرىدىكى تىنىق قانلىرى باشقىدىن دولقۇنلانغاندەك، بۇنىڭغا بىر خىل شېرىنلىك، تىل بىلەن ئۇقتۇرغۇسىز، كۆڭۈلنىڭ بىر يېرىدە سەزگۈدەك لەززەتنىڭ بارلىقىدىن كۆڭلى خۇش بولىدۇ. شۇڭا يېقىندىن بېرى گۈلئايشەمنىڭ قېنىپ ـ قېنىپ كۈلۈشلىرى كۆپىيىپ قالغان، ھە دېسىلا چاقىلداپ سۆزلەپ كېتىدۇ، ئۆزىنى تۇتۇشى، مېڭىش ـ تۇرۇشىمۇ ئۆزگەرگەن، كۆزلىرى چاقنايدۇ، قانداقتۇر مەنىلەرنى يوشۇرغاندەك قىلىدۇ. گۈلئايشەم ئۆزىنىڭ خىياللىرىدىن ئۆزى زوقلاندى، كۆكسى ـ قارنى يورۇپ كەتكەندەك بولۇپ ھوزۇرلاندى. ئەمدى مەخمۇت ھەققىدە خىياللىرىنى بىمالال داۋاملاشتۇردى. ئۇنىڭ سۆزلىرىنى بىر ـ بىرلەپ ئەسلەشكە باشلىدى.

«بەك چىرايلىق ئىكەنسىز گۈلئايشەم.» بۇ مەخمۇتنىڭ گۈلئايشەمنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىپ تۇرۇپ ئېيتقان سۆزى. گۈلئايشەم ھەقىقەتەن چىرايلىق چوكان، ئۇنىڭ سوزۇلۇپ تۇرىدىغان قارا قاشلىرى بۇلاقتەك بىر جۈپ كۆزىگە ئاجايىپ باب

زىننەت ئىدى. ئەتىدىن ـ كەچكىچە ئېتىزدا يۈرگىنىگە قارىماي تېرىسى تۇرپانىنىڭ سايۋا ئۈزۈمىدەك سۇزۇك، جىنەستىدەك لەۋلىرى تەڭرى گىرىم قىلىپ قويغاندەك ئىدى. كېلىشكەن تۇرقىغا ئالمىدەك، تىك تۇرغان چىلىڭ بىر جۈپ كۆكسى بەكمۇ ياراشقانىدى. تېقىمىدىن ئېشىپ تۇرىدىغان ئىككى ئۆرۈم تۇم، قارا چاچلىرى مېڭىشىغا ماسلىشىپ رىتىملىق چايقالسا، ھەرقانداق ئەركەك زاتىنىڭ قانلىرى داۋالغۇپ، يۈرەكلىرى دۈپۈلدەيتتى، پەقەت گۈلئايشەمنىڭ يۈتىسى چوڭراق ئىدى.

«مۇشۇ ھۆسنىڭىز بىلەن شەھەرگىلا لايىق ئىكەنسىز»، «ھەي، بۇرۇنراق ئۇچراتقان بولسام، ئۇتقا كىرىپ بولسىمۇ ئۆزۈمگە خوتۇن قىلىۋالاتتىم»، «ھەي ... ئىسىت ...» مەخمۇت بۇ سۆزلەرنى گۈلئايشەم تەنھا ۋاقىتلاردا ماراپ تۇرغاندەك پەيدا بولۇپ، ئۇنىڭ قۇلىقىغا شىۋىرلىغاندەك پەس ئاۋازدا سۆزلىگەن. چوكاننىڭ كۆڭلى سىرلىق سۆيۈنگەن بولسىمۇ، ئۇنى بىلدۈرمەسلىك ئۈچۈن «خوتۇنىڭىز تۇرۇپ، ئۇنداق سۆزلەرنى قىلسىڭىز قانداق بولىدۇ ... ئاڭلاپ قالسا، ساقىلىڭىزنى بىر ـ بىرلەپ يۇلىدۇ جۇمۇ ...» دېگەنىدى نەچچە قېتىم.

گۈلئايشەمنى يېرىم كېچىدە مۇنداق ئويلارغا قانداق بىر كۈچ سۆرەپ كىردى؟ ئۇ خىياللارنىڭ بۇ چوكاننىڭ ھاياتى ئۈچۈن قانچىلىك قىممىتى بار؟ ئۇ ئويلىغانسېرى خۇشاللىق تۇيغۇسىغا چۆمۈلۈپ، يايراپ كېتىۋاتقاندەك بىر مۇھىتنىڭ ئەركىلىتىشىگە نېمىشقا خۇش بولىدۇ؟ بۇ بىر تىرىك جاننىڭ روھىي تەۋرىنىشلىرى، ھېسسىياتىنىڭ يېڭى ئويغىنىشى، ياشلىق تۇيغۇلىرىنىڭ قەلبىنى غىدىقلىشى، تويۇنمىغان ياشلىق ئىنتىلىشلەرنىڭ ئۆز كۈچىنى كۆرسىتىشى، مۇھەببەتسىز ئائىلىنىڭ جىمجىت بويسۇنغۇچىسى بولۇپ ياشاۋاتقان ساددا چوكاننىڭ بىر مەنىۋى دۇنيانى كۆرۈپ قېلىپ، تەمتىرەپ، تېڭىرقاش ئىچىدە سۆيۈنۈشى.

گۈلئايشەم سۆيگۈ دۇنياسىنى، مەنىۋى ئىنتىلىشلەر بىلەن نۇرلىنىپ تۇرىدىغان دۇنيانى خۇددى تۇڭلۇكتىن چۈشۈپ تۇرغان بىر پارچە يورۇقنى كۆرگەندەك كۆرۈپ قالغانىدى. ئۇ پەقەت ھېس قىلىۋاتىدۇ، ئۇنىڭ ئادەمنى تاتلىق ئازابلايدىغانلىقىنى سېزىۋاتىدۇ، لېكىن، تېگى ـ تەكتىنى، ئاقىۋىتىنى بىلمەيتتى.

گۈلئايشەم كۆزىنى ئاچقاندا تاڭ سۈزۈلۈشكە باشلىغان، ئۇنىڭ كۆڭلى تاڭدەك سۈزۈك ئىدى، كەيپى شۇنداق چاغ، روھى كۆتۈرەڭگۈ، كېچىنىڭ شېرىنلىكىدىن كۆكسىدە پەيدا بولغان سۆيۈنۈش شۇ پېتىچە تۇراتتى. ئۇ بۈگۈنمۇ ئۆتكۈزگەن مۇشۇ كېچىگە چىن دىلىدىن رازى ئىدى، ئۇ ئۆمرىدە مۇنداق بىر كېچىنى ئۆتكۈزۈپ باقمىغان.

گۈلئايشەم ئورنىدىن تۇرغاندا باشقىلارنىڭ ھەممىسى تېخى ئۇخلاپ ياتاتتى. ئۇ ئادىتى بويىچە ئاشخانىدىن چېلەكنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، سۇ ئالغىلى بۇلاققا قاراپ ماڭدى، گۈلئايشەم بىر نەرسىنىڭ شەپىسىنى ئاڭلاپ، ئورنىدا تۇرۇپ قالدى، ئۇ كەينىگە ئۆرۈلگۈچە:

— چېلەكنى ماڭا بېرىڭ گۈلئايشەم، — دېگەننى ئاڭلىدى. بۇ مەخمۇت ئىدى. چوكاننىڭ يۈرىكى جىغغىدە قىلىپ قالدى. مەڭزى قىزىرىپ، تېخىمۇ چىرايلىقلىشىپ كەتتى. نېمىشقىدۇر مەخمۇتقا تىكىلىپ قارىيالمىدى. مەخمۇت گۈلئايشەمنىڭ ئىككى قولىدىكى چېلەكنى ئېلىشتا، چېلەك بېغى بىلەن ئۇنىڭ قوللىرىنى قوشۇپ تۇتۇۋالدى. گۈلئايشەمنىڭ تومۇرلىرىغا ئىسسىق بىر ئېقىم شۇر قىلىپ ئېقىپ كىردى. ئۇ بىر پەس جىم تۇرۇپ قالدى، بىر چاغدا بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغان مەخمۇتنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلدى ـ دە، ئېپپەتلىك ئاياللارغىلا خاس تەبىئىي ناز بىلەن تەبەسسۇم قىلدى. بېشىنى يانغا ئالدى ۋە قولىنى ئاستا تارتىۋالدى. ئۇ يېنىچە لاپ قىلىپ قاراپ قويۇپ تېز ـ تېز مېڭىپ چېدىرغا كىرىپ كەتتى.

## 2

بۈگۈن ئەتىگەندىلا ئورنىدىن تۇرغاندا خىيالغا پاتقان رىزۋانگۈل دالا تەكشۈرۈشكە چىقمىدى. ئۇ پەقەت مىجەزىم يوق، دەم ئالىمەن دېگەندىن باشقا سۆز قىلمىدى. دوختۇر رامىلەنىڭ دورا بېرىش ئۈچۈن سورىغان سوئاللىرىغا جاۋاب بەرمىدى، بېشىم ئېغىر تۇرىدۇ، ئارام ئالسام ئوڭشىلىپ قالىدۇ، دەپ دورا ئىچىشكە ئۇنىمىدى.

تۇرالغۇدا بۈگۈن تۆت كىشى قالدى. كامىل ئۆز ئىشى بىلەن بەند، چېدىردىن سىرتقا چىقمايدۇ. گۈلئايشەم ئاشخانا ئىشى بىلەن. رامىلە بىلەن رىزۋانگۈل ياتىقىدا بىر پەس ئولتۇردى. كېيىن دوختۇر رىزۋانگۈلنى ئارام ئېلىشقا دەۋەت قىلىپ قويۇپ، ئۆزى ئاشخانىغا ياردەملىشىش ئۈچۈن چىقىپ كەتتى.

رىزۋانگۈلنىڭ مىجەزى يوق ئەمەس، تۈگىمەس خىياللار ئۇنى هاردۇرغان. كۆڭلىدىكى زىددىيەتلىك ئوي ـ پىكىرلەر ئۇنى ئىسكەنجىگە ئېلىپ هالسىراتتى، تەمتىرىتىپ چۆچۈتتى، بىر مىنۇتمۇ خىيالدىن خالىي بولالمىغان مېڭىسى تاش ئېسىپ قويغاندەك ئېغىرلاشقان، بۇلۇتلۇق ئاسماندەك قاراڭغۇلاشقانىدى. رېزۋانگۈلنىڭ كۆڭۈل سەيناسىغا كامىل بىلەن مەسئۇد تەڭ ئۇسسۇپ كىرىۋاتقاندەك بىر خىل هالەت بارغانسېرى روشەنلەشتى. بولۇپمۇ رىزۋانگۈل ئۈچۈن بۇ تېخىمۇ روشەن بولۇپ كەتتى، مەسئۇدنىڭ مۇناسىۋەتلىرىدىكى بۇرۇنقى تەمكىنلىكىنىڭ ئورنىنى قاراشلىرىدىكى ئوتلۇق ئىنتىلىش ئىگىلىگەن، ئەمدى تاقەت قىلىپ تۇرۇشقا بولمايدىغان ئىنتىزارلىق دائىم ئەكس ئېتىپ، رىزۋانگۈلنىڭ قەلبىنى غىدىقلايدىغان، تۇرۇپ ـ تۇرۇپ ئېچىشتۇرىدىغان بولۇپ قالدى. بۇرۇن كۆزلىرىنى ئېلىپ قاچىدىغان مەسئۇد يېقىندىن بېرى تەمە، يالۋۇرۇش نەزەرى بىلەن تەمتىرىمەي تىكىلەتتى، هە دېسىلا

ئۇنىڭدىن گەپ سورايتتى، باھانە تېپىپ، يېنىغا كېلىۋېلىپ كەتكۈسى كەلمىگەن ھالدا ئۇزاق تۇراتتى.

— ئادەم ئۆزىنىڭ روھىدىكىنى ئاۋۋال ئۆزى ياخشى بىلىشى كېرەك، — دېدى بىر كۈنى ئېگىز تاغ چوققىسىدا يانمۇيان ئولتۇرغان رىزۋانگۈلگە مەسئۇد، — ئاندىن ئۇنىڭ خاھىشىغا بويسۇنۇش ياكى بويسۇنماسلىقنى بەلگىلىسە بولىدۇ. مانا بۇ شۇ كىشىنىڭ خاسلىقى. ئېيتايلى، تۇرغان يېرىمىزدىن پەسكە چۈشۈشتە، مەن ماۋۇ تەرەپ بىلەن چۈشۈشنى خالىدىم، دېمەك، ئۇ تەرەپ بىلەن چۈشۈشنى خالىمىدىم دېگەن گەپ. مەن بۇ خىل خالاش ۋە رەت قىلىشنى نۇرغۇن نېمە ئۈچۈنلەردىن كېيىن تاللىدىم، بەلكى سىزمۇ شۇنداق قىلىسىز.

— گېپىڭىزنىڭ مەنىسىگە چۈشەنمىدىم، مەقسىتىڭىزنى بىلمىدىم، — رىزۋانگۈل راستلا ھېچنېمە چۈشىنەلمىدى، ياق، گەپىنىڭ مەنىسىنى بىلمىدى، مەسئۇدنىڭ مۇددىئاسىنى چۈشەنمىدى، ئەمما ئۆزىچە پەرەز قىلىپ سەل ھودۇقتى.

— ئادەمنىڭ ئاغزىدىن چىققان ھەممىلا سۆز ئۆزىگە بىر مەقسەتنى يۈدۈپلا چىقمايدۇ، بەلكى ئۆتۈنۈش، مەسلىھەت ... بەلكى ئاگاھلاندۇرۇشلارنى ئۆزىگە ۋەزىپە قىلىدۇ.

رىزۋانگۈل نېمە دېيىشنى بىلەلمىدى. بۇ سۆزنى مەسئۇد ماڭا، قەلبىمدىكى مۇرەككەپ ئالامەتلەرگە قارىتىپ ئېيتىۋاتامدۇ، دېگەن ئوي ئۇنىڭ مېڭىسىدە قويۇندەك پىرقىراشقا باشلىدى. شۇ كۈندىن باشلاپ مەسئۇدنىڭ بۇ خىل مەنىلىك سۆزلىرى بىرىدىن كېيىن بىرى خۇددى ئىز قوغلىغاندەك چىقىپ تۇردى.

— مانا مۇشۇ تاغلار گىياھسىز، تاقىر تۇرقى بىلەن يەنىلا گۈزەل، كىشىگە بىر خىل ساپلىق تۇيغۇسىنى بېرىدۇ. چۈنكى ئۇلار ئۆز تەبىئىتى بويىچە قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ، سۈنئىي بېزەك، ئورۇنسىز ياسىنىشلاردىن خالىي، — بۇ بىر كۈنى دالا تەكشۈرۈشىدىن قايتىپ كېلىۋاتقاندا مەسئۇدنىڭ رىزۋانگۈلگە

ئېيتقان سۆزى. ئۇ يىگىت بىلەن بىرگە كېتىۋاتقان بولسىمۇ، بەكمۇ شۈكلىشىپ كەتكەن، خىيلى ئۇزۇن يولنى بېسىپ بولغۇچە بىرەر ئېغىز گەپمۇ قىلمىغانىدى، ئۇنىڭ تۇرقىدىن چوڭقۇر خىيال سۈرۈۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

— نېمە دېدىڭىز؟ — دېدى ئۆز خىيالى بىلەن كېتىۋاتقان رىزۋانگۈل چۆچۈپ.

— ئۆزۈمچە، ئاڭلىمىغان بولسىڭىز بەك ياخشى بوپتۇ، كۆڭۈلگە ياقمىغان گەپنى ئاڭلاشمۇ ھاجەتسىز.

— ياق، مەسئۇد، ياق، مەن ئۆزۈمنىڭ ... خالىماسلىق ئەمەس، دىققەت قىلماپتىمەن.

— شېرىن خىياللىرىڭىزنى بۇزۇۋېتىپتىمەن، ئادەم بەزىدە ئۆزىنىلا ئويلايدىغان بولۇپ قالىدۇ، ئۇ چاغدا ئىشلارنى توغرا بىر تەرەپ قىلالمايدۇ، كەچۈرسىز، — مەسئۇدنىڭ يۈزلىرى پوكاندەك قىزىرىپ كەتتى، كۆڭلى ئەلەم بىلەن تولغاندەك چېكە تومۇرلىرى كۆپتى، ئېغىر - ئېغىر تىنىدى. ئاسمان بوشلۇقىنىڭ يىراق يەرلىرىگە كۆز تىكىپ، قورقۇنچلۇق بىر مەنزىرىنى كۆرگەندەك ئازابلىق قىياپەتكە كىردى.

— مەن ئۆز خىياللىرىم بىلەن بولۇپ، سۆزىڭىزگە دىققەت قىلماپتىمەن، ھۆرمەتسىزلىكىم ئۈچۈن ئەپۇ سورايمەن.

— باشقىلاردىن ھۆرمەت تەمە قىلىدىغان ئەخمەقلەردىن ئەمەسمەن رىزۋانگۈل، ئەپۇ سوراش ھاجەتسىز. سىزنىڭ نەزەرىڭىزدە مەن نېمىتىم؟! — ئۇنىڭ چىرايى ئەلەمدىن كۆكىرىپ كەتتى، نەپسى بوغۇلۇپ، ھاۋا يېتىشمىگەندەك ئارقا - ئارقىدىن ئېغىر تىنىدى. مەسئۇدقا نېمە ئۈچۈن بۇنچىلىك ئېغىر كەلگەنلىكىنى چۈشىنىپ تۇرغان رىزۋانگۈل نېمە دېيىشىنى بىلمەي قالدى. ھەرقانداق سۆز بىلەن ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ھەم پەملىدى.

بۇ ئىش بۇنىڭدىن بىر ھەپتە بۇرۇن بولۇپ ئۆتكەن. ئەتىسى مەسئۇد كۆڭۈلسىزلىكنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ، ھېچ ئىش

بولمىغاندەك قىزنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىپ ھە دېسىلا ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈردى. ئۇنىڭ سۆزلىرى تېخىمۇ مەنىلىك، تېخىمۇ ئېنىق چىقىشقا باشلىدى. تونۇشۇپ بولىدىغان ئىش ئاخىر بولدى. مەسئۇد ئۆزىنى كېچە ـ كۈندۈز ئازابلاپ كېلىۋاتقان قەلبىنىڭ چوڭقۇر يېرىدىكى سىرنى ئاشكارىلىدى.

ئۇ رىزۋانگۈلنىڭ بىر قولىنى ئالقانلىرى بىلەن سىلاپ تۇرۇپ:

— مەن كۆڭلۈمدىكى، ياق ... ياق... يۈرىكىمدىكى سىزگە ئاتالغان ھەممىنى تىلىم بىلەن ئۇقتۇردۇم ... — ئۇ بىر پەس جىم بولۇپ قالدى، نېمىشقىدۇر رىزۋانگۈلگە قارىيالمىدى. بەدىنى يېنىك تىترەپ تۇراتتى، بىر قىزىرىپ، بىر تاتىرىپ، قاتتىق ھاياجانلانغانىدى. رىزۋانگۈل قولىنى تارتىۋېلىشقا جۈرئەت قىلالماي قالدى. يۈرىكى ۋەھىمىلىك سېلىپ، قورقۇپ تۇراتتى، بىر تەرەپتىن يېقىملىق بىر سېزىمنى سەزگەندەكمۇ قىلاتتى.

— سىزنى مەجبۇر قىلىشقا ھەققىم يوق، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى مەسئۇد پەس ئاۋازدا، — مۇھەببەت دېگەن تىلەپ قولغا كەلتۈرىدىغان نەرسىمۇ ئەمەس، ھەر ئىككى تەرەپ خالىس، سەمىمىي تەقدىم قىلىشىدىغان ئۇلۇغ سوۋغا، — ئۇ جىم بولدى. بەلكى جاۋاب كۈتكەندۇ، ئەمما ۋاقىت خېلى ئۆتكەن بولسىمۇ، جىملىقنى بۇزىدىغان سادا چىقمىدى، ئۇنىڭ قولى ئاستا ـ ئاستا بوشىدى، قىزنىڭ قولى پەسكە سېرىلىپ چۈشتى.

— ھېچبولمىسا، مېنىڭ قەلبىمدە سىزگە ئاتالغان نېمە بارلىقىنى بىلىپ قالسىڭىزمۇ بولىدۇ، — مەسئۇد سۆزىنى تۈگىتىپ، ئارقىغا ئۆرۈلدى، بىر ـ بىر قەدەم تاشلاپ رىزۋانگۈلدىن يىراقلاشتى.

رىزۋانگۈل قېقىپ قويغان قوزۇقتەك ئورنىدا قىمىر قىلماي تۇراتتى. ئۇ نەملەشكەن كىرپىكلىرى ئارىسىدىن ئېغىر يۈك ئارتىۋالغاندەك سەل مۈكچىيىپ كېتىۋاتقان مەسئۇدنىڭ سىماسىغا قارىدى، تاكى ئۇ تىك تۇرغان چوققىنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ، كۆزىدىن غايىب بولغىچىلىك شۇ تەقلىدتە قاراپ تۇردى.

بىر چاغدا ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن باھار يامغۇرىدەك ياش قۇيۇلۇپ كەتتى، قىممەتلىك نەرسىسىدىن مەھرۇم قالغاندەك ئىچى ئېچىشتى، ئۆرە تۇرۇشقا قۇربى يەتمەي ئاستا ئولتۇرۇۋالدى.

قۇياش غەرب سەھتىدىكى بىر توپ ئاقۇچ بۇلۇتلار ئىچىگە كىرىپ، ئۆزىنى دالدىغا ئالدى. تاغ ئارىسى بىردىنلا گۇگۇمدىن شەپە بەردى، ئاستا چىقىۋاتقان شامال سالقىنلاشتى، قىزغۇچ تاشلاردىن جۇلالىنىپ يېنىۋاتقان نۇرلارمۇ يوقالدى، جىمجىتلىق سۇرلۇك سۈكۈتكە ئايلاندى، پۈتۈن ئەتراپ كۆڭۈلسىزلىككە چۆمگەندەك بولۇپ قالدى. سىرلىق ئەندەك كەيپىياتتا ئولتۇرۇپ قالغان رىزۋانگۈل ئېلىنىڭ ئۆزىگە يېقىنلاپ كېلىپ قالغىنىنىمۇ سەزمەي قالدى.

— قىزچاق، نېمىنى تاماشا قىلىپ ئولتۇرىسىز؟ ئەتراپتا كىشىنىڭ مەيلىنى تارتىدىغان مەنزىرە يوققۇ؟ — دېدى ئېلى. خىياللىرى ئۈزۈلگەن رىزۋانگۈل تەمتىرەپ قالدى. ئەمما كەيپىياتىنى بىلدۈرمەسلىك ئۈچۈن ھىجىيىپ قويدى.

— كەچكى شەپەقنىڭ تاغ چوققىلىرىدىكى مەنزىرىسى ئادەمگە باشقىچە تۇيغۇ بېرىدىكەن.

— تاڭنىڭ شەپىقى بۇنىڭدىن گۈزەل، ئۇنىڭ بېرىدىغان تەسىرى تېخىمۇ سىرلىق، تېخىمۇ يېقىملىق، — دېدى ئېلى.

— باشقىلار قېنى؟ — سورىدى رىزۋانگۈل.

— ئۇلار ئالللىقاچان يولغا راۋان بولدى، سىزنى چاقىرغىلى كەلدىم، — قىز ئورنىدىن تۇرۇپ ئەتراپقا قارىدى. پەسكە قاراپ چۈشۈپ كېتىۋاتقانلار ئارىسىدىكى مەسئۇدقا كۆزى چۈشتى. ئۇنىڭ بىلەن كەينىدىكىسىنىڭ ئارىلىقى خېلى بار. رىزۋانگۈللەر ھەرقانچە تېز ماڭسىمۇ چېدىرغا يېتىپ بارغۇچە ئۇنىڭغا يېتىشىۋېلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

ئېلى بىلەن بىللە پەسكە قاراپ كېتىۋاتقان رىزۋانگۈلنىڭ كۆڭلىدە مەسئۇدقا ئىچى ئاغرىش تۇيغۇسى كۈچىيىۋاتاتتى. يەنە بىر تەرەپتىن كۆڭلى بۇزۇلدى. مەسئۇدقا تۇزۇكرەك گەپ

قىلمىغانلىقىنى ئەسلەپ ئۆزىگە ئۆزى كايىدى. بىچارىنىڭ كۆڭلىگە يارىشا ئازراق گەپ قىلىپ قويغانغا نېمە بولاتتى. ئۇنىڭ كۆڭلىدە مەسئۇدقا نىسبەتەن يېقىملىق تۇيغۇلار ئاز ئەمەس ئىدىغۇ، بۇنى ياخشى كۆرۈش ئەمەس دەپ رىزۋانگۈلنىڭ ئۆزىمۇ ئېيتالمايدۇ. خىزمەت ئورنىغا كېلىپ بىرىنچى قېتىم كۆزى چۈشكەن يىگىت مەسئۇد، ئۇنىڭ سۆزلىرى، ھەرىكەتلىرى، مۇئامىلىلىرىمۇ يېقىملىق تۇيۇلغان، قەلبىدە يېنىك دولقۇنلارنى ھاسىل قىلىپ، شېرىن خىياللارنى تەقدىم قىلغان ئىدىغۇ ...

مەسئۇد ئۆز قەلبىدىكى پاك سۆيگۈسىنى، يىگىتلىكنىڭ غۇبارسىز تۇيغۇسىنى رىزۋانگۈلگە سەمىمىي تەقدىم قىلغانىدى، ئۇ قىزدىنمۇ قىزلىق سۆيگۈسىنى، قەلبىدىكى مەسئۇدقا ئاتالغان ئۇلۇغ سوۋغىسىنى تەقدىم قىلىشنى خالايتتى، ئارزۇ قىلاتتى. لېكىن تىلىمەيتتى، ساخاۋەت قىلىشنى خالىمايتتى. ساخاۋەت قىلىش مۇھەببەتنىڭ، چىن سۆيگۈنىڭ دەۋىتى ئەمەس، پەقەت ئىچى ئاغرىشتىن پەيدا بولىدىغان رەھىم ـ شەپقەت تۇيغۇسىنىڭ مەھسۇلى.

رىزۋانگۈل چېدىرغا قايتىش سەپىرىدىلا ئەمەس، پۈتۈن بىر كېچە ئۇخلىماي ئويلاپ چىقتى، ئازابلىق تولغاندى، ھەسرەتلىك تىندى، كۆز يېشى بىلەن ياستۇقلىرىنى ھۆل قىلىۋەتتى. مەسئۇدقا ئىچى ئاغرىدى، خەيرخاھلىق تۇيغۇسى پۈتۈن ۋۇجۇدىنى زىلزىلىگە سالدى. ئۇ قەلبىنى توختىماي ئاختۇردى، مەسئۇدقا ئاتالغان ھۆرمەت، قايىللىق، ياخشى پەزىلەتلىك بىر ياش بىلەن بىر بۆلۈمدە بولغانلىقىدىن پەخىرلىنىش ھېسسىياتلىرىنىڭ تولۇپ ياتقانلىقىنى ئېنىق بىلدى، بۇلارنى مەسئۇدقا تەقدىم قىلىشنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى؟ چۈنكى ئۇلار يىگىتنىڭ ئۆز مەنىۋى بىساتى، زىننىتى. بۇنى پەقەت رىزۋانگۈلنىڭ بىلگەن، ھېس قىلغان يېرى بار. ئۇلارنى تەقدىم قىلمىسىمۇ يىگىتنىڭ ۋۇجۇدىدا بار، بەلكى مەڭگۇ نۇر چېچىپ تۇرار. مەسئۇدنىڭ رىزۋانگۈلدىن تەلەپ قىلمۇاتقىنى باشقا نەرسە، قىزنىڭ ئۆزىگە

تەۋە بولغان، قەلبىنىڭ چوڭقۇر يېرىدىكى ساپ سۆيگۈ، ھەقىقىي مۇھەببەت. يەنە كېلىپ مەسئۇدقا ئاتالغان ساپ سۆيگۈ، پەقەت مەسئۇدقىلا تەقدىم قىلىنىشقا، سوۋغا قىلىنىشقا بولىدىغان مۇھەببەت.

رىزۋانگۈلنىڭ قەلبىدە سۆيگۈ گۈلىنىڭ تۇنجى پورەكلىرى مۇھەببەت تېڭىغا كۆز ئاچقان، ئۇنىڭ ئالتۇن رەڭ شەپەقلىرى ئۇنى ئاستا، جىمجىتلىق ئىچىدە سۆيۈپ ئۆتۈپ، ھاياتنىڭ چىن لەززىتىنى بېرىپ، تۇرمۇشنىڭ بۈيۈك قىممىتىنى نامايان قىلغانىدى. رىزۋانگۈلنىڭ ۋۇجۇدىدا تەقدىم قىلىشقا ھازىرلانغان قىممەتلىك سوۋغات ۋايىغا يەتكەنىدى. ئۇ سوۋغا قىلىشقا، قەلب رىشتى باغلانغان ئاشۇ ئادەمنىڭ سىرلىق، مەنىلىك ئازابلارنى يوشۇرۇپ تۇرغان بىر جۈپ كۆزلىرىگە تىكىلىپ تۇرۇپ تەقدىم قىلىشقا تەييار، شۇنداق پەيتنى زارىقىپ كۈتۈۋاتاتتى.

ئىنسان ھاياتىدىكى ئىشلار نېمىدېگەن مۇرەككەپ، نېمانچە چىگىش، شۇنداقلا سىرلىق ... مانا بۇ چىگىشلىك رىزۋانگۈلنى ئازابلىماقتا، قىينىماقتا، ھايات تۈگمىنى ئۇنى چۆرگىلەتمەكتە، ئۆزىنىڭ ئەگلىكىگە سېلىپ، توختىماي تاسقىماقتا. ئۇ تەشنا بولۇۋاتقان كۆزلەر، ھەممە نېمىسىنى ئاتىغان، بارلىقىنى تەقدىم قىلىشقا تەييار تۇرغان بىر جۈپ كۆز دائىم ئۆزىنى قاچۇرىدۇ. خۇددى ئۇنىڭغا پۈتۈلگەن يۈرەك سىرلىرى باردەك ئۇنى رىزۋانگۈلنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن ۋەھىمە يېگەندەك قاچۇرىدۇ. ئاتالمىغان، بېرىشكە قۇربى يەتمەيدىغان باشقا بىر جۈپ كۆز بولسا، دائىم تىكىلىدۇ، ئۈمىد بىلەن تەلمۈرىدۇ، قىزنىڭ قەلبىنى ئېچىشتۇرىدۇ، يۈرىكىنى قىسىدۇ، ھېسداشلىق، ئىچ ئاغرىتىش تۇيغۇسىنى پەيدا قىلىدۇ. كۆزلىرىدىن ئىختىيارسىز ياش تۆكۈشكە زورلايدۇ، بۇنىڭ تېگىگە يەتكىلى بولمايدۇ. رىزۋانگۈل ھەرقانچە ئويلاپمۇ نېمە ئۈچۈن ياش تۆكۈۋاتقىنىنىڭ، ئازابلىنىۋاتقىنىنىڭ سەۋەبىنى بىلەلمىدى. مەسئۇدقا ئۈمىد قىلغىنىنى بېرەلمىگىنى ئۈچۈنمۇ؟ ! ياكى قەلبى، بارلىقى

ئاتالغان ئۇ كىشى ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈرگىنى ئۇچۇنمۇ؟ بەلكى ھەر ئىككىسى ئۇچۇندۇ! بۇنىڭدىن باشقا ئادەم ئۆزى بىلىپ يېتەلمەيدىغان روھنىڭ ئېھتىياجلىرى ئۇچۇندۇ! رىزۋانگۈلنىڭ ئۆز مۇھەببىتىنى تەقدىم قىلىشقا مەسئۇدنىڭ نەرى كەملىك قىلىدۇ، ئۇنىڭدا يېتىشمەيۋاتقان نېمە بار؟ ئۇ ئالىي مەلۇماتلىق، تىرىشچان، ئىشچان، ئىلىم ساھەسىدە نەتىجە قازىنىشىدا شەك يوق. دۇنيا قاراشلىرى كەڭ، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى چوڭقۇر، ۋۇجۇدىدا ياخشى پەزىلەتلەرنىڭ ھەممىسى تېپىلىدۇ، سەممىي، مەرد، ئۆزىنى تۇتۇشنى بىلىدۇ. ئۆزى كېلىشكەن يىگىت، كۆزلىرى قارا، قېشىمۇ قارا، بۇرنى ئېقىپ چۈشكەندەك، ئەتراپتىكى يىگىتلەر ئىچىدە ھەممىدىن قاۋۇل. يېشى رىزۋانگۈلدىن بەش ياش چوڭ. مەسئۇدنى باشقىلارنىڭ ھەممىسى ھۆرمەت قىلىدۇ، چىراي، قىياپەت جەھەتتىن مانا مەن دەيدىغان قىزلارغا جور بولالايدۇ. ھەق گەپنى قىلغاندا رىزۋانگۈل بۇ جەھەتتىن تېخى چېنىپ قالىدۇ. چۈنكى رىزۋانگۈل ئانچىمۇ چىرايلىق ئەمەس، ئادەتتىكى قىز، سارغۇچراق چېچى ئۇزۇن، قاشلىرى ئىنچىكە، يۈزلىرى ئاق، زىلۋا قىز.

رىزۋانگۈل كېچە مۇنداق خاتىرىلەرنىمۇ ئەسلەپ چىقتى: ئۇ خىزمەتكە چۈشۈپ ئىككى ئايغا يېقىنلاشقان بىر كۈنى ئىشخانىدا مەسئۇد، ئەركىن، رىزۋانگۈل، ئېلى تۆتىلا كىشى قالغان. رىزۋانگۈل مەسئۇدتىن ھە دېسىلا ئۇنى ـ بۇنى سوراپ ئۇنىڭ ئۇستىلى ئالدىغا پات ـ پاتلا بېرىۋالىدىغان ۋاقىت ئىدى. شۇ كۈنىمۇ رىزۋانگۈل مەسئۇدنىڭ ئۇستىلى ئالدىدا، يىگىت كىتابقا قاراپ نېمىنىدۇر چۈشەندۈرۈۋاتاتتى. ئىشىك يېنىك چېكىلدى. ئىجازەتتىن كېيىن ئېچىلغان ئىشىكتىن ئويناپ تۇرغان كۆزلىرى بولاقتەك، قاشلىرى قىياقتەك، ئاق يۈزلۈك، چاچلىرى يەلكىسىنى بىر ئالغان گۈزەل بىر قىز كىردى. ئورنىدىن ئىتتىك تۇرغان ئەركىن ھۆرمەت بىلەن:

— كېلىڭ ساھىبجامال، ياخشى تۇردىڭىزمۇ؟ — دېدى، بۇ

سۆزنى ئاڭلىغان مەسئۇد چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈردى. قىز:
— ياخشىمۇسىز ! — دېدى مەسئۇدقا تىكىلىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ لەۋلىرى كۆلۈپ تۇرسىمۇ، چىرايى تاتارغانىدى، ئاستا ئورنىدىن تۇرغان مەسئۇد بوش ئورۇندۇقنى كۆرسىتىپ:
— ئولتۇرۇڭ، — دېدى ئادەتتىكىدەك. ساھىبجامال ئاستا مېڭىپ بېرىپ ئولتۇردى، تېخىچىلا ئۆرە تۇرغان رىزۋانگۈلنىڭ بېشىدىن ئايىغىغىچە نەزەر سېلىپ چىقتى، رىزۋانگۈلمۇ سەل ھودۇققانىدى، ئۇ ئالدىراپ ئورنىغا كېلىپ ئولتۇرۇۋالدى.
— مەن نەچچە قېتىم تېلېفون بەردىم، لېكىن سىزنى تاپالمىدىم، — دېدى ساھىبجامال ئۆرە تۇرغان مەسئۇدقا قاراپ.
— ھە ... مەن ... رىزۋانگۈل، بۇ قىز مېنىڭ ساۋاقدىشىم، بۇياق، — دېدى ئۇ رىزۋانگۈلنى قولى بىلەن كۆرسىتىپ، — يېڭى خىزمەتدىشىم، ئىسمى رىزۋانگۈل.
— تونۇشقانلىقىم ئۈچۈن خۇشالمەن، رىزۋانگۈل، — دېدى ساھىبجامال ئورنىدىن تۇرۇپ ئىللىق تەبەسسۇم بىلەن.
— خىزمەتكە چىقىپ بىرىنچى تونۇشقان قىز تونۇشۇم سىز بولۇپ قالدىڭىز، — دېدى رىزۋانگۈل جاۋابەن. ئۇنىڭ ئاۋازى تىترەپ چىقتى. ئوتتۇرىغا جىمجىتلىق چۈشتى. ئەركەن يېزىشنى، رىزۋانگۈل ئوقۇشنى داۋاملاشتۇردى. مەسئۇد بىلەن ساھىبجامال بىر - بىرىدىن گەپ كۈتۈۋاتامدۇ، ياكى ئىشخانا ئەپسىز كېلىۋاتامدۇ جىملىق خېلى ئۇزاققا سوزۇلدى. بىر چاغدا مەسئۇد:
— ياتاققا چىقايلى، — دېدى تۆۋەن ئاۋازدا، ساھىبجامال پاشنىسى ئېگىز ئايىغىدىن تاق - تاق ئاۋاز چىقىرىپ ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتى. شۇ چاغدا رىزۋانگۈلنىڭ يۈرىكى قىسىلدى، خۇددى ھېلىقى ئاياغ ئۇنىڭ يۈرىكىگە دەسسىگەندەك تۇيۇلدى.
شۇنىڭدىن كېيىن رىزۋانگۈل مەسئۇدنىڭ ياتىقىدىن قاپاقلىرى تۈرۈلگەن ھالدا چىقىپ كېتىۋاتقان ساھىبجامالنى

بىرقانچە قېتىم يىراقتىن كۆرۈپ قالغانىدى.

بۇ مەنزىرىلەر رىزۋانگۇلنىڭ خاتىرىسىدىن بىر ـ بىرلەپ ئۆتۈۋاتقاندا ساھىبجامالنىڭ قەددى ـ قامىتى، ئويناپ تۇرغان كۆزلىرى، تۆكۈلۈپ تۇرغان كىرپىكلىرى، گۈزەل جامالى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا تۇرۇۋالدى. ئۆزى بىلەن سېلىشتۇرما بولۇپ، ئۇنى ھەيران قالدۇردى، بولۇپمۇ ئادەم روھىنىڭ تېگىگە يەتكىلى بولمايدىغان سىرلىقلىقى ئۇنى ھەيران قالدۇردى، پۈتۈن بەدىنى بوشىشىپ ھالىدىن كېتەيلا دەپ قالدى، شۇڭا ئۇنىڭ بۇگۈن سەھەردە دالا تەكشۈرۈشكە چىقىشقا ماداري يەتمىدى، يالغۇز قېلىشنى خالاپ قالدى.

## 3

رىزۋانگۇل ئىككى سائەتتىن بېرى چېدىردا يالغۇز، ئۇ كۆتەتتى، تەلمۈرەتتى، تاقىتى ـ تاق بولۇپ ھېلىدىن ـ ھېلىغا سىرتقا قۇلاق سالاتتى، ئىشىككە قارايتتى. ئۇنىڭ ئىچى ئۆرتىنىپ بىئاراملىقى ئاشتى، ئىچى تىتىلداپ خورلۇقى كەلگەندەك بولۇپ دېمى سىقىلدى. نېمىدۇر ئىچىگە پاتماي، سىرتقا دەۋرىگەندەك بولاتتى. ئۇ تۇرۇپ ـ تۇرۇپ ئېغىر ئۆكسۈپ قوياتتى.

رىزۋانگۇل ئىشلارنىڭ ئۆز كۆڭلىدە ئويلىغاندەك بولىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى، شۇنداق بولۇشى تەبىئىي بىر ھال دەپ گۇمانلانمايتتى. ئۇ يالغۇز، مىجەزى يوق، ئىشقا چىقمىدى، بۇنى ئۇ بىلىدۇ. «ھەممە ئۆز ئىشى بىلەن بەند بولغاندىن كېيىن ھال سوراپ كىرىدۇ» دەپ خىيالەن ھەممە ئىشنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان، لېكىن ئىككى سائەت ئۆتۈپ كەتتى، ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىدەك بولۇشىدىن بېشارەت بېرىدىغان بىرەر شەپىمۇ يوق. خۇددى بۇ دۇنيادا ھېچنېمە بولمىغاندەك، ئۇ كۈتكەن كىشى ئۆز چېدىرىدىن چىقاي دېمەيدۇ. «يېزىۋاتقان نەرسىدىن ئۇلۇغ

نەرسە بۇ دۇنيادا يوقتەك ...» رىزۋانگۇلنىڭ خىياللىرى ئەلەم، ئاچچىق تۇسنى ئالدى. ئۇ ئويلاپمۇ قويمىغان، يېنىدىكى چېدىردا بىر بىچارىنىڭ تەنھالىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغان ئادەم ئۇچۇن نىمانچە قىلغۇلۇق. ئۇ يوقلاپ كىرىش ئۇچۇن ۋەدە بەرگەنمۇ، ياكى بىرەرى بۇ خەۋەرنى ئۇنىڭغا يەتكۈزگەنمۇ؟ بۇ پەقەت رىزۋانگۇلنىڭ ئۆز ئارزۇسى بويىچە كۆڭلىدە توقۇپ چىققان خىيالى. پەقەت تاتلىق ئارزۇ، خالاس. «راست ئارزۇ، پەقەت مېنىڭلا ئارزۇيۇم. ئۇنىڭ كۆڭلىدىچۇ ... !

«بۇ خىيال ۋەھىمە سايىسى بولۇپ رىزۋانگۇلنىڭ قەلبىنى قاراڭغۇلاشتۇردى. تېنىگە تىترەك ئولىشىپ، كارىۋىتىدا تۇگۇلۇپ قالدى، ئالقانلىرى بىلەن يۈزىنى ئېتىپ، كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇۋالدى، يۈرەكلىرى تۈز سەپكەندەك ئېچىشتى. ئۇنىڭ قۇلاقلىرىغا دەھشەتلىك سوقۇۋاتقان يۈرىكىنىڭ دۈپۈلدىشىدىن باشقا ھېچ نەرسە ئاڭلانمايتتى.

— رىزۋانگۇل، بىر يېرىڭىز ئاغرىپ تۇرامدۇ؟ — بۇ رىزۋانگۇلگە يېقىن كېلىپ توختىغان كامىل ئىدى. ئۇن چىقارمىغان قىز يۈزلىرىنى قولى بىلەن تېخىمۇ چىڭ باستى، قەددى تېخىمۇ پۈكۈلدى، بىر چاغدا ئۇنىڭ تېنى توختىماي تەۋرەندى، ئۇ يىغىسىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن ئىچىگە يۇتقانىدى.

— نېمە بولۇۋاتىسىز رىزۋانگۇل؟ — كامىلنىڭ ئاۋازى تىترەپ چىقتى، ئۇ قولىنى ئاستا كۆتۈرۈپ قىزنىڭ قولىنى تۇتتى. رىزۋانگۇل ھەرە چاققاندەك ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى، قولىنى سىلكىپ تارتىۋالدى.

— سىزگە نېمە بار بۇ يەردە، ھەممىدىن مۇقەددەس ئىشىڭىز قېپقالدىمۇ، — دېدى رىزۋانگۇل كۆز ياشلىرىنى سۈرتىۋېتىپ.

— سىزنىڭ ھالىڭىزدىن خەۋەر ئالاي دەپ كىردىم. كەيپىڭىز قانداقراق؟

— رەھمەت، مېنىڭمۇ بۇ دۇنيادا بارلىقىمنى ئۇنتۇپ قالمىغانلىقىڭىزغا ! باشلىق دېگەن سىزدەك كۆيۈمچان بولسا

نىمىدېگەن ياخشى.

— رىزۋان، — كامىل بىرىنچى قېتىم قىزنىڭ ئىسمىنىڭ ئاخىرىدىكى گۈلنى تاشلاپ چاقىردى، — نېمىشقا مېنى ئۈنچىلىك مەسخىرە قىلىسىز. مەن باشلىق سالاھىيىتى بىلەن يېنىڭىزغا كىرگىنىم يوق، تەڭ - باراۋەر سەپداشلار بىز، — ئۇ بىر تىنىۋېلىپ سۆزىنىڭ ئاخىرىنى چىقارماي توختاپ قالدى.

بىر پەستىن كېيىن، — سىز مېنى جازالىماقچىمۇ، ئولتۇرمۇ دېمەيسىز، ئۆرە تۇرامدىمەن ! ؟ — دېدى رىزۋانگۈلنىڭ ياشلىرى قۇرىغان كۆزلىرىگە تىكىلىپ. قىز خاتىرجەم ھالغا چۈشۈپ، سۈيۈنۈپ تۇرغان بولسىمۇ:

— ھەممىنىڭ غوجايىنى سىز، خالىسىڭىز ئولتۇرىسىز، خالىسىڭىز ئۆرە تۇرىسىز، ھەتتا يېتىۋالسىڭىزمۇ سىزگە كىم بىر نەرسە دېيەلىسۇن، ھەممىنىڭ غوجايىنى، — دېدى. كامىلنىڭ چىرايى كۆكىرىپ، چېكە تومۇرلىرى كۆپۈپ كەتتى، كۆزلىرىدىن ئۇچقۇنلار چاقنىغاندەك بولدى. بۇ ھالەتلەرنى ئېنىق كۆرۈپ تۇرغان رىزۋانگۈل گەپنىڭ بۇ مەغرۇر يىگىتنىڭ جېنىغا تەگكەنلىكىنى پەرەز قىلىپ جىددىيلەشتى.

— مېنى شۇنچىلىك شەخسىيەتچى، يۈزسىز دەپ ئويلامسىز؟ دۇنيادا ئادىل مۇئامىلە قىلىدىغان ئادەملەرنى تاپماق قىيىن ئوخشايدۇ، — بۇ سۆز شۇنداق ئەلەم بىلەن ئېيتىلدىكى، رىزۋانگۈل تاقەت قىلىپ تۇرالمىدى، ئۇ ئورنىدىن ئىتتىك تۇرۇپ كامىلنىڭ قولىنى تۇتتى، ھەر ئىككىلا قول يېنىك تىترەۋاتاتتى.

— قېنى ئولتۇرۇڭ، ئۇلار يۈرىكىمدىكى سۆز ئەمەس، ماڭا ئىشىنىڭ، — دېدى ئۆزىنىڭ كارىۋىتىنى كۆرسىتىپ. كارىۋاتنىڭ ئۇ بېشىدا كامىل، بۇ بېشىدا رىزۋانگۈل ئولتۇردى. ئارىغا ئېغىر جىمجىتلىق چۈشتى. ئۇزاق جىملىقنى رىزۋانگۈل ئاخىرلاشتۇردى.

— سۆزلىرىمدىن رەنجىپ قالدىڭىزمۇ؟ ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن،

نېمىشقا ئاغزىمدىن شۇنداق سۆزلەر چىقىدىكىن ...

— رىزۋان، سىزمۇ نېمىشقا دېگەنلىكىڭىزنى ئوبدان بىلىسىز، مەن بولسام تېخىمۇ ئوبدان چۈشىنىمەن، — بۇ سۆز رىزۋانگۈلنى يەرگە قاراتتى، مەڭزىلىرىنى ۋىللىدە قىزارتتى، ئۇنىڭ كۆڭلى بولسا تىل بىلەن بىلدۈرۈپ بولمايدىغان دەرىجىدە سۆيۈندى. كۆڭلىدە بايىقى ئەلەم، ئاچچىق ھەسرەتلەرنىڭ شەپىسىمۇ قالمىدى. خۇددى خۇش ھاۋالىق، رەڭگارەڭ گۈللەر ئېچىلىپ كەتكەن، كېپىنەكلەر ئويناقشىپ ئۇچۇپ يۈرگەن باغقا كىرىپ قالغاندەك ياير اپ كەتتى، ئۆزى تۇرغان يەرنىڭ تاقىر تاغنىڭ ئىچى ئىكەنلىكىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇدى.

— زېرىكىپ قالدىڭىزمۇ، ئۆيىڭىزنى، ئاتا ـ ئانىڭىزنى سېغىنىپ قالدىڭىزمۇ ـ يە ! ؟ — رىزۋانگۈل تاسادىپىي ئېيتىلغان بۇ سۆزنىڭ تېگىگە زادى يېتەلمىدى. ئۇ ئەجەبلىنىش نەزەرى بىلەن كامىلغا قارىدى.

— ھېلى مەن كىرگەن ۋاقىتتىكى ئەھۋالىڭىزغا قاراپ مەن شۇنداق ئويلىغان، خۇددى كىچىك قىزچاقنىڭ قىلىقىغۇ ئۇ ...

— ئاتا ـ ئانامنى يىلدا بىر قېتىم كۆرۈشكە ئۆگىنىپ قالغان، ئۇنىڭغا كۆنگىلى بولىدىكەن، بىراق ئادەمنىڭ ھاياتىدا ئاسان كۆنگىلى بولمايدىغان ئىشمۇ بار ئوخشايدۇ، ھەممىدىن شۇنىڭ ئازابى ياماندەك قىلىدۇ.

— نېمە، بۇ ئاڭلىغان سۆزمۇ، ياكى بىرەر كىتابتىن ئوقۇۋالغان؟ سىز تېخى ھاياتتىن مۇنداق مەنىلىك مەزمۇنلارنى بىلدۈرىدىغان يەكۈنلەرنى چىقىرىشقا بالدۇرسىز تېخى، سەبىي قىزچاق.

— ياق، كامىل، — دېدى رىزۋانگۈل ئۇنىڭ كۆزلىرىگە دادىل تىكىلىپ تۇرۇپ، — بەزىلەرگە بىرقانچە يىل كەتسىمۇ، بەزىلىرىگە بىرقانچە ئاي، ھەتتا بىرقانچە كۈنلا كۇپايە قىلىدۇ. مېنى كىچىك بالا دەپ ئويلايدىكەنسىز ـ دە؟

— قىزچاق، تېخى تۈنۈگۈنلا قولىڭىزدىن بوغچىڭىز

چۈشكەن، ھەقىقىي ھايات يولىغا چۈشۈپ بىرەر قەدەم ماڭماي تۇرۇپلا ئۆزىڭىزنى چوڭ بولدۇم دەپ ھېسابلىماڭ.

— مېنى شۇنچىلىكمۇ مەنسىتمەمسىز؟ — بىردىنلا ئۆڭدى رىزۋانگۈل قىزىرىپ - تاتىرىپ، — بىر ئادەمنى خورلاش، بوزەك قىلىش ... سىزنىڭ نەزىرىڭىزدە مەن بىر بالا، سۆزلىرىمنىڭ ھېچ مەنىسى يوق، كۆز ياشلىرىمنىڭ قىممىتىمۇ يوق. كۈلمەڭ، مېنى ئۇنداق مازاق قىلماڭ، — ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ كامىلغا تەتۈر قارىۋالدى، ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ، ئۆكسۈپ كەتتى، بەدىنى يېنىك تىترىدى.

— مېنىڭ سۆزلىرىمدە سىزنى بۇنچىلىك رەنجىتكۈدەك مەنە يوقتەك قىلاتتى. نېمىگە ...

— سۆزىڭىزدە بولمىغىنى بىلەن كۆڭلىڭىزدە تۇرسا، تەنتەك قىز، تېخى نادان، ھېچنېمىنى بىلمەيدۇ دەپ قاراۋاتىسىز. توغرا، سىز باشلىق، ئەمەلىڭىز بار، مەن نېمىتىم؟ سەن تۇنۇگۈن خىزمەتكە چىققان بىر سولتەك، ئەركە - نايناق، ئاغزىدىن سۈت پۇرىقى كەتمىگەن، ھېلىلا قولۇڭدىكى قورچىقىڭنى تاشلىغان تۇرساڭ نېمانچە قىلىسەن دېمەمسىز! كۈلۈڭ، قانغۇدەك مەسخىرە قىلىپ ھجىيىڭ ... كۆڭلىڭىز خۇش بولسۇن، — رىزۋانگۈل ئىچ - ئىچىدىن ئۆرتەۋاتقان ئۆكۈنۈشىنى باسالماي تېز - تېز نەپەس ئالاتتى. ئۇنىڭ توغاچتەك كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان كۆكسى رىتىملىق كۆتۈرۈلۈپ، پەسلەپ تۇراتتى. كامىل ھەۋەس ۋە ئىچكى ئىنتىلىش بىلەن قاراپ كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى، ئۇ يېنىدىن تاماكا چىقىرىپ، ئۇنى تۇتاشتۇردى، بىرقانچە قېتىم شورىدى. ئوتتۇرىغا جىملىق چۈشتى، كامىل نېمىلەرنىدۇر كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈۋاتقاندەك قىلاتتى.

— گەپ قىلالمايسىزغۇ، دەل جايىدا دېگەنلىكىم ئۈچۈن ئاغزىڭىزنى ئاچالمايۋاتامسىز، كۆڭلىڭىزدىكى گەپلەرنى قىلىپ بەردىممۇ؟ — دېدى كەينىگە ئۆرۈلگەن رىزۋانگۈل تاقەتسىزلەنگەن ھالدا. كامىل سەمىمىي تەلەپپۇزدا مۇنداق دېدى:

— ماڭا بېشىڭىزنى كۆتۈرۈپ قاراڭە رىزۋان، رەڭگىڭىزنى بىر كۆرۈپ باقاي، كۆزىڭىزنىڭ ئىچىدىكىنى بىر كۆرۈپ باقاي. ماڭا قاراڭە ! — رىزۋانگۇل يېقىن ئادىمىگە ئەركىلىگەندەك ئۆزىنى يېنىمك چايقاپ قويۇپ، يەنە تەتۈر قارىۋالدى. كامىل ئورنىدىن تۇرۇپ قىزغا يېقىنلاشتى. ئىككى قولىنى ئاستا كۆتۈرۈپ، رىزۋانگۇلنىڭ مۈرىسىدىن تۇتۇپ، سىلىققىنە ئۆزىگە قاراتتى، نەملەشكەن كىرپىكلەر پىلدىرلاپ كەتتى، ئۈمىد بىلەن تىكىلگەن كۆزدە ئوت يېنىپ كەتتى، ئانارەدك قىزارغان مەڭزلەر، تەبەسسۇم قېتىپ قالغان لەۋلەر، دولقۇنلانغان قان، تىترىگەن يۈرەك.

— رىزۋانگۇل يۈرەككە تەئەللۇق ئىشنى پەقەت يۈرەك بىلەنلا چۈشىنىشكە بولىدۇ، مېنىڭ يۈرىكىم ھەممىنى بىلىپ تۇرۇۋاتىدۇ. لېكىن سىز تېخى نۇرغۇن نەرسىلەرنى بىلمەيسىز. خۇسۇسەن مېنى چۈشىنىشىڭىز تېخى خېلى يىراق ...

— ياق كامىل، مەنمۇ ئۆز يۈرىكىمنىڭ ... — تاشقىرىدىكى ۋاراڭ - چۇرۇڭ رىزۋانگۇلنىڭ سۆزىنى ئۈزۈۋەتتى. رامىلە بىرسىگە چاقىلداپ سۆزلەۋاتاتتى، ئات ھارۋىسىنىڭ دۈپۈلدىگەن ئاۋازلىرى، گۈلئايشەمنىڭ بىرسىدىن توختىماي ھال سوراشلىرى ئاڭلاندى. كامىل رىزۋانگۇلنىڭ مۈرىسىنى چىڭ سىقىپ، ئۇنىڭ كۆزلىرىنىڭ ئىچىگە قاراپ قويۇپ سىرتقا ماڭدى.

گۈلئايشەمنىڭ ئېرى گايىت ھارۋىسى بىلەن كۆكتات، گۆش ئېلىپ كەلگەنىدى. بۇ قېتىم ئۇنىڭ بىلەن بىرگە چىرايلىق بىر قىزمۇ كەلگەن، ئۇ قىز گۈلئايشەمگە بەكمۇ ئوخشايتتى، لېكىن ئۇنىڭدىنمۇ چىرايلىق ئىدى. گۈلئايشەم ئۇ قىزنىڭ چاچلىرىنى سىلاپ ئۆزىگە چىڭ يېپىشتۇرۇۋالغانىدى.

چېدىردا قالغانلار ئولاش - چولاش بىردەمدىلا ھارۋىدىكى نەرسىلەرنى چۈشۈرۈپ، ئاشخانىغا ئەكىرىۋەتتى. كامىل ئىشخانىسىغا كىرىپ كەتتى. قالغانلار ئاشخانىغا يىغىلدى. گۈلئايشەم رىزۋانگۇل بىلەن رامىلەگە:

— بۇ مېنىڭ سىڭلىم، ئىسمى چىمەنگۈل، مېنى يوقلاپ كەپتۇ، — دەپ تونۇشتۇردى. كۈلۈپلا تۇرىدىغان بۇ چىرايلىق قىز چېدىردىكى ھەممە نەرسىگە قىزىقىش بىلەن قارايتتى. ئىككى قىزغىمۇ زوقلانغاندەك قارايتتى. گۈلئايشەمنىڭ ئېرى چاينى ئىچىپ بولۇپلا قايتتى. ئۇلار پەقەت بىرلا ئېغىز سۆز قىلىشتى. بىرسى بالىلارنى سورىدى، بىرسى ياخشى، دېدى. كېتىدىغان ۋاقتىدا گۈلئايشەم چىقىپ ئۇزۇتۇپمۇ قويمىدى. ئېرى بۇنى قېتىغىمۇ ئالمىغاندەك كېتىپ قالدى. بەلكى ئۇلاردا بۇنداق ئادەت بولمىسا كېرەك. چىمەنگۈل بىرقانچە كۈن تۇرۇپ ئاچىسىغا ياردەملەشمەكچى بولدى، باشقىلارمۇ ئۇنى خۇشاللىق بىلەن قارشى ئالدى، بولۇپمۇ گۈلئايشەم بەك خۇش بولۇپ كەتتى. ئۇ قازان بېشىدا قولى ئىشتا بولسىمۇ، ئاغزى گەپتە. ھە دېسە ئۆينىڭ ھەممە نەرسىسىنى سورايتتى. بولۇپمۇ ئاپىسىنىڭ ئەھۋالىنى يېنىش - يېنىشلاپ سورىدى، چىمەنگۈلمۇ توختىماي جاۋاب بەردى. راملە بىلەن رىزۋانگۈل ئاچا - سىڭىلىنىڭ ئازادە مۇڭدىشىۋېلىشىغا كاشىلا قىلماسلىق ئۈچۈن ياتىقىغا چىقىپ كەتتى.

— ئاچا، — دېدى چىمەنگۈل ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قاراپ تۇرۇپ، — تېخىمۇ چىرايلىق بولۇپ كېتىپسەن، ئۆيگىدىمۇ مۇنداق ئېچىلىپ - يېيىلىپ يۈرۈپ باقمىغانىدىڭ، نېمە بولدى ساڭا؟

— بىر نېمە بولغاندەك تۇرامدۇ؟ گېپىم تولىراپ قالغاندۇ؟

— ياق خۇشاللىقىڭ تېشىڭغا تېپىپ تۇرىدۇ، ئىچىڭگە پاتماي قالغان بىر خۇشاللىق بارغۇ.

— ھەي چىمەن، نېمە دېسەم بولاركىن، بىزنىڭ ئادەملىرى بىلەن شەھەرنىڭ ئادەملىرى ئوخشىمايدىكەن، بۇ يەردە ئىشلەيدىغانلارنىڭ ھەممىسى ئوقۇغانلار ئىكەن. ئوقۇغانلار باشقىچىلا بولىدىكەن، ساڭا قانداق ئۇقتۇرسام بولىدىكىن، ئۆزۈڭ كۆرسەڭ بىلىسەن.

— چاچلىرىڭنى تۇزەشلىرىڭ، كىيىملىرىڭ، يۇرۇش - تۇرۇشلىرىڭ، قاراشلىرىڭمۇ بۇرۇنقىغا ئوخشىمايدۇ، پەقەتلا ئوخشىمايدۇ، پەقەتلا ئوخشىمايدۇ، بۆلەكچىلىغۇ ...

— سەنمۇ ئاشۇرۇۋەتتىڭ. چوڭ بولغان ئوخشايسەن، باشقىلارنىڭ ھەممە نېمىسىگە كۆز سالىدىغان ...

— بولدى ... بولدى، يەنە ئاغزىڭ ئېچىلدى.

— چىمەن، يېقىندىن بېرى كۆڭلۈمگە بىر جىن چۈشتى، ھەرقانچە پۇشايمەن قىلساممۇ ماڭا ئەمدى ئامال يوق، سېنى شەھەرلىككە بەرسەك، دېگەن ئوي كۆڭلۈمدىن زادى كەتمەيدۇ، شۇنداق بىر ئىرادە بولۇپ قالسا، نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى. يەنە قۇلاق ئاغرىتىپ كىرىۋاتقانلار بارمۇ؟ — ئاچىسىنىڭ سۆزى چىمەنگۈلگە ياقتى بولغاي، ئۇ تاتلىق كۈلدى. ئۇزۇن قاشلىرىنى سۈزۈپ قويدى.

— يەنە بىر - ئىككى يەردىن كەلدى.

— نېمە دېدىڭلار؟

— ئۇقمىدىم، كېيىنچە توختاپ قالدى.

— ئۆزۈڭ بىرەرسىگە ئىچ پەش تارتىپ قالدىڭمۇ - يە؟ !

— نەدىكى گەپلەرنى قىلىسەن ! — دېدى چىمەن ئەركىلەپ ۋە ئاچىسىنى قۇچاقلاپ قويدى.

# يەتتىنچى باب

## 1

كۈن تاغ كەينىگە ئۆتتى. پەقەت ئېگىز چوققىلاردىلا ئۇنىڭ قىزغۇچ نۇرلىرى ئەكس ئېتىپ تۇردۇ. چېدىرلار جايلاشقان تۇرالغۇ قاراڭغۇلاشقاندەك بولۇپ قالدى، ھاۋامۇ بىردىنلا سالقىنلىدى، كۆز ھاۋاسىنىڭ نەمخۇش پۇرىقى ياۋا گىياھلارنىڭ قاڭسىق ھىدلىرى بىلەن بىرلىشىپ دىماقلارغا ئۇرۇلدۇ.

تەكشۈرۈش گۇرۇپپىلىرى بىر - بىرلەپ كېلىشكە باشلىدى. ئۇلارنىڭ كۈلكە - چاقچاقلىرى جىمجىت تاغ ئارىسىنى جانلاندۇردى. ھەممىدىن كېيىن مەسئۇدنىڭ گۇرۇپپىسى كەلدى. ئۇلار ئالدى بىلەن رىزۋانگۈلنى ئىزدىدى. ئۇنى ياتىقىدىن تېپىپ ھال سورىدى. بولۇپمۇ ئېلى ھال - ئەھۋال سوراش بىلەن بىرگە قىزىق گەپلەرنى قىلىپ ئازراق كۈلدۈردى. ئۇ گۇرۇپپىدىن پەقەت مەسئۇدلا كۆرۈنمىدى، بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلمىدىغان رىزۋانگۈلنىڭ كۆڭلى باشقىچە بولۇپ قالدى. ئۇنىڭغىمۇ نېمە ئامال، ئۆزىمۇ ھازىر بىر بىچارە، كىم ھېسداشلىق قىلىدۇ، ئىچ ئاغرىتىدۇ؟ لېكىن كۆپ ئۆتمەيلا مەسئۇد رىزۋانگۈلنىڭ ئالدىدا ئۆزى يالغۇز پەيدا بولدى، يالغۇز ھال سوراپ كىردى. بۇنىڭدىن رىزۋانگۈلنىڭ كۆڭلى خۇش بولدى، لېكىن نېمىشقىدۇر ئەندىشىمۇ قىلدى. ئەيمىنىش، خاتىرجەمسىزلىنىش تۇيغۇلىرى ئۇنى بىردەمدىلا قورشىۋالدى، شۇڭا مەسئۇدنىڭ سورىغان سوئاللىرىغا ھە، ياق، دېگەن قىسقا جاۋابلارنى بېرىش بىلەن ئۆزىنى تۇتتى. قىز بىر تەرەپتىن ئاغرىدىن مەسئۇدنىڭ كۆڭلىنى ئازابلايدىغان سۆزنىڭ

چىقىپ كېتىشىدىن ئەنسىرىسە، بىر تەرەپتىن خەيرخاھلىق يۈزىسىدىن چىقىپ كەتكەن بىرەر ئېغىز سۆزىنىڭ دەھشەتلىك ئاقىۋىتىدىن قاتتىق ئەنسىرەۋاتاتتى. ئۇ ئاز گەپ قىلىشقا، ئىمكان بولسا ھېچبىر گەپ ـ سۆز قىلماي قاراپ تۇرۇشقا شۇنچىلىك رازى ئىدى.

مەسئۇد رىزۋانگۈلنىڭ تەشۋىشلىك كۆزلىرىدىن، ئالاقزەدىلىك بىلەن قاراشلىرىدىن ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى پەرەز قىلدى. بولۇپمۇ سۆز قىلماي تۇرىۋېلىشى مەسئۇدقا قاتتىق ئەلەم قىلدى، يۈرىكىنى قىستى، بىر يەرلىرىنى ئېچىشتۇردى. شۇڭا ئۇنىڭ ئەمدى بۇ قىزنىڭ ئالدىدا تۇرۇشقا تاقىتى قالمىدى، ئۇ كەينىگە ئۆرۈلدى ـ دە، بىر ـ بىر دەسسەپ ئىشىكتىن چىقىپ كەتتى. يالغۇز قالغان رىزۋانگۈلنىڭ كۆڭلى بىر قىسمىلا بولۇپ قالدى، بىئاراملىق، قىيىنىلىش، ئازاب ئارىلاشقان مۇرەككەپ تۇيغۇ ئۇنى قىيناشقا باشلىدى. يۈرىكىنىڭ بىر يېرى ئېچىشتى، بېشى ئېغىرلاپ، چېكىلىرى چىڭقالدى. «مەسئۇدنىڭ كۆڭلى ئۈچۈن بولسىمۇ ئۇنى ئوچۇق چىراي، ئەركىن كۈتۈۋالغان بولسام نېمە بولاتتى، تۆت ئېغىز گەپ قىلىپ قويغانغا ئاسمان ئۆرۈلۈپ چۈشمەستى.» بۇ خىياللار رىزۋانگۈلگە پۇشايمان ئېلىپ كەلدى. بۇنىڭ تېگىدە مەسئۇدقا نىسبەتەن ئىچ ئاغرىتىش، خەيرخاھلىق تۇيغۇسى بار ئىدى. رىزۋانگۈل بىر خىل ئازابلىنىش كەيپىياتىدا ئورنىدىن تۇردى، سىرتقا قاراپ ئىككى ـ ئۈچ قەدەم تاشلىدى ـ دە، توختاپ قالدى. ئۇ نەگە بارماقچى، نېمە قىلماقچى، بۇنى ئۆزىمۇ بىلمەيدۇ. ئۇنىڭ سىرتقا قاراپ مېڭىشى ھېچبىر مەقسەتسىزلا ئىدى. بۇنداق ئىختىيارسىزلىق ھېسسىياتنىڭ دەۋىتى، ئەقىلنىڭ مېۋىسى ئەمەس، نەۋباھار مەزگىلىدىكى قىز قەلبىنىڭ تەبىئىي داۋالغۇشى، ئەقىل بىلەن ھېسسىياتنىڭ ئېلىشىشى ئىدى.

شۇ تاپتا رىزۋانگۈل قەدەملىرىنى داۋاملاشتۇرسا سىرتقا چىقىپ مەسئۇدنى تېپىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىر پەس مۇڭداشسا،

بۇنىڭ نېمە يامىنى بار؟ ھەتتا سۆز ئارىلىقىدا تەبەسسۇم قىلسا، مەسئۇدنىڭ قارا كۆزلىرىگە تىكىلىپ قويسا يەر تەۋرەپ، ئاسمان ئۆرۈلۈپ چۈشەمدۇ؟ بۇلار رىزۋانگۇلنىڭ ئەقلىي يەكۈنلىرى، ئەقلىنىڭ ئۇنسىز ساداسى، ھەيدەكچىلىكى. ئۆزىنى ھەقىقىي، تەمەسىز ياخشى كۆرگەن يىگىتنىڭ رەنجىگەن، ئازار يېگەن كۆڭلىگە تەسەللى بېرىشى، ئۇنى بەزلىشى يامان ئىش ئەمەس. بەلكى ماختاشقا تېگىشلىك پەزىلەت، ئۆزىنى ھۆرمەتلىگەنلىك. ئەقىدە ۋە سۆيۈشنى خورلاش نادانلىق، ھېچبولمىغاندا پەمسىزلىك. رىزۋانگۇل بۇلارنى چۈشىنەتتى، تېگى ـ تەكتىدىن بىلەتتى، مۇشۇنداق قىلسا ئەقىل بىلەن خاسىيەتلىك ئىش بولىدىغانلىقىغا شۈبھىلەنمەيتتى. لېكىن رىزۋانگۇل پۈتلىرىنى يۆتكىيەلمەيتتى، ئۇلار خۇددى يىلتىز تارتىپ قالغاندەك مىدىر قىلمايتتى، قانداقتۇر بىر كۈچ قىزنىڭ ئىككى پۇتىنى تۆۋەنگە قاتتىق تارتىپ تۇراتتى، ئۇ بۇنى يېڭىشكە جۈرئەت يېتىشمەيۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىۋاتاتتى.

بۇ سىرلىق كۈچ رىزۋانگۇلنىڭ ئەنسىز سوقۇۋاتقان يۈرىكىدە، تەبىئىي تەلپۈنۈشلىرىدە، تومۇرلىرىدا جىمجىت ئۆركەشلەۋاتقان قانلىرىدا، قىزنىڭ ھەربىر ھۈجەيرىسىدە، سۆيگۈ ... ئىنساننىڭ پاك سۆيگۈسى ئۈچۈن تەشنا بولۇۋاتقان قىزلىق لاتاپىتىدە ... لەۋلىرىدە ... تىنىقلىرىدا ... ئويناپ تۇرغان كۆز قارىچۇقلىرىدا ئىدى.

رىزۋانگۇلنىڭ ئەقلى يېڭەلمەيۋاتقان كۈچ كامىلنىڭ ۋۇجۇدىدا، ئۇنىڭ ۋولقاندەك ئېتىلىپ تۇرىدىغان ھېسسىيات، دېڭىز دولقۇنلىرىدەك ئۆركەشلەپ تۇرىدىغان ئويناق تۇيغۇ، تۇرمۇشقا، ئادەملەرگە بولغان ئوتتەك قىزغىنلىق، ئېغىر ئازاب، ئاچچىق مۇڭلارنى ئۆزىگە يوشۇرۇپ تۇرغان جىسمىدا، ئۇنىڭ يوشۇرۇپ تۇرغان سىرلىرىدىن شەپە بېرىپ تۇرغان ئوتلۇق، لېكىن مۇڭ پەردىسى بىلەن چۈمكەلگەن بىر جۈپ كۆزىدە، رىزۋانگۇلنىڭ قىزلىق قەلبىنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلغان، كۆزگە

كۆرۈنمەس، لېكىن ئۈزگىلى بولمايدىغان سىرلىق رىشتىسىدە، ئاشۇ كۆرۈنۈشى سۇرلۇك، لېكىن ئىللىق باھاردەك سېزىلىدىغان ئاشۇ يىگىت ۋۇجۇدىدا... بۇلار رىزۋانگۈلنىڭ خىياللىرىمۇ، ئويلىرىمۇ ياكى قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىن چىقىۋاتقان ئۈنسىز سادامۇ، بىرەر غايىۋى شەپقەتچىنىڭ قىزنىڭ قۇلاقلىرىغا شىۋىرلىشىمۇ ...

رىزۋانگۈل ئوتتەك قىزىپ كەتكەن مەڭزىنى ئالىقانلىرى بىلەن چىڭ بېسىۋېلىپ، غايىۋى بىر كەيپىياتتا كارىۋىتىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ يۈرىكى ھاياجاندا تەرتىپسىز سوقۇپ كەتتى، ۋۇجۇدىدا شېرىن، لېكىن ئازابلىق بىر خىل كەيپىيات ئۇنى زىلزىلىگە سالاتتى. كۆز ئالدىدىكى ھەممە نەرسە يۇپقا بىر قەۋەت تۇمانغا ئورالغاندەك كۆرۈنەتتى. بىر خىل شېرىن پۇراق ئۇنى ئەركىلەتكەندەك قىلسا، بىر خىل غۇۋا سايە ئۇنىڭغا ھەيۋە قىلغاندەك قىلاتتى.

— ئاھ ... — دېدى رىزۋانگۈل ! ئېغىر نىدا بىلەن، — مۇھەببەت دېگەن شۇنداق سېھىرلىك بولامدىغاندۇ؟ ... مەن ئاشىق ... مەڭگۈلۈك باغلاندىم، — ئۇنىڭ لەۋلىرى ئىللىق تەبەسسۇم بىلەن زىننەتلەندى، قاشلىرى تەبىئىي ناز بىلەن سوزۇلدى. كېيىك كۆزلىرىدىن نۇر چاقنىدى، يىپەك ئۇزۇلگەن مارجاندەك ياش مەڭزى ۋە لەۋلىرىنى سۆيۈپ ئۆتۈپ، چىرايلىق كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان كۆكسىنىڭ ئۇستىگە سىڭىپ كەتتى.

— رىزۋانگۈل ... رىزۋانگۈل، — سىرتتا چاقىردى راملە ۋە ھايال بولماي چېدىرغا كىردى. رىزۋانگۈل ياشلىرىنى سۈرتۈپ ئۈلگۈرەلمىدى.

— نېمە، بىر يېرىڭىز ئاغرىۋاتامدۇ؟ — يېنىغا كەلگەن راملە ھەيرانلىق ۋە تەشۋىشلىك ھالدا سورىدى.

— ياق، — دېدى رىزۋانگۈل كۈلۈپ تۇرۇپ، — ھېچ يېرىم ئاغرىمايدۇ.

— دېمىسىمۇ چىرايىڭىزدا ئازابلىنىش ئەمەس، شادلىق،

خۇشاللىق ئۇرغۇپ تۇرىدۇ، دېمەك، كۆزۈمدىن تۆكۈلگىنى خۇشاللىق يېشى دەڭا ...

— بۇ تاغ ئارىسىدا نېمە خۇشاللىق بولىدۇ، راملە، ھەر خىل خىياللار دەڭا ...

— مېنىڭدىن ئەمدى يوشۇرمەن دەپ ئاۋارە بولماڭ، مەن دېگەن دوختۇر. فىزىيولوگىيەلىك ئالامەتلەرنىلا ئەمەس، روھىي ئالامەتلەرنىمۇ بىلەلەيمەن، ھەر ھالدا توغرا دىياگنوز قويالايمەن. مۇھەببەت سەۋداسى، باشقا نېمە بولاتتى، تاماق ساقلاپ قالدى، يۈرۈڭ ...

— ياق مەن چىقماي، گۈلئايشەم ئەكىرىپ بەرسۇن.

— ئىشنى چوڭايتماي مېڭىڭە، چاندۇرىسىز جۇمۇ ...

— ھەممىسى بارمۇ؟

— مەسئۇدتىن باشقىلىرى ھەممىسى بار.

— رىزۋانگۈل چۆچۈگەندەك بىر پەس تۇرۇپ قالدى ـ دە، گەپ ـ سۆز قىلماستىنلا ئورنىدىن تۇرۇپ راملە بىلەن سىرتقا قاراپ ماڭدى.

«رىزۋانگۈل ئۆزىنى قاچۇردى، ھەتتا كۆرۈشۈشنىمۇ خالىمىدى. شۇڭا مىجەزىم يوق دېگەننى باھانە قىلىپ دالا تەكشۈرۈشكە چىقمىدى.» بۇ خىيال، ياق بۇ يەكۈن مەسئۇدنى بىر كېچە ـ كۈندۈزدىن بېرى ئازابلىدى، ئۇنىڭ ئۈيقۇلىرىنى نەلەرگىدۇر قاچۇردى، ئىشتىھاسىنى تۇتۇلدۇردى. ئۇ كۈنبويى بېشى قېيىپ قالغان ئادەمدەك گاراڭ يۈردى، ھېچكىمگە بىرەر ئېغىز سۆز قىلمىدى، كىرىپىك يىرىپ قارىمىدى، خۇددى تېگى يوق خىيالغا چۆشۈپ كەتكەندەك، ھەممىنى، ھەتتا بۇ دۇنيانىمۇ ئۇنتۇغاندەك ئىدى.

مەسئۇدنىڭ چىرايىدىن ھېچقانداق ئالامەتنى سەزگىلى بولمىسىمۇ، قەلبىدىكى ئازاب ئەۋجىگە چىققانىدى. يۈرىكى مۇشۇك تاتىلىغاندەك بولۇپ، كۆڭلىگە ھېچنېمە ياقمىدى. ھەممە نەرسە ئۇنىڭغا سوغۇق، كۆرۈمسىز كۆرۈندى، ھەتتا باشقىلارنىڭ

قىلىشقان پاراڭلىرىمۇ قۇلاقلىرىغا قوپال، يىرىك ئاڭلاندى.
مەسئۇدنىڭ ساپ مۇھەببىتى تېگىشلىك ئېتىبارغا ئېرىشەلمىدى. ئۇ ئىنتىلگەن يۈرەك باشقا بىرسىگە تەلپۈنگەن. يىگىت ئۈچۈن بۇ بىر ئېغىر ئەلەم، قاتتىق زەربە ... مەسئۇد رىزۋانگۈلنى جىمجىت ياخشى كۆرۈپ قالغانىدى. قەلبى ئۇنىڭغا باغلانغان، ياشلىق تىلەكلىرى ئۇنىڭ بىلەن چېچەكلىگەن، ھاياتنىڭ زوقى، تۇرمۇشنىڭ لەززىتى ئۆزىنى قۇچاقلىغاندەك خۇشال بولغانىدى. مانا ئەمدى ئۇنىڭ خۇشاللىقلىرى قايغۇ ـ ئازابقا ئايلاندى، تىلەكلىرى يەرگە ئۇرۇلغان ئەينەكتەك پارە ـ پارە بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭغا تۇرمۇشنىڭ ھېچقانداق مەنىسى قالمىغاندەك تۇيۇلدى. خۇشاللىق ئۇنىڭدىن پۈتۈنلەي قاچقان، ئۇنى تاشلاپ كەتكەن.
بۇلۇتسىز كۆز ئاسمىنىدا چاراقلاپ سان ـ ساناقسىز يۇلتۇزلار يىنىپ تۇرىدۇ، ئۇلار خۇددى ھەيرانلىقتا تىكىلگەن كۆز. جىمجىت تاغ ئارىسىدىكى. سۇرلۇك تىنچلىق ھۆكۈم سۈرگەن مۇھىت ئىچىدە مەسئۇد ئۇخلىيالماستىن چېدىردىن چىقتى. ئۇنىڭ تېنى قىزىغان، باشلىرى ئېغىرلىشىپ، چېكىلىرى چىڭقالغان، قۇلاقلىرىدا رىزۋانگۈلنىڭ رەھىمسىز جاۋابى تۈرۈپ ـ تۈرۈپ ئەكس سادا بېرىپ جاراڭشىيدۇ.
مەسئۇد بىر ـ بىر بېسىپ چېدىرنىڭ يۇقىرىسىدىكى دۆڭلۈكنىڭ ئۈستىگە چىقتى. سالقىن شامال ئۇنىڭ قويۇق چاچلىرىنى ئۇچۇراتتى. سوغۇق قوللىرى بىلەن ئۇنىڭ يۈزلىرىنى سىلايتتى، خۇددى ئوت ئېلىۋاتقان تېنىنى سوۋۇتماقچى بولغاندەك. مەسئۇدنىڭ تېنى سالقىندىغان بولسا، نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى. ئۇ چاغدا ئۇ سالقىن قانلىق بىلەن پىكىر قىلغان بولسا، ئازابلىرى يېنىكلەيتتى، تۇرمۇش، ھايات، مۇھەببەت ھەققىدە ئەقلىي يەكۈنلەرنى چىقىرىۋالاتتى.
ھېسسىيات ئەقىل ئۈستىدىن غالىب كەلگەندە، ئادەمنىڭ پىكرى قانىتى بوغۇلغان كەپتەر پەرۋاز قىلالمىغاندەك، بىر

دائىرىنى ئەگىپ، پالاقشىپ چىقىپ كېتەلمىگەندەك بىر لا نەرسە ئۈستىدە توختاپ قالىدۇ، شۇنچە كەڭرى جاھان ئۇنىڭ ئۈچۈن غايىب بولىدۇ، شۇنچە نۇرغۇن ئادەملەر ئىچىدە پەقەت شۇ بىر لا كىشى ئۇنىڭ ئۈچۈن بۇ دۇنيادا بىردىنبىر مۇقەددەس بىلىنىپ، باشقىسىنى كۆرمەيدۇ، ھەتتا ئۆزىگە ئۈمىد بىلەن تىكىلگەن كۆزلەردىن ئۇرغۇپ تۇرغان قايناق ھېسسىياتلارنى سېزەلمەيدۇ. بۇ ئاشىقلىق، مۇھەببەتنىڭ سىرلىق كارامىتى، چاقچىقى، يامغۇرى، قارى ...

چىن شەيدالىق بەخت ۋە شادلىقنىڭ ئانىسى، ھاياتنىڭ يوشۇرۇن لەززىتى، زوقى، خۇشاللىقى، ياق ئۇ ئازاب، بەختسىزلىك بوسۇغىسى، كۆندۈزنىڭ كېچىسى، پەسىلنىڭ قىشى... ھاياتنى سەزدۇرمەي ئۆپرىتىپ تۈگىتىدىغان شەكىلسىز ئېكەك، ئاستا ـ ئاستا كۆيدۈرۈپ كۈلگە ئايلاندۇرىدىغان يالقۇنسىز ئوت.

ھايات قايغۇ بىلەن خۇشاللىق، بەخت بىلەن بەختسىزلىك بىر ـ بىرىنى تىنماي قوغلىشىپ يۈرىدىغان كارامەت سەھنىسى. مەڭگۈ ئاخىرلاشمايدىغان بەيگە، قايسىسىنىڭ ئۇتۇپ چىقىشىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. بەزىدە ئۇ غالىب كېلىپ، قاقاھلاپ كۈلسە، بەزىدە بۇ غالىب كېلىپ مەغرۇر كېرىلىدۇ. ئادەم ئۇلارنىڭ تالىشىش ئوبيېكتى، ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان زېمىنى، كارامىتىنى كۆرسىتىدىغان سورۇنى. تاغ ئارىسىدىكى دۆڭلۈكتە ئولتۇرغان مەسئۇدمۇ ئۇلاردىن قېچىپ قۇتۇلالمىدى. بەختسىزلىك، قايغۇ ئۇنىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلماقتا.

## 2

— نېمىلەرنى دەۋاتىسەن ئېلى؟ — دېدى كامىل ئېلىنىڭ ھاياجانلىنىۋاتقىنىنى ئېپادىلىنىپ تۇرغان چىرايىغا قاراپ، — يېزىدا قالىمەن دېگىنىڭ نېمىسى.

— كامىل، سەن مېنىڭ باشلىقىم، ئۇنىڭدىنمۇ ئۆتە دوستۇم، قالغۇم كەلدى، شۇڭا قالاي دېگەن قارارغا كەلدىم.
— سەۋەبىنى سورىسام ئېيتىپ بېرەرسەنمۇ؟
— ھەي بۇنىڭ نېمە سەۋەبى بولاتتى. مەن سەن بىلەن بىرگە بۇ ئىشنى قىلىۋاتقىلى يەتتە ـ سەككىز يىل بولدى، قارىسام ھەممىدىن بىلىمى تۆۋەن مەن ئىكەنمەن، تۇزۇكرەك بىر ئىش قىلىپ بېرەلمىدىم. ئالا بالداق توقماقنى تۇتۇپ بېرىش، يەر كولاش، بەلگە بېكىتىش ... بىرەر ئىلمىي ئىش قىلالمىسام.
— نېمە، كۆڭلۈڭگە كەلگۈدەك بىرەر ئىش بولدىمۇ، بىرەر سۆز ئاڭلىدىڭمۇ ـ يە؟
— ياقاي، نەلەرگە كېتىۋاتىسەن؟ — ئېلى چۆچۈگەندەك سۆزلىدى، — سېنىڭ بۇ توپىڭدىن رەنجىگەن ئادەم ساراڭ.
— ياق، ئېلى، — دېدى كامىل جىددىي قىلىپ، — كۆڭلۈڭدىكىنى ئېيتىشنى خالىمايۋاتىسەن، مېنىڭدىن رەنجىگەن ئوخشايسەن، — ئېلى جىم بولۇپ قالدى. راست گەپنى ئېيتمىسا، ئىش يامىنىغا كېتىۋاتىدۇ. ئەسلىي ئېلى كامىلنى ئىزدەپ كىرىشتىمۇ نەق گەپنى قىلماقچىدى. بىراق، نېمىشقىدۇر ئۇ كۆڭلىگە پۈكۈپ كىرگەن گەپلىرىنى چىقىرالمايۋاتىدۇ. ئارىغا بىر پەس جىمجىتلىق چۈشتى. كامىلنىڭ نېمە ئويلاۋاتقىنىنى بىلىش قىيىن، لېكىن ئېلى كۆڭلىدىكى گەپلىرىنى بىر قۇر تەرتىپكە سالدى، بىر چاغدا ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ، كامىلغا قارىدى ۋە ھېجىيىپ قويدى.
— كامىل ئاداش، — دەپ سۆز باشلىدى ئېلى جىملىقنى بۇزۇپ، — كۆڭۈلدىكى گەپنى ساڭا دېمەي، كىمگىمۇ دەرمەن. ياشمۇ بىر يەرگە بېرىپ قالدى، مۇشۇنداق يۈرۈپ ئاخىر ئۆيسىز قالمايلى. ناخشا ـ كۈلكە، ئويۇن ـ تاماشا ئادەمگە مەڭگۈ ھەمراھ بولسىمۇ، ئۇ ئۆينىڭ، ئائىلىنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ. مۇشۇلارنى ئويلاپ ... — ئۇ جىم بولۇپ قالدى. كامىل بېرىلىپ تىڭشىغان پېتى ئولتۇردى. ئېلىنىڭ گېپىنىڭ ئاخىرىنى كۈتتى. خېلى

ۋاقىتقىچە ئېلىدىن سادا چىقمىغاندىن كېيىن:
— گېپىڭ تېخى تۈگىمىدىمۇ، تۈگۈلۈۋالغىنىڭغا قارىغاندا مۇقىم نىشان، يوشۇرۇپ كەلگەن ئىشىڭ بار ئوخشايدۇ، ئەمدى چوڭ بوپسەن، ئەقلىڭ توشۇپتۇ. چوڭ ئىشقا تۇتۇش قىپسەن، بۇنى يېزىدا قالمايمۇ ھەل قىلىشقا بولاتتىغۇ.
— ساڭا ئەمدى ئېنىقىنى ئېيتاي، مەن چىمەنگۈلنىڭ يېنىدا قالايمىكىن دەيمەن، — بۇ سۆزنى ئېيتىش ئېلى ئۈچۈن شۇنچىلىك قىيىن كەلدىكى، ئۇ قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ كەتتى. بۇرنىنىڭ ئۇچىدىن تەر چىقتى، بېشى تۆۋەن سىلىندى. كامىل بولسا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، ھاياجانلانغانلىقىدىن قوللىرىنى ئۇۋۇلاپ، ئۇياقتىن ـ بۇياققا مېڭىشقا باشلىدى. «مۇنداق دېگىن ئېلى ...» دېگەن سۆزنى نەچچە قېتىم تەكرارلىدى. ئۇ بىر چاغدا مېڭىشتىن توختاپ ئېلىغا بىر پەس قارىدى، ئېلىنىڭ قەلبىنى ئۆز ئەينى بويىچە كۆرمەكچى بولغاندەك قاتتىق تىكىلدى. بېشىنى كۆتۈرگەن ئېلى بۇ قاراشتىن قانداق مەنە ئالدىكىن، چىرايى بىردىنلا سارغايدى، كۆزلىرى تەشۋىشكە تولدى.
— كامىل مەن ... مەن قاملاشمىغان ئىش قىلىپ قويۇپتىمەنمۇ، ساڭا ياقمىدىمۇ؟ — دېدى دۇدۇقلاپ. كامىل بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىمىغاندەك قىياپىتىنى بۇزماي تۇردى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن، پۈتۈن تۇرقىدىن ئازاب ۋە خۇشلۇق ئارىلاشقان مۇرەككەپ روھىي ھالەت ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. كامىل ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا شۇنچە تىرىشقان بولسىمۇ، ئەمما تۇتۇۋالالمىدى. كامىلنىڭ ئالدىدا پەيدا بولغان غايىۋى مەنزىرە ئۇنىڭ قەلبىنى شىددەتلىك داۋالغۇتتى، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى ۋەھىمە قاپلىدى، ئىككى مۈرىسى تىترەپ كەتتى. كامىلنىڭ بۇ ھالىتى ئېلىنى تەمتىرەتتى، چۆچۈتتى، ئۇ ھېچنېمىنى ئىلغا قىلالماي گاڭگىراپ قالدى.
— كامىل ساڭا نېمە بولدى؟ — دېدى ئېلى ھەيرانلىق بىلەن.

— ھە ... — دېدى كامىل چۆچۈگەندەك. شۇئان ئۇنىڭ چىرايى تېنىق ھالەتكە كۆچتى، ئۇ ئورنىدا قايتىدىن ئولتۇرۇۋالدى. تۇمشۇقىنىڭ ئۇچىدىلا كۈلۈپ قويدى.

— چىمەنگۈلگە كۆڭلۈم چۈشۈپ قالدى دېگىن، بۇ كارامەت ئىسىل ئىش بوپتۇ ئىبلى. يۈرەك دېگەن شۇنداق غەلىتە، سىرلىق نەرسە. ئۇنى راستلا ياقتۇرۇپ قالدىڭما؟ — بۇ سوئالدىن ئىبلى بىردىنلا تەمترەپ قالدى. چۈنكى بۇ سوئال ئىبلىنى تەڭلىككە سالىدىغان ئىلگىرىكى بىر قىسىم ئىشلارنىڭ يەكۈنى بولۇپ، ئۇنىڭ ئالدىغا ئەينەك بولۇپ تىكلەنگەن.

ئىبلى سۆزمەن، چاقچاقچى، شاڭخوغا ئۇستا، ناخشىنى ياخشى ئېيتىدۇ، ئۇنىڭ يېقىملىق ئاۋازى قىزلارغا ئالاھىدە تەسىر قىلىدۇ. ئىبلىنىڭ يۇرۇش - تۇرۇشى، كەپكىسىنى قىيشىغا چۈشۈرۈپ سەل قىيپاش كىيىشى، كەيپ بولغاندا ئېتىپ قويىدىغان لاپلىرى، چاقچاقلىرى ئۇنىڭ گۈزەل ئىبلى ۋادىسىدا چوڭ بولغانلىقىنى مانا دەپ كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ كىچىك كۆزلىرى، قارا چاچ، قارا قاشلىرى، تېرىسىنىڭ تازا ئاق ئەمەسلىكىمۇ ئۇنىڭ يەرلىك بەلگىسى.

ئىبلىنىڭ مىجەزىدىكى كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدىغان بىردىنبىر ئالاھىدىلىكى ئۇنىڭ چىقىشقاقلىقى. ئۇ كىشىلەر بىلەن ئاسانلا تونۇشۇۋالىدۇ، بىر كۆرگەن تونۇش، ئىككى كۆرگەن دوست دېگەننى بەكمۇ چوڭقۇر چۈشەنگەن. ئىبلىنىڭ قىزلارنى ئۆزىگە تارتىدىغان، ئۇلارنى ئىزدەپ كېلىشكە مەجبۇر قىلىدىغانمۇ شۇ مىجەزى بولسا كېرەك. ئىبلىنى ئىزدەپ كېلىدىغان قىزلار ئەتراپىدىكى باشقا يىگىتلەردىن خېلى كۆپ ئىدى. مۇشۇ مەسىلە ھەققىدە كامىل ئىبلى بىلەن بىرقانچە قېتىم سۆزلەشكەن. باشلىقلىق سۈپىتىدە ئەمەس، بەلكى دوستلۇق سالاھىيىتى بىلەن سۆزلەشكەن.

— قىز تۇرۇپ سېنى ئىزدىسە قاچساڭ، ئوغۇل بالا تۇرۇپ

ئۇنىڭغا جۇرئەتلىك بولمىسا سەت بولىدىكەن، — دېگەندى بىر قېتىم ئېلى سەممىي هالدا، — كۆپرەك ئاربلىشىپ، بىر - بىرىمىزنى ئوبدانراق چۈشەنسەك، كۆڭۈل چۈشۈپ قالسا دەپ ئويلايمەن. لېكىن، تۇرمۇش دائىم مېنىڭ ئارزۇيۇمنىڭ ئەكسى بولۇپ چىقىدۇ. نېمىشقىدۇر بۇنىڭ تېگىگە ئۆزۈممۇ يېتەلمەيمەن.

— هازىرغىچە بىرەرسىنىمۇ ياخشى كۆرۈپ قالالمىدىڭمۇ؟

— قىزىقسەن - دە، كامىل، ياخشى كۆرۈپ قالسام ئۇنىڭدىن يىراقلىشىپ نېمە قىلاتتىم، پۇتىمغا باش قويۇپ بولسىمۇ، قەلبىمنى چۈشەندۈرمەمدىمەن.

ئەسلىدە ئېلى بىر چىرايلىق قىز بىلەن توي قىلماقچى بولغانىدى، كامىلمۇ ئېلىنىڭ توي قىلىش ھەققىدە مەسلىھەت سوراپ كىرىشىنى ئىشەنچ بىلەن كۈتكەنىدى. لېكىن ئېلى ئۇ قىز بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئۇنىڭ ئالدىدا تونۇشقان قىزلارغا قوللانغان ئۇسۇلغا ئوخشاشلا ئۈزدى. ئۇ قىزنى ھېچكىم ئۇچراتمىدى، ئېلىمۇ بۇ ھەقتە دوستلىرىنىڭ بىرەرسىگە بىر نېمە دېمىدى، ھېچكىم سوراشقا پېتىنالمىدى. كامىلنىڭ ئىچى بەك پۇشتى، ئېلى بىلەن بۇ ھەقتە دوستلارچە سۆزلىشىشنى كۆڭلىگە پۈككەن بولسىمۇ، ئېپى بولمىدى. ئېلىمۇ بىر نېمىنى تۇيۇپ قالغاندەك پۇرسەت بەرمىدى، كامىلنىڭ ئۆيىگىمۇ مۇڭداشقىلى كىرىشتىن ئۆزىنى تارتتى.

تۇرمۇشتىكى ئىشلار بەزىدە شۇنداق بولىدۇ، شۇنچىلىك كۈچەپ ھەشەم قىلساڭمۇ ھېچبىر ئەپلەشمەيدۇ، ئىشىڭ ئوڭغا تارتمايدۇ، لېكىن ئېسىڭدىن كۆتۈرۈلۈپ كارىڭ بولمىغان ۋاقىتتا ئۇ پۇرسەت ئاسماندىن چۈشكەندەك ھازىرلىنىپ قالىدۇ.

مەلۇم بىر كۈنى، كامىل ئايالى بىلەن چېيىنى ئىچىپ بولۇپ، باشلاپ قويغان ئىلمىي ماقالىسىنى يېزىشقا ئولتۇردى. ئايالى يېڭىدىن تەييارلىغان ئۇسسۇلنىڭ كۆڭىنىكىنى لايىھەلەشكە ئولتۇردى. كامىل ئۇستەل چىرىغى ئاستىدا پۈتۈن

دىققىتىنى يىغىپ، يېزىشقا كىرىشىپ كەتتى. خانىنىڭ جىمجىتلىقىنى قەغەز ئۈستىدە راۋان يورغىلاۋاتقان قەلەم ئۇچىدىن چىققان شىرتىلداش جانلاندۇرۇپ تۇراتتى. تاك ... تاك ... ئىشىك يېنىك چېكىلدى، يېڭى كېلىن ئىشىكنى ئېچىپ:
— كىرىڭ، ئۆيگە كىرىڭ، — دېدى. كامىل يېزىشتىن توختاپ سىرتقا دىققەت قىلدى، ئۆزىنىڭ بار - يوقلىقىنى سوراۋاتقان ئېلىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئورنىدىن تۇردى. مېھمانخانا ئۆيگە چىقتى.
— سالام ئېلى، ئۇنتۇپ قالماپسەن، ئولتۇر ئاداش، — دېدى كامىل مېيىقىدا كۈلۈپ. ئۇلار ئۆزۈن ساپادا يانمۇيان ئولتۇرۇشتى. ئازراق مۇڭداشقىچە داستىخان سېلىنىپ، تاتلىق - تۈرۈملار بىلەن چاي قۇيۇلدى. نۆۋەتتە ئۇلار بىر - ئىككى رومكىدىن ھاراقمۇ ئىچىشتى. خىزمەت، ۋەزىيەت، تۇرمۇش ھەققىدە پاراڭ سېلىشتى. كامىلنىڭ كۆڭلىدىكى سۆزنى ئېيتىشقا پۇرسەت كەلدى.
— ئېلى، — دېدى كامىل مەنىلىك قىلىپ، — توي قىلىش مەسىلىھەتىڭنى كۈتۈپ ھاردۇق، — ئېلى بىردىنلا ھۇپپىپىدە قىزاردى، بېشىنى تۆۋەن سالدى، ئېغىر بىر تىنىۋالدى، لېكىن دەرھال بىرنېمە دېمىدى.
— نېمە، بىرەر كۆڭۈلسىزلىك بولدىمۇ؟ — دېدى كامىل بىلىپ تۇرۇپ. ئېلى بېشىنى كۆتۈرۈپ كامىلغا مەنىلىك قارىدى.
— سېنىڭ خاراكتېرىڭگە ياراشمايدىكەن، سېنىڭدەك تۈيغۇن ئادەملەر ئۆز دوستىغا مۇشۇنداق مۇئامىلە قىلسا ھاقارەت تۇيۇلىدىكەن، — ئېلىنىڭ بۇ سۆزى كامىلنىڭ كاللىسىدا ئۆتكۈر چاقماق چېقىپ، دەھشەتلىك گۈلدۈرماما پەيدا قىلدى. ئۇنىڭ نەرگىدۇر ئىتتىك خەنجەر سالغاندەك بولدى - يۇ، لېكىن ئاغرىش ئەمەس، بىر خىل كۆتۈرۈش قىيىن بولغان شېرىنلىكنى ھېس قىلدى. ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ كانىيىغا بىر نەرسە كەپلىشىپ قالغاندەك بولۇپ نەپسى قىسىلدى، ئورنىدا ئولتۇرماي تۇرۇپ

كەتتى، ئوچۇق تۇرغان چامچىسىنىڭ ئۇستۇنكى تۈگمىسىنى ئېچىشقا ئۇرۇندى. كەڭ پېشانىسى، بۇرنىنىڭ ئۇچلىرىدا تەر تامچىلىرى پەيدا بولدى.

— ئېلى، مېنىڭ مەقسىتىم ... ئېنىقىنى سوراش بەك ئەپسىز كەلدى، قارا ... مەن تازا ئويلاپ كەتمەپتىمەن. كۆڭلۈڭگە كەلگەنلىكىنى بىلىپ تۇرسامۇ مەن باشقىچىلا بولۇپ كېتىۋاتىمەن ... ئاداش.

— مەن چۈشىنىمەن، — دەپ كامىلنىڭ قولاشمىغان سۆزىنى ئۈزدى ئېلى بېشىنى كۆتۈرۈپ كۈلۈمسىرەپ، — بىز ساڭا ئۆزىمىزدىنمۇ قاتتىقراق ئىشىنىمىز. مەن ساڭا چوقۇنغۇچىلارنىڭ ئالدى، مېنىڭ كۆڭلۈم ساڭا ئايان، راست گەپنى قىلسام گەپنى ئەگىتكىنىڭ كۆڭلۈمگە تەگدى. ئۇ قىزدىن نېمىشقا قول ئۈزدۈڭ، دەپ سورىساڭ بولاتتى، — ئېلىنىڭ بۇ سۆزلىرى كامىلنى خاتىرجەم قىلدى، قىيىن ئەھۋالدىن قۇتقۇزدى. ئۇ ئېلىغا بىر تال تاماكا بېرىپ، قولىدىكىسى بىلەن تۇتاشتۇردى، ئىككىسى بىر پەس كەينى ـ كەينىدىن تاماكىسىنى شوراشتى.

— شۇنداق كامىل ئاداش، ئۇ قىز بىلەنمۇ خوشلاشتىم، — دەپ سۆزىنى باشلىدى ئېلى تاماكىسىنى ئۇششاق قوللىرىنىڭ ئارىسىغا قىستۇرۇۋېلىپ، — ئاسانغا چۈشمىدى، نۇرغۇن كېچىلەرنى كىرپىك قاقماي ئۆتكۈزدۇم. ئۇنىڭ نەرى ياقمىدى؟ بىر چىرايلىق قىز، مېنىڭ مۇشۇ بەتبەشىرەمگە ئېسىل زىننەت بولالايدۇ. ئۆز قۇلىقىم بىلەن ئاڭلىغان: ماۋۇ گۈزەل بىر قىزنىڭ بۇ دۇنيادا يىگىت تېپىلمىغاندەك ماۋۇ سەتنى قولتۇقلىۋالغىنىنى... بۇ ھەقىقەت، مېنىڭدە قىزلار ھەۋەس قىلغۇدەك، يۈرگەن قىز پەخىرلەنگۈدەك نە قاش، نە كۆز بولسۇن. بويۇم ۋىجىك، تېنىم تويغۇدەك بىر نەرسە يېمىگەندەك ئورۇق. چاچلىرىم قوزىنىڭكىدەك يۇمشاق، — ئۇنىڭ ئاۋازى بارغانسېرى ھەسرەتلىك چىقاتتى. قىياپىتى ئادەمنىڭ ئىچىنى ئەزگۈدەك

مۇڭغا تولدى، — بۇلارغۇ مەيلى، باشقىلار قايىل بولغۇدەك بىلىمىم بولسىچۇ، ئوقۇغىنىم ئىشچىلار تېخنىكومى، سەنلا مېنى ئۆزۈڭ بىلەن تەڭ كۆرۈپ ئەتىۋارلاپ ...

— ياق ئېلى، ئۆزۈڭ توغرىلىق ئۇنداق ئويلىساڭ بولمايدۇ، — دەپ سۆزىنى بۆلدى كامىل. ئۇنىڭ چىدام بىلەن ئاڭلاپ ئولتۇرۇشقا تاقىتى قالمىغانىدى، — ئېلى، سېنىڭ پاك، گۈزەل قەلبىڭ بار. ھەممە نېمىگە سەمىمىي مۇئامىلە قىلىدىغان ئېسىل پەزىلىتىڭ، ھالال ئىشلەشتەك ئالتۇنغا بەرگۈسىز خىسلىتىڭ بار، بۇلار ھەرقانداق چىراي، ھەرقانداق بىلىمدىن ئۈستۈن، بۇلارغا ھەممىلا ئادەم مۇيەسسەر بولالمايدۇ، سەن نېمىشقا بۇ تەرەپلىرىڭنى كۆرمەيسەن.

— قىزىقسەن - دە، — دېدى ئېلى مىيىقىدا كۈلۈپ، — مېنىڭ كۆرۈشۈمنىڭ نېمە ھاجىتى؟ سېنىڭدەك ئادەمدىن قانچىسى بار؟ كىشىلەر كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان نەرسىلەرنى بىلىشكە قىزىقمايدۇ، ئۇلار سېنىڭ ھۆسن - جامالىڭغا، خىزمەت ئورنۇڭ، ئەمىلىڭ، ئالىدىغان مائاشىڭ، قولۇڭدىكى پۇللىرىڭنى بىلىشكە خۇشتار. قىممىتىڭنى شۇلار بىلەن ئۆلچەيدۇ، بەلكى مۇھەببەتنى قوزغايدىغان، سۆيگۈسىنى ئاتايدىغان نەرسىلەرمۇ شۇلار بولسا كېرەك. ۋاقتى كەلسە ئاتاق - ئابرۇي، ھوقۇق، چىراي - شەكىلنىلا ئەمەس، بەلكى قەلبىنىمۇ گۈزەللەشتۈرىۋېتىدىغان ئوخشايدۇ، — ئېلى سۆزلىگەنسېرى جانلىنىپ كەتتى، قىياپىتىدىن ئۆزىگە ئىشەنگەنلىكى بارغانسېرى ئېنىق نامايان بولۇشقا باشلىدى، — ئۇغۇ ياخشى قىز ئىدى، پۇلغىمۇ، خىزمەت ئورنىغىمۇ قاراپ كېتىدىغاندەك ئەمەس. بىراق ... — ئۇ جىم بولۇپ قالدى. ئوڭ قولىنىڭ ئالىقىنى بىلەن ئېڭىكىنى سىلىدى، كۆزلىرىدىن پەرىشانلىق ئەكس ئەتتى ۋە تىنىقلىرى جىددىيلەشتى. خېلى ئۇزاق ۋاقىتقىچە گەپنىڭ ئاخىرىنى كۈتكەن كامىل:

— كۆڭلۈڭدىكىنى قالدۇرماي دەپ باققىن، بەلكى پايدىلىق

مەسلىھەتىم چىقىپ قالسا ئەجەب ئەمەس، ــ دېدى سەممىي تەلەپپۇزدا.

ــ ھەي، ــ دەپ بېشىنى چايقاپ مىيىقىدا كۈلدى ئېلى. ئازراق تىنىۋالغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋام قىلدى، ــ سۇنۇپ بولغان چىنىنى ياماشنىڭ ھاجىتى يوق، مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم، بۇ ئىشنىڭ ئەپلەشمىگەنلىكىنى ساڭا خەۋەر قىلىپ قويۇش مېنىڭ مەقسىتىم ئىدى. ئەمدى بىلدىڭ، بولدى.

ــ دېمەك، مېنىڭ مەسلىھەت بېرىشىم ھاجەتسىز ئىكەن ـ دە؟ بۇنىڭغىمۇ ماقۇل، سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈشكە بولامدۇ؟

ــ ئۇنىڭ نېمىسىنى چۈشەندۈرۈش كېرەك. ھېس قىلىغان بەزى نەرسىلەرنى تىل بىلەن چۈشەندۈرۈش مۇمكىن ئەمەس، كامىل. مېنىڭ خىياللىرىم مۇنداق قارىساڭ ئاددىيلا، ئۇ ئالىي مەلۇماتلىق، مەن بولسام ئۆزۈڭ بىلىسەن، ئۇ زىيالىي، مەن ئىشچى، ئارىلىقىمىز نېمىدېگەن يىراق؟! مەن يەردە، ئۇ ئاسماندا. بىزنىڭ مۇھەببەت رىشتىمىز ئاسماندىكى لەگلەكنىڭ يىپىغا ئوخشاش. ئۇنى ئۈزۈۋېتىدىغان خەۋپ ھەر مىنۇت مەۋجۇت. بۇ بەك قورقۇنچلۇق، كامىل. ئەر ـ خوتۇنچىلىقتا ئەرنىڭ ئۈستۈنرەك بولغىنى تۈزۈك. بۇ مېنىڭ بىردىنبىر سەۋەبىم، ــ كامىل نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى.

بۇ ئىشلارنى ئېلى ئۇنتۇمىغان، كۆڭلىنىڭ چوڭقۇر يېرىدە ساقلىغان. كامىلمۇ ئۇنتۇمىغان، ئۇنىڭ ئېلىغا سوئال قويغاندىكى تەلەپپۇزىدىن، تىكىلىپ تۇرغان كۆزلىرىدىن ئۇنتۇمىغانلىقى ئايان تۇرمامدۇ، شۇڭا ئېلى ئۇنىڭ سوئالىغا دەرھال جاۋاب بەرمىدى. جاۋاب بېرىشكە ئالدىراپمۇ كەتمىدى. پەقەت ئۆزىدە قوزغالغان شېرىن ھاياجانلىنىش كەيپىنى سۈرگەندەك تۇرۇپ قالدى.

ــ چىرايىڭدىكى ئۆزگىرىشلەرگە قارىغاندا ئۇ قىزنى بەكمۇ ياخشى كۆرۈپ قالغان ئوخشايسەن، كۆزلىرىڭدىن باشقىچىلا بىر

مەنە چىقىپ تۇرىدۇ، — بۇ سۆز ئېلىنىڭ دولقۇنلاۋاتقان ھېسسىياتىنى تېخىمۇ ئەۋجگە چىقاردى، يۈزلىرى بىردىنلا قىزىرىپ يەرگە قارىۋالدى.

— كامىل ساڭا نېمە دېسەم بولار، ھەقىقىي ياخشى كۆرۈشنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئەمدى بىلدىم، ئۇ باشقىچە بولىدىكەن، — كامىل ئورنىدىن تۇرۇپ ئېلىنىڭ ئالدىغا كەلدى. كەيپىياتىنى مۆلچەرلىگەن ئېلىمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتكەنىدى.

— ئەكە قولۇڭنى دوستۇم، ساڭا ئۆمۈرلۈك بەخت تىلەيمەن، كۆزۈڭ باركەن، — ئۇلار قوللىرىنى چىڭ سىقىشتى.

— رەھمەت كامىل، سېنىڭ شۇنداق دەيدىغانلىقىڭنى كۆڭلۇم تۇيۇپ تۇراتتى.

— لېكىن، — دېدى كامىل جىددىي قىلىپ، — بۇنى سەن دېگەندەك ئەمەس، بەلكى چىمەنگۈلنى سېپىمىزگە قوشۇۋېلىش بىلەن ھەل قىلىمىز، — بۇ سۆز ئېلىنى بەكمۇ خۇشال قىلدى. ئۇ ھاياجىنىنى باسالمىدى.

— قالغىنىنى ساڭا تاپشۇردۇم. ئېنىق ئېيتسام ئۆمرۈمدە بۈگۈنكىدەك خۇشال بولغىنىمنى ئەسلىيەلمەيمەن، خوش.

## 3

ئېلى چىمەنگۈلنى تۇنجى ئۇچرىتىشىدىلا ياخشى كۆرۈپ قالغانىدى. ئېلىنىڭ كۆزلىرىگە چىمەنگۈلنىڭ قىياقتەك قاشلىرى، بۇلاقتەك بىر جۈپ كۆزى، قىزىل مەڭزى، جېنەستىدەك لەۋلىرى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ پۈتۈن تۇرقىدىن چىقىپ تۇرغان بىر خىل ساپلىق، ساددىلىق بەكمۇ يېقىملىق تۇيۇلغانىدى. ئۇ تۇيغۇ ئاپىسى ھەققىدە ئۇنىڭ قەلبىدە ئېنىق ساقلىنىپ قالغان تۇيغۇسىغا شۇنچە يېقىن، ئۇنى بېقىپ چوڭ قىلغان ئاقباش ھامىسىنىڭ ئوبرازىدىن كېلىدىغان تەسىرگە شۇنچىلىك ئوخشاش، ئۇ تۇيغۇ ئېلىغا شۇنچىلىك تونۇش،

شۇنچىلىك قىممەتلىك تۇيۇلدى. ئېلىنىڭ ئۇ چاغدا يۈرىكى يوپۇرماقتەك تىترەپ، نەپەسلىرى تېزلەشكەن. ئىككىنچى قېتىم كىرپىك كۆتۈرۈپ قاراش ئۇنىڭ ئۈچۈن نېمىشقىدۇر بەكمۇ قىيىن چۈشكەنىدى.

ئېلى شۇ كېچىسى تاڭ ئاتقۇچە كىرپىك قاقمىدى. خىيالىدىن چىمەنگۈل بىر مىنۇتمۇ نېرى كەتمىدى. قەلبىدە قالغان تەسىراتنىڭ سالمىقى ئاشتى، بۇ تەسىراتنىڭ مۇقەددەسلىكى ئېلىنىڭ ۋۇجۇدىنى زىلزىلىگە سالدى، داۋالغۇتۇۋەتتى، دولقۇنلاندۇردى. بۇ ئېلى ئۈچۈن تەقدىرنىڭ تەڭداشسىز مۇكاپاتى، ئاتا قىلغان سوۋغىسى. بەلكى رەھمەتلىك ئاپىسىنىڭ جان ئۈزۈش ئالدىدا بەش ياشلىق ئوغلىنىڭ يېتىم قېلىشىغا باغرى خۇن بولۇپ كۆز يۇمالمىغان چاغدا، ئوغلىنىڭ ماڭلىيىدىن سۆيۈپ تۇرۇپ قىلغان ئىلتىجاسىنىڭ ئىجازىتىمۇ ... ئېغىر ئەمگەك، مۇشەققەتلىك تۇرمۇش ۋاقىتسىز ھالىدىن كەتكۈزگەن بىچارە ئاتىنىڭ ھەر قېتىمقى نامىزىدىن كېيىن تارام ـ تارام ياش تۆكۈپ، ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن قىلغان دۇئاسىنىڭ بەرىكىتىمۇ ... بەلكى ئۆزىنىڭ ئورنى، قىممىتىنى ئادىللىق بىلەن باھالاپ، ئىنسانلار سېپىدە ئۆزىنى مۇۋاپىق ئورۇنغا قويغان، جەمئىيەتكە كۆپرەك ھەسسە قوشۇپ، ئۇنىڭدىن كۆپ نەرسە تەمە قىلىشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەن كۆزگە تاشلانماس پەزىلەتنىڭ ساخاۋىتىدۇ.

ھەممىدىن بۇرۇن تۇرۇپ كەتكەن ئېلىنىڭ ئاشخانا چېدىرغا شۇنداق كىرگۈسى بولسىمۇ، يۈرىكى تەرتىپسىز سېلىپ، دېمى سىقىلغاندەك بولۇپ، باشقىچىلا بولۇپ تۇراتتى. خۇشاللىق، ھودۇقۇش، تەمتىرەش ئارىلاشقان بىر خىل تۇيغۇ ئۇنى ۋەسۋەسىگە سالاتتى، دېلىغۇل قىلاتتى. چېدىر ئىچىدىن گۈلئايشەم بىلەن چىمەنگۈلنىڭ سىلىشقان پاراڭلىرى، چىمەنگۈلنىڭ تۇرۇپ ـ تۇرۇپ قاقاھلاپ كۈلۈشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بۇلار ئېلىنى كىرىش قارارىنى ئۆزگەرتىشكە مەجبۇر

قىلاتتى. ئېلى چېدىر ئىشىكىگە نەچچە بېرىپ، ئىشىك ئورنىدا ساڭگىلاپ تۇرغان پەردىگە سۇنۇلغان قوللىرىنى تارتىۋالدى.

ئېلى قىزلار بىلەن ئاسانلا تونۇشۇپ كېتەلەيدىغان ماھارەتكە ئىگە ئىدى، ئۇلارنىڭ ئالدىدا ھودۇقۇش، تەمتىرەش دېگەننى بىلمەيتتى. قىزلارنى سىڭلىم، ئاپپاق قىز، قىزچاق دېگەن ناملار بىلەن ئاتاپ، خېلى ـ خېلى سۆزلەرنى دۇدۇقلىماي قىلاتتى. خېلى ھالى بار، ئوقۇغان ئېگىز قىزلارنىمۇ بىر قېتىمدىلا تانىسىغا تارتالايتتى، ھەتتا ئالىي مەكتەپلەرنىڭ قىز ئوقۇغۇچىلىرى ئارىسىدىمۇ، قىسىلماستىن ئەركىن پائالىيەت قىلالايدىغان يىگىتنىڭ بۈگۈنكى ھالى ھېچقاچان كۆرۈلۈپ باقمىغانىدى. بىر سەھرا قىزىنىڭ ئېلىنى بۇنچىلىك كويغا سېلىشىنىڭ سىرى — مۇھەببەت، ھەقىقىي ياخشى كۆرۈش. بۇنى ئېلىنىڭ يۈرىكى سەزگەن، قەلبى چۈشەنگەن. بۇ ئىنسان سۆيگۈسىنىڭ ئۇلۇغلۇقى، ئۇنىڭ بەخت ۋە پاجىئەدىن يۇغۇرۇلغانلىقىنىڭ كارامىتى ...

ئىشىك پەردىسىنى قايرىپ، چېدىر ئىچىدىن بىلەكلىرىگە چېلەك ئارتىپ گۈلئايشەمنىڭ چىقىشى ئېلىنى يولۋاسقا ئۇچراپ قالغاندەك چۆچۈتىۋەتتى. ئۇ ئۆزىنى يوقاتقان ھالدا قاچقان قوزۇقتەك تۇرۇپلا قالدى. تاڭ ئەمدىلا سۇزۇلگەنلىكى ئۈچۈن ئېلىنى گۈلئايشەم ئۇنىڭغا يېقىن كەلگەندىلا كۆردى، ئۇ ئادەتتىكىدەكلا كۈلۈپ قويدى. گۈلئايشەم:

— ئۇيقۇڭىز كەلمەي ئاخىر تۇرۇپ كېتىپسىز ـ دە؟ — دېدى. بۇ گەپ ئېلىنى ھوشىغا كەلتۈردى. ئۇ ئۆزىنى ئوڭايسىزلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن:

— چېلەكلەرنى ماڭا بېرىڭ، سۈنى مەن ئەكېلەي، — دەپ بولغۇچە چوكاننىڭ بىلىكىدىكى ئىككى چېلەكنى ئېلىپ بولدى. گۈلئايشەم تۇزۇتمۇ قىلمىدى، تەكەللۇپ سۆزىمۇ قىلمىدى. ئېلىنىڭ بۇ ئىشىدىن رازى بولغان ھالدا قايتىپ كىردى. بىلەكلىرىنى تۇرۇپ، ئالدىغا پەشتامىنى تارتىپ، كۆڭۈل قويۇپ

خېمىر يۇغۇرۇۋاتقان سىڭلىسىنىڭ كېلىشكەن قامىتىگە زوق بىلەن بىر پەس تىكىلىپ قالدى، ئۇنىڭ قىزلىق لاتاپىتى ئۇرغۇپ تۇرغان جىسمىدىن كۈچ ـ قۇۋۋەت تېشىپ تۇراتتى، ئىچىلىۋاتقان پورەكنى ئەسلىتىدىغان بىر گۈزەللىك چىقىپ تۇراتتى. گۈلئايشەم ئاستا بېرىپ سىڭلىسىنى مېھرى بىلەن قۇچاقلىدى. خېمىر يۇغۇرۇشتىن توختىمىغان چىمەنگۈل:

— ئاچا، ساڭا نېمە بولدى، سۇنى ئەكىرمەي قۇرۇق كەپسەنغۇ؟ — دېدى ئەركىلەپ.

— كەتتى، — دېدى گۈلئايشەم.

— كىم؟

— كېچىچە ئۇخلىيالمىغان يىگىت.

— تېپىشماقتەك گەپ قىلماي، ئوچۇق ئېيتقىنا.

— ھېلىقى، يىراقتىن سېنىڭ كۆزۈڭگە قاراپ ھارمىغان يىگىت.

— نېمىلەرنى دەپ يۈرىسەن ئاچا؟ — دېدى قولىدىكى خېمىرلەرنى چۆشۈرۈپ بولۇپ كەينىگە ئۆرۈلگەن چىمەنگۈل.

— سىڭلىم، ئوقۇغان ئادەملەر بەك ياخشى بولىدىكەن، بۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسى شۇنداق ياخشى ئادەملەر ئىكەن، مەن... — ئىككى چېلەك سۇنى كۆتۈرۈپ كىرگەن ئېلى ئاچا ـ سىڭىللىنىڭ گېپىنى ئۈزدى، ئۇنىڭدا قانداق قىلىپ بۇنچىلىك جۈرئەتنىڭ پەيدا بولغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس، ئۇ ئاچىسىغا يېقىن تۇرغان چىمەنگۈلگە ئىختىيارسىز تىكىلىپ قالدى. بۇ قاراش شۇنچىلىك تەبىئىي، شۇنچىلىك مەنىلىك ئىدىكى، چىمەنگۈلنى تەمتىرىتىپ قويدى. ئۇ يە كۆزىنى ئەپقېچىشنى، يە يەرگە قارىۋېلىشنى بىلەلمەي قالدى. قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ كېتىشى، قايرىلما كىرپىكلىرىنىڭ توختىماي پىلدىرلىشى، ئەمدى كۆتۈرۈلگەن كۆكسىنىڭ توختىماي دولقۇنلىنىشى قىز روھىدىكى ئۆزگىرىشتىن دالالەت بېرىپ تۇراتتى. بۇ يەردە گۈلئايشەملا ھەممىنى كۆزىتىپ تۇراتتى، ئۇ چۈشەندى، پەملىدى، سۆيۈندى.

— ئېلى سىزنى ھېچكىم جازالىمىدى، چېلەكلەر يەردە تۇرسىمۇ بولىدۇ، — دېدى گۈلئايشەم. ئالدى بىلەن چىمەنگۈل ئۆزىنى ئوڭشىۋالدى ۋە ئىتتىك بېرىپ يىگىتنىڭ قولىدىكى چېلەكلەرنى ئالدى ـ دە، سۈيىنى قازانغا قۇيىۋەتتى.

ئېلى بۇلاقتىن ئۈچ قېتىم سۇ ئېلىپ كەلدى. ھەر قېتىمدىلا ئۇنىڭ قولىدىن چېلەكلەرنى چىمەنگۈل ئالدى. ئېلى پەقەت قىزنىڭ كۆزلىرىگە قارىۋېلىشقىلا جۈرئەت قىلالىدى. بىرەر ئېغىز سۆز قىلىشنى شۇنچە خالىغان بولسىمۇ، دېيىشكە بىرەر ئېغىز ئەپلىك سۆز تاپالمىدى.

ئەتىگەنلىك ناشتىدىن كېيىن ئۇلار ئۆز گۇرۇپپىلىرى بىلەن ئىشقا مېڭىشتى. شۇ چاغدا ئېلى گۈلئايشەمنىڭ ئاشخانىدا يالغۇز قالغىنىنى كۆرۈپ بىر ئەقىل تاپتى.

— گۈلئايشەم، سىزگە دەيدىغان مۇھىم بىر گېپىم بار، بۇ بەك مۇھىم، لېكىن ھازىر ۋاقىت يوق، كەچتە كەلگەندە ئېيتىمەن، — دېدى ئاشخانىغا ئالدىراش كىرىپ ئېلى.

— رەڭگىرەڭ ھەۋەسلىرىڭىزغا قارىغاندا راستىلا مۇھىم ئوخشايدۇ، لېكىن ماڭا قىلغۇدەك قانداق مۇھىم گەپتۇ؟

— ئۇ يۈرەكنىڭ ئىچىدىكى، مانا مەيەردىكى، — دەپ كۆكرىكىنى ئالقىنى بىلەن تۇتتى ـ دە، ئېلى ئارقىغا ئۆرۈلۈپ چىقىپ كەتتى.

گۈلئايشەم ئېلىنىڭ سۆزلىرىنى جىمجىت تۇرۇپ سەۋرچانلىق بىلەن ئاڭلىدى. ئۇنىڭ ھەقىقىي يۈرەك سۆزلىرى ئىكەنلىكىگە ئىشەندى، ئېلى بەرگەن ۋەدىلەرنىڭ بىر ئوغۇل بالىغا خاس ئىرادىنى بىلدۈرۈپ تۇرغانلىقىغا چىن كۆڭلىدىن قايىل بولۇپ خاتىرجەملەندى، خۇشاللاندى. ھېچقانداق يوشۇرماي، رەسمىيەتچىلىك قىلماي ئاچىسى سۈيىتىدە رازىلىق بەردى، بۇ ئىشنىڭ باشقا چىقىشىغا بولغان ئىشەنچىسىنى بىلدۈرۈپ، ياردەم قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

دېگەندەك گۈلئايشەم ھەممە ئىشنى توغرىلىدى. چىمەنگۈل بىلەن ئېلى بىرقانچە قېتىم سۆزلەشتى، بىر ـ بىرىنى خېلى

چۈشىنىشتى، بولۇپمۇ قىز ئېلىنىڭ سۆزلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ تىڭشىدى، ۋەدىلىرىگە قىزىقسىنىپ دىققەت قىلدى. ئۆزىنىڭ ئارانلا خەت ـ ساۋادىنىڭ بارلىقىنى، كۆپ ئوقۇمىغانلىقىنى، ئائىلىسىنىڭ كەمبەغەل ئىكەنلىكىنى تەبىئىي قىياپەتتە تۇرۇپ سۆزلەپ بەردى. ھەتتا شەھەرلىكلەرنىڭ يېزىلىقلارنى كۆزگە ئىلمايدىغانلىقى ھەققىدە ئاڭلىغانلىرىنى بىرمۇبىر سۆزلەپ بەردى. بۇلاردىن ئېلى تىل بىلەن بىلدۈرگىلى بولمايدىغان بىر پاكلىقنىڭ، سەمىمىيلىكنىڭ بۇ روھتا ئەبەدىيلىك ماكان تۇتقانلىقىنى بىلىپ بەكمۇ سۆيۈندى، كۆڭلى يايراپ قەلبىدىكى مۇھەببىتى يەنىمۇ ئۇلغايدى، يالقۇنجىدى.

«مەھەللىمىزگە ئايدا بىر قېتىم كىنو ئەكېلىپ قويۇپ بېرىدۇ، بويىغا يەتكەن بىر قىز بىلەن بىر يىگىتنىڭ بىر ـ بىرىنىڭ كۆزلىرىگە بېقىشىپ سۆزلەشكىنىنى، يېقىن ئولتۇرۇپ مۇڭداشقىنىنى، قوللىرىنى سىلاشقانلىرىنى كۆرسەم باشقىچىلا بولۇپ كېتىمەن. بىر تەرەپتىن كۆرگۈم كېلىدۇ، بىر تەرەپتىن يۈزلىرىم قىزىرىپ يۈرەكلىرىم سېلىپ كېتىدۇ» دېگەن سۆزىنى ئاڭلىغاندا ئېلىنىڭ ھېسسىياتى ئىرادىسىگە بوي بەرمەي قويدى. ئۇ چىمەنگۈلنىڭ قولىنى تۇتتى، تېخىمۇ يېقىنراق سۈرۈلدى. ئۇ چاغدا چىمەنگۈل غال ـ غال تىترەپ كەتتى، يە ئۆزىنى ئەپقېچىشنى، يە ئېلىنىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى ئېتىشنى بىلەلمەي قېتىپلا قالدى.

— چىمەنگۈل سۆيۈۋالايمۇ؟ — دەپ سورىدى ئېلى بېشىنى ئۇنىڭغا يېقىنلاشتۇرۇپ.

— ياق ... ياق ... — دەپ تىترەك ئاۋازدا شىۋىرلىدى چىمەنگۈل، — قورقۇۋاتىمەن. — ئۇ ئېلىغا تېخىمۇ يېقىنلاشتى. ئۇلار يۈرەكلىرىنىڭ تەرتىپسىز سېلىۋاتقىنىنى تېنى ئارقىلىق سېزىشتى.

— مەن سۆيۈپ قوياي، مەن سۆيۈۋالاي، قىز ئاۋۋال سۆيسە ياخشى بولىدۇ، — دەپ شىۋىرلىغان ئاۋاز ئاڭلاندى، ئوتلۇق تىنىقلار بىرلەشتى ...

# سەككىزىنچى باب

## 1

كامىل ئەترىتىنىڭ قىدىرىش ۋەزىپىسى ئاخىرلىشاي دەپ قالدى. يىغىلغان رۇدا ئەۋرىشكىلىرى خېلى كۆپەيدى. ئۇنىڭ خىللىرىمۇ ئۇلارنىڭ ئالدىن مۆلچەرلىگىنىدىن خېلى كۆپ بولدى. رىزۋانگۇل ئەمدى مەسئۇدنىڭ گۇرۇپپىسى بىلەن قىدىرىشقا چىقماي رۇدىلارنى رەتلەش، ئۇلارغا ئىزاھات يېزىلغان كارتوچكىلارنى چاپلاپ، ئوراپ، ساندۇقلارغا قاچىلاش بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتتى.

لېكىن، يالغۇزلۇق ئۇنى تېخىمۇ ئويچان قىلىپ قويدى. خىياللىرى تۇرۇلۇپ – تۇرۇلۇپ ئاسمانغا كۆتۈرۈلگەن بۇلۇتلاردەك ئۆزۈلمەس، ئۇنىڭ بەزىلىرى قىلىچتەك ئىتتىك، بەزىلىرى قۇيۇندەك ئۇچقۇر، بەزىلىرى ھەسەلدەك شېرىن بولسا، بەزىلىرى لازىدەك ئاچچىق. ھاياتنىڭ سىرلىقلىقى، ئىنسان ۋە ئۇنىڭ روھىنىڭ مۇرەككەپ، غەلىتىلىكى، تۇرمۇشنىڭ قىزىقلىقى، شۇنىڭ بىلەن رەھىمسىزلىكى رىزۋانگۇلنى تېخىمۇ قىيناشقا، ئازابلاشقا باشلىدى. ئۇ ھازىر ھايات ھەققىدە ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى سادда، يۈزە قاراشلىرىغا خىجىل بولغاندەك، ھەسرەتلەنگەندەك بىر خىل تۇيغۇدا ئۆز – ئۆزىنى دەڭسەپ كۆرمەكتە. ياخشى كۆرۈش، كۆڭلى چۈشۈپ قېلىش، مۇھەببەت دېگەن خۇددى باغقا كىرىپ چىرايلىق كۆرۈنگەن گۈلگە زوقلانغان، شېخىدا تۇرۇپ قىزىرىپ پىشقان ئالمىغا كۆزى چۈشۈپ يېگۈسى كەلگەن، ئۇ گۈلنى قولىنى سۇنۇپلا ئۈزۈپ

چىكىسىگە قىستۇرۇۋالسا ئالمىنى شىخىنى ئېگىپ ئۈزۈۋالسا بولىدىغان ئىشتەك ئويلىغانلىرىغا نېمە دەپ باھا بېرىشنى بىلمەي قىينىلاتتى. ئۆز بېشىغا سەۋدا كېلىپ مۇھەببەت قاينىمىغا كىرىپ قالغاندىن كېيىن ئۇنىڭ كۆچىنى، قۇدرىتىنى، مۇشەققىتىنى بىلىپ يەتتى. ئۇنىڭ تەمىنى لېۋىنى چىشلەپ، كۆز ياشلىرىنى يوشۇرۇپ، تۈن ئۇيقۇلىرىنى قۇربان قىلىپ تېتىدى. ئازابلىق تولغىنىش، قېيىداش، قەھرى تېشىپ خورلىنىشلارنىڭ ھەممىسى قانداقتۇر بىر خىل شېرىنلىكنى بەخش قىلغاندەك، ئۇنىڭ راھەتلىنىش، ھۇزۇر ھېسسىياتىنى بەرگەنلىكىنى ئۇنىڭ ئىشىق سەۋداسىدا كۆيۈۋاتقان يۈرىكى بىلىپ تۇراتتى. ئۇ ئەمدى بىلدىكى، لازىنىڭ كالپۇك ۋە گاللارنى قىزىتىپ ئېچىشتۇرىدىغان ئاچچىقىمۇ بىر خىل لەززەت ۋە شېرىنلىك ئىكەن. بۇ يەكۈن رىزۋانگۈلنىڭ ئەقىلدىمۇ بالاغەتكە يەتكەنلىكىنىڭ دەلىلى بولسا كېرەك.

بۈگۈن ئەتىگەن رىزۋانگۈل ئۇيقۇدىن كەيپى ئۇسال ئويغاندى. شۇڭا، ئورنىدىن تۇرماستىن يوتقان ئىچىدە بىر پەس ياتتى. كەيپىنىڭ نېمىشقا مۇنداق ئۇساللىقىنى ئويلىدى، ئاخىر بۇنىڭ سەۋەبىنى تاپتى، ئۇ تۈندە غەلىتە چۈشلەرنى كۆرگەنىدى، ئۇ ئايىغى چىقماس قويۇق ئورمانلىق ئىچىدە يۈرگۈدەك، نېمىشقا كىرىپ قالغانلىقىنى، نەگە بېرىشىنىمۇ بىلمىگۈدەك، بۇ يەر قەيەردۇ، ئويلاپ ئىلغا قىلالماپتۇ. بۇ ئورمانلىق شۇنداق جىمجىت ئىكەنلىكى، رىزۋانگۈل ئۆز يۈرىكىنىڭ تەرتىپسىز سوقۇۋاتقان ئاۋازىنى، ئېغىر - ئېغىر تىنىقلىرىنى شۇنداق ئېنىق ئاڭلاپ تۇرغۇدەك. ئۆزىمۇ ھەيران قاپتۇ. ئۇنىڭدا قىلچىمۇ قورقۇش تۇيغۇسى يوقمىش. ئۇ بىر - بىرىگە چىرمىشىپ كەتكەن شاخلارنى قايرىپ توختىماي مېڭىپتۇ، شۇنداق ئۇزاق مېڭىپتۇ، ئورمانلىق تۈگىمەپتۇ. بىردىنلا ئۇنىڭ ئېسىگە بۇ كۈندۈزمۇ؟ كېچىمۇ؟ دېگەن خىيال كەپتۇ، بېشىنى كۆتۈرۈپ سول تەرەپكە قاراپتۇ، ئۇنىڭغا ئاي كۆرۈنۈپتۇ، كېچە ئىكەن دەپ، ئوڭ تەرەپكە

قارىغان ئىكەن نۇر چىچىپ قۇياش تۇرغۇدەك، قولىدا چۇۋۇلۇپ كەتكەن بىر تۇتام يۇڭ يىپ، رىزۋانگۈل ھە دېسە ئۇنىڭ ئۇچىنى ئىزدىگۈدەك، ئۇ ھەرقانچە ئىزدەپمۇ ئۇنىڭ ئۇچىنى تاپالمىغۇدەك. ئۇ ئالدىرىغۇدەك، بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلەلمەپتۇ، يىپنىڭ ئۇچى تېپىلمىغانسېرى ئۇ تىت ـ تىت بولۇپ تاقەتسىزلەنگۈدەك. بۇ ئۆي غەلىتىلا، يە شەھەر ئۆيلىرىگە، يە يېزا ئۆيلىرىگە ئوخشىمىغۇدەك، بىردىنلا كىچىك بالىنىڭ يىغا ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. رىزۋانگۈل بېشىنى كۆتۈرۈپ بۆشۈكنى كۆرۈپتۇ. ھە، مېنىڭ بالام بار ئىدى دەپ ئويلاپتۇ. لېكىن بۆشۈك تۈۋىدە بېشىغا گۈللۈك ياغلىق چىگكەن، ئوتتۇرا ياش بىر ئايال كۆكسىنى چىقىرىپ بالىنى ئېمىتىۋاتقۇدەك. بۇ ئايال رىزۋانگۈلنىڭ ئاپىسىمىش. رىزۋانگۈل ھاڭ ـ تاڭ قېلىپ قاراپلا قالغىنىدا نەدىن پەيدا بولغان بىر ئەر كىشى بۆشۈككە قارىغىنىچە كۈلۈپ تۇرۇپتىمىش، رىزۋانگۈل بۇنى تونۇپتۇ. ئۇ ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ھېلىقى ساۋاقدىشى ئىكەن. ئاپىسى بىلەن ئۇ ساۋاقدىشى ئۇنىڭ بىلەن كارى يوق، ئۆز ئىشى بىلەن بولغۇدەك، قاراپمۇ قويماسىمىش. رىزۋانگۈل ئاپا، دەپ ۋارقىرىسىمۇ ئاۋازى چىقماپتۇ. لېكىن ئۇ شۇ چاغدا ئويغىنىپ كەتكەن، يەنە تېزلا ئۇخلاپ قالغانىدى.

سەھەردە ئۇ ئوشۇق گەپ قىلمىدى، تۇزۇك چايمۇ ئىچمىدى، ئۇنىڭ ھېچنېمىگە كۆڭلى تارتمىدى. «ئۆلمەكنىڭ ئۇستىگە تەپمەك» دېگەندەك كاملىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن كارىمۇ بولمىدى. چاي ۋاقتىدا ئۇنىڭغا شۇنچە قاراپ كەتكەن بولسىمۇ، كاملىنىڭ نەزىرىدە ئۇ يوقتەك لاپ ئېتىپ قاراپ قويۇشمۇ ئۇنىڭ ئېسىدە يوق، بۇ ھال رىزۋانگۈلنىڭ ئوسال كەيپىنى ئۇچۇرۇۋەتتى. خورلۇق، ئەلەم، يەنە تىل بىلەن ئۇقتۇرۇپ بولغۇسىز ئارىلاشما ھېسسىيات ئۇنىڭ پۈتۈن روھىنى ئىگىلىگەنىدى، ئەلەم ۋە غەزەپ بىلەن ناشتىلىق يەۋاتقان يېرىدىن تۇردى ـ دە، پۈتۈن بەدىنى قىزىرىپ، ئۇيۇشقاندەك بولۇپ سىرتقا قاراپ ماڭدى. ياتىقىغا

كىرىپ كارىۋىتىغا ئۆزىنى ئاتتى، ياستۇققا بېشىنى نىقتاپ، ئەدىيالنى ئىككى قولى بىلەن چىشلىرى كىرىشكەن ھالدا قاماللىدى. ئىچى ـ ئىچىدىن توختىماي ئۆكسىدى، ئىچىدىن يىغان ئۆرلەپ نەپسى قىسىلدى، كۆكسىدە بىر توپ چۇمۇلە قىمىرلاۋاتقاندەك بىئارام بولدى. رىزۋانگۈل كۆز ياشلىرىنى كۈچ بىلەن توسۇپ تۇراتتى، ناۋادا يالغۇز بولغان بولسا، ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ بولۇشىغا يىغلىۋالغان بولاتتى، ئىچ ـ باغرى بوشىغۇچە ياش تۆكۈۋالسا، نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى؟! لېكىن قۇيۇلىدىغان ياش تۇرغۇن سىرلارنى ئاشكارىلاپ قويىدۇ، بولۇپمۇ قىزلارنىڭ يېشىنىڭ مەنىسى بەكمۇ كۆپ بولىدۇ. بۇلارنى بىلگەن رىزۋانگۈل ئىچىدە يىغلاپ، ياشلىرىنى قەلبىگە يامغۇردەك ياغدۇرۇپ، كىرپىكلىرىنىڭ نەملىنىشىدىن ئىرادە كۈچى بىلەن مۇداپىئەلىنىپ تۇردى.

ھەممىسى ئۆز ئىشلىرىغا يۈرۈپ كەتتى. دوختۇر راملەمۇ خېلىدىن بېرى ئەركىنىنىڭ گۇرۇپپىسى بىلەن قىدىرىپ تەكشۈرۈشكە چىقىشىنى داۋاملاشتۇرماقتا ئىدى. تۇرالغۇدا كامىل، رىزۋانگۈل، گۈلئايشەم بىلەن سىڭلىسى تۆتىلا ئادەم قالدى. ئاشخانىدا ئاچا ـ سىڭىلنىڭ توختىماي سىيلىشقان پاراڭلىرى، ئارىلاپ ـ ئارىلاپ تېلىقىپ كۈلۈشلىرى ئاڭلىنىدۇ. كامىل ئۆز ئىشخانىسىدا يېزىش بىلەن، رىزۋانگۈل بولسا خىيال ۋە ئىش بىلەن بەند.

كامىلمۇ يېقىندىن بېرى خىيالسىز ئەمەس، ئۇنىڭ قەلبىدىمۇ ئۆزى ھەرقانچە ئىنكار قىلسىمۇ رىزۋانگۈلنىڭ سايىسى ئەگىپدىغان بولۇپ قالدى. تۇرۇپ ـ تۇرۇپ تىكىلگەن بىر جۈپ كۆز، تەلمۈرگەن، ھەسرەتلىك قىزنىڭ چىرايى كۆز ئالدىدا نامايان بولىدۇ. رىزۋانگۈلنىڭ ھېچنېمىدىن ھېچنېمە يوقلا قېيىداشلىرى، ئۇ چاغلاردىكى ئەلەملىك، مەنىلىك سۆزلىرى قۇلاقلىرىدا ئەكس سادا بولۇپ تەكرارلىنىدۇ. كامىل بۇلارنىڭ مەنىسىگە يېتىدۇ، بولۇپمۇ كامىل تەمبۇرنى قولغا

ئېلىپ سىملارغا تىل كىرگۈزۈپ، پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن ناخشا ئېيتىۋاتقان ۋاقىتلاردىكى رىزۋانگۈلنىڭ خۇدىنى يوقاتقان ھالىدىكى بېرىلىپ ئاڭلاشلىرىنىڭ سىرى كامىلغا روشەن. بىراق، كامىل بۇلارنى ئىنكار قىلىدۇ. «رىزۋانگۈلدىكى ئۆتكۈنچى ھېسسىيات، خۇددى كېيىن ھەممە نېمە ئۆز ئورنىغا چۈشۈپ قالىدۇ» دەپ قارايدۇ. ئۇ كۈن يىراق ئەمەس، كامىلنىڭ بىر قېتىم ئۆيلەنگەنلىكى، قانداق ئايرىلىپ كەتكەنلىكىدىن رىزۋانگۈل تەپسىلىي خەۋەر تاپسىلا، ئۇنىڭ قىزىقىشلىرى يوقايدۇ، دەپ ھېسابلايدۇ. شۇڭا ئۇ قىزدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈرىدۇ، گەپلىرىنىمۇ چۈشەنمەسلىككە سېلىپ باشقا تەرەپلەرگە ئېلىپ قاچىدۇ، كۆزلىرىگە تىكىلىپ قارىمايدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى كامىلنىڭ سۈنئىي ھەرىكەتلىرى ئىدى. ئۇنىڭ ئۆز ئىرادىسىگە قارشى رىزۋانگۈلنى كۆرسىلا سەل ھودۇقىدىغان، تەمتىرەيدىغان ھالەتلىرى پەيدا بولۇپ قالدى. قىزنىڭ قېشىغا بارغۇسى، ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشكۈسى كېلىدىغان ۋاقىتلىرى بارغانسېرى كۆپەيدى. بولۇپمۇ ئۇ چېدىردا يالغۇز قالغان ۋاقىتلىرىدا رىزۋانگۈل ھەققىدىكى خىياللىرى ئۇنىڭ كاللىسىغا قىيان سۇدەك بۆسۈپ كىرەتتى. كامىل ئۇ خىياللارنى ھەرقانچە قىلىپمۇ كاللىسىدىن قوغلاپ چىقىرالمايتتى، ھەتتا قىلىۋاتقان ئىشىنى داۋاملاشتۇرالماي قالاتتى، ئۇنداق چاغلاردا ئۇنىڭ كاللىسى قارىمۇقارشىلىق بىلەن تولۇپ، ئورنىدا ئولتۇرالماي قالاتتى. ئۇياقتىن ـ بۇياققا مېڭىشمۇ، كەينى ـ كەينىدىن تاماكا چېكىشمۇ ئۇنىڭ ئەھۋالىنى يېنىكلەشتۇرەلمەيتتى. تىل بىلەن بىلدۈرۈش مۇمكىن بولمايدىغان بىر مۇرەككەپ ھالەت ئۇنىڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى. قۇلاقلىرى قىزىپ، قاپىقى تارتىپ، بىر خىل خاتىرجەمسىزلىك، تىنچسىزلىق ئارام بەرمىگەن كامىل ئىككى سائەتتىن بېرى يېزىشنى داۋاملاشتۇرالمىدى. ئۇنىڭ بۇ قېتىمقى قىدىرىپ تەكشۈرۈشتىن يېزىۋاتقان ئىلمىي خۇلاسىسى تۈنۈگۈندىكىدىن پەقەت ئۈچ قۇر كۆپەيدى. ئىككى سائەتنىڭ

قالـغان قىسـمىنى رىـزۋانگۈل ھـەقـقىدىـكـى چىگـىـچ خىيـالـلار ئىلىنىۋالدى. كامىل ئۆزىنىڭ بۇ ئەھىۋالىغا ئۆزى ھەيران قالدى، ھەسرەتلەندى، بىر تەرەپتىن سۆيۈنگەندەك بولدى.

كامىل ئۆزىدىكى بۇ ھالەتلەرنىڭ مۇھەببەتتىن، ياخشى كۆرۈپ قېلىشتىن ئىكەنلىكىگە قايىل، لېكىن ئىقرار قىلىشتىن قورقىدۇ. ئۇنىڭ ئۆزىگە مەڭگۈلۈك ئازاب ئېلىپ كېلىشىدىن ۋەھىمە قىلىدۇ، ئەجەلدىن قورققاندەك قورقىدۇ.

كامىل ھازىرقى بۇ ئەھۋالغا خاتىمە بېرىپ، رىزۋانگۈلنىڭ كۆڭلىنى قايتۇرمىسا، ئۇنىڭ ئاقىۋىتىدىن بەكمۇ چۆچۈيدۇ. ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ ئاخىر ئۆزىنىڭ بۇرۇن بىر قېتىم ئۆيلەنگەنلىكىنى، قانداق سەۋەب بىلەن ئاجرىشىپ كەتكەنلىكىنى رىزۋانگۈل يىرگەنگۈدەك سۆزلىسە، ئۇنىڭ ئۇنۇمى چوقۇم بولىدۇ، ئۆزىنىڭ مىجەزىدىكى ئوساللىقلارنى ئاشۇرۇپ سۆزلىسە... كامىل بۇنىڭدىن باشقا ئۇنۇملۇك ئامالنىڭ يوقلىقىنى قارارلاشتۇرۇپ ئىشىككە قاراپ بۇرۇلدى ــ دە، كۆزى چەكچىيىپ، ئاغزى ئېچىلىپلا قالدى، چىرايى خۇددى رەقىبىگە يولۇقۇپ قالغاندەك تاتىرىپ كەتتى، چۈنكى ئىشىك پەردىسىنى قايرىپ رىزۋانگۈل كىرىپ كەلگەنىدى. ئۇ كامىلغا تىكىلىپ بىر پەس تۇرغان بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن سادا چىقمىدى. ئۆز خانىسىدا غەيرەتكە كېلىپ قەتئىي ئىرادە بىلەن كىرگەن قىز:

ــ كاشىلا قىلىپ قويغان بولسام چىقىپ كېتەيمۇ باشلىق؟ ــ دېدى سىلىق تەلەپپۇزدا. كامىل تەمتىرەپ قالدى.

ــ كېلىڭ، ئولتۇرۇڭ، ــ دېدى ئارانلا كامىل. بىراق ئۇنىڭ كۆرسەتكەن تەرىپىدە ئولتۇرىدىغان جاي يوق ئىدى.

ــ ئۇياقتا ئەمەس، ماۋۇياقتا ئولتۇراي، كۆڭلىڭىزگە كەلمىسۇن، ــ دېدى ۋە كامىلنىڭ كارىۋىتىدا ئولتۇردى. ئۆزىنى ئوڭشىۋالغان كامىل:

ــ بۈگۈن سۆزلىرىڭىز باشقىچىلىغۇ قىزچاق، كەيپىڭىز نورمالدۇ؟ ــ دېدى كۈلۈمسىرەپ.

— سىزنىڭ سەزگۈرلۈكىڭىزگە قايىلمەن، شۇڭا سىزگە باشلىقلىق نېسىپ بولغان. ئەپسۇسكى، باشلىقلارنىڭ ھەممىسىلا ئۆزىگە كەلگەندە سەزگۈرلۈكىنى يوقىتىدۇ، بۇنىمۇ مۇنداقچە ئېيتقاندا بىر خىسلەت دېسە بولىدۇ.

— مانا قاراڭ، مانا بۇلار سىزگە پەقەتلا ماس ئەمەس سۆزلەر، خۇددى باشقا بىرسىدىن ئۆگىنىۋالغاندەك.

— سىزچە بولغاندا مەن دائىم سىزنىڭ خاھىشىڭىزچە سۆزلىسەم، رايىڭىزچە ئىش قىلسام بولغۇدەك - تە، ئۆزۈم خالىغان، يۈرىكىمدىكى راست سۆزلەرنى دېمىسەم، ئۆزۈمنىڭ تەبىئىي خاھىشلىرىنى ياساپ يۈرسەم بولغۇدەك. ئەمدى تاقىتىم قالمىدى، — قىزنىڭ سۆزلىرى مەنىلىك، تەلەپپۇزى قەتئىي، مەزمۇت، ئازراق ئەلەملىك ئىدى. كامىل قىزنىڭ بىر قارارغا كەلگەنلىكىنى ھەم ئىرادىسىنىڭ بوش ئەمەسلىكىنى پەملىدى، ئۆزىچە بۇنىمۇ ياخشى پۇرسەت دەپ بىلىپ، تەكەللۇپسىزلا قىزنىڭ يېنىدا ئولتۇردى.

— قارىغاندا مېنىڭ ئەدېپىمنى بەرگىلى كىرگەندەك قىلىسىز، ئۇرۇشىدىغان پەيلىڭىز باردەك قىلىدۇ. نېمە دېسىڭىز ئاڭلاي، ھەممىنى ئاڭلاي، سەممىي ئاڭلاي، لېكىن بىر تىلىكىم سېسىق گەپ قىلماڭ، يەنى باشلىق، سەزگۈر دېگەندەك جانغا تېگىدىغان سۆزلەرنى ئىشلەتمىسىڭىز.

— خوپ، بويسۇنۇش بىزنىڭ ئادىتىمىز، مېنىڭغۇ سىزگە بويسۇنۇش مەجبۇرىيىتىم دېسەممۇ بولىدۇ. مەن سىزدىن بىرلا سوئال سورايمەن، بىرلا ئېغىز جاۋابىڭىز ئۆزى كۇپايە. مەن نېمىگە كىردىم؟ — كامىل بېشىنى بۇراپ يېنىدا ئولتۇرغان قىزغا قارىدى. ئىككى جۈپ كۆز بىر - بىرىگە تىكىلدى، ئىككى قۇتۇپتىن چىققان نۇر بىر - بىرىگە سىڭىپ كەتتى ئۇلار بەسلەشكەندەك شۇ تەقلىدتە بىر پەس تۇرۇشتى، ئاخىر قىز چىداشلىق بېرەلمىدى، كۆزىنى ئەپقاچتى - دە، شۇئان كۆزىدىن يىپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك ياش تۆكۈلدى.

— رىزۋانگۈل سوئالنى يەنە سورامسىز؟ — دېدى پەس ئاۋازدا كامىل. قىز ئۇنىسىز بېشىنى چايقىدى، يىگىت قىز تەرەپكە سۈرۈلدى، يېنىك تىترەپ تۇرغان قولىنى تۇتتى ـ يۇ، تىكەن تۇتۇۋالغاندەك تارتىۋالدى. ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇياقتىن ـ بۇياققا ماڭغىلى تۇردى، تاماكا چەكتى ... ئارىغا ئۇزاق جىمجىتلىق چۈشتى. بىر ـ بىرسىمۇ تەشەببۇسكارلىق بىلەن سۆزلەيدىغاندەك ئەمەس. بولۇپمۇ رىزۋانگۈل ئېغىز ئاچىدىغاندەك ئەمەس، لېكىن ئۇ كۆز ياشلىرىنى ئاللىقاچان توختاتقان، ياغلىقى بىلەن ئېرتىپ، ئازراق قىزارتىۋالغانىدى.

— رىزۋانگۈل سىزگە نېمە دېسەم بولاركىن، بۇنى تاكى مۇشۇ مىنۇتقىچە بىلمەيمەن. ئادەمگە ئۆزىنى ئۆزى چۈشەندۈرۈشتىن ئارتۇق قىيىن ئىش يوق، — دەپ سۆز باشلىدى كامىل، — سىز مېنى بىلمەيسىز، چۈشىنىشتىن بولسا سۆز ئېچىش ھازىرچە مۇمكىن ئەمەس، بىلەمسىز، مەن سىزدىن ئون ياش چوڭ. ئۇنىڭ ئۇستىگە ...

— بىر قېتىم ئۆيلەنگەن، خوتۇنۇمنى قويۇۋەتكەن، دەڭ، — دەپ كامىلنىڭ گېپىنى ئۇزدى رىزۋانگۈل تەبىئىي بىر خىل قىياپەتتە تۇرۇپ.

— قايسىمىز سۆزلەيمىز؟ — كامىلنىڭ يۈزلىرى قىزاردى، چېكە تومۇرلىرى كۆپتى، پېشانىسىدىكى تىك سىزىقلار چوڭقۇرلاشتى، — مېنىڭ گېپىمنى بۆلمەڭ، يېشىمنىڭ چوڭلىقىنى بولسىمۇ ھۆرمەت قىلىڭ، دېمەكچى بولغانلىرىمنىڭ ھەممىسىنى دەپ بولغۇچە تاقەت قىلىپ ئاڭلاڭ.

— مەن سىزگە يوشۇرماي ئېيتتىمغۇ، سىزگە بويسۇنۇش مېنىڭ مەجبۇرىيىتىم. بۇيرۇقىڭىز بويىچە غەيرەت قىلىپ كۆرىمەن، بىراق مېنىڭمۇ بىر شەرتىم بار، بۇرۇنقى توي قىلغانلىقىڭىزنى تىلغا ئالمايسىز! — بۇ شەرت كامىلنى ئويغا سالدى، چۆچۈتتى. ئۇ تىكىلگەن مۇنارنىڭ غولىنى تەۋرىتىۋەتتى. ئۇ ئەمدى قانداق سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ،

رىزۋانگۈلنىڭ رايىنى قايتۇرىدۇ؟ سالىمقى بار قانداق باھانىنى تاپىدۇ ياق، ئەمدى ئۇنىڭغا باھانە تاپقۇدەك ئورۇن قالمىدى. شۇڭا كامىل ئورنىدا مىدىر قىلماستىن خېلى بىر ۋاقىت تۇرۇپ قالدى. بۇ چاغدا ئۇ كۆڭلىدىن بىر ـ بىرىگە قارىمۇقارشى ئىككى پىكىرنى ئۆتكۈزدى. بىرى ھېچقانداق سۆز قىلماي ئولتۇرغان قىزنى ئىككى قولى بىلەن تۇتۇپ ئۆرە تۇرغۇزۇپ، كۆزلىرىگە بىر پەس قارىغاندىن كېيىن كۆچلۈك بىلەكلىرى بىلەن نازۇك بېلىنى چىڭ قۇچاقلاپ ئوتلۇق باغرىغا بېسىش، سۆيگۈ تەشنالىقىدا چاڭقاپ تۇرغان جىنەستىدەك لەۋلەرگە ئاچ كۆزلۈك بىلەن سۆيۈش. يەنە بىر خىلى بولسا، ئاززۇيىڭىز مەڭگۈ ئەمەلگە ئاشمايدۇ، مەن سىزنىڭ خىلىڭىز ئەمەس، ئۆزىڭىزگە باب كېلىدىغان بىرسىنى تېپىڭ، مەن سىزگە بەخت تىلەيمەن، دەپ شېرىن ئاززۇنى بەربات قىلىش. بۇ ئوي بەكمۇ دەھشەتلىك، كامىل ئۈچۈنمۇ بىر دەھشەت.

كامىل كەينىگە ئۆرۈلۈپ ئەندىشە ئىچىدە بىلىنەر ـ بىلىنمەس تىترەۋاتقان رىزۋانگۈلگە قارىدى.

ـــ رىزۋانگۈل، ـــ دېدى يېلىنىش تەلەپپۇزىدا، ـــ شەرتىڭىز شۇنچىلىك قەتئىيمۇ؟ ئۇنىڭغا پەرۋا قىلمىسامچۇ؟

ـــ كامىل، مېنى شۇنچىلىك ئويلىماي سۆزلەيدۇ، دەپ ھېسابلامسىز؟ مېنىڭ ئالتۇندەك چاغلىرىمنى ئاتاپ، شېرىن ئۇيقۇلاردىن ۋاز كېچىشىمنى، پۈتۈن ـ پۈتۈن كېچىلەرنى سەرپ قىلغىنىمنى نېمىشقا ھۆرمەت قىلمايسىز. مەن كىچىك بالا ئەمەس، بارانىغا يەتكەن قىز، يەنە كېلىپ ئۆزىنىڭ بىر ئۆمۈرلۈك تەقدىرىنى ھەل قىلىشقا ئەقىل ـ ئىدرىكى تولغان يىگىرمە بەش ياشلىق قىزمەن، زىيالىيمەن. ماڭا نېمىلەرنى ئېيتىپ ئىچۈرمەكچى بولۇۋاتقانلىقىڭىز ماڭا ئايان، كامىل. مۇشۇنداق قىلىپ ئادا قىلماقچى بولغان مۇددىئايىڭىز ماڭا سىر ئەمەس، كامىل سىز مېنىمۇ، ئۆزىڭىزنىمۇ ئالدىماقچى. بۇنىڭ سىزگە نېمە ئۈچۈن زۆرۈر بولۇپ قالغانلىقىغا ئەقلىم يەتمىدى. زادى

ئەقلىمنى يەتكۈزەلمىدىم، — ئۇ سۆزلىگەنسېرى قىزىپ كەتتى، تەلەپپۇزىدىن ھەسرەت، ئەلەم ۋە خورلۇق چىقىپ تۇراتتى، يەنە بىر تەرەپتىن جاسارەتمۇ بىلىنىپ تۇراتتى، — مېنى سىز كىچىك بالا چاغلىدىڭىز، تۇرمۇشنى چۈشەنمەيدۇ، ھېسسىياتقا بېرىلىپ شۇنداق قىلىۋاتىدۇ دەپ ئويلىدىڭىز. سۇنئىي بىپەرۋا قىياپەتتىڭىز بىلەن ئوتقا سۇ چېچىپ بەرسەم ئۆچىدۇ، دەپ ئويلاپ مېنى خورلىدىڭىز، ئازابلىدىڭىز، بۇ ئادىللىق ئەمەس، سىزنىڭ قىلىدىغان ئىشىڭىز ئەمەس ئىدى. لايىقىنىڭ يېشى چوڭراق بولسا، نېمە بوپتۇ؟ بىر قېتىم ئۆيلىنىپ قويۇش گۇناھمىكەن؟شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەمنى بەختتىن، ئائىلىۋى بەختتىن مەڭگۈ مەھرۇم قىلىش كېرەكمۇ ! ؟ — رىزۋانگۈل سۆزلىگەنسېرى كاملغا يېقىنلاپ كېلىۋاتاتتى. قاققان قوزۇقتەك تىك تۇرۇپلا قالغان كامىل بىلەن ئۇنىڭ ئارىلىقى يېرىم مېتىردەك قالدى. كاملنىڭ كاللىسىدا بىرىنچى خىل يول بىلەن مەسىلىنى ھەل قىلىش نۇرلۇق يۇلتۇزدەك چاقناشقا باشلىدى. باشقا ئوي - خىياللار بۇ نۇرنىڭ يورۇقىدا كۆرۈنمەس بولۇپ قالغانىدى.

— كامىل، ئىنسان تاقىتىنىڭ چېكى بار، مەڭگۈ تاشمايدىغان سەۋر قاچىسىمۇ يوق، تاقەت تېشى بىلەن ئۆز بەختىگە تاقىلىدىغان ھېسسىياتلىرىنى باستۇرۇپ نابۇت قىلىۋېتىپ، پۈتۈن بىر ئۆمۈر پۇشايمانلىق تۇرمۇشنى ئۆزىگە ئەبەدىيلىك ھەمراھ قىلىۋالىدىغان ئادەم مەن ئەمەس، مەن تەقدىرگە تەن بېرىدىغانلاردىن ئەمەسمەن ... — رىزۋانگۈلنىڭ گېپى ئۈزۈلدى. كامىل بىردىنلا ئۇنىڭ بېلىدىن چىڭ قۇچاقلاپ، تەرتىپسىز سوقۇۋاتقان يۈرىكىگە ئۇنى مەھكەم بېسىپ، لەۋلىرىدىن ھايات شېرىنلىكىنى سۈمۈردى...

بىر چاغدا رىزۋانگۈلنىڭ بەدىنى بوشاشتى، كاملنىڭ بوينىدىكى قوللىرى ئاستا سىرىلدى، چۆچۈپ كەتكەن كامىل قىزنى ئاۋايلاپ كۆتۈرۈپ كارىۋاتتا ياتقۇزدى. ئۆزىنىڭ ياستۇقىنى

ئۇنىڭ بېشىغا قويدى. كۆزلىرى يۇمۇلغان رىزۋانگۈلنىڭ ئىنچىكە قاشلىرى قىيىلىپ، مەڭزى شەپەق ئەكس ئەتكەندەك قىزىرىپ، لەۋلىرى غايىۋى بىر خىل تەبەسسۇمدە ئېچىلىش ئالدىدىكى پورەككە ئوخشاپ قالغانىدى. توقاچتەك كۆكسىنىڭ رىتىملىق تەۋرىنىپ تۇرۇشى، ئۇنىڭ شېرىن چۈش كۆرۈۋاتقىنىنى نامايان قىلغاندەك ئىدى. كامىل ئالىقىنى بىلەن رىزۋانگۈلنىڭ پېشانىسىنى تۇتتى، ئۇ لۆڭگىسىنى مۇزدەك سۇدا ھۆل قىلىپ، ئۇنىڭ پېشانىسىگە قويدى. بىر پەستىن كېيىن قىز يېنىك سەسكەندى، ئارقا ـ ئارقىدىن بىرقانچە قېتىم شۇنداق قىلدى ۋە كۆزىنى لاپپىدە ئاچتى. ئۆزىگە ئېگىلىشىپ تۇرغان كامىلغا ھەيرانلىق بىلەن تىكىلدى ـ دە، كامىلنىڭ ئوڭ قولىنى ئىككى قولى بىلەن تۇتۇپ كۆكرىكىگە باستى، كۆزىنى يۇمۇۋالدى. بىر پەستىن كېيىن:

— چۈشۈم ئەمەسكەن ... چۈش ئەمەسكەن، مېنىڭ چۈشلىرىمۇ مېنى ئالدىغان، ئازابلىغانىدى، — دەپ شىۋىرلىدى. يېنىدا ئولتۇرىۋالغان كامىل سول قولى بىلەن قىزنىڭ چاچلىرىنى سىلىدى، ئېگىلىشىپ ئۇنىڭ لېۋىگە لېۋىنى تەگكۈزۈپ:

— بۇ چۈشىڭىز ئەمەس، سىزنى ئازابلىغان چۈشلىرىڭىز ئۇچۇن ئەپۇ سورايمەن، جېنىم! ئۆزىڭىزنى بەختلىك ھېس قىلىۋاتامسىز؟ — قىز لەۋلىرىنىڭ توختاۋسىز ھەرىكىتى بۇنىڭ جاۋابى ئىدى.

## 2

ئاشخانىدا گۈلئايشەم سىڭلىسى بىلەن تاماق تەييارلىماقتا، بۇلارغا رىزۋانگۈلمۇ قوشۇلۇۋالغان. ئۇلارنىڭ كەيپى چاغ، روھى ئۇستۇن، لەۋلىرىدىن تەبەسسۇم ئۆچمەيدۇ. بولۇپمۇ رىزۋانگۈل شۇ تاپتا باشقىچە، ئۇنىڭ ھەممە نېمىسى ئۆزگەرگەن، ھەتتا

ئۆزىنى تۇتۇشىمۇ تونۇگۈنكىگە تۈپتىن ئوخشىمايدۇ. ئۇ مىيىقىدا كۈلىدۇ، تولۇق - تولۇق نەپەس ئالىدۇ، گۈلئايشەمگە بۆلەكچىلا مەنىلىك قارايدۇ، چىمەنگۈلگە ئورۇنسىز سۈركىلىدۇ، قۇچاقلاپ قويىدۇ، مەڭزىنى مەڭزىگە ياقىدۇ، خۇددى ئۇ قانداقتۇر بىرسىنىڭ دەيدەيگە سىلىشى بىلەن ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالغاندەك ھالەتتە ئىدى.

دېمىسىمۇ رىزۋانگۈل كۆڭۈل ئاسمىنىدا پەرۋاز قىلىۋاتقان خۇشاللىق، شادلىقلىرىنى زوق بىلەن سۆزلەشنى قەۋەتلا ئارزۇ قىلىۋاتاتتى. شۇنداق قىلسا ئۇ پۇخادىن چىقىدىغانلىقىغا، تېخىمۇ يايراپ، كۆڭۈل - كۆكسى بەخت تۇيغۇسى بىلەن نۇرلىنىپ كېتىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. رىزۋانگۈل شۇ تەمەلەر بىلەن قىلىۋاتقان ئىشىنى داۋاملاشتۇرالماي، ئۇنى تاشلاپ قويۇپ بۇ يەرگە چىققانىدى. بىراق، قىبرىشقاندەك يە گۈلئايشەم، يە چىمەنگۈل ئۇنىڭدىن گەپ سورىمىدى. ئۇنىڭ شادلىقىنى، ھاياجاندىن داۋالغۇۋاتقان قەلبىنى چىرايىدىن، مىڭىش - تۇرۇشىدىن سەزمىگەندەك پەرۋاسىز.

ۋاقىت ئۆتكەنسېرى رىزۋانگۈل ئۆزىنى بېسىپ تۇرۇشقا ئاجىزلىق قىلىۋاتقىنىنى سېزىشكە باشلىدى. ئۇ ئۆزىنى بۇ قىيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلدۇرۇشنى گۈلئايشەمدىن كۈتەتتى، ئۇنىڭ مەنىلىك قاراشلىرىدىن ئۈمىدلىنەتتى. نېمە بولغانلىقىنى ئۆزىمۇ سەزمەي قالدى، رىزۋانگۈلنىڭ قولىدىكى ئىككى تەخسە يەرگە چۈشۈپ جاراڭشىپ چېقىلىپ كەتتى، ئۆزى بولسا ۋارقىرىۋەتتى.

— توۋا، ئادەم دېگەن خۇشال بولسا شۇنداق بولىدىغان ئوخشايدۇ، قىزچاق ئۆزىڭىز بۇ دۇنيادا بارمۇ - يوق؟ — دېدى گۈلئايشەم يوغان، قارا كۆزلىرىنى ئوينىتىپ.

— نېمىلەرنى دەپ يۈرىسىز، مانا كۆز ئالدىڭىزدا تۇرۇپتىمەنغۇ؟! ناھايىتى ئىككى تەخسە بۇ دۇنيادىن يوقالدى ! — دېدى رىزۋانگۈل ئەركىلىك بىلەن.

— ئىسسىت، بەكمۇ چىرايلىق تەخسىلەر ئىدى، — دېدى چىمەنگۈل خورسىنىپ.
— مانا ... مانا ... — دېگىنىچە رىزۋانگۈل چىمەنگۈلنىڭ يېنىغا كەلدى - دە، ئۇنى قۇچاقلىدى، — يۈرىكىڭىزدىكى سۆزنى قىلدىڭىز، سىزگە بۇ يەردىكى ھەممە نەرسە شۇنداق چىرايلىق، گۈزەل كۆرۈنىدۇ. بولۇپمۇ بۇ بىر تەخسىنىڭ ئىگىسى ئېلى بولغانلىقى ئۈچۈن تېخىمۇ چىرايلىق كۆرۈنىدۇ. قاراڭە گۈلئايشەم، بۇ شەيتاننىڭ مەڭزى ۋىللىدە قىزاردى، يۈرىكىنىڭ سوقۇشىنى، تىترەۋاتىدۇ تېخى، — دېدى. گۈلئايشەم بىر ياقتىن ئىشىنى قىلىپ، بىر ياقتىن كۈلكىسىنى كۈچ بىلەن بېسىپ جىم تۇراتتى، ئۇنىڭ قىياپىتىدىن مەغرۇرلۇق، پەخىرلىنىش ئىپادىلىرى چىقىپ تۇراتتى.
— ئادەمنى مۇشۇنداق خىجىل قىلىسىڭىز رىزۋانگۈل ئاچا، چىقىپ كېتىمەن جۇمۇ بۇ يەردىن، قاراڭە تەخسىلەر چىرايلىق تۇرۇپتىغۇ ...
— كۆزىڭىز بار سىڭلىم، سەت - چىرايلىقنى پەرق قىلىش دىتىڭىزغا قايىلمەن. ھەقىقەتەن قايىل، سىزدىن بىر نەرسىنى سورايمەن، راست گەپنى قىلىسىز، لېكىن مەن سوئالىمنى قولىقىڭىزغا شىۋىرلاپ دەيمەن، جاۋابىنى ئۈنلۈك بېرىسىز. رىزۋانگۈل ئۇنى تېخىچە قۇچاقلاپ تۇراتتى.
— ياق، سەت گەپ قىلىسىڭىز جاۋاب بەرمەيمەن، قۇچىقىڭىزدىن چىقىپ قاچىمەن.
— خاتىرجەم بولۇڭ، بەلكى يۈرىكىڭىز پىژژىدە بولۇپ، تېنىڭىز يۇمشاپ كېتەمدۇ تېخى، — دېدى - دە، قىزنىڭ قۇلىقىغا ئاغزىنى تۇتۇپ، بىر نېمىلەرنى شىۋىرلىدى. چىمەنگۈل ئىككى قولى بىلەن يۈزىنى ئەتتى، ئۇ ئاتىسى قورچاق ئېلىپ بەرگەن كىچىك بالىدەك تېپچەكلىدى، لېكىن رىزۋانگۈلنىڭ قۇچىقىدىن چىقىپ كېتەلمىدى. ئەكسىچە قۇچاقلاپ تۇرغان رىزۋانگۈلنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇرۇپ ئۆزىنى قويۇۋەتتى،

پىخىلداپ كۈلۈۋەردى، گۈلئايشەم ئىككى قىزنىڭ بۇ خىل مەنىلىك شوخلۇقلىرىغا قىلىۋاتقان ئىشىنى توختىتىپ قويۇپ مەستلىكى كېلىپ قاراپ تۇردى.

— قېنى، — دېدى رىزۋانگۈل خىلىدىن كېيىن، — يە ھە دەڭ ياكى ياق دەڭ، شەرتىمىز بويىچە ئاۋازلىق دەڭ، يە گېپىم سەت گەپمىكەن.

— ياق، سەت گەپ ئەمەس، — دېدى چىمەنگۈل كۈلكە ئارىلاش، لېكىن يۈزىدىن قولىنى ئالمىدى.

— چىمەنگۈل جاۋابىڭىز ياقمۇ؟ — دېدى رىزۋانگۈل ئېنىق قىلىپ.

— ياق ... ياق ... — دېدى قىز ئالدىراپ.

— ھەي بەختلىك شەيتان، — رىزۋانگۈل ئۇنىڭ مەڭزىگە چوككىدە بىرنى سۆيۈپ قويۇپ قويۇۋەتتى.

— ئەسكىكەنسىز رىزۋانگۈل ئاچا، — دېدى ئۆزىنى ئوڭشىۋالغان چىمەنگۈل ئەركىلەپ تۇرۇپ، — ئادەمنى بوزەك قىلىپ، قىيناپ ئۆلتۈرەي دېدىڭىز، يۈت - قولۇمدا كۈچمۇ قالمىدى.

— بىرىنچى قېتىم لېۋىڭىزگە تەگكەندىمۇ شۇنداق بولغان بولغىيتتى، — دېدى رىزۋانگۈل چىمەنگۈلنىڭ قۇلىقىغا ئاستا شىۋىرلاپ، كېيىنكى سۆزلەرنى ئۇنلۇك قىلىپ دېدى، — راستىنى ئېيتسام سىز ھەقىقەتەن بەختلىك، ئېلى بەك ياخشى يىگىت، ئۇنىڭ كۆڭلى بەك ياخشى، گېپىدە تۇرىدۇ، قولى ئوچۇق، مەرد، ئوچۇق - ئاشكارا، ئۇنىڭ ھەممىدىن ئېسىل يېرى ئۆزىنىمۇ، باشقىلارنىمۇ چۈشىنىدۇ ۋە ھۆرمەت قىلىدۇ، كىبىرى يوق. شۇنداق يىگىتلەرنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە مۇيەسسەر بولۇش بىز قىزلارنىڭ ئۆمۈرلۈك بەختى.

ھازىرغىچە ئىككى قىزنىڭ رومانتىكىغا تولغان قىزلىق شوخلۇقلىرىغا ئارىلاشمىغان، ئېنىقى ئارىلىشىشتىن ئۆزىنى قاتتىق تۇتۇپ تۇرغان گۈلئايشەم ئەمدى تاقەت قىلىپ

تۇرالمىدى. ئۇ بىر ـ بىر دەسسەپ رىزۋانگۇلنىڭ يېنىغا كەلدى، ئۇنىڭ كۆزلىرىگە سىنچىلاپ قارىدى. ئۇ كۇلۇۋېتىشتىن ئۆزىنى ئاران تۇتۇپ تۇراتتى، كۆزلىرىدىن بىر خىل سىرلىق ئۇچقۇن تىنىمسىز جىمىرلاپ تۇراتتى، مەڭزى قىزىپ، چىرايى قەۋەتلا گۈزەللىشىپ كەتكەنىدى.

— نېمىگە قارايسىز، كۆزۈمگە بىرسى سىزگە سالام خەت يېزىپ قويمىغاندۇ، كۆزلىرىڭىز خۇمارلىشىپ كەتتى، — دېدى رىزۋانگۇل.

— سالام خەتنى، — دېدى گۇلئايشەم ئۇنىڭغا تېخىمۇ يېقىن كېلىپ، — ماڭا ئەمەس، سىزگە يېزىپتۇ، كۆزىڭىزگە ئەمەس يۈرىكىڭىزگە يازغانغا ئوخشايدۇ. شۇڭا سىز بۇگۇن بۆلەكچىلا...

— قانداق؟ — دېدى رىزۋانگۇل تەقەززالىق بىلەن.

— ئۆزىڭىز بىلىپ تۇرۇپسىزغۇ.

— ياق، سىز دەپ بېقىڭە، زادى قانداق؟

— بولدى، دېمىسەممۇ ھەممىسى ئۆزىڭىزگە ئايانغۇ.

— تىلەپ قالاي، ئۆتۈنەي جېنىم گۇلئايشەم. ئويلىغانلىرىڭىزنى دەپ بېقىڭە، — گۇلئايشەم بىر پەس خىيال سۈردى ـ دە، ئۆزىگە ئېسىلىشقا تەييار تۇرغان رىزۋانگۇلگە قاراپ كۈلۈپ قويدى.

— بىچارە بايقۇش، ئۆزىڭىزنى قويمىغان يەر تاپالماي قېلىۋاتىسىز. ئىچىڭىزگە سىغدۇرالمايۋاتقان ئۇ شادلىق قىز بالىنىڭ تەقدىرى، كۆز ياشلىرىنىڭ بەدىلى، ئۇنىڭ ئاجىز كۆڭلىنىڭ قانائەت تېپىشى. سىزمۇ بەختلىك رىزۋانگۇل، ئۇمۇ كارامەت ياخشى يىگىت ئىكەن. ئۇنىڭ يۈرۈش ـ تۇرۇشىمۇ ئايال زاتىنى ئىختىيارسىز ئۆزىگە تارتىدۇ. مەن ساۋاتسىز دېھقان بولسامۇ، ئايال زاتى بولغىنىم ئۇچۇن سېزىمەن، ئۇنىڭدا ئايالالرنى ئۆزىگە مايىل قىلىۋالىدىغان بىر سىرلىق كۈچ بار، شۇغىنىسى ئۇنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن. ئۇنىڭ سۈرلۈك قىياپىتىمۇ، ئېغىر ـ بېسىق مىجەزىمۇ، پېشانىسىدىكى ئىككى

تال سىزىقچىمۇ، تاڭەي بىلمىدىم ... — ئۇ نېمىشقىدۇر سۆزىدىن توختاپ خىيال سۈرۈپ قالدى. سۆزلەرنى ھەممىنى ئۇنتقان ھالدا ئاڭلاپ تۇرغان رىزۋانگۈل ئارىدىكى جىمجىتلىقتىمۇ يەنە ئۆزىگە مۇقەددەس بولۇپ سېزىلىۋاتقان سۆزنى ئاڭلاۋاتقاندەك پېتىنى بۇزماي تۇردى. ئارىغا ئېغىر جىمجىتلىق چۈشتى، ئۈچ يۈرەك بىر خىلدا سوقۇۋاتاتتى. بىر - بىرىگە تەڭكەش بولغان ئەركىن تىنىقلار جىملىقنى جانلاندۇراتتى. تاقەت قىلالمىدى بولغاي، رىزۋانگۈل:

— قېنى گۈلئايشەم، ئاخىرىنى، ئويلىغانلىرىڭىزنىڭ ھەممىسىنى ئاڭلاشقا تەقەززامەن، — دېدى ھاياجاندىن تىترەك ئاۋازدا.

— تەلەيلىك قىزلارنى كۆرسەم زوقلىنىمەن، نېمىشقىدۇر كۆڭلۈم يېرىم بولۇپ ھەسرەتلىنىمەن. سىز نېمىدېگەن تەلەيلىك، ئەردىن ئامەتى كەلمىگەننى خۇدانىڭ ئۇرغىنى، بىر ئۆمۈر ئۇنىڭ ھالىغا ۋاي ... سىز بەكمۇ ئامەتلىك ئىكەنسىز، رىزۋانگۈل ئۇ بەك ياخشى يىگىت.

— كىمنى دەۋاتىسىز گۈلئايشەم؟ — دەپ گەپنى ئۈزدى رىزۋانگۈل تەخىر قىلالماستىن. گۈلئايشەم رىزۋانگۈلنىڭ مۈرىسىگە قولىنى قويۇپ، يەنە بىر قولى بىلەن ئۇنىڭ يەلكىسىدىكى چېچىنى سىلاپ تۇرۇپ:

— كامىل ... كامىل ... — دېدى شىۋىرلاپ. رىزۋانگۈل ئۇنىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى ئاتتى، كىچىك بالىدەك ئەركىلىدى.

## 3

خىزمەت قىلىش، يېيىش - ئىچىش، كىيىم كىيىش، ئۇخلاش، بەزىدە خۇشال بولۇش، بەزىدە كۆز يېشى قىلىش، بىر يەردە ھازا، بىر يەردە سۆيۈشۈش، بىر يەردە رىشتە، بىر يەردە ھىجران ... بۇلارنىڭ ھەممىسى قوشۇلۇپ تۇرمۇش ۋە

تۇرمۇشنىڭ مەزمۇنى بولىدۇ. ئاددەملا بولىدىكەن ئۇنىڭ كەچۈرمىشلىرى يۇقىرىقى مەزمۇنلاردا يېزىلىدۇ. ھەشەمەتلىك كاتتا شەھەرلەردە بېزەلگەن ئۆيدە ياشايدىغانلار، شامال ئۇچۈرۇپ، بۇرجەكلىرىنى قويمىغان سوقما تاملار بىلەن قورشالغان قوي - قوزا، ئېشەك، كالىلار ئارىلىشىپ تۇرىدىغان دېھقان ئۆيلىرىدە بولسۇن، تاغ ئارىلىرىدىكى ئۆڭكۈرلەرنى ئۆي قىلىپ ياشاۋاتقانلار بولسۇن ھەممىسىنىڭ تۇرمۇش مەزمۇنى ئوخشاش، تازا سىنچىلاپ دىققەت قىلىدىغان بولسا ھېچقانداق پەرقى يوق. پەقەت ئوخشاش بولمىغان ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ، بىرسىگە خۇشاللىق نېسىپ بولسا، يەنە بىرسىگە كۆز ياش نېسىپ بولىدۇ، بىرسى باغرى ئېزىلىپ ھازا تۇتسا، بىرسى شېرىن سۆيۈشلەرنىڭ لەززىتىنى سۇرۇپ، مەستخۇش بولىدۇ. يەنە بىر يەردە شۇنچە يىل بىر ياستۇققا باش قويۇپ، بىر - بىرى بىلەن چىڭ قۇچاقلىشىپ ياتقان ئەر - خوتۇن بىر - بىرىگە ئۆلۈم تىلىگۈچى رەقىبتەك بولۇشۇپ، نەچچە بالىنى يېتىم قىلسا، يەنە بىر يەردە خۇشاللىق ياشلىرى بىلەن قايتا قۇچاقلىشىدۇ.

ئاپىرىدە بولۇپ، ئاددەمزاتنىڭ ئايىغىنىڭ ئىزى چۈشۈپ باقمىغان گىياھسىز، تاقىر قورام تاشلار، قىزغۇچ توپىلار بىلەن قەددىنى تىك تۇتۇپ تۇرغان تاغ ئارىسىمۇ، ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇش رىتىمىنى بۇزالمىدى، ئۆزگەرتەلمىدى ياكى ئۇنىڭ مەزمۇنىنىڭ بىر قىسمىنى يوقىتىۋېتەلمىدى، ياكى يېڭى مەزمۇن قوشالمىدى. بۇ تاغنى قىدىرىپ تەكشۈرۈش ئۈچۈن كېلىپ، بۇ يەرنى ۋاقىتلىق ماكان تۇتۇپ ياتقان ئىككى خىل جىنىستىكى يەتتە ياش بىر يېرىم ئايدىن بېرى ئۆز تۇرمۇشىنىڭ بىر قىسىم بەتلىرىنى يازدى. ئۇلارنىڭ ئۇرغۇپ تۇرغان ياشلىقىنىڭ تەبىئىي تەلپۈنۈشلىرى ئۈچۈن تاغ ئارىسى كاشىلا قىلمىدى. ئۇلار روھىي تەلەپلىرى، قەلبىنىڭ ھۆكمى، ھايات ھەققىدىكى ئېتىقادلىرى بويىچە ئۆز يولىنى داۋاملاشتۇردى.

مۇھەببەت، ئىنسان سۆيگۈسى ئورۇن تاللىمايدۇ. شوخ،

پائالىيەتچان، رەتلىك كىيىنىپ يۈرۈشنى ياخشى كۆرىدىغان كۆڭلى تۈز ئەركىن بىلەن ئۆزىنى تۇتۇشنى بىلىدىغان، ھەممە ئىشنى كۆڭلىدە پىشۇرۇپ ۋايىغا يەتكۈزۈشتەك خىسلەتكە ئىگە، ئاغزى چىڭ، ھېسسىياتىنى ئىرادە كۈچى بىلەن ئىدارە قىلىشقا ئۆگەنگەن دوختۇر رامىلەنىڭ مۇھەببەتنى جىمجىت باشلىنىپ شاۋقۇن - سۈرەنسىز ئورنىتىلدى. ھېچكىم ئۇلارنىڭ غەمگە پاتقانلىقىنى، چوڭقۇر خىياللارغا بېرىلىپ پەرىشان يۈرگەنلىكىنى كۆرمىدى. بىر يەردە تۇرغاندا، سۆزلىشىۋاتقاندا ھودۇقۇشۇپ، تەمتىرىشىپ قالغانلىقىنى ھېچكىم ئۇچراتمىدى. ئۇلار خۇددى ئۇزاق ۋاقىتلىق دوستلاردەك، بىر - بىرىنى چۈشەنمەيدىغان ھېچ يېرى قالمىغان قەدىناسلاردەك مۇئامىلە قىلىشىدۇ. ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى شۇنداق سەمىمىي، شۇنداق مەدەنىي، كىشىنىڭ زوقى كېلىدۇ. ئۆزئارا ھۆرمەتتى سۆز - ھەرىكەتلىرىدىن مانا مەن دەپ چىقىپ تۇرىدۇ.

بىر چېدىردا بىر يېرىم ئايدىن بېرى يانمۇيان ياتقان رىزۋانگۈل رامىلەنىڭ بىر قېتىم ھەسرەتلىك تىنىپ، ئاھ ئۇرغىنىنى، ئورنىدا ياتالماي ئازابلىق تولغانغانلىقىنى سەزمىدى، ئۇچراتمىدى، كۆز يېشىنىغۇ ئەسلا كۆرمىدى. ئۇنىڭ بىرەر كېچىنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزگەنلىكىنى ئەسلىيەلمەيدۇ، لېكىن ئۇ خېلى بۇرۇنلا ئەركىن بىلەن رامىلەنىڭ بىر - بىرىنى ياخشى كۆرۈشۇپ، مۇھەببەتلەشكەنلىكىنى سەزگەن. ئۇلارنىڭ بىر - بىرىگە ئىزھار قىلىشقان بىرەر ئېغىز مۇھەببەت سۆزىنى ئاڭلىمىغان، يېقىنچىلىق ھەرىكەتلىرىنى كۆرمىگەن، رامىلەنىڭ ئۆز ھاياجىنىنى باسالماي، نېمە قىلىشىنى بىلەلمىگەن ۋاقىتلىرىنى ئۇچراتقان ئەمەس، لېكىن ئۇنىڭ قىزلىق سېزىمى ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ مۇھەببەت رىشتىسى ئىكەنلىكىنى رىزۋانگۈلگە ئۇنىسىز شىۋىرلىغان.

— رامىلە، — دېدى بىر كۈنى ئاخشىمى رىزۋانگۈل، ئۇ چاغدا گۈلئايشەم ئاشخانىدا ئىش بىلەن، ئىككى قىز يوتقانغا

كىرىپ يېتىۋالغانىدى، ــ ئىچىڭىز پۇشامدۇ؟
ــ نېمىگە دەيسىز؟ ــ دېدى رامىلە سوئالنىڭ مەنىسىگە چۈشەنمىگەندەك.
ــ شۇنچە نەرسىنى ئىچىڭىزدە قانداق ساقلاۋاتىسىز، مېنىڭ ئەقلىم زادى يەتمەيدۇ.
ــ تېخى ئىچىمدە ئۇنچىلىك كۆپ نەرسىنىڭ بارلىقىنى ئۆزۈممۇ بىلمەيدىكەنمەن، سىزگە قايىل بولسام بولغۇدەك، لېكىن سەزگۈرلۈكىڭىز چېكىدىن ئېشىپ كەتكەندەك قىلىدۇ. مېنىڭ كۆڭلۈمدە سىز پەرەز قىلغاندەك ئۇنچە جىق نەرسە يوق.
ــ مېنىڭدىن يوشۇرۇۋاتامسىز ـ يا، ماڭا تازا ئىشىنىپ كېتەلمەيسىز جۇمۇ رامىلە، مېنىڭ ئاغزىممۇ ئانچە بوش ئەمەس، لېكىن ئىقرارمەنكى، ھېس ـ ھاياجىنىمنى ئىچىمدە ئانچە ساقلىيالمايمەن، ــ ئۇ كۆڭلى يېرىم بولغاندەك ئېغىر بىر تىنىپ قويۇپ جىم بولدى. رامىلە رىزۋانگۈلنىڭ مەقسىتىنى ئاللىقاچان چۈشەنگەن، ئۆز ئاغزى ئارقىلىق سۆزلەتمەكچى بولغان نەرسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلىپ بولغانىدى. شۇنىڭغا قارىماي:
ــ رىزۋانگۈل، شۇنچە ئەرنىڭ ئىچىدە بىز ئىككىلا قىز، ئەمدى سىزگە ئىشەنمىسەم كىمگە ئىشىنەرمەن، مېنىڭچە ھەر بىر ئادەمدە باشقىلارنى شېرىك قىلغىلى بولمايدىغان، پەقەت شۇ كىشىنىڭ ئۆزىگىلا تەۋە بولغان شادلىق، قايغۇلىرى بولىدۇ. بۇلار بىر ئۆمۈر شۇ شەخسكە مەنسۇپ، باشقا بىرەرسىنى ئارىلاشتۇرۇشقا بولمايدۇ، ئۆزىدىن باشقىلاردىن مەڭگۈ سىر تۇتۇشقا توغرا كېلىدۇ، بۇ شۇ كىشىنىڭ مەنىۋى زىننىتى. مېنىڭچە بۇ ھەممە ئادەمدە بار، بولۇشقا تېگىشلىك، پەقەت دەرىجىسى ئوخشاش ئەمەس، بەزى شادلىق، شېرىنلىك، لەززەتلەرنى ئۇنى بەخش قىلغۇچىنىڭ ئۆزىگە تېتىتقىلى بولمىغىنىغا ئوخشاش، بەزى ھەسرەت، قايغۇ، نادامەتلەرنى ئۇنى كەلتۈرگۈچىنىڭ ئۆزىگە ئېيتقىلى بولمايدۇ. بولۇپمۇ قىز ـ

يىگىت، ئەر ـ ئاياللار ئولتۇرىسىدا. بۇنىڭ نېمە ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن، لېكىن مۇشۇنداق قىلىشنىڭ ئادەملەر ئۈچۈن بەكمۇ زۆرۈر ئىكەنلىكىگە شۈبھىلەنمەيمەن، — دېدى ئۇ جىددىي قىلىپ. ئۇ قاچانلاردىندۇر يېرىم تۇرۇپ يوتقاننى مەيدىسىگىچە كۆتۈرۈپ ئولتۇرۇۋالغانىدى. گەپ رىزۋانگۈلگە قانداق تەسىر قىلدى، ئۇ نېمە مەنىلەرنى چىقىرىۋالدى، بۇنى بىلىپ بولمايتتى، پەقەت ئۇ جىم بولۇپ قالدى، بۇ جىملىق خېلى ئۇزاق داۋاملاشتى.

— تۇرمۇشقا بەك پۇختا ئىكەنسىز راملە، — دەپ سۆز باشلىدى رىزۋانگۈل بىردەمدىن كېيىن جىملىقنى بۇزۇپ، — بولۇپمۇ ئادەملەرنىڭ كۆڭلىدىكى نازۇك ھېسسىياتلارغا جىددىي مۇئامىلە قىلىشىڭىزغا قايىل بولدۇم. مەن ئۆز ھېسسىياتلىرىمنى باشقۇرۇشنى بىلەلمەيدىغانلىقىمنى ئەمدى سېزىۋاتىمەن، قىزلارنىڭ ھەممىسىلا ۋايىغا يەتكەندە ماڭا ئوخشاش بولىدۇ دەپ ئويلاپتىمەن. بىراق ...

— ئېيتقىنىڭىز توغرا رىزۋانگۈل، ھەممىمىز شۇنداق بولىمىز. بۇ بىز قىزلارنىڭ تەبىئىتى. بىراق ئۇنى باشقۇرۇش بىر خىل بولمايدۇ، ھەر بىرىمىزنىڭ ھەر خىل بولىدۇ، ئوخشىمايدىغىنى ئەنە شۇ. سىز بىلمەكچى بولغان ئىشنى ئەمدى دەپ بېرەي. مەن ئەركىننى ياخشى كۆرىمەن، ئۇمۇ مېنى ياخشى كۆرىدۇ، — دېدى راملە رىزۋانگۈلنىڭ گېپىنى ئۈزۈپ ئادەتتىكىدەكلا.

— قانداق قىلىپ ياخشى كۆرۈشۈپ قالدىڭلار؟

— قىزىقكەنسىز، بۇنىڭغا نېمىلەرنى دەپ بەرسەم بولىدۇ، شۇنداقلا ياخشى كۆرۈپ قالدىم، شۇ.

— ياق راملە، مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم ئۇنىڭ سىزنى ياخشى كۆرۈپ قالغىنىنى قانداق بىلدىڭىز دېمەكچىمەن، ئەركىن سىزگە ئۆز ئاغزى بىلەن ئېيتتىمۇ؟

— ئۆز ئاغزى بىلەن ئېيتىش قانچىلىك ئىشتى ئۇ. مەن

سىزنى ياخشى كۆرىمەن، سىزسىز بۇ دۇنيا ماڭا قاراڭغۇلۇق، تەكلىپىمنى قوبۇل قىلمىسىڭىز بۇ دۇنيادا ياشىمايمەن ...
بۇنداق گەپلەرنىڭ قانچىلىك ۋەزنى بار دەيسىز. بۈگۈنى بۇ يەردە بىر يىگىت بىر ساددا قىزنى ئاشۇنداق سۆزلەر بىلەن ئېرىتسە، ئەتىسى يەنە بىر يەردىكى دەرەخ تۈۋىدە ئىككىنچى بىرسىنى قۇچىقىغا ئالىدۇ. مەن ئەركىنىنىڭ ئاغزىدىن ئۇنداق تەنتەنىلىك سۆزلەرنى ئاڭلاپ باقمىدىم. بىراق، پۈتۈن جىسمىدىن مىنى سەمىمىي ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى سەزدىم، بۇنى پەقەت يۈرەك بىلەنلا سېزىپ، ئەقىل بىلەن يەكۈنلەشنىڭ ئۆزى كۇپايە.

رىزۋانگۈل بىلەن راملە شۇ تەرىقىدە سۆزلىشىۋاتقاندا ئىشلىرىنى تۈگەتكەن گۈلئايشەم بىلەن چىمەنگۈل كىردى. ئۇلارنىڭ سۆزى ئۈزۈلدى. شۇ كېچىسى رىزۋانگۈل تۈن نىسپىدىن ئاشقۇچە ئۇخلىيالمىدى، ئۇ كۆپ نەرسىلەرنى ئويلىدى، ئوقۇغۇچىلىق دەۋرى، ئالىي مەكتەپتىكى چاغلىرى، خىزمەتكە چىققاندىن كېيىنكى ئەھۋاللىرىنى ئەسلەپ چىقتى. ئۇ ئېغىر - بېسىق، تەمكىن قىز ئىدى. ئوغۇل باللارغا كۆپ ئارىلاشمايتتى، دىققەتمۇ قىلىپ كەتمەيتتى، ھازىرقىدەك ھېسسىياتلارنىڭ ئوندىن بىرىمۇ يوق ئىدى. ئۇلارغا سىپلىشتۇرغاندا ھازىر ئۇ باشقا بىر رىزۋانگۈلگە ئوخشاپ قالدى. ئۇنىڭ تىپتىنچ كۆڭلى ھازىر تىنماي داۋالغۇشقا ئورۇن بەرگەن، بۇرۇنقى بۇلۇتسىز ئاسماندەك كۆڭلىدە تۇرۇلۇپ - تۇرۇلۇپ قارا بۇلۇتلار پەيدا بولىدۇ، ھەيۋەتلىك چاقماقلار چېقىلىپ، دەھشەتلىك گۈلدۈرمامىلار گۈلدۈرلەپ، ۋۇجۇدىنى زىلزىلىگە سالىدۇ. رىزۋانگۈلنىڭ ھازىر ئىچى پۇشىدۇ، نېمىگىدۇر تىتىلدايدۇ، ئۆزىگە بەكمۇ ئېھتىياجلىق بولغان نەرسىنى تېپىش ۋەسۋەسىسى ئارامىغا قويمايدۇ. تۇرۇپ ھەسرەتلىنىدۇ، غەمگە چۆكىدۇ، بەزىدە ئۆزىمۇ بىلمەيدۇ، كۆڭلى تەسەللى تېپىپ يايراپ كېتىدۇ، خۇشلۇقىنى ئىچىگە پاتقۇزالماي قالىدۇ، لەۋلىرى تەبەسسۇمدىن، كۆزلىرى بىر خىل نۇردىن نېرى بولمايدۇ. ئۇنىڭ روھى ئۇزاق زامانلاردىن

بىرى بىردىنلا ئېچىلىپ، سۆلىرى ھەر يانغا ئۆرلەپ چىقىۋاتقان بىر ھالەتكە ئوخشاپ قالدى، بۇ بۇلاقنىڭ كۆزىنى ئېچىۋەتكەن كامىل، قىزنىڭ كۆڭۈل ئارامىنى بۇزغان ئەنە شۇ كامىل. رىزۋانگۈل ئويلاپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە بىردىنلا چۆچۈدى. ئۇ كامىلنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى تۇتۇۋالالماستىن قىلغان سۆزلىرىنى، ھەرىكەتلىرىنى ئېسىگە ئېلىپ ئۆزىنىڭ يېنىكلىكىگە رەنجىدى، خىجالەت ئارىلاش نومۇس تۇيغۇسى بىلەن كۆڭلى بىئارام بولدى، ئارقىدىنلا رامىلەدەك ئۆزىنى تۇتۇشقا ئىرادە تىكلەپ ئۆزىنى ئۆزى بەزلىدى ۋە ئاستا ـ ئاستا ئۇيقۇغا كەتتى.

لېكىن كېيىنكى ئەمەلىيەت رامىلەدەك ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش رىزۋانگۈلنىڭ قولىدىن كەلمەيدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى.

# توققۇزىنچى باب

ھاياتنىڭ سىرلىرىنى بىلىپ يەتمەك بەك تەس. شۇنچە جاپا ـ مۇشەققەت بىلەن كۆچ سەرپ قىلىپ، قولىدىن كېلىدىغانلىكى ئاماللار بىلەن تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ يەتكەن مەنزىل قۇرۇق، گىياھسىز، نەپ بەرمەيدىغان چۆل بولۇپ قالىدۇ ـ يۇ، ھېچقانچە ئەجىر سىڭدۇرمەيلا تاسادىپىيلىق بىلەن يەتكەن مەنزىل باغۇ بوستانلىق، گۈل ـ چېچەككە تولغان ئامەت ماكانى بولۇپ قالىدۇ.

بەزىلەر بىر ئۆمۈر ئىنتىلىپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ ئارمانغا يېتەلمەي ھەسرەت بىلەن دۇنيادىن ئۆتىدۇ، بەزىلەر ھاياتتىكى تاسادىپىيلىق بىلەن تۇغۇلغان مەقسىتىگە ئاسانلا يېتىپ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە خۇشال، شاد ـ خۇراملىق ئىچىدە بەختلىك ياشايدۇ، بۇمۇ تۇرمۇشنىڭ سىرى، ھېكمىتى ... بۇنىڭدىن قارىغاندا ئەجىرگە تۇشلۇق نېسىۋە دېگەن نىسپىي ئوخشايدۇ، جاھاندا تەلەي دېگەننىڭ بارلىقىغا ئىشەنسە بولغۇدەك.

گىياھسىز تاغ ئارىسىدا ئېلىنگە تەلەي كەلدى، بەخت قۇشى ئۆزى ئۇچۇپ كېلىپ، ئۇنىڭ بېشىغا قوندى. چىمەنگۈلنى ئېلىنغا خىزىر يەتكۈزۈپ بەردى. شۇنداق چوڭ شەھەردە شۇنچە ئۇزاق ۋاقىت ياشىغان، نى ـ نى قىزلار بىلەن ئارىلىشىپ، تونۇشۇپ يۈرگەن ئېلىننىڭ بىر كۆرۈش بىلەنلا چىمەنگۈلگە كۆڭلى چۈشۈپ قېلىشىنىڭ سىرىنى ھېچكىم چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ، لېكىن ئېلىننىڭ قىزغا بولغان مۇھەببىتىنىڭ ھەقىقىي، سەمىمىي ئىكەنلىكىگە ھېچكىم شۈبھىلەنمەيدۇ. تۇرمۇشتا ساختا، يالغان نەرسىلەرنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرمەك ئاسان، بىراق ھەقىقىي،

راست نەرسىلەرنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرمەك بەك تەس، مۈشكۈل. ئەكسىچە راست، ھەقىقىي نەرسىلەرنى سەزمەك، ھېس قىلماق، يالغان نەرسىلەرنى سەزمەك، ھېس قىلماقتىن ئاسان.

ۋۇجۇدى ساددىلىق، شۇنداقلا پاكلىق بىلەن يۇغۇرۇلغان ئېتىمىز گۈلى چىمەنگۈلمۇ ئۆزىنى، ھەممە نېمىسىنى، پۈتۈن تەقدىرىنى ھېچقانداق ئىككىلەنمەستىن ئولتۇرمايلا سۆيگۈچىسىگە تاپشۇردى، سەمىمىي تەقدىم قىلدى. ئىككى ياشنىڭ چىن سۆيگۈسىنى كامىل باشلىق ئەترەت ئەزالىرى سەمىمىي تەبرىكلىدى. ئۇلار ئۈچۈن خۇش بولدى، بولۇپمۇ رىزۋانگۈل بىلەن رامىلە بەكمۇ سۆيۈندى. بىر ئاجىزەنىڭ ئېلىدەك مەرد، ئاق كۆڭۈل يىگىتنىڭ مۇھەببىتىگە نائىل بولۇشى ئۆز سىڭىللىرىنىڭ بەختىنى تاپقانلىقىغا ئوخشاش دەپ ئويلاشتى. ئۇلار ئىككىسى پۇرسەت تاپسىلا مۇلايىم، كېيىك كۆزلۈك، قاپقارا سۇمبۇل چاچلىق چىمەنگۈلگە قىزلىق ئەدەپ — ئەخلاقلىرىنى ئۆگەتتى، ئۆزىنى قانداق تۇتۇش، قانداق قاراش، سۆزنى قانداق قىلىش ھەققىدە ئۇنىڭغا تەلىم بېرەتتى. يەنە بىر تەرەپتىن ئېلى بىلەن كۆپىرەك مۇڭدىشىشى، بىرگە بولۇشى ئۈچۈن پۇرسەت يارىتىپ بېرەتتى. ھەر قېتىم ئېلى بىلەن مۇڭدىشىپ قايتىپ كىرگەندە قانداق ماڭغانلىقى، قولىنى تۇتقاندا تېنىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى قىزىقچىلىق ئۈچۈن سورايتتى. ئاق كۆڭۈل چىمەنگۈل ئۇلارنىڭ سوئاللىرىنى جاۋابسىز قالدۇرمايتتى، ئۇلار تەڭلا كۈلۈشەتتى، خۇشال بولۇشاتتى، ياشلىقنىڭ ساپ ھۇزۇر — ھالاۋىتىدىن ئورتاق ھۇزۇرلىناتتى.

چىمەنگۈل ئىككى قىزنىڭ ئەجرىنى يەردە قويمىدى، ئۇنىڭ يۈرۈش — تۇرۇش، سۆز — ھەرىكەتلىرىدە ئالاھىدە ئۆزگىرىش بولدى. ئادەتتىكى قاراشلىرى، قەدەم تاشلاشلىرى بۇرۇنقىغا تۈپتىن ئوخشىمايدىغان بولۇپ قالدى، كىيىنىشلىرىمۇ، چېچىنى تۈزەشلىرىمۇ ئىككى قىزنىڭ ئۆگەتكىنىدەك تۈردىغان بولدى.

بۇلارلا ئەمەس، چىمەنگۈلنىڭ مۇھەببەت ئالەمىگە ئېچىلغان كۆزى قەلبىدىكى ھاياجانلىق دولقۇنلارنىڭ، شېرىن چايقىلىشلارنىڭ، ئۈمىد، ئىنتىلىش ۋە تەشۋىشلىرىنىڭ ئېكرانىدەك مەنىلىكلىشىپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆزى ئەمدى ھەقىقىي قىزلارنىڭ كۆزىدەك ھېسسىيات بۇلىقىغا ئوخشاپ قالدى، ساپ قىزلىق جىسمى يېڭى بىر خىل ھايات باھارىنىڭ مەست قىلغۇچى ھىدلىرى بىلەن يايراپ، ئېچىلىشقا تەشنا بولۇۋاتقان پورەكتەك گۈزەللىشىپ كەتتى. ئۇنىڭ ھازىرقى ھالىتى قانات - قۇيرۇقلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ، ئۆزىنى تېخىمۇ چىرايلىق تۇسكە كىرگۈزۈپ، ئەركىكىنى كۈتۈۋاتقان تورغا ئوخشاپ قالغانىدى.

ئېلى مۇراد - مەقسەتكە يەتكەن ئادەمدەك مەغرۇر، تەمكىن. ئۇ يىگىرمە يەتتە يىلدىن بېرى ئىزدەپ يۈرگەن قىممەتلىك نەرسىسىنى تېپىۋالغاندەك خاتىرجەم. ئەمدى ئۇنىڭغا ھېچنېمە لازىم ئەمەس، چىمەنگۈل ئېلىنىڭ ئۆمرىگە كېرەكلىك بولغان ھەممە نەرسىنىڭ يىغىندىسى. ئېلى كەم سۆز، سالاپەتلىك بولۇپ قالدى، شاڭخولىرى ئازلاپ، ھەرقانداق ۋاقىتتا ئۆزىنى تۇتۇپ سۆزلەيدىغان بولدى. ئۇ ھازىر ھاياتتىن رازى، تۇرمۇشتىن مىننەتدار. خۇشاللىق، تىل بىلەن ئۇقتۇرغۇسىز شادلىق ئۇنى ئەركىلىتىدۇ، مەستخۇش قىلىدۇ. ئېلىغا بۇلارنىڭ ھەممىسىنى چىمەنگۈل بەرگەن، ئۇنىڭ پاكلىقى، سەمىمىيلىكى، تاڭ سەھەردىكى ياز ئاسمىنىدەك ساپ تەبىئىتى، سەبىي باللاردەك ئالىيجاناب ساددىلىقى بەرگەن. ئېلىنىڭ قەلبىگە ئىشق ئوتىنى سالغانمۇ چىمەنگۈلنىڭ كۆزلىرىدىن چىقىپ تۇرىدىغان ئاشۇ پەزىلەتلىرى ئىدى.

پاكلىق، ساپلىق نېمىدېگەن ئۇلۇغ، ئۇ سۆيگۈنىڭ ئانىسى، مۇھەببەتنىڭ مۇنبەت تۇپرىقى، گۈزەللىكنىڭ شاھى، ئىنساننىڭ بەختى، تەلىيى، تەبىئەتنىڭ قىممىتىنىڭ سەلتەنىتى.

بۇلۇتسىز كۈز ئاسمىنى ئەينەكتەك تازا. كۆتۈرۈلۈش ئالدىدا تۇرغان قۇياشنىڭ شەرق ئۇپۇقىدىكى شەپىقى ئاق نۇرغا ئورۇن

بەرمەكتە، گۈزەل قىزنىڭ ھال رەڭ مەڭزىدەك ياش يۇرەكلەرنى تىترەتكۈچى مەنزىرە ھېلىلا بۇ ئالەمدىن غايىب بولىدىغاندەك ئىدى. رەنجىگەن قىزنىڭ كۆڭۈلگە سانجىيدىغان سۆزلىرىدەك كۈز شاملى چىقىپ تۇراتتى. ئۇنىڭدا نەمخۇش تۇپراقنىڭ قويۇق پۇرىقى، سوغۇقنىڭ تۇنجى شەپىسى قوشۇلۇپ كەتكەنىدى.

ئەترەت ئەزالىرى ئولتۇرغان كىچىك ئاپتوبۇس تاغ ئارىسىدىكى ئېگىز - پەس يولدا ئېھتىيات بىلەن ئاستا ئىلگىرىلىمەكتە. ماشىنا توختىماي چايقىلاتتى، بىردەم ئوڭغا، بىردەم سولغا قىڭغىياتتى. بەزىدە ئالدى ئېگىزلىسە، بەزىدە ئارقا تەرەپ ئېگىزلەيتتى، ئاپتوبۇستىن چىققان ئىس، چاقتىن كۆتۈرۈلگەن توپا بىلەن قوشۇلۇپ تۇمان ھاسىل قىلاتتى - دە، بىردەمدىلا غايىب بولاتتى. ئاپتوبۇس ئىچى جىمجىت، ھەممىسى سۈكۈت ئىچىدە خوشلىشىۋاتقاندەك ئىدى، خەير، تاقىر تاغ، سىرىق توپىلىق ئېدىر، قورام تاشلىق چوققىلار، ئەسىرلەردىن بېرى داۋاملىشىپ كەلگەن شىرىن ئۇيقۇڭلارنى بۇزدۇق، بىزنى كەچۈرۈڭلار. خۇش قال تۇرالغۇ قىلغان قاپتال، سېنىڭدە ئىزلىرىمىز قالدى، ھاياتىمىزنىڭ مەلۇم بەتلىرى يېزىلدى، ناخشىلىرىمىزنىڭ ساداسى كۆكسىڭگە سىڭدى، كۈلكىلىرىمىز قۇلاقلىرىڭدا قالدى. خاسىيەتلىك تەنھا بۇلاق، سېنىڭ ئاستا شىلدىرلاشلىرىڭغا يىگىت - قىزلارنىڭ پىچىرلاشلىرى قوشۇلۇپ ئەتراپقا تارقالدى. ئۇلار يېشىل چىملارنىڭ غوللىرىغا، قومۇشلارنىڭ ئاق پۆپۈكلىرىگە سىڭىپ كەتتى. ئۇلار سېنىڭ بويۇڭدا، سېنىڭ ئۇۋاڭدا تاتلىق سۆيۈشتى، قۇچاقلاشتى. بىر - بىرىنىڭ كۆكسىگە باش قويۇشۇپ، مۇھەببەت ئۇچۇن سوقۇۋاتقان يۈرەكلىرىنىڭ ساداسىنى تىڭشاشتى. تىل بىلەن بىلدۈرگىلى بولمايدىغان، يۈرەكنىڭ چوڭقۇر قېتىدا ساقلايدىغان سىرلار قالدى. بۇلار سېنىڭدىن ئايرىلىۋاتقانلارنىڭ قەلبىدىكى ساڭا ئېيتىۋاتقان ئۇنىسىز سۆزلىرى، خوشلىشىش سوۋغاتلىرى، خەير، خىسلەتلىك تاغ، ئېدىر، چوققىلار، خاتىرجەم ئۇيقۇڭلارنى

داۋاملاشتۇرۇشلار، خەير، تەنها بۇلاق، يېقىملىق ناخشاڭنى مەڭگۈ داۋاملاشتۇرغىن!

ئاپتوبۇس ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە، جىمجىتلىق بىر خىلدا ھۆكۈم سۈرمەكتە. گۈلئايشەم تۈگىمەس خىيالغا پاتقان، ئۇ غەمكىن، چىرايى سولغۇن، تېگىگە يەتكىلى بولمايدىغان مەنىلەرنى يوشۇرغان كۆزىنى قانداقتۇر بىر غايىۋى مەنزىلگە تىكىپ، سەل ئېگىلىپ ئولتۇرىدۇ. ئۇ مەخمۇتنىڭ تۇرۇپ ـ تۇرۇپ كۆز تاشلاشلىرىنى سەزمىگەندەك پەرۋاسىز، بۇنى پەرەز قىلىش قىيىن، راستىلا ئۇ سەزمەيۋاتامدۇ ياكى سېزىپ تۇرسىمۇ ئاتايىن ئۆزىنى شۇنداق كۆرسىتىۋاتامدۇ. گۈلئايشەم — مەخمۇت ئوتتۇرىسىدا يوشۇرۇن بىر سىر بار، ئىرادىسىگە خىلاپ بىر خىل ياۋايى كۈچ ئۇلارنى بىر ـ بىرىگە تارتقان، لېكىن ئەخلاق ۋە ئەنئەنىۋى ئادەت كۈچى ئۇلارنىڭ بىر ـ بىرىگە يېقىنلىشىشىغا كاشىلا قىلغان. مەخمۇت بىلەن گۈلئايشەم بىردەم ـ يېرىمدەم بىرگە بولۇپ قالسا، كۆڭلى ھۇزۇرلىنىدۇ، ئاجايىپ يېقىملىق تۇيغۇلارغا چۆمۈلىدۇ، بىر ـ بىرىنىڭ كۆزلىرىگە بېقىشىپ تەلپۈنۈشلىرىگە ئارام بېرىدۇ. ھەر ئىككىسىلا بىرگە بولۇپ مۇڭدىشىشنى، ئۇزاقراق ۋاقىت يېقىن تۇرۇشنى خالايدۇ، شۇنداق پۇرسەتنى ئىزدەيدۇ، كۈتىدۇ. نېسىپ بولۇپ قالغان چاغلىرىدا بەكمۇ خۇش بولۇشىدۇ، بىرقانچە قېتىم ئۇلار قورۇنۇپ ـ قىسىلىپ بىر ـ بىرىنىڭ قولىنى سىلاشقان. ئۇ چاغلاردا ھەر ئىككىسىلا ھودۇقۇپ، تەمتىرىگەن، تىترەپ كېتىشكەن، باشقىلاردىن خۇپىيانە قىلىنغان ئىش بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇزاققا سوزۇلۇشى مۇمكىن ئەمەسلىكى تەبىئىي، لېكىن بۇنىڭ تەسىرى، مەنىۋى لەززىتى ئۇلارنىڭ قەلبىدە مەڭگۈلۈك ئورۇن تۇتقان.

بىر كۈنى كەچقۇرۇن مەخمۇت بىرقانچە سائەت پايلاپ يۈرۈپ، ئاشخانا چېدىرىدا گۈلئايشەمنىڭ يالغۇز قالغان پۇرسىتىنى ئاران قولغا كەلتۈردى. ئۇ كىرىپ كەلگەندە خىيالغا پېتىپ قالغان

گۈلئايشەم چۆچۈپ كەتتى، لېكىن ئۇنىڭ چىرايلىق كۆزلىرى نۇرلاندى، لەۋلىرىدىن تەبەسسۇم جىلۋىلەندى، چىڭ كۆكسى كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان كۆڭلىكىنىڭ ئېتەكلىرى تەۋرىنىپ كەتتى. مەخمۇت گۈلئايشەمنىڭ يېنىغا باردى ـ دە، ئۇنى تەلۋىلەرچە قۇچاقلىدى ۋە لېۋىنى لېۋىگە باستى. بىر چاغدا لېۋىنى ئاجرىتىشقا ئاران كۆچى يەتكەن گۈلئايشەم ئۇنىڭ قۇچىقىدىن تېز چىقىۋالدى.

— مەخمۇت ... مەخمۇت، تېز چىقىپ كېتىڭ! بۇ سەتچىلىكنى بىرسى كۆرۈپ قالىدۇ، تېز چىقىپ كېتىڭ! — دەپ يالۋۇردى شىۋىرلاپ. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن يامغۇردەك ياش تۆكۈلدى، لەۋلىرىدە بولسا تەبەسسۇم ئوينايتتى.

— خاپا بولدىڭىزمۇ گۈلئايشەم، ئەسكى ئىش قىلىپ قويدۇم، ماڭىمۇ نېمە ئامال بار؟

— ياق ... ياق... ھەرگىز ئۇنداق ئويلىماڭ، ھەي ماڭىمۇ ... بىزگە ... بۇ راۋا بولمايدۇ. سىزنىڭمۇ خوتۇنىڭىز بار، مېنىڭمۇ... بولدى.

— رەنجىمەيسىز.

— پەقەت رەنجىمەيمەن، سىزگە رەھمەت ئېيتىمەن.

— ئىككىنچى ئۇنداق قىلمايمەن.

— ياق ... ياق ... — ئۇ مەخمۇتنى چىڭ قۇچاقلاپ ئۇنى سۆيگىلى تۇردى.

ئەتىسى ئەتىگەندە مەخمۇت ھودۇققان، تەمتىرىگەن ھالدا ئاشخانىغا كىردى. ئۇنىڭ يۈرىكى سىيلىپ، ئازراق تىترەپ تۇراتتى، خۇش بولغان كۆڭلى بىئارام. «گۈلئايشەم ئەمدى مېنىڭ چىرايىمغىمۇ قارىمايدۇ، مەن نېمە قىلىپ قويدۇم ... چوقۇم ئۇنىڭدىن ئەپۇ سورايمەن» دەپ ئويلىغانىدى. ئۇنىڭ تەلىيىگە ئاشخانىدا گۈلئايشەم يالغۇز ئەمەس بولۇپ چىقتى، رىزۋانگۈل بىلەن راملەمۇ بار ئىدى. مەخمۇتنى بىرىنچى بولۇپ كۆرگەن يەنە گۈلئايشەم بولدى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ مەخمۇتقا قارىدى.

ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن مىننەتدارلىق، ئەركىلەش، شادلىق ئارىلاشقان بىر نۇر چاقناپ كەتتى. مەخمۇت سۆيگەن لەۋلەر قويۇق تەبەسسۇمدە ئىدى، ئاياللىق ناز ئۇنىڭ پۈتۈن تۇرقىدىن ئۇرغۇپ تۇراتتى، گۈلئايشەم گەپ قىلمىدى، پەقەت تەلمۈرۈپلا قويدى، لېكىن كۆزلىرى سۆزلەۋاتاتتى.

— مەخمۇت ياردەملەشكىلى كىرىپتۇ، — دېدى ئۇنىڭ كىرگەنلىكىنى ئەمدى كۆرگەن رىزۋانگۈل.

— قېنى قىزلار نېمە ئىش قىلاي؟— دېدى كۆڭلى ئەمىن تېپىپ خاتىرجەم بولغان مەخمۇت گۈلئايشەمگە رەھمەت دېگەندەك تىكىلىپ قويۇپ.

مەخمۇت گېپىدە تۇردى، ئۇنداق ئىشنى ئىككىنچى قېتىم تەكرارلىمىدى، ئۇ ئۆزىنى كۈچ بىلەن ئىدارە قىلىپ تەلپۈنۈشلىرىنى باستى، لېكىن ئاخشام كۈتۈلمىگەن ۋەقە يۈز بەردى.

ئاي تېخى چىقمىغان. كېچە شۇنداق قاراڭغۇ ئىدىكى، بىر مېتىر نېرىدىكىنى كۆرگىلى بولمايتتى. يۇلتۇزلارمۇ سۇستەك ئىدى. مېڭىش تەييارلىقلىرى پۈتۈپ ھەممە تەق قىلىپ قويۇلدى، ئەتىرەت ئەزالىرىنىڭ پەقەت ئۇيقۇسى كەلمىدى. ھەر بىرسى ئۆزىنىڭ يىغما كارىۋىتىدا يانپاشلاپ يېتىشاتتى. قىزلارمۇ ئۆز ياتىقىدا بولۇپ، ئاشخانا چېدىرى يىغىشتۇرۇۋېتىلگەن. يانپاشلاپ يېتىپ خىيال سۈرۈۋاتقان مەخمۇتنىڭ بىردىنلا سىرتقا چىققۇسى كەلدى ـ دە، ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. يېرىم كېچە، سىرتتا قاراڭغۇلۇق ھۆكۈم سۈرەتتى، ھاۋا خېلى سوغۇق، بۇلارنى ئويلىغان مەخمۇت چىقماسلىق قارارىغا كەلدى ـ دە، قايتا يېتىۋالماقچى بولدى. قانداقتۇر بىر كۈچ ئۇنى سىرتقا چىقىشقا دەۋەت قىلاتتى، مەخمۇت ئاخىر ئىختىيارسىز سىرتقا قاراپ ماڭدى، ئۇ توختىغاندا ئاشخانا چېدىرى ئورنىتىلغان يەرگە كېلىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ خىيالىغا گۈلئايشەم كەلدى، بىردىنلا كۆڭلى سۆيۈندى. دەل شۇ چاغدا بىرسى كېلىپ ئۇنى

قۇچاقلىدى، مەخمۇت ھىدىدىن گۈلئايشەم ئىكەنلىكىنى بىلدى، لەۋلەر بىرلىشىپ كەتتى، بىر جۇپ تەن بىر - بىرىگە جۇپلەشتى، بىر جۇپ يۈرەك ئەنسىز سوقتى. گۈلئايشەمنىڭ بىر جۇپ كۆكسى مەخمۇتنىڭ كۆكرىكىگە پېتىپ تۇراتتى، ئايالنىڭ كۆزىدىن تۆكۈلگەن ياش مەخمۇتنىڭ مەڭز، لەۋلىرىنى ھۆل قىلىۋەتتى.

— ئايرىلىشتىكى يوللۇقۇم بولسۇن مەخمۇت، مېنى ئەسلەپ تۇرۇڭ. گۇناھلىق ئىش قىلدۇق، بۇ خۇدانىڭ ئۆزى سالغان سەۋدا، ئامالىمىز يوق، ئۆزى كەچۈرەر، — دەپ شىۋىرلىدى گۈلئايشەم. ئەرنى پۈتۈن كۈچى بىلەن باغرىغا ئاخىرقى قېتىم باسقان گۈلئايشەم ئەرنىڭ قۇچىقىدىن تولغىنىپ چىقىپ، كېچە قاراڭغۇلۇقىغا كىرىپ كەتتى. مەخمۇت بىر ھازالاردىن كېيىن ئېسىنى يىغدى، ھاياجىنىنى بېسىپ، بىر - بىر چامداپ چېدىردىن يىراقلاشتى. ئۇ ئۆزىگە تونۇش بولغان دۆڭلۈككە يېتىپ بېرىپ ئولتۇردى ۋە بۇ تاسادىپىي سوۋغىنىڭ ھۇزۇرىنى سۈردى. گۈلئايشەمنىڭ ئوتلۇق سۆيۈشى، قاتتىق قۇچاقلىشىدىن قايتا ھۇزۇرلاندى، لەۋلىرىنىڭ، مەڭزىنىڭ، قوللىرىنىڭ مۇزلاپ كەتكەنلىكىنى ئەمدى ئېسىگە ئالدى. ئۇ خېلى ئۇزاق ساقلىغان، سەۋرچانلىق بىلەن كۈتكەن. ئۈمىد، ئۈمىدسىزلىك ئۇنى ئازابلىغان. بۇلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزگەن مەخمۇتنىڭ كۆڭلى يېرىم بولدى، ئۆزىگە كايىدى، بۇرۇنراق چىقمىغانلىقىغا پۇشايمان قىلدى.

ئاپتوبۇس بىر خىلدا ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە. سۆيۈملۈك تاغ يىراقلاردا قالدى. چەكسىز سوزۇلغان چۆللۈكتىكى توپا يول سوزۇلۇپ ياتىدۇ. ئاپتوبۇس ئىچىدە يەنىلا جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرمەكتە. راملە بىلەن ئەركىن يانمۇيان ئولتۇرۇپتۇ، كامىل بولسا شوپۇرنىڭ يېنىدا. مۇھەببەتتىن كۆڭلى ئەمىن تاپقان رىزۋانگۈل بىلەن چىمەنگۈل بىر شاختا ئېچىلغان قوشماق گۈللەردەك ئېچىلىپ ئولتۇرۇپتۇ، ئۇلارغا ھەممە نەرسە گۈزەل،

يېقىملىق، ھازىرقى جىمجىتلىقمۇ ئۇلارغا ھۇزۇر بەخش قىلغان. ئېلى بۇلارنىڭ كەينىدىكى ئورۇندا ئولتۇرىدۇ.

گۈلئايشەم كۆرۈۋاتقان شېرىن چۈشىنى بۇزۇۋېتىشنى خالىمىغاندەك ئەتىگەنكى پېتىنى بۇزماي ئولتۇرۇپتۇ. بەلكىم ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئايرىلىش بىئاراملىقى، كېچىدىكى شېرىن مىنۇتلارنىڭ لەززىتى ئارىلىشىپ باشقىچىلا قىلىپ قويغاندۇ، بۇنى بىلمەك تەس. ئايرىلىش مىنۇتلىرى يېقىنلىشىۋاتىدۇ. گۈلئايشەمنىڭ يېزىسىغا ماشىنا ماڭغانسېرى يېقىنلاشماقتا، ئۇ يەردە چوكان قالىدۇ، بىر يېرىم ئايدىن بېرى ئايرىلىپ كەتكەن ئۆي، بالىلىرى، ئېرى بىلەن كۆرۈشىدۇ. يەنە شۇ بۇرۇنقى تۇرمۇش باشلىنىدۇ، كۈندۈزى ئېتىزدا ئىشلەش، ئاخشىمى داستىخان يىغىلىشى بىلەن قىڭغىيىپ يېتىپ، بىردەمدىلا خورەككە چۈشىدىغان، تەر پۇراپ تۇرىدىغان ئېرى، بىر ـ بىرىدىن يېرىم ياشلا پەرق قىلىدىغان ئۈچ بالىنىڭ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭلىرى، ئېغىلدىكى قوي، ئۆچكىلەرنىڭ مەرەشلىرى، ئېشەكنىڭ ھاڭراشلىرى، قىغ پۇراپ تۇرىدىغان قورۇ ـــ مانا بۇ يىگىرمە بەش ياشنىڭ قارىسىنى ئەمدىلا ئالغان گۈلئايشەمنىڭ بۇرۇنقى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى تۇرمۇش مۇھىتى. بىر يېرىم ئايدىن بېرى يېڭىچە تۇرمۇش شارائىتىدا ئۆزى مۇناسىۋەت قىلىپ كەلگەن ئادەملەرگە ئوخشىمايدىغان ئادەملەر ئىچىدە ياشاپ، ئۇنىڭ كۆزى ئېچىلدى، خېلى كۆپ نەرسىلەرنى بىلدى، ئۆگەندى. تۇرمۇش دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى، خىلمۇخىللىقىنى بىلدى، ھاياتتا ئادەملەرگە نېمىلەرنىڭ لازىملىقىنى ھېس قىلدى، ھاياتنىڭ مەنىسىنى تولۇق بولمىسىمۇ ھەر ھالدا بىلدى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ جىسمىنىڭ قاراڭغۇ بۇلۇڭىدا تۇنجۇققان، ئۆزىمۇ بىلمىگەن قىزلىق تۇيغۇلىرى پارتلاپ ۋۇجۇدىغا تارقالدى، بۇنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتىنى، سىرىنى بىلدى، ئازاب ۋە لەززىتىنى تېتىدى. مانا ئاز ۋاقىتتىن كېيىن گۈلئايشەم بۇرۇنقى تىرىكلىك ئۈچۈنلا تىنماي تېپىرلايدىغان، ھېچنېمىنىڭ پەرقى بولمىغان،

خۇددى مۇگدەۋاتقاندەك تۇرمۇش مۇھىتىغا كىرىپ كېتىدۇ. ئەمدى ئۇ باغدا ئەركىن يايراپ، زوق ـ شوقى بىلەن سايراپ يۈرگەن ئازاد بۇلبۇلنى بىردىنلا قەپەسكە سولاپ قويغاندەك بولۇپ، ئازابلىنارمۇ؟ ھەسرەت چېكىپ خۇپىيانە كۆز ياش تۆكەرمۇ؟ بەلكى بىر مەزگىللىك تۇرمۇش لەززىتى قەلبىنىڭ چوڭقۇر يېرىدە ساقلىنىپ، كېيىنكى ھاياتىدا ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىپ، ھەسرەتلىرىنى يېنىكلەشتۇرۇشنىڭ ئىپسىل سوۋغىسى، خۇشال ئۆتكەن كۈنلەرنىڭ ئۇنتۇلماس يالدامىسى بولۇپ قالار.

يېزىنىڭ يالىڭاچلىنىپ قالغان دەرەخلىرى يىراقتىن كۆرۈنۈشكە باشلىدى، ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىكى پەرىشانلىقنى مۇڭ ئىگىلىدى.

— ئاچا ... ئاچا، — دەپ چاقىردى چىمەنگۈل ئۇ ئولتۇرغان تەرەپكە بېشىنى سوزۇپ. لېكىن گۈلئايشەم ئاڭلىمىدى. چىمەنگۈل يەنە بىر قېتىم چاقىرىپ ئاڭلىتالمىغاندىن كېيىن، ئورنىدىن تۇرۇپ، ئاچىسىنىڭ يېنىغا باردى.

— ئاچا، — دەپ نوقىدى. گۈلئايشەم ئۇيقۇسىدىن ئۇشتۇمتۇت ئويغىنىۋەتكەندەك چۆچۈپ كەتتى، چىرايى تاتاردى، ئۇ نېمە بولغانلىقىنى ئاڭقىرالمىغاندەك ئەتراپقا ئالاق ـ جالاق قارىدى.

— ئۆيگە يېقىنلاپ قالدۇق!

— ھە ... — دېدى ئېسىنى يىغقان گۈلئايشەم، — ئۆيگە يېقىنلاپ قاپتىمىز، — ئۇنىڭ ئاۋازى تىترەپ چىقتى، سىڭلىسى ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇردى.

ئاپتوبۇس ئىككى قاسىنىقىغا كىسەكتىن خىلمۇخىل سىپىلىنغان يېزا ئۆيلىرى بار چوڭ يولدىن بۇرۇلدى. گۈلئايشەملەرنىڭ ئۆيى مۇشۇ كوچىنىڭ ئىچكىرىسىدە ئىدى، ئۇ سىڭلىسى بىلەن ئالدىراقچان ئورنىدىن تۇرۇۋالغان ۋە ئاپتوبۇسنىڭ ئىشىكىگە بېرىۋالغانىدى، چىمەنگۈلنىڭ كۆزى ئىلىدا، گۈلئايشەمنىڭ كۆزلىرى مەخمۇتقا تەمتىرەپ ـ تەمتىرەپ قارايتتى. ماشىنا تونۇش، سىرلانمىغان قوشقوۋۇق ئىشىككە يېقىنلاپ توختىدى.

— قېنى، — دېدى گۈلئايشەم تىترەڭگۈ ئاۋازدا، — ئۆيگە كەلدۇق، چۈشەيلى رىزۋانگۈل.

كامىل بىرىنچى بولۇپ ماشىنىدىن چۈشتى. ئاندىن رىزۋانگۈل بىلەن رامىلە چۈشتى، لېكىن باشقىلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشقان بولسىمۇ چۈشمىدى. گۈلئايشەمنىڭ تەلمۈرۈشلىرى، چىمەنگۈلنىڭ ھودۇقۇپ قاراشلىرى ئەركىن، ئېلى، مەخمۇتلارنىمۇ چۈشۈشكە مەجبۇر قىلدى.

— كامىل، نېمىگە قاراپ تۇرىسىز، چاقىرسىڭىزچۇ ئۇلارنى، مېنىڭ ئۆيۈمگە كىرىپ كەتمىسىڭىزلەر قانداق بولىدۇ، بوسۇغامغا كېلىپ قېلىپ، — گۈلئايشەمنىڭ ئېرى چىقىپ قاراپ تۇراتتى. چوڭ قىزى «ئاپا!» دېگىنىچە كېلىپ ئېسىلىۋالدى، چوكاننىڭ ئانچە كارى بولمىدى.

— رەھمەت سىڭلىم، بىزگە ئۆز قېرىندىشىڭىزدەك قارىدىڭىز، ھەممىمىزنىڭ يۈرىكىدە سىزنىڭ غەمخورلۇقىڭىزنىڭ ئۆچمەس ئىزلىرى قالدى.

— نېمە، كىرمەي قايتىمىز دېمەكچىمۇسىز؟ مەن ئۆزۈمنى يەرگە ئېتىپ، ئاۋازىمنى بولۇشىچە قويۇۋېتىپ يىغلايمەن جۇمۇ كامىل، — سۆزلەۋاتقان گۈلئايشەمنىڭ كۆزى بەخىرامان قاراپ تۇرغان ئېرىگە چۈشتى.

— ھەي، مېھمانلارنى ئۆيگە باشلىماي ئاسماندىن چۈشۈپ قالغان تاشتەك نېمە تۇرۇش بۇ! — دېدى ئۇ. ئارىغا ئەركىن چۈشتى:

— كامىل، مېنىڭچە بىز گۈلئايشەم ئاخىرقى قېتىم ئۆزىنىڭ ئۆيىدە ئەتكەن تامىقى بىلەن قورساقلارنى بىر تويدۇرۇۋالايلى، كىم بىلىدۇ مۇشۇ كەتسەك يەنە قاچانلاردا كۆرۈشىمىز. ئەتىگەندىمۇ تۈزۈك بىر نېمە يېمىدۇق، چۈشمۇ بولۇپ قالاي دەپ قالدى، چۈشەيلى، — دېدى. ئەركىننىڭ سۆزى گۈلئايشەمگە ياغدەك ياراشتى، شۇڭا ئۇ ئەركىننىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ دېدى:

— مانا يىگىت دېگەن، يىگىت بولسا ئادەمنىڭ كۆڭلىنى مۇشۇنداق بىلسە ...

كۆپچىلىك ئىسسىق بىر پىيالىدىن چاي ئىچىپ ئاندىن يولنى داۋاملاشتۇرۇش خىيالى بىلەن گۈلئايشەمنىڭ چوڭ ئۆيىگە كىرىپ ئولتۇرۇشتى. داستىخان سېلىنىپ نان بىلەن چاي قويۇلدى، ھەر خىل پاراڭلار بولۇندى. گۈلئايشەم بىلەن چىمەنگۈل پۈتى - پۈتىغا تەگمەي ئالدىرىشىپ كەتتى، ئارىدىن يېرىم سائەتتىن ئوشۇق ۋاقىت ئۆتتى. چاي ئىچىپ بولغان ئەركىن سىرتقا چىقىپ كېتىپ، شۇنداق ئالدىراش قايتىپ كىردى، ئۇ كامىلنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ قۇلىقىغا بىر نەرسە دەپ شىۋىرلىدى، شۇئان كامىلنىڭ كۆزلىرى چوڭىيىپ، قايىقى تۇرۇلدى - دە، ئورنىدىن ئىتتىك تۇرۇپ سىرتقا ماڭدى. ئىشىك تۈۋىدە گۈلئايشەم بىلەن دوقۇرۇشۇپ قېلىپ، ئىككى قەدەم ئارقىغاياندى، خۇشاللىقتىن ئېچىلىپ كەتكەن چوكانغا تىكىلدى.

— سىڭلىم، بۇ ئىشىڭىز بولماپتۇ !

— نېمىنى دەيسىز؟ — دېدى ھەيرانلىق بىلەن گۈلئايشەم.

— بۇ، بۇ، مۇشۇنچىلىك ئاۋارە قىلغىنىمىزمۇ يېتىپ ئاشمامدۇ ! ؟ — بۇ سۆز بىلەن گۈلئايشەم كامىلنىڭ مەقسىتىنى چۈشەندى، شۇڭا كۈلۈپ تۇرۇپ:

— شۇنچە ۋاقىتتىن بېرى مېنى مېھماندەك كۈتتىڭىزلەر، چوڭلار سىڭىل، كىچىكلەر ئاچىسىدەك بىلىپ ھۆرمەت قىلدى، ئىززەتلىدى. مەن شۇلارغا بىرەر قېتىم رەھمەت ئېيتمىسام قانداق بولىدۇ. كەمبەغەل بولساممۇ، ئۆيۈمدە بار نەرسە بىلەن داستىخان سالمىسام بۇنىڭدىن كېيىن كۆز يېشىم قۇرىماس، كامىل.

چوكاننىڭ بۇ يۈرەك سۆزلىرى كامىلنىڭ كۆڭلىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋەتتى. ئىچىدە كۆتۈرۈلگەن بىر خىل ئۆكسۈش

كانىيدا توختاپ قالدى. ئۇ كۆز چاناقلىرىغا كىلىپ قالغان ياشلىرىنى كۈچ بىلەن باستى، ئاستا بىرىپ ئورنىدا ئولتۇرۇۋالدى.

كامىل ئۆيگە كىرىپ كېتىشى بىلەنلا گۈلئايشەم بىقىپ سەمرىتىۋاتقان قوينى تىز سويۇشنى ئىرىغا بۇيرۇغانىدى. قايسى دىھقان بالىسىنىڭ قولىدا پىچاق توختىمايدۇ دەيسىز. ئەركىن سىرتقا چىققاندا ئەر ساھىبخانا سىمىز قويىنىڭ گۆشىنى پارچىلاۋاتاتتى. تۆت چىشلىق بولغان ياش قويىنىڭ گۆشى بىر سائەتتەك ۋاقىتتا پىشتى. يوغان - يوغان لېگەنلەرگە سەۋزە، چامغۇر بىلەن بىرگە سىرىلىپ چۈشكۈدەك ئۇسۇلۇپ مىھمانلارنىڭ ئالدىغا قويۇلدى. كامىلنىڭ ئەترىتى گۆشنىڭ مەززىلىكلىكىنى ماختاپ تۇرۇپ يىگەن بولسىمۇ، بىر قوينىڭ گۆشىدىن خىلى ئىشىپ قالدى. داستىخان يىغىلىپ بولغاندىن كىيىن كامىل باشلىقلىق سۇپىتى بىلەن مۇنداق ئىككى ئىشنى ئورۇنلاشتۇردى:

— ئاغىنىلەر، ئىلى بىلەن چىمەنگۈلنىڭ بەختلىك ئىشىنى ھەممىڭلار بىلىسىلەر. ئىلى، سەن قالىسەن. بۇ يەردىكى تۇغقانلار بىلەن تونۇشۇۋال، چوڭلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتىسەن، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلىسەن، قالغان ئىشلارنى گۈلئايشەم ئورۇنلاشتۇرىدۇ. يەنە بىر ئىش، گۈلئايشەملەرگە نىمە دەپ رەھمەت ئىيتىشنى بىلەلمەيۋاتىمەن، ھەممىدىن ئۇلۇغ نەرسە ئادەمنىڭ كۆڭلى ئىكەن، قەدىرلىك بولىدىكەن، گۈلئايشەم مۇشۇنداق ئادەملەرنىڭ ئەڭ ئالدىدىكىسى ئىكەن. بۇ ھەممىمىزنىڭ يۈرىكىدىكى سۆز! — كامىل سۆزىدىن توختاپ يانچۇقىدىن ئۈچ يۈز يۈەن پۇل چىقىرىپ، — ماۋۇ پۇلنى ئىلىڭ، تۇرمۇشىڭىزغا لازىم قىلىڭ، — دىدى گۈلئايشەمگە سۇنۇپ. نىمە قىلارىنى بىلەلمەي قالغان چوكان ئىككى قەدەم كەينىگە داجىدى ۋە:

— ياق ... ياق ... — دىدى ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ توسۇپ

تۇرۇپ. ئازدىن كېيىن: — بۇ، بۇ قانداق بولىدۇ، كامىل نېمە قىلغىنىڭىز بۇ، مېنى تەڭلىكتە قويماڭ، — دېدى.

گۈلئايشەمنىڭ يېنىغا كەلگەن كامىل:

— بۇمۇ بىزنىڭ كۆڭلىمىز، سىزنىڭ كۆڭلىڭىزنى دەپ ئۆيىڭىزنى نەچچە سائەت مالىماتاڭ قىلدۇق، ئەمدى بىزنىڭ كۆڭلىمىزنى قىلمىسىڭىز ... — گۈلئايشەم ئۆز ئاكىسىغا ئىسلىغاندەك كامىلنىڭ ئىككى مۈرىسىگە ئېسىلدى، بېشىنى ئۇنىڭ كۆكرىكىگە قويدى.

— كامىل، سىزلەر نېمىدېگەن كاتتا ئادەملەر ... نېمىدېگەن كاتتا، — دېدى يىغلاپ تۇرۇپ. بۇ مەنزىرىگە قاراپ تۇرغانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ كىرپىكلىرى نەملەشتى.

# ئونىنچى باب

## 1

كامىل ئەترىتى بۇ قېتىم قىدىرىپ تەكشۈرۈشتە يىغىپ كەلگەن ئەۋرىشكىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشقا كىرىشىپ كەتتى. ھەربىر خادىم ئۆزىنىڭ مۇتەخەسسىسلىكى بويىچە تەقسىم قىلىۋالغان ئىش دائىرىسىنى ئىنچىكە ئىشلەش بىلەن ئالدىراش، ئەۋرىشكىلەرنى كۆزىتىش، فىزىكىلىق تەكشۈرۈش، لابوراتورىيەدە تەكشۈرۈپ ئانالىز قىلىش، ئاخىرىدا يەكۈن چىقىرىپ مۇقىملاش ئۇلارنىڭ ئىش تەرتىپى. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئۆز رېتىمى بويىچە يىگىرمە نەچچە كۈندە ئىشلىنىپ بولدى. كامىل ئېنىق، ئىخچام قىلىپ خۇلاسە يېزىپ رەھبەرلىككە تاپشۇردى. ئۇنىڭ كۆڭلى خۇش، روھى ئۈستۈن. چۈنكى، ئانالىز خۇلاسىسىدىن قارىغاندا بۇ قېتىمقى قىدىرىشنىڭ نەتىجىسى كىشىنى ھەيران قالدۇراتتى، ئېنىقلانغان رۇدىلارنىڭ خىلى كۆپ ئىكەنلىكى، بولۇپمۇ 9 - نومۇرلۇق نۇقتىدا تەركىبى خېلى يۇقىرى بولغان مىس كانىنىڭ بارلىقى ئېنىقلاندى. كامىلنى ھەممىدىن بەك خۇش قىلغىنى 13 - نومۇرلۇق نۇقتىدىكى ئالتۇن تەركىبى ئۈستۈن بولغان ئالتۇنلۇق ئىدى، بۇ يەردىن ئېلىپ كېلىنگەن ئەۋرىشكىنىڭ ئالاھىدىلىكىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن پۈتۈن ئانالىز قىلىش جەريانىنى كامىلنىڭ ئۆزى بىۋاسىتە قىلدى. دەسلەپكى ئالامەتلەرنىڭ ئاساسىنى ئىلمىي نۇقتىدىن توغرا پەرەز قىلىپ، رېئال يەكۈن چىقىرىش ئۈچۈن قانچە كېچە كىتاب كۆردى، قانچە يۈز بەت خەنزۇچە، بىر

قىسىم ئىنگلىزچە كىتابلارنى تەپسىلىي كۆرۈپ چىقتى. ھەتتا ئۇ 13 ـ نومۇرلۇق نۇقتىنىڭ سىرتقى قورۇلۇشى، تۇپرىقى، تاشلىرىنىڭ رەڭگى خاتىرىلەنگەن ماتېرىياللارنى قايتا ـ قايتا كۆرۈپ چىقتى. ئەگەر كامىلنىڭ يەكۈنى توغرا بولۇپ چىقىدىغانلا بولسا، بۇ ئالتۇنلۇق چوڭ خەزىنە، ئاجايىپ بايلىق كانى، كەلگۈسىدە چوڭ ھەجىملىك ئالتۇن كانى رايونى بولۇپ قېلىشى شۈبھىسىز ئىدى. ئالدىن بېشارەت بېرىلگەن ئالامەتلەردىن قارىغاندا كۆلىمى چوڭ، زاپىسىمۇ ئاز ئەمەستەك قىلىدۇ. بۇ خىل شېرىن خىيال، تاتلىق ئۈمىد كامىلنى راھەت بۆشۈكىدە توختىماي تەۋرىتەتتى، ئۆز ئەقىل ـ ئىدراكى ۋە ئەمگىكىنىڭ جەمئىيەت ئۈچۈن يارىتىپ بېرىدىغان بايلىقى بىلەن پەخىرلىنىدىغان كامىلدەك كىشىلەر ئۈچۈن ئۆمرىدە بۇنىڭدىن ئارتۇق خۇشاللىق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا، ھازىر ئۇنىڭ دائىم تۇرۇلۇپ تۇرىدىغان قاپاقلىرى ئېچىلغان، گەپ ـ سۆزلىرىمۇ بىلىنەرلىك كۆپەيگەن، تېخى ئۇنىڭ سىرلىق چىرايىنى كۈلكە پەردىسى چۈمكىگەنىدى. ھېچقاچان بىرسىگە چاقچاق قىلمايدىغان بۇ سۇرلۇك كىشى بىرنەچچە قېتىم ئېلىنىڭ ئىسىگە چىمەنگۈلنى كەلتۈرۈپ قويىدى، راسلەنى تەمتىرىتىپ ئاناردەك قىزارتتى.

بىر ھەپتىدىن كېيىن ھەممە ئىش ئايدىڭلاشتى. ئىدارە باشلىقى چوڭ زالدا ئېچىلغان مەجلىسنى باشقۇردى. ھوقۇقلۇق باش گېئولوگ كامىل يازغان خۇلاسىنى ماختاش بىلەن تولۇق مۇقىملاشتۇردى. 9 ـ نومۇرلۇق نۇقتىدىكى مىس، 13 ـ نومۇرلۇق نۇقتىدىكى ئالتۇن، ئۇلارنىڭ تەركىبى، مىقدارى ھەققىدىكى قاراشلىرىنى تولۇقلاپ قارارلاشتۇردى. ئاپتونوم رايوننىڭ سانائەتكە مەسئۇل مۇئاۋىن رەئىسى كامىل ئەترىتىنىڭ بۇ قېتىمقى تۆھپىسىنى چوڭ باھالاپ رەھمەت ئېيتتى. ئۇلارنىڭ ئەمگىكىنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن يىگىرمە نەچچە ئادەمنىڭ كۆكرىكىگە قىزىل گۈل تاقىدى ۋە نەق پۇل مۇكاپاتى تارقاتتى.

زالـدا تۇرۇپ - تۇرۇپ كۆتـۈرۈلگەن ئالـقىش سادالـىرى ئاسمـان بوشلۇقىغا تارقالدى، ھەربىر يۈرەككە شادلىق تۇيغۇلىرى بەخش قىلدى.

شۇ كـۈنى كەچـتـە كامىـل ئـۆز ئەتىرىـتـىگە كـاتـتا زىيـاپـەت ئۇيۇشتۇردى. خۇشال چىرايلار، چاقناپ تۇرغان كۆزلـەر، ئىچكى ھېسسىياتنى يوشۇرالمىغان ھاياجانلىق چىرايلار بىر - بىرىگە تەڭكەش بـولۇپ، ئولـتـۇرۇشقا ھـۆسـن قوشقـانـدى. ئۇلارنـىـڭ بۇگۈنكى كىيىنىشى، ياسىنىشىمۇ باشقىچە، ئەرلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىنىڭ دىتىغا ياققان، كۆڭلى خالىغان رەڭدىكى كاستـۇم - بۇرۇلـكـا كـيـىـشكەن، چـىـرايلىـق گـالـىـسـتـۇكلارنـى تـاقـاپ، چاچـلىـرىنـى ھەر خىل يـاسـتـىـۋالغانـدى. تەۋەررۇك بىر جۈپ قىزمۇ كاستۇم - يوپكا كىيگەن، ئاق كوپتىسىنىڭ ياقىلىرىنى قـايرىـپ سۇزۇك بـويۇنلـىرىنى ئەركىـن قويۇپ بـەرگەنـدى. تـازا سىنچىلاپ قارىغاندا قاش، كۆزلىرىگە، مەڭزى ۋە كالپۇكلىرىغا ئازراق ھەشەمـمۇ قىلغاندەك قىلاتتى. ئۇلارنىڭ ئۇزۇن، ئىنچىكە قاشلىرى، ھال رەڭ مەڭزى، كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان كۆكسى ۋايىگە يەتكەن قىزلىق باھارىنى نامايان قىلىپ تۇراتتى. كـۆزلـىرىدىـن تەلپـۈنۈش، زوقلـىنىش، ئىنتىلـىش ۋە يەنە قـانداقـتـۇر گـۈزەل ھېسـسـىيات شـولـىلـىرى جـۇلالـىنـىـپ، نازاكـەتـىـگە نـازاكـەت قوشقانىدى. كامىلمۇ ئالاھىدە قىيتىۋالغان، ياراشقان خـورمـا رەڭ كاستۇمـى ئۇنىڭ كـەڭ يەلكـىسىنى تىپخـىمـۇ ھەيۋەتلـىك تۇسكە كىرگۈزگەنـىدى، سىر قارا، قـويۇق چاچلـىرى يۇمـىلاق بېشىـدا دولقۇنسـىمان كۆپـۈپ تۇراتتى. بـويىنىدا رىـزۋانگۈلـنىڭ تۇنجى سوۋغىـسى چـاسـا ئـاق يولـلـۇق گـالـسـتـۇك ئـالاھىدە كـۆزگـە چىـلىـقـاتـتى. بۈگـۈن ئـۇنىڭ چىـرايى تىپـخىمۇ ئـىـچىلـغـان، پېشانىسىدىكى ئىككى تال تىك سىزىقمۇ يوقالغان، مىڭىشلىرى سالماق، پۈتۈن تۇرقىدىن خۇشاللىق چىقىپ تۇراتتى.

ئۈچ يۇمىلاق ئۈستەل ئېسىل يېمەكلىك، يەتتە - سەككىز خىل قورۇما بىلەن تولغان. ئىچىملىكلەردىن ئاق، قىزىل ھاراق

ۋە پىۋىلار قويۇلغان، بىر ئادەمنىڭ ئالدىغا بىر ئىستاكان ۋە بىردىن چىرايلىق رومكا قويۇلغانىدى. ئۇلار قىزغىن پاراڭ سېلىشقاچ ئالدىدىكى نېمەتلەرنى قىزغىن يېيىشكەن بولسىمۇ، نېمىشقىدۇر رومكىلارغا قول ئۇزىتىشمىدى. بۇنىڭ سەۋەبى سىر ئەمەس، ھەممىسى كامىلنىڭ قەدەھنى قولىغا ئېلىپ بىر - ئىككى ئېغىز سۆز قىلىشىنى، شۇنىڭ بىلەن باشلاپ بېرىشىنى كۈتەتتى. لېكىن بۇ ئىش كامىلنىڭ ئېسىدە يوقتەك ئىدى، شۇڭا ئۇ بىرقانچە سەپدىشىنى ئىچىملىككە تەكلىپ قىلىپ قويدى، مەخمۇت ئاغزىنى تولا تەمشىتىپ چىدىمىدى بولغاي، ئاخىر ئۇنىڭ ئاغزى ئېچىلدى.

— ئاغىنىلەر بۈگۈن ئاخشام ئۇسسۇزلۇقتا ئېنەپ قالىمىزمۇ نېمە، كامىل بىزنى سۇغارمامسەن؟ — دېدى ۋارقىراپ.

— كامىل بىر نېمە دېمەمەسەن !

— كامىل باشلا، نەپسىمىز تاقىلداپ كەتتى !

— قالتىس كارۋان بېشى جۇمۇسەن، يەم بېرىپ، سۇغۇرۇشنى ئۇنتۇپ قالدىغان ! — تەرەپ - تەرەپتىن سۆزلەر كامىلنى ئورنىدىن تۇرغۇزدى. ئۇ سەپداشلىرىنىڭ كۆڭلىدىكىنى چۈشەنگەنىدى. ئۇ سەپداشلىرىغا بىر - بىرلەپ قاراپ چىقتى. باشقىلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ نېمە دېيىشىنى كۈتۈپ، ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراشتى.

— ئاغىنىلەر، يولداشلار، كارۋان بېشى سەزگۈر بولمىسا، بۇ غەلىتە ئىش بولىدىكەن، بولۇشىغا يۈك ئارتىپ چۆل - باياۋان، تاغۇ - دەشتلەردە قىينىسىمۇ، ئۇلارغا بېرىشنى ئۇنتۇپ قالسا - ھە ... — ئۇ مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى، ئۆزىنى رۇسلىدى، ئاغزىنى تەمشىپ قويدى، — مېنىڭ تۆگىلىرىم يارايدۇ، يۈكنىڭ ئېغىرىنى كۆتۈرسىمۇ، يولنىڭ ئۇزۇننى باسسىمۇ ئازلا نەرسىگە رازى بولىدۇ. تۆھپىسىنى پەش قىلىپ، قولىنى سۇنمايدۇ، تەمە قىلىپ ئۇياق - بۇياقلارغا كۆز سالمايدۇ. ئۇلار بەكمۇ قانائەتچان، سېخي، خالىس، پەقەت ئىگىسىگە يەتكۈزۈۋاتقان پايدىسى بىلەن

پەخىرلىنىدۇ، مەغرۇرلىنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ قىممىتىنى نامايان قىلىدۇ. مانا مۇشۇنداق تۆگمەرنىڭ بېشى بولۇش نېمىدېگەن خۇشاللىق، نېمىدېگەن شەرەپ، قېنى يولداشلار مۇشۇ شەرەپنى ساقلاپ، هاياتىمىزنىڭ قىممىتىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئالدىمىزدىكى قەدەھنى كۆتۈرەيلى! — ئۇزۇنغا سوزۇلغان چاۋاكتىن كېيىن ھەممەيلەن رومكىلارنى قولىغا ئېلىپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى، ئىككى قىز قولىغا پىۋا قۇيۇلغان ئىستاكاننى ئالدى، جاراڭشىغان سادالار زال ئىچىنى بىر ئالدى. ئىچىش، يېيىش باشلاندى، بىر ياقتا مۇزىكا ساداسى، بىر ياقتا كۆڭۈل تارتقانلار مۇڭداشتى، ئەرلەر ئازراق قىزىۋېلىشقاندىن كېيىن ئىككى تەۋەررۈك قىزنى دەم ئالدۇرماستىن نۆۋەت بىلەن تانسا ئويناشتى، تەبىئىيلا كامىل بىلەن رىزۋانگۈل، رامىلە بىلەن ئەركىن كۆپرەك ئوينىدى. زىياپەت تۆت سائەت داۋاملاشتى، مەخمۇتتىن باشقا ھېچكىم مەست بولمىدى، مەسئۇد ئوتتۇرىدا يوقاپ كەتتى، ئېلى هاراقنى ئانچە ئىچمىدى، قالغانلار كامىلغا بىلدۇرمەستىن بىر ئىش ئۈستىدە بىرلىككە كەلدى. ئۇلار تارقاشقاندا گۈزەل قىزنىڭ جامالىغا ئوخشايدىغان ئون بەش كۈنلۈك تولۇن ئاي ئاسمان قەسرىدە ناز قىلاتتى، سوغۇق قىزىپ كەتكەن يۈزلەرنى چىمدىپ قوياتتى، تومۇرلاردىكى ئۇرغۇپ تۇرغان قانلارنى سوۋۇتتى، يۈرەكلەرنى سەگىتتى. شەھەر ئاسمىنىدا كوچا چىراغلىرى بىلەن بەسلەشكەندەك يۇلتۇزلار چاراقلاپ تۇراتتى.

— رىزۋانگۈل، ئازراق ئايلىنىپ كېلىشكە كۆڭلىڭىز تارتامدۇ؟ — دېدى كامىل سۈركىلىپ يېنىدا كېتىۋاتقان قىزغا بېشىنى بۇراپ. رىزۋانگۈل كۆزلىرىنى ئوينىتىپ، سۆزسىزلا جاۋاب بەردى ۋە كامىلنى چىڭ قولتۇقلىۋالدى. ئۇلار بىر – بىر دەسسەپ چوڭ كوچىنىڭ ئالا – بۇلا يورۇپ تۇرغان پىيادىلەر يولىدا گەپ – سۆزسىزلا مېڭىشتى. ئۇلار راھەتكە چۆمۈلگەن كەيپىياتنىڭ هۇزۇرىنى ئۇزاقراق تېتىشنى خالاۋاتقاندەك بۇ

جىملىقنى بۇزۇشنى خالىمايتتى، بۇ جىملىقتىكى ئىچكى مەنە، روھىي ھۇزۇر ئۇلارنى مەست قىلغان، ئەركىلەتكەندى.

— رىزۋانگۇل، — دېدى كامىل ئاخىر، — نېمىلەرنى ئويلاۋاتىسىز؟

— راھەتنىڭ پەيزىنى سۈرۈۋاتىمەن، ياخشى كۆرگەن ئادىمى بىلەن مۇشۇنداق قولتۇقلىشىپ تۈگىمەس يول يۈرسە قانداق بولۇپ قالىدىغاندۇ كىشى، — دېدى قىز ئەركىلەپ تۇرۇپ.

— ئۇنداقتا بىز ئىنسانلار توپىدىن ئايرىلىپ، دەرۋىش بولۇپ كېتەرمىز، چۆل - جەزىرىلەردە ئىككىمىز تەنھا قالساق، بىز نېمە بولۇپ قالىمىز؟ يەنىلا ئادەملەر ئارىسى ياخشى، قانداق، مېنىڭ گېپىم توغرىمۇ؟ — دېدى كامىل، ئوڭ قولى بىلەن رىزۋانگۇلنىڭ مۇزلاپ كەتكەن مەڭزىنى سىلىدى.

— قولىڭىز نېمانچە ئىسسىق، خۇددى قىزىتقان تۆمۈرنى ياققاندەك بولدى، چىڭراق بېسىڭە، — ئۇ شۇ سۆز بىلەن كامىلنى تېخىمۇ چىڭراق قولتۇقلىۋالدى.

— ھە، راست، سۆزگە بەك ئۇستىكەنسىز، سىزنىڭ ھاياجان بىلەن مۇنداق مەنىلىك سۆزلىگىنىڭىزنى تۇنجى قېتىم ئاڭلىشىم، ھەممىمىزنى نەگە يېتىلىسە شۇ يەرگە ماڭىدىغان تۆگە قىلىۋەتتىڭىزغۇ.

— بىزنىڭ تۆگىلەردەك تۆگە بولماق ئاسان ئەمەس، رىزۋان، ئۇلارنى ھېچكىم يېتىلىمەيدۇ، يېتىلەپمۇ ئۇلارنى ماڭدۇرۇش مۇمكىن ئەمەس، ئۇلار ئۆز ئېتىقادىنىڭ، ۋىجدانىنىڭ بۇيرۇقىغىلا بويسۇنىدۇ، بۇ ئۇلۇغ خىسلەت، تېپىلغۇسىز پەزىلەت.

— يەنە ئۆزىڭىزنى ماختىغىلى تۇردىڭىز، مەن شۇنداق بولغىنىم ئۈچۈن، مېنىڭ تاللىغان ئادەملىرىممۇ شۇنداق دېمەكچىمۇ ! ؟ — قىزنىڭ تەلەپپۇزىدىن پەخىرلىنىش، غۇرۇر مەنىسى چىقىپ تۇراتتى، — باشلىق سەل كەمتەر بولسىڭىز بولارمىكىن، — بۇ سۆزدە ھېچقانداق تەنبىھ يۇرىقىنىڭ

يوقلۇقىنى بىلىپ تۇرغان بولسىمۇ، كامىل ئاتايىن مۇنداق دېدى:

— مېنى يەنە مەسخىرە قىلغىلى تۇردىڭىزغۇ، سۆزۈمدە ھېچقانداق ئۆزۈمنى كۆرسىتىش، ماختاش مەنىسى يوقفۇ.

— ۋاي ماھىر باغۇەن، ئۇستا باغۇەن سەر خىل گۈللەرنى تېرىشنى بىلىدۇ، — رىزۋانگۈل كامىلنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ ئۇنى توختاتتى، ئىككى قولىنى ئۇنىڭ ئىككى مۈرىسىگە قويدى. ئۇنىڭغا شۇنچىلىك يېقىن تۇردىكى، كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان بىر جۈپ چىڭ كۆكسى كامىلنىڭ مەيدىسىگە تېگىپ تۇراتتى، تىنىقلىرى قوشۇلۇپ كەتتى، — ئۇنى پەرۋىش قىلىشنى، ئەڭ چىرايلىقىنى ئۈزۈۋېلىپ چېكىسىگە قىستۇرۇۋېلىشنىمۇ بىلىدۇ، — كامىل قىزنىڭ بېلىدىن چىڭ قۇچاقلىدى، لەۋلەر سۆيگۈ جامىدا بىرلەشتى.

ئۇلار قولتۇقلىشىپ مېڭىشنى داۋاملاشتۇردى، كوچىدا ئادەملەر قالمىدى، ئاندا - ساندا ئالدىراش كېتىۋاتقانلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، كوچا ئادەمسىز ئىدى، بۇ قېتىم جىمجىتلىقنى رىزۋانگۈل بۇزدى.

— كامىل، — دەپ چاقىرىپ قويۇپ جىم بولۇپ قالدى قىز. گەپ چىقمىغاندىن كېيىن قىزنى جەينىكى بىلەن نوقىدى كامىل، بۇ كۆڭلىڭىزدىكىنى ئېيتىڭ دېگەنلىك بولاتتى.

— مەن سىزگە بىر گەپ قىلىمەن، سەۋرچانلىق بىلەن ئاڭلايسىز، — دەپ سۆز باشلىدى رىزۋانگۈل، — بۈگۈن سىزدىن يوشۇرۇن بىر مەسلىھەت بولۇپ، ئاخىر پىشتى، بۇنىڭ نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى قانچە ئويلىغىنىڭىز بىلەنمۇ تاپالمايسىز، بۇ ئىش ئەركىنىنىڭ ئەقلىدىن ئوتتۇرىغا چىقتى. ئۇنىڭ ئېسىگە قانداق قىلىپ بۇ ئىش كېلىپ قالغاندۇ؟ ئەسلى باشلىق ئويلىشى كېرەك ئىدى. ئەركىن بۇ تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويغاندا مەن بىرىنچى بولۇپ قوشۇلدۇم، كۆڭلۈم شۇنداق خۇش بولۇپ كەتكەندى. يەنە بىر تەرەپتىن كۆڭلۈم يېرىم بولدى. خىجالەت

بولۇپ يۈزلىرىم چىمىرلاپ كەتتى، ھېلىمۇ چاندۇرمىدىم، ياق، باشقىلارنىڭ دىققىتى مېنىڭدە بولمىغانلىقى ئۈچۈن ھېچكىم سەزمىدى ...

— خويمۇ ئەزۋەيلەپ كەتتىڭىزغۇ، تولا ئەگىتمەي ئوچۇقىنى دېمەمسىز، — قىزنىڭ سۆزى ئۈزۈلدى. رىزۋانگۈل ھېچقانداق ئىنكاس قايتۇرمىدى، لېكىن جىم بولۇۋالدى. گەپنىڭ ئاخىرىنى كۈتۈپ ھارغان كامىل جەينىكى بىلەن قىزنى يەنە نوقىدى، بىراق ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتەلمىدى.

— قېنى قولىقىم سىزدە، داۋاملاشتۇرۇڭ، — دېدى ئاخىر. قىز زۇۋان سۈرمىدى، خۇددى ھېچنېمە ئاڭلىمىغاندەك پېتىنى بۇزمىدى.

— ئاپپاق قىز، كۈتۈپ ھاردىم، — دېدى كامىل ئەركىلىتىش تەلەپپۇزىدا.

— ئاڭلاشقا خۇشىڭىز بولمىغاندىن كېيىن سۆزلەپ نېمە قىلاي، — دېدى رەنجىش، قېيداش بىلەن رىزۋانگۈل. كامىل دىمىقىدا كۈلۈپ قويدى، دەرھال بىرنېمە دېمىدى، چۈنكى ئۇنىڭ قېيداپ قېلىشىنى پەملىگەنىدى. شۇڭا ئۇ جىم ماڭدى، كۆڭلىدە بولسا، قىزنىڭ ئەركىلىۋاتقىنىغا زوقلاندى.

— قېنى گۈل، پۈتۈن دىققىتىم بىلەن ئاڭلاي، — دېدى يۈزىنى قىزنىڭ مەڭزىگە سۈركەپ تۇرۇپ.

— ئەزۋەيلەپ كەيپىڭىزنى ئۈچۈرۈۋەتمەي، باشتىلا ئېيتتىمغۇ، گېپىمنى بۆلمەي ئاڭلاڭ دەپ.

— ئەمدى بۆلمەي، سىز سۆزلە دېگەندىن كېيىن ئاغزىمنى ئاچاي، — دېدى كامىل يېقىملىق قىلىپ.

— مەن ئۆزۈمنى تەستە قولغا ئېلىپ نورمال ھالغا كېلىۋالدىم، ئەركىنىنىڭ تەكلىپىگە باشقىلارمۇ قوشۇلدى، خۇش بولدى. ھە راست، بۇ گەپلەر بولۇۋاتقاندا ئېلى سىرتقا چىقىپ كەتكەنىدى، — رىزۋانگۈل باشقىچە بولۇپ قالغانىدى. ئەسلىدە بۇ قىز گەپنى مۇنداق ئەزمىلەپ كەتمەيتتى، بۈگۈن مەقسەتلىك

شۇنداق قىلىۋاتاتتى. ئۇ مۇشۇ ۋاستە ئارقىلىق كامىلنىڭ بىر سىرىنى بىلىۋاتامدۇ ياكى ئۇنى سىناپ كۆرۈۋاتامدۇ، بۇنى بىلىپ بولمايتتى. لېكىن قىزنىڭ قانداقتۇر بىر مەقسىتىنىڭ بارلىقى چوقۇم ئىدى، — ئۇ ئىشنى ئېلىدىنمۇ سىر تۇتماقچى بولدۇق، شۇڭا قالغانلىرىمىز ئۇ كىرگىچە مەسلىھەتنى پىشۇرۇپ بولدۇق. بۇنى ئەسلىدە سىزگە ئەركىن ئۇقتۇرماقچى، بىراق ... بىراق هازىر مەن سىزگە نېمىشقا دېمەكچى بولۇپ قالدىمكىن ـ تاڭ. ... بولدىلا، ئەتە ئەركىندىن ئاڭلاڭ. هېچقانداق ئىنكاس قايتۇرماي ئاڭلىدىڭىز، خۇشياقمىغان ئوخشايدۇ، — ئۇ جىم بولۇۋالدى، كامىلنى تېخىمۇ مەھكەم قولتۇقلىۋالدى. بېشىنى ئۇنىڭ مۈرىسىگە قويدى. كامىل رىزۋانگۈلنىڭ بۈگۈنكى كەيپىياتىنىڭ نورمال ئەمەسلىكىنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى، كۆڭلىدىكىنى شارت ـ شۇرت ئېيتىۋېتىدىغان قىزنىڭ بۈگۈن قىلىۋاتقىنىنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئويلاپ بىر خۇلاسىگە كېلەلمىدى.

— مېنى كىچىك بالىنى چۆرگىلەتكەندەك چۆرگىلىتىپ نېمە قىلاي دەيسىز، گەپنى چىقارغان ئىكەنسىز ھەممىنى دېمەمسىز، ئادەمنىڭ تولا ئىچىنى پۇشۇرماي ...

— ئۇھ ... — دېدى رىزۋانگۈل راھەتلەنگەندەك، — مەقسىتىمگە يەتتىم، سىزنىڭمۇ ئىچىڭىز پۇشىدىكەن، بىر ئىشنى بىلىشكە تاقەتسىزلىنىدىكەنسىز ـ ھە ... مەنلا شۇنداق ئوخشايمەن دەپ ئويلاپتىمەن. ئەمدى سىزگە نەق ئۆزىنىلا دەپ بېرەي، ئېلىنىڭ تويى ئۈچۈن ھەر بىرىمىز يۈز كويدىن ياردەم بەرمەكچى بولدۇق، بۇنى يىغىپ ئەركىن ساقلايدۇ، ۋاقتى كەلگەندە ئوتتۇرىغا تاشلايدۇ، مانا مۇشۇ ئىش.

— نېمىدېگەن ياخشى ئادەملەر! — دېدى كامىل ھاياجان بىلەن ئۆز ـ ئۆزىگە سۆزلىگەندەك. ئۇ ئىچ ـ ئىچىدىن خۇشال بولدى، پۈتۈن تېنى قىزىدى، يېنىدا قولتۇقلاپ كېتىۋاتقان رىزۋانگۈلنىڭ بېشىنى قايرىپ، شېرىن لەۋلىرىگە تاتلىقلىقىنە بىرنى سۆيۈپ قويدى. بۇ كامىلنىڭ تۇنجى تەشەببۇسكارلىقى ئىدى.

— سىز نىمىدېگەن ياخشى، — دېدى قىز تەبىئىي ناز، قىزلىق ئەركىلەش، تويۇنغان راھەت بىلەن.

ئۇلار ئىككىسى ئاندا - ساندا پارالىق، كۆپ ۋاقىت جىمجىت راھەت ئىلكىدە خېلى ئۇزاق ۋاقىت سەيلە قىلىشتى. تۈن نىسپىدىن ئاشتى، كوچىدا ئۇلاردىن باشقا سەيلىچىلەر قالمىدى. شەھەر كېچىلىك شېرىن ئۇيقۇسىنى ئاللىقاچان باشلىۋەتكەن، پەقەت بۇلۇتسىز ئاسماندا ئاي ۋە يۇلتۇزلارلا قالدى. ئۇلار ئىككىسى رىزۋانگۈلنىڭ ياتىقى بار بىنانىڭ ئالدىدا ئازراق تۇرۇشتى - دە، قىيمىغاندەك ئايرىلىشتى.

## 2

رىزۋانگۈل بىلەن رامىلە بىر ياتاقتا ياتاتتى. ئۇلار ئەمدى سىرداش دوستلار بولۇپ قېلىشقان، دېيىشمەيدىغان گېپى، ئېيتىشمايدىغان سىرى يوق دېيەرلىك. ئۇلار بىر - بىرىگە ئىشىنىدۇ، ئەركىن سۆزلىشىدۇ، بولۇپمۇ ئۇلار ئۆز يىگىتلىرى بىلەن بىرگە سەيلە - تاماشا قىلىپ كەلگەن ئاخشاملىرى خېلى كەچكىچە ئۇخلىيالمايدۇ. بىرسى بولمىسا ئۇ كەلگۈچە كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمەيدۇ، ئۇنىڭ قەلب شادلىقلىرىغا شېرىك بولغۇسى كېلىپ كۈتىدۇ.

رىزۋانگۈل رامىلە بىلەن بىر پەس مۇڭدىشىش ئىستىكى بىلەن ياتىقىنى ئېچىپ كىردى ۋە چىراغنى ياندۇرۇپ لاسسىدە بولۇپ قالدى. رامىلەنىڭ ئورنىمۇ ئۆزىنىڭ ئورنىدەك شۇ پېتىچە يىغىقلىق تۇراتتى. ئۇ سولاشقان ھالدا ئالدىرىماي ئورۇنلىرىنى سالدى، كىيىملىرىنى رەتلەپ ئاستى، ئەتىسى كىيىدىغان كىيىملىرىنى تەييارلاپ قويدى، ئۇ ياتماقچى بولۇپ يوتقىنىنى كۆتۈرۈپ قويۇپ توختاپ قالدى - دە، ئۇنى تاشلاپ قويۇپ ئۆرە بولدى. ساپما كەشىنى كىيىپ، بىر - بىر دەسسەپ، تىكلىمە ئەينەكنىڭ ئالدىغا باردى. ئەينەكتىكى ئۆزىنىڭ پۈتۈن تۇرقىغا

قاردى. قىز تېخىمۇ يېقىنراق بېرىپ، ئەينەكتىكى ئۆزىگە سىنچىلاپ قارىدى، خۇمارلاشقان كۆزلىرى باشقىچىلا نۇرلۇق، چىرايلىق كۆرۈندى. ئۇلار كۆز ئەمەس، شادلىق بۇلىقى، شېرىن ھېسسىياتلارنىڭ فونتانىدەك بىلىندى. كۆزىنىڭ قارىسىدا قانداقتۇر بىر خىل نۇر جۇلالىنىپ تۇراتتى، يۈرىكىدىكى بىلىپ تۇرسىمۇ تىل بىلەن بىلدۈرۈپ بولمايدىغان سۆزلەرنى سۆزلەۋاتقاندەك قىلاتتى. بىردىنلا قىيىلىپ تۇرغان قاشلىرى، ئۇزۇن كىرپىكلىرى، تەلەيلىك تەبەسسۇمغا كۆمۈلگەن لەۋلىرى، ھال رەڭ مەڭزى قوشۇلۇپ لاتاپەتلىك بىر ھۆسن ئۇنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى. رىزۋانگۈل ئۆزىنىڭ مۇشۇنداق گۈزەل جامالىنى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتاتتى، ئۇ ھەيرانلىق بىلەن «مېنىڭ ھۆسنۈم مۇشۇنداقمىدۇ، ئەينەكتىكىنىڭ ئۆزۈم ئىكەنلىكىگە ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ، نېمىشقا بۇرۇنراق مۇشۇنداق ھالەتتە ئەينەكتە ئۆزۈمنى كۆرۈپ باقمىغاندىمەن» دېگەنلەرنى ئويلىدى. ئۇنىڭ ئوچۇق تۇرغان سۈپسۈزۈك مەرمەردەك يەلكىسىنى بىر ئالغان چاچلىرىنىڭ دولقۇنسىمان تۇرۇشىمۇ، قىزنىڭ ھۆسنىگە ھۆسن قوشقانىدى. رۇباشكىسىدىن مۇشتۇمدەك چوڭلۇقتىكى تولغان، چىڭ كۆكسىنىڭ يېرىمى مارىلاپ تۇراتتى، رىزۋانگۈلنىڭ كۆزى ئۇ يەرگە چۈشكەندە، لەۋلىرىدىكى تەبەسسۇم تېخىمۇ قويۇقلاشتى. قاشلىرى تېخىمۇ سوزۇلۇپ، كۆزلىرى راھەت ئىلكىدە خۇمارلاشتى. مەڭزى تېخىمۇ قىزاردى، ئۇ قوللىرىنى ئاستا كۆتۈرۈپ يەلكىسىدىكى چاچلىرىنى ئالدىغا ئېلىپ، كۆكسىگە تاشلىدى. ئەمدى ئۇ بىر جۈپ ئالما پارچە ـ پارچە بۇلۇتلار ئارىسىغا مۆكۈنۈپ ناز بىلەن كۆز قىسىۋاتقان ئايدەك مارىلاپ تۇراتتى. رىزۋانگۈل ئاپپاق پاقالچاقلىرى، يېرىمىدىن كۆپرەكى ئوچۇق يوتىلىرىغىمۇ بىر قۇر قاراپ چىقتى. ئۇنىڭ ئۆزىگە زوقلانغانلىقى پۈتۈن تۇرقىدىن چىقىپ تۇراتتى، ئەينەك ئالدىدىن كەتكۈسى كەلمىدى، بۇ يەردىن كېتىپلا قالسا، ئۇ ئاران ئېرىشكەن بۇ گۈزەل سىيما، تۇرخۇندىن چىققان ئىستەك يوقاپ

كېتىدىغاندەك قىلاتتى. پەقەت پۈتۈن بەدىنىگە تىترەك ئولاشقاندىلا ئاخىرقى قېتىم زوق بىلەن بىر پەس قارىۋېلىپ، ئەينەك ئالدىدىن قىيمىغاندەك كېتىپ قالدى.

رىزۋانگۈل چىراغنى ئۆچۈرۈپ، يوتقانغا كىرىپ ياتتى. ئۆينى تۈن قاراڭغۇلۇقى قاپلىدى. قىزنىڭ كۆزى ئوچۇق بولسىمۇ ياكى يۇمۇۋالسىمۇ ئەينەكتىكى ئۆزىنىڭ كۆزلىرى ئۇنىڭغا يەنە شۇنداقلا تىكىلگەندەك، قاشلىرى، لەۋلىرى ... پۈتۈن گۈزەل سىيماسى گەۋدىلىنىپ تۇراتتى. ھەقىقىي سۆيگۈنىڭ سېھرىي كۈچى، تىلسىملاردەك ھېكمىتى، ئىنسان ئۈچۈن بەخش قىلىدىغان مەنىۋى ھوزۇر ـ ھالاۋىتىنىڭ سىرلىق ئەركىلىتىشلىرى قىزنى مەست قىلغانىدى، ئۇنىڭ شادىيانە سوقۇۋاتقان يۈرىكى قەلبىنى سۆيۈندۈرۈپ، تومۇرلىرىدا ئېقىۋاتقان قانلىرى، يېنىك ـ يېنىك ئېلىۋاتقان ئەركىن نەپەسلىرى ئۇنى بەخت بۆشۈكىدە ئەللەيلەتتى. رىزۋانگۈلنىڭ خىياللىرى بىر ـ بىرىدىن شېرىن، بىر ـ بىرىدىن تاتلىق ۋە گۈزەل. ئۇ شۇ تاپتا ئۆزىنى كۆزلەرنى قاماشتۇرىدىغان رەڭمۇ رەڭ گۈللەر ھۆپپىدە ئېچىلغان، سەبىيلەرنىڭ پاك كۆزلىرىدەك يورۇق دۇنيانىڭ جامالىغا تەلپۈنۈۋاتقان غۇنچىلار تەبەسسۇم قىلىپ تۇرغان باغدا قىن ـ قىنىغا پاتماي ئەركىلىك بىلەن ئۇچۇپ يۈرگەن كېپىنەكلەرگە، تاڭ شەپىقى جۇلالىنىپ تۇرغان بوستانلىق ئىچىدە زوق ـ شوقى بىلەن ئىشق ناخشىسى ئېيتىۋاتقان بۇلبۇلغا ئوخشىتاتتى، تۇرۇپلا ئۆزىنى سۈزۈك بەخت ئاسمىنىدا پەرۋاز قىلىۋاتقاندەك سېزەتتى. ئۇ شېرىن پىچىرلاش، تاتلىق سۆيۈشلەرنىڭ مەستخۇشلۇقىدا قاچانلاردىندۇر كۆزى ئۇيقۇغا كەتكىنىنى سەزمەي قالدى. رىزۋانگۈل كۆزىنى ئاچقاندا سۈزۈك تاڭ نۇرى دېرىزىدىن شوڭغۇپ كىرىپ، ئۆينى يورۇتقانىدى. ئۇ بۇيانغا ئۆرۈلۈپ، ئۆزىنىڭ كۆزىگە ھەيران قالدى ... ئۇ يەنىمۇ سىنچىلاپ قارىدى. تىكلىمە ئەينەك ئالدىدا راملە پۈتۈن تۇرقى بىلەن ئەينەكتىكى ئۆزىگە قاراپ تۇراتتى. ئۇ

رىزۋانگۈلنىڭ ئويغانغانلىقىنى، يېنىغا ئۆرۈلگىنىنى سەزمىگەندەك قىلاتتى. راملەنىڭ ئۈستىدە ئاخشام ئولتۇرۇشتا كىيگەن پار كاستۇم ـ يوپكىسى. ئۇ رىزۋانگۈلگە ئارقىنى قىلىپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن چىرايىنى رىزۋانگۈل كۆرەلمەيتتى. رىزۋانگۈل نېمىشقىدۇر كۆزىنى يۇمۇپ راملەنىڭ كارىۋىتىغا نەزەر تاشلىدى. ئورۇننىڭ كېچىدىكى پېتى يىغىقلىق تۇرغانلىقىنى كۆردى. رىزۋانگۈل ئاستا ئورنىدىن تۇردى ـ دە، شەپە چىقارماي سايما كەشىنى كىيىپ، ئېھتىيات بىلەن قەدەملىرىنى ئالدى. پەقەت راملە ئەينەكتە ئۇنى كۆرگەندىن كېيىنلا، رىزۋانگۈلنىڭ ئويغانغانلىقىنى بىلدى. رۇباشكا بىلەنلا كەلگەن قىز راملەنىڭ يان تەرىپىگە ئۆتۈپ، دوستىنىڭ ئەينەكتىكى چىرايىغا قارىدى، ئۇنىڭ مۈرىسىگە قولىنى ئېلىپ:

— قاشلىرىڭىز سۈزۈلۈپ، كۆزلىرىڭىز خۇمارلىشىپ نېمىدېگەن چىرايلىقلىشىپ كەتكەنسىز راملە. تېخى كۆزىڭىزدىن بىر خىل نۇر جۇلالىنىپ تۇرىدۇ، — دېدى خۇشخۇيلۇق بىلەن.

— شۇنداقمۇ؟ — دېدى راملە قاشلىرىنى كۆتۈرۈپ، — ئۆزۈممۇ شۇنداق ئويلاۋاتاتتىم، بۇرۇنمۇ شۇنداق چىرايلىق بولغىيتىممۇ! ...دېگەننىمۇ كۆڭلۈمدىن ئۆتكۈزدۈم. قاراڭە سىزمۇ نېمىدېگەن گۈزەللىشىپ كەتكەن، — دەپ قوشۇپ قويدى راملە مېيىقىدا كۈلۈپ. ئۇلار ئىككىسى باشلىرىنى يېقىن ئەكېلىشىپ، مەڭزىنى مەڭزىگە يېقىشىپ، ئەينەكتىكى كۆرۈنۈشكە زوق ـ ھەۋەستە بىر پەس قاراشتى.

— رىزۋانگۈل تازا سىنچىلاپ قاراپ بېقىڭە، — دېدى راملە مەيۈس تەلەپپۇزدا، — سىزنىڭ مەڭزىڭىز خۇددى شەپەقتەك قىزىرىپ تۇرىدۇ. مېنىڭچۇ ...

— سىزنىڭ ئاقىرىپ تېخىمۇ سۈزۈلۈپ كېتىپتۇ. قاراڭە تومۇرلىرىڭىزمۇ كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ، — دېدى رىزۋانگۈل شوخلۇق بىلەن. راملە ئېغىر بىر تىنىپ قويدى. بىر نەرسە دېيىش

ئۆچۈن تەمشىلىپ توختاپ قالدى، چىرايىنى بىر خىل مۇڭ پەردىسى چۈمكىدى، كۆزلىرىدە جۇدالىقتىن دېرەك بەرگۈچى ئالامەتلەر شۇر قىلىپ ئۆتۈپ كەتتى.

— تاڭ شەپىقى نېمىدېگەن جازىبىلىك، گۈزەل ـ ھە، بىراق پارقىراپ قۇياش چىقىشى بىلەنلا غايىب بولىدۇ. ئېچىلىش ئالدىدىكى پورەك شۇنداق ئوماق، سۆيۈملۈك، بىر كېچە ئۆتۈشى بىلەنلا ئۇمۇ باشقا لاتاپەتكە ئورۇن بېرىدۇ. رىزۋانگۈل ئۇلار بىلەن قىزلىق دەۋرىمىز ئوتتۇرىسىدا نېمىدېگەن ئوخشاشلىق بار ھە ...—

راملە بۇ سۆزلەرنى ئايرىلىش ئالدىدا تۇرغان ئەڭ قەدىرلىك كىشىگە ئېيتقاندەك بىر ئىچكى مەنە بىلەن ئېيتتى. ئاۋازى ھاياجان، قىيماسلىق ھېسسىياتى ئارىلاشقان تىترەك بىلەن چىقتى. راملە رىزۋانگۈلنى چىڭ قۇچاقلىدى، بېشىنى ئۇنىڭ باشلىرىغا سۈركىدى، راملە يېنىك تىترەۋاتاتتى، تېز ـ تېز نەپەس ئالاتتى. رىزۋانگۈل راملەنىڭ بۇنداق سىرلىق ھالىتىنى تۇنجى قېتىم ئۇچرىتىۋاتاتتى. شۇڭا ئۇ سەل ھەيرانلىق، تېڭىرقاش بىلەن بۇ قىزغا نېمە بولغاندۇ، دېگەننى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى، «ئەركىن بىلەن رەنجىشىپ قالغان ئوخشايدۇ ياكى بىرەر كۆڭۈلسىز گەپ ـسۆزلەرنى ئاڭلاپ قالغانمىدۇ ...» ئۇنىڭ خىياللىرى بارغانسېرى چېچىلدى، «ئەركىن ئورۇنسىز تەلەپ قويۇپ رەنجىتىپ قويغانمىكىن ـ يا» دېگەن خىيال بىلەن تېنى جۇغۇلداپ، يۈرىكى سېلىپ كەتتى. خىياللىرىنى داۋاملاشتۇرۇشقا جۈرئەت قىلالمىدى. رىزۋانگۈل راملەنىڭ بىلىدىن تۇتۇپ، ئاستا مېڭىپ ئۆزىنىڭ كارىۋىتىغا ئولتۇرغۇزۇپ قويدى، ئالدىراش كىيىملىرىنى كىيدى.

— راملە نېمە بولدىڭىز، ئەركىن بىلەن رەنجىشىپ قالدىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى رىزۋانگۈل ئۇنىڭغا يېقىن ئولتۇرۇپ. راملە بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىدى، يېقىملىق تەبەسسۇم قىلدى.

— ئەركىن بەك ياخشى، مېنى ھەرگىزمۇ رەنجىتمەيدۇ.

مىنىڭ كۆڭلۈمنى شۇنداق ئايايدۇ، ئۇ مېنى بەك ياخشى كۆرىدۇ، — ئۇ سۆزلەرنى قىلىۋاتقاندا لەۋلىرى كۈلۈپ تۇرسىمۇ، كۆز چاناقلىرىدا ياش لىغىلداپ قالدى، رىزۋانگۈل بۇنىڭ مەنىسىگە يېتەلمىدى، شۇڭا ھېچقانداق ئەگىتمەيلا:

— بۈگۈن ئۆزىڭىز باشقىچىلا، بىر قارىسا شۇنداق خۇشال، بىر قارىسا كۆڭلىڭىزنىڭ بىر يېرىدە غەم دېسە غەم ئەمەس، ئازاب دېسە ئۇنىڭغىمۇ ئوخشىمايدىغان ... نېمە دېيىشنى ئۆزۈممۇ بىلمەيۋاتىمەن، بىر نېمە بار، مەن گاڭگىراپلا قالدىم، زادى نېمە بولدىڭىز؟

— ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن، رىزۋانگۈل، ئازابلىنىۋاتقىنىم يوق، كۆڭلۈم توق، خۇشالمەن. بۇنىسى راست، خۇشال بولۇشۇم كېرەك، مۇھەببەتتە بەختىمنى تاپتىم. قىز بالا ئۈچۈن ئۆمرىدە بۇنىڭدىن ئارتۇق بەخت ـ تەلەي بولمايدۇ، ھەرقانداق قىز مۇشۇ تەلەي ئۈچۈن ئۇيقۇسىز كېچىلەردە شېرىن خىياللارغا سىرداش بولىدۇ، خۇشاللىق، كۆز ياش، ھەسرەتلىك تىنىش، قاقاھلاپ كۈلۈش، راھەت بۆشۈكىدە مۈگدەش، ئازاب ئىچىدە ئىڭراشلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ تەلەينىڭ ۋەسۋەسىسىدە بولىدۇ، ھەتتا بۇ تەلەينى دەپ گۈلدەك ياشلىقىنى نابۇت قىلىدۇ، باھاردەك چاغلىرىنى خازان قىلىدۇ، ھەتتا ھاياتىنى قۇربان قىلىدۇ. سىز ئويلاپ بېقىڭە، بۇ بەخت قۇشى مېنىڭ بېشىمغا قونسا، مەن ئازابلىنامدىمەن؟ — ئەمدى راملەنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ تۆكۈلگەن ياش مەڭزىلىرىنى سۆيۈپ ئۆتۈپ، كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان كۆكسىگە سىڭىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ رىزۋانگۈلنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قۇچاقلىدى. ھۆل مەڭزىنى دوستىنىڭ قىزىرىپ تۇرغان مەڭزىگە يېقىپ تۇرۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — كۆز ياشلىرىم خۇشاللىق، شادلىق يېشى، خوشلىشىش يېشى، رىزۋانگۈل. قىزلارنىڭ ھەممىمىز شۇنداق، تەقەززالىق بىلەن ئىزدىگەن بەخت قۇشىنى شادلىق بىلەن كۈتۈۋالىمىز، قىزلىق دەۋرىمىز بىلەن ياش تۆكۈپ خوشلىشىمىز ... — ئۇ سۆزىنى

تاماملىماي جىم بولدى. رىزۋانگۇل ئۆزىنى قوچاقلاپ تۇرغان رامىلەنىڭ كۇلۇۋاتقىنىنى سەزدى. بۇ ھال رىزۋانگۇلنى بىردىنلا ۋەھىمىلىك بىر ئويغا سالدى. ئۆزىنىڭ بۇ خىيالىدىن بەكمۇ چۆچۈپ كەتتى، بېشىدىن كىرگەن بىر سوغۇق ئېقىم تاپىنىدىن شۇر قىلىپ چىقىپ كەتتى، بۇ قورقۇنچلۇق خىيال قانداق قىلىپ ئۇنىڭ كاللىسىغا كەلدى، شۇ تاپتا رىزۋانگۇل بۇ خىيالىنى كاللىسىدىن سۇرۇپ چىقىرىش ئۈچۈن شۇنچىلىك تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتقان بولسىمۇ كۈچى يەتمىدى. ئەكسىچە قارا بۇلۇتتەك پۈتۈن پىكىر ـ خىيالىنى چۇلغىۋالدى. ئۇنىڭمۇ بەدىنىگە تىترەك ئولاشتى، يۈرىكى ئېچىشقاندەك بولۇپ، قاتتىق بىئارام بولدى. رامىلەنى پۈتۈن كۈچى بىلەن باغرىغا باستى، ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا:

— نېمىلەرنى دەۋاتىسىز رامىلە؟ — دەپ سالدى شىۋىرلاپ.

— ئۇ راست، مەن خوشلاشتىم، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەمدى ياش تۆكۈۋاتىمەن.

— بۇ ... بۇ قانداق بولغىنى، ئۇ سىزگە شۇنداق تەلەپنى قويۇپ، قىستاپ تۇرۇۋالدىمۇ؟

— ياق، رىزۋانگۇل، مۇمكىن ئەمەس.

— ئۇنداقتا ...

— مەن ئۇنى بەك ياخشى كۆرىمەن، بۇنىڭدىن بەخت تۇيغۇسىغا غەرق بولۇپ كېتىمەن، پۈتۈن بارلىقىمنى ئۇنىڭغا خالىس تەقدىم قىلىشقا تەييار. چۆچۈيمەن، ۋەھىمىگە چۈشىمەن، ئۇنىڭسىز بۇ دۇنيانىڭ نېمە كېرىكى ... رىزۋانگۇل بۇ نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق ...

رىزۋانگۇل ھەممىنى چۈشەندى. دوستىنىڭ چىرايىدىن بىلىپ بولمىسىمۇ، ئۇنىڭ روھىدىكى زىددىيەت ئېلىشىشلىرىنىڭ بۇ بىچارە قىزنى ئۇزاقتىن بېرى ئازابلاپ كېلىۋاتقىنىنى بىردىنلا بىلىپ يەتتى. قىزنىڭ مەنىۋى ئاسمىنىدىكى نۇر چاقناپ تۇرغان چولپاندەك تىلەكلىرىنى، شېرىن ئارمانلىرىنى كۆرگەندەك

بولدى. يەنە ئۇنىڭ قەلب ئاسمىنىدىكى قارا بۇلۇت، تۇرۇپ ـ تۇرۇپ پەيدا بولىدىغان قويۇنلارنىمۇ كۆرگەندەك بولدى. ئاسمان مەڭگۈ بىر خىل تىنىق ۋە سۈزۈك بولۇۋەرمەيدۇ، ئۇنىڭ تۇرۇلۇپ ـ تۇرۇلۇپ تۇرغان بۇلۇتلۇق، دەھشەتلىك گۈلدۈرماما، ھەيۋەتلىك چاقماقلىق، قويۇن، بورانلىق كۈنلىرىمۇ بولىدۇ. توۋا، ئادەمنىڭ روھى بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرىسىدا نېمىدېگەن كۆپ ئوخشاشلىقلار بار. تەبىئەتكە تەۋە ھەممە نەرسىدە زىددىيەت بولغىنىغا ئوخشاش، ئادەممۇ تەبىئەتنىڭ بىر بۆلىكى بولغىنى ئۈچۈن ئۇمۇ زىددىيەتتىن خالىي ئەمەس. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا رامىلەنىڭ ئازاب، خۇشاللىقلىرى ئىنساننىڭ ئۆز تەبىئىتى. بىچارە قىز ئىگە بولۇش بىلەن مەھرۇم قىلىنىشتەك زىددىيەتنىڭ ئازابلىنىشى بىلەن شۇنچە ۋاقىتتىنى ياشىسىز، ھەسرەتلىك تىنىق، ئازابلىق تولغىنىشسىز قانداقمۇ ئۆتكۈزگەن بولغىيتتى. بۈگۈندىن باشلاپ ئۇ بۇ ئازابلىنىشتىن قۇتۇلدى، بۇنىڭغا ئاجايىپ جاسارەت كۆرسەتكەندى.

رامىلە بىلەن رىزۋانگۈل خېلى مۇڭداشتى، ئۆزلىرىنىڭ ئالدىدا تىكىلىپ تۇرغان سوئاللارغا لايىق جاۋاب تېپىشتى، مۇۋاپىق يەكۈنلەرنى چىقىرىشىپ، كۆڭۈللىرىنى جايىغا چۈشۈرۈشتى، بولۇپمۇ رامىلەنىڭ كۆڭلى تولۇق خاتىرجەملىككە ئىگە بولدى.

## 3

رىزۋانگۈل ئىشخانىغا كىرىپ سەل ھودۇقتى، بىر نەرسىدىن چۆچۈگەندەك يۈرىكى جىغ قىلىپ قالدى. ئۇ مەسئۇد بىلەن مۇنداق خالىي ئۇچرىشىپ قېلىشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغانىدى، ئۇ ئۆزىنىڭ شۇ تاپتىكى روھىي ھالىتىنى چاندۇرماسلىق ئۈچۈن پەس ئاۋازدا:

— ياخشىمۇسىز؟ — دېدى. قېرىشقاندەك ئاۋازى تىترەپ

چىقتى. مەسئۇدمۇ جاۋابەن: «ياخشىمۇسىز» دېدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ سالاملاشقان بولسىمۇ، قىزغا قارىمىدى.
رىزۋانگۈل ئۆز ئۈستىلى ئالدىغا بېرىپ، ئازراق تۇرۇپ قالدى. پاكىز سۈرتۈلگەن ئۈستەل، ماتېرىياللارنىڭ رەتلىك قويۇلغانلىقى ئۇنى ئويغا سالدى. قىز ئۆز ئىشى بىلەن مەشغۇل بولۇپ يېزىشنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقان مەسئۇدتىن يوشۇرۇن ئىشخانىغا كۆز يۈگۈرتتى. پول پاكىز سۈرتۈلگەن، ئېھتىمال مەسئۇد ئاخشامقى زىياپەتتىن بالدۇر چىقىپ كەتكەن بولسىمۇ ئۇخلىمىغان، بەلكى تاڭ ئاتقۇچە كىرپىك قاقمىغاندۇ. ئۇنىڭ قەلبىنى ئېچىشتۇرىدىغان خىياللار رەھىمسىزلىك بىلەن ئۇنىڭ كاللىسىغا باستۇرۇپ كىرىپ، ئۇنى خالىغانچە ئازابلىغان. ئېغىر تىنىش، ھەسرەتلىك ئاھ ئۇرۇش، ئەلەملىك تولغىنىشلارغا سەۋەب بولغان. ئۆز مۇھەببىتىنىڭ رەت قىلىنىشى قايسى يىگىت ـ قىزنى ئازابلىمايدۇ، يۈرىكىنى ئېچىشتۇرۇپ قىينىمايدۇ؟ بۇ ئىشقا ئىككى ئايدىن ئېشىپ قالغان بولسىمۇ، مەسئۇدنىڭ ئازابلىرى يېنىكلەشمىگەن، ھەسرىتى پەسەيمىگەن. ئۇ ئىچكى دەردىنى سىرتقا چىقىرىشنى خالىمىسىمۇ، بۇنى ئۇنىڭ مۈگدەلۈق قاراشلىرى، بارغانسېرى كەم سۆز بولۇپ كەتكەنلىكىدىن پەرەز قىلىشقا بولاتتى. مەسئۇدنىڭ ئىلىم ئىشىغا تېخىمۇ قاتتىق بېرىلىش، توختىماي ئوقۇش ۋە يېزىش بىلەن بەند بولۇشىمۇ ئاشۇ خىل ئازابنى بۇ خىل تەسەللى بىلەن يېنىكلەشتۈرۈش ئۈچۈن ئىدى.
رىزۋانگۈل تارتىنىشتىن بۇ قېتىمقى قىدىرىپ تەكشۈرۈش خىزمىتى ھەققىدىكى يېزىۋاتقان ئىلمىي خۇلاسىسىنى ئېلىپ، ئۇنىڭ ئاخىرىنى داۋاملاشتۇرۇشنى ئويلىغان بولسىمۇ، پىكىرلىرى چېچىلىپ قولاشمايۋاتاتتى. داۋامىنى يېزىش ئۈياقتا تۇرسۇن، يېزىپ قويغانلىرىنى ئوقۇپمۇ ھېچنېمىنى خاتىرىسىگە ئالالمىدى، ھە دېسىلا ئۇنىڭ خىياللىرى مەسئۇدقا كېتىپ قالاتتى. رىزۋانگۈلنىڭ ئەتىگەنكى خۇشال، خاتىرجەم

كەيپىياتىنى قانداقتۇر بىر خىل ئىچى ئاغرىش، ھېسداشلىق، مەيۈسلۈك ئارىلاشقان مۇرەككەپ تۇيغۇلار ئىگىلىدى. ئۇ كۆزىنىڭ قىرىدا بېرىلىپ بىرنېمە يېزىۋاتقان مەسئۇدقا قارىدى. ئۇنىڭ قارىقۇمچاق يۈزى، ئاقىرىپ سەل ئورۇقلاپ قالغاندەك قىلاتتى، چىرايىدىكى مەيۈسلۈك يېقىملىق كۆرۈنۈشىنى يېپىپ كېتەلمىگەن بولسىمۇ، بىر قاراشتىنلا ئۇنىڭ مەلۇم بىر دەردنى يېگىش ئۈچۈن جاسارەت بىلەن ئېلىشىۋاتقىنىنى بىلگىلى بولاتتى، پەقەت قاپقارا كۆزىلا بۇرۇنقىدەك نۇرلىنىپ تۇراتتى.

رىزۋانگۈل ئۇنىڭغا بىر نەرسە دېيىش ئۈچۈن تەمشىلىپ، ئاغزىنى ئۆمەللىدى ـ يۇ، توختاپ قالدى. بەلكى گەپنى باشلاش ئۈچۈن تاللىغان تۇنجى سۆزى كۆڭلىگە ياقمايۋاتسا كېرەك ياكى ئۇ سۆزنى قىلىشقا تازا جۈرئەت قىلالمايۋاتامدۇ؟ بۇنى بىلىش قىيىن. قىز بىر قېتىم ئەمەس، ئۈچ قېتىم سۆز قىلىشقا تەمشىلىپ توختاپ قالدى، تۆتىنچى قېتىمدا ئۇ قەددىنى رۇسلىدى، ئالدىدىكى ماتېرىيالنى يېپىپ قويدى ۋە بىر پەس خىيال سۈردى.

— مەسئۇد مېنى كەچۈرەمسىز، ھازىرغىچە رەنجىپ يۈرگىنىڭىز مېنى خاتىرجەم قىلمايۋاتىدۇ، — دېدى ئاخىر.

ئۇنىڭ تىترەپ چىققان ئاۋازىدىن سەمىمىيلىك چىقىپ تۇراتتى. مەسئۇد سۆزنى ئاڭلاپ يېزىشتىن توختىدى. لېكىن بېشىنى كۆتۈرمىدى، قىزغىمۇ قارىمىدى، دەرھال بىر نەرسە دېمىدى. بۇ مەسئۇدنىڭ ئادىتى، يەنى بىردىنبىر ياخشى خىسلىتى. ئۇ ھەرقانداق جايدا ئالدىراپ ـ تېنەپ سۆزلەرگە ئارىلاشمايتتى، ئۆزىگە قارىتىلغان سوئاللارغىمۇ ئالدىراپ جاۋاب بەرمەيتتى، مەسئۇدنىڭ بۇ ئادىتىنى ياخشى بىلگەن رىزۋانگۈل باشقىچە ئويلاردا بولماستىن سەۋرچانلىق بىلەن جاۋاب كۈتتى.

— سىز ھېچقانداق كەچۈرۈم سورىغىدەك ئىش قىلمىدىڭىز، شۇڭا ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا كەچۈرۈش، كەچۈرمەسلىك مەۋجۇت ئەمەس، پەقەت مەن ئۆزۈمدىن ئەپسۇسلىنىمەن، خالاس، —

مەسئۇد بۇ سۆزلەرنى مەلۇم بىر ئىشتىن چوڭقۇر تەجرىبە ـ ساۋاق يەكۈنلىگەندەك ئەستايىدىل ئېيتتى. بىراق رىزۋانگۈل بۇ سۆزدىن ئاغرىنىش ۋە قىسمەن قېيىداشتەك مەنىنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلىپ بىئارام بولدى. مەسئۇد كۆڭلىنى ئىزھار قىلغاندا يېنىكلىك قىلغانلىقىغا پۇشايمان قىلدى، شۇ چاغدا ئەستايىدىلرەك بولۇپ، سەۋرچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلغان بولسا، مەسئۇدقا بۇنچىلىك ئېغىر چۈشمىگەن بولاتتى. شۇ چاغدا رىزۋانگۈل ئۆزىنىلا، پەقەت ئۆزىنىڭ كۆڭلىنىلا ئويلىغان. ئىككىنچى تەرىپىنى ئويلاشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەن ئىكەن. ئەمدى بۇنى ئويلاپ ئۇ ئۆزىگە ئۆزى رەنجىدى، قاتتىق ئۆكۈندى. «مەن بەك شەخسىيەتچى ئىكەنمەن» دېگەن يەكۈننى چىقاردى. رىزۋانگۈل ئوتتۇرا مەكتەپتە بىرگە ئوقۇغان ساۋاقدىشىنىڭ سەبىي تۇنجى مۇھەببىتىنى ئەنە شۇنداق بالىلارچە ساددىلىقى، ياۋايىلىقى بىلەن نابۇت قىلىپ، ئۇنىڭ يۈرىكىگە داغ چۈشۈرۈپ قويغاندى. بۇ قېتىمقى رەت قىلىشنىڭ شەكلى پەرقلىق بولسىمۇ، ئۇنىڭ ماھىيىتىدە نېمە پەرق بار؟ بۇلارنى رىزۋانگۈل مىنۇت ئىچىدە ئويلاپ چىقىپ يۈرىكى ئېچىشتى، بىئارام بولۇش ئازابلىنىشقا ئايلاندى.

— ياق مەسئۇد، مەن بەك يېنىكلىك قىلىپ سىزنىڭ كۆڭلىڭىزنى ئاغرىتىپ قويدۇم. خاتىرجەم تۇرمۇشىڭىزنى بۇزدۇم، سىزنىڭ مېنى شۇنداق ھۆرمەت قىلغانلىقىڭىزغا رەھمەت ئېيتىشىم كېرەك ئىدى. مەن نېمە قىلىپ قويدۇم ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن، مېنى ئەپۇ قىلىڭ، — ئارىغا جىملىق چۈشتى. رىزۋانگۈل كۆز چاناقلىرىدا ماراپ تۇرغان ياشلىرىنى زورغا بېسىپ ئولتۇردى، مەسئۇدنىڭ چىرايى تېخىمۇ ئاقىرىپ كەتتى، قوللىرى بىلىنەر ـ بىلىنمەس تىترىدى، نەپەس ئېلىشلىرى تېزلەشتى.

— رىزۋانگۈل، بىز ھەر ئىككىمىزلا ئالىي مەلۇماتلىق زىيالىي. ئىلىم ـ پەن خادىمى، ئىلىم ساختىلىقنى راۋا

كۆرمەيدۇ، بۇ ئاددىي ساۋات. لېكىن بىلىم ئەھلىنىڭ ھەممىسىلا تۇرمۇشتا قانۇنىيەتكە ئەمەل قىلىپ كېتىشى ناتايىن، بۇنىڭغا ھۆرمەت قىلىدۇ دەپ ئېيتىش قىيىن، مۇنداق كىشىلەرنىڭ ئۆزىنىڭ ھېسسىياتى، خۇسۇسىي تۇرمۇشى، بولۇپمۇ نازۇك تۇيغۇ، ئائىلىۋى ھاياتتا بۇ قانۇنىيەتكە ئەمەل قىلىپ كېتىشى تېخىمۇ ئاسان ئەمەس. لېكىن مەن سىزگە قايىل بولدۇم، قول قويدۇم. مەن ئۆز قەلبىمدىكى يارىنى سىزدىن يوشۇرمىدىم، سىزمۇ ئۆز قەلبىڭىزدىكىنى قىلچە يوشۇرمىدىڭىز، بۇنىڭ ئۈچۈن مەن سىزگە تەشەككۈر ئېيتىمەن، ئۆزۈمدىكى بىر ئاجىزلىقنى، بىر نۇقسانىنى تونۇتتىڭىز.

— ياق مەسئۇد، سىز قابىلىيەتلىك، بىلىملىك، تىرىشچان، ئىرادىلىك، مەن سىزنى چۈشەنگەندىن باشلاپ راستىنى ئېيتسام مەن سىزنى تىرىشش، كامالەتكە يېتىشتىكى ئۈلگەم قىلدىم. سىزنى بەكمۇ ھۆرمەت قىلىمەن، سىزگە خۇددى ئۇستازىمدەك ھېسسىياتتا مەن، بىراق مەن سىزنى ئېغىر ئەھۋالدا قويدۇم، پەقەت ئۆزۈمنىلا ئويلىدىم، سىزنى ...

— بۇ قىلغىنىڭىز ھەقلىق رىزۋانگۈل، — بۇ قېتىم ئۇ ئۆز ئادىتىگە خىلاپ ھالدا قىزنىڭ سۆزىنى ئۈزۈپ ئالدىراپ سۆزلىدى، — ئادەم دېگەن ئۆزىگىمۇ، ئۆزگىگىمۇ سادىق بولۇشى كېرەك، بولۇپمۇ ئادەمنىڭ ئۆمۈرلۈك تەقدىرىگە بېرىپ تاقىشىدىغان ئىشلاردا تېخىمۇ شۇنداق بولۇشى كېرەك. مېنى تولا ئەقىل ئۆگىتىپ كەتتى، دەپ ئەيىبكە بۇيرۇماڭ، ئۆزىگىمۇ، ئۆزگىگىمۇ سادىق بولۇش بەختنىڭ كاپالىتى. كىشىلەرنىڭ بېشىغا كېلىدىغان بەختسىزلىك مۇشۇ كاپالەتكە سەل قاراشتىن كېلىدۇ، مەن ئىشىنىمەنكى، ھەر ئىككىمىز بەختلىك بولىمىز. بۇنىڭ ئاساسى بىزنىڭ جىسمىمىزدا مەۋجۇتلا ئەمەس، بەلكى ھۆكۈمران، — مەسئۇدنىڭ بۇ چوڭقۇر پەلسەپىۋى مۇلاھىزىلىرى قەلبىنى ھاياجانغا سالغان قىز ئىختىيارسىز ھالدا:

— رەھمەت سىزگە ... رەھمەت مەسئۇد، — دېدى.

— خاتىرجەم بولۇڭ، يېڭىپ كەتكۈدەك ئىرادەم بار.
— ئىشەنچىم كامىل، قولۇمدىن كېلىشىچە ياردەم قىلىمەن.
— رەھمەت رىزۋانگۈل.

مەسئۇدنىڭ سۆزلىرى ئەمەس، ئۇنىڭ ئىلمىي قاراشلىرى رىزۋانگۈلنى پۈتۈنلەي خاتىرجەم قىلدى. ئۇنىڭ ھودۇقۇش، تەمتىرەش ۋە ئەندىشىلىرى كۆپۈكتەك ئۇچۇپ كەتتى. ھازىر ئۇنىڭ روھىدا مەسئۇدقا نىسبەتەن ئىگىلىگەن ھۆرمەت ھەسسىلەپ ئاشتى، پەخىرلىنىش، غۇرۇرغا ئوخشاش بىر خىل ھېسسىيات ئۇنىڭغا جاسارەت بېغىشلىدى. ئۆز ئەتراپىدا مۇنداق ئېسىل تەبىئەتلىك ئادەمنىڭ ئۆزىنى ئۆزى بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويۇپ مۇھەببەت ئىزھار قىلىشى رىزۋانگۈل ئۈچۈن شەرەپ، ئۇنىڭ قىممىتى ئۈچۈن بېرىلگەن باھا ... چۈنكى ئالتۇننىڭ قەدرىنى زەرگەر بىلىدۇ ئەمەسمۇ.

— مەسئۇد، — دېدى قىز ھاياجان بىلەن ئۇنىڭغا قاراپ، — بىز ئىككىمىز ياخشى دوستلاردىن بولۇپ قالايلى ھەم سىز ماڭا ئۇستاز بولۇڭ، بۇ مېنىڭ يۈرەك سۆزۈم، — بۇ سۆز يىگىتنى قاراشقا مەجبۇر قىلدى. ئۇ رىزۋانگۈل ئىشخانىغا كىرگەندىن بېرى بىرىنچى قېتىم ئۇنىڭغا دادىل قارىدى، شۇئان ئۇنىڭ يۈزى ۋىللىدە قىزاردى، لەۋلىرى بىر قىسما بولدى. بۇ يا تەبەسسۇمگە، يا ئۇمچىيىشكە ئوخشىمايتتى، كۆزلىرىدىن بولسا، دوستلۇقتىن ھالقىپ ئۆتىدىغان بىر خىل ھېسسىيات ئۇچقۇنى دەقىقە ئارىلىقىدا يېنىپ ئۆچتى. بۇنى سەزگەن قىزنىڭ يۈرىكى جىغغىدە قىلىپ قالدى، لېكىن بىئارام بولمىدى، ئىللىق تەبەسسۇم قىلىپ قويدى. بىر پەس جىم تۇرغان مەسئۇد:

— ئۇ بىزدە مۇمكىن ئەمەس، پەقەت بىر خىل رومانتىكىدىن ئىبارەت، رىزۋانگۈل. بىر ئەر بىلەن بىر ئايالنىڭ ياخشى دوستلاردىن بولۇشى ئۈچۈن ھەر ئىككى تەرەپ نۇرغۇن بەدەل تۆلىشى كېرەك، بۇنى كۆتۈرۈشكە ئىرادە ، جاسارەت ... — ئۇ سۆزىنىڭ ئاخىرىنى دېمەستىن ئېغىر خىيالغا پېتىپ تۇرۇپ

قالدى. رىزۋانگۈل خىزمەتدىشىنىڭ چوپۇندەك ئېغىر، يىلتىزىنى تەسەۋۋۇر قىلىش قىيىن قارىشىدىن ئۆزىنىڭ بەكمۇ يۈزە چاغلىغانلىقىنى ھېس قىلىپ ئوڭايسىزلاندى، بىراق مەسئۇدنىڭ نېمە ئۈچۈن شۇنداق يەكۈن چىقارغانلىقىنىڭ تېگىگە يېتەلمىدى. شۇڭا ئۇ نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي سوئال نەزەرى بىلەن قاراپ قالدى.

— رىزۋانگۈل، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى مەسئۇد، — دوستلۇق ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى بەكمۇ ئۇلۇغۋار، گۈزەل مۇناسىۋەت. بۇ ئەسلىدە مىللەت، يۇرت، ئىرق ئايرىمايدۇ، ماكان ـ زامانىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ. مال ـ دۇنيا، ئاتاق ـ ئابروي، ئورۇن ـ مەرتىۋىگە چاڭ سالمايدۇ، ئەلۋەتتە جىنسىي پەرقمۇ بۇنىڭغا توسقۇن بولماسلىقى كېرەك ئىدى. لېكىن بىز ئاسماندا ئەمەس، بەلكى يەردە، يەنە كېلىپ پەرىشتىلەر ئارىسىدا ئەمەس، ئادەملەر ئارىسىدا ياشايمىز. ئۇزاق زامانلاردىن بېرى ئادەملەر تەرىپىدىن توقۇلغان كۆزگە كۆرۈنمەس تور قەپەس ئىچىدە ياشاۋاتىمىز. بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز توقۇغان ئەنئەنىۋى ئادەت تورلىرى بەكمۇ مۇستەھكەم، نۇرغۇن كۆزلەر تىكىلىدۇ، مېڭىلەر پىكىر قىلىدۇ، ئېغىزلار سۆزلەيدۇ، قىياپەتلەر ئىپادە كۆرسىتىدۇ. ئۇلارغا چىدام، غەيرەت كېرەك، ئۇلارنى كۆتۈرۈشكە ئالامەت بەرداشلىق يەلكە كېرەك. مېنىڭ نەزەردە تۇتۇۋاتقىنىمنى ھېس قىلىۋاتىدىغانسىز؟

— رەھمەت سىزگە مەسئۇد، مەن ئۆزۈمنىڭ تېخى خاملىقىنى، كۆپ تەرەپلەردىن تېخى ساددا ئىكەنلىكىمنى مۇشۇ مىنۇتلاردا تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلىۋاتىمەن. مەن سىزدىن نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگىنىشىم كېرەك ئىكەن، تۇرمۇش ھەققىدىمۇ ئۆگىنىدىغان تەرەپلىرىم بەك كۆپ ئىكەن.

— ياق ... ياق، — دەپ قىزنىڭ گېپىنى ئۈزدى مەسئۇد، — مەن نۇرغۇن نەرسىلەرنى تېخى بىلمەيمەن، پەقەت ئىزدىنىۋاتىمەن، پىكىر قىلىۋاتىمەن، ئويلاۋاتىمەن. راستىنى

ئىبىتسام تىبخى ئۆزىمىز ھەققىدە، ھايات ھەققىدە ئاز ئويلايدىكەنمىز، خىياللىرىمىزمۇ شۇ ئەنئەنىۋى تورنىڭ سىرتىغا چىقالمايدىكەن. مىنىڭچە تەپەككۇرىمىزنى شۇ تورنىڭ سىرتىدا پەرۋاز قىلدۇرساق ئادەم، ھايات، تۇرمۇش، ياشاش، ئۆلۈم ۋە ئۇنىڭ مەنىلىرىنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى بىلەلەيدىكەنمىز.

ئەركىننىڭ ئىشخانىغا كىرىشى بىلەن مەسئۇدنىڭ سۆزى ئۈزۈلدى. مەنىلىك سۆھبەت شۇنىڭ بىلەن ئاياغلاشتى.

ئەركىن قېتىپ كىيىنىۋالغانىدى. خۇددى تويى بولىدىغان يىگىتتەك، يېڭى پار كاستۇم - بۇرۇلكا كىيگەن، يېڭى گالىستۇك تاقىغان، ھەتتا پۇتىغا كىيگەن ئايىغىمۇ يېڭى ئىدى. ئۇنىڭ لەۋلىرىدىن خۇشاللىق تېمىپ تۇرىدۇ، كۆزلىرى كۈلىدۇ، پۇتۇن تۇرقىدىن مۇراد - مەقسىتىگە يەتكەندىكى قانائەت، غۇرۇر چىقىپ تۇرىدۇ. ئۇ ئىككى خىزمەتدىشى بىلەن ئىللىق سالاملىشىپ ئورنىدا ئولتۇردى، خېلى ۋاقىتقىچە بىر خىلدا ئولتۇردى. ئۇ بىر خىل راھەتنىڭ پەيزىنى سۈرۈۋاتقاندەك ئىدى. رىزۋانگۇل كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا ئۇنىڭغا بىلىندۇرمەستىن بىرقانچە قېتىم قارىدى. بىردىنلا سەھەردىكى رامىلەنىڭ قىياپىتى كۆز ئالدىغا كەلدى. كۈلۈپ تۇرغان لەۋلىرى، تۆكۈلۈپ تۇرغان ياشلىرى ... قىزنىڭ دەككە - دۈككىلىك سۆزلىرى قۇلىقىدا ئەكس سادا بولۇپ جاراڭلىدى. رىزۋانگۇل كۈلۈۋەتمەسلىك ئۈچۈن كالپۇكىنى قاتتىق چىشلىدى، بىر چاغدا رىزۋانگۈلنىڭ شەيتىنى تۇتتى، ئۆزىنى شۇنچىلىك بېسىپ باققان بولسىمۇ، قانداقتۇر بىر كۈچ ئۇنى دەيدەيگە سالدى.

— ئەركىن بوگۇن قولىڭىز ئىشقا بارىدىغاندەك ئەمەسقۇ، — دەپ سالدى مەنىلىك قىلىپ. بۇ سۆز ئەركىننى قاتتىق ھودۇقتۇرۇپ قويدى، ئۇ چۆچۈدى. ئەمتىرىگەن ھالدا:

— ياق ... ياق ... — دېدى قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ.

# ئون بىرىنچى باب

## 1

ئىلىم ـ پەنلا ئىنسانلارغا ھەقىقىي مەنىدىكى ئەركىنلىكنى بەخش قىلىدۇ. ئۇنىڭ پۈت ـ قولىنى ئېغىر يۈكلەردىن ئازاد قىلىپ، يەر قاتلاملىرىدىن تارتىپ سىرلىق كائىنات بوشلۇقىغىچە، چەكسىز دېڭىزدىن تارتىپ، تىلسىملىق چۆل ـ جەزىرىلەرگىچە پەرۋاز قىلىدىغان قاناتقا ئايلاندۇرىدۇ. ئىلىم ـ پەن ئادەم مېڭىسىنى ھەممىنىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى ئىلاھقا ئايلاندۇرىدۇ. ئۇ ئىنسان ئۆزى ئارزۇ قىلغان ھەممە نېمىنى تەييار قىلىدىغان پۈتمەس ـ تۈگىمەس نېمەت كانىغا ئايلىنىدۇ. ئىلىم سىرى بىلەن يۇغۇرۇلغان ئىنسان مېڭىسى يېپيېڭى دۇنيا بەرپا قىلىپ، ئۇنى پانىي ئالەمدىكى جەننەت قىلىپ زېمىندا ياشاۋاتقان ئادەملەرنىڭ راھەت ـ پاراغەتتە ياشىشى ئۈچۈن تەقدىم قىلىدۇ. دۇنيادا ئۇنىڭدىن ئارتۇق قۇدرەت ئىگىسى بولمايدۇ، مانا بۇ ئىلاھ، ئىلاھنىڭ ئىلاھى. بۇ ئادەمنىڭ ئۆزىدە، ئۇنىڭ جىسمىدا، ئۇنىڭ مەقسىتى، ھەرىكەت ـ پائالىيىتىدە، مۇھەببەت ـ سۆيگۈسىدە، شادلىق، ھەسرەت، كۆز ياش، كۈلكىلىرىدە ...

يۇرتىمىزنىڭ ناخشا ـ ئۇسسۇل ماكانى دېگەن نامى، خەلقىمىزنىڭ ناخشا ـ ئۇسسۇل شەيداسى دېگەن ئاتىقى بار. دېمىسىمۇ بىزنىڭ ئۇسسۇلىمىز شەرق سەنئىتىنىڭ گۈل تاجى، ئۇيغۇر گۈزەللىكىنىڭ نامايەندىسى. ناخشا تەڭرىتېغىنىڭ مۇقەددەس تىنىقى، تارىمنىڭ مۇڭلۇق داستانى، تەكلىماكاننىڭ

چاقىرىق تىپىدىكى نەرسى. ئۇيغۇرلار ناخشا ـ ئۇسسۇلسىز ياشىمىغان، قەدىمدىن تارتىپ ناخشا ـ ئۇسسۇلمۇ ئۇلارنى تاشلىمىغان. ئۇلار تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ چەتلىرىدە، دولان دەرياسىنىڭ بويلىرىدا، ئاتۇش سەھرالىرىدا، تۇرپان بوستانلىقىدا، ئىلى ۋادىلىرىدا گۈلخانىنىڭ يورۇقىدا تاڭ ئاتقۇچە ئۇسسۇل ئويناپ، ناخشا ئېيتىپ، مەشرەپ قۇرغان، قورسىقى ئاچسا، يوگرۇپ بۇلاق بېشىغا بېرىپ، بىلىدىكى زاغىرىسىنى سۇغا چىلاپ يېگەنلەر ... قارا چىراغنىڭ غۇۋا يورۇقىدا ساتار تارتىپ مۇقام توۋلىغانلار ... پادىچى بالىنىڭ نېيى، داخاننىڭ دېپى، تىلەمچىنىڭ راۋابى ... كېسەكنى ياستۇق قىلىپ، داق يەردە يېتىشىپ، يالاڭ ئاياغ ئۆلۈك توپىنى گۈس ـ گۈس دەسسەپ مېڭىش، «ھەق دوست خۇدا يولىدا» دەپ جاھان كېزىش، ناخشا ـ ئۇسسۇل، زاغرا، قاق، جىگدە — بۇلارنىڭ ھەممىسى بىر ـ بىرىگە قوشۇلۇپ، بىر خىل تۇرمۇش رىتىمى، تۇرمۇش شەكلىنى ھاسىل قىلغان تارىخ. نېمىدېگەن ئۇزۇن تارىخ ... نىمجان تەن، پىلدىرلاپ تۇرغان كۆزلەر، گەز باغلاپ كەتكەن قۇرغاق لەۋلەر ... ئېيتىدائىي كەتمەن، خۇدا ياراتقان ئېشەك ... نە تۇرمۇشنىڭ تەمى، ھاياتنىڭ مەنىسى، نە يىغىننىڭ قەدىر ـ قىممىتى، نە كۆلكىنىڭ زوقى بولسۇن، پەقەت ئۆلمەسلىك ئۈچۈن، ھاياتلىقنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈنلا تىنىماي تېپىرلاش، ھەرىكەت قىلىش، ھاياتنى پەقەت نان ئۈچۈن، ئاشۇ زاغرا نان ئۈچۈنلا خورىتىش، ئاخىردا ئۇنى قۇربان قىلىش ... يەنە ناخشا ـ ئۇسسۇل، ئۇ بىر ناننى ئىككى قىلىشقا كۈچ ـ قۇۋۋەت بېغىشلىمىدى، پەقەتلا شۈكۈر قىلىشقا، تەن بېرىشكە، تاقەت قىلىشقا تەسەللى بولدى. يەنە شۇ نەچچە يۈز يىلدىن بېرى شۇ پېتىچە تۇرغان ئەسكى سوقما، لايدىن ياسالغان ئۆي، ئەسكى پالاس، مازلىرى چىقىپ تۇرغان يوتقانلارنى ئالماشتۇرۇشقا كۈچ بەخش قىلمىدى. ناخشا ـ ئۇسسۇل پەقەت مىسكىن كۆڭۈلنى كۆتۈرۈپ قويدى، تۇرمۇش غەملىرىنى بىر دەملىك ئۇنتۇلدۇرۇپ، ھەسرەت ـ نادامەت

ئىلكىدە ئىگىرىغان جانغا تەسەللى، تەمتىرىگەن تۇرمۇش يولىدىكى بىچارىنىڭ نالە ـ زارىغا خەيرخاھلىق ئويغاتتى، خالاس.

ناخشا ـ ئۇسسۇل نان بولمىغانلىقى ئۇچۇن، ئۇنىڭ خۇشلىقى بولمىدى، ھەشەمەتلىك سەھنە، تەنتەنىلىك سورۇن بولمىغىنى ئۇچۇن، ئۇنىڭ ناز اكىتى بولمىدى، غېرىب ـ مىسكىنلەر ماكانىدىن يورۇق ئاسمانغا چىقالمىدى ... شۇ ئۇزۇن تارىخ، شۇ ئۇزاق مۇساپە، ھاردۇق يەتكەن كارۋان، مەڭدىگەن يولۇچى، ئۈمىدىدىن نىجاتلىق، مەنزىلىدىن شەپە، باھاردىن بېشارەت بولمىغان سۆرەلمە سەپەر. نېمىدۇر كەملىك قىلاتتى، يېتىشمەيتتى، ئۇنىڭ نېمىلىكىنى كىم بىلسۇن، ئۇنى ئويلاشقا ئادەم تېپىلمىدى، توپا ـ چاڭ ئاستىدا سۆرەلمە سەپەر داۋاملاشتى. يىراق دېڭىز ـ ئوكيانلاردىكى پاراخوتلارنىڭ ئۇزۇك ـ ئۇزۇك گۇدۇك ئاۋازى بۇ زېمىنغا يېتىپ كېلەلمىدى، پويىزلارنىڭ ئۇزۇلمەس تاقىلداشلىرى، مۇگدەۋاتقان خەلقنى ئويغىتالمىدى، ئايروپىلانلارنىڭ ھەيۋەتلىك غارقىراشلىرى، ماشىنىلارنىڭ گۈركىرەشلىرى شېرىن چۈشلىرىنى بۇزالمىدى، ئەتراپتىكى شۇنچە ھەيۋەتلىك چۇقان ـ سۈرەنلەر، داۋالغۇش، تەۋرىنىشلەر بىر خىلدىكى ھايات رىتىمىنى ئۆزگەرتىشكە قادىر بولالمىدى. شۇ چاغدا ئۇيغۇرلارغا ناخشا ـ ئۇسسۇل ھەمراھ ئىدى، ئۇلارنى تاشلىمىدى، سەپەردىن چۈشۈپ قالمىدى. ئۇلارنىڭ ھاياتىنى مەنىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن تىرىشتى، ئۇ يالغۇزلۇق قىلدى، يېتىمسىرىدى، كۈچ ـ قۇۋۋىتىنىڭ يېتەرسىزلىكىنى ھېس قىلدى، ئۆزىگە نېمىنىڭدۇر كەملىكىنى ھېس قىلدى. يەنە بىر سادىق ھەمراھنىڭ بولۇشىنى ئارزۇ قىلدى، ئۇنى كۈتتى، تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتتى، چەكسىز كائىناتقا نەزەر تاشلىدى، ھەيۋەتلىك تاغلارغا نەزەر ئاغدۇردى، ياپيېشىل يايلاق، چەكسىز ئورمانلارغا كۆز تاشلىدى. ساتار تارتقان قوللارغا قارىدى، ناخشا ئېيتقان كۆزلەرگە تىكىلدى، جاھاننىڭ چۇقانلىرىغا، دەريانىڭ شاۋقۇنلىرىغا، قاقاھلاشلىرىغا، كۈلكىلىرىگە، ئۆكسۈپ ـ

ئۆكسۈپ يىغلاشلىرىغا قۇلاق سالدى.

ناخشا ـ ئۇسسۇل، تارىم، تەكلىماكان، تەڭرىتېغى، مۇگدەك ئۇيقۇدىكى زېمىن، ئۇيغۇر، بىر خىلدىكى تۇرمۇش شەكلى، تېگىرقاش ... بىخۇدلۇق، ئۈمىدسىز خىيال، تەمە قىلىش ... سۆرەلمە رىتىمدىكى تۇرمۇش ... تۆمۈر ساپان، ئۆي، غىچىرلىغان كالا هارۋىسى، ئۆلۈك توپىدا ئېغىناۋاتقان يالاڭباش بالا، ناتونۇش يىگىتكە قورقۇش ئىچىدە تەلمۈرگەن ئۇياتچان كېلىن ... تېخى بالىلىقى كەتمىگەن ئانىنىڭ بۆشۈكتىكى بالىنى ئېمىتىشى ... قارا چىراغ يورۇقىدىكى بامدات نامىزى، ئۆلۈك توپىدىكى يالاڭ ئاياغ ئىزلار ... دەرەخ سايىسىدىكى داق يەردىكى خورەك، تېخى تونۇگۈنكى ناتىۋان چوكاننىڭ يۈزىدىكى قورۇق، ماڭلايلىرىدىكى ئاق، قىران يىگىتنىڭ ۋاقىتسىز سولغان چىرايىدىكى قورۇق ... بىر خىلدىكى تىنىق تۇرمۇش، مۇگدەك تۇرمۇش ...

تىرىكلىك ئۇيقۇسىنىڭ چېكى بولغىنىدەك، زېمىنىنىڭ مۇگدىشىنىڭ چېكى بولىدۇ، مەڭگۈ تىنچ هالەتە تۇرىدىغان، ئەسلى هالىتىنى ئەبەدىي بۇزمايدىغان هېچ نەرسە يوق. كائىناتنىڭ ئۆزۈكسىز هەرىكىتى، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ دولقۇنى ۋە داۋالغۇشلىرى، ئىنسانلارنىڭ جەڭگى ـ جېدەللىرى، ئىنسان روهىدىكى ئۆزۈلمەي شەكىللىنىپ تۇرىدىغان ئۈمىد، ئارمان، ئىنتىلىشلەر زېمىنىنىڭ ئۇيقۇسىنى بۇزىدۇ، ئۇلارنى سەگەكلەشتۈرىدۇ. ئىنساننىڭ ئۆزىنى ئۆزىگە تونۇتىدۇ. ئۆزگىگە قارىتىپ، ئۆزى ئۈستىدە ئويلاندۇرىدۇ، كەم يەرلىرىنى هېس قىلدۇرۇپ، كۆزىنى ئاچىدۇ. ئۇلارنى يىراق ـ يىراقلارغا نەزەر تاشلاشقا، چوڭقۇر ئويلارغا چۆكۈشكە مەجبۇر قىلىدۇ. ناخشا ـ ئۇسسۇل ماكانى دەپ ئاتالغان يۇرتىمىز، ناخشا ـ ئۇسسۇل شەيداسى دېگەن نامى بار خەلقىمىز هاياتلىق مۇساپىسىنىڭ ئەنە شۇنداق ئويغانغان، جاهانغا كۆز تىكىپ، ئۆزىدىكى يېتىشمەيۋاتقان نەرسىنىڭ نېمىلىكىنى بىلىپ، ئويغا چۆمگەن، ئۇنى يارىتىش ئۈچۈن ئاتلانغان دەۋردە هەرىكەتكە كەلمەكتە، داۋالغۇماقتا. ئەنە

شۇنداق داۋالغۇۋاتقان زېمىنىنىڭ بىر ھۇجەيرىسى بولغان باش گېئولوگ كامىل ئەترىتى ئۈچ كۈندىن بېرى ئەقىل - ئىدراك سەرپ قىلماقتا.

يېرىم ئاي بۇرۇن كامىل يۇقىرىنىڭ جىددىي ئۇقتۇرۇشىنى تاپشۇرۇۋالغانىدى. ئۇنىڭدا بېيجىڭدا ئېچىلىدىغان خەلقئارالىق گېئولوگىيە قېدىرىپ تەكشۈرۈش ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا كامىلنىڭ قاتنىششى ئۇقتۇرۇلغان. كامىلنىڭ شىنجاڭنىڭ كان بايلىقلىرى ۋە ئۇنى قېدىرىپ تەكشۈرۈش تېمىسىدا بىر ئىلمىي ماقالە تەييارلاپ، ئۇ يىغىندا سۆزلىشى تەۋسىيە قىلىنغان. ئۇقتۇرۇشنى تاپشۇرۇۋالغان كامىل ھاياجانلاندى، سۆيۈندى. ئۇ شۇنچىلىك خۇش بولدىكى، ئۇقتۇرۇش قەغىزىنى قولىدا تۇتۇپ، ئىشخانىدا بىر سائەتتىن ئارتۇق ئۇياقتىن - بۇياققا ماڭدى. ئورنىدا ئولتۇرۇشنى ئۇنتۇپ قالدى، دېمىسىمۇ بۇ ئىش بۇ ئىش ئالەمچە خۇشاللىق ئىدى. نۇرغۇن تەرەپلەردىن تېخى دۇنياغا تونۇلمىغان بىر مىللەتنىڭ تەبىئىي پەننى كۆتۈرۈپ چىقىپ، دۇنيا سەھنىسىگە چىقىشى كارامەت بىر مۆجىزە ۋە يۈكسىلىش ئىدى. بۇ ئېغىر تەبىئەتلىك ئادەم ئۆمرىدە شۇ كۈندىكىدەك ھاياجانلانغىنىنى بىلمەيدۇ، ئۇ ھازىر زېمىنىدا ئەمەس، كائىنات بوشلۇقىدا ئۇچۇپ كېتىۋاتقاندەك، مۇقەددەس بىر ئىبادەت دەرگاھىغا سەپەر قىلىۋاتقاندەك كەيپىياتقا چۆمۈلگەنىدى.

كامىل ئۇقتۇرۇشنى ئالغان كۈنى كەچكىچە ئاجايىپ بىر خىل شادلىقنىڭ شېرىنلىكىدە مەستخۇش يۈردى، قولى ئىشقا بارمىدى، ئۆزىنى خېلى زورلاپ باققان بولسىمۇ، ئىنگلىزچىدىن تەرجىمە قىلىۋاتقان كىتابىنىڭ يېرىم بېتىنىمۇ ئەپلەشتۈرەلمىدى. ئۇنىڭ پۈتۈن پىكىر - خىيالىنى كاتتا بىر ئىش — خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا مۇشۇ دىيارنى، مۇشۇ دىياردىكى خەلقنى دۇنياغا تونۇتۇش ئىشى ئۆز ئىلكىگە ئېلىۋالغانىدى.

بىر زامانلاردا ئۆزىنىڭ بۈيۈك مەدەنىيىتى بىلەن ئىنسانىيەت

ئالەمدە سەلتەنەتلىك مۇناردەك جاھان ئەھلىنىڭ كۆزىنى قاماشتۇرغان بۇ زېمىن تارىخىنىڭ بوران - چاپقۇنلىرى، تۈرلۈك - تۈرلۈك جاھالەت بۇلۇتلىرى ئىچىدە غۇۋالاشقانىدى. ئىسىل مەدەنىيەت نادانلىق لاتقىلىرى بىلەن بۇلغانغان، كۆمۈلگەن، ئۆز ئەقىل - ئىدرىكىگە تايىنىشنىڭ ئورنىنى غايىۋى كۈچتىن تەمە قىلىش ئىگىلىگەن، ئىنسان قەلبىنىڭ نۇرلىرى بىلەن يۇرتنى يورۇتقان قەلەم قىلىچ، ئوقيا، نەيزە، قالقانلار بىلەن ئالماشقان، ياۋ بېشىغا تەڭلىنىدىغان قىلىچ قېرىنداشلارنىڭ قېنىنى تۆككەن، بۇ دۇنيانىڭ نېمەتلىرىدىن ۋاز كېچىپ، قارىغۇلارچە ھالدا ئۇ دۇنيانىڭ ھۇزۇرىنى سۈرۈش تەمەسىدە غۇربەتچىلىك تۇرمۇشنى راۋا كۆرگەن تارىخىي پاجىئەنى كامىل چۈشىنەتتى، بىلەتتى. بۇ تارىخ كامىلنىڭ يىگىتلىك دەۋردىكى ئىرادىسىنى مۇستەھكەملەپ، بۈيۈك غايىلەرنى قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا نەقىش قىلىپ ئويۇۋېلىشىغا ئالماس بولغان، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى پەخىر، ئىچىنىش، ئەپسۇسلۇق ۋە غايىلىرىنىڭ ئاساسى بولغانىدى.

بالا ۋاقتىدىن تارتىپ يېقىملىق ناخشىلارنى ئېيتىشقا خۇشتار، دۇتار، تەمبۇر چېلىشنى ئاسانلا ئۆگىنىۋالغان كامىلنىڭ تەبىئىتىدە سەنئەت ئاملى كۈچلۈك ئىدى. ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ھاياتى ئۇنىڭ تەبىئىتىدىكى سەنئەت ئىقتىدارىنىڭ كىشى ھەيران قالغۇدەك دەرىجىدە ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەنىدى. مەركىزىي سەنئەت ئىنستىتۇتىغا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشقا كەلگەن ئىككى مۇتەخەسسىس بىر قېتىمدىلا كامىلنىڭ سەنئەت تالانتىنى بىلىپ بولغانىدى. شۇ مەيداننىڭ ئۆزىدە ئۇنىڭ مەركىزىي سەنئەت ئىنستىتۇتىغا قوبۇل قىلىنغانلىقىنى كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا ئاشكارا ئېلان قىلغان، بىراق كامىل ئىككى مۇتەخەسسىسنى، ياردەملەشكۈچىلەرنى، كۆرۈشكە قاتناشقانلارنى، سىنئالغۇچىلارنى ھەيران قالدۇرۇپ بۇ پۇرسەتنى رەت قىلدى. ھەممىنىڭ كۆزى ھەيرانلىقتا تىكىلدى،

بەزى كۆزلەردىن ھەيران قېلىش، بەزى كۆزلەردىن گۇمان، بەزىلىرىدىن مەسخىرە، ئەيىبلەش مەنىلىرى چىقىپ تۇراتتى. كامىل بولسا ھېچنېمىنى سەزمىگەندەك بىغەم، تەبىئىي ھالدا تۇردى. ئۇنىڭ پۈتۈن قىياپىتىدە ئۆزىنىڭ ئۆمۈرلۈك ھايات يولىنى ئاللىقاچان بەلگىلەپ بولغان كىشىنىڭ ئىرادىسى ۋە غۇرۇرى ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ قاراشلىرىدا مەنسىتمەسلىك، كىنايە ئارىلاش مەنىلەر بار ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ لەۋلىرى بىر خىل سىرلىق كۈلكىنى يوشۇرغانىدى.

تالانتلىقلارنى بايقاشقا يەرلىك سەنئەت ئۆمىكىدىن قوشۇلغان تەجرىبىلىك پېشقەدەم ئارتىس ئورنىدا ئولتۇرالماي قالدى. ئۇ ئاللىقاچان ئورنىدىن تۇرۇپ كەتكەن بولسىمۇ، تېگىمرقاش، ھەيرانلىق ئىچىدە نېمە دېيىشنى بىلەلمەي كامىلنىڭ ئەتراپىدا چۆرگىلەيتتى، تىت - تىت بولۇپ قوللىرىنى ئۇۋۇلايتتى، ئاخىر ئۇنىڭ ئاغزىدىن سۆز چىقتى:

— سىز ئۇكام، سىز ... ھېلىقى گېپىڭىز چاقچاق ئەمەستۇ؟ مەن ئۆز قۇلىقىمغا ھازىرغىچە تازا ئىشىنەلمەيۋاتىمەن.

— ياق ئاكا، ئىشىنىڭ، مېنىڭ گېپىم چاقچاقمۇ ئەمەس، مۇنداقلا ئويلىنىپ ئېيتىلغانمۇ ئەمەس، مەن سەنئەتتە راستلا ئوقۇمايمەن.

— سىز غەلىتىلا بالا ئىكەنسىز، ئەتراپىڭىزغا قاراپ بېقىڭا، ئۇلار قوبۇل قىلىندىڭ دېگەن سۆزنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتىۋاتىدۇ. سىز ئېرىشكەن جاۋابقا باشقا بىرەرسى مۇيەسسەر بولغان بولسا، خۇشاللىقتىن بېشى ئاسمانغا يېتەتتى، يۈرىكى خۇشاللىقتىن يېرىلىپ كەتمىسىمۇ ئاز قالاتتى، سىزنىڭ بۇ جاۋابىڭىز...

— ھەر بىر ئادەمنىڭ ئۆز غايىسى بولىدۇ، — دېدى كامىل مىيىقىدا كۈلۈپ، — ھەۋەس، ئارزۇ دېگەن ئوخشاش بولمايدۇ، — كامىل بۇ سۆزلەرنى دېگەندە ئۇنىڭ ئەتراپىغا يىغىلغانلار ئەيمەنچىلىك.

ئىككى مۇتەخەسسىسمۇ يېتىپ كەلگەنىدى. ئۇلار تەرجىمان ئارقىلىق كاملىنىڭ سۆزلىرىنى تولۇق ئاڭلىدى، ئازراق توختىۋالغاندىن كېيىن كامىل سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — مېنىڭمۇ ھاياتىمدىكى ئۆمۈرلۈك كەسپىم ھەققىدە ئۆزۈم تاللىغان يولۇم بار، ئۆزۈمنى ئاللىقاچان شۇ يولغا ئاتاپ بولغان، بۇنى ئۆزگەرتىشىم مۇمكىن ئەمەس.

— ئۇكام، بۇ ئامەت، — دېدى ھېلىقى پېشقەدەم سەنئەتكار جېكىلىنىش تەلەپپۇزىدا، — بۇ ھەممە ئادەمگە نېسىپ بولىۋەرمەيدۇ، يەنە كېلىپ ئۆزىڭىزدىكى تەبىئىي تالانتىنى نابۇت قىلىسىز، بۇ ئالتۇننى ئەخلەتكە تاشلىغانلىق، بەرگەن جاۋابىڭىزنىڭ كەلتۈرىدىغان زىيىنىنى بىلەمسىز؟

— تاغا، بۇ كەسىپنى ياخشى كۆرگەن بىرسى ئوقۇسا بۇ زىيانىنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇپ قويار. مەنمۇ ئۆزۈم تاللىغان كەسپىم بىلەن جەمئىيەتكە پايدا يەتكۈزەرمەن. سەنئەت تالانتى مېنىڭدىن ئۈستۈن ساۋاقداشلىرىم بار، ئۇلار سەنئەتتە ئوقۇشنى بەكمۇ خالايدۇ. ئۇلار بارسىمۇ ئوخشاش، ۋاقتىڭلارنى ئالماي، مەن كەتتىم، — كامىل گېپىنى تۈگىتىپ توپىنى يېرىپ، سىرتقا قاراپ مېڭىپ كەتتى.

كامىلنىڭ ئۇ چاغدىكى ئويلىرى باشقىچە ئىدى. ئايروپىلاننى ئۇچقۇچى ھەيدەيدىغانلىقىنى ئۇ بالىلىق ۋاقتىدىن تارتىپ بىلسىمۇ، ئۇچقۇچىسىز ئايروپىلان ھەققىدىكى گەپنى ئاڭلىغاندا، دەسلەپ ئىشەنمىدى. كېيىن ماتېرىيالدىن ئوقۇپ ھەيران قالدى، بۇ ئۇنىڭ سەبىي قەلبىنى دولقۇنلاتقان، ئۇ خېلى ۋاقىتقىچە بۇنى كۆڭلىدىن بىرەر مىنۇتمۇ نېرى قىلالمىغانىدى. ئۇنىڭ بىلىم سەۋىيەسىنىڭ ئېشىشى بىلەن جاھان ئىلىم - پەن تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىياتى توغرىسىدىكى چۈشەنچىسى كېڭەيدى. ئۇچار تەخسە، سۇنئىي ھەمراھ، ئالەم كېمىسى، ئايغا چىقىش، مارسقا سەپەر قىلىش، ئادەم ياشايدىغان سۈنئىي پىلانېت، سۈنئىي ئاي ... بۇلار كامىلنى كېچە - كۈندۈز ئويغا

سالدى. ئۆزى ياشاۋاتقان تۇرمۇش مۇھىتى، ئېشەك ھارۋىسى، كالا ساپمىنى، كەتمەن، گۈرجەك، قول بىلەن پۇتقىلا تايىنىش سېلىشتۇرما بولۇپ، ئۇنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتتى. ئوي – خىياللىرىنى ئاۋۇتۇپ، چۈشەنچىسىنى چوڭقۇرلاشتۇردى، ئۇنىڭ نەزەرىدە تەبىئىي پەنلەرنىڭ تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇش، تۇرمۇش شارائىتىنى ياخشىلاپ، ئىنساننى ئازادە قىلىش، ئادەملەرگە بەخت يارىتىشتىكى كۈچ – قۇدرىتى ئۆزىنىڭ سېھىرلىك قىياپىتى بىلەن نامايان بولدى.

كامىل ئەۋلادتىن – ئەۋلادقا داۋاملىشىپ مىراس بولۇپ قېلىۋاتقان ئاتىسىنىڭ كەتمىنىنى تىراكتورغا، ئورغاقنى كومبايىنغا، ئېشەك ھارۋىسىنى ماشىنىغا، قارا چىراغنى ئېلېكتىر لامپىسىغا ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن، تەبىئىي پەننى ئىگىلەشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى بىلىپ يەتتى. ئۇنىڭ كاللىسىدا ئۇزاق تارىخ، ھازىرقى رېئاللىق، جاھان، ئۆز يۇرتى، ئۇلار ۋە بىز، سەن ۋە مەن، ئىنسان، ھايات، تۇرمۇش، ياشاش، پەرق ئارىلىشىپ كەتكەن بۈيۈك بىر گەۋدە شەكىللىنىپ، ئۇنىڭ مەركىزىدىن كامىلنىڭ ئۆزى قەد كۆتۈردى. ئۇ سالمىقىنى ئاشۇرۇش، قىممىتىنى ئۆلچەش ئۈچۈن ئۆزىنى ھايات تارازىسىغا سېلىپ كۆردى، سېلىشتۇردى، قاتتىق ئويلاندى، بۇلار يىغىلىپ ئۇنىڭ غايىسى بولۇپ، مەنىۋى دۇنياسىدا تىكلەندى، جاسارەت بولۇپ ئەقلىگە، تېنىگە كۈچ بېغىشلىدى.

كامىلمۇ ئۆز خەلقىگە ئوخشاش سەنئەت بۆشۈكىگە بۆلەنگەن، ئەللەي ناخشىلىرىنى قانغۇدەك ئاڭلىغان، مەشرەپلەردە چاڭ چىقىرىپ ئۇسسۇل ئوينىغان، بۇنىڭدىن ئۇنىڭ سەبىي قەلبى چەكسىز ھۇزۇر ئالغان، جىسمى مەنىۋى كۈچ – قۇۋۋەت يىغقان، شۇڭا ئۇنىڭ قوللىرى ئىختىيارسىز دۇتارنىڭ تارىغا كېتىپ قالاتتى. ناخىل سىملار ئۈستىدە ھەرىكەتلەنگەندە، يۈرەك تارىلىرىنى تىترەتكۈدەك كۈي بوشلۇققا تارقىلاتتى. كامىل ئۆزىدە چاقناپ تۇرىدىغان سەنئەت تالانتىنىڭ بارلىقىغا

ئىشىنەتتى، كەلگۈسىدە ئاتاقلىق سەنئەتكار بولۇپ، شۆھرەت قازىنىشىغىمۇ شۈبھىلەنمەيتتى. لېكىن ئۇ بۇلاردىن ۋاز كەچتى، بۇلار ئۇنى قىزىقتۇرمىدى. كامىلنىڭ كۆزلىرىنى ئۇنىڭدىنمۇ ئۇلۇغ، ئۇنىڭدىنمۇ مەنىلىك يەنە بىر دۇنيا ئۆزىگە قاراتتى، تارتقاندىمۇ ئۇنىڭ پۈتۈن مەيلىنى، ئىختىيارىنى، ئەس - ھوشىنى ئۆزىگە بەند قىلىۋالدى. ئۇ تەبىئىي پەننى ئوقۇپ ئۆيغۇرلارنىمۇ تەبىئەت دۇنياسىنىڭ چوڭقۇر سىرلىرىنىڭ قاتلىمىغا، كائىنات تىلسىملىرىنىڭ ئىچىگە باشلاپ كىرمەكچى بولدى، شۇڭا ئۇ سەنئەت تالانتى ئېلىپ كەلگەن ئامەت قۇشىنى قوندۇرماستىن ئۇچۇرۋەتتى ۋە كان - گېئولوگىيە ئىنستىتۇتىغا ئوقۇشقا كەتتى.

## 2

تۈن نىسپى، ئاق قارغا كۆمۈلگەن شەھەر شېرىن ئۇيقۇ قۇچىقىدا. ھاۋا ئوچۇق، ئاسماندا نە بۇلۇت، نە تۇمان يوق. يۇلتۇزلار چاراقلاپ يېنىپ تۇرىدۇ، تېخى ئاي چىقمىغان، ئەۋجىگە چىققان جىمجىت سوغۇق شەھەرنى ئۆز تېنى بىلەن بېسىپ تۇرىدۇ. كامىل تېخى ئويغاق. يورۇق ئۆيدە كىرپىكلىرىنى ئۆزىنى تاشلاپ، كۆزىنى يېرىم يۇمۇپ ئولتۇرىدۇ. ئۇ خىيال بىلەن سىرداش، ئوي دولقۇنلىرى ئۇنى ئۆزىگە ئەگەشتۈرگەن، پۈتۈن زېھنىنى ئالدىدىكى چاي ئۈستىلىدە تۇرغان ئوقتۇرۇش ئۆزىگە تارتقان. ئۇ دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدىن كەلگەن، ھەر خىل رەڭدىكى ئوخشىمىغان تىللاردا سۆزلىشىدىغان كەسپداشلىرى بىلەن بىرگە بولىدۇ، ئۇ دوپپىسىنى كىيىپ، يېگانە ئېچىلغان گۈلدەك ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بولىدۇ، مەيدىسىنى كېرىپ، مەغرۇر قارايدۇ. ئۇ ھەيۋەتلىك سەھنىگە چىقىپ ئۆزىگە تىكىلگەن قارا، يېشىل، كۆك كۆزلەرگە قاراپ تۇرۇپ، ئۆز تەتقىقاتى ھەققىدە سۆزلەيدۇ، ئۇ تېخى بىۋاسىتە ئىنگلىزچە سۆزلەيدۇ، دۇنيادىكى

كۆپ مىللەتلەر بىلىدىغان تىلدا سۆزلەيدۇ، ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى، ھەتتا پەقەتلا چىشلىرى پارقىراپ تۇرغان، باشقا يەرلىرى قارا، چاچلىرى قوزىنىڭكىدەك بۇدۇرلەرمۇ بۇ تىلنى بىلىدۇ. بۇ ئۇيغۇر ئوغلى 80 ـ يىللاردىكى ئۇيغۇر، ئىلىم ـ پەن دۇنياسىغا قانات قېقىپ ئۇچۇپ كىرگەن ئۇيغۇر ئەۋلادى، ئۇ كۆزى ئېچىلغان مەڭگۈلۈك بۇلاقتىن ئۇرغۇپ چىققان بىر تامچە... ئۇ نۇر چاچىدىغان، بەخت يارىتىدىغان بۇلاقنىڭ پەقەت بىر تامچىسى. قەلبى مۇشۇ سۆزلەرنى شىۋىرلاۋاتقان كامىل ئاشۇ سەلتەنەتلىك مىنۇتلارنىڭ ھۇزۇرىدىن راھەتلەنمەكتە، تومۇرىدىكى قانلىرى بۈيۈك مۇقامغا توۋلىماقتا، يۈرىكى شادلىق رىتىمىدا تېپىچەكلىمەكتە. كامىلنىڭ ئىككى قېشى ئوتتۇرىسىدىكى سىزىقلار تامامەن يوقالغان، تۈرۈلۈپ تۇرىدىغان قاپاقلىرى ئېچىلغان، چىرايىدىن بىر خىل نۇر يېغىپ تۇراتتى، ئۇ بەخت بۆشۈكىدە تەۋرەتكەندەك خۇش كەيىپ ھالدا خىيال سۈرەتتى.

جىمجىت ئۆي، يورۇق نۇر، پەرۋاز قىلغان خىيال، ئوچاق بېشىدا مۈكچىيىپ ئولتۇرۇپ يانتاق قالاۋاتقان ئانا، بابكارلىق دۈكىنىدا پۈكۈلۈپ ئولتۇرۇپ، بەللىرى قېتىپ كەتكەن بوۋاي، غۇرقىراپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ماشىنا ... بۇغداي ئۇنچىلىرى ئۈستىدە بېشىنى سىلىپ، پۇشۇلداپ، تاش تولۇقنى سۆرەۋاتقان ئۆي، توخۇ كاتىكىگە قاراۋاتقان قىزچاق، دېرىزە پەردىسىنى قايرىپ شەھەر مەنزىرىسىنى تاماشا قىلىۋاتقان چوكان، مىكروسكوپ ئالدىدىكى ئاق خالاتلىق يىگىت، تۈن كېچىدىكى كۈندۈزدەك يورۇق ئۆي ... پەرۋاز قىلغان خىيال. كامىل تېخىچىلا ئويغاق ...

بىر كېچىلىك خىيال سۈرۈش كامىلغا ئاجايىپ بىر ئەقىل ئاتا قىلدى، بۇ ئەقىلنىڭ نۇرىدا كەلگەن قارارىغا كامىلنىڭ ئۆزى قەۋەتلا رازى بولدى. ئۇ ئەتىگىنى ئىدارە باشلىقىنىڭ ئىشخانىسىغا كەلدى، باشلىق تېخى كەلمىگەن، كاتىپ ئۇنى

سەمىمىي سالام بىلەن قارشى ئالدى ۋە ئۇنىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ، قىزغىن تەبرىكلىدى. كىرىشلىرىدا يانمۇيان ئولتۇرغاندىن كېيىن، كامىل ئۇچۇن ئۆزىنىڭمۇ بەك خۇش بولغانلىقىنى بىلدۈردى. كاتىپنىڭ كىچىك ئېرىقتا ئېقىۋاتقان سۇدەك بىر خىل رىتىمدا شىلدىرلاپ چىققان سۆزلىرىگە ئۇ پەقەت ھېجىيىپلا قويدى، ئۇنىڭ بۇ ھېجىيىشىدىن بىرەر مەنە چىقمىسىمۇ، كاتىپنىڭ گەپلىرىگە نىسبەتەن تازا قىزغىن ئەمەسلىكىنى بىلگىلى بولاتتى.

— بۇ يولداش باش گېئولوگ، سىزگە كەلگەن ئامەت، مەملىكەت ئىچىدە كەسىپداشلىرىڭىز ئارىسىدا داڭقىڭىز بار ئىدى. مانا ئەمدى بۇ داڭقىڭىز دۇنيادىكى كەسىپداشلىرىڭىز ئىچىگە تارقىلىدىغان بولدى. ھە دېمەكچى، سىزگە ئۆلكە باشلىقى دەرىجىسى بويىچە مۇئامىلە قىلىدۇ. بېرىلىدىغان ئىقتىساد، كاماندىروپكا پۇلى، ئورۇنلاشتۇرۇش، كۈتۈش ئالىي ئۆلچەم بىلەن بولىدۇ. بىلىمنىڭ دۆلىتىنى كۆرىدىغان بولدىڭىز كامىل، — دېدى كاتىپ زوقمەنلىك ۋە قىزغىنىش بىلەن. بۇ سۆزلەر كامىلغا ھار كەلدى، خورلۇقى تۇتتى، ئىچىدە «نېمىدېگەن چاكىنا ئادەم» دەپ ئويلىغان بولسىمۇ، ئۆزىنى تۇتۇپ مۇنداق دېدى:

— مەن باشلىقنى سىز ھازىر تەرىپلىگەن ئامەت ھەققىدە سۆزلىشەي دەپ ئىزدىگەنىدىم. ۋاقتى كېلىپ، گېپى بولۇپ قالسا، ماڭا ياردەملىشىپ مېنىڭ تەرىپىمنى ئېلىپ سۆزلىشىپ بېرەرسىز.

— ئەلۋەتتە، شۇنداق قىلىمەن، كامىل، ھازىر بۇ ئىشقا سىزدىن بەكرەك مەن خۇشال بولۇۋاتىمەن. سىزنىڭ ھەر قانداق تەلىپىڭىزنى باشلىق چوقۇم قوبۇل قىلىدۇ، ئورۇنلىماي قويمايدۇ. چەت ئەللىك ئالىملار بىلەن بىر قاتاردا ئولتۇرىسىز، يۇرتىمىزنىڭ كان بايلىقلىرى ۋە ئۇنى قىدىرىپ تەكشۈرۈش توغرىسىدىكى ئىلمىي دوكلاتىڭىز، بىر ھېسابتا، شىنجاڭنىڭ

گېئولوگىيەلىك قېدىرىش تەرەققىياتى ھەققىدە بېرىلگەن خىزمەت دوكلاتىمۇ بولىدۇ. بۇ ئىدارىمىزنىڭ قانداق خىزمەت ئىشلىگەنلىكىنى باشقىلارنىڭ ئالدىدا بىر تونۇتۇپ قويغىنىمىز بولمامدۇ. ئىدارىمىزنىڭ نامى چىقىدۇ، باشلىقنىڭ يۈزى يورۇق بولىدۇ، ئابرۇيى ئۆسىدۇ ئەمەسمۇ، بىزنىڭ باشلىق مۇشۇلارنى ئويلاپ بىلەلەيدۇ، — دېدى كاتىپ ئۇنىۋېرسال تەھلىلچىلەرگە خاس ماھارەت بىلەن. بۇ سۆزلەر كامىلنىڭ كۈلكىسىنى كەلتۈردى، ئۇ تۇمشۇقىنىڭ ئۇچىدا كىنايىلىك ھىجىيىپ قويدى. ھەممە نەرسىنى ئۆز پايدىسىغا، شەخسىنىڭ ئابرۇيىغا تاقاشقا نېمىدېگەن ئۇستا خەق ھە ... بۇلار نېمىلەرنى ئويلايدۇ، مەن نېمە ئويلاۋاتىمەن؟! ھەي، ئادەم دېگەن كىچىككىنە بىر نەرسىنىڭ تەمەسىگە كىرىپ قالسا، ئۇلارنىڭ كۆزلىرى شۇ نەرسىدىن باشقىسىنى كۆرمەس بولۇپ قالىدىغان ئوخشايدۇ، ئەقلى شۇ نەرسىدىن باشقىسىغا ئۆتمەس بولۇپ قالامدۇ نېمە! ؟ كامىل كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا چىرايىدىن سۈنئىي كۈلكە چىقىپ تۇرغان، كۆزلىرىنىڭ قارىسى تەمەخور ئادەمنىڭكىدەك پىلىلداپ تۇرغان، چېكە چاچلىرىغا ئاندا ـ ساندا ئاق سانجىلغان كاتىپقا قاراپ قويۇپ، ئېغىر بىر تىنىپ قويدى. ئارىغا ئازراق جىمجىتلىق چۈشتى. كاتىپنىڭ نېمىلەرنى ئويلىغانلىقىنى بىلىش قىيىن، لېكىن كامىل بۇ يەرگە كېلىشتىكى مۇددىئاسىدىن كاتىپقا بېشارەت بېرىش ياكى بەرمەسلىكنى ئويلاپ ئىككىلىنىپ قالدى. دەسلەپتە كاتىپقا ئېنىق ئۇقتۇرۇپ، باشلىق بىلەن سۆزلەشكەندە ياردەملىشەر دەپ ئۈمىد قىلغانىدى. كاتىپنىڭ يۇقىرىقى قىلىقلىرى ئۇنى ئۈمىدسىزلەندۈرۈپ قويدى. بولۇپمۇ كاتىپنىڭ بۇ ئىشنى خۇسۇسىي ئابرۇي، ئاتاقنىڭ دەسمايىسى قىلىش مۇددىئاسى كامىلنىڭ كۆڭلىنى قايتۇردى، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنى چىۋىن يۇتۇۋالغاندەك بىئارام قىلدى. باشلىقنىڭ ئۆز پىكرىگە قوشۇلۇشىغا گۇمانلىنىپ قالدى.

— قانداق، مېنىڭ كۆزقاراشلىرىم سىزنى قايىل قىلغاندۇ؟ — دەپ كامىلنىڭ خىيالىنى ئۈزدى كاتىپ، — سىزدەك ئالىي دەرىجىلىك زىيالىيلار ئۇششاق - چۈششەك داۋلىلارغا قايىل بولمايدۇ، بۇ تەرەپتىن سىزنىڭ ئىدارىمىزدە داڭقىڭىز بار، ھى ... ھى ... ھى ... — ئۇ سۆزىنىڭ ئاخىرىنى يېنىك كۈلكە بىلەن تۈگەتتى.

— قارىغاندا كاتىپ، مەن ئۈچۈن ئىككى - ئۈچ ئېغىز سۆز قىلىپ بېرەلمەيدىغان ئوخشايسىز، شۇ تاپتىلا مېنىڭ سىزگە ئىشەنچىم قالمىدى.

— نېمىلەرنى دەپ يۈرىسىز، — دەپ ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى كاتىپ جىددىي قىياپەتكە كىرىپ، — مېنى ئۇنچىلىك چاغلىماڭ، كۆكسى - قارنىم كەڭ، قولۇم ئوچۇق، خېلى سېخىي ئادەممەن. خاتىرجەم بولۇڭ، سىزنىڭ پايدىڭىز ئۈچۈن ئاغزىمدىكى سۆز ئەمەس، قولۇمدىن كېلىدىغانلىكى ياردىمىمنى ئاياپ ئولتۇرمايمەن. قېنى، باشلىقىقا تەلەپلىرىڭىزنى، شەرتلىرىڭىزنى قويۇڭ، شۇ چاغدا تاڭگازا چىشلىۋالغاندەك ئولتۇرامدىم ياكى ... كۆرىسىز، — ئىشىكنىڭ تاراقلاپ ئېچىلىشى ئۇلارنىڭ سۆزىنى ئۈزدى. ئىشىكتىن كىرىپ كامىلنى كۆرگەن باشلىق:

— ھوي، بىزنىڭ ئالىم كەپتىغۇ، — دېگىنىچە قولىنى سۇنۇپ، ئۇنىڭ ئالدىغا ماڭدى. ئورنىدىن تۇرۇپ كەتكەن كامىل قولىنى سۇنۇپ باشلىقنىڭ ئالدىغا ماڭدى. ئۇلار قاتتىق قول سىقىشىپ كۆرۈشتى ۋە سەمىمىي ھال سوراشتى. كاتىپ باشلىقنىڭ پەلتوسىنى سېلىشىغا ياردەملەشتى.

باشلىقنىڭ زامانىۋى سەرەمجانلاشتۇرۇلغان كۆركەم بېزەلگەن ئىشخانىسى. كامىل بىلەن ئىدارە باشلىقى ئوتتۇرىسىغا چاي ئۈستىلى قويۇلغان بىر كىشىلىك كرېسلولاردىن ئورۇن ئالدى. كاتىپ بىر جۈپ ئىستاكانغا قىممەت باھالىق گۈل چېيى سېلىپ، ئۈستىگە قايناق سۇ قۇيۇپ، ئاغزىنى ھەم قىلىپ

ياپتى، بىرنى باشلىقنىڭ، بىرنى كامىلنىڭ ئالدىغا قويدى.

ئىدارىنىڭ بۇ پىشقان باشلىقى ياشقا چوڭىيىپ قالغان بولسىمۇ، سەزگۈرلۈكىدىن تېخى قالمىغان. ئۇ كامىلنىڭ خىيالچان، جىمجىت ئولتۇرۇشىغا قاراپ بىر نېمىنى پەرەز قىلدى بولغاي، كاتىپنى ئىشىكنى تۇگىدى، دېگەن بىر ئېغىز سۆز بىلەنلا ئىشخانىدىن چىقىرىۋەتتى. يانچۇقىدىن تاماكىسىنى چىقىرىپ، كامىلغا بىر تالنى بېرىپ، بىر تالنى ئۆزى ئالدى ۋە قالغىنىنى قېپى بىلەنلا ئۈستەلگە تاشلاپ قويدى، ئۇلار تاماكىلىرىنى تۇتاشتۇرۇپ چېكىشتى.

— سۆزۈڭگە قارىغاندا مۇھىم بىر ئىش ئۈچۈن كەلگەندەك تۇرىسەن، سېنى ئوبدان بىلىمەن، ئانچە - مۇنچە ئىشلار ئۈچۈن باشقىلارنىڭ ئالدىغا كېلىدىغان ئادەم ئەمەسسەن كامىل، — دېدى باشلىق تاماكىنى بىر - ئىككى شورىۋالغاندىن كېيىن. كامىلنىڭ سۇرلۇك تۇسى سەل سىلىقلاشتى، باياتىندىن بېرى تۈرۈلۈپ كەتكەن قاپاقلىرى ئېچىلدى، لېكىن ئۇ گەپ - سۆز قىلمىدى. يەنە باشلىق سۆز ئاچتى.

— ئاغزىڭدىن چىقىرىش شۇنچە قىيىن كېلىۋاتقانغا قارىغاندا يەنە ئاتا بولۇپ بېشىمنى ئوڭشاپ قوي دەپ كەلگەن ئوخشايسەن، مانا مەن تەييار، بىرىنچىسىنى قانداق قىلغان بولساق، بۇنىمۇ شۇنداق قىلىمىز، كېلىن چىرايلىقمۇ؟ نەدە ئىشلەيدۇ؟ نېمە ئىش قىلىدۇ؟ شۇ چاغقىچە قۇلىقىمغا شىۋىرلاپ قويمىغىنىڭنى قارا سېنىڭ.

— نەدىكى گەپلەرنى قىلىپ يۈرىسىز ئەزىزوپ ئاكا، ئۇ ئىشقا نەدە تۇرۇپتۇ تېخى.

راستىلا باشقا ئىشمۇ؟ ئۇنداق بولسا، ئىچىڭدە تۇنجۇقتۇرغىچە، ئوچۇق دېمەمسەن؟

— بولىدۇ، مەن دەي، لېكىن سۆزۈمنى تولۇق ئېيتىپ بولمىغۇچە تاقەت قىلىپ ئولتۇرىسىز، ھەرقانچە چىدىماي قالسىڭىزمۇ، گېپىمنى بۆلۈۋەتمەيسىز.

— نېمە بولدۇڭ بوگۇن؟ ئوچۇق ـ ئاشكارا ئادەم ئىدىڭ، ئەجەپ ئەگىتىپ كەتتىڭا، مېنى كۆزگە كۆرۈنمەس تور بىلەن قاپسىغىلى تۇردۇڭ، قارىغاندا مېنىڭ بىلەن قاتتىق ئېلىشىدىغاندەك قىلىسەن. بولىدۇ، سۆزۈڭنى بۆلمەي، تاقەت قىلىپ ئاڭلاي، سۆزلە.

— ھېلىقى خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا مېنىڭ بېرىشىم ھەققىدە ئۇقتۇرۇش چۇشۇرۇپتۇ، قولۇمغا ئۇقتۇرۇشنى ئالغان مىنۇتتىن باشلاپ تاكى مۇشۇ مىنۇتلارغىچە ھاياجىنىمنى باسالمايۋاتىمەن، بۇ ئىش مېنى بەكمۇ خۇش قىلدى. ئوي ـ خىياللىرىمنى كۆپەيتتى، نېمىلەرنى خىيالىمدىن ئۆتكۈزگىنىمنى سىزگە سۆزلەپ بېرىشكە ئاجىزلىق قىلىمەن. ئادەمنىڭ روھىدىكى ھەممە نەرسىنى تىل بىلەن ئىپادىلەپ بېرىش تازا مۇمكىن ئەمەس ئىكەن، مەن پەقەت ئۆمرۈمنى بىر قېتىم ئەسلەپ چىقتىم، مەن تەۋە بولغان مىللەتنىڭ بىر دەۋر تارىخىنى، ئۇنىڭ مۇساپىسىنى كۆز ئالدىمدىن ئۆتكۈزدۈم، دۇنيانىڭ بىر دەۋر تارىخى بىلەن ئۆزىمىزنىڭكىنى سېلىشتۇرۇپ كۆردۈم، بۇلار ماڭا خۇشاللىق ۋە كۆڭۈلسىزلىك بېغىشلىدى، ھەم پەخىرلىنىش ھەم ھەسرەت تۇيغۇلىرىنى تەقدىم قىلدى. ئەزىزوپ ئاكا، سىزگە كۆڭلۈمدىكىنى دېسەم، خۇشاللىق، پەخىرلىنىشتىن كۆڭۈلسىزلىك، ھەسرەت، نادامەت ئېشىپ كەتتى. مېنىڭ روھىمدا ئۇ ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلىدى، ھەقىقەتەن بىز كەينىدە قاپتىمىز، بەكمۇ كەينىدە قاپتىمىز، نېمە ئۇچۇن؟ زادى نېمە ئۇچۇن ... — كامىل سۆزلىگەنسېرى قىزىپ كېتىۋاتاتتى، ئۇنىڭ قىياپىتى قىسىلىش، تۇنجۇقۇش ئىچىدىكى ئازابلىنىش تۇسىنى ئالدى، — ئەزىزوپ ئاكا، مەن نېمە ئۇچۇنلەرگە كۆڭلۈمدە جاۋاب تاپقاندەك قىلىمەن، ۋىجدانلىق ئەقىل ئىگىسى بۇنىڭغا جاۋاب تېپىشى كېرەك. دۇنيادا باشقىلارنى تاڭ قالدۇرغۇدەك مەدەنىيەتكە ئىگە ئالدىنقى قاتاردىكى مىللەتنىڭ يەنىمۇ ئالغا ئىلگىرىلىشىنىڭ، يەنىمۇ

يۈكسىلىشىنىڭ ئورنىغا، كەينىگە يېنىپ مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قېلىشىنىڭ سەۋەبلىرىنى ھەر ھالدا تاپقاندەك قىلىمەن، — كامىل سۆزدىن توختاپ قولىدىكى ئۆچۈپ قالاي دېگەن تاماكىسىنى كەينى ـ كەينىدىن شورىدى، ئاغزىدىن بولۇق چىققان ئىس كۆز ئالدىدا توپ ـ توپ بولۇپ، ئاستا ـ ئاستا تارقىلىپ يوقاپ كېتىۋاتاتتى. بۇ ھال يۇرتىنى ئۇزاق مۇددەت قاپلىغان جاھالەت، نادانلىق، تۇمان يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن تارقىلىپ كېتىۋاتقاندەك مەنزىرىنى ئەسلەتتى.

باشلىق ئەزىزوپ كامىلنىڭ سۆزلىرىنى دەسلەپتە باشقىلارنىڭ خىزمەت توغرىسىدىكى سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندەك مۇنداقلا ئاڭلىغان بولسىمۇ، بارا ـ بارا ئۇنىڭ جىددىيلىشىشى چىرايىدىن بىلىنىشكە باشلىدى. ياشانغانلىقتىن بۇرتۇپ چىققان قاپاقلىرى بېسىپ كىچىكلەپ كەتكەن كۆزلىرى چوڭايدى. پېشانىسىدىكى قورۇقلىرى نەچچە ھەسسە كۆپەيدى. چېكە تومۇرلىرى كۆپتى، ئۇ قەددىنى بىر ـ ئىككى قېتىم رۇسلىۋالدى. كامىلنىڭ سۆزلىرى ئۇنىڭغا ياقتى بولغاي، ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراپلا قالدى، ئەتىدىن ـ كەچكىچە خىلمۇخىل تاش، تۇپراقلار بىلەن ھەپىلىشىدىغان، بىر يىلنىڭ كۆپ قىسمىنى تاغ ـ ئېدىرلاردا ئۆتكۈزىدىغان بۇ كەم سۆز ئادەمنىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتقان سۆزلەر تەبىئەت دۇنياسى بىلەن ھەپىلىشىدىغان بۇ ئادەمنىڭ سالاھىيىتىگە ماس ئەمەستەك بىر تۇيغۇ كۆڭلىگە كەچكەن باشلىق ئالدىدىكى مۇنۇ يىگىتكە ئەجەبلىنىۋاتقاندەكمۇ قىلاتتى.

— مەنلا ئەمەس، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى كامىل قولىدىكى تاماكا قالدۇقىنى كۇلدانغا ھىمىرىپ قويۇپ، — كەينىدە قېلىشىمىزنىڭ سەۋەبلىرىنى چۈشەنگەنلەر ئەتراپىمىزدا، يۇرتىمىزدا كۆپىيىۋاتقاندەك قىلىدۇ، ئەسلىدە شۇنداق بولۇشى كېرەك ئىدى، ھازىر ئەمەس بۇرۇنراق، خېلى بۇرۇنراق بولۇشى كېرەك ئىدى. كېچىككەن بولساقمۇ، بۇمۇ ياخشى. ئايروپىلاننى ھەممىلا ئادەم لايىھەلىيەلمەيدۇ. ئاتوم

بومبىسىنى ئەڭ دەسلەپ بىرلا ئادەم كەشىپ قىلغانغۇ، سۇنئىي ھەمراھ، ئالەم كېمىسىنىمۇ بىر قانچە ئادەم لايىھەلەيدۇ، لېكىن ئۇلار شۇ خەلقنى، شۇ مىللەتنى ئۆزىگە زېمىن ۋە يىلتىز قىلىدۇ. ئەنە شۇنداق بىر تۈركۈم پەن - تېخنىكا ئىختىراچىلىرى پۈتۈن يۇرتنى، مىللەتنى پەن - تېخنىكىنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە سۆرەيدىغان پاراۋۇز، يول باشلىغۇچى. باشلىق، مەن مۇنداق ئويلايمەن، بىزدىمۇ شۇنداق بىر تۈركۈم كىشىلەر بولۇشى كېرەك، ئۇلار بەكمۇ زۆرۈر. بىز ئۇلارغا ئېھتىياجلىق، خەلق ئېھتىياجلىق، بىزنىڭ نامراتلىقىمىز تېخىمۇ ئېھتىياجلىق. باشلىق، مەن ئۆز روھىمدا ئۇزۇپ يۈرگەن ئوي - خىياللىرىمدىن، ئىستەك - ئارمانلىرىمدىن بېشارەت بېرەلىدىممۇ - يوق، بىلمەيمەن، — كامىل سۆزىدىن توختاپ ئېغىر بىر يۆكنى يەلكىسىدىن ئېلىپ تاشلىغاندەك يېنىك تىنىۋالدى. ئالدىدىكى تاماكىدىن بىر تال ئېلىپ تۇتاشتۇردى - دە، تاتلىق شوراشقا باشلىدى. ئارىغا جىمجىتلىق چۈشتى. باشلىقمۇ تاماكا چەكتى، لېكىن ئۇ نېمىلەرنىدۇ چوڭقۇر ئويلاۋاتاتتى. كامىلنىڭ سۆزلىرى ئۇنىڭغا تەسىر قىلغان، ئېنىقكى، ئۇنى كۆرۈپ باقمىغان بىر دۇنيانىڭ بوسۇغىسىغا يېتىلەپ ئاپىرىپ قويغانىدى، شۇڭا ئۇ تەئەججۇپ، ھەيران قېلىش ۋە بىر خىل سىرلىق پەخىرلىنىش كەيپىياتىدا ئولتۇراتتى.

— قارىغاندا سەن ئاتاقلىق باش گېئولوگلا ئەمەس ئوخشايسەن كامىل، سېنىڭ كاللاڭدا تاش، رۇدا، كانلاردىن ھەم ئۈستۈن تۇرىدىغان باشقا نەرسىمۇ بار ئىكەن جۇمۇ، سۆزلىرىڭ مەنىلىك، يىلتىزىنىڭ نەلەرگە تۇتاشقانلىقىغا ئەقلىمنى يەتكۈزەلمەيدىغان ئوخشايمەن. سېنىڭ بېشىڭنىڭ چوڭلىقىمۇ بىكار ئەمەس ئىكەن، ئۇنىڭدا ئاز بولمىغان ئېسىل بايلىقلار بار ئوخشايدۇ. دەۋرنىڭ ئوغلىغا مۇناسىپ سەن كامىل، — دېدى باشلىق پېشقەدەملىك سالاھىيىتى بىلەن جىددىي قىلىپ. كامىل باشلىقنىڭ سۆزلىرىگە تۇمشۇقىنىڭ ئۇچىدا بىلىنەر - بىلىنمەس كۈلۈپ

قويۇش بىلەنلا ئىنكاس قايتۇردى. ئادەتتىمۇ بۇ كامىلنىڭ رازى بولغانلىقىنىڭ بېشارىتى ئىدى، بۇ ئۇنىڭ ئۇزاق يىللىق ئادىتى.
— ئۇنداق بولسا، — دەپ يەنە سۆز باشلىدى ئەزىزوپ بىر ئاز توختىۋالغاندىن كېيىن، — تەييارلىقىڭنى پۇختا قىل، يەنە ئۈچ ئاي ۋاقىت بار، ئۆزۈڭنى دۇنياغا بىر كۆرسىتىپ قوي. دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى قانداق ئادەملىكىڭنى بىر بىلىپ قويسۇن، ئۇيغۇرلار ئىچىدىنمۇ بىلىم ئەھلىلىرىنىڭ يېتىشىپ چىققىنىنى چۈشەنسۇن! ۋەتەن خەلقى سەندىن خۇش بولسۇن! ماتېرىيالىڭنى تاڭ قالغۇدەك تەييارلا! — ئۇ دەيدىغان گېپى تۈگىگەندەك جىم بولدى. كامىل بېشىنى بۇراپ ئۆزىگە دىققەت قىلىپ ئولتۇرغان باشلىققا بىر پەس قارىدى، بىر ئىشتا ئۇنى سىناپ مۆلچەرلەۋاتقاندەك دىققەت قىلدى.
— مېنىڭ بۈگۈن كېلىشتىكى مەقسىتىم مۇشۇ ئىش ئۈستىدە سىز بىلەن مەسلىھەتلىشىش ئىدى، مەن تېخى ئۇ ھەقتىكى گەپنى باشلىمىدىم. ئەزىزوپ ئاكا، بايا دېگەنلىرىم نېمە ئۈچۈن شۇنداق قارارغا كەلگەنلىكىمنى سىزگە چۈشەندۈرۈپ، پىكرىمگە قوشۇلۇشىڭىزنى قولغا كەلتۈرۈشكە زېمىن ھازىرلاش، — دېدى كامىل.
— مۇنداق دېگىن، سەن پىشقان سىياسىيون، ماھىر دىپلومات بولۇپ قاپسەن جۇمۇ، ئاۋۋال قاپقاننى قۇرۇۋېلىپ، مېنى ئۆزۈڭگە ئەگەشتۈرۈپ، قاپقاننىڭ ئۈستىگە چىقىرىپ قويۇپ، گاچىلا قىلىپ تۇتاي دەپسەن ـ دە ... قېنى مەسلىھەتىڭنى ئېيتىپ باق، ئاڭلاپ باقاي.
— ئەمدى مەن گەپنى ئاددىيلا قىلىپ ئېيتاي، بۇ قېتىمقى مۇھاكىمە يىغىنىغا مەن بارماي، مەسئۇد بارسۇن دېمەكچىمەن، بۇنىڭ سەۋەبلىرىنى ھېس قىلىپ يەتكەنسىز.
— نېمە دېدىڭ؟! — دېدى بۇ سۆزدىن چۆچۈگەن باشلىق. ئۇنىڭ قاشلىرى تىك بولۇپ كەتتى. كۆزى تېخىمۇ يوغىنىدى. يېنىچە بولۇپ كامىلغا ئەجەبلەنگەن ھالدا قارىدى.

— ئەزىزوپ ئاكا، نۇرغۇن ئوي ـ خىياللاردىن كېيىن بۇيۈك مەقسەتلەر ئاساسىدا بۇ قارارغا كەلدىم، بۇنىڭ پايدىسىنى سىزگە چۈشەندۈرىمەن دەپ ئولتۇرسام، بەك سەت بولىدىغاندەك قىلىدۇ.

— كامىل، سېنىڭچە بۇ ئىشنى شۇنداق قىلساق پايدىلىق بولىدۇ دېمەكچىمۇ سەن، مەن ھازىر نېمە دېيىشىمنى تازا ئۇقالمايۋاتىمەن، ساڭا شۇنىلا ئۇقتۇرۇپ قوياي، سېنىڭ بۇ يىغىنغا بېرىشىڭنى بىر قېتىملىق جەڭ بىلەن شۇنداق مۇشكۇلدە قولغا كەلتۇرگەن، بۇنىڭغا تۆلىگەن بەدەلنى ئاز دېگىلى بولمايدۇ. سېنىڭ گېئولوگىيە ساھەسىدىكى مەملىكەت ئىچىدىكى نوپۇزىڭنىڭ ئۇستۇنلۇكى چوڭ ئاساس بولدى.

— ئەزىزوپ ئاكا، مانا ئۆزىڭىزمۇ بۇ ھەقىقەتنى ئوتتۇرىغا قويدىڭىز، بۇنداق مۇقەددەس ئىشنى قولغا كەلتۇرۇش ئۇچۇن بىلىم بولسا، قابىلىيەت بولسىلا بولمايدۇ، ئۇنى باشقىلارغا تونۇتۇش، ئېتىراپ قىلدۇرۇش لازىم، سىز دېگەن نوپۇز مانا شۇ، شۇڭا مەن بىرلا ئادەمنىڭ ئەمەس، ئون، يىگىرمە، ھەتتا يۈز، بىرقانچە يۈز ئادەمنىڭ نوپۇزىنى تىكلەش لازىم دەپ قارايمەن. بۇ يىغىن ياخشى پۇرسەت، مەسئۇدنىڭ بىلىمىمۇ، قابىلىيىتىمۇ بار، تىرىشچان، ئىرادىلىك يىگىت، ئۇ بۇ قېتىمقى ۋەزىپىنى مېنىڭدىنمۇ ياخشى ئورۇنلاپ كېلىدۇ.

— ئىشەنچىڭ بارمۇ؟ — دېدى باشلىق بىر قارارغا كەلگەندەك.

— ئىشىنىمەن كامىل، ئىشەنچىممۇ كامىل.

— مەن قوشۇلدۇم، ئۆز پىلانىڭ بويىچە تەييارلىقلا كىرىشتۇرۇڭ، ئەمدىكى بوران ـ چاپقۇنغا مانا مەن تەييار.

— رەھمەت باشلىق، ئىشەنچىمىزگە لايىق سىز جۇمۇ ئەزىزوپ ئاكا.

— تولا ئۇچۇرما، مېنىڭ مۇشۇ يەرنى، زېمىننى دەسسەپ تۇرغىنىم ياخشى، ھاۋادا تىك موللاق تورۇپ قالماي جۇمۇ.

— ياق، ياق، مېنىڭ سۆزۈمدە ئۇنداق پۇراق يوق، مېنىڭ

خاراكتېرىمنى بىلمىسىزغۇ، ئۇنداق ئادىتىممۇ يوق، مەن سىزنى ئاخىرىغىچە قوللاپ بېرىڭ دېمەكچىمەن.

— ئۇنىڭدا گەپ يوق، ئۇكام، ھازىرچە نەقنى نەق كۆرۈپ تۇرايلى، بۇ ئىش ھەققىدە باشقا تەلەپلىرىڭلار بارمۇ؟ — دەپ سورىدى باشلىق.

— شەرت قويۇش بىزنىڭ ئادىتىمىز ئەمەسلىكىنى بىلىسىزغۇ، بىزمۇ تىرىك جان بولغاندىكىن ئۆز ئىشىمىزنى ئۆزىمىز ھەل قىلمايمىزمۇ، — بۇ سۆز بىلەن ھەر ئىككىسى تەڭلا كۈلۈشتى.

### 3

كامىل مەسئۇدنىڭ خەلقئارالىق گېئولوگىيە قېدىرىش ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا بېرىشىنىڭ جەريانىنى چۈشەندۈرگەندە ئەترەت ئەزالىرى ھاڭ ـ تاڭ قالدى، ھاياجانلاندى، كامىل سۆزىنى تۈگەتكەن بولسىمۇ ھېچكىم بىرەر ئىنكاس قايتۇرمىدى. بۇنىڭ سەۋەبى نېمە دېيىشنى بىلەلمىگەنلىكىتىن ئەمەس، كۆڭۈل دولقۇنلىرىنى باسالماسلىقتىن بولۇۋاتقىنى شۈبھىسىز ئىدى. ئىشخانا جىمجىتلىقتا چۆمدى، ھەممە كۆزلەردىن ئۈمىد ـ ئىشەنچ نۇرلىرى چاقناپ تۇراتتى، لەۋلەر تەبەسسۇمدا ئېچىلىشقا باشلىغان گۈلگە ئوخشاپ قالدى. كامىلمۇ ھاياجان ئىلكىدە ئولتۇراتتى. يەنىلا ئەركىن چاقچاق چىقتى، ئۇ بۇگۈنمۇ قېتىپ ياسىنىۋالغان، بولۇپمۇ بويىنىدىكى گالستۇكى ئۇنىڭغا بەكمۇ ياراشقانىدى.

— بۇ كارامەت خاسىيەتلىك ئىش بوپتۇ، ئۇيغۇر دوپپىسى كىيگەن بىر يىگىتنىڭ دۇنيانىڭ تىكىلگەن كۆزلىرى ئالدىدا نامايان بولۇشى قالتىس ئۇلۇغ ئىش ئاغىنىلەر. يەنە كېلىپ ئۇنىڭ تەبىئىي پەن بىلەن قاناتلىنىپ پەرۋاز قىلىشى بۇنىڭ

قىممىتىنى تېخىمۇ ئاشۇرىدۇ، يارايىسەن كامىل، سېنىڭ بىزگە يېتەكچىلىك قىلىشىڭ بىلەن پەخىرلىنىمىز، قارارىڭغا تامامەن قوشۇلىمەن.

— قوشۇلىمىز ... قوشۇلىمىز، بولدى، گەپنى ئۇزارتما ئەركىن، — دېگەن ياڭراق ئاۋازلار بىلەن ئەركىننىڭ سۆزى ئۈزۈلدى.

كامىل سۆزلىنىدىغان تېمىنى كەسپداشلىرىغا ئىنچىكىلىك بىلەن تەپسىلىي چۈشەندۈردى. ئۇنىڭ ئىلمىي بولۇشىغا قەتئىي كاپالەتلىك قىلىشنى ئالاھىدە تەكىتلىدى. يېڭى قاراشلارنىڭ ئوچۇق قويۇلۇشى بىلەن دەلىل - ئىسپاتلىرىنىڭ ئىلمىي شەرھلىنىشى قاتارلىق قەتئىي ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك شەرتلەرنى بىر - بىرلەپ ئوقۇتۇردى. مەسئۇدنىڭ بۇ ئىلمىي ماقالىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك، سۈپەتلىك يېزىپ چىقىشى ئۈچۈن، بۇ تېمىنى ئەترەتنىڭ پۈتۈن ئەزالىرى ئۈچ كۈن مۇھاكىمە قىلىشنى ئوقتۇردى.

رىزۋانگۈلگە بولغان مۇناسىۋىتىدە مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ، روھىي دۇنياسىدا ئېغىر داۋالغۇش، چايقىلىش، بېسىلىش تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقىۋاتقان مەسئۇدقا بۇ ئىش بىر تەرەپتىن مەنىۋى ئارامىلىق بەخش قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ ئازاب، قىينىلىشلىرىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇۋەتتى. مەسئۇد رىزۋانگۈلنى چۈشىنىشتە يەمىنىڭ قىسقىلىق قىلىپ، يەڭگىللىك قىلغانلىقىغا قاتتىق پۇشايمان تېشى ئاستىدا پۇچۇلاندى. قىزنىڭ دوستلۇق ۋە خىزمەتداشلىق تۇيغۇسىدىكى مۇئامىلىسىنى قانداق قىلىپ باشقىچە ھېس قىلىۋالدىكىن! ئۇ ئۆزىنىڭ ۋۇجۇدىنى ئىگىلىگەن مۇھەببەت تۇيغۇسىنىڭ ۋەسۋەسىسىدە ئىنتىلىش، ئىزدىنىش تەقەززاسىدا قىزنىڭ قاراشلىرى، تەبەسسۇملىرى، سۆزلىرى ۋە مۇئامىلىسىدىكى دوستلۇق ئىپادىلىرىنى سۆيگۈ بېشارىتى دەپ خاتا تونۇۋالغان. شۇنىڭغا قارىغاندا مەسئۇد قىزلار دۇنياسىنى چۈشىنىشتە تېخى يېتىلمىگەن ياكى قىزلار دۇنياسى

شۇنچە مۇرەككەپ، بىلىش ئاسان ئەمەس.

مەسئۇد مۇشۇ بىرقانچە ئايدىن بېرى نۇرغۇن زىددىيەتلىك ئوي ـ خىياللار ئىچىدە ياشىدى. قىممەتلىك ۋاقىتلىرىنىڭ كۆپ قىسمىنى، شېرىن ئۇيقۇلىرىنى چىگىچ خىياللارنى باشقا ئېلىپ چىقالماي قۇربان قىلىۋەتتى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئاز بەدەل تۆلىمىدى. مەسئۇد پۈتۈن كۈچى بىلەن ھېسسىياتىنى ئەقىل بىلەن بېسىش، رومانتىك تۈس ئالغان ھېسسىياتىنى ئالدىدا تىكلىنىپ تۇرغان رېئاللىق بىلەن ئىنكار قىلىش ئۈچۈن سەرپ قىلدى. ئۆزىنى پەسكويغا چۈشۈرۈپ، نورمال ھالەتكە كېلىۋېلىش ئۈچۈن ئاساسلارنى تېپىپ، ئۆز ـ ئۆزىنى رەت قىلدى. ئادەملەر ئىجتىمائىي جەمئىيەتتە قانۇن، سىياسەت، ئەخلاق، ئادەت كۈچلىرىنىڭ ئالدىدا ئۆز ئەركىنلىكىنى چەكلەپ ياشاشقا مەجبۇر بولىسىمۇ، روھىي، مەنىۋى ھاياتتا ئۇنداق مەجبۇرىيەتنى قوبۇل قىلمايدۇ. ئادەمنىڭ قانداق خىياللارنى قىلىشىنى ھېچكىم ۋە ھېچنېمە چەكلىمەيدۇ، روھ ... ھەتتا قۇدرەتلىك دەپ ئاتالغان ماكان، زامانمۇ بۇنى ئۆزىگە بويسۇندۇرالمايدۇ. ئۇ شۇ تەننىڭ ئىختىيارىدىن باشقا ھېچكىم ۋە ھېچ نەرسىنىڭ بۇيرۇقىنى ئاڭلىمايدۇ، خاھىش، ئىنتىلىشلىرىغا باقمايدۇ. نېمىنى خالىسا، شۇنى قىلىشقا قادىر، ئۇنىڭغا شۇ قەلبلا ھۆكۈمران، شۇ تەنلا ئىگە. مۇھەببەت، سۆيگۈ بولسا، تېخىمۇ شۇنداق، ئۇ شەخسنىڭ ساپ ئۆز ئىلكىدىكى مەنىۋى مۈلۈك، ئىنتايىن نازۇك، نەپىس مەنىۋى مەھسۇلات، ئۇنى كىمگە تەقدىم قىلىش شۇ شەخسنىڭ تامامەن ئىختىيارىدىكى ئىش. بۇ بولسا ئىنسان ھوقۇقى، ئىنسان ئەركىنلىكى ۋە ئىنسانىيەتنىڭ خاسلىقى. مۇھەببەت، سۆيگۈنى سەممىي تەقدىم قىلغىلى، خالىس، تەمەسىز ئاتىغىلى بولىدۇ. زورلاپ ئېلىۋالغىلى، ئالداپ قولغا كىرگۈزگىلى، تىلەپ ئالغىلى، خەيرخاھلىق قوزغاپ ئېرىشكىلى، تەڭمۇتەڭ ئالماشتۇرغىلى بولمايدۇ. ئۇنى ئارىيەتكە بەرگىلى، ئۆتنۈپ بەرگىلى، تۇيدۇرماي ئېلىۋالغىلى تېخىمۇ

بولمايدۇ. بۇ پەقەت مەنپەئەتپەرەسلىكتىن تامامەن خالىي بولغان ئىختىيارلىق بىلەن تەقدىم قىلىنىدۇ. بۇلارنى مەسئۇد بىلەتتى. شۇڭا رىزۋانگۈلنىڭ ئۆزىنىڭ قەلبىنى رەت قىلىشىنى، تەقدىم قىلىغان سۆيگۈسىنى قوبۇل قىلماسلىقىنى قىزنىڭ ئۆز ئەركىنلىكىنى قوغدىغانلىق، بۇنىڭدىن رەنجىشنىڭ ئورنى يوق، ئەيىبلەشكە ھېچكىمنىڭ ھەققى يوق، دەپ قارىدى. قىزنىڭ ئۆز قەلبىنىڭ ھۆكمى بىلەن خالىغان ئادىمىگە ئۆزىنى تەقدىم قىلىشى ئۇنىڭدىكى نۇقسان ياكى ئەيىب دەپ باھا بېرىشكە پېتىنغان ئادەمنى بەك چاكىنا، تۇترۇقسىز دەپ قارىدى. شۇڭا مەسئۇد رىزۋانگۈلدىن رەنجىمىدى، ئۇنى ئەيىبلىمىدى، باشقىچە خىياللاردىمۇ بولمىدى. پەقەت ئازابلاندى، خالاس. بۇ دۇنياغا كەلگەن ھەرقانداق ئادەمنى بەختلىك ياشاپ ھايات سەپىرىنى تاماملاشنى ئارزۇ قىلىدۇ. مەسئۇدنىڭ قارىشىچە ئادەمنىڭ بەختى ئىككى تەرەپتىن بولىدۇ، ئۇنىڭ بىرى ئىجتىمائىي بەخت، يەنى جەمئىيەت ئالدىدىكى ئىنسانلىق بۇرچىنى ئادا قىلىپ، ئەقىل ـ ئىدرىكى، ئەمگىكى بىلەن ئالغىنىدىن كۆپرەك تەقدىم قىلىش، شۇ ئارقىلىق ئۆز ھاياتىنىڭ قىممىتىنى ئاشۇرۇشىدىن كەلگەن مەنىۋى قانائەت، يەنە بىرسى مۇھەببەت ـ سۆيگۈدىن كېلىدىغان ئائىلىۋى بەخت. بۇ ئىككىسى تەل بولسا، ئۇ ئادەم تولۇق بەختلىك بولغان بولىدۇ، بىرەرسى كەم بولسا، بۇ بەخت ھەر ھالدا تەلتۆكۈس بەخت ئەمەس. لېكىن دۇنيادا قانچىلىك ئادەم تولۇق بەختكە ئېرىشىپ ياشاۋاتىدۇ! ؟ ئەلۋەتتە، بۇنى بىلىش تەس، شۇنىڭغا قارىماي ئېيتىشقا بولىدۇكى، ھەر ئىككى تەرەپتىن بەختكە ئېرىشىپ دۇنيادىن ئۆتىدىغان ئادەمنىڭ سانى كۆپ ئەمەس ...

ئىنسانىيەت ئالىمىنىڭ كىچىك بىر ھۈجەيرىسى بولغان ئائىلىلەرنىڭ ھەممىسى ئەر ـ خوتۇننىڭ بىردەك مۇھەببىتى ئۈستىگە قۇرۇلۇشى ناتايىن. يىگىتنىڭ مۇھەببىتى بىلەن قىزنىڭ ئامالسىزلىقى، خەيرخاھلىقى، پۇلى، ئەمەلىي رەنجىشتىن

كېلىپ چىققان ھەممىگە ئوخشاش دېگەن تەۋەككۈلچىلىكى قاتارلىقلار ۋە باشقىلار ئۈستىگە، قىزنىڭ مۇھەببىتى يىگىتنىڭ شەكىل گۈزەللىكىنى قوغلىشىشى، بىرەر يوشۇرۇن مەقسەتنىڭ ئورۇنلىنىش تەمەسى، بىر مەزگىللىك جىسمانىي ھۇزۇر نەپسى ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ. ئىنسانلار دۇنياسى ئەنە شۇنداق قوشۇلۇشتىكى ئائىلىلەرنىڭ ئارىلىشىپ جايلىشىشىدىن تەشكىل تاپقان، قارىغاندا مەسئۇد كېيىنكى خىلنىڭ بىرىدە بولۇپ، بۇ توپقا قوشۇلىدىغاندەك قىلىدۇ.

مەسئۇد خېلى كۆپ قىزلار بىلەن تونۇشۇپ، ئارىلىشىپ ئۆتكەن، ئۇلارنىڭ ئىچىدە خېلى يېقىن ئۆتكەنلەرمۇ بار. ئېنىق ئېيتىمىسىمۇ ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن مەسئۇدقا ئۆز قەلبىدىكىنى بىلدۈرگەن بىر قانچىسىمۇ چىققان، بۇلارنى ئۇ بىلىپ تۇرسىمۇ، نېمىشقىدۇر ئىپادە بىلدۈرمىگەنىدى. بۇنىڭ سەۋەبىنى مەسئۇد ئۇ چاغلاردا بىلمەيتتى، ھازىر بولسا، ئۇ خىلمۇ خىل خىياللارنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى، ئاخىر تەقدىر مېنى مۇشۇنداق مەسخىرە قىلىش ئۈچۈن شۇنداق قىلغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىدى، كۆڭلى يېرىم بولدى. ئاشۇ قىزلارنىڭ قايسىبىرىگە مۇھەببەت ئىزھار قىلسا، ئۇ قوبۇل قىلاتتى، جان دەپ رازى بولاتتى. ئەنە شۇنداق قىزلاردىن بىرى ھازىرغىچە مەسئۇدتىن ئۈمىدىنى ئۈزمىدى، بىر يېرىم يىلدىن بېرى ئۇنى داۋاملىق ئىزدەپ كېلىدۇ. ھېچقانداق تەمتىرىمەستىن مەردانە ھالدا ئىشخانىغا كىرىدۇ. ئىنگلىز تىلى ئوقۇتقۇچىسى ئاينۇر مەسئۇدنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتى، مەسئۇدنىڭ تازا قىزغىن بولمىغان مۇئامىلىسى، كەمدىن ـ كەم ئىزدەپ بېرىشلىرى قىزنىڭ كۆڭلىنى قايتۇرالمىدى. ئىرادىسىنى تەۋرىتەلمىدى. ئۇ ئۆز قەلبىنىڭ مەسئۇدقا باغلىنىشى تەبىئىيدەك، بۇنىڭ ئۆزگىمۇ، مەسئۇدقىمۇ بەخت ئېلىپ كېلىشىگە شەكسىز ئىشىنىدىغاندەك قىلاتتى. ئۇ ئۆز بەختى، كېلەچىكى، تەقدىرى ئۈچۈن ئۆز يولىدا قەتئىي تەۋرەنمەس ئىرادە تىكلىگەن بولۇشى

مۇمكىن. شۇڭا ئاينۇر ئۆز قەلبىنى، يۈرىكىدىكى سۆيگۈ ـ مۇھەببىتىنى مەسئۇدقا بىلدۈرۈشكە، يىگىتنىڭ قەلبىدىكى ئۆزىگە تەۋە بولغان سۆيگۈنى قولغا كەلتۈرۈشكە شۈبھىلەنمەيتتى. مۇشۇ قېتىمقى قىدىرىپ تەكشۈرۈشكە چىقىشتىمۇ ئاينۇر بۇرۇنقىغا ئوخشاشلا مەسئۇد بىلەن خوشلىشىشقا كەلدى. ياتاقتا ئۇزاق مۇڭداشتى. قىز تەشەببۇسكارلىق بىلەن يىگىتنى كوچا سەيلىسىگە ئېلىپ چىقتى. ئۇ چىرايلىق كىيىنگەن، دىت بىلەن ياسانغان، ئۇنىڭدىن يىگىتلەرنىڭ قەلبىنى غىدىقلايدىغان، يۈرىكىنى ئويىنىتىپ، قانلىرىنى دولقۇنلىتىدىغان، ئاياللارغا خاس شېرىنلىك پۇراپ تۇراتتى، ئوتلۇق كۆزلىرىدىن شادلىق ـ پەخىرلىنىش نۇرلىرى ئۇچقۇنلاپ تۇراتتى. ئاينۇر ھەقىقەتەن گۈزەل قىز، ئۇنىڭ كۆزلىرى ئويناپ تۇرىدۇ، تېرىسى سۈزۈك، قاشلىرى ئىنچىكە، قوڭۇر چاچلىرى قويۇق، لەۋلىرى تەبىئىي گىرىم قىلىنغاندەك تۇرىدىغان، پىگورىسى بەكمۇ كېلىشكەن قىز. ئېلېكتىر نۇرى ئالىچىپار يورۇتۇپ تۇرغان پىيادىلەر يولىدا مەسئۇدنى چىڭ قولتۇقلاپ كېتىۋاتقان ئاينۇر توختىماي سۆزلەيتتى.

— كەم سۆزلىكىڭىز سىزنى سالاپەتلىك كۆرسىتىپ، ئۆزىڭىزگە بەك يارىشىدىكەن. ئاندا ـ ساندا قىلغان سۆزلىرىڭىز ئادەمنى تۈگىمەس خىياللارغا سۆرەپ كىرىدۇ، ئۇنىڭ تېگىگە يېتىش ئاسان ئەمەس. بىرەر گەپنىمۇ ئوچۇق ـ ئاشكارا ئېيتمايسىز، خۇددى تېپىشماق ئېيتقاندەك ئىش قىلىسىز. سىزنىڭچە ھەممە سۆزنى شۇنداق قىلىش كېرەكمۇ؟ ئەتە يولغا چىقىسىز، قانچە ئايلاردىن كېيىن كېلىسىز، مەن بىلمەيمەن. مېنىڭ بىلەن سۆزلىشىدىغان، ماڭا ئېيتىدىغان سۆزلىرىم يوق دەپ ئېيتالامسىز؟ — قىزنىڭ سۆزىدە سەل قېيىداش، ئاغرىنىش پۇرىقى بار ئىدى، لېكىن ئۇنىڭ چىرايى كۈلۈپ تۇراتتى، لەۋلىرىدە تەبەسسۇم بار ئىدى. مەسئۇد گەپ قىلمىدى. ئارىغا جىمجىتلىق چۈشتى. مەسئۇد قىزنىڭ نېمە خالاۋاتقىنىنى

بىلەتتى، چىن كۆڭلىدىن ياخشى كۆرۈپ قالغان قىز قولتۇقلىشىپ كېتىۋاتقان يىگىتتىن مانا مۇشۇنداق كۆڭۈللۈك كوچا سەيلىسىدە نېمىنىدۇر كۈتەتتى. يۈرىكى بىلىپ تۇرسىمۇ، ئۇنىڭ ئاغزىدىن ئېنىق جاۋابىنى كۈتىدىغىنى ئايان ئىدى. مەسئۇد ئاينۇرنىڭ ئۆزىگە بولغان مۇھەببىتىنىڭ سەمىمىي، ھەقىقىيلىكىگە شۈبھىلەنمەيتتى. ئۆزىنىڭمۇ بۇ قىزغا مەيلىنىڭ بارلىقىنى ئىنكار قىلمايتتى، لېكىن ھازىرغىچە ئاينۇرنىڭ كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلالمىدى، ئوچۇق - ئاشكارىسىنى ئېيتىپ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى تىندۇرمىدى. بۇنىڭ سەۋەبىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. ئاينۇرنىڭ گۈزەل، چىرايلىقلىقىغا ھېسسىياتچانلىقى قوشۇلۇپ، نامايان بولغان شوخلۇقى مەسئۇدنى ئارىسالدى قىلىپ قويۇۋاتامدۇ ياكى باشقا بىرەر سىر بارمۇ، بۇنى بىلىپ بولمايتتى.

— ئاينۇر، مېنىڭ كەم سۆزلىكىم تازا چېچەن ئەمەسلىكىمدىن بولسا كېرەك، مەن خېلى ئىشلارنى دەل ۋاقتىدا ئەمەس، ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن ھېس قىلىمەن، دائىم باشقىلارنىڭ كەينىدە قالىمەن، بولۇپمۇ ھېسسىياتقا تەئەللۇق ئىشلاردا تېخىمۇ شۇنداق. بەلكى سىزمۇ ماڭا شۇنداق قارايدىغانسىز.

— سىز مېنى زاڭلىق قىلىپ، كەمسىتىۋاتامسىز نېمە يىگىت، مەن ئۇنداق يۈزەكى گەپلەرگە گول بولۇپ قالىدىغانلاردىن ئەمەس، مېنىڭ ئىنگلىز تىلى ئوقۇتقۇچىسى ئىكەنلىكىمنى ئۇنتۇپ قالماڭ. ياۋروپا رومانلىرىنى ئوقۇيمەن جۇمۇ، ئۇ رومانلاردىكى قىزلاردىن ھەر ھالدا ئۈلگە ئالغۇچىلىكىم بار، — ئاينۇرنىڭ بۇ سۆزى مەسئۇدقا تەسىر قىلدى، ئۇ جەينىكى بىلەن قىزنىڭ بىقىنىغا يېنىك - يېنىك نوقۇپ قويدى، قىزمۇ مۈرىسى بىلەن ئۇنى نوقىدى. ئۇلار ئىككىسى بىر - بىرى بىلەن شۇ تەرىقىدە سىپايە چېقىشىپ، قىزنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالدى. ئۇلار بىر پەس جىم

تۇرۇپ قىلىشتى، قىز يىگىتتىن گەپ كۈتەتتى، مەسئۇدنىڭ نىمە كۈتۈۋاتقىنىنى بىلىپ بولمايتتى.

— خەير - خوش ئاينۇر، — دېدى مەسئۇد ئۇنىڭغا تىخىمۇ يېقىن كېلىپ، بىرىپ تاغ - دالالارنىڭ ساداسىنى ئاڭلاپ باقاي. كەلگىچە ئامان بولۇڭ. — ئۇ ئالىقىنىنى قىزنىڭ ئوتتەك قىزىق مەڭزىگە يېقىپ قويدى، ئاينۇر يىگىتنىڭ پەسكە ساڭگىلاپ تۇرغان قولىنى تۇتۇپ، چىڭ سىقىپ قويدى.

مەسئۇد ئۆزىمۇ بىلمىگەن بىر كۈچنىڭ زورىدا رىزۋانگۈلگە مۇھەببەت ئىزھار قىلىپ، رەت قىلىشقا ئۈچرىدى. شۇ كۈنىدىن باشلاپ رىزۋانگۈلدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈردى، ئۇنىڭ بىلەن كۆپ ئۇچراشمايدىغان، كەمدىن - كەم يالغۇز تۇرۇپ سۆزلىشىدىغان بولۇپ قالدى. رىزۋانگۈلنىڭ كامىلغا كۆڭلى بار ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، مەسئۇدنىڭ بىئاراملىقى چېكىگە يەتتى، دېمى ئىچىگە چۈشۈپ تېخىمۇ كەم سۆز بولۇپ كەتتى. ئۆزىنىڭ پەمسىزلىكىگە بولغان ئۆكۈنۈشى ھەسسىلەپ ئاشتى. بۇ سەتچىلىك ئۇنىڭ قەلبىنى ئېغىر تاشتەك باستى. يۈرىكىنى ئامبۇردەك قىسىپ ئازابلىدى. مەسئۇد كامىلغا چوقۇناتتى، ئۇنى ئۆز ۋاقتىدىكى ئوقۇتقۇچىلىرىدىنمۇ ئارتۇق ھۆرمەت قىلاتتى. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئالتە ياش پەرق بولسىمۇ، مەسئۇدنىڭ نەزەرىدە كامىل مېھرىبان يېتەكچى، قابىلىيەتلىك رەھبەر، ئىلىم - پەننىڭ پەرۋانىسى ئىدى. بۇلارلا ئەمەس، مەسئۇدنىڭ چوقۇنۇشى كامىلنىڭ مۇكەممەل ئىنسانلىقىدا ئىدى. ئۇنىڭ پەزىلىتى، ئېتىقادى، غايىلىرى، ئىرادىسى، مىجەز - خۇلقى مەسئۇدقا بەكمۇ ياقاتتى، ئۇنى ئۇستاز، ئۆزىنىڭ ئۈلگىسى دەپ قارايتتى. كامىلنىڭ ئۆزىنى ئەڭ سادىق، سەممىمىي دوستى دەپ قارايدىغانلىقىدىن پەخىرلىنەتتى، بىر خىل غۇرۇر تۇيغۇسىدا مەغرۇر يۈرەتتى. كامىلنى ياخشى كۆرۈپ قالغان قىزغا چاڭگال سېلىش مەسئۇدنىڭ كۆڭلىنى بەكمۇ پاراكەندە قىلدى، ئۆز - ئۆزىنى ئەيىبلەش، خورلىنىش تۇيغۇسى ئۇنىڭ يۈرىكىنى

قۇرتتەك غاجاپ، لازا سەپكەندەك ئېچىشتۇردى. كامىلنىڭ چىرايىغا تىك قارىيالمايدىغان بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ كامىلنىڭ نېمىلەرنى ئويلاۋاتقىنىنى بىلگۈسى كېلەتتى. ئۇ ئۇنىڭدىن خۇدۇكسىنىپ يۈردى. «بەلكىم كامىلنىڭ ماڭا بولغان قاراشلىرى ئۆزگەرگەن، ئىشەنچىسىنى يوقاتقان بولۇشى مۇمكىن، مېنى تۇترۇقسىز، چاكىنا تەبىئەتلىك دەپ باھالاۋاتقاندۇ. ئاغزىدا ئەۋلىيادەك سۆزلىگەن بىلەن قورسىقىدا جىن ـ ئالۋاستى قاترايدىغان بىر نېمىكەن دەپ قالغاندۇ!» مەسئۇدنىڭ خىياللىرى تەرەپ ـ تەرەپكە ئۇچ تارتقانچە ئۇ يالغۇزلۇق، تەنھالىق ھېس قىلىپ، يېتىمسىرىدى، قىسىلدى. ئەترەتنىڭ بۇرۇنقى ئازادىلىكى ئەمدى ئۇنىڭ ئۈچۈن يوقالغان، ئىللىقلىقى بىر خىل سوغۇقلۇققا ئايلانغان. ئۇ ئۆزىنى قىسىلىپ تۇرغاندەك ھېس قىلاتتى. ئەركىنلىكىدىن مەھرۇم قېلىپ، پۇت ـ قولى باغلانغان، ئاغزى قۇلۇپلانغاندەك بىلىنىپ ئازابلاندى. مەسئۇد بۇ ئازابتىن قۇتۇلۇشنىڭ بىردىنبىر يولى ئەترەتتىن يۆتكىلىپ كېتىش، ئۇلارنى، بولۇپمۇ كامىل بىلەن رىزۋانگۇلنى ئەبەدىي كۆرمەسلىك، بۇنىڭدىن باشقا ئەپلىكرەك چارە يوق، دەپ كۆڭلىگە پۈكتى. لېكىن، مەسئۇد ئەترەتتىن ئايرىلىشنىڭ ئاسان ئەمەسلىكىنى بىلەتتى، چۈنكى كۆڭلى خالىمايتتى، ئۆزى ئۈچۈن مۇشۇ كوللېكتىپتىن كۆڭۈللۈك، ئەھمىيەتلىك ئورۇننىڭ بولۇشىغا ئىشەنمەيتتى. ئۇنىڭ قانىتى مۇشۇ يەردە يېتىلگەن، ۋايىغا يېتىشكە باشلىغان، ھاياتىنىڭ قىممىتى مۇشۇ يەردە ئۆز قەدىر ـ قىممىتىنى تاپقان، ئۇنىڭ خىزمەتداشلىرىدىن ئارتۇق يېقىن ئادەم، كامىلدەك باشلىق نەدىن تېپىلىدۇ؟ مەسئۇد بۇلاردىن مېھرىنى ئۈزەلمەيدۇ، ئۇلارنى تاشلاپ نەگە كېتىدۇ؟ بىر تەرەپتە ئوت، بىر تەرەپتە سۇ دېگەن مانا مۇشۇ، سۇغا سەكرەش كېرەكمۇ، ئوتقا كىرىش كېرەكمۇ؟ ھازىرقى رېئاللىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن كۆيۈپ كۈل بولۇپ كېتىدىغان ئىش بولسىمۇ، ئوتقا كىرىشكە تەۋەككۇل قىلىش كېرەك. مەسئۇد مۇشۇنداق

ئىرادە بىلەن بىر كېچە ئولتۇرۇپ ئىككى بەتلىك يۈتكىلىش ئىلتىماسىنى ئاران يېزىپ بولدى. لېكىن يىگىرمە كۈندىن بېرى ئۇ ئىلتىماس ئۇنىڭ قويۇن يانچۇقىدا تۆت پۈكلەكلىك تۇرۇپتۇ، ئۇنى كامىلنىڭ ئالدىغا ئەكىرىپ بېرىشكە ئۇنىڭدا جۈرئەت كەملىك قىلىدۇ، بىر خىل ئىچكى ئازاب يول بەرمەيدۇ، بىر خىل سۈرلۈك ۋەھىمىنىڭ سايىسى ئۇنى چۆچۈتىدۇ. مەسئۇد ئىلتىماسنى سۇنۇشنى ئويلىسا سۈر باسىدۇ، كۆڭلىگە قورقۇنچ چۈشىدۇ، يۈرىكى سىلىپ تېنىگە تىترەك ئولىشىدۇ. ھايات - ماماتىغا مۇناسىۋەتلىك بەكمۇ قىممەتلىك نەرسىدىن ئايرىلىپ قېلىش ۋەھىمىسى ئۇنى زىلزىلىگە سالىدۇ. مانا مۇشۇنداق روھىي ئازاب ئىچىدە كۈنلەر بىر - بىرىگە ئۇلىشىپ ئۆتىۋەردى. مانا، مەسئۇدنىڭ خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا بېرىشىنى بەلگىلەش، ئېنىقى، ئۆز بېشىغا قونغان بەخت قۇشىنى كامىلنىڭ مەسئۇدنىڭ بېشىغا قوندۇرۇپ قويۇشى مەسئۇدنى پۈتۈنلەي گاڭگىرىتىپ، روھىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىپ قويدى. ئۇ ئىچ - ئىچىدىن ئۆرلەۋاتقان يىغىسىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن بېسىپ ئولتۇردى، كۆز ياشلىرى قەلبىگە قۇيۇلۇپ، ئۇ يەردىكى چاڭ - توزانلارنى يۇيدى.

مەسئۇد شۇ كۈنى كەچكىچە بىر ئېغىز سۆزمۇ قىلمىدى، لېكىن ئىچىدە يۈرەك سۆزلىرىنى كامىلغا، خىزمەتداشلىرىغا ئاۋازسىز تەكرارلىدى. كەچقۇرۇن ياتىقىغا كىرىپ، تۆش يانچۇقىدىكى ئىلتىماسنى چىقىرىپ يايدى، ئاندىن بىر ئۇچىدىن تۇتۇپ ساڭگىلاتتى. سەرەڭگىنى چېقىپ، ئاستىنقى بۇرجىكىگە ياقتى، پەقەت قولى كۆيگەندىن كېيىنلا تاشلىۋەتتى.

# ئون ئىككىنچى باب

## 1

دىت بىلەن سەرەمجانلاشتۇرۇلغان ياتاق سۈتتەك يورۇق. قىزلارغىلا خاس بولغان شېرىن بىر ھىد دىماقنى غىدىقلايدۇ. ئۇنىئالغۇدىن تۆۋەن ئاۋازدا يېقىملىق ناخشا ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ. چۈشتىن كېيىندىن باشلاپ ياغقان قار بارغانسېرى ئەدەپ كەتتى. شامالسىز جىمجىت لەپىلدەپ ياغقان قار شەھەرنى ئاقشا چۈمكىگەن. ئايسىز تۈن بوشلۇقىدا بىر خىل سۈزۈكلۈك بار ئىدى.

تولغان بەدىنىنى قىسىپ تۇرىدىغان پوپايكا كىيگەن، چاچلىرىنى يەلكىسىگە قويۇپ بەرگەن بىر جۈپ قىز — رىزۋانگۈل بىلەن راملە يانمۇيان قويۇلغان بىر كىشىلىك كىرېسلودا ئۆزلىرىنى تاشلاپ ئولتۇرۇپ مۇڭداشماقتا:

— بىز ھەقىقەتەن تەلەيلىك ئىكەنمىز، — دېدى راملە دوستىغا، — خىزمەت ئورنىمىز نېمىدېگەن كۆڭۈللۈك، خىزمەتداشلارنىڭ ياخشىلىقىچۇ. ئۇلارنىڭ قاراشلىرى كەڭ، تۇرمۇش ھەققىدىكى تونۇشلىرىمۇ ئىلمىي.

— ئىككىمىزنىڭ ھېسسىياتى ئوخشاش ئىكەن، مەن كۆپ ۋاقىتلاردا بۇ يەرنى ئۆز يۇرتىمىز بىلەن سېلىشتۇرىمەن. نېمىدېگەن چوڭ پەرق، تۇرمۇشىلا ئەمەس، ئادەملەردىكى پەرقچۇ. بىرسى يەردە، بىرسى ئاسماندا، بىرسى توختام سۇدەك تىنىق، بىرسى ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان دەريادەك دولقۇنلۇق، بىرسى شۇنداق سەگەك، شاش، بىرسى مۈگدەۋاتقاندەك گومۇش، يىل -

يىل كېسەل تارتىۋاتقاندەك زەئىپ، — دېدى رىزۋانگۈل خورسىنىپ.
— بۇ بىر خىل كېسەللىك، رىزۋانگۈل، ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا ئۆتۈۋاتقان ئىرسىي كېسەللىك. بۇنىڭ مىكرۇبى يوق، ئۇنۇملۇك دورىسىمۇ يوق. ئۇلارنىڭ پۈتۈن ئەزالىرى تولۇق، بىرەرسىمۇ كەم ئەمەس. تېخى ئۇ ئەزالار بىجىرىم، ھېچقانداق نورمالسىزلىق يوق. كېسەل ئۇلاردا ئەمەس، بۇ فىزىيولوگىيەلىك كېسەلمۇ ئەمەس. پىسخولوگىيەلىك كېسەل، جىسمانىي كېسەل ئەمەس، مەنىۋى كېسەل.
— راملە بۇ قاراشلىرىڭىز رېئاللىققا ئۇيغۇن، — دېدى رىزۋانگۈل قىزغىنلىق بىلەن، — ئۇ نېمىدۇر بىر نەرسىنى چۈشەنگەندەك قىلاتتى، — بەلكى مەنمۇ ئۆز ۋاقتىدا شۇنداق بولغان بولغىيتتىم. ئۇلارنىڭ كۆزقاراشلىرى، مېڭىشلىرى، ھەرىكەتلىرى، ھەتتا سۆزلىرىمۇ باشقىچىلا، نېمىگە قىزىقىدىغانلىقىنى، نېمىگە نەپرەتلىنىدىغانلىقىنى ھەم بىلگىلى بولمايدۇ. ھەممە نەرسىگە پەرقسىز مۇئامىلە قىلىدۇ. خۇشاللىق ئۇلارنى قانغۇدەك كۈلدۈرەلمەيدۇ، خاپىلىق ھېچقانداق ئازابلىمايدۇ، ھەممە نېمىگە پەرۋاسىز مۇئامىلە قىلىدۇ. مېنىڭ ئۇلارغا بەك ئىچىم ئاغرىيدۇ. بىر يەرلىرىم ئېچىشقاندەك بولىدۇ، — رىزۋانگۈل كۆڭلى غەش بولغاندەك سۆزىدىن توختىپ خورسىنىپ قويدى.
— رىزۋانگۈل، بىزمۇ بەلكى بالا ۋاقتىمىزدا شۇنداق كېسەلگە گىرىپتار بولساق كېرەك. چۈنكى بىز مۇشۇنداق تەنلەردىن تۆرەلگەن ـ دە، ھازىر ساقايغاندەك قىلىمىز. بىزنىڭ ئۇ كېسەلنىڭ نېمىلىكىنى بىلگىنىمىز ئۇنىڭ ئىسپاتى. خۇددى ئۆزى يورۇقلۇققا چىققان ئادەم قاراڭغۇلۇقنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغاندەك. بىزگە نېمە شىپا بولىدى؟ ياخشىراق ئويلىساقلا بۇ سىرنى بىلىش قىيىن ئەمەس.
— بۇ شىپا ئىلىم ـ پەن، مائارىپ، راملە، ئىلىم ـ پەن

ئۆگىنىشتىن، — دېدى رىزۋانگۇل. ئۇنىڭ كۆزلىرى ئويناپ كەتتى. نۇرلۇق بىر مەنزىرىنى كۆرگەندەك شادلاندى.

— رىزۋانگۇل بىز بۇ شىپالىق دورىنى ئەمدى بىلىپ يەتتۇق، بىزلا ئەمەس، كۆپ كىشىلەر بىلىپ يەتتى، بىلىۋاتىدۇ.

— بىراق، — دەپ سۆز قىستۇردى رىزۋانگۇل ئەپسۇسلىنىش تەلەپپۇزىدا، — قارىغاندا بەك كېچىكىپتىمىز، بەك كېچىكىپتىمىز.

بىر جۈپ ئالىي مەلۇماتلىق قىز مۇشۇنداق يىلتىزى چوڭقۇر، دائىرىسى كەڭ، قىممىتى يۇكسەك بىر مىللەتنىڭ ئۆتمۇشى ۋە كەلگۈسى تەقدىرىگە، ساپاسىغا چېتىلىدىغان مەسىلىلەر ھەققىدە قىزغىن سۆزلەشتى. رامىلە بالىلارنىڭ ساپاسىنى ياخشىلاش، نەسلىنى ياخشىلاش، سۈپەتلىك تۇغۇش، ئىلمىي ئۇسۇلدا تەربىيەلەپ ساپاغا، مەنىۋى پىسخىك ئالاھىدىلىككە ئىگە قىلىش ھەققىدە ئىلمىي كۆزقاراشلىرىنى زوق بىلەن سۆزلىدى. ئاخىر گەپ تەبىئىي ھالدا ئۆزلىرىنىڭ شەخسىي تۇرمۇشىغا ئۆتتى.

— ئەركىن تولىمۇ بەختلىك ئىكەن جۇمۇ رامىلە، ئۇنىڭ بالىلىرى ئۇ ئىرسىي كېسەلدىن خالاس بولۇپ دۇنياغا كەلسە ـ ھە ... — بۇ سۆز رامىلەنىڭ مەگزىنى ۋىللىدە قىزارتقان بولسىمۇ، كۆڭلى شادلىنىقا تولدى.

— سىزمۇ مېنىڭدىن قېلىشمايسىز، كامىل ئۇنداق مەنىۋى كېسەلدىن تامامەن خالاس بولغان يىگىت، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا زامانىۋى ئىرسىي قۇۋۋەت تولۇپ ـ تېشىپ تۇرىدۇ، سىزمۇ ئۇنىڭدىن قېلىشمايسىز — دېدى كۈلۈپ.

— شۇنداقمۇ ! ؟ — دېدى رىزۋانگۇل ئاددىيلا.

— تولا خۇپسەنلىك قىلماڭ جۇمۇ ئاپپاق قىز، سىزنىڭ يۈرىكىڭىزنى تىترەتكەنمۇ، بىردەم خۇش، بىردەم خاپا قىلغانمۇ، كېچىلىرى ئۇخلاتمىغانمۇ كامىلنىڭ شۇ تەرەپلىرىدۇر. ئېنىق ئېيتسام رىزۋانگۇل، سىزمۇ بوش قىز ئەمەس جۇمۇ، كۆزىڭىز

ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئەڭ يوشۇرۇن نەرسىلەرنىمۇ كۆرۈۋالالايدۇ.

— سىزمۇ بوش ئەمەس، ئەركىننى ...

— ھەئە، مەن يوشۇرمايمەن، ئەركىننى شۇ ئىرسىي ئىللەتتىن خالىي دەپ بىلىپ تۇتقان. بىلىسىزچۇ، قويۇپ بەرمەسلىك ئۈچۈن تۇتقان، ئايرىلماس قىلىپ، باغلىۋالدىمغۇ، — دەۋەتتى راملە رىزۋانگۇلنىڭ سۆزىنى ئۈزۈپ.

— بولدى راملە، چېقىشىشنى قويۇپ نەق گەپكە چۈشەيلى، تويىڭىزنى قاچان قىلىسىز؟

— قاچانلا قىلساق بولىۋېرىدۇ، ھەر ئىككىمىزلا تەمتىرەپ قالىدىغان گۆدەكلەردىن ئەمەس، بىر ئۆينى تۇتساقلا بولىدۇ.

— شۇنداق ئاددىيما؟ !

— بۇنىڭ نېمىسى مۇرەككەپ؟ ئەلمىساقتىن تارتىپ بىر قىز بىلەن بىر يىگىت بىرلىشىپ بىر ئۆينى تۇتىدۇ، بۇنى ئائىلە دەپ ئاتايدۇ، ھەر ئىككىسى شۇ ئائىلە ئۈچۈن باش قاتۇرىدۇ، ئەمگەك قىلىدۇ، ئۇنىڭ ئۈچۈن قايغۇرىدۇ، خۇشاللىنىدۇ، ئۆمرى شۇنىڭ بىلەن ئۆتىدۇ. بۇنىڭ نېمىسى مۇرەككەپ؟ خۇددى قۇشلار ئاڭسىز ئۇۋا ياسىغاندەك، ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا شۇنداق قىلىپ كېلىۋاتىمىزغۇ ... تېبىئىي نۇقتىدىن ئېيتقاندا، بىر قىز بىلەن بىر يىگىتنىڭ بىللە بولۇشى فىزىيولوگىيەلىك ئېھتىياج، بىر تەبىئىي ئەھۋال، ھەممە جانلىقلارغا ئورتاق. مۇھىمى، ھەممىدىن مۇھىمى، رىزۋانگۇل، مەنىۋى ئېھتىياج، بۇنىڭ ھەر ئىككى تەرەپنىڭ روھىي تەلپۈنۈشلىرىگە ماس كېلىشى ئاسان ئەمەس، مەن بۇ قىيىن مۇساپىنى بېسىپ بولدۇم، قالغىنى مېنىڭ ئۈچۈن ئاددىيلا بىر ئىش.

— سىز ئادەمنى ئويغا سالىدىغان، باشنى قاتۇرىدىغان گەپلەرنى قىلدىڭىزغۇ، توي قىلىش قىز بالىنىڭ ئۆمرىدىكى ئەڭ چوڭ ئىشلارنىڭ بىرى، ئۇ ئۆمرىدە بىرلا قىلىدىغان ئىش تۇرسا، ئۇنى شۇنداق ئاددىي ھېسابلىغىلى بولامدۇ؟

— كۆپلىگەن قىزلارنىڭ سەۋەنلىكى دەل شۇ يەردە، رىزۋانگۇل، قىز بالىنىڭ كۆز يېشى، يوشۇرۇن ھەسرەتلىرى، ئۈمۈرلۈك پۇشايمانلىرى ئەنە شۇنىڭدا. ئۈمۈرلۈك قىلىدىغان ئىش توي ئەمەس، بىر - بىرىنىڭ تەلپۈنىشلىرى باغلانغان، ئۇلارنى تامامەن قاندۇرالايدىغان جۈپلەرنىڭ بىر - بىرىنى تاپالىشى، ئۈمۈرلۈك بىرگە بولۇشى. مانا بۇ ھەقىقىي مۇھەببەت، ۋاپادارلىق ئۇستىگە قۇرۇلغان سۆيگۇ، بۇ قىز بالىنىڭ بەختى، تەقدىرى، — دېدى راملە. رىزۋانگۇل جىم بولۇپ قالدى، چوڭقۇر خىيالغا پاتتى. ئۇنىڭ نېمىلەرنى ئويلاۋاتقىنىنى بىلىش قىيىن، لېكىن رىزۋانگۇلنىڭ تۇرمۇشقا، ھاياتقا، ئىنسانغا بولغان تونۇشىدا يەنە بىر سەكرەشنىڭ بولغانلىقى ئۇنىڭ قىياپىتىدىن كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

راملە تۇن نىسپى بولۇپ قالغانلىقىنى ئېيتىپ يېشىنىپ ئورنىغا كىرىپ ياتتى. رىزۋانگۇلمۇ خىيالچان ھالدا كىيىملىرىنى سالدى، ناھايىتى ئاستا ئورۇنلىرىنى تۈزەشتۈردى، چىراغنى ئۆچۈرۈپ يوتقاننىڭ ئىچىگە كىرىپ ياتتى.

## 2

مەسئۇد ھەممىنى ئۇنتۇدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا كامىلنىڭ ئالىي پەزىلىتى، خىزمەتداشلىرىنىڭ مەدەتلىرى ئاتا قىلغان پۈتمەس - تۈگىمەس كۈچ - قۇۋۋەت، جاسارەت تولۇپ - تاشقانىدى، ئۇ پۈتۈن ئەقىل - ئىدرىكىنى سەرپ قىلىپ، تەتقىقات ماقالىسىنى يېزىشقا كىرىشىپ كەتتى. بىر قانچە كېچە - كۈندۈزنى خەنزۇچە، ئىنگلىزچە كىتابلارنى ئوقۇشقا سەرپ قىلدى. جۇڭگو، چەت ئەل ئالىملىرىنىڭ كۆزقاراش، تەتقىق قىلىش ئۇسۇللىرى بىلەن تونۇشتى. ئۆزىنىڭ تېمىسىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئۇستىدە باش قاتۇردى. ماقالىنىڭ مۇندەرىجىسى، قىسقىچە مەزمۇنى — تېزىسىنى يېزىپ كامىلغا كۆرسەتتى. ئۇ ئىككى نۇقتىنى قوشۇپ

قويدى. مەسئۇدقا قايىللىق بىلدۈردى ۋە مەدەت بەردى. مەسئۇد مۇشۇ كۈنلەردە كىچىنى كۈندۈزگە، كۈندۈزنى كېچىگە ئۇلاپ ئەقىل نۇرى بىلەن يورۇتۇپ، ئىلىم ئۇنچىلىرى بىلەن ئاق قەغەز بېتىگە كەشتە تىكمەكتە. ھەر بىر سۆزنى نەچچە دەڭسەپ، قانچە ئۆلچەپ، ئۇستا نەققاشتەك ئورنى ـ ئورنىغا قوياتتى، پىكىرلىرىنىڭ ئىلمىي، ئېنىق، مەزمۇنلۇق بولۇشىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلەتتى.

گۈگۈم چۈشتى. يورۇق ئۆيدە مەسئۇد بىر ئىلمىي ماتېرىيال يېزىشنى داۋاملاشتۇرۇۋاتاتتى. ئىشىك يېنىك چېكىلدى. ئۇ يېزىشنى توختىتىپ، بېشىنى كۆتۈردى ۋە كىرىشكە ئىجازەت بەردى. ئىشىكنى يېنىك ئېچىپ، ئاينۇر كىردى. ئۇ ئۇزۇن پەلتو، بېشىغا چىرايلىق باشنىڭ كىيىۋالغانىدى، مەسئۇد ئورنىدىن تۇردى، قىزنىڭ ئالدىغا ئىككى چامدىدى، ئاڭغىچە قىز يېنىك ـ يېنىك دەسسەپ ئۇنىڭغا يېقىن كەلدى.

— كېلىڭ، ئولتۇرۇڭ، — مەسئۇد كىرىپسلونى كۆرسەتتى، ئۇنىڭ ئاۋازى بوش چىقتى، — پەلتونى سېلىۋېتىڭ، ھازىرلا ئىسسىپ كېتىسىز، — دېدى مەسئۇد، لېكىن ئۆزى تېخىچىلا ئۆرە تۇراتتى.

— ھودۇقماڭ، مەن ئانچىلىك يەمىسىزلەردىن ئەمەس، ئۆزۈمنى خېلى سەزگۈر، تۇيغۇن دەپ ھېسابلايمەن، سىزمۇ ئولتۇرۇڭ، — دېدى ئاينۇر قاش ـ كۆزىنى ئوينىتىپ چاقچاق تەلەپپۇزىدا. مەسئۇد ھودۇقۇپ قالدى.

— يېقىندىن بېرى راستىلا مېنى تەمتىرىتىپلا يۈرىدىغان بولدىڭىزغۇ، — دەۋەتتى ئۇ. بۇ ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى سۆزى ئىدى. ئاينۇر خۇشاللىقىنى يوشۇرالماي كۈلۈۋەتتى.

— سىزنىڭ كۆڭۈلدىكى سۆزنى ئاسان ئېيتمايدىغان ئادىتىڭىزنى ئۆزگەرتەلەيدىغاندەك قىلىمەن. ۋاقتىڭىزنى ئالمايمەن، سىزگە ھازىر ۋاقىتتىن ئارتۇق قىممەتلىك نەرسە يوق. بولۇپمۇ مۇشۇ كۈنلەردە مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان

كىشىلەرنى خۇش قىلىسىز، شۇلارنىڭ بىرى مەن، خۇشلۇقۇمنى كۆچكە ئايلاندۇرۇپ، سىزگە مەدەت بولۇپ قىلىش ئىستىكىدە، — ئۇ سومكىسىدىن ئىككى پارچە كىتابنى چىقىرىپ سۇنۇپ تۇرۇپ، — مۇنۇلارنى ئېلىپ كەلدىم، — دېدى. مەسئۇد ئورنىدىن تۇرۇپ قىزنىڭ ئۇزاتقان كىتابلىرىنى ئالدى ۋە ئاينۇرنىڭ كۆزلىرىگە مىننەتدارلىق بىلەن تىكىلدى، قىز بىر كۆزىنى قىسىپ، تەبەسسۇم قىلىپ قويدى.

— مەن كەتتىم، مۇۋەپپەقىيەت تىلەيمەن. غەلىبە سىزگە مەنسۇپ! ھە راست، ھەر ئىككى كىتابتىن بىر قانچە بابنى تەرجىمە قىلىپ قويغان، پەقەت ۋاقتىڭىزنى تېجەش ئۈچۈن، مەن كەسىپ ئەھلى ئەمەس، لېكىن ئىنگلىزچىنى چىقىۋېتىمەن، قاملاشمىغان ئورۇنلىرىغا كۆلىسىڭىز مەيلى، مەن پەقەت مۇشۇ ئىش ئۈچۈنلا كەلدىم، خەير - خوش! — ئۇ مېڭىشقا تەمشەلدى. مەسئۇد:

— راستىلا كېتەمسىز، بۇ ... بۇ ... — دېيەلىدى.

— مەقسىتىم ئورۇنلاندى، ۋاقتىڭىزنى ئالمايمەن.

— ئاينۇر پەقەت شۇ ... پەقەت شۇ ... — ئۇ دۇدۇقلاپ ئاينۇرغا يېقىن كېلىپ قالغانىدى. قىز:

— پەقەت ... — دېدى - دە، شۇنداق چاققانلىق بىلەن مەسئۇدنىڭ لېۋىگە چوككىدە بىرنى سۆيدى ۋە، — پەقەت شۇ، خەير - خوش، — دەپلا ئۆيدىن قۇيۇندەك چىقىپ كەتتى. مەسئۇد شېرىن مەستلىكتە بىر پەس تۇرۇپ قالدى.

بۇ قېتىمقى دالا تەكشۈرۈشىدىن قايتىپ كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەي، ئاينۇرنىڭ مەسئۇدنى ئىزدەپ كېلىشىنىڭ كۆپىيىشىدە مۇنداق بىر سىر بار ئىدى: بۇنىڭدىن پەقەت ئىككىلا ئادەم خەۋەردار، ئۇلار كامىل بىلەن رىزۋانگۈل. كامىل بىلەن رىزۋانگۈلنىڭ مۇناسىۋىتى تېزلا ئىدارىگە پۇر كەتتى. بۇنىڭ سەۋەبى كامىل بىلەن رىزۋانگۈلنىڭ بىر - بىرىنى ياخشى كۆرۈشكەنىكەنمىز بۇنى مەخپىي تۇتۇشنىڭ ھاجىتى يوق، دەپ

ئوچۇق - يورۇق مۇئامىلە قىلىشقانلىقى، يەنە بىر سەۋەب بۇ يېتىلىۋاتقان ئالىمغا بولغان ھۆرمەت ۋە كۆڭۈل بۆلۈشتىن ئىبارەت ئىدى. كامىلنىڭ بىرىنچى تويىدىكى كۆڭۈلسىزلىكى ئىدارىدىكى ئەر، ئايال خادىملارنىڭ ھەممىسىنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلغانىدى. كامىلغا بولغان ھېسداشلىق، ئىچى ئاغرىتىشلار تا ھازىرغىچە باشقىلارنىڭ كۆڭلىدە ساقلانغان، شۇڭا ئۇنىڭ ھازىرقى مۇھەببىتىدىن سۆيۈنگەنىدى. رىزۋانگۈل تېزلا كامىل بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدە پۈتۈنلەي ئەركىن بولۇپ كەتتى. بۇرۇنقى ئەيمىنىش، تارتىنىش، ھېيىقىشلارنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇدى. ئايرىم ۋاقىتلاردىكى (قىز - يىگىتلەرنىڭ مۇناسىۋىتىدە بەزەن - بەزەن پەيدا بولۇپ قالىدىغان تەبىئىي ھال)ھودۇقۇشنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇ ھودۇقمايدىغان بولۇپ قالدى. كامىلنىڭ قىياپىتى سۈرلۈك بىلىنمەي، يېقىملىق، مەنىلىك بىلىنىدىغان بولدى. كامىلنىڭ تۇتۇقلۇق ئۆيىنىڭ بىر ئاچقۇچى رىزۋانگۈلگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. ئۇ ئۆز ئۆيىدەك خالىغانچە كىرىپ چىقىۋېرەتتى، كامىلنىڭ كىر - قاتلىرىنى يۇيۇش، دەزماللاش، ئۆينى تازىلاش ... بۇلار رىزۋانگۈلنىڭ ئۆز ئىشىغا ئايلاندى. ئۇنىڭدا خۇدۇكسىنىش، نە باشقىلارنىڭ سۆز - چۆچەكلىرىگە قېلىش، دېگەن خىياللاردىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى. رىزۋانگۈل مۇراد - مەقسەتكە يەتكەن، ئۆمۈرلۈك بەختىنى تاپقان، كۆڭلى توق. شۇڭا ئۇ تېخىمۇ تولۇپ، بارغانسېرى چىرايلىقلىشىپ كەتتى. يۈرۈش - تۇرۇشلىرىمۇ ھۇزۇر - ھالاۋەتتە، شاد - خۇراملىقتا ياشاۋاتقانلىقىنى ئىپادىلەپ تۇراتتى. لېكىن رىزۋانگۈلنىڭ كۆڭلىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا غەشلىك ساقلىنىۋاتاتتى. ئۇ مەسئۇدنى ئۇمىدسىزلىك، روھىي پاراكەندىچىلىككە سېلىپ قويدى. ئۇنىڭ ئۆزىگە كۆڭلى چۈشۈپ قېلىشىنى ئۇ بەلگىلىمىسىمۇ، ئىككىنچى ئادەمنىڭ ئۆز ئىشى بولسىمۇ، ئۇنىڭ دىلىنى رەنجىتىشىدە ئۆزىنىڭ قىسمەن بولسىمۇ سەۋەنلىكى، جاۋابكارلىقى بار دەپ ئويلايتتى. ئۇ ئىشقا

چۈشۈپ خىزمەتداشلىرىنى چۈشىنىشكە باشلىغاندىلا مەسئۇد ئۇنىڭغا ئالاھىدە تەسىر قىلغان، ئېنىقى، ئۇنىڭ قىزلىق ھېسسىياتىنى دولقۇنلاتقانىدى. بىر خىل شېرىن ھېسسىيات ئۇنى غىدىقلاپ، خىياللار دەرياسىدا ئاقتۇرغان، مەسئۇدقا مەنىلىك قاراش، ئىللىقلىقىنا تەبەسسۇم قىلىش، بىر دەم - يېرىم دەم سۆھبەتلىشىشكە باھانە تېپىشقا ئۈندىگەن. بۇ چاغلاردا قىزنىڭ مەسئۇدقا بولغان مۇئامىلىسى پەرقلىق بولغان. بۇ رېئاللىق، بۇنى رىزۋانگۈل سەمىمىيلىك بىلەن ئېتىراپ قىلىدۇ. قىزنىڭ بۇ خىل ھەرىكەتلىرى ئەلۋەتتە يىگىتكە مەنە بەرمەي قالمايدۇ، بولۇپمۇ كۆڭلىدە يېقىنلىق ھېسسىياتى باش كۆتۈرگەن يىگىت ئۈچۈن نېمىدىن بېشارەت بېرىشى سىر ئەمەس ئىدى. رىزۋانگۈل بۇلارنى ئويلاپ يەتكەندە بولسا، ئۆزىنى مەسئۇدنىڭ ئالدىدا گۇناھكاردەك ھېس قىلىپ ئازابلاندى، قىينالدى، لېكىن مەسئۇدنىڭ تەكلىپىنى رەت قىلغانلىقىغا پۇشايمان قىلمىدى. ئۇنى ھەقلىق دەپ قارارلاشتۇردى، چۈنكى ئۇ باشقا بىرسىگە ئاتالغان مۇھەببىتىنى شۇنىڭدىن باشقا بىرسىگە تەقدىم قىلالمايتتى. ئۆز بەختىنى قۇربان قىلىپ، ئىككىنچى بىرسىنىڭ ئارزۇسىنى قاندۇرۇش ئۇنىڭ قولىدىن كەلمەيتتى. مۇھەببەتتىكى بەخت قىز بىلەن يىگىتكە ئورتاق بولغاندىلا ئۆزىنىڭ ھەقىقىي مەنىسىگە ئىگە بەخت بولىدۇ. ھەقىقىي مۇھەببەتنىڭ گۈزەللىكى ئۇنىڭ ۋاپا، ساداقەت، سۆيگۈ بىلەن يۇغۇرۇلغانلىقىدا، ساداقەت بولمىغان ئائىلە ئەمەس، ۋاپا بولمىغان ئەر - خوتۇن ئەر - خوتۇن ئەمەس.

رىزۋانگۈل مەسئۇدنىڭ كۆڭلىنى دەپ ئۆز قەلبىنىڭ ھۆكۈمىگە خىلاپ ئىش تۇتۇشنى بەختسىزلىكنىڭ باشلىنىشى، بولۇپمۇ قىزلار پاجىئەسىنىڭ مەنبەسى دەپ قارايتتى. قىزلار بۇ دۇنياغا قۇربان بېرىش ئۈچۈنلا يارالغانمۇ، ئاچچىق - ئاچچىق كۆز يېشى، دەرد - ئەلەم، ھەسرەت - نادامەت، مەڭگۈ ئەمەلگە ئاشمايدىغان خۇپىيانە خىيال، يۈرەكنى ئېچىشتۇرىدىغان پۇشايمان

قىزلارغا باقمەندە ئەمەستۇ. ھېسداشلىق قىلىش، ئىچ ئاغرىتىش، خەيرخاھلىق قىلىش ئۇ باشقا، مۇھەببەت - سۆيگۈ ئۇ باشقا بىر ئىش. بۇلارنى بىر-بىرىنىڭ ئورنىغا بىرىنى دەسسىتىشكىمۇ، ئالماشتۇرۇشقىمۇ بولمايدۇ. رىزۋانگۈل كامىلغا ئاتالغان، پەقەت شۇنىڭغىلا تەۋە بولغان مۇھەببىتىنى مەسئۇدقا بېرەلمەيتتى. شۇڭا ئۇ بىرىنىڭ مۇھەببەت ئىزهار قىلغان تەكلىپىنى ھېچبىر ئىككىلەنمەيلا رەت قىلغىنىغا ئوخشاش، يەنە بىرىنىڭ يۈرەك قاتلىرىغا يوشۇرۇنغان مۇھەببىتىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن جاسارەت بىلەن ئىلىشتى، مەقسىتىگە يەتتى. كۆڭلى ئارامىغا چۈشۈپ، خاتىرجەملىك بۆشۈكىگە بۆلەندى. بەخت چۈشلىرىنى كۆردى، ئۇنىڭغا ھەممە نەرسە گۈزەل، يېقىملىق كۆرۈنىدىغان، ھەممە نەرسە ئۇنىڭغا زوقلىنىپ قاراۋاتقاندەك، مەستلىكى كېلىپ، كۆز تىكىۋاتقاندەك بىلىنىدىغان بولدى.

قىشنىڭ قويۇنى، باھارنىڭ جۇدۇنى، يازنىڭ بۇلۇتلۇق كۈنلىرى بولىدۇ. ئىنسانىيەت ئالەمىدە بەخت بىلەن بەختسىزلىك، خۇشاللىق بىلەن قايغۇ، گۈزەللىك بىلەن سەتلىك بىر - بىرى بىلەن ئارىلىشىپ، ئادەملەرنىڭ بېشى ئۈستىدە ئەگىپ يۈرىدۇ. بۇ قېتىمقى دالا تەكشۈرۈشىدىن قايتىپ كېلىپ، ئىككى، ئۈچ ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن، رىزۋانگۈل كامىلنىڭ خىيالچان بولۇپ قالغانلىقىنى سەزدى. ئۇنىڭ تۇرۇپ - تۇرۇپ بىر نۇقتىغا تىكىلىپ قالىدىغان كۆزلىرى نېمىنىدۇ پۈتۈن كۈچى بىلەن ئاختۇرۇۋاتقاندەك، ئىزدەۋاتقاندەك قىلاتتى. بۇنداق چاغدا ئۇنىڭ چىرايىنى پەرىشانلىق، قىينىلىش، قىسىلىش، بىئاراملىق ئارىلىشىپ كەتكەن بىر خىل پەردە چۈمكىۋالغاندەك بىلىنەتتى. ئىككىسى بىرگە بولۇپ مۇڭداشقان ۋاقىتلاردا تۇرۇپ - تۇرۇپلا گېپى ئازلاپ كېتەتتى. قىزنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىمىغاندەك، تەكرار - تەكرار سوراپ قوياتتى. كامىلنىڭ بۇ خىل كەيپىياتى رىزۋانگۈلنى ئويغا سالدى، خىياللىرىنى ھەر تەرەپكە ئېلىپ قاچتى. كۆڭلىدىكىنى ئاسان چىقارمايدىغان

ئېغىر تەبىئەتلىك بۇ كىشىنىڭ كۆڭلىدە نېمىلەرنىڭ ئەگىپ يۈرگەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن، قىز كۆپ ۋاقىتلىرىنى سەرپ قىلدى، ئويلىغانسېرى ۋەھىمە سايىسى، قورقۇنچىنىڭ كۆلەڭگىسى ئۇنى چۆچۈتتى، ۋەسۋەسىگە سالدى. كامىل ئالدىراپ كۆڭۈل بېرىپ قويۇپ پۇشايمان قىلىۋاتامدۇ ياكى قىزنىڭ مىجەز - خۇلقىدىكى بىرەر نەرسە ئۇنىڭغا ياقماي قالدىمۇ؟ بىرەر گەپ سۆز ئاڭلاپ قالغانمىدۇ - يە ! ؟ قىزنىڭ خىياللىرى ئاخىر كامىلدىن ئايرىلىپ قېلىشتەك بىر پاجىئەنىڭ ۋەھىمىسىگە سۆرەپ كىرىپ، ئۇنى ئازابلاشقا، قىيناشقا باشلىدى.

ئاخىر رىزۋانگۈل بۇنداق يۈرۈشكە تاقەت قىلالماي تۇرالمىدى، كەچتە كامىلنىڭ ئۆيىگە كىردى. دەل ئۇ خىيال سۈرۈۋاتقاننىڭ ئۈستىگە كىردى، كامىل قىزنى ئادەتتىكىدەك قارشى ئالدى. كىرىپسلودا ئولتۇرغان قىزغا ئاستا قاراپ قويدى.

— يۈرتتىن خەت كەلدىمۇ؟ — دەپ سورىدى كامىل ئازراق جىملىقتىن كېيىن. بۇ كامىلنىڭ مۇنداقلا دەپ قويغان سۆزى ئىدى. ئۇ قىزنىڭ قىياپىتىدىكى جىددىيلىك، تىت - تىتلىق ئالامەتلىرىدىن جىددىي بىر ئىشقا بەل باغلاپ كىرگەنلىكىنى پەرەز قىلغانىدى.

— ياق، بىر ئايغا يېقىنلىشىپ قالدى، خەت كەلمىدى، نېمە بولدىكىن ...

— شۇڭا ... — ئۇ بىر پەس جىم بولۇپ تۇرۇپ قالدى. ئۇ مەقسەتلىك شۇنداق قىلغانىدى. قىزنىڭ كۆڭلىدىكىنى شارت - شۇرتلا چىقىرىۋېتىشقا بۇ جىملىقنى پىلتە قىلماقچى ئىدى. بىراق رىزۋانگۈل كۈتۈشنى داۋاملاشتۇرۇپ، كامىلدىن ئۈستۈن كەلدى. مەقسىتى ئەمەلگە ئاشمىغاندىن كېيىن، ئۇ ئەمدى سۆزىنىڭ ئاخىرىنى چىقىرىشقا مەجبۇر بولدى.

— شۇڭا پەرىشان ئىكەنسىز - دە، — دېدى قىزنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ كامىل.

— شۇنداق، پەرىشان مەن، لېكىن بۇنىڭ سەۋەبى سىز دېگەن

ئىشتۇ يا ئەمەستۇ؟!

— بۇگۇن راستلا سىز باشقىچە، سۆزلىرىڭىزنىڭ مەنىسىگە يەتكىلى بولمايدۇ. يەنە كېلىپ ئازراق ئاچچىق پۇرىقى بارغۇ ... — دېدى كامىل سەل - پەل كۈلۈمسىرەپ.

— ھەر نېمە بولسا، مەن ئاغزىمدىن چىقاردىم، سىز ئىچىڭىزدە ساقلىغىلى شۇنچە ئۇزۇن بولدىغۇ، شۇنچە تەلمۈرۈپ كەتسەم ئۇچىنى چىقىرىپ قويمايمۇ دېمەيسىز، خۇددى يات ئادەمدەك يوشۇرغىنىڭىز يوشۇرغان، — ئۇنىڭ ئاۋازى تىترەپ چىقتى، يىغانى ئۆرلەۋاتقاندەك قىلاتتى.

— رىزۋان، — دېدى كامىل قىزنىڭ يەلكىسىگە يېيىلىپ تۇرغان چېچىنى ئۇستىدىن سىلاپ تۇرۇپ، — مەن سىزدىن نېمىنى يوشۇراتتىم. كۆڭلۈمدە سىز تۇتىدىغان ئىشنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

— ياق، يەنە مېنى بەزلەۋاتىسىز، مەن كىچىك بالا ئەمەس، خېلى نەرسىلەرنى ھېس قىلالايمەن. سىز بىر نەرسە ئۇستىدە چوڭقۇر ئويلاۋاتىسىز، بەلكىم بۇنى ئىنكار قىلمايدىغانسىز، مېنى يات كۆرگەندەك ئىش قىلىۋاتىسىز، — رىزۋانگۇلنىڭ كۆزلىرىدىن يېپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك ياش تۆكۈلۈشكە باشلىدى، كامىل جىم بولۇپ، بىر پەس ئويغا پېتىپ قالدى.

— مېنى كەچۈرۈڭ، سىزنى بۇنچىلىك ئازابلىنىدۇ، دەپ ئويلىماپتىمەن، مەن قىزلارنىڭ روھىنى چۈشىنىشتە تېخى خام ئىكەنمەن. راست، مەن يېقىندىن بېرى بىر نەرسە ئۇستىدە كۆپ ئويلايدىغان بولۇپ قالدىم. بۇنى سىزگە بىلدۈرمەسلىك ئۈچۈن شۇنداق تىرىشتىم، بىراق مانا كۆرۈپ تۇرۇپتىمەن، كۆڭلۈمدىكىنى ئېيتسام، بۇ ئىشقا سىزنى شېرىك قىلىپ، كەيپىڭىزنى بۇزۇشنى خالىمىدىم، ئۆزۈملا بىر تەرەپ قىلىشنى دېگەنىدىم، — كامىل سۆزىدىن توختاپ يېنىدىن تاماكا ئېلىپ تۇتاشتۇردى. ئاغزى - بۇرنىدىن قويۇق - قويۇق ئىس چىقىرىپ كەينى - كەينىدىن سۈمۈردى.

— يەنىلا شۇنداق ئويدىمۇ سىز، مېنىڭدىن ئۇ ئىشنى شۇنچىلىك قاچۇرغىنىڭىزغا قارىغاندا چوقۇم ماڭا مۇناسىۋەتلىك ئىش، — دېدى رىزۋانگۈل جىملىقنى بۇزۇپ. كامىل لام ـ جىم دېمىدى، قىياپىتىنىمۇ ئۆزگەرتمىدى، تاماكىسىنى بىر خىلدا چېكىپ ئولتۇراتتى. ئارىغا جىمجىتلىق چۈشتى. پەقەت رىزۋانگۈلنىڭ ئىتتىك ـ ئىتتىك نەپەس ئېلىشىلا ئاڭلىناتتى، ۋاقىت ئۇزارغانسېرى ئۇنىڭ سەۋر ـ تاقىتى تېشىۋاتاتتى. ئۇنىڭ مەڭزى تېخىمۇ قىزاردى، كۆز چاناقلىرى يەنە ياشقا تولدى.

— بولىدۇ، — دېدى جىملىقنى بۇزۇپ رىزۋانگۈل ئاچچىق ئەلەم بىلەن، — يەنىلا مېنىڭدىن سىر تۇتۇش نىيىتىڭىزدىن يانمايدىغان ئوخشايسىز، بۇ مېنى ئۆز كۆرمىگىنىڭىز، يات ھېسابلىغىنىڭىز، پەس كۆرگىنىڭىز، خورلىغىنىڭىز ... — ئۇنىڭ ئاۋازىنى يىغا بېسىپ چۈشتى. ئۇ ئورنىدىن تۇردى ـ دە، ئىشىككە قاراپ سەنتۇرۇلگەندەك ماڭدى، ئاللىقاچان ئورنىدىن تۇرۇپ كەتكەن كامىل ھەيران قالمىدى، لېكىن سەل جىددىيلەشتى.

— رىزۋان، — دەپ چاقىردى سىلىق ئاۋازدا كامىل، قىز مۇشۇنى كۈتكەندەك شۇئان توختىدى. ئەمما، كەينىگە ئۆرۈلمىدى. كامىل ئاستا بېرىپ قىزنىڭ مۈرىسىدىن تۇتۇپ ئۆزىگە قاراتتى ۋە مەھكەم قۇچاقلىدى. قىز ئۇنىڭ قۇچىقىدا تۇگۈلۈپلا قالدى.

كامىل رىزۋانگۈلگە مەسئۇدنىڭ كۆڭلى چۈشۈپ قالغانلىقىنى بىلگەندە، ئۇلار ئاللىقاچان يۈرەكلىرىنى ئاشكارىلاپ بولغانىدى. مەسئۇدنىڭ رىزۋانگۈلگە تەكلىپ قويغانلىقىنى بولسا، كامىل يېقىندا غەيرىي رەسمىي ئاڭلاپ قالدى. رىزۋانگۈلنىڭ قانداق جاۋاب بەرگەنلىكىنى مەسئۇدنىڭ كەيپىياتىدىكى ئۆزگىرىشلەردىن سەزدى. بۇ ئىش كامىلنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلدى. قويۇن بولۇپ، ئۇنىڭ روھىي دۇنياسىنى قالايمىقانلاشتۇرىۋەتتى. خاسىيەتلىك بىر ئىشنىڭ ئىچىگە بىر

كۆڭۈلسىزلىك تامچىسىنىڭ ئاز ـ ئازلاپ قالغانلىقى كاملىنى بەكمۇ بىئارام قىلدى. تەقدىر ئالدى بىلەن ئۇنى مۇكاپاتلاپ، كېيىن جازالىماقچى بولغاندەك بىر ئىش بولدى.

رىزۋانگۈلنىڭ نېمە دەپ جاۋاب بېرىشى ئۇنىڭ ئۆز ئەركى، ھوقۇقى، ھەر كىم ئۆز بەختى ئۈچۈن ئۆزى كۈرەش قىلىشى كېرەك. ئۇنى يارىتىش ئۈچۈن جانپىدا قىلسىمۇ بولىدۇ، رىزۋانگۈلنى بۇ ھوقۇقتىن ھېچكىم مەھرۇم قىلالمايدۇ. بۇنى كامىل چۈشىنىدۇ، بىلىدۇ. قىزمۇ بۇنى چۈشىنىدۇ. ئۇ ئۆز قەلبىنىڭ ھۆكۈمى بىلەن ئۆز سۆيگۈسىنى كىمگە ئاتاشنى ئۆزى بەلگىلەيدۇ، شۇڭا ئۇنى مەسئۇدنىڭ تەكلىپىنى رەت قىلدى، دەپ ئەيىبلىك ھېسابلاشقا ھېچكىمنىڭ ھەددى ئەمەس. كاملىغا مۇھەببەت ئىزھار قىلىشنى، ئۆزىنى ئۆمۈرلۈك ئاتىشنى ئۆز بەختى دەپ بىلىشنى ھېچكىممۇ رىزۋانگۈلنىڭ سەۋەنلىكى دېيەلمەيدۇ. كامىل بۇلارنىڭ مەنىسىگە يېتەلمەيدىغان ئادەم ئەمەس. شۇڭا ئۇ ئۆز كۆڭلىدە ئىسيان كۆتۈرۈۋاتقاندەك زىددىيەت دولقۇنلىرىغا رىزۋانگۈلنى شېرىك قىلىشقا كۆڭلى تارتمىغان، ئۇنى يوشۇرغانىدى. لېكىن بۇ مۇمكىن بولماي قالدى. ئەكسىچە بۇ ئىش قىزدا ئۆزى ئويلىغىنىدىن پۈتۈنلەي باشقىچە بولغان ئوي ـ خىياللارنى پەيدا قىلىپ، ئۇنى ئازابلىدى، قىينىدى.

كامىل يېنىغا تارتىپ ئەكېلىپ ئولتۇرغۇزغان، كۆزلىرىنىڭ جىيەكلىرى قىزارغان رىزۋانگۈلگە ئۆزىنىڭ ئويلىغانلىرىنى ئالدىرىماي بىر ـ بىرلەپ چۈشەندۈردى:

— بىز ئۆزىمىزنى ئەنئەنىۋى قاراشلاردىن خالىي، مەسىلىلەرگە ئىلمىي، يېڭىچە قارايمىز دەپ ھېسابلىساقمۇ، يەنە مەلۇم مەسىلىلەردە، بولۇپمۇ نازۇك، نەپىس روھىي مەسىلىلەردە قىسمەن چاندۇرۇپ قويىمىز. مېنى سىزنىڭ ياخشى كۆرىشىڭىز، شۇ سەۋەبتىن مەسئۇدقا ئۇنى بېرەلمەسلىكىڭىز، بۇ سىزنىڭ دەخلىسىز ئەركىنلىكىڭىز، شۇنداقلا مېنىڭمۇ سىزنى ياخشى كۆرۈپ قەلبىمنى، بارلىقىمنى ئىختىيارىڭىزغا تاپشۇرۇشىم

مېنىڭ دەخلىسىز ئەركىنلىكىم. بۇنى ھەممە ئېتىراپ قىلىدۇ، لېكىن مەن نېمە ئۈچۈن ئويغا پاتىمەن؟ نېمە ئۈچۈن قىينىلىمەن؟ نېمە ئۈچۈن چىگىچ خىياللارغا كىرىپ قېلىپ چىقالمايمەن؟ بۇنىڭ سەۋەبىنى مەنمۇ بىلمەيمەن، سىزمۇ ئەلۋەتتە بىلمەيسىز، چۈشەندۈرۈپ قويىدىغان بىرەر دانىشمەننىڭ چىقىشىغا ئىشەنمەيمەن، پەقەت دېيەلىسەك «ئىنسان ـ دە، بىز» دېيىش بىلەن كۇپايىلىنىمىز. ئادەم بەزىدە ئۆز كەيپىنىڭ ئاجايىپ چاغلىقىنى، كۆڭلىنىڭ خۇشاللىقىنى، پەخىر، غۇرۇر، ئىپتىخار تۇيغۇلىرىنىڭ روھىي ئالەمنى سۈپسۈزۈك قىلىپ، يورۇتۇۋەتكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ، بەزىدە روھىي ئالەمنىڭ بۇلۇتلۇق ئاسماندەك تۇمانلار بىلەن قاپلىنىپ كەتكىنىنى ھېس قىلىدۇ. ئۇنى تىت ـ تىتلىق، تاقەتسىزلىك، كۇتۇش، تەشنالىققا ئوخشاش روھىي ھالەتلەر ئازابلايدۇ، بىراق بۇلارنىڭ سەۋەبلىرىنى شۇ تەننىڭ ئۆزىمۇ بىلىپ يېتەلمەيدۇ. ئومۇمەن، ئىنسان ئۆز روھىدىكى بىر قىسىم ھالەتلەرنىڭ سەۋەبىنى بىلسىمۇ، بىر قىسمىنىڭكىنى بىلىشكە قادىر ئەمەس. رىزۋان، بىز مۇشۇ ئىنسانلارنىڭ بىرسى، ـــ كامىل سۆزىدىن توختاپ ئېغىر بىر تىنىپ قويدى، يانچۇقىدىن تاماكا چىقىرىپ تۇتاشتۇرۇپ چېكىشكە باشلىدى. رىزۋانگۇل تىن تارتماستىن تىڭشاپ ئولتۇرغانىدى. ئۇنىڭ قىياپىتىدىن جىددىيلەشكەنلىكى، ھاياجانلانغانلىقى، ئەپسۇسلىنىش ئىپادىلىنىۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى. تاماكىنىڭ يېرىمىنى چېكىپ بولغان كامىل بىر قولىنى رىزۋانگۇلنىڭ قولى ئۈستىگە قويۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، ـــ تەقدىر مەسئۇدقا ئېغىر چاقچاقتىن بىرنى قىلىپ، ئۇنى ئازابلىدى، قىينىدى، ئېنىقكى، بۇ مېنى بىئارام قىلدى، يۈرىكىمنى ئېچىشتۇردى. شۈبھىسىزكى، سىز مېنىڭدىنمۇ ئارتۇق ئازابلاندىڭىز، چۈنكى، ئۇ بىزنىڭ دوستىمىز، ياخشى سەپدىشىمىز، ئىستىقباللىق ئىلىم ـ پەن خادىمى، بەلكى بىز شۇنىڭ ئۈچۈن قىينىلىۋاتقاندىمىز،

قايغۇرۇۋاتقاندىمىز ...

— بولدى قىلىڭ كامىل، كۆڭلىڭىزدىكىنى چۈشەندىم، ھەممىنى تولۇق چۈشەندىم، مەن نېمىدېگەن يۇزە ئويلىغان، بەكمۇ ئاددىي، — دەپ گەپنى ئۈزدى رىزۋانگۈل. ئۇ ئېغىر ئۇھ تارتىپ، بوشىشىپ كەتتى، بېشىنى تۆۋەن سىلىڭۋالدى.

— بۇنىڭغا ئۇنچىلىك ھەسرەتلىنىشىنىڭ ھاجىتى يوق، رىزۋانگۈل، — دېدى كامىل ئۇنىڭ غولىدىن تۇتۇپ ئۆزىگە تارتىپ. قىز ئۇنىڭغا ئۆزىنى پۈتۈنلەي تاپشۇردى.

— يۇزە ئويلاش مىللىتىمىزدىكى چوڭ نۇقسان، نەسلىدىن ـ نەسلگە ئۆتۈۋاتقان ئىرسىي نۇقسان، مەنىۋى زەئىپلىكىمىزنىڭ مەنبەسى، بۇنىڭدىن قۇتۇلۇش كېرەك، ئۇزۇل ـ كېسىل قۇتۇلۇش كېرەك. لېكىن ئاسان ئەمەس. بۇنىڭغا تاڭ قالدۇرغۇدەك جاسارەت بولۇشى لازىم، ئىلىم ئۈستىگە قۇرۇلغان جاسارەت بولۇشى لازىم، — دېدى كامىل مەنىلىك قىلىپ. يىگىتنىڭ يەلكىسىگە بېشىنى قويۇۋالغان قىزنىڭ يۈزى ۋىللىدە قىزاردى، ئۇزۇن كىرپىكلىرى پىلدىرلاپ كەتتى.

يېرىم كېچە، قىشنىڭ ئاز ئۇچرايدىغان بۇلۇتسىز ئاسمىنىدا يۇلتۇزلار چاقناپ تۇرىدۇ. قاتتىق سوغۇق شەھەرنى ئىسكەنجىسىگە ئالغان، ئۆيلەردىكى چىراغلار ئاللىقاچان ئۆچكەن، تەبىئەت شېرىن ئۇيقۇدا، پەقەت كامىل بىلەن رىزۋانگۈل مۆكىدىشىۋاتقان ئۆينىڭ دېرىزىسىدىن شۇڭغۇپ چىقىۋاتقان نۇرلار قاراڭغۇلۇق ئىچىگە سىڭمەكتە.

كامىل ئۆز دوستى مەسئۇدنىڭ قايغۇ ـ ھەسرىتىنى تۆكىتىش ئۈچۈن، رىزۋانگۈلنىڭ بەرگەن مەسلىھەتىنى بەكمۇ ياقتۇردى، رازى بولدى ۋە سۆيۈندى، قىزنىڭ دىتىغا ئاپىرىن ئوقۇدى. ئۇلار ھەر ئىككىسىلا بۇ ئىشنىڭ چوقۇم غەلىبىلىك ئاخىرلىشىدىغانلىقىغا بولغان ئىشەنچىسىنى بىلدۈرۈشتى. مۇشۇ قېتىمقى مەسلىھەتتىن كېيىن، رىزۋانگۈل مەسئۇدقا تۇيدۇرماستىن ئاينۇر بىلەن تونۇشتى، بۇ ئوچۇق ـ يورۇق،

چىقىشقاق، رومانتىكىغا باي قىز بىلەن تېزلا دوستلىشىپ كەتتى. ئاينۇر مەسئۇد ھەققىدىكى كۆز قاراشلىرىنى ھېچقانداق يوشۇرماستىن ئوچۇق ـ ئاشكارا تۆكۈۋەتتى، ئۇ يىگىتنى قەۋەتلا ياخشى كۆرەتتى، مەسئۇدنىڭمۇ ياخشى كۆرىدىغانلىقىغا شۈبھىلەنمەيتتى، بۇنداق ئەھۋالدا رىزۋانگۈلنىڭ كۆپ نەرسىلەرنى دېيىشىنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. پەقەتلا ئۇنىڭ بەختىگە خۇش بولۇپ، مەسئۇدنىڭ قابىلىيەت، پەزىلەتلىرىنى سۆزلەپ قويۇشلا كۇپايە قىلاتتى. ئاينۇرنىڭ كۆپرەك كېلىپ تۇرۇشى ئۇچۇن، ئۇچۇر بېرىپ تۇرسا، شۇنىڭ ئۆزى يېتەرلىك ئىدى. بۇ سىر كامىل بىلەن رىزۋانگۈلنىڭ كۆڭلىدە مەڭگۈ ساقلىنىدۇ.

### 3

قىش پەسلى، دالا تەكشۈرۈشكە چىققىلى بولمايدۇ. نۆلدىن تۆۋەن ئوتتۇز نەچچە گىرادۇسلۇق سوغۇقتا تاغ ئارىلىرى، ئېدىرلاردا پائالىيەت قىلىش مۇمكىن ئەمەس. ئەزەلدىن ئادەتكە ئايلانغان ئىش، گېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش بىر يىلنىڭ يەتتە ئېيىدىلا بولىدۇ، قالغان بەش ئاي شەھەردىن ئايرىلمايدىغان، ئىشخانىدىن چىقمايدىغان ۋاقىت. تەبىئەتنىڭ بۇ خىل ئىش تەقسىماتىمۇ بىر تەرەپتىن ياخشى ئىكەن، يىل بويى ئاي دالا، تاغۇ دەشتلەردە يۈرسە، بۇنداق تۇرمۇش ئۇزاق مۇددەت داۋاملاشسا ئۇلارغا شەھەر تۇرمۇشى يات تۇيۇلىدىغان بولۇپ قالاتتى. بالىلىرى ئۇچۇن ئاتا يات كىشى تۇيۇلۇپ، خوتۇنلىرى ئۇچۇن قايغۇ ـ ھەسرەت ئېلىپ كېلەتتى. ئېغىرى گېئولوگ بولغانلار ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە بويتاق، تەنھا ئۆتۈپ، بۇ دۇنيادىن ئىزسىز كېتەتتى، ئۇ چاغدا بۇ كەسىپ قورقۇنچلۇق بىر ئىشقا ئايلىنىپ قالاتتى.

گېئولوگلارنىڭ شەھەردە ئۆتكەن تۆت ـ بەش ئايلىق

ھاياتىنىڭ قىممىتىمۇ دالا تەكشۈرۈشىدىن كەم بولمايدۇ. ئۇلار ئۆز كەسپىگە ئائىت يېڭى ئۇچۇر، يېڭى كۆزقاراش، يېڭى ـ يېڭى يەكۈنلەر بىلەن تونۇشۇپ، ئۆزلىرىنى قوراللاندۇرىدۇ. كۆز نۇرلىرى ئۆتكۈرلىشىدۇ، ئەقىل ـ ئىدراك قۇۋۋىتى ئاشىدۇ. ئۇلارمۇ ئۆز ئەمەلىيەتلىرى ئۈستىدە ئەستايىدىل پىكىر قىلىپ، ئىزدىنىپ، يېڭى قاراشلار سىڭگەن ئىلمىي ماقالىلەرنى يېزىپ چىقىدۇ. بۇلا ئەمەس، ئۇلار كۆپ ۋاقىتلىرىنى بالىلىرى بىلەن جەم بولۇپ ئۆتكۈزىدۇ، ئائىلىدە ئەر ـ خوتۇنلۇق مېھىر ـ مۇھەببەت قويۇقلىشىدۇ، ئاتا ـ بالىلىق مېھىر ـ رىشتى چىڭىيىدۇ. يىگىت ـ قىزلار بولسا، ئۆز سۆيگەنلىرى بىلەن ۋاقتى ـ ۋاقتىدا ئۇچرىشىپ، ياشلىق مەزگىلىنىڭ تەلپۈنۈشلىرىگە تەسەللى تاپىدۇ. ھاياتنىڭ پەقەت ئىنسان ئۇچۇنلا ئاتا قىلغان نېمەتلىرىدىن بەھىر ئالىدۇ، ئۆزلىرىنىڭ ئىنسانلىق مەۋجۇتلۇقىنى نامايان قىلىدۇ، تۇرمۇشتىن ئېلىشقا ھەقلىق بولغان بەھرىنى ئېلىپ، ھايات گۈلشەنىدىن بەخت ئىزدەيدۇ.

كامىل ئەترىتىنىڭ بۇ قېتىمقى قىشلىق شەھەر ھاياتى ھەر قانداق يىلىدىكىدىن مەنىلىك، مەزمۇنلۇق بولدى. مەسئۇد خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتنىشىدۇ. ئەركىن راملە بىلەن توي قىلىدۇ، ئېلى بولسا، يېزا بۇلبۇلى چىمەنگۈلنى قولىغا قوندۇرىدۇ، يەنە بىر قانچە ياخشى ئىشنىڭ بېشارىتى بار.

كامىلنىڭ ئويلىرى مۇنداق: مەسئۇدنى يىغىنغا ئۇزۇتۇشتىن بۇرۇن، ئەركىن، ئېلىلارنىڭ تويىنى تۈگىتىدۇ، بۇ خۇشاللىق كۈنلەردە مەسئۇد بولمىسا قانداق بولىدۇ، كۆڭۈل قانداق چىدايدۇ؟ ئۇنىڭ كاللىسىدا ئاينۇر بىلەن مەسئۇدنىڭ مۇناسىۋىتى ... تېخنىكىدا، كەسپىتە بۆسۈش ھاسىل قىلىش، نەتىجە قازىنىش، ۋەتەنگە شان ـ شەرەپ كەلتۈرۈش ...

كامىل بىر كۈنى ئەركىننى ئىشخانىسىغا چاقىردى. خىزمەت

توغرۇلۇق ئازراق سۆزلىگەندىن كېيىن، نەق گەپنى، تويىنى تېزرەك قىلىشنى ئېيتتى. ئەركىنمۇ ئالدىرايتتى، ئۇ رامىلە بىلەن بىرقانچە قېتىم مەسلىھەتلەشكەن. شۇڭا ئەركىن ئۆزلىرىنىڭ مەسلىھەت، پىلانلىرىنى ئېنىق قىلىپ ئېيتتى، كامىل ئەركىننىڭ يېڭىچە توي قىلىش ھەققىدىكى پىكرىنى قىزغىن قوللىدى. توي مۇراسىمىنى خىزمەتداشلار، قىز - يىگىتنىڭ يېقىن دوستلىرى بىلەنلا ئۆتكۈزۈشكە ئەركىن رازى بولدى، كامىل قوللىدى، ئۇلار ئىككىسى توي ۋاقتىنى ئېنىق بېكىتتى.

ئەركىنگە ئۆي تېپىپ بېرىش كامىلغا قىيىن چۈشتى. ئىدارىنىڭ بىرىنچى باشلىقى ئەزىزوپنىڭ تەستىقى كەلگەن بولسىمۇ، ئۆيلەرنى باشقۇرىدىغان بۆلۈم نېمىشقىدۇ ئىشنى كەينىگە سۆرەپ ئۇزۇل - كېسىل بىر نەرسە دېمىدى. ھەر خىل سەۋەب، باھانىلەرنى كۆرسىتىپ كۈنلەرنى ئۆتكۈزدى. بېرىشقا تېگىشلىك ئۆي يېرىم يىلدىن بېرى بوش، لېكىن پۇختا قۇلۇپلانغان. بۇرۇنمۇ بىر قانچىلىرى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، پەقەت بېرىلمىگەنىدى. بۇنىڭ مەلۇم بىر سەۋەبى باردەك قىلاتتى، بىراق بۇنى بىلىدىغان ئادەم تېخى چىقمىدى. بەلكىم بىلىدىغانلار باردۇ، ئۇلار بىرەر نەرسىدىن ئېھتىيات قىلىپ ئاغزىدىن چىقارمىغاندۇ، قورقۇش، ئەيمىنىش، ئېھتىيات، قۇرۇق قىلىشلار ئۇنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلاپ تۇرىدىغاندۇ. شۇنداق كىشىلەر يوشۇرۇن بىر كۈچنىڭ ھەيۋىسىدىن كۆپ ۋاقىتلاردا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا مەجبۇر بولىدۇ.

توي كۈنى يېقىنلاشقانسېرى كامىل ئالدىرايتتى، تىت - تىت بولاتتى، ئاددىي ئۆي بېرىش ئىشىنىڭ مۇنداق مۇرەككەپلىشىپ كەتكىنى ئۇنىڭ ئوغىسىنى قايناتتى. ئىچىنى پۇشۇراتتى. ئۇ بۈگۈن ئىدارە باشلىقىغا ئۈچىنچى قېتىم تېلېفون بېرىشكە مەجبۇر بولدى. ئەسلىدە پۈتۈن رەسمىيەتلىرى ئۆتۈلۈپ بولغان بۇ ئىشقا باشلىقنى يەنە ئارىلاشتۇرۇش ھاجەتسىز ئىدى.

قانداقتۇر سىرلىق، يوشۇرۇن سەۋەبلەر بىلەن بۇ ئىش ھەل بولمىدى، ئۆينىڭ ئاچقۇچى ئەركىننىڭ قولىغا تەگمىدى. تېلېفوندا ئەھۋالنى ئۇققان ئەزىزوپ غەزەپتىن ۋارقىرىۋەتتى، ئۇنىڭ ئاۋازى شۇنچىلىك دەھشەتلىك چىقتىكى، كامىلنىڭ قۇلىقىدىكى تېلېفون تۇرۇپكىسى چاراسلاپ كەتتى، ئاخىرىدا كامىلغا ئۆي باشقۇرۇش باشقارمىسىغا ھازىرلا بېرىشنى ئېيتتى. ئۇ يەرگە باشلىقنىڭ ئۆزى تېلېفون بەرمەكچى بولدى.

— يولداش كامىل، — دېدى ئۆيلەرنى باشقۇرىدىغان بۆلۈمنىڭ باشلىقى ئۇ ئىشخانىسىغا كىرىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، — ئىدارىمىزدا، سىزنى تونۇمايدىغان ئادەم يوق، ھەممىمىز ھۆرمەت قىلىمىز، سىز ئالىي مەلۇماتلىق ئىلىم - پەن خادىمى، قابىلىيەتلىك ئالىم، مىجەز - خاراكتېرىڭىزمۇ ئىلىمغا ساختىلىق ئارىلاشالمىغانغا ئوخشاش پاك ۋە تازا. بىراق، سىز ئىجتىمائىيەتچى ئەمەس، مۇناسىۋەتلەرنىڭ سىرىنى بىلمەيسىز. مەنمۇ بىناكارلىق قۇرۇلۇش كەسپىنى ئوقۇغان، ئالىي مەلۇمات ئالغان، كۆرۈپ تۇرۇپسىز، بۆلۈم باشلىقى دېگەن بۇ تاجنى كىيىپ، ئۇستەل قۇچاقلاپ ئولتۇرۇپتىمەن، بۇ مېنىڭ خاھىشىممۇ، ياق ... ياق، كامىل كۆپ ۋاقىتلاردا سىياسەتچىلەر بىلەن ئىلىم ئەھلىنىڭ دېگىنى ئوخشاش چىقمايدىكەن، ھەتتا ئويلىغانلىرىنىڭمۇ ئوخشاش چىقىشى ناتايىن ئىكەن، — ئۇ مەيۈس ھالدا جىم بولۇپ قالدى. كامىل ئالدىدىكى كادىرنىڭ ئۆي ھەل قىلىپ بېرىش ئىشى بىلەن كەلگەن ئادەمگە بۇنداق سۆزلەرنى قىلىشىنىڭ مەنىسىنى تازا چۈشىنەلمىدى، مەقسىتىنى ئۇقالمىدى، لېكىن ئۇنىڭ كۆز قاراشلىرىنىڭ ئورۇنلۇق ئىكەنلىكىگە قايىل بولدى، — سىز ھەيران قېلىشقا ھەقلىق، ئەلۋەتتە ھەقلىق، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى بۆلۈم باشلىقى، — خېلى - خېلى قۇرۇلۇشلارنىڭ چېرتيوژىنى سىزىپ، ئۇنىڭ قەد كۆتۈرۈپ تىكلىنىشىگە قۇدرىتى يېتىدىغان بىر ئادەمنىڭ شۇ تاپتا ئاللىقاچان پۈتۈپ بولغان تەييار ئۆينىڭ

ئاچقۇچنى بېرىشكە چامى يەتمەيۋاتىدۇ. بۇنىڭغا نېمىشقا ھەيران قالمىغۇلۇق، ھەتتا ئاچچىق - ئاچچىق كۈلسىنىمۇ بولىدۇ. ئۆزۈممۇ ھەيران قالىمەن، ئۆزۈممۇ كۈلىمەن. يولداش كامىل، سىز ئوچۇق - ئاشكارا ئادەم، ھەممە گەپنى ئوچۇق دەۋېرىسىز، بۇ ئىلىم ئەھلىنىڭ تەبىئىتى. مەن سىزگە ھەۋەس قىلىمەن، ھۆرمەت قىلىمەن. ئۇ ئۆينىڭ ئاچقۇچى مەندە بار، — ئۇ تارتمىسىنى تارتىپ دۈگىلەك سىم ھالقىغا ئۆتكۈزۈلگەن ئۈچ دانە مىس ئاچقۇچنى ئۈستەل ئۈستىگە تاشلاپ قويدى، — سىزگە بۇرۇنلا بېرىلىشى كېرەك ئىدى. باشقا تەرەپلىرىنى قويۇپ تۇرايلى، ۋاقىت ئىلىم - پەن خادىملىرى ئۈچۈن قانچىلىك قىممەتلىك، لېكىن ئۇلار ئۈچۈن ئەرزىمەس، ھېچنېمە ئەمەس. سىز ئاچقۇچنى ئېلىپ كېتىۋېرىڭ، بىزنىڭ باشلىققا جاۋابىنى ئۆزۈم بېرىمەن، — كامىل ئاچقۇچقا قول ئۇزۇتۇش تۈگۈل، كۆز قىرىنىمۇ سالمىدى. ئۇ بىر نەرسىنى ھېس قىلغان، تۇيغانىدى.

— يولداش بۆلۈم باشلىقى، مەن سىزدىن خېلى كۆپ نەرسىلەرنى ئۆگىنىۋالدىم، سىزنىمۇ چۈشەنگەندەك قىلدىم، شۇڭا ئاچقۇچنى مۇشۇ ھالدا ئالمايمەن، سىزنىڭ زىيان تارتىشىڭىز بەدىلىڭىزگە ئاچقۇچنى ئالالمايمەن.

— مېنى چۈشەنگەنلىكىڭىزگە رەھمەت يولداش كامىل، زىيان تارتسام مەيلى ئەمەسمۇ، ئازابلىنىشتىن قۇتۇلسام بولدى. ئالسا، بۆلۈم باشلىقلىقىنى ئالىدۇ، مېنىڭدەك گەپ ئاڭلىماستىن قۇتۇلۇپ، نېمە دېسە ھە، ھە دەيدىغان بىرسىگە ئىگە بولسا، ئۇمۇ خۇش بولىدۇ، ئېنىقكى، مەنمۇ قۇتۇلغىنىمغا خۇش بولاتتىم.

— ياق، ياق، قەتئىي ئۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ، بۇنى ھەل قىلىشنىڭ مۇۋاپىق ئۇسۇلى چىقىدۇ. ئەسلىدە چىقىشى كېرەك ئىدى.

— يولداش كامىل، بۇنىڭ ئىچكى سىرىنى بىلمىگەچكە مۇۋاپىق ھەل قىلىش چارىسىنى تېپىش تەس. مەن سۆزلەپ بېرەي، ئاۋۋال ئاڭلىۋېلىڭ، — دېدى ئۇ ۋە تەپسىلىي سۆزلىدى.

بۇ بىنا بۇنىڭدىن بىر يىل بۇرۇن پۈتكەن. تەقسىم قىلىش ۋاقتىدا بۇ باشقارمىنىڭ باشلىقى ئۈچىنچى قەۋەتتىكى ئۈچ ئېغىزلىق ئازادە بىر ئۆينى (باش گېئولوگ، باش ئىنژېنېرلارغا بېرىلىدىغىنى)ھېچكىمگە تەقسىم قىلماسلىقنى ئېيتقان. ئۆي تەقسىم قىلغاندا دىگەندەك ھېچكىمگە بېرىلمىدى. شۇنىڭدىن ھازىرغىچە ئۇ ئۆي سولاقلىق بوش تۇرۇپتۇ. بۇ ئۆينى نېمە قىلىشنى باشقارما باشلىقىدىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. سوراش تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس. يېرىم يىل ئىچىدە ئالتە خادىم بۇ ئۆينى تەلەپ قىلىپ ئىلتىماس يازغان، پىرىنسىپ بويىچە تۆتىنىڭ قايىسىسىغىلا بەرسە بولاتتى، لېكىن ھېچكىمنى يولاتمىدى. بەزىلىرى باش ئىدارىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقىنىڭ تەستىقىنى ئېلىپ كېلىپ ئۈمىدلەنگەن، بىراق ئاخىر يەنىلا ئۆيگە ئىگە بولالمىغان. قانداقتۇ ئىشلارنىڭ بىر - بىرى بىلەن خۇپىيانە سەپلىنىشى ئارقىسىدا، باشلىقنىڭ سالغان تەستىقى كۈچىدىن مەھرۇم قېلىپ، ئاقماس بولۇپ قالىدۇ. تەستىق سالغان باشلىقنىڭ قورسىقى كۆپمەيدۇ، يە كۆڭلى قالمايدۇ. ئۆز تەستىقىنىڭ كۈچ كۆرسىتەلمىگەنلىكىگە قايىل بولۇپ، رازى بولغاندەك جىم بولۇپ قالىدۇ. بۇنىڭدىكى سىرنى پەقەت سەزگىلى بولىدۇ، ھېس قىلغىلى بولىدۇ، لېكىن بىلگىلى بولمايدۇ. ئەمما بۇ ئەھۋالنى كاملىغا سۆزلەپ بەرگەن بۆلۈم باشلىقى بۇ سىرنى ئاخىر بىلگەن، ئۇ ئۆينى كىمگە ئاتاپ قويغانلىقنى ئېنىقلاپ چىققان. مۇشۇ ئىدارىدىن بىرسى، بەلكى ئۆي تەلەپ قىلغانلارنىڭ بىرسى بولۇشى كېرەك. يۇقىرىغا ئەرز يازغان، ئەرزدە باشقارما باشلىقىنىڭ ئۆي تەقسىم قىلىشتىكى بىر قىسىم ئىلىم - بىرىم، ئۆزئارا نەپ يەتكۈزۈش ئىشلىرى پاش قىلىنغان. ھازىرغىچە بوش تۇرۇۋاتقان ئۆينى كىمگە ساقلاپ قويغانلىقى مەلۇم قىلىنغان. ئەرزدىكى ئەھۋاللارنى ئۇقۇپ بېقىش، ئېنىقلاش مەقسىتىدە ئىككى كادىر باشقارمىغا كەلگەن. ئۇ كۈنى باشقارما باشلىقى ئاغرىپ قېلىپ ئىشقا كەلمىگەن،

ھېلىقى ئىككى كادىر بۆلۈم باشلىقىغا كېلىش سەۋەبىنى ئېيتىش جەريانىدا پاش قىلىش خېتىدىكى ئەھۋاللارنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەرگەن. ئەنە شۇ چاغدا بۆلۈم باشلىقى ئۆزى بىلىدىغان ئەھۋاللار بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، بۇ سىرنى ئېنىق بىلىۋالغان.

باشقارما باشلىقىنىڭ ئوغلى ئىچكىرىگە ئوقۇشقا ئەۋەتىلگەن. ئۇ ئالىي مەكتەپنىڭ 3 ـ يىللىقىدا ئوقۇۋاتقاندا، پۇل تېپىشى سىرلىق، لېكىن ئۆزى چىرايلىق بىر ئايال بىلەن تونۇشۇپ قالغان. ئۇ ئوقۇشنى تاشلاپ، ئويۇن ـ تاماشىغا بېرىلىپ كەتكەن، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ، ساۋاقداشلىرىنىڭ نەسىھەتلىرى قۇلىقىغا كىرمىگەن. ھەتتا مەكتەپنىڭ بىرقانچە قېتىملىق ئاگاھلاندۇرۇشلىرىغا پىسەنت قىلمىغان، ئاخىر مەكتەپتىن قوغلانغان. باشقارما باشلىقىنىڭ ئوغلى ئۇ ئايالنى ئەگەشتۈرۈپ ئۆيىگە كەلگەن، بىرەر ئايلاردىن كېيىن ئۇلار غايىب بولغان. بۇ بۇنىڭدىن ئۈچ ـ تۆت يىل بۇرۇن بولغان ئىش ئىدى. قايسىدۇر بىر ئۆلكىنىڭ گېئولوگىيە ئىدارىسىنىڭ باشلىقىنىڭ مەكتەپ پۈتكۈزەلمىگەن قىزىنى مۇشۇ باشقارمىغا خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇش ھېسابىغا، باشقارما باشلىقى ئۆز ئوغلىنى خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرغان، ئۇ قىز ھازىر مۇشۇ باشقارمىدا كاتىپ ئىدى.

بۆلۈم باشلىقى سۆزىنىڭ ئاخىرىنى مۇنۇ سۆزلەر بىلەن تۈگەتتى.

ـــ كامىل، ۋاقىت ئۆتۈپ، ئىش كونىرىدى، ئەمدى بىزنىڭ باشلىق شۇ ئوغلىنى بىزنىڭ ئىدارىگە يۆتكەپ ئەكەلمەكچى. بۇ ئۆينى شۇنىڭغا ئاتاپ ئېلىپ قويغان ئىكەن، باشقارمىدا بۇ سىرنى مېنىڭدىن باشقا بىلىدىغان كىشى يوق، ـــ كامىل بۆلۈم باشلىقىنىڭ سۆزىنى دىققەت بىلەن ئاڭلىدى، ئۇنىڭ جۇرئىتىگە قايىل بولدى. شۇڭا ئۇ رەھمەت ئېيتتى، لېكىن ئاچچىقى ئالمىدى، ئۇ ياخشىلىقتا يامانلىق بولۇپ قېلىشىنى خالىمايتتى، بۇ ئىشنى باشقىچە يول بىلەن ھەل قىلىشقا كۆزى يېتەتتى.

ئەتىسى سائەت سەككىزدە ئىدارىنىڭ بىرىنچى قول باشلىقى ئەزىزوپ باشقارمىدا پەيدا بولدى، باشقارما باشلىقى ئالدىراپ قالدى. ئۇنى خۇش چىراي بىلەن ئۆز بۆلۈمىگە باشلاپ كىرىپ كەتتى. يېرىم سائەتلەردىن كېيىن باشقارما باشلىقى چىرايى تاتارغان ھالدا ئۆيلەرنى ئەمەلىي باشقۇرىدىغان ھېلىقى بۆلۈم باشلىقىنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى، ئۇ باشقا سۆز قىلماستىن ئاچقۇچنى ئالدى، ئۇنىڭ قوللىرى تىترەيتتى، چىرايى خاپا، نېمىگىدۇر غەزىپى ئۆرلەۋاتقاندەك ئىدى.

ئىدارە باشلىقى كەتتى. باشقارما باشلىقى چۈشكىچە ئىشخانىسىدىن چىقمىدى. ئۇ ئىككىنچى ئۇ ئۆينىڭ گېپىنىمۇ قىلمىدى.

# ئون ئۈچىنچى باب

## 1

— ھازىردىن باشلاپلا ھودۇققىلى تۇردۇڭ ئېلى، دېمىسەڭ ئىچىڭگە چۇشۇپ، شۇكىلىشىپ كەتتىڭ، — دېدى كەينىگە بىشىنى بۇراپ مەخمۇت. دېمىسىمۇ ئېلى يېقىندىن بېرى خىيالچان بولۇپ قالغانىدى. كامىل ئەركىنىنىڭ تويىنى ئۆتكۈزۈپ بولۇپلا ئېلىنى تويغا ئالدىراتقانىدى. ئېلىنىڭ تېخى تەييارلىقىم تولۇق پۈتمىدى، دېگەنلىرىگە پەرۋا قىلمىدى. چۈنكى، خىزمەتداشلىرىنىڭ ئېلى ئۈچۈن نېمىلەرنى تەييارلاپ قويغىنىنى ئۇ بىلمىگەن بىلەن كامىلغا ھەممە نەرسە ئايدىڭ، ھەتتا ئېلىغا ئۇقتۇرماي ئەركىنىنى ئىككى قېتىم چىمەنگۇلنىڭ ئۆيىگە ئەۋەتىپ، ئۇلارغا بېرىشكە تېگىشلىك بولغان نەرسىلەرنى تەل قىلىپ بېرىپ بولغان، توي كۈنىنىمۇ بېكىتىپ بولغانىدى. بۈگۈن ئۇلار سەھەردىلا يولغا چىققان، ئون بەش كىشىلىك ئاپتوبۇستا كامىل، رىزۋانگۇل، ئەركىن، راملە، ئېلى، مەخمۇتلار ئولتۇردى، كىچىك ماشىنا توي بولىدىغان كۈنى يېتىپ بارماقچى بولدى. يېرىم سائەتتىن بېرى ئاپتوبۇس ئىچىدە ھۆكۈم سۈرگەن جىمجىتلىقنى مەخمۇت بۇزدى. ئۇنىڭ سۆزىگە ئېلى كۈلۈپلا قويدى. ئۇنىڭغا ئۇلاپلا:

— ھازىرلا ئەمەس، — دېدى ئەركىن يۇقىرى ئاۋازدا، — خېلى كۈنلەر بولۇپ قالدى. ئېلى بىردىنلا ئېغىر - بېسىق بولۇپ كەتتى. نېمىشىندۇر مۇھاكىمە قىلىۋاتقاندەك كۆرۈنىدۇ، يە ئۆزىنىڭ چوڭ بولغانلىقىنى ھېس قىلىپ ئۆزىنى تۇتۇۋالغىنىمۇ

بۇ؟ بەلكىم...

— ياق، ئۇنداق ئەمەس، — دېدى مەخمۇت خىرقىراق ئاۋازدا، — ئۇنى مەن بىلمەن ... — ئۇ سۆزىنىڭ ئاخىرىنى چىقارماي ئېلىنىڭ كۆزىگە قارىدى.

— سىزمۇ مەخمۇت، موللا تاپقاق ئوخشايسىز، كىشىنىڭ كۆڭلىدىكى سىرلارنى بىلىۋالغىنىڭىزغا قارىغاندا، — دېدى رىزاۋنگۇل يېنىدا ئولتۇرغان راملەنىڭ بىقىنىغا يېنىك نوقۇپ.

— مەخمۇت كىشىنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلەلمەيدۇ، يانچۇقىدىكىنى بىلەلەيدۇ، سومكىدىكى بوتۇلكىلارنى بىلىۋېلىشقا ماھىر، — دېدى ئېلى، ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى كۈلۈشتى.

مەخمۇت ئورنىدىن تۇرۇپ ئېلىنىڭ يېنىغا ئۆتۈپ ئۆرە تۇردى:

— ئېيتىۋېرىمەن جۇمۇ ئۇنداق بولسا ئېلى، توختا ئالدى بىلەن مۇنۇ يېرىڭ، — ئۇ سۆزىنى توختىتىپ، ئالىقىنىنى ئېلىنىڭ كۆكرىكىگە قويدى، — مانا رىتىمى بۇزۇلغان، سوقۇشلىرى باشقىچە ... تولا قورقۇپ كەتمە ئاداش ... — بۇ گەپ راملە بىلەن رىزۋانگۇلنى قاتتىق كۈلدۈردى، ئۇلار ئىككىسى تۇمشۇقلىرىنى قوللىرى بىلەن ئېتىپ، نېمىدىندۇر خىجىل بولغاندەك قىلىشتى.

— نېمىلەرنى دەپ يۈرسەن مەخمۇت؟! — دېدى ئەركىن ئېلى ئۈچۈن سۆزلەپ، تويى بولىدىغان يىگىتنىڭ يۈرەكلىرى قورقۇشتىن ئەمەس، خۇشلۇقتىن سالىدۇ، ئۆز بېشىڭدىن ئۆتكىنىنى ئۇنتۇپ قالغاندەك گەپ قىلدىڭ.

— ياق ئەركىن، — دەپ سۆز قىستۇردى ئېلى، — ئۆزىنىڭ تەجرىبىسى بويىچە سۆزلىدى، ئۇ تويى بولغاندىلا ئەمەس، ئاچام بىلەن تونجى قېتىم ئۇچراشقاندىلا ئىشنى قورقۇشتىن باشلىغان. توي بولغاندىلا ئەمەس، ھازىرمۇ ئۇنىڭ يۈرىكى قورقۇشتىن رىتىمىنى بۇزدى.

ئاپتوبۇس بىر خىل ئاۋاز چىقىرىپ، يوللارنى كەينىدە قالدۇرۇپ كېتىۋاتاتتى. يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى سوزۇلۇپ

ياتقان سايلىق، ھەممە يەرنى ئاق قار قاپلىغان، ئۇ كۆزلەرنى چاقىدۇ. ئاپپاق قاردىن يېنىپ تۇرغان قۇياش نۇرى ئاپتوبۇس دېرىزىلىرىنىڭ ئەينىكىدە جىلۋىلىنىدۇ. مارت ئېيىنىڭ ئوتتۇرىسى بولۇشىغا قارىماي، سوغۇق بىر خىلدا داۋاملىشىۋاتاتتى، ئەتىياز يېتىپ كېلەي دەپ قالسىمۇ، ئۇنىڭدىن ھېچقانداق شەپە يوق. ئاپتوبۇس ئىچىدە بولسا قىزىق چاقچاق، كۈلكىلەر داۋاملىشىدۇ، تويى بولىدىغان يىگىتنىڭ كۆڭۈل ئاسمىنى داۋالغۇپ، دولقۇنلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ خۇشاللىقلىرى كۆڭلىنى بىر قىسما قىلىپ قويىدى. ئۇ ئۈچ يىللىق تېخنىكومنى پۈتكۈزگەندە تېخى بالا ئىدى، گېئولوگىيە قىدىرىش ئىشلىرى ھەققىدە ئىپتىدائىي بىلىم ئىگىلىگەنىدى. ئۇنىڭغا كۆپرەك ئوقۇشقا ئىمكانىيەت بولمىغانىدى. ئېلى ئالتە ياشقا كىرگەندە ئاتىسى ئاپىسىنى تاشلاپ كېتىپ قالدى، بىچارە ئاپا يالغۇز ئوغۇل بىلەن بەش يىلنى ئۈمىد ۋە ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە كۆزلىرىدىن ياش قۇرۇماي ئۆتكۈزدى، ئاتىسى ئاخىر يىراق بىر يەردىن نىكاھتىن ئايرىلىش خېتىنى ئەۋەتىپ، ئۆزى تىرىك تۇرۇپ، ئېلىنى ئاتىسىز يېتىم قالدۇردى. ياش چوكان ئۆمرىنى توختام سۈدەك ئۆتكۈزۈپ، بارلىقىنى يالغۇز ئوغلى ئۈچۈن قۇربان قىلىشقا رازى ئىدى، لېكىن ئايال كىشى ئۈچۈن تىرىكچىلىك قىلىشنىڭ مۈشكۈللۈكى، ئەنئەنىۋى ئادەت كۈچلىرىنىڭ بېسىمى، ئەتراپتىكى گەپ ـ سۆزلەر، ئاق كۆڭۈل كىشىلەرنىڭ ياخشى مەسلىھەتلىرى، نىيىتى يامانلارنىڭ پىتنە ـ ئىغۋالىرى ئانىنى ئۆز ئەركىگە قويمىدى. ئۇ ئىككىنچى قېتىم ياتلىق بولدى، باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇپ ياخشى ـ يامانىنى، ئاق ـ قارىنى پەرق قىلالايدىغان بولۇپ قالغان ئېلىغا ئۆگەي ئاتىنىڭ تىغدەك قادىلىدىغان كۆزلىرىدىكى سوغۇقلۇق، سۆزلىرىدىكى ئاچچىق تەنە، مۇئامىلىسىدىكى يىرىكلىك قاتتىق تەسىر قىلدى، سەبىي قەلبىنى قاتلاپ جاراھەتلەندۈردى. پاك كۆڭلىنى غەم تۇمانلىرى بىلەن پۈركىدى. ئاپىسىنىڭ بۇ ئۆيگە كېلىپ يەنە بىر

ئوغۇل تۇغۇشى خۇشاللىق ئىش بولسىمۇ، ئىبلىغا تېخىمۇ كۆپ كۆڭۈلسىزلىكلەرنى كەلتۈردى. ئاپىسىنىڭ ياش تۆكۈپ يالۋۇرۇشلىرى بىلەن ئىبلى تولۇقسىز ئوتتۇرىنى پۈتكۈزگىچە ئاران چىدىدى. ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقى، مەكتەپىنىڭ ئاتىدارچىلىق قىلىشى بىلەن مۇستەقىل تۇرمۇش كەچۈرۈش يولىغا ماڭدى. ئىبلى بۇلارنى ئۇنتۇغىنى يوق، ئۇنتۇيالىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. ئۇ خاتىرىلەر سوزۇك ئاسمانغا بولۇت كۆتۈرۈلگەندەك، ئىبلىنىڭ كۆڭۈل ئاسمىنىدا ھە دېسىلا پەيدا بولۇپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى تەمكىنلىكى، سۆزلىرىنىڭ ئازىيىشى، باشقىچە بىر ئادەم بولۇپ قېلىشىنىڭ سەۋەبى مۇشۇنداق كۈنلەردە بۇ دۇنيادا تىرىك ياشاۋاتقان ئاتا ـ ئانىسىنىڭ بولمىغانلىقى ئىدى. بۇنى پەقەت كامىللا چۈشىنىدۇ، چۈنكى كامىل ئوتتۇرا مەكتەپتىكى سىنىپ مەسئۇلىدىن قالسا، ئۇنىڭغا ئاتىدارچىلىق قىلغان ئىككىنچى كىشى. ئىبلىنى بۇ ئىدارىگە تەقسىم قىلغاندا ئۇنىڭ قىياپىتىدىكى تېخى تۈگەپ كەتمىگەن بالىلىق بەلگىلىرىنى كۆرۈپ، ئىبلىشقا جۈرئەت قىلىدىغان ئەترەت چىقمىدى. دەل شۇ چاغدا كامىل ئۇنى ئۆزى بىلەن ئەگەشتۈرۈپ ئەترەت ئەزالىرى بىلەن تونۇشتۇردى. مانا نەچچە يىلدىن بېرى ئۇ ئۆز ئۆيىدە ئۆز قېرىنداشلىرى بىلەن بىرگە تۇرغاندەك بۇ كوللېكتىپ بىلەن بىللە تۇرمۇش كەچۈرۈپ كەلدى. كامىل ئۇنىڭغا مېھرىبان، تەلەپچان ئاتىدەك غەمخورلۇق قىلدى. ھاياتنى، تۇرمۇشنى، ياشاشنىڭ يوللىرىنى ئۆگەتتى، ئادەم بولۇپ، كىشىلەر قوينىدا قەد كۆتۈرۈپ يورۇشنى بىلدۈردى. ئۆزىنىڭ ئىنسانلىق ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى ساقلاش، قوغداشنىڭ ئۇسۇللىرىنى ئۆگەتتى، بۇلارنى ھەرقانچە پۇل خەجلەپمۇ سېتىۋالغىلى بولمايتتى، ھەرقانداق مەكتەپتە ئوقۇپمۇ بىلىپ بولۇش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئىبلى خىزمەتداشلىرىدىن نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگەندى. قېرىنداشلىق مېھرىدىنمۇ ئىللىق كۆيۈنۈشلەردىن قەلبى شادلاندى. ئۆزىنىڭ تىرىك يېتىملىكىنى

ئۇنتۇغان ھالدا ياشىدى. شۇ تاپتا بۇلار ئېلىنى ھاياجانغا سالماقتا، ۋۇجۇدىنى زىلزىلىگە سېلىپ ئۇنى دولقۇنلاتماقتا، ئېلىنىڭ ۋىجدانى ئۇنى قىينىماقتا، ئازابلىماقتا ئىدى.

ئېلى ياشاش ئىقتىدارىغا ئىگە پۈتۈن تىرىك بىر يىگىت، ئەمدى ئۆز ئىشىنى ئۆزى قىلىشى كېرەك. بەلكىم ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاتا ـ ئانىسىغا يۆلىنىپ تۇرمۇش كەچۈرمەيدۇ، بىر ۋاقىتلارغا كەلگەندە مۇستەقىل ياشاش يولىغا ماڭىدۇ. ئېلىنىڭمۇ شۇنداق قىلىش دەۋرى ئاللىقاچان كېلىپ بولغان، بىراق مانا ھازىر تويى بولۇۋاتقاندىمۇ بۇنى ئۆزى بىر تەرەپ قىلىشقا قۇربى يەتمىدى، ئۇنىڭ يىغقان، تاپقان ـ تەرگىنى تويىنىڭ ھېچ يېرىگە يەتمىدى. لېكىن كامىل ۋە سەپداشلىرى ئۇنىڭدىن يوشۇرۇن ھەممىنى تولۇقلاپ بولغان، باشقىلارغا يۆلىنىۋېلىش، يەنىلا باشقىلارنى ئاۋارە قىلىش ئېلىنى قىينايدۇ. ئېغىر ـ ئېغىر تىنىشىغا، تۇرۇپ ـ تۇرۇپ ئاھ ئۇرۇشىغا سەۋەب بولىدۇ. شۇنچە يىل ئىشلەپ ئاددىي بىر تويىنى ئۆتكۈزۈشكە يەتكۈدەك پۇل تاپالمىغانلىقى ئېلىغا ھار كەلدى، خورلۇقى تۇتتى. ئېلى بۇنىڭ رېئاللىق بىلەن ئىنسان ئوتتۇرىسىدىكى مەڭگۈلۈك زىددىيەت ئىكەنلىكىنى بىلىپ يەتكەنىدى.

ئاپتوبۇس نامازدىگەر ۋاقتى بىلەن چىمەنگۈللەرنىڭ ئىشىكى ئالدىدا توختىدى، بۇ خېلى چوڭ يېزا ئىدى، رەتلەنگەن كوچىلىرى كەڭ ۋە تۈز ئىدى، بىر ـ بىرىگە تۇتاش سېلىنغان دېھقان ئۆيلىرى تاشقى كۆرۈنۈشىدىن بىر ـ بىرىگە ئوخشاپ قالاتتى، ھەممە ئائىلىلەرنىڭ ئالدىدا يالىڭاچلانغان دەرەخلەر غېرىبسىنىپ تۇراتتى.

ماشىنىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ قورۇدىن بىرىنچى بولۇپ گۈلئايشەم چىقتى، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئاتىسى، ئاپىسى، يەنە بىرقانچە ئەر ـ ئاياللار چىقىشتى. ئۇلار ماشىنىدىن چۈشۈۋاتقانلارغا قارىشىپ تۇرۇشتى. گۈلئايشەم بولسا، كامىلنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ باردى، ئۇنىڭغا ئېسىلىشتىن ئۆزىنى ئاران

تۇتۇپ قالدى. چوكاننىڭ ئەتراپىغا ئەركىن، مەخمۇتلار ئولاشتى. گۈلئايشەمنىڭ لەۋلىرى كۈلۈپ تۇرسىمۇ، كۆزلىرىدىن يامغۇردەك ياش تۆكۈلەتتى، ئاغزىغا گەپمۇ كەلمەيتتى. ئۇ رىزۋانگۈل بىلەن رامىلەنى كۆرۈپ قاناتلىنىپ ئۇچىدىغاندەك قوللىرىنى كېرىپ، ئۇلارغا ئېتىلدى ۋە چىڭ قۇچاقلىشىپ ئاۋازلىق يىغلىۋەتتى. ئىنسان قايغۇنىمۇ، خۇشاللىقنىمۇ كۆز يېشى بىلەن كۈتۈۋالىدۇ ۋە ئىپادىلەيدۇ. گۈلئايشەمنىڭ چاچلىرىنى تۈزەشلىرى، كىيىملىرى، ئومۇمەن، تۇرقىدىن يېزا ئاياللىرىدىن ئالاھىدە پەرقلىنەتتى. ئۇ شۇ تاپتا ئۇزاق يىل ئايرىلىپ كەتكەن قېرىنداشلىرى بىلەن قايتا ئۇچراشقاندەك خۇش بولدى، بۇ خۇشلۇق بىئاراملىق، بىر خىل مۇڭ، سېغىنىش بىلەن يۇغۇرۇلغاندەك قىلاتتى. گۈلئايشەم مېھمانلارنى ئالاھىدە تۈزەشتۈرگەن چوڭ بىر ئۆيگە باشلاپ كىردى، ئۆينىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىنى ئىگىلىگەن كاڭغا تۇتاش گىلەم سېلىنغان بولۇپ، تام ياقىلىتىپ كۆرپە سېلىپ قويغانىدى. مېھمانلارغا ئاۋۋال چاي بەردى، كېيىن تاماق تارتتى. بۇ ئىشلارنى سىرتتا كىمنىڭ قىلىۋاتقىنى نامەلۇم، لېكىن مېھمانلارنى كۈتۈشنى باشتىن ـ ئاخىر گۈلئايشەم قىلدى. بۇ ئۆيگە ئۇنىڭدىن باشقا ھېچكىم كىرمىدى. ئۇ تېخىمۇ تولغان، مەڭزلىرى قىزىرىپ، كۆزلىرى ئۆتكۈرلىشىپ، تېخىمۇ چىرايلىق بولۇپ كەتكەنىدى. بۇنىڭغا ھازىرقى خۇشلۇقى قوشۇلۇپ كۆزلەرنى قاماشتۇرغۇدەك ئېچىلغان بىر تال گۈلگە ئوخشاپ قالغانىدى. ئۇ باشقىلارنىڭ كۆزلىرىگە تەبەسسۇملۇق نەزەر تاشلىيالىسىمۇ، نېمىشقىدۇر مەخمۇتقا قارىيالمايتتى. ئىختىيارسىز كېتىپ قالغان كۆزلىرىنى ئالاقزەدىلىك بىلەن ئېلىپ قاچاتتى، ئۇ چاغدا مەڭزى ۋىللىدە قىزىراتتى، ئۇزۇن كىرپىكلىرى لىپىلداپ كېتەتتى، يۈرىكى سېلىپ، ئىللىق بىر سېزىم ۋۇجۇدىغا يامرايتتى. يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر يېرىگە ئورۇنلاشقان ئۇنتۇلماس شېرىن ئەسلىمىلەر ئۆز كۈچىنى كۆرسىتەتتى. داستىخان يىغىلىپ

بولغاندىن كېيىن، ئۇلار ئەتە ئۆتكۈزۈلىدىغان توي مەرىكىسىنىڭ تەييارلىقىغا كىرىشتى. رىزۋانگۈل بىلەن راملە قىزغا، ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ۋە تۇغقانلىرىغا ئاتالغان كىيىم، رەختلەرنى ئېلىپ، گۈلئايشەمگە ئەگەشتى. قورۇدىن چىقىپ ئوڭ تەرەپكە ئازراق ماڭغاندىن كېيىن، بىر قورۇغا بۇرۇلدى، بۇ قورۇنىڭ ئۆيلىرى يەردىن كۆتۈرۈپ سېلىنغان، دېرىزىلىرى چوڭ، ئەينەك سېلىنغان، شەھەر ئۆيلىرىگە ئوخشاش ئىدى. ئۇلار كىرگەن ئۆيدە چىمەنگۈل بىر توپ قىزلار بىلەن مۇڭدىشىپ ئولتۇراتتى. ئۇ توپتىن ئۇچقاندەك ئېتىلىپ چىقىپ ئالدى بىلەن رىزۋانگۈلگە ئېسىلدى ۋە راملە بىلەنمۇ قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. ئۇنىڭ چىرايلىق كۆزلىرىنىڭ چاناقلىرى ياشقا تولدى، باشقا قىزلار كەينىلىرىگە داجىشىپ، ئۈركىگەن كېيىكلەردەك قارىشىپ قالدى.

— چىمەنگۈل، بىرقانچە ئاي ئىچىدە تېخىمۇ چىرايلىقلىشىپ كېتىپسىز، — دەپ ئۇنى ئەركىلەتتى رىزۋانگۈل. راملە ئۇنىڭ ھۆسنىگە تولغانلىقىنى ماختاپ قويدى. چىمەنگۈلنىڭ يۈزلىرى قىزاردى. ئۆيدىن چىقىپ كەتكەن گۈلئايشەم ئىككى چامادانىنى ئىككى ئوغۇل بالىغا كۆتۈرتىپ ئەكىردى. رىزۋانگۈل چامادانىنىڭ بىرىنى ئېچىپ، چىمەنگۈلگە ئاتاپ ئالغان تىككىلىك توي كىيىملىرىنى، پوپايكا، ئاياغلارنى بىر ـ بىرلەپ ئېلىپ كۆرسەتتى. تېخى تىكىلمىگەن پەلتولۇق، كاستيۇم ـ يوپكىلىق، كۆڭلەكلىك، دەپ رەختلەرنى ھەر بىرىنىڭ نامىنى ئاتاپ ئوتتۇرىغا قويدى. ئىككىنچى چامادانىنى ئېچىپ كىمگە قايسى رەختنى ئاتاپ ئالغانلىقىنى بىر ـ بىرلەپ ئۇقتۇرۇپ، گۈلئايشەمنىڭ ئالدىغا قويدى. چىمەنگۈل كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ، ئاستىنقى لېۋىنى بوشقىنا چىشلەپ ئولتۇردى. باشقا قىزلار بولسا، قىزىقىش، ھەيران قېلىش، ھەۋەس بىلەن قارىشىپ قالدى، لېكىن گۈلئايشەمنىڭ قىياپىتى باشقىچە، ئۇ چوڭقۇر بىر نەرسىنى ئويلاپ قىينىلىپ، ئازابلىنىۋاتقاندەك قىلاتتى،

چىرايىدىن بىئاراملىق چىقىپ تۇراتتى، كۆڭلىگە نىمىدۇر پاتمايۋاتقاندەك، ئۇنى كۈچ بىلەن بېسىپ ئولتۇراتتى.

— رىزۋانگۈل نېمە قىلغىنىڭىزلار بۇ؟ — دەۋەتتى ئاخىر گۈلئايشەم چىدىماي، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ياش تاراملاپ قۇيۇلۇپ كەتتى. ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى ھاڭ ـ تاڭ قالدى. رىزۋانگۈل بىلەن راملە ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي تەشۋىش بىلەن بىر ـ بىرىگە قاراشتى.

— بۇنچىلىك لاتىنىڭ نېمە كېرىكى رىزۋانگۈل؟ — دېدى گۈلئايشەم تىترەك ئاۋازدا، — ھېلىتىن بۇنچىلىك قىيناپ نېمە قىلاتتۇق، قىز بالا دېگەنگە لازىمى لاتا ئەمەس، ئادەم، ياخشى ئادەم بولسىلا ھەممىنىڭ ئورنىنى باسالايدىكەن، مەن بۇنى سىزلەر بىلەن بىرگە بولغاندا بىلىۋالغان.

— ھە ... — دېدى رىزۋانگۈل يېنىك تىنىپ، — بىزنى بەك چۆچۈتۈۋەتتىڭىز، باشقىچە ئويلاپ قاپتىمىز.

— بىزنى نامرات كۆرگەن گەپ ھەقاچان، نامراتلىقىمىز راست، لېكىن رىزۋانگۈل، كۆڭلىمىز نامرات ئەمەس، كۆز ـ قارنىمىز توق ياشايمىز، بارغا بارچە، يوققا يوقچە. يوق بولسا ئاھ ئۇرۇپ كەتمەيمىز، بار بولسا، بەكمۇ خۇشال بولۇپ كەتمەيمىز.

— ياق، ياق، گۈلئايشەم! بىزنىڭ خىيالىمىز باشقىچە، پەقەت چىمەنگۈلنى ئۆزىمىز بىلەن تەڭ كۆرگەنلىكىمىزنى ئۆزىگىمۇ، باشقىلارغىمۇ بىلدۈرۈش، ئالدى بىلەن ئۇ ئېلىنىڭ ئارزۇسى، بىلىۋاتامسىز؟ چىمەنگۈلنى ئېلى بەكمۇ ياخشى كۆرىدۇ، بۇ شۇنىڭ ئىسپاتى، — ئۇلار ئۇچىسى بىر يەرگە جەم بولۇپ، توي ئۈچۈن ئېلىپ كېلىنگەن نەرسىلەرنىڭ مەنىلىرى ھەققىدىكى ئوي ـ خىياللىرىنى چۈشەندۈرۈۋاتقاندا چىمەنگۈلنى ئوتتۇرىغا ئېلىۋالغان قىزلار تويلۇق كىيىملەرنى قولدىن ـ قولغا ئېلىشىپ، قىزىقىش بىلەن كۆرۈشتى، زوق بىلەن ماختاشتى. چىمەنگۈلنىڭ بەختىگە ھەۋەس قىلىشىپ، ئۇنىڭغا چاقچاق قىلىشتى، ئۆزلىرىمۇ شۇنداق بىر ئامەتنىڭ ئۇچۇپ كېلىشىنى

كۆڭۈللىرىدە ئارزۇ قىلىشتى، قىزلارنىڭ كۆزلىرىدىن ئۈمىد، تەمە ئىپادىلىرى بىلىنىپ تۇراتتى.

كامىل قاتارلىق ئەلچىلەر ئەتىكى توي مەرىكىسىنىڭ تەييارلىق ئىشلىرىنى ساھىبخان ئەرلەر بىلەن مەسلىھەتلىشىپ پۈتكۈزدى. ھەممە نەرسىلەر تەل قىلىنىپ خاتىرجەم بولدى. رىزۋانگۈل، رامىلە، گۈلئايشەملەر قىزلار ئولتۇرۇشى، چىمەنگۈلنىڭ ئەتىكى كىيىنىشلىرى توغرىسىدىكى ئىشلىرىنى تاماملىدى. كۈنمۇ كەچ بولۇپ، غەرب ئۈپۈقىدىكى قىزىل شەپەق يوقىلىشى بىلەن ئۇنىڭ ئورنىغا قاراڭغۇلۇق ئالماشتى، يېزا بىردىنلا جانلىنىپ كەتتى. قويلارنىڭ سوزۇپ ـ سوزۇپ مەرەشلىرى، كاللارنىڭ مۆرەشلىرى بىر ـ بىرىگە ئارىلىشىپ كەتتى. تۇرۇپ ـ تۇرۇپ ئېشەكلەرنىڭ ئەسەبىي ھاڭراشلىرى، ئىتلارنىڭ ئاچچىق ـ ئاچچىق قاۋاشلىرى ئاڭلىنىدۇ. ئۇ يەر، بۇ يەردە ئاياللار باللىرىنى چاقىرىپ قويىدۇ. يەردىن كۆتۈرۈلگەن توپا ـ چاڭ قاراڭغۇلۇققا سىڭىپ كېتىدۇ، ئۆيلەرنىڭ دېرىزىلىرىدىن كىرسىن چىراغىنىڭ قىزغۇچ نۇرلىرى پىلدىرلايدۇ، كىملەردۇ بالىسىنى ئاغزىنى بۇزۇپ تىللايدۇ.

بۇ چەكسىز كەتكەن تۈزلەڭلىككە ئورۇنلاشقان كىچىك يېزىنىڭ كېچىسى شۇنداق تېز باشلاندى. كەنتنى بىر دەمدىلا كېچە قاراڭغۇلۇقى ئۆز قوينىغا ئالدى. بۇلۇتسىز ئاسماندا يۇلتۇزلار چاراقلاپ يېنىپ كەتتى، بۇ يەرنىڭ يۇلتۇزلىرى شەھەرنىڭكىدىن يورۇق، پەسلا بىر يەردە ئېسىلىپ تۇرغاندەك قىلاتتى. شامالسىز قىش كېچىسى، سوغۇق تېخى بوشىمىغان، ئۇ شەپىسىز كېلىپ يۈزلەرنى چىمدىپ قويىدۇ.

كۆپ ئۆتمەي، يېزا جىمجىتلىققا چۆكتى، ھەممە ئاۋازلار ئۆچتى. يېزا ئەللەي ناخشىسىنى ئاڭلىغاندەك مۈگدىگەن، ھايات ئېقىمىنىڭ دولقۇنلىرى بېسىقىپ، شاۋقۇن ـ سۈرەنلەر توختىغان. توساتتىنلا، يېقىن بىر يەردە بىر يىگىتنىڭ ناخشىسى سۈكۈتكە چۆمگەن يېزا ئاسمىنىدا ياڭرىدى. ناخشا جاراڭلىق ۋە

مۇڭلۇق ئىدى، پارالى سىلىشىپ ئولتۇرغان قىزلار بىردىنلا جىمىپ قالدى. ئۇلار بۇ ناخشىنى ئاڭلاشقا خۇشتاردەك قىلاتتى. رامىلە بىلەن رىزۋانگۈلمۇ ناخشىغا ئىختىيارسىز قۇلاق سالدى، ناخشا ئەۋجىگە كۆتۈرۈلگەنسېرى ئۇنىڭ مۇڭلۇق زارلاش، ھەسرەتلىنىش تۇسىگە كىرەتتى.

ئوۋچى بولماس ئىدىم ئەسلا،
ئوۋغا مەيلىم بولمىسا.
ناخشا ئېيتماس ئىدىم تۇندە،
ساڭا مەيلىم بولمىسا.

توخۇ چىللاپ، تاڭ ئاتىدۇ،
ئۇپۇق چۆمەر يورۇق نۇرغا.
كېتەر بولدۇڭ ئۆزگە بىلەن،
سىلىپ قويۇپ مېنى ئوتقا.

تولغىنىمەن زارلىنىمەن، پىغانلىرىم
ناخشام بىلەن بېرىپ يەتسۇن ھوزۇرۇڭغا.
مەن قالارمەن قان ـ ياش تۆكۈپ،
سەن كېتىسەن يىراقلارغا.

ناخشا كىشىنىڭ يۈرەكلىرىنى ئىختىيارسىز تىترەتكۈدەك شۇنداق مۇڭلۇق. ناخشا ئادەمنى ئىختىيارسىز خىياللار دەرياسىغا سۆرەپ كىرىپ، ئۆزى بىلەن ئاققۇزۇپ نەلەرگىدۇ ئېلىپ كېتىدۇ. بىچارە يىگىت قىزنىڭ ئىشقىدا پارە ـ پارە بولغان يۈرىكىنىڭ ھەسرەت ـ نادامىتىنى ئىچىگە سىغدۇرالماي، ناخشا ئارقىلىق ئۆزىنىڭ قاراڭغۇ كۆڭلىدەك ئاسمان بوشلۇقىغا چاچماقتا. كاج تەقدىرى، تەتۈر پېشانىسىگە نالە قىلىپ، تەڭرىگە ئەمەس، سۆيگۈ رىشتى باغلانغان جانانىغا ئىلتىجا قىلماقتا.

رىزۋانگۈل نېمىنىدۇ خىيال قىلىپ، چىشلىرىنى چىشلەپ تۇرغان گۈلئايشەمگە قارىدى. بۇ قاراشتا نېمە ئىش، دېگەن سوئال بار ئىدى.

— سارالڭ! — دېدى گۈلئايشەم يېنىدا ئولتۇرغان رىزۋانگۈللا ئاڭلىغۇدەك پەس ئاۋازدا، — چىمەنگۈلنىڭ كەينىگە كىرىۋالغان نېمە، — رىزۋانگۈل ئىچى ئاغرىغاندەك «ھە» دەپلا قويدى. بۇنداق ئىش ھاياتتا ئاز ئەمەس، ھەممە يەردە بار. بۇ تۇرمۇشنىڭ كىشىلەرگە قىلغان ئېغىر چاقچىقى، ئۇنى بۇنىڭغا باغلاپ، بۇنى بولسا يەنە بىرسىگە باغلاپ، بىرىنى شاد قىلسا، بىرىنى ھەسرەتكە مۇپتىلا قىلىدۇ. بۇ ئىنسانلارنىڭ كۆزگە كۆرۈنمەس تىراگېدىيەسى، تەقدىرنىڭ ئىنئامى، بۇنى رىزۋانگۈل ياخشى چۈشىنەتتى. ئۇمۇ بىرسىنى ئۈمىدسىزلىك ئالىمىگە ئىتتىرگەن، قەلبىگە ھەسرەت ئوتىنى سالغان ... بۇنىڭغا ئامال يوق. بۇنى خۇش قىلسا، ئۆزى غەمگە پاتىدۇ. ئۇنى بەختلىك قىلسا، ئۆزى بەختسىزلىك ئىچىدە پۇچىلىنىدۇ، ھەي، تەڭشەلمىگەن جاھان!

## 2

كېچە. ھەممە ئۇخلاشقا يېتىشتى. كەلگەن ئەر مېھمانلارغا ئاتاپ تەييارلانغان ئۆيدە يىگىت ئېلىنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ ئۇخلاشقا ياتتى، لېكىن مەخمۇتنىڭ ئۇيقۇسى قاچقان، ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا قارا قاشنىڭ ئاستىدا مەنىلىك تىكىلىپ تۇرغان بىر جۈپ كۆز كېلىۋالدى. ئۇنىڭدىن بىر خىل تەلپۈنۈش، سەممىي تىلەك، ئاياللىق تەشنالىقنى ئىپادىلەپ تۇرىدىغان مەنىلەر چىقىپ تۇراتتى. يەنە شۇ كۆزنىڭ ئىچكىرىسىدە قورقۇش، قىينىلىش، ئازابقا ئوخشاش ئارىلاشما ھېسسىيات يوشۇرۇنغانىدى. بۇ گۈلئايشەمنىڭ كۆزى، بۇنىڭدىن يېرىم يىل بۇرۇن پاكلىقى، ساددىلىقى، ئاق كۆڭۈللۈكىگە گۈزەل جامالى قوشۇلۇپ

مەخمۇتنىڭ يۈرىكىگە چاڭگال سالغان بىر ئايالنىڭ ۋەسۋەسىسى. مەخمۇت گۈلئايشەمنى ئۆيىدە قالدۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن بىئارام بولغان. بۇلارنىڭ ئايرىلىشى تەبىئىي بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئىگىسى — ئېرى، بالىلىرى، ئۆزىنىڭ بولسا نوختىسى — خوتۇنى بارلىقى رېئاللىق بولسىمۇ، ئۇ ئىختىيارسىز مەيۈسلەنگەن، كۆڭلى يېرىم بولۇپ، يالغۇزلۇق ھېس قىلغانىدى. ئەڭ يېقىن كىشىسىدىن ئايرىلىپ قالغاندەك قايغۇرغانىدى. مەخمۇت بۇ بىر مەزگىللىك ھېسسىيات، خۇددى ئۇيقۇدىكى بىر قېتىملىق شېرىن چۈش، ئاستا ـ ئاستا ئۇنتۇلۇپ كېتىدۇ، دەپ ئويلىغان ۋە ئىشەنگەنىدى. ئەمما يېرىم يىللىق رېئاللىق باشقىچە بولدى. مەخمۇت گۈلئايشەمنى ھە دېسىلا ئەسلەيدىغان، ياق، گۈلئايشەم ھە دېسىلا ئۇنىڭ تۇرمۇشىدا غايىۋانە پەيدا بولىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ شۇنىڭغا ئىقراركى، گۈلئايشەم بىلەن غايىۋانە بىرگە بولۇش ئۇنىڭ ئۇچۇن كۆڭۈللۈك، بەكمۇ خۇشلۇق بەخش قىلغۇچى بىر ئىشقا ئايلانغانىدى. بىرەر نەرسىگە خاپا بولغاندا، ئىچى پۇشۇپ زېرىكىشلىك ھېس قىلغاندا گۈلئايشەم گويا ئۇنىڭ يېقىن ئادىمىدەك كۆڭۈل ئاسمىنىدا پەيدا بولۇپ كەيپىنى كۆتۈرەتتى، كۆڭلىنى خۇش قىلىپ، شېرىن، تاتلىق روھىي لەززەت تەقدىم قىلاتتى. يولدا كېلىۋاتقاندا ئۇنىڭ ئېلىغا ھەر قىسما چاقچاقلارنى قىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن چېقىشىشى ئەسلىدە ئۆز ھاياجىنىنى يوشۇرۇش ئۇچۇن ئىدى. تويى بولىدىغان يىگىت ئېلى كۆڭلى چۈشكەن، مۇھەببەت رىشتىسى باغلانغان چىمەنگۈلنى ئوتلۇق باغرىغا بېسىش، ئىسسىق قۇچىقىغا ئېلىش ئۇچۇن كېتىۋاتقان بولسىمۇ، مەخمۇت ئۇنىڭدىن ئۆتە خۇشال ئىدى. ئۇ گۈلئايشەمنى قانغۇدەك كۆرۈۋالىدۇ، مۇڭدىشىدۇ، بىردەم ـ يېرىم دەم بىرگە بولۇپ تىنىقلىرىنى پۇرايدۇ، كۆزلىرىنىڭ ئىچىگە قارايدۇ، چوكانىنىڭ ئاتا قىلغان تەبەسسۇملىرى، ئاياللىق بېقىشلىرىدىن قەلب تەشنالىقى ئەمىن تاپىدۇ. مەخمۇت پەقەت مەنىۋى ھۇزۇرلىنىش چېگراسىدىن

ھالقىپ كېتەلمەيدۇ، لېكىن ئادەم ئۆز كۆڭلىدە نېمىلەرنى خىيال قىلمايدۇ، نېمىلەرنى قىلىشنى ئارزۇ قىلىپ، ئاغزىنى تاتلىق، خۇش قىلمايدۇ. مەخمۇتنىڭمۇ گۈلئايشەمدىن تەمە قىلىدىغانلىرىنى يۇقىرىقىلار دەپ ئېيتىش تەس. ئۇ كۆڭلى چۈشۈپ قالغان ئەر تەمە قىلىپ كۈتىدىغاننىڭ ھەممىسىنى كۈتەتتى. لېكىن ئۇ پەقەت خىيال، ئۇنىڭ ئالدىدا ئائىلە، تۇرمۇشتىن ئىبارەت تىكىلىپ تۇرغان رېئاللىق بار، بۇلارنى يېڭىدىغان كۈچ ئۇلاردا تېخى يوق. بىزنىڭ ھازىرقى تۇرمۇش مۇھىتىمىزدىمۇ تېخى بۇنداق كۈچ يېتىشىپ چىقمىدى. ئادەم دېگەن نېمىلا قىلغان بىلەن ئادەم، ئۇ ئۆز تەبىئىتى بويىچە رېئاللىق ۋە خىيال ئارىلاشقان بىر پۈتۈنلۈكتە ئۆز ھاياتىنى داۋاملاشتۇرىدۇ. مەخمۇتنىڭ ئۇيقۇسىنى قاچۇرغان، بىئارام قىلىپ، خاتىرجەملىكىنى بۇزۇۋاتقان پەقەت ئۇنىڭ شېرىن خىيالى بولسىمۇ، ئۇ بۇنىڭدىن قۇتۇلۇشنى، كاللىسىدىن سۈرۈپ چىقىرىۋېتىشنى ئويلاپمۇ قويمايدۇ.

گۈلئايشەممۇ رىزۋانگۈل، رامىلەلەرنى ئاللىقاچان ئۇخلىتىپ قويدى، ئۆزى بولسا، تېخى ياتمىدى. ئۇنىڭ كۆڭلىمۇ تىنچ ئەمەس، مەخمۇتنى ئويلايدۇ، يېقىملىق بىر خىل تۇيغۇغا چۆمۈلىدۇ، يۈرىكى شېرىنلىك ئىلكىدە سالىدۇ، تەقدىر دېگەننىڭ ئادەملەرنى مۇشۇنداق كويغا گىرىپتار قىلغانلىقىدىن ھەيران بولىدۇ. توۋا، كىشى ئۆمرىدە ھەر قىسىم ئىشلارغا دۈچ كېلىدىكەن، ئېرى بار، بالىسى بار بىر چوكان تۇرۇپلا باشقىسىغا باغلىنىپ قالسا، ئۇنىڭغا ئىختىيارسىز كۆڭلى چۈشۈپ قالسا، بۇ قانداق بولغىنى؟ ئادەم دېگەن مۇشۇنداقمۇ بولىدىكەن ـ ھە؟! ...

گۈلئايشەم ئۇن يەتتە ياشقا كىرگۈچە بىرەر ئوغۇل بالىغا باغلىنىپ باقمىغان، ھەتتا كۆڭلى تارتىدىغان بىرەرسى ئۇچراپ باقمىغان. ئاتا ـ ئانىسىنىڭ دېگىنى بويىچە كۆرۈپمۇ باقمىغان ھازىرقى ئېرىگە قارىشىلىقسىز تەگدى. تويى بولغاندىمۇ ئۇنىڭ كۆڭلىدە نە خۇشاللىق، نە قورقۇش، نە قايغۇرۇشتەك تۇيغۇلارمۇ

بولمىغان. پەقەت توغۇلۇپ ئۆسكەن ئۆيىدىن، ئاتا ـ ئانىسىدىن، تۇغقانلىرىدىن ئايرىلىپ، يات بىر ئائىلىگە كېلىپ قالغانلىقىغا كۆڭلى يېرىم بولغان، غېرىبلىق ھېس قىلىپ ياتسىرىغان، خالاس. ئۇنىڭ ھاياتىدىكى ئۆزگىرىش — ئۇ بىر يات ئوغۇل بالا بىلەن بىر ئۆيدە تۇرىدۇ، ئۆي سۈپۈرۈش، ئورۇنلارنى سېلىش، يىغىش، ئەرنىڭ خالىغان ۋاقىتتىكى تەلىپىنى قاندۇرۇشقا قورال بولۇش، ئاستا ـ ئاستا قورساق كۆتۈرۈپ، ئاخىر تۇغۇش ... بىر خىلدىكى تىرىكچىلىك ئۇچۇن ھەپىلىشىپ ئۆتكەن تۇرمۇش. ئۇ ھازىرقى ئۆزىنىڭ روھىدىكى ئالامەتنى ئويلىسا تېنى شۈركىنىدۇ، نەپسى قىسىلىدۇ، ئۇ ھېچقانداق مەنىسى، خۇشلۇقىمۇ، ئاچچىقىمۇ يوق لەززەتسىز ئۆتكەن ئۆمرى ئۇچۇن قايغۇرىدۇ، ئەپسۇسلىنىدۇ. ئۆزى ئەبەدىي ئايرىلغان، مەڭگۇ يېتەلمەيدىغان بىر يېڭى ھايات مەنزىرىسىنىڭ بۇ دۇنيادا بارلىقىدىن ھەيران قېلىپ ئاھ ئۇرىدۇ، ۋەسۋەسىگە چۈشۈپ، پەنەر چىراغنى كۆتۈرۈپ سىرتقا چىقىپ باقىدۇ. گۇلئايشەم ھېچبىر مەقسەتسىزلا پەنەر چىراغنى كۆتۈرۈپ تۈت قېتىم ھويلىغا چىقتى. ئەتراپقا ئۈمىد بىلەن قارىدى، تۆتىنچى قېتىم ئۇ ئۈمىد بىلەن ئەتراپقا زەن سېلىپ قارىدى، ئۇ ئۇشتۇمتۇت تۈن قاراڭغۇلۇقىدا بىر ئادەمنىڭ گەۋدىسىنى كۆرگەندەك قىلدى. بۇ بەلكىم گۇلئايشەمنىڭ خىيالىدۇ، ئۇ يەردە ھېچكىممۇ يوقتۇ، لېكىن شۇئان ئۇنى تىترەك باستى. يۈرىكى سېلىپ، قولاقلىرى قىزىدى، ئەمما ئىختىيارسىز شۇ ياققا قاراپ قەدەم تاشلاپ كېتىپ باراتتى، ئۇ گەۋدىمۇ ئۇنىڭغا قاراپ يېقىنلاۋاتاتتى.

— گۇلئايشەم! — بۇ مەخمۇتنىڭ ئاۋازى، گۇلئايشەمنىڭ كۆڭلى ئۇچرىششقا تەلپۈنۈۋاتقان كىشىنىڭ دەل ئۆزى ئىدى. پەنەر چىراغ يەرگە چۈشۈپ ئۆچتى. قاراڭغۇ تۈن بىر ـ بىرىگە چاپلىشىپ كەتكەن بىر جۈپ تەننى ئۆز ئېتەكلىرى بىلەن يوشۇردى...

سەھەردە ئېلى بىلەن چىمەنگۇلنىڭ نىكاھى ئوقۇلدى.

ئىككىلىسى شاكىرابقا چىلانغان ناننى رازىلىق بىلەن يېيىشتى. كىچىك بىر كەنتنىڭ مېھمانلىرى تايىنلىق ئىدى. ئەتىگەندە بىر سائەتكە قالماي ئەر مېھمانلار ئۇزاپ بولدى، ئايال مېھمانلارنىڭ كېلىشى ئىلگىرى ـ كېيىن بولغىنى ئۈچۈن، ئۇلارنى كۈتۈش بىلەن كۈن چۈشتىن ئۆتۈپ كەتتى. يېزا تويلىرىنىڭ بىر ئوبدان يېرى ناغرا ـ سۇناي ئاۋازىنىڭ توختىماي ياڭراپ تۇرۇشى ئىكەن. ئەتىگەن كۈن چىققاندا چىمەنگۈللەرنىڭ هويلىسىدا ناغرا ـ سۇنايىنىڭ تۇنجى ئاۋازى ياڭرىدى، شۇنىڭدىن تارتىپ دەم ئېلىش، ئىسسىنىۋېلىش ئۈچۈن قىسقا ـ قىسقا توختىغاننى هېسابقا ئالمىغاندا توي بولۇۋاتقاننىڭ دەبدەبىسى توختىماي ئاڭلىنىپ تۇردى. ئۇسسۇلغا چۈشىدىغانلارمۇ ئاز ئەمەس ئىكەن. قېرى ـ ياشنىڭ ھەممىسى بىر خىل دېگۈدەك ئۇسسۇلنى ئويناۋېرىدىكەن، بىراق ئۇسسۇلغا چۈشكەنلەر ئىچىدە قىزلار بىلەن ئاياللار ئاز ئىكەن. ئوغۇللار ۋە ئەرلەر كۆپ. توي دېگەننىڭ نەغمە ـ ناۋاسى، ئويۇن ـ كۈلكىسى ئۇنىڭ زىننىتى، يارىشىقى. دېھقان خەق بۇنى ياخشى بىلىدۇ، توينى قىزىتىش ئۈچۈن ئۆز ھۈنىرىنى ئايىمايدۇ.

— كۈنمۇ بىر يەرگە بېرىپ قالدى، يولىمىزمۇ يېقىن ئەمەس، — دېدى رىزانگۈل گۈلئايشەمگە، — چىمەنگۈلنى ئەمدى كۆچۈرۈپ ماڭايلى، شۇ تاپتا ماڭساق تۈن نىسپىدىن ئاشقاندا يېتىپ بارىمىز.

— مەنمۇ شۇنداق ئويلاۋاتاتتىم، — دېدى گۈلئايشەم بىر نېمىگە تارتىنىشۋاتقاندەك قىياپەتتە خىيال سۈرۈپ، — يېزىنىڭ بەزى ئىشلىرى شەھەردىكىگە ئوخشىمايدۇ، ياشلىرى ئەسكىرەك، مەھەللىدىن تىنچ چىقىپ كەتسەك بولاتتى.

— نېمە، بىرەر ئەندىشە قىلغۇدەك ئىش بارمۇ؟ ئوچۇق ئېيتىۋېرىڭ، ھەل قىلىشنىڭ چارىسىنى بىرلىكتە تاپمايمىزمۇ، — دېدى رىزۋانگۈل سەل جىددىيلىشىپ.

— ياقاي، ئۇنچىلىكمۇ ئىش ئەمەس، مەھەللىدىكى ياشلار ... —

ئۇ گېپىنىڭ ئاخىرىنى ئاغزىدىن چىقىرالمىدى، ئېغىر بىر تىنىپ توختاپ قالدى.

— ھە، ياشلار نېمە دەيدۇ؟ تارتىنماي ئېيتىۋېرىڭ، ئەمدى تۇغقان بولۇپ قالدۇق.

— ياشلارغا ئازراق مەشرەپ قىلىپ بەرمىسەك چاتاق چىقىرىپ، بىزنى ئاۋارە قىلىدۇ، يوقىلا خۇيلارنى چىقىرىدۇ، رىزۋانگۇل.

— ئۇلار شۇنداق دەپتىمۇ؟

— ئادەم كىرگۈزۈپتۇ، شۇنداق مەسلىھەتلەشكەن ئوخشايدۇ، ھەي يېزا دېگەنزە ...

— غەم قىلماڭ، ئۇنىمۇ ئەپلىك ھەل قىلىمىز.

بىردەمدىلا بۇ ئىش كامىل، ئەركىنلەرگە مەلۇم قىلىندى. ئۇلار بۇنى ياشلارنىڭ غۇرۇرى، ئۆز مەھەللىسىدىكى چىرايلىق قىزنىڭ باشقا ياققا كېتىپ قېلىۋاتقىنىنىڭ ئەلىمىدە قىلىۋاتقان ياشلىقى دەپ بىلدى. يېزا يىگىتلىرىنىڭ يىغىلىشىنى، تازا بىر قىزىتىپ، مەشرەپ قىلىپ بېرىشنى ئۇقتۇردى.

باغاقسىزلا كېلىدىغان، مۇزىكانت، ناخشىچى، ئۇسسۇلچىلىرى ئۆزىدىن بولغان مېھمانلارنى ئۇزاتماق قانچىلىك ئىش ! ؟ تېخى بىرقانچە كۈن بۇرۇن مەھەللىدىكى ياشلارنىڭ مەشرەپ قىلدۇرۇش ھەققىدىكى گەپلىرىنى ئاڭلاپ قالغان گۈلئايشەم ئۇلارغا قويۇلىدىغان يېمەكلىكلەرنى تەييارلاپ قويغانىدى. ئېھتىياتقا ئەركىن بىر يەشىك ھاراقمۇ ئېلىۋالغان. ھازىرقى زامان ياشلىرىنى بۇنىڭدىن ئارتۇق رازى قىلغۇدەك نەرسە يوق. ئۇلارنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى ئوغۇل بالا. ئوتتۇزدىن ئارتۇق مېھماننى خالىغانچە، كۆڭۈلدىكىدەك مېھمان قىلغىلى بولاتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى چىمەنگۈلنىڭ تەڭتۇشلىرى، بۇنىڭ ئىچىدە سىرداش دوستلىرىمۇ بار، ھەتتا چىمەنگۈلگە ئىچ پەش تارتىپ، قانات سۆرەپ يۈرگەن يىگىتلەرنىمۇ يوق دېگىلى بولمايدۇ. بۇلارنى ياخشى كۈتۈپ قويۇش چىمەنگۈلنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتى، ئۇنىڭ

بېشىنى تېخىمۇ ئۆرە قىلىدۇ. بۇنىڭ ئېلىگىمۇ تېگىشلىك يېرى بار. چىمەنگۈلنى بىزدىن تارتىپ ئېلىپ، قولىغا قوندۇرۇۋالغان نېمە گىرىي نەرسە ئەمەس ئوخشايدۇ، خېلى كەڭ قورساق، ئەركەك تۈكى بار ئاداشمۇ نېمە دېگەن شەرەپكە ئىگە بولىدۇ.

ئوتتۇرىدا بولۇپ ئۆتكەن ئازراق ئىشنى دېمىسە مەشرەپ بەكمۇ كۆڭۈللۈك بولدى. يېزىنىڭ ياشلىرى ئۆز بىلگىنىنى بىر كۆرسىتىپ قويدى، دۇتار، تەمبۇر، داپ، گىتار ... بىر ـ بىرىگە جور بولۇپ، كەنتنى بىر ئالدى. يېقىملىق ۋە شوخ مۇزىكا ساداسىغا تەڭكەش بولۇپ ياڭراپ تۇرغان، ناخشىخۇمار ئىككى ياشنىڭ مۇڭ ئارىلاشقان ناخشىلىرى سورۇن ئەھلىنىڭ قەلبىنى دولقۇنلىتىۋەتتى. شوخ پەدىلەرگە ئوينالغان قىزلارنىڭ ئويناق ئۇسسۇللىرى، كەيپ بولغان خۇما كۆزلەرنى چاقنىتىۋەتتى. ناخشىچىنىڭ بىرى كېچە تۈن نىسپىدىن ئاشقۇچە ناخشا ئېيتقان يىگىتنىڭ ئۆزى ئىدى. بۇ ئولتۇرۇشتىمۇ ئۇ پۈتۈنلەي ھىجران ئەلەمنى بىلدۈرىدىغان قوشاقلارنى تاللاپ، كىشىنىڭ كۆڭلىنى بىئارام قىلىدىغان، ئېچىندۇرىدىغان مۇڭلۇق ئاھاڭلاردا ئېيتتى. ئۇ ئېغىر كەيپ بولغان بولسىمۇ، ھوشىنى يوقاتمىغان، دەرد ـ ئەلەملىرىنى ئۇنتۇمىغانىدى. بۇ يىگىتنىڭ چىمەنگۈلگە كۆڭلى چۈشۈپ، خېلى ۋاقىتتىن بېرى ئۇنى ئەگىپ يۈرگەن بولسىمۇ، قىزنىڭ كۆڭلىنى ئۆزىگە تارتالمىغانىدى. مانا ئەمدى ئۇنىڭ ئۈمىد ـ ئارزۇلىرى تاشقا ئۇرۇلغان ئەينەكتەك پارە ـ پارە بولۇپ كەتتى، يۈرىكى ئېچىشىپ، كۆڭلى ئازابتا پۇچۇلاندى. ئۇ بارلىق ھەسرىتىنى، ئەلەمنى، دەرد ـ پىغانلىرىنى ناخشا ئارقىلىق بىراقلا چىقىرىۋەتمەكچى بولغاندەك، پۈتۈن ھۈنىرىنى ئىشقا سېلىپ، ناخشا ئېيتتى. ئۆزى ئاشىق بولغان، باشقىسى ئېلىپ كېتىش ئۈچۈن ئۆتكۈزۈۋاتقان تويدا جايىغا كەلتۈرۈپ ناخشا ئېيتىش ئوغۇل بالا ئۈچۈن ئاسان ئىش ئەمەس، بۇ ئەلەمنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئاجايىپ جاسارەت، مەردلىك روھى كېرەك، تەلۋىلەرچە قەھرىمانلىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ

سەممىي، ساددا مۇھەببىتىنى قوبۇل قىلماي خورلىغان، يىگىتلىك غۇرۇرىنى ئەرزىمەس نەرسە ئورنىدا كۆرۈپ پىسەنت قىلمىغان، يالغۇزۇش، يىلىنىشلىرىغا مەسخىرە بىلەن جاۋاب بەرگەن قىزنى قاغاۋاتامدۇ ياكى ئۆزى سەممىي ياخشى كۆرگەن قىزنىڭ ئۆزىنىڭ كۆڭلى چۈشۈپ قالغان باشقا يىگىت بىلەن توي قىلىپ، بەختىنى تاپقانلىقىنى خالىس تەبرىكلەۋاتامدۇ؟ ! بۇنى بىر خۇدا، بىر ناخشىچى يىگىتنىڭ ئۆزىدىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ.

بىر چاغدا ناخشىچى يىگىت ئورنىدىن تۇرۇپ پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۆزىنى رۇسلىدى. ئۇ سەل دەلدەڭشىپ ئوتتۇرىغا چۈشتى. ئۇ توي كىيىمى كىيىپ، مەيدىسىگە قىزىل گۈل تاقاپ، يانمۇ يان ئولتۇرغان ئېلى بىلەن چىمەنگۈلگە قاراپ بىر قولىنى كۆكرىكىگە قويۇپ، ئېگىلىپ بەكمۇ سىپايە تەزىم قىلدى ۋە ئۇسسۇلغا چۈشتى. ئۇسسۇل شۇنداق نەپىس، كۆركەم ئىدى، ئوينىغۇچىنىڭ ماھارىتىمۇ تۆۋەن ئەمەس، بۇنىڭغا يىگىتنىڭ ئىخلاسى قوشۇلۇپ، كۆرگۈچىلەرنى بەكمۇ زوقلاندۇردى. سۇر بېسىپ قالغاندەك بۇ ئۇسسۇلچىغا تەڭكەش قىلغۇچى چىقمىدى. ئۇ خېلى ئۇزاق ئۆزى يالغۇز ئوينىدى، بىر چاغدا ئايلىنىپ بېرىپ، چىمەنگۈلنى ئۇسسۇلغا تارتتى. قىزلارنىڭ ھەممىسى ھەر خىل شەكىللەردە كۈلۈشتى، ئوغۇللار ۋارقىراشتى. ناخشىچى ئۇنىڭ ئالدىدا مىختەك قادىلىپ تۇرۇۋالدى، قىيقاس ـ چۇقان داۋاملاشتى. بىر چەتتە قاراپ تۇرغان گۈلئايشەم ساراسىمىگە چۈشتى، بىرەر ئىش چىقىپ قالمىسۇن دەپ ئالاق ـ جالاق بولۇپ كەتتى. ئۇ نېمە قىلالايتتى، سىڭلىسى ئوچۇن ئوتتۇرىغا چۈشۈپ ئۇسسۇل ئوينىسۇنمۇ ياكى ئۇ يىگىتنىڭ يەلكىلىرىدىن تۇتۇپ تۇرۇپ، سىلكىشلەپ بىر ياققا سۆرەپ چىقارسۇنمۇ؟ ! گۈلئايشەم ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنى قىلالمايتتى، شۇڭا ئۇنىڭ بىئاراملىقى ۋەھىمىگە ئايلانغان بولسىمۇ، ئورنىدىن قوزغىلالمىدى. چىمەنگۈلنى ئۇسسۇلغا تارتىۋاتقان يىگىت

نىيىتىدىن ياندىغاندەك ئەمەس، ئۇ ئەمدى تىزلىنىپ ھەر خىل ئىشارىلەر، ھەرىكەتلەر بىلەن قىزنى ئۇسسۇلغا چۈشۈشكە قىستىماقتا. خۇش كەيىپ، كۆلۈمسىرەپ ئولتۇرغان ئىپلى ئورنىدىن تۇرۇپ، ئېگىلىپ تەزىم قىلدى. بۇ چىمەنگۇل ئۇچۇن قىلىنغان ئۆزرەخاھلىق ئىدى. ئىپلى ئۇچىنچى قېتىملىق ئۆزرەخالىق تەزىمدىن كېيىنمۇ ناخشىچى يىگىتنى قايتۇرالمىدى ـ دە، ئوتتۇرىغا چۈشۈپ ئۇسسۇلنى باشلىۋەتتى. ئىپلىمۇ ئۆزىنى ئۇسسۇلغا ئۇستا دەپ سانايدىغانلارنىڭ بىرى. ئۇ مۇشۇ ماھارىتى بىلەنمۇ قىزلارنى ئەتراپىدا چۆرگىلەتكەنىدى، ناخشىچى يىگىت ئۇنىڭ بىلەن ماھارەت كۆرسىتىپ بەسلەشكەندەك بېقىشىپ ئوينىدى. ئۇسسۇل ئويناۋېتىپ، ناخشىچى يىگىت ئىپلىغا بىر نېمە دېدى، بۇنى ئىپلىدىن باشقا ھېچكىم ئاڭلىمىدى. ئىپلىنىڭ چىرايىدىكى خۇشاللىق ئۆچتى، بىردىنلا تاتىرىپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى رەقىبىگە غەزەپلىك تىكىلدى، لېكىن ئۇسسۇلدىن توختىمىدى، ئېنىقكى، ناخشىچى يىگىت چىمەنگۇل ھەققىدە بىر نەرسە دەپ ئىپلىنىڭ غۇرۇرىغا تەگكەن، بۇنى ئۇنىڭ ئىككىنچى سۆزى ئىسپاتلايدۇ. ئۇلار بىر ـ بىرىنىڭ ئارقىسى ئۇدۇلمۇئۇدۇل قىلىشىپ چۆرگىلىدى، دەل شۇ چاغدا:

— سىز مەرد يىگىت ئەمەسكەنسىز، ئاداش، مەن ئازاب چەكسەممۇ، ئۇنىڭ بەختىگە خۇش بولۇپ نېمىلەرنى قىلىۋاتىمەن؟! سىز بولسىڭىز ئۇنىڭ مېنىڭ بىلەن بىرەر قېتىم ئۇسسۇلغا چۈشۈشىگە ئىچى تارلىق قىلىۋاتىسىز، — دېدى ناخشىچى يىگىت. ئىپلىنىڭ چىرايى ھۆپپىدە قىزاردى، كۆزلىرىدىكى نەپرەت، غەزەپ ئىپادىلىرى يوقالدى. ئۇ بىرنەچچە مىنۇت ئۇسسۇل ئويناپ، چىمەنگۇلنى ئۇسسۇلغا تارتتى. چىمەنگۇل شۇئان ھودۇقتى، ئىختىيارسىز ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. بېشىدىكى ياغلىقنى قايرىپ، ئىپلىنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلدى، ئىپلىنىڭ قارىشى ئۇنىڭغا رىغبەت بەردى بولغاي، ئاستا قوزغىلىپ مەيدانغا چۈشتى. ئۇسسۇلنى باشلىۋەتتى. ئىپلى

ئورنىغا قايتتى، ئۇسسۇلنى كۆرگۈچىلەر بىردىنلا جىم بولۇشتى. ئەجەبلىنىش، ھەيران قېلىش، رازىمەنلىك نەزەرلىرى بىلەن تىكىلگەن كۆزلەرنىڭ ھەممىسىدە ئورتاق بىر ھېسداشلىق ئىپادىلىرى يوشۇرۇنغانىدى.

كۆرگۈچىلەرنىڭ كۆڭۈللىرىنى غەش قىلىپ قويغان ئىش چىمەنگۈل بىلەن بىر دەم ئۇسسۇل ئوينىغان ناخشىچى يىگىتنىڭ كۆزلىرىدىن تۆكۈلگەن ياش بولدى. ئۇ چىمەنگۈلگە قايرىلىپ قاراپمۇ قويمىدى، كىرپىك قېقىپ نەزەرمۇ سالمىدى، بىراق ئۇسسۇلنى ئاجايىپ ئىشتىياق بىلەن ئوينىدى. پۇخادىن چىققۇدەك ئوينىدى، خۇددى بۇنىڭدىن كېيىن ئۇسسۇلنى ئۇنتۇپ كېتىدىغاندەك، ئەڭ ئاخىرقى قېتىم خۇشلىشىۋاتقاندەك قىلاتتى. چىمەنگۈل ئۇسسۇلدىن توختىدى، ناخشىچى يىگىتمۇ شۇئان ئۇسسۇلدىن توختىدى ـ دە، توپنىڭ ئىچىدىن سەنتۈرۈلۈپ چىقىپ، ئۇدۇل سىرتقا قاراپ ماڭدى، بىر دەمدىلا كۆزدىن غايىب بولدى. بۇ ئىش مەشرەپنىڭ كەيپىياتىغا بىردىنلا تەسىر قىلدى، بىر خىل سوغۇقلۇق ئۆز كۈچىنى كۆرسەتتى. يېرىم سائەتكە قالماي ياشلار تارقىلىشتى، چىمەنگۈل ئاتا ـ ئانىسى بىلەن يىغلاپ خوشلاشتى. گۈلئايشەم، چىمەنگۈل ۋە ئىككى دوستى ماشىنىغا چۈشۈپ يېزىدىن ئايرىلدى.

## 3

ھەشەمەتلىك بېزەلگەن زال. ئېلېكتىر چىراغلار زالنى كۈندۈزدەك يورۇتۇپ تۇرىدۇ، تامنىڭ يېرىمىنى دېگۈدەك ئىگىلىگەن ئۈزۈنچاق دېرىزىلەرگە تارتىلغان بېغىررەڭ دۇخاۋا پەردىلەر سۇتتەك ئاق تامغا سىلىشتۇرما بولۇپ، ئېچىلىپ تۇراتتى. پەردىسى ئېچىۋېتىلگەن سەھنىدە ئېلېكترونلۇق چالغۇلار قويۇلغان، زالدىكى يۇمىلاق ئۈستەللەرگە تاتلىق يېمەكلىكلەر تىزىلغانىدى. ھەر خىل ياسىنىشقان، خىلمۇخىل

پاسوندىكى كىيىملەرنى كىيگەن قىز ـ يىگىتلەر، خۇشال چىرايلار، كۇلكە ـ چاقچاقلار بۇ ئولتۇرۇشنى جانلاندۇرغانىدى. ئولتۇرۇش تېخى رەسمىي باشلانمىغان، شۇڭا سەھنىدە چالغۇ ئەسۋابلىرى بولسىمۇ، چالغۇچىلار تېخى يوق ئىدى. ئۇستەللەرمۇ تېخى ئادەم بىلەن توشۇپ كەتمىگەنىدى. ئېلى بىلەن چىمەنگۇل سورۇننىڭ تۆرىسىدە توي قىلغۇچى سالاپىتى بىلەن يانمۇيان ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ئىشداشلىرى قېتىپ كىيىنىپ، ئوتتۇرىدا ئالدىراش ئۇياقتىن ـ بۇياققا چېپىپ يۈرەتتى. مەسئۇدنىڭ ئايىغى چىقىپ كەتكەن، ئۆزى جىددىي، ئەھۋالغا قارىغاندا ئولتۇرۇشنىڭ باشقۇرغۇچىسى ئوخشايدۇ. بىردەم ئەركىن بىلەن بىر نېمىلەر دېيىشىپ قويىدۇ، بىردەم مەخمۇتقا ئىش تاپشۇرىدۇ. رىزۋانگۇل، راملەر بىلەن پىچىرلىشىپ قويىدۇ، ئاينۇر بۈگۈن ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. كىيگەن كىيىملىرى، ئۆزىنى تۇزەشلىرى، چاچلىرى ئۇنىڭ گۈزەللىكىگە گۈزەللىك قوشقان، مېڭىش ـ تۇرۇشلىرىدا مەغرۇرلۇق، قانائەت، پەخىرلىنىش تۇيغۇلىرىنىڭ ئالامەتلىرى چىقىپ تۇراتتى.

بىر چاغدا زالمۇ يىگىت ـ قىزلار بىلەن تولدى. سازەندىلەرمۇ ئۆز ئورۇنلىرىدا هازىر بولدى. چايلار قۇيۇلۇپ، مېھمانلار تاتلىق ـ تۈرۈملەرگە بېقىشىپ ئولتۇرۇشتى. شۇ ئەسنادا سەھنىدە مەسئۇد پەيدا بولدى، ئۇنىڭ تۇرقىغا قارىغاندا سۆز قىلىدىغاندەك قىلاتتى.

— يولداشلار، دوستلار، ھۆرمەتلىك مېھمانلار، دوستىمىز ئېلى بىلەن سىڭلىمىز چىمەنگۇلنىڭ توي مەرىكىسىگە كەلگىنىڭلارنى قىزغىن قارشى ئالىمەن. توي قىلىش ئىنسان ئۆمرىدىكى چوڭ ئىشلارنىڭ بىرى، ئۇ ئادەمنىڭ خاتىرىسىدە مەڭگۈ ساقلىنىدۇ. ئۇنىڭ كىشىلەر قەلبىدە ساقلىنىدىغىنى چىن، ھەقىقىي سۆيگۈ رىشتىنىڭ ئىككى ياشنىڭ قەلبىنى بىرلەشتۇرگىنى. مانا ئېلى بىلەن چىمەنگۇل مۇشۇنداق رىشتىنى توي مۇراسىمى شەكلى ئارقىلىق دوستلىرىغا، يار ـ

بۇرادەرلىرىگە جاكارلىماقچى. مەن ئۇلارغا ۋاكالىتەن ھەممىڭلارغا يەنە بىر قېتىم رەھمەت ئېيتىمەن. خۇشال ـ خۇرام ئوينىشىڭلارنى سورايمەن، ـــ مەسئۇدنىڭ سۆزى تۈگىشى بىلەن مۇزىكىنىڭ لەرزان ساداسى زالنى بىر ئالدى.

توي مەرىكىسى بەكمۇ قىزىپ كەتتى. ئۇسسۇللار ئوينالدى، ناخشىلار ئېيتىلدى، ئاخىر تانسا باشلاندى. ئاۋۋال مەسئۇد بىلەن ئاينۇر باشلاپ بەردى، ئۇلارنىڭ پىرقىراشلىرى، سىلىق چايقىلىشلىرى، فوكۇس ھەرىكەتلىرىنى ئېلىشلىرى تانسا ماھارىتىنىڭ يۇقىرىلىقىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى، ئۇلارغا نۇرغۇن جۈپ كۆزلەر تىكىلدى، ھەۋەس قىلىشتى، ھەسەت قىلىۋاتقانلارنىمۇ يوق دېگىلى بولمايتتى. ئۇلارغا كامىل بىلەن رىزۋانگۈل، ئەركىن بىلەن راملىلەرمۇ قوشۇلدى ...

مەرىكە يېرىم كېچىگە يېقىن ئاياغلاشتى، يىگىتلەر سۆيگەن قىزلىرى بىلەن جۈپ ـ جۈپ بولۇپ تارقىلىشتى.

ـــ مېنى ئۇدۇل ئۆيگە ئاپىرىپ قويامسىز ياكى ئازراق كوچا سەيلىسى قىلدۇرامسىز؟ ـــ دېدى ئاينۇر ئۆزىنى قولتۇقلاپ كېتىۋاتقان يىگىتكە مۇرىسى بىلەن يۆلىنىپ. مەسئۇد گەپ قىلمىدى، كۈتۈپ چىدىمىغان قىز:

ـــ چارچاپ قالدىڭىزمۇ ـ يە؟ مەن سىزنى ئاپىرىپ قوياي ئۇنداق بولسا، ـــ دېدى ئەركىلەپ تۇرۇپ. ئاينۇرنىڭ كەيپىياتى شۇنداق ئۇستۇن، قانلىرى قىزىپ، ھېسسىياتى ئۇرغۇپ تۇراتتى. مەسئۇد بىلەن قانغۇدەك مۇڭداشقۇسى، قەلبىدىكى سۆزلىرىنى تۆكۈپ ـ تۆكۈۋەتكۈسى كېلەتتى.

ـــ مېنى مەھكەم قولتۇقلىسىڭىزچۇ، توزۇپ كېتىدىغان گۈل ئەمەس، سۇنۇپ كېتىدىغان نوتا ئەمەسمەن، گېپىمگە جاۋاب بەرمەي نېمىلەرنى ئويلاۋاتىسىز؟ ـــ دېدى قىز. مەسئۇد بېشىنى قىزنىڭ بېشىغا يېقىن ئەكېلىپ، ئۇنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلدى. قىزنىڭ كۆز قارىچۇقلىرىدا سېھىرلىك نۇر ۋىلىلداپ تۇراتتى، لەۋلىرى ئىنتىلەتتى، قىز تاقەت قىلالمىدى ـ دە، يىگىتنىڭ

بوينىغا ئېسىلدى. لەۋلەر جوپلەشتى، تەن بىرلەشتى، ئاسمانمۇ، يەرمۇ ئۇلار ئۈچۈن غايىب بولدى. پۈتۈن دۇنيا، ھەممە نەرسە ئۇلار ئۈچۈن شۇ تاپتا مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. پەقەت سۆيگۇ ئالەمىنىڭ ئىللىق قۇچىقىدا لەززەتلىنىۋاتقان بىر جۈپ تەنلا بۇ ئالەمنىڭ مەۋجۇتلۇقىنىڭ گۇۋاھچىسى ئىدى.

— دۇنيا بۈگۈنكىدەك گۈزەل، ھايات شۇ تاپتىكىدەك شېرىن بىلىنمىگەن جېنىم، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى سەنلا تەقدىم قىلدىڭ، قىلىۋاتىسەن، — ئاينۇر ئەمدى مەسئۇدنى «سەن»لەپ سۆزلەشكە باشلىدى، — مېنىڭ كۆز ياشلىرىم، تۈن كېچىلەردىكى ھەسرەتلىرىم، پىغانلىق ئاھ ئۇرۇشلىرىم بىكار كەتمىدى، ماڭا بەخت ئېلىپ كەلدى، بەخت، — دېدى شىۋىرلاپ مەسئۇدنىڭ قۇچىقىدا تۈگۈلۈپ قالغان ئاينۇر. مەسئۇدنىڭ يۈرەك سوقۇشى تېزلەشتى، ئۇ ئېغىر - ئېغىر نەپەس ئېلىشقا باشلىدى. بىر قولى بىلەن قىزنىڭ يۇمشاق چاچلىرىنى سىلىسا، بېلىكىدىكى قولى بىلەن ئۇنى كۆكرىكىگە مەھكەم باستى.

— مېنى كەچۈرگىن ئاينۇر، مەن سېنى خېلى ۋاقىت ئازابلاپتىمەن، ئۆزى ياخشى كۆرگەن قىزنىڭ ئازابلىنىشىنى كۆرۈش نېمىدېگەن ئازابلىق ئىش، پەقەت ئۇنچىلىك ئويلىماپتىمەن.

— ياق مەسئۇد، ياق، بۇنىڭ سەۋەبكارى سەن ئەمەس، ئۆزۈم، مەن ئۆزۈمنى ئۆزۈم بىھۇدە ئاۋارە قىلغانىكەنمەن ... سېنىڭ قەلبىڭدىن گۇمانلىنىپ ... ياق، بۇنى ئويلاش قورقۇنچلۇق، ھەقىقەتەن قورقۇنچلۇق، ئەمدى بۇلارنى ئەسلەپ نېمە قىلىمىز، ھەممىسى ئۆتۈپ كەتتى. ئىككىنچى قايتماسقا كەتتى.

— مېنىڭ پەرىشتەم، نېمىشقا تىترەيسەن، مۇزلاپ كەتتىڭمۇ، ئۆيۈڭگە ئاپىرىپ قوياي مۇ ! ؟

— ياق، مۇزلىمىدىم، ئىچىمدە بىر پارچە ئوت كۆيۈۋاتىدۇ، شۇنىڭ تەپتىدىن تىترەۋاتىمەن. تاڭ ئاتقۇچە قۇچىقىڭدا مۇشۇنداق تۇرۇشنى خالايمەن، پەقەت سەنلا رازى بولساڭ.

— قەدىرلىكىم مەن سىنىڭ ئىختىيارىڭغا بويسۇنىمەن، پۈتۈن ھاياتىمدا سىنىڭ تەلەپلىرىڭنى ئورۇنلاپ، سىنى خۇشال قىلالىسام، چەكسىز بەخت ھېس قىلىمەن.

— ياق، ئۇنداق ئەمەس، مەن سىنىڭ ئىختىيارىڭغا بويسۇنىمەن، ھاياتىمدا سىنى رازى قىلسام، ساڭا ياخشى بىر ياردەمچى بولالىسام مۇراد - مەقسىتىمگە يەتكەن، بۇ دۇنيالىق ئارمانلىرىم قانائەت تاپقان بولىدۇ.

— سەن نېمىدېگەن سۆيۈملۈك.

— سەن نېمىدېگەن ياخشى.

جىمجىت كېچە، تەبىئەت شېرىن ئۇيقۇدا، ئوچۇق ئاسماندا يۇلتۇزلار چاقناپ تۇرىدۇ، ئاق قارغا پۈركەنگەن زېمىن مۈگدىمەكتە، سوغۇق تېخى كۆچمىدىن قالمىغان. دەرەخ شاخلىرىغا ئېسىلغان قار پۆپۈكلىرى خۇددى ئاق مودەن گۈلىدەك چىرايلىق شەكىل تۈزگەندى. يۇلتۇزلار، ئاق مودەن بىر جۈپ ياشنىڭ قەلب سۆزلىرىگە گۇۋاھچى، ئىنسانىيەت ئالىمىدىكى دىيانەت، پەزىلەت ۋە گۈزەللىكنىڭ شاھىتى ئىدى.

مەسئۇد بىلەن ئاينۇر بىر - بىرى بىلەن چىڭ قولتۇقلىشىپ، ھاياتنىڭ ھۇزۇرىنى سۈرۈپ، ئۇزاق سەيلە قىلدى، مۇڭداشتى، سىرداشتى، يۈرەكلىرىنىڭ تەپتىگە ئورتاقلاشتى.

— قاچان ئۇزىتىمىز؟ — دەپ سورىدى ئاينۇر بىر چاغدا.

— بۇنىڭغا سەنمۇ قىزىقامسەن ئاينۇر ! ؟ — دېدى مەسئۇد زوقلىنىپ. دېگەندەك ئاينۇر شاش تايچاقلاردەك تېپچەكلەپ كەتتى ۋە:

— دېگەن گېپىڭنى قارا ئالىم، ئۆزۈم سۆيگەن كىشىنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ مۇقەددەس ئىشقا قىزىقمىسام بولامدۇ؟ سەن ئويلاپ باققىنا، ئۇنداق بولمىسا مۇھەببىتىمنىڭ مەنىسى نېمە بولىدۇ؟ بۇ سۆزۈڭ مېنى كەمسىتكەن بىلەن باراۋەر، مېنى شۇنچىلىك چۈشىنەمسەن؟ — ئۇنىڭ ئاۋازىدا خورلۇق، ئەلەم،

رەنجىش ئىپادىلىرى بار ئىدى. ئاينۇر مەسئۇدنىڭ قولىدىن سىلكىنىپ چىقتى، ئىككى قەدەمچە يىراقلاپ تەتۈر قارىۋالدى. يىگىت ئۇنىڭغا يېقىنلىشىپ يەلكىسىگە قولىنى قويدى، قىز ئۇنى تېنى بىلەن سىلكىۋەتتى، مەسئۇد قىزنى قۇچاقلاپ كۈچ بىلەن ئۆزىگە قاراتتى.

— ئەخمەق قىز، ياش تۆكۈۋاتقىنىنى، بولدى ... چېقىشىپ، چىشىڭغا تېگىش ئۈچۈن دەپ قويغان گەپ، ئىنگلىزچىدىن نېمىلەرنى تەرجىمە قىلىپ ئەكېلىپ بەرگىنىڭنى بىلمەمدىم. شۇنچە ئاۋارە بولۇپ كېلىپ، يېرىم سائەتتىن ئارتۇق ئولتۇرماي كېتىۋاتقىنىڭنىڭ مەنىسى نېمە، يەنە دەمدىم ...

— بولدى، ئەسكى ... — دېدى ئاينۇر سېھىرلىك ناز بىلەن.

# ئون تۆتىنچى باب

## 1

باھار شامالللىرى قار ـ مۇزلارنى ئېرىتىپ، ئۇيىقۇدا ياتقان زېمىننىڭ قۇلاقلىرىغا ئاستا شىۋىرلايدۇ، دەرەخ شاخلىرىنى ئىرغاڭلىتىپ ئويغىتىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىگە يېشىللىق بېغىشلىغۇچى پەسىلنى قىزغىن قارشى ئېلىۋاتقىنىنى شۇ ھەرىكەتلىرى بىلەن ئىپادىلىگەندەك قىلىدۇ، كۆكىرىپ بولۇق يوپۇرماق چىقارغاندا بولسا، قەلب تەشەككۇرلىرىنى يېقىملىق شىلدىرلاشلىرى بىلەن نامايان قىلىدۇ. قىشچە تۇپراقنى ماكان تۇتۇپ، سوغۇق قىشنىڭ ئۇزاق تۈنلىرىنى كۈتۈش بىلەن ئۆتكۈزگەن ئوت ـ چۆپلەرنىڭ يىلتىزى باھار تەپتىدىن ھاياتلىق قۇۋۋىتىنى ئېلىپ، بېسىپ تۇرغان يەرنى تېشىپ چىقىپ، ئىللىق قۇياش نۇرىغا تەبەسسۇم بىلەن كۆز تىكىدۇ، يورۇق دۇنياغا بوينىنى سوزۇپ، ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىشكە ئالدىرايدۇ. دېمىسىمۇ ئۇلار زېمىننىڭ بېزەكلىرى، يەر ـ جاھانغا يېشىل تون كىيگۈزۈپ ئۇنى چىرايلىق قىلىپ ياساندۇرىدۇكى، رەڭمۇ رەڭ چېچەك، گۈللىرى بىلەن زىننەتلەيدۇ، ھەرە، كېپىنەكلەرنىڭ شوخ ئۇسسۇللىرى ئۈچۈن سەھنە ھازىرلايدۇ.

ئەگىز سۇلىرى بىلەن تولغان دەريا ئېقىنى ئاساۋ ئاتلاردەك چاپچىپ، قىرغاقلارغا ئۆزىنى ئۇرۇپ ئاقىدۇ. بىر ـ بىرىنى قوغلىشىپ، ئىز بېسىپ تىنىمسىز كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان دولقۇنلار شوخ، تىنىمسىز كۈچتىن دېرەك بېرىدۇ. ئۇلار چەكسىز كەتكەن

ئېتىزلارغا، كۆز يەتكۈسىز ئورمانلارغا، ئەتىلا گۈل ـ چېچەككە پۈركىنىدىغان باغلارغا، ئۆزلىرىگە تەشنا بولۇۋاتقان ئىنسانلارنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇشقا ئالدىرايدۇ. باھار ئۇچار قۇشلارنىڭ قاناتلىرىغا كۈچ بەخش قىلىدۇ، كۆڭۈللىرىگە خۇشلۇق تەقدىم قىلىپ، شادلىققا چۆمدۈرىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ چۈچۈك تىللىرى بىلەن باھارغا مەدھىيە ناخشىلىرىنى ئېيتىدۇ، شوخلۇقى تۇتۇپ، جۇرىلىرىغا قانات سۆرەپ، يېقىنچىلىق قىلىدۇ. كۆك ئاسماندا ئەركىن پەرۋاز قىلىپ، ھۆرلۈك تەنتەنىسى قىلىشىدۇ، ئاسمان بوشلۇقىدا زېمىنىدىن باشلانغان ئۆزگىرىشلەردىن خەۋەر يەتكۈزىدۇ. باھار ئادەملەرنىڭ قەلبىدە يېڭىدىن ـ يېڭى ئۈمىد ئۇچقۇنلىرىنى پەيدا قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئوي ـ خىياللىرىنى ئاۋۇتۇپ، كۆزلىرىگە نۇر بېغىشلايدۇ، پۇت ـ قوللىرىغا ماغدۇر، بىلەكلىرىگە كۈچ قاتىدۇ. بۇ پەسىل كىشىنىڭ سولاشقان ھېسسىياتلىرىنى ئۇرغىتىدۇ، قوزغىتىدۇ، قانلىرىنى قىزىتىپ، ئىنتىلىش، تەلپۈنۈش، خالاش، سېغىنىش تەشنالىقلىرىنى كۈچەيتىدۇ. ياش قىز ـ يىگىتلەرنىڭ كۆزلىرى نۇرلىنىپ، تىكىلىشلىرى، قاراشلىرىمۇ بىر خىل مەنىگە تولغان بولىدۇ. ئۇلار بىر نېمىنى خالاپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭغا ئىنتىلىدۇ، ئىزدەيدۇ، ئەپسۇسكى، ئۇنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ.

كامىلمۇ بۇ باھاردا باشقىلارغا ئوخشاش روھلاندى، ئۇنىڭ ۋۇجۇدى خۇشاللىق، پەخىر، ئىپتىخار بىلەن تولغانىدى. بۇلارنى ئۇنىڭ خۇسۇسىي ئىجتىمائىي ئۇتۇقلىرى تەقدىم قىلغان، ئۇ ئەقىدىسىگە ئەبەدىي سادىق بولىدىغان قىزنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشتى. ئەتىرىتىنىڭ قېدىرىش نەتىجىسى ھەممىنى قايىل قىلدى، بولۇپمۇ ئالتۇن ۋە مىس مىقدارى خېلى مول بولغان ئىككى نۇقتىنىڭ تېپىلىشى كامىلنى مەمنۇن قىلدى. بۇ يەردە يېڭى يۈكسىلىش ئۈچۈن ئىزدىنىۋاتقان تەبىئىي پەن خادىملىرىنىڭ ئاۋازىنى ئۇنىڭ سەپدىشى دۇنياغا جاكارلايدۇ، ئاڭلىتىدۇ. بادام دوپپىلىق بۇ يىگىتنىڭ جاھان سەھنىسىدە

پەيدا بولۇشى، باشقىلارغا جۆر بولۇپ ئۇلار بىلەن بىللە ئىلىم ـ پەن يېڭىلىقلىرى ھەققىدە ئورتاقلىشىش نېمىدېگەن پەخىرلىنەرلىك ئىش ـ ھە؟

ئەتىگەن ئىشخانىسىغا كىرگەن كامىلنىڭ بىر سائەتتىن بېرى قولى ئىشقا بارمىدى، ئۇنىڭ پىكىر ـ خىيالىنى مەسئۇدنى قۇتلۇق ئىشقا تەنتەنىلىك ئۇزىتىش، مۇۋەپپەقىيەت خۇش خەۋىرىنى ئاڭلاش ئۆز ئىلكىگە ئېلىۋالغانىدى. مەسئۇدنىڭ ئىلمىي ماقالىسى ئۈچ ئاي ئەقىل جەۋھەرلىرىنىڭ شىرنىسى بىلەن شىرنىلىككە تولدى، بۇنىڭ ئۈچۈن پۈتۈن ئەترەت تەر ئاقتۇردى. كامىل بىلەن مەسئۇد نۇرغۇن كېچىلىك شېرىن ئۇيقۇلىرىدىن، كوچا سەيلىسى، ئويۇن ـ تاماشىلاردىن ۋاز كەچتى، ھەتتا مەسئۇدنىڭ سۆيگەن قىزى بىلەن ئۇزاقىراق مۇڭدىشىشقىمۇ كۆزى قىيمىدى. شۇنداق قىلىپ ئىلمىي ماقالىنى كۆڭۈلدىكىدەك پۈتكۈزۈپ، تولۇقلاپ تەق قىلىپ بولدى، كامىل ماقالىنى ئىدارە باشلىقىغا كۆرسەتكەن، ئۇمۇ رازى بولغانىدى.

تېلېفون جىرىڭلاپ، كامىلنىڭ تاتلىق خىياللىرىنى ئۈزدى. ئۇ ئالدىراپ بېرىپ، تۇرۇپكىنى قولىغا ئالدى. تېلېفون بەرگەن ئىدارە باشلىقى ئەزىزوپ ئاكا بولۇپ، ئۇ كامىلنىڭ دەرھال ئۆز ھۇزۇرىغا كېلىشىنى ئېيتتى، تەييارلانغان ئىلمىي ماقالىنى بىرگە ئېلىپ كېلىشنى تاپىلىدى. كامىل باشلىقنىڭ سۆزىدىن بۇنىڭ نېمىگە زۆرۈر بولۇپ قالغانلىقىنى بىلەلمىدى، بىراق باشلىقنىڭ كامىل بىلەن سۆزلىشىش ئادىتى بۇزۇلغانىدى، بۇرۇندىن تارتىپ ئۇلار ئىككىسى مەيلى تېلېفوندا سۆزلەشسۇن ياكى بىرگە بولۇپ سۆزلەشسۇن، ئالدى بىلەن باشلىق كامىلغا چاقچاق قىلاتتى، پەخىرلىنىش مەنىسى چىقىپ تۇرىدىغان ماختاش سۆزلىرىنى قىلاتتى، ئەمدى قاچان ئۆيلەپ قويىمەن دېگەن سۆزنى دەۋالىسا ئۇنىمايتتى. بۇ قېتىم ئادەت بۇزۇلدى. دېگەن گەپمۇ ئىككىلا ئېغىز، سۆزنىڭ تەلەپپۇزىمۇ يىرىك،

ئازراق خاپىلىق پۈرىقى چىقىپ تۇرىدۇ. ئىشكاپتىن تەييار بولغان ماتېرىيالنى ئىلىۋاتقان كامىل يۇقىرىقىلارنى كاللىسىدىن ئۆتكۈزدى. بىردىنلا جىددىيلەشتى، ۋۇجۇدىدا بىر خىل ئەنسىز سېزىم پەيدا بولدى. ئۇ ئىشخانىدىن چىقىپ، تېز - تېز قەدەم تاشلاپ پەلەمپەيدىن پەسكە قاراپ ماڭدى، كامىل بىرىنچى قەۋەتكە چۈشۈپ توختاپ قالدى، ماقالىنىڭ خەنزۇچە، ئىنگلىزچە نۇسخىلىرىنى ئىلىۋېلىش تاسادىپىيلا ئېسىگە كېلىپ قالغانىدى. ئۇ كەينىگە يېنىپ، ئىككى تىلدىكى نۇسخىسىنى ئېلىپ باشلىقنىڭ قېشىغا ماڭدى.

ئىدارە باشلىقىنىڭ ئىشخانىسىنى ئېچىپ كىرگەن كامىلنىڭ چىرايى بىردىنلا تۇتۇلدى، پېشانىسىدىكى ئىككى تال سىزىق چوڭقۇرلاشتى، كەيپىياتى جىددىيلەشتى. ئۆز ئورنىدا ئولتۇرغان ئەزىزوپتىن باشقا، ئىدارىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، كامىلغا تونۇش بولغان مۇتەخەسسىسلەر ئىشخانىسىدىكى تۆت نەپەر باش گېئولوگ كىرىپسلوغا چۆكۈپ ئولتۇراتتى. كامىل ئۇلار بىلەن ئادەتتىكىدەك سالاملاشتى، باشلىق كۆرسەتكەن كىرىسلودا ئولتۇردى. ئارىغا بىر دەملىك جىمجىتلىق چۈشتى، باشلىق نېمىنىدۇر ئويلىدى - دە، بېشىنى كۆتۈرۈپ مۇئاۋىن باشلىققا قارىدى:

— باشلايمىزمۇ؟ — دېدى. ئۇ باشلىقمۇ بېشى بىلەن ماقۇللۇق بىلدۈردى.

— خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغىمۇ ئاز قالدى، — دەپ سۆزىنى باشلىدى ئەزىزوپ كامىلغا قاراپ، — يۇقىرىنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى بىلەن بۇ يولداشلار تەييارلىق ئىشلىرىنى بىر قۇر ئۇقۇپ بېقىش ئۈچۈن كەپتۇ، سىنى مۇشۇ ئىشقا چاقىرتقان.

— نېمىلەرنى بىلمەكچىكەن؟ — دېدى كامىل سەل جىددىيلىشىپ. باشلىق بۇنىڭغا ھېچ نەرسە دېمەستىن، مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقىغا قاراپ قويدى. بۇ سۆزلە دېگەن، مەنىنى بىلدۈرەتتى. مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى كىرىسلودىن گەۋدىسىنى

كۆتۈرۈپ تەۋرەندى، كۆز ئەينەكنى ئېلىپ لاتىسى بىلەن ئېرتىپ قويۇپ قايتىدىن تاقىدى، مۇئاۋىن باشلىق بۇ قېتىمقى خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ ئەھمىيىتىنى يىگىرمە مىنۇتتەك سۆزلىدى. ئۇ جۇڭگونىڭ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ دۇنيادىكى ئابرۇيىغا، ئىناۋىتىگە، ئوبرازىغا مۇناسىۋەتلىك، جۇڭگونىڭ هازىرقى تەبىئىي پەن سەۋىيەسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان چوڭ ئىش دېگەندىن تارتىپ، شىنجاڭنى ئېچىش، گۈللەندۈرۈشكە بىۋاسىتە چېتىلىدىغان ئىستراتېگىيەلىك مەسىلە دېگەنگىچە ناھايىتى تەپسىلىي، ئەستايىدىل سۆزلىدى. شىنجاڭنىڭ هازىرقى گېئولوگىيە ئىشلىرىنىڭ سەۋىيەسىگە باها بېرىدىغان، ئىدارىمىزنىڭ خىزمەتلىرىگە باها بېرىدىغان مەسىلە، مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا بۇ ئىلىم ـ پەن مەسىلىسىلا ئەمەس، بەلكى جىددىي سىياسىي ئىش، سىياسىي مەسىلە، دەپ پىشقان سىياسەتچىلەرگە خاس تەنتەنە بىلەن يەكۈن چىقاردى. ئۇ ھەربىر مەزمۇننى سۆزلىگەندە ئۇنىڭغا ئالاھىدە سىياسىي تۈس، سىرلىق ھەيۋە بېرىشكە تىرىشتى، بۇ جەھەتتىكى تالانتىنى كۆچەپ نامايان قىلدى.

— شۇڭلاشقا، — دېدى ئۇ سۆزىنىڭ ئاخىرىدا، — ئاپتونوم رايوننىڭ رەھبەرلىرى بۇ ئىشقا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈۋاتىدۇ. دائىم سورۇشتە قىلىپ، ئەھۋال ئىگىلەپ تۇرۇۋاتىدۇ، ئىدارە رەھبەرلىرىمۇ بۇ ئىشنى بىر مىنۇتمۇ ئېسىدىن چىقىرىپ قويمىدى، بۇنىڭ غېمىدە بولۇۋاتىمىز، بۇگۈنمۇ شۇنىڭ ئۈچۈن يىغىلىپ ئولتۇرۇپتىمىز، مەسلىھەتلىشىدىغان كونكرېت ئىشلارنى بۇ مۇتەخەسسىسلەر ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

كەسىپ ئەھلى ھېسابلىنىدىغان ئۈچ مۇتەخەسسىس بىر ـ بىرىگە قارىشىپ قويىدى، ئۇلار خىيالچان كۆرۈنەتتى. بەلكىم دېمەكچى بولغان پىكىرلىرىنى كۆڭلىدە تەرتىپكە سېلىۋاتامدۇ ياكى بۇ يەردىلا ئەمەس، بەلكى مەملىكەت ئىچىدە نامى بار، نوپۇزلۇق، گەپ ـ سۆزى ئوچۇق ـ ئاشكارا، مىجەزى چۇس بىر

كەسپدىشىنىڭ تىكىلىپ ئولتۇرۇشىدىن ئەيمەنمىگەن ياكى باشقا ئوي - خىياللىرى بارمۇ، بىلىپ بولمايتتى، ئوتتۇرىغا ئېغىر جىمجىتلىق چۈشتى. ئىلىم - پەن خادىملىرى ھەققىدە ئېھتىياتچان، بولۇپمۇ سىياسەتكە باغلاپ قويغان مەسىلىلەردە تېخىمۇ ئېھتىياتچان كېلىدۇ، سىياسىي خادىملارغا ئوخشاش جۈرئەتلىك ئەمەس. ئۆز تارىخىدا ھالقىغان ئەپ چىقىشنى سۇندۇرۇۋالغانلار تېخىمۇ ئېھتىياتچان، ئۇلارنىڭ ئاغزىنى ئېچىش بەكمۇ قىيىن. بۇ ئۇزاققا سوزۇلغان جىمجىتلىقنىڭ مەنىسى مۇرەككەپ، مەزمۇنلىرى خىلمۇخىل، شۇ نەرسە ئېنىقكى، داستىخان يېيىلغان ئىكەن، ئۇنىڭغا تىزىلىشقا تېگىشلىك نېمەتلەر تىزىلىشى كېرەك. بۇ جىمجىتلىقنىڭ بۇزۇلماسلىقى مۇمكىن ئەمەس، ئەلۋەتتە. مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئېغىز ئاچماي ئولتۇرۇۋېلىشىنىڭ مۇنداق بىر سەۋەبىمۇ بار: ئىدارىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بۇ ئۈچ مۇتەخەسسىسنى چاقىرىپ، ئۈچ كۈن بۇرۇن مەسلىھەتلەشكەن، بۇ قېتىمقى مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ ماتېرىيالىنى تەييارلاش ۋە ئۇنىڭغا قاتنىشىدىغان نىشان ھەققىدىكى كۆزقاراشلىرىنى ئېيتىپ، ھازىرقى تەييارلىقنىڭ تازا كۆڭۈلدىكىدەك بولۇپ كەتمىگەنلىكى ھەققىدىكى گۇمانىنى دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ مەنپەئەتى نۇقتىسىدىن ئوتتۇرىغا قويغانىدى. باشلىق ھەرقانچە ئەگىتىپ سۆزلىگەن بولسىمۇ، ئۈچ مۇتەخەسسىس ئۇنىڭ مەقسىتىنى چۈشەنگەن، مۇددىئاسىنى بىلگەنىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ياشراق ئىككىسى مۇئاۋىن باشلىقنىڭ گۇمانىنىڭ ئورۇنسىز ئىكەنلىكىنى كۆڭلىدە بىلگەن بولسىمۇ، ئاغزىدىن ئېنىق چىقارمىغانىدى. يېشى چوڭراق، مۇتەخەسسىسلەر ئىشخانىسىنىڭ باشلىقى ئۇنى پۈتۈنلەي قوللىدى. ئۇمۇ بۇ ۋەزىپىنى كامىل ئەترىتىگە تاپشۇرغاندىلا، تازا خاتىرجەم بولالمىغانىدى. بۇنىڭ سەۋەبلىرى ھەققىدە ئاغرىغا كەلگەننى سۆزلىگەن. بۇ ئىشخانا باشلىقى مۇشۇ ئىدارىدىكى پېشقەدەم گېئولوگ، ھەممىدىن بۇرۇن باش گېئولوگ دېگەن

ئۇنۋاننى ئالغان. ئۇ ئەزەلدىن ئۆز كەسپىگە قارىغاندا سىياسىيغا بەك قىزىقاتتى، ئۇنىڭ ئىلىم ھەققىدىكى سۆزلىرىنىڭ ئانچە مەنىسى يوق بولغان بىلەن سىياسەت ھەققىدىكى سۆزلىرىنىڭ سالمىقى، ھەيۋىسى ئۈستۈن ئىدى. كەسپىي ئىقتىدارى ئانچە بولمىغان بىلەن رەھبەرلىككە يېقىنلىشىش ماھارىتى ئۈستۈن، ئىلىم مەسىلىلىرىنى سىياسىي جەھەتتىن كۆزىتىپ، يورۇتۇشقا ئۇستا ئىدى. ئۇنىڭ ۋەزىيەت سەزگۈسىگە كىشى قايىل بولىدۇ، جەمئىيىتىمىزدە ھازىرغىچە بولۇپ ئۆتكەن ئىجتىمائىي داۋالغۇشلاردا دائىم سەپنىڭ ئالدىدا، غالىب كەلگۈچىلەر تەرەپتە تۇرۇپ كەلگەن، قاناتلىرىغا چاڭ قوندۇرمىغان، تېنىگە تىغ تەگكۈزمىگەندى. ئۇ ئۆزلىرىنى يىغىپ ھازىر مەسىلىھەتلىشىۋاتقان مۇئاۋىن باشلىق بىلەن بىر يۇرتلۇق، ئەزەلدىن يېقىن ئىدى. ئەنە شۇنداق خاس ئالاھىدىلىك ۋە مۇرەككەپ باغلىنىشلار سەۋەب بولدىمۇ، ياكى بۇ ئادەمنىڭ تېخى باشقىلار بىلىپ يەتمىگەن تالانتى بارمۇ، رەھبەرلىككە زىيالىيلارنى ئارىلاشتۇرۇش باشلىنىشى بىلەن بىرىنچى بولۇپ ئۆستۈرۈلدى، مۇتەخەسسىسلەر ئىشخانىسىنىڭ باشلىقى بولدى.

— مەن، — دېگەنىدى ئۇ نۇرغۇن سۆزلەر قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئېنىق قىلىپ، — مۇنداق دەپ قارايمەن، بۇ ئىلىم ئىشى، سەل قارىغىلى بولمايدۇ، بۇنى دۇنيا ئاڭلايدۇ. يەنە كېلىپ دۇنيانىڭ گېئولوگىيە ئىلىم ئەھلىلىرى بىۋاستە ئاڭلايدۇ. بىرەر جۈملە، بىرەر سۆزنىڭ خاتا بولۇپ قېلىشى، جايىدا ئېيتىلماي قېلىشى يالغۇز ئىلمىي مەسىلىلا ئەمەس، چوڭ سىياسىي مەسىلە بولۇپ قالىدۇ، شۇڭا بۇنىڭغا جىددىي مۇئامىلە قىلىنىشى كېرەك. ئۆتۈنۈش، ئېتىبار بېرىش، قانداقتۇ بىرەر نەرسىنى نامايان قىلىش دېگەن قاراشلار ئىشنىڭ خاراكتېرىگە ماس كەلمەيدۇ. قانداق قىلىپ بولمىسۇن ئىشنى ياخشى قىلىش كېرەك، كىم مەقسەتنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنلىسا، شۇ ھوقۇقلۇق بولۇشى كېرەك، — بۇ سۆز مۇئاۋىن باشلىققا ياقتى،

لېكىن ئىككى ياشراق كەلگەن ئىككى گېئولوگ گەپ قىلمىدى. پەقەت نېمە قىلىمىز دېگەننى تېخىمۇ ئېنىقلاش ئۈچۈن بىرسى ئازراق پىكىر قىلدى. ئەسلىدە مۇئاۋىن باشلىق ئۇلارغا مۇنۇلارنى ئوتتۇرغان: كامىل ئەترىتى تەييارلىغان ماتېرىيالنى كۆرۈپ، بىر قېتىم مۇھاكىمە قىلىپ چىقىڭلار، يىغىنغا بارغۇچىنىڭ ئەھۋالىنى بىر قۇر ئوقۇشۇپ كۆرۈپ ياردەملىشىڭلار. ئۇ ئاخىرىدا تەييارلىغان ماتېرىيالنى ئەكەلدۈرۈپ كۆرۈپ، مۇھاكىمە قىلىمىز، بۇنىڭدا باشقا ئەندىشىلەردە بولماڭلار، دەپ غەيرەتلەندۈرگەنىدى.

لېكىن، ھازىرقى ئەھۋال مۇئاۋىن باشلىق دېگەندەك بولمىدى، قارىغاندا بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنلاش يولى ئۇ ئالدىن سىزىپ بەرگەن يولغا چۈشمەيدىغاندەك قىلىدۇ، ئىدارە باشلىقى ئەتىگەندە ئەھۋالنى ئوقۇپلا، گەپ ـ سۆز قىلماي كامىلنى چاقىرتىپ، ئىشنى بۇزدى. ئۆزى سىزغان سىزىققا كۈچىمەيلا چۈشۈرۈپ قويدى، شۇڭا مۇئاۋىن باشلىقنىڭ سۆزلىرىگە دوست تارتىشىپ بېرىش باشقىلارغا ئېغىر كېلىۋاتاتتى. يەنىلا پىشقان باش ئەقىل تاپسدۇ، تەجرىبىلىك ئۇۋچى قويۇق ئورمانلىق ئىچىدىمۇ يول تېپىپ چىقىپ كېتەلەيدۇ، ئەنئەنىگە ئاساسەن دەرىجە بويىچە سۆزلەش قائىدىسىمۇ بار ئەمەسمۇ. مۇتەخەسسىسلەر ئىشخانىسىنىڭ باشلىقى يەنە ئۆزىنىڭ ماھارىتىنى كۆرسەتتى. ئۇ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقىنىڭ سۆزلىرىگە تولۇق قوشۇلىدىغانلىقىنى تەنتەنىلىك جاكارلىدى. بولۇپمۇ بۇ ئىشنىڭ سىياسىي ئەھمىيىتىنى سىياسەتچىلەرگە خاس تەلەپپۇز ۋە سەزگۈرلۈك بىلەن سۆزلىدى. كېلىش مۇددىئاسى توغرىسىدىكى سۆزلىرىنى بولسا، ئېھتىيات بىلەن باشلىدى.

ــــ بىزنىڭ مەقسىتىمىزمۇ بۇ قېتىمقى ئىلمىي دوكلاتنى ياخشى، پۇختا، نۇقسانسىز تەييارلاش، ئاڭلىغۇچىلارنى ئىلمىي جەھەتتە قايىل قىلىش. يولداش لاۋكا (كامىلنى دېمەكچى)،

ئىلىم مەسىلىلىرىگە ئەستايىدىل قارايدۇ، جىددىي مۇئامىلە قىلىدۇ، بۇنى ھەممىمىز بىلىمىز. ماتېرىيالىنىڭ ياخشى يېزىلىشىدىغۇ گەپ يوق، لاۋكادەك بىر نوپۇزلۇق مۇتەخەسسىس يېتەكچىلىك قىلىۋاتقانلىقىنى بىز خاتىرجەم. ئەمدى، ۋاقىت قىستاپ كېلىۋاتىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن بۇ بىر دۆلەتنىڭ، بىر پۈتۈن جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئابرۇيىغا مۇناسىۋەتلىك ئىش بولغاچقا، كۆڭۈل بۆلۈشىمىز زۆرۈر ئىكەن. بۇرۇن بۇ ئىشقا تازا دىققەت قىلماپتىمىز، شۇڭا بۈگۈن كېلىشىمىز. ماتېرىيالنى كۆپرەك مۇھاكىمە قىلىپ باقساق، ئۆزئارا ئۆگىنىش، ياردەم بېرىش دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ، — دەپ سۆزىدىن توختاپ سۈنئىي كۈلۈپ قويىدى.

ئىدارە باشلىقى بۇ كىشىلەرنىڭ كېلىش مۇددىئاسىنى ئۆز ئاغزى ئارقىلىق بىلدۈرۈش مەقسىتىنى ئورۇنلىدى. كامىل ھەممىنى چۈشەندى، ئۆزىنىڭ پوزىتسىيەسى، دەيدىغان سۆزلىرىنى تەييارلاپ بولدى، پەقەت ئۇ باشقىلارنىڭ تولۇق سۆزلەپ بولۇشىنى سەۋرچانلىق بىلەن كۈتۈپ ئولتۇردى.

ئىككى ياش گېئولوگ گەپ قىلىشنى خالىمىدى، ئۇلار كامىلنى ياخشى چۈشىنەتتى، ئۇنىڭ بىلىمى، ئىقتىدارى ۋە سەزگۈرلۈكىگە قايىل ئىدى، ئۇنى ھۆرمەت قىلاتتى. بەلكىم شۇنىڭ ئۈچۈن بىر نەرسە دېيىشتىن ئۆزلىرىنى تارتتى بولغاي. كىرىشلودا سالماق ئولتۇرغان ئىدارە باشلىقى ئېغىر قاپاقلىرىنى كۆتۈرۈپ، ئاۋۋال ئولتۇرغان تۆت كىشىگە، ئاندىن كامىلغا قارىدى.

— قېنى كامىل، بۇ يولداشلارنىڭ كېلىش مۇددىئاسىنى بىلدىڭ، بۇلارنىڭ تەلىپىنى ئورۇنلا، — دېدى ئۇيغۇر تىلىدا. كامىل ئىشارە بىلەنلا ماقۇللۇق بىلدۈردى.

— يولداشلارنىڭ كۆڭۈل بۆلگەنلىكىگە رەھمەت، — دېدى ئۇ خەنزۇچە، — ئەلۋەتتە، كۆپنىڭ ئەقلى كۆپ بولىدۇ، بۇ يەردىكى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ياردىمىنى ئېلىش ئىشىمىزنىڭ كەم

يەرلىرىنى تولۇقلايدۇ، ئىشىمىزنى مۇكەممەللەشتۈرىدۇ. يولدالارنىڭ سەممىمي نىيەت بىلەن قىلىنغان ياردىمىنى قوبۇل قىلماسلىق نادانلىق. سەممىيلىك ۋە نادانلىق بىر ـ بىرى بىلەن سىغىشالمايدۇ. ئىلىم ـ پەندە تېخىمۇ شۇنداق، ـــ ئۇ سۆزىدىن توختاپ ئورنىدىن دەس تۇردى، سومكىسىنى ئېچىپ، ئىچىدىن بىر تۇتام ماتېرىيالنى چىقاردى. ئۇ مەغرۇر قىياپەت، مەزمۇت قەدەملەر بىلەن مېڭىپ مۇئاۋىن باشلىقنىڭ ئالدىغا باردى. قولىدىكى ماتېرىيالنىڭ ئاۋۋال ئۇيغۇرچىسىنى، ئاندىن خەنزۇچىسىنى، ئاخىرىدا ئىنگلىزچىسىنى بېرىپ، قايتىپ كېلىپ، ئورنىدا ئولتۇرۇۋالدى.

ـــ ماتېرىيالنى ئۈچ خىل تىل ـ يېزىقتا تەييارلىغان، ھەممىسىنى كۆرۈپ باقساڭلار بولىدۇ، قالغان ئىككى خىلدىكىسى ئۇيغۇرچىنىڭ تەرجىمىسى، ـــ دەپ قوشۇپ قويدى كامىل.

كامىلنىڭ سۆزلىرى، ھەرىكەتلىرى، ئۆزىنى تۇتۇشى، ماتېرىيالنىڭ ئۈچ خىل تىلدا يېزىلىشى ئىشخانا مۇدىرىنىڭ كەيپىياتىنى بىردىنلا جىددىيلەشتۈردى. بولۇپمۇ، ئىشخانا مۇدىرى بىلەن مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقىنىڭ چىرايلىرى بىلىنەرلىك ئۆزگىرىپ كەتتى. ئۇلار ئىككىسى كامىلنى ئىشنى مۇنداق پۇختا قىلىدۇ، دەپ خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەن، بولۇپمۇ ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلىشنى بىلمەيدۇ دەپ ئويلىغانىدى.

ياشراق ئىككى مۇتەخەسسىسنىڭ بىرى ماقالىنىڭ خەنزۇچە، بىرى ئىنگلىزچە نۇسخىسىنى قولىغا ئېلىپ، جىمجىت ھالدا كۆرۈشكە باشلىدى. ئىككى باشلىق مۇتەخەسسىسلەرنىڭ قىياپەت، ئىپادىسىنى كۆزەتكىنىچە ئولتۇرۇپ قالدى.

ـــ بىز ماقالىنى كۆپ قېتىم كۆرگەن، تەييارلىنىۋاتقان جەرياندىمۇ كۆپ قېتىم مۇھاكىمە قىلغان، ئەڭ ئاخىرقى بېكىتكىنىمىز مۇشۇ، كۆرۈپ بېقىڭلار، ـــ دەپ گەپ قىستۇرۇپ قويدى ئىدارە باشلىقى.

بىر ھازا جىم ئولتۇرغان مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى بىلەن

ئىشخانا مۇدىرى ئاكايىسىزلاندىمۇ نېمە، بىرى ماقالىنىڭ خەنزۇچىسىنى كۆرۈۋاتقاننىڭ، يەنە بىرى ئىنگلىزچىنى كۆرۈۋاتقاننىڭ يېنىغا قىسىلدى. ئىدارە باشلىقى بىلەن كامىل نېمە ئىشلار ھەققىدىدۇ، پەس ئاۋازدا قىزغىن سۆھبەتلىشىپ ئولتۇردى.

ئىككى ياش گېئولوگ قولىدىكى ماتېرىيالنى بىر پەس كۆرگەندىن كېيىن ئالاھىدە روھلىنىپ كەتتى، ئىپادە، قىياپەتلىرىدىن ماقالە ئۇلارنىڭ دىققىتىنى تارتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇلار شۇنچىلىك بېرىلىپ كۆردىكى، يانلىرىغا كەلگەن باشلىقلىرىنى سەزمىگەنىدى. خۇددى بىر پارچە ماگنىتقا چاپلىشىپ قالغاندەك، ئۇلارمۇ ماتېرىيالغا چاپلىشىپ قالدى. بولۇپمۇ ئىنگلىزچىنى كۆرۈۋاتقان ھەممىدىن ياشراقىنىڭ قىزىقىشى ئۈستۈن بولدى. كۆزلىرى چاقناپ، چىرايىدا قايىللىق، ھەيران قېلىش، قىزغىنىشقا ئوخشاش ئالامەتلەر پەيدا بولدى. ئەڭ ئاۋۋال ئىنگلىزچىسى كۆرۈلۈپ بولدى، ئۇ ئەركىن نەپەس ئېلىپ بېشىنى كۆتۈردى،كامىلغا قارىدى. بىر پەستىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ، كامىلنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— لاۋكا، مۇۋەپپەقىيەت .... مۇۋەپپەقىيەت، مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلىقىڭىزنى تەبرىكلەيمەن، چىن قەلبىمدىن تەبرىكلەيمەن ...— دەپ قولىنى ئۇزاتتى. ئۇلار قىزغىن قول ئېلىشتى، بۇ ھەرىكەت مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى بىلەن ئىشخانا مۇدىرىغا ياقمىدى بولغاي، چىرايلىرى ئۆڭۈپ كەتتى، كۆزلىرى غەلىتىلا چەكچەيدى، ئورۇنلىرىدا خاتىرجەم ئولتۇرالمىدى. خەنزۇچىسىمۇ كۆرۈلۈپ بولدى، بۇنى كۆرگىنىمۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ سەممىي كۈلۈپ قويدى.

— ياخشى يېزىلىپتۇ، بەك ياخشى، — دېدى ئۇ ئورنىدا ئولتۇرۇپ. ئىدارە باشلىقى بىلەن كامىل سۆزلىمەي، ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمەي ئولتۇرغان ئىككى كىشىگە تەڭلا قارىدى. بوران - چاپقۇنلاردا پىشىپ كەتكەن ئۇ ئىككىسى تېزلا ئۆزلىرىنى

ئوڭشىۋالدى. كۆتۈلمىگەن ۋەزىيەتكە ماسلىشىشىنىڭ روھىي تەييارلىقىنى ھەم قىلىپ بولغانىدى. شۇڭا مۇئاۋىن باشلىق كۆزئەينىكىنى ئېلىپ ئېرتتى، قايتىدىن تاقىدى، بۇ ئۇنىڭ سۆزلەيدىغانلىقىنىڭ بېشارىتى ئىدى.

— بىزنىڭ پەرەز قىلغىنىمىزدەك ئىش بولدى، لاۋكانىڭ بۇ ماتېرىيالنى كۆڭۈلدىكىدەك يېزىپ چىقىشىغا ئىشىنەتتۇق. مۇتەخەسسىس يولداشلار ياخشى باھالىدى، بىزمۇ خاتىرجەم بولساق بولغۇدەك، ئۈچ خىل تىلدا تەييارلانغىنى بەك ياخشى بولۇپتۇ. مېنىڭچە ئىنگلىزچىنى تېخىمۇ ياخشى قىلساق، چۈنكى ئۇنى نۇرغۇن چەت ئەللىك ئالىملار كۆرىدۇ ئەمەسمۇ، بۇ ئۆز ئادەملەرگە قارىغاندا يات مېھمانلارغا داستىخاننىڭ ياخشىراق بولغىنىغا ئوخشاش قائىدە. مېنىڭچە بۇ ئىشنىمۇ غەلىبىلىك تاماملىدۇققۇ دەيمەن، — دېدى مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى. ئۇنىڭ پەيلىگە قارىغاندا ئىشخانىدىن تېزرەك چىقىپ كېتىشنى خالاۋاتقاندەك قىلاتتى. ئىنگلىزچىنى كۆرگەن ياش گېئولوگ:

— ماتېرىيال بەك ياخشى تەييارلانغان، بولۇپمۇ ئىلىم نۇقتىسىدىن باھالىغاندا قالتىس مۇۋەپپەقىيەتلىك، خەلقئارالىق سەۋىيەگە يەتكەن دەپ باھالىسا بولىدۇ، بولۇپمۇ ئۇنىڭدا گېئولوگىيەلىك ھادىسىلەرگە قارىتا يېڭىچە قاراش ئوتتۇرىغا قويۇلغان. مەن ئىنگلىزچە نۇسخىسىنى كۆردۈم، گەپ يوق، تىل جەھەتتىمۇ ئۆلچەمگە تولۇق يەتكەن. ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدىمۇ يۇقىرى باھاغا ئېرىشىشكە ئىشىنىمەن، مەن يېڭى چۈشەنچىگە، تونۇشقا ئىگە بولدۇم، — دېدى زوق بىلەن.

كەلگەنلەر ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىپ بولۇپ قايتىشقا تەمشەلدى، باياتىن خىيال سۈرۈۋاتقاندەك ئولتۇرغان كامىل ئۇلارنى توختاتتى.

— مېنىڭ مۇنداق بىر تەكلىپىم بار، ئولتۇرغانلار ئويلىنىپ كۆرسەڭلار، — دەپ خەنزۇچە سۆز باشلىدى، — كۆپىنىڭ ئەقلى بىرلەشسە ئىش تېخىمۇ پۇختا، ياخشى بولىدۇ. بۇنى دۇنيا

ئاڭلايدۇ، شۇنداقلا ئىلىم بولغانلىقى ئۈچۈن تېخىمۇ شۇنداق قىلىش زۆرۈر. ھېلى باشلىقلار بۇنىڭ سىياسىي ئەھمىيىتىنى ھەم ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتتى. بۇنىڭ ئەھمىيىتى دۆلەتنىڭ، مىللەتنىڭ ئابرۇيىغا، دۇنيا ئىلىم - پەن سەھنىسىگە چىقىشىغىلا مۇناسىۋەتلىك ئەمەس، ئاشۇ خەلقئارالىق ئىلىم مۇنبىرىدىكى ئورنىغىمۇ مۇناسىۋەتلىك. شۇڭا مېنىڭ تەكلىپىم: ئىدارىمىزدىكى خەنزۇ ۋە باشقا مىللەت كەسىپ ئەھلىلىرىنى، گېئولوگىيە خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان خادىملارنىڭ ھەممىسىنى يىغساق، ئۈچ خىل تىلدىكىسىنى يولداش مەسئۇد ئوقۇپ باقسا، شۇ ئارقىلىق باشقىلارنىڭمۇ ئەقلىنى قوبۇل قىلساق، — بۇ پىكىرگە بىرىنچى بولۇپ ئىدارە باشلىقى قوشۇلدى ۋە قىزغىن قوللىدى. باشقىلار دەرھال بىر نېمە دېيىدى، بولۇپمۇ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى بىلەن مۇتەخەسسىسلەر ئىشخانىسىنىڭ باشلىقى ئويلىنىپ قالدى. بەلكىم ئۇلار كامىلنىڭ بۇ تەكلىپىنىڭ تېگىدە نېمە باردۇر دەپ باش قاتۇرۇۋاتىدۇ، ياكى ...

— مېنىڭچە كامىلنىڭ تەكلىپىگە قوشۇلساق بولىدۇ، مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن بىر قېتىم مانۋېر قىلىپ باققىنىمىزمۇ تۈزۈك. سۆزلىگۈچىگىمۇ بىر قېتىملىق چېنىقىش بولىدۇ، كىم بىلىدۇ، تېخىمۇ ياخشى پىكىر ۋە تەكلىپلەر بېرىلىپ قالامدۇ تېخى.

كامىلنىڭ بۇ تەكلىپى ھەققىدىكى تالاش - تارتىش ئۇزاق داۋاملاشمىدى، ئېنىقكى، ئىدارە باشلىقى يىغىننى ئۇيۇشتۇرۇش ۋاقتى، قاتنىشىش دائىرىسى ھەققىدە قەتئىي قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇش ئىشىنى تۈگەتتى.

## 2

مەسئۇد كامىلنىڭ چۈشەندۈرۈشلىرىنى دىققەت بىلەن ئاڭلىدى، يىغىننى ئورۇنلاشتۇرۇشتىكى مۇددىئانى ئاڭلاپ قەۋەتلا

روھلىنىپ كەتتى. بۇ بىر قېتىملىق ئىقتىدارىنى نامايان قىلىش، بىر قېتىملىق چاقناش ئىدى. كامىل باشچىلىقىدىكى بۇ ئەترەتنىڭ ئادەملىرىنىڭ قانداقلىقىنى، نېمىلەرنى قىلىۋاتقىنىنى ھەم نېمىلەرنى قىلالايدىغانلىقىنى بىر قېتىم باشقا شەكىل بىلەن جاكارلاش ئىدى. بۇ تەرەپلىرىگە مەسئۇدنىڭ كاللىسى ئاللىقاچان يېتىپ بولغان. ئۇ ھاياجىنىنى زورغا بېسىپ ئولتۇرۇپ، كامىلنىڭ مەنىلىك مەسلىھەتلىرىنى دىققەت بىلەن ئاڭلىدى. قانداقتۇ بىر غايىۋى كۈچ ئۇنىڭ جىسمىدا مەۋج ئۇردى. ئۇنىڭغا قوشۇلغان پەخىر، سۆيۈنۈش ئۇنىڭ قانلىرىنى ئۇرغۇتۇپ، تەپەككۇرلىرىنى پەرۋاز قىلدۇرۇۋەتتى. شۇڭا ئۇ كامىلنىڭ ئاينۇر ھەققىدىكى سۆزلىرىنىمۇ ھېچقانداق تەمتىرىمەي، ھودۇقماي ئاڭلىدى.

مەسئۇدنىڭ ياتىقى سۇتتەك يورۇق، يېزىق ئۈستىلى ئۈستىدە يېزىلغان ئىلمىي ماقالىنىڭ ئۈچ خىل نۇسخىسى قويۇقلۇق. مەسئۇد ئۆرە تۇراتتى. ئۇ نېمىسگىدۇر ئالدىرايتتى، كۈتەتتى، قىياپىتىدىن تاقەتسىزلىنىۋاتقىنى چىقىپ تۇراتتى. ئۇ تۇرۇپ — تۇرۇپ سائەتكە قارايتتى، سىرتقا قۇلاق سالاتتى. سىرتنى قاراڭغۇلۇق قاپلىغان بولسىمۇ، ئۇ دېرىزىنىڭ ئالدىغا بېرىپ سىرتقا قارىدى، ئاسماندا پىلدىرلاپ تۇرغان سانسىز يۇلتۇزلار، پەستە بولسا يېنىپ تۇرغان سانسىز ئېلېكتىر چىراغلىرى. ئۇ بىرسىنىڭ كېلىشىنى كۈتۈۋاتاتتى، تاقەتسىزلىنەتتى. ئىشىك يېنىك چېكىلدى، بۇ ئاۋاز مەسئۇدنىڭ قۇلىقىغا خۇددى يېقىملىق مۇزىكىدەك ئاڭلاندى، يۈرىكى سېلىپ، قېنى تېخىمۇ قىزىدى.

— مەرھەمەت، — دېدى مەسئۇد دېرىزە يېنىدىن قايتىپ ئىشىككە يېقىنلىشىپ. ئۇنىڭ ئاۋازى تىترەپ چىقتى. ئىشىك سىلىق ئېچىلدى، ياتاق يېقىملىق پۇراققا تولدى، بۇلۇت ئىچىدىن چىققان ئايدەك ئاينۇر ئىللىق تەبەسسۇم بىلەن كىردى، ئۇنىڭ يېنىپ تۇرغان كۆزلىرى سۆزلەۋاتقاندەك ئىدى.

— بەكمۇ تەقەززا قىلىۋەتتىمغۇ دەيمەن، — دېدى مەسئۇدقا

يېقىن كېلىپ ئاينۇر يېقىملىق جىلۋە بىلەن.
— ياق، تازا ۋاقتىدا كەلدىڭ ئومىقىم.
— ئەگەر كېچىكىپ كەلگەن بولسامچۇ، نېمە قىلاتتىڭ؟ قوغلاپ چىقىرىۋېتىشتىن يانمايتتىڭغۇ دەيمەن!
— ئالدى بىلەن ئولتۇر، — دېدى مەسئۇد، — ئاندىن تېخى بولمىغان ئىشلار ھەققىدىكى سوئال ـ سوراقلىرىڭغا جاۋاب بەرسەممۇ كېچىكمەسمەن، — ئۇلار كىرىپسلودا يانمۇيان ئولتۇرۇشتى.
— ئاينۇر، ماڭا قارا، — دېدى مەسئۇد ئۇنىڭ قولىنى ئىككى قولى بىلەن سىلاپ تۇرۇپ.
— يەنە قانداق قارايمەن، كۆزلىرىم تېلىپ كەتتى، دۇنيا پەقەت سەنلا بولۇپ كۆرۈنۈۋاتىسەن.
— مېنى تەمتىرەتمىسەڭچۇ، گېپىمنى ئاڭلا، بولمە، — ئۇ قىزنىڭ بولاقتەك كۆزلىرىگە قارىدى، — يازغان ئىلمىي ماقالىنىڭ ئىنگلىزچىسىنى ئوقۇيمەن، ئاڭلاپ ئولتۇرسەن، توغرا بولمىغان ئورۇنلىرىنى شۇ جايدا توختىتىپ تۈزىتىسەن، بولۇپمۇ سۆزلەرنىڭ تەلەپپۇزى توغرا ئېيتىلمىغان يەرلىرىنى، بىر قېتىم ئەمەس، مەن تەلتۆكۈس توغرا ئوقۇيالايدىغان بولغۇچە، تەلەپنى يۇقىرى قوي، قاتتىق قوي!
— تاڭ ئېتىپ كەتسىچۇ؟ — يەنە چاقچاق قىلدى قىز.
— تېخى ياخشى، ئىككىمىز تاڭنى تۇنجى قېتىم بىللە كۈتۈۋالغان خاتىرە كۈنىمىز بولۇپ قالسۇن. تەلىپىم: گەپنى ئەمدى چاقچاققا بۇرىما، — گەپ تۈگىشى بىلەن ئاينۇر مەسئۇدنىڭ بويندىن قۇچاقلاپ تاتلىق سۆيدى.
— خوپ، ئەمدى بۇيرۇقۇڭ بويىچە، بىر نەرسىنى سورىۋالاي، بۇ ئىش نېمىگە شۇنچە جىددىي بولۇپ كەتتى؟ — ئاينۇر سورىدى. مەسئۇد بۇنى قىزغا قىسقىچە چۈشەندۈردى، ئۆزىنىڭ ھاياجانلىرىدىن ھەم بېشارەت بەردى. بۇ قېتىمقى ئىدارە ئەھلى ئالدىدا سۆزلەشنىڭ ئەھمىيىتى توغرىسىدىكى قاراشلىرىنى

ئىشەنچ بىلەن سۆزلىدى. چىچەن ئاينۇر مەسئۇدنىڭ سۆزلىرىنىڭ تېگىگە يەتتى، ئۇنىڭ قەلبىدىمۇ پەخىرلىنىش، غۇرۇر تۇيغۇلىرى پەرۋاز قىلدى، شۇڭا ئۇ مەسئۇدنىڭ قولىنى سىلاپ ئولتۇرغان بولسىمۇ، قىياپىتى جىددىي تۇسكە كىرگەنىدى.

ئاينۇر ئىلمىي ماقالىنىڭ ئىنگلىزچە نۇسخىسىنى تەييارلاشتىمۇ مەسئۇدقا كۆپ ھەمدەم بولغانىدى. كەسپىي ئاتالغۇ، رۇدا ناملىرىنىڭ ئىنگلىزچە ئاتىلىشى قاتارلىق جەھەتلەردە ياردەملىشىش ئۈچۈن بىرقانچە لۇغەتنى ئاختۇرۇپ چىققان، ئۆزىگە بىۋاستە لازىم بولمىسىمۇ، چەت ئەل تىلى كىتابخانىسىغا بېرىپ، ئىككى پارچە گېئولوگىيە لۇغىتى سېتىۋېلىپ ئەكەلگەنىدى، مەسئۇد بىلىدىغان ھەم ئانچە بىلمەيدىغان، لېكىن ماقالىدە ئىشلىتىلگەن كەسپىي ئاتالغۇلارنى ئۆزى تاللاپ چىقىپ، ئۇيغۇرچە تەرجىمە قىلىپ، ئۇن بەتلىك ئىزاھەت يېزىپ ئەكېلىپ بەرگەن. ئىنگلىزچىسىنىڭ دەسلەپكى نۇسخىسىنى تۆت كېچە تاڭ سۈزۈلگىچە كۆرۈپ، جۈملىلەرنىڭ ئېلىنىشى، سۆزلەرنىڭ ئىشلىتىلىشىدىكى مۇۋاپىق بولمىغان جايلىرىنى ئۆزگەرتىپ بەرگەن. ئەمدى مەسئۇدنىڭ تىلىغا نۆۋەت كەلگەنىدى. بۇنىمۇ ئاينۇر تولۇپ ـ تاشقان خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدى، ئۆزى ياخشى كۆرگەن، بارلىقىنى ئاتىغان كىشىنىڭ ئىشلىرىغا ياردەملىشىش چەكسىز خۇشاللىنارلىق ئىش ئىكەنلىكىنىڭ تەمىنى تېتىغان قىزنىڭ شۇ تاپتىكى كەيپىياتىنى تىل بىلەن ئىپادىلەش قىيىن. ھاياتنىڭ ئىنسانغا بەخش قىلىدىغان بۇ كۆزگە كۆرۈنمەس، قول بىلەن تۇتقىلى بولمايدىغان سوۋغىسى، بەلكى ھاياتنىڭ شېرىنلىكى بولسا كېرەك.

مەسئۇد ئوقۇشنى باشلىۋىدى، قىزنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتۈپ قالدى، چۈنكى قىزنىڭ تۈزىتىشلىرى يىگىتنى قايىل قىلدى، ماقالىسىنى تېخىمۇ مۇكەممەل قىلىپ چىقمىشتەك كۆڭلىنىڭ چوڭقۇر يېرىدىكى ئىستىكى مەسئۇدنى ئىختىيارسىز بويسۇنۇشقا

مەجبۇر قىلدى. ئالدى بىلەن ئاينۇر ئالدىرىماستىن ئۆلچەملىك ئىنگلىز تىلى تەلەپپۇزى بىلەن بىر قېتىم ئوقۇدى، مەسئۇدنى كىرىپسلودا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ، ئۆزى يېزىق ئۈستىلىنىڭ ئالدىدا، سىنىپتا تۇرغاندەك ئۆرە تۇرۇپ ئوقۇدى. ئاينۇر پۈتۈن زېھنىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ھەممە ئىقتىدارىنى ئىشقا سېلىپ، مەسئۇدقا ئۈلگە كۆرسەتتى، يىگىتمۇ پۈتۈن دىققىتىنى قىزنىڭ ئوقۇشىغا قارىتىپ، تىرىشچان شاگىرت سۈپىتىدە ئولتۇرۇپ ئاڭلىدى. ئوقۇش نۆۋىتى مەسئۇدقا كەلدى، ئىش باشتىلا تازا يۈرۈشلۈك بولمىدى، بىر بەتنى ئوقۇپ بولغۇچە قىز ئۇنى ئالتە قېتىم توختاتتى. بۇلارنىڭ ئىككىسى قوشما جۈملىلەرنى ئوقۇشتىكى تەلەپپۇزى، يەنى تىنىش بەلگىلىرىدىكى، ئىككىسى ئاتالغۇ تەلەپپۇزىدىكى، ئىككىسى بىر سۆزنىڭ قىسمەن تەلەپپۇزىدىكى نۇقسان ئىدى. بۇلارنى ئاينۇر بىر ـ بىرلەپ ئۆگەتتى، قايتا ـ قايتا ئوقۇتتى. قىز بۇ ئىشنى شۇنچىلىك ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزەتتىكى، بىرەر نۇقساننىمۇ قويۇۋەتمىدى. بۇنىڭدىن مەسئۇد خۇش بولدى، سۆيۈندى، قىزغا بولغان تونۇشىدا يېڭى ئۆزگىرىشلەر بولدى. ئۇنىڭ پېشانىسىدىن مونچاق ـ مونچاق تەرلەر چىقىپ كەتتى، قىز قاردەك ئاق، يېقىملىق ئەتىر پۇرىقى گۈپۈلدەپ تۇرغان قول ياغلىقى بىلەن ئېرتىپ تۇردى، ئويناق قاراشلىرى، سېھىرلىك تەبەسسۇملىرى بىلەن مەدەت بەخش قىلىپ تۇردى.

تەكرار ئوقۇش، زېرىكمەي تۈزىتىش خېلى ئۇزاق داۋاملاشتى. ئاينۇر ھەر قېتىم ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن مەسئۇدقا ئۈسسۈزلۈق بېرىپ، ئوقۇتقۇچى تىرىشچان ئوقۇغۇچىنى ماختاپ رىغبەتلەندۈرگەندەك ئىلھام بېرىپ قويىاتتى. ئەمەلىيەتتىمۇ مەسئۇد كەتكۈزۈپ قويغان يەرلىرىنى بىرلا قېتىم تۈزەتسە، ئىككىنچى تەكرارلىمايتتى، ئۇنىڭ ئىنگلىزچە تەلەپپۇزى ئاساسەن تەلەپكە لايىق ئىدى. مەسئۇد ماقالىنى بېرىلىپ ئوقۇۋاتاتتى. ئىشىك يېنىك چېكىلدى.

— كىرىڭ، ئىشىك ئوچۇق، — دېدى ئاينۇر يۇقىرىراق ئاۋازدا. ئېچىلغان ئىشىكتىن رىزۋانگۇل بىلەن چىمەنگۇل كىردى، ئۆيدىكىلەر ئىشنى توختىتىپ كىرگەنلەرنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى.

— قانداق مۇئەللىم، شاگىرت بەگباشلىق قىلىمىغاندۇ؟ — دېدى ئاينۇرغا چاپلىشىپ ئولتۇرۇۋالغان رىزۋانگۇل ئۇنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراپ.

— نېمە دېسەم بولىدىكىن؟ راست گەپنى قىلسام ھەقاچان ماختىدى دەپ ئېيىسلارسىز، يالغان گەپنى قىلسام، يىگىت رەنجىپ قالسا ...

— مەندەك قولىقى يۇمشاق شاگىرت يوق جۇمۇ جاھاندا، — دېدى مەسئۇد چاقچاق قىلىپ.

— بولدى، بولدى، مەن تېخى ئىشىك ئېتىكمىكىن دەپ ئۇرۇپ كېتىپتىمەن، — دېدى رىزۋانگۇل گەپنى باشقا ياققا بۇراپ.

— نېمە دەۋاتىسىز؟ — دېدى ئاينۇر قاش - كۆزىنى ئويىنىتىپ، — ھەممە ھوقۇقنى بېرىمەن، لېكىن ئىشىكنى تاقاش ھوقۇقىنى ۋاقىتتىن بىر سائەت بۇرۇنمۇ بەرمەيمەن رىزۋانگۇل.

— قاراڭا سىزنى، نېمىدېگەن پىرىنسىپال.

— بۇمۇ قىزلىق غۇرۇر، قىزنىڭ ئىپپىتى، سوۋغىسى جۇمۇ، — ئۈچ قىز تەڭلا كۈلۈشتى. بەلكى بۇ سۆز ھەممىسىگە ياقتى بولغاي، ئۇلار ھەممىسى بىرلىشىپ چىمەنگۇل بىلەن بىر پەس چېقىشتى. يېڭى كېلىنىنىڭ يۈزلىرىنى قىزارتىپ، تەمتىرەتتى، كۈلدۈردى.

— مەرھەمەت، — دېدى رىزۋانگۇل ئورنىدىن تۇرۇپ، — سىزلەرنى ھاردى، چارچىدى دەپ چىمەنگۇل داستىخان تەييارلاپتۇ، بىز تەكلىپ قىلىپ كىردۇق.

مەسئۇد بىلەن ئاينۇرنىڭ بۈگۈن كەچتىكى ئىشىنى كامىل مەسلىھەت بېرىپ ئورۇنلاشتۇرغانىدى. رىزۋانگۇل، رامىلە،

ئەركىن، ئېلىلار بۇنىڭدىن خەۋەردار ئىدى، ئېلى شۇ چاغدىلا كۆڭلىگە پۈكۈپ، چىمەنگۈل بىلەن مەسلىھەتلىشىپ كۈندۈزى ھەممىنى تەييارلاپ بولغان، ئىشتىن چۈشۈش ۋاقتىدا باشقىلارغا خەۋەر قىلغان، پەقەت مەسئۇدلا خەۋەرسىز ئىدى، شۇ تاپتا ئېلىنىڭ ئۆيىدە باشقىلار ئۇلارنى ساقلاپ تۇراتتى.

چىرايلىق بېزەلگەن، دىت بىلەن سەرەمجانلاشتۇرۇلغان ئېلىنىڭ ئۆيى. نېمەتلەرگە تولغان مول ئۇستەلنى چۆرىدەپ ئولتۇرغان دوستلارنىڭ چىرايلىرىدىن شادلىق ئۇرغۇپ تۇرىدۇ، گۈلدەك ئېچىلغان، ھۆسنىگە تولغان چىمەنگۈل قانات قېقىپ ئۇچۇپ يۈرگەندەك چەبدەسلىك بىلەن مېھمانلارنى كۈتمەكتە. ئۇ ياردەملەشمەكچى بولغان رىزۋانگۈل، رامىلەلەرنى ئورنىدىن تۇرغۇزغىلى قويمىدى، ھە دېسىلا ياردەملىشىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرۇۋېلىۋاتقان ئېلىنى جىملەپ، مېھمانلار بىلەن ئولتۇرۇشقا دەۋەت قىلاتتى، ھەتتا ئۇ كەينىدىن ئاشخانىغا چىققان ئېلىنىڭ بىلىكىنى چىمدىۋالدى.

تۆت ـ بەش خىل قورۇما ئۈستەلگە تىزىلغاندىن كېيىن ئېلى نەدىندۇر «ئىلى ئالىي ھارىقى»دىن ئىككى بوتۇلكا چىقىرىپ قويدى، قىزلار ئۈچۈن پىۋا قويۇلدى.

ـــ نېمە قىلاي دەيسىز بۇلارنى، مەزەلەردىن يېسەكلا بولمىدىمۇ؟ ـــ دېدى ئاينۇر بىرىنچى بولۇپ، ئېلى پەقەت كۈلۈپلا قويدى، بۇ سۆزگە ئەركىن جاۋاب بەردى:

ـــ مېھمان قىلاي دەيدۇ، تېخى شېشىلەرنىڭ ئاغزى ئېچىلماي تۇرۇپلا قورقۇپ كەتتىڭىزغۇ، ئەنە مەسئۇدنىڭ قولىقى بېشىدا تۇرۇپتۇ، ـــ دېدى كۈلۈپ. بۇ تازا جايىغا چۈشكەن چاقچاق ئۆينى كۆتۈرۈۋەتكۈدەك كۈلكىگە سەۋەب بولدى. ھەممىدىن قاتتىق، ئۇزاق كۈلگىنى ئاينۇرنىڭ ئۆزى بولدى. ئۇ ئولتۇرالماي يېنىدىكى رىزۋانگۈلنىڭ ئېتىكىگە ئۆزىنى تاشلىۋەتتى.

ـــ سىزمۇ ئەركىن، ـــ دېدى ھەممىسى تىنچلانغاندىن كېيىن رىزۋانگۈل، ـــ پوچىلىقنى ئازراق قىلماڭ، بوتۇلكا

ئۇستەلگە قويۇلغاندىن كېيىن بەزىلەرنىڭ كۆزى بىر تىكىلىۋىدى، ئۆزىڭىزنى ئەپ قېچىپ قارىيالمايۋاتىسىزغۇ، تاتىرىپ، ساغىرىپ سىرىڭىز ئاشكارىلىنىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەۋاتامسىز؟ — بۇ سۆزلەر بولۇنۇۋاتقاندا كامىل رومكىلارغا هاراق تولدۇرۇپ ئەرلەرنىڭ ئالدىغا قويدى. چىمەنگۈل ئېلى ئېچىپ بەرگەن پىۋا بوتۇلكىسىدىن ئۇزۇن بويۇنلۇق ئىستاكانلارغا تولدۇرۇپ پىۋا قۇيۇپ، قىزلارنىڭ ئالدىغا قويدى. كامىل رومكىنى قولىغا ئېلىپ ئورنىدىن تۇردى، ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسىگە تەكشى قاراپ قويۇپ:

— چىمەنگۈل بىلەن ئېلىنىڭ كۆڭلى ئۈچۈن رەھمەت ئېيتىمەن، بۇلارغا قوشۇپ قەلبىمۇ، ئۆزىمۇ گۈزەل ئوبدان سىڭلىم ئاينۇرغا سەمىمىي رەھمەت ئېيتىمەن. مەسئۇدنىڭ غەلبىسى، تولۇق غەلبىسى ئۈچۈن ئالدىمىزدىكىنى كۆتۈرەيلى! — رومكىلار يېنىك جىرىڭلىدى، قۇرۇقدالغان رومكىلار ئۇستەلگە قويۇلدى، پەقەت مەسئۇدلا ئىچمەي قويۇپ قويدى، قىزلار بولسا پىۋىلارنى ئوتلاشتى.

— مەسئۇد، — دېدى ئېلى ساھىبخانلىق سالاھىيىتى بىلەن، — بىرىنچى رومكىنى ئىچىۋەت!

— بۇگۈن ماڭا يول قويۇڭلار، نېمە قىلىۋاتقىنىمنى ھەممىڭلارگە ئايان.

— كۆڭلۈڭدىكىنى چۈشىنىپ تۇرۇپتىمىز، ئىشىڭنىڭ غەلىبىلىك بولۇشى ئۈچۈن يېرىم كېچىدە بۇ يەرگە جەم بولدۇق، ھەممىمىزنىڭ كۆزىگە ئۈيقۇ كەلمەيۋاتقىنىنى كۆرۈپ تۇرۇپسەن، مۇشۇ بىرنى ئىچكىن، كېيىن تەلەپ قىلىپ، تەزىم قىلساڭمۇ بەرمەيمىز. قانداق ئاينۇر، مېنىڭ گېپىم جىڭدا توختامدۇ؟ — دېدى كامىل. قىز تاتلىق كۈلۈپلا قويدى، كۆزى بىلەن كامىلنىڭ سۆزىنى ماقۇل كۆردى. مەسئۇدقا مېھرلىك قاراپ، نازاكەتلىك تەبەسسۇم قىلدى، مەسئۇد كۈلۈپ تۇرۇپ ئىچىپ رومكىنى بوشاتتى.

كۆڭۈللۈك مېھماندارچىلىق ئىككى سائەت داۋاملاشتى. ھەممىنىڭ كۆڭلى مۇشۇنداق خۇشاللىق ئىچىدە تاڭنى كۈتۈۋېلىشنى خالىسىمۇ، ئىشنىڭ مۇھىملىقى ھەممىنى بېسىپ چۈشتى. ھەممەيلەن قىيمىغان ھالدا تارقىلىشتى. ئاينۇرنى رىزۋانگۈل ياتىقىغا ئېلىپ كەتمەكچى بولدى. بىراق ئۇلار ماقالىنى ئوقۇشنى يەنە داۋاملاشتۇرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، مەسئۇدنىڭ ياتىقىغا كەتتى، ۋەدىسى بويىچە ئۇلار تاڭنى كۈتۈۋالماقچى.

## 3

ئىدارىنىڭ چاققان، كۆركەم بېزەلگەن زالىغا ئىككى يۈزدىن ئارتۇق ئادەم يىغىلغان، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئىدارىدىكى گېئولوگىيە مۇتەخەسسىسلىرىدىن باشقا، تەتقىقات ئورۇنلىرىدىكى ئىلىم ئەھلىلىرى، ئالىي ئوقۇتۇش يۇرتلىرىنىڭ پېشقەدەم ئوقۇتقۇچىلىرىمۇ بار ئىدى. بۇ ماتېرىيالنى ئاڭلاش دائىرىسىنى كېڭەيتىش كامىلنىڭ تەلىپى ئىدى، بۇنى ئىدارە باشلىقى ئەزىزوپ قوللىدى، ئۇ مۇناسىۋەتلىك بۆلۈم باشلىقلىرىغا تەكىتلەپ تاپشۇرۇپ، تەكلىپ قىلىش دائىرىسىنى ئىمكانقەدەر كەڭ ئورۇنلاشتۇرۇشقا تىرىشتى. كەلگەنلەرنىڭ يەتمىش پىرسەنتى خەنزۇ كەسىپ ئەھلىلىرى ئىدى. كۆپى ئىنگلىز تىلىنى ياخشى بىلىدىغانلار ئىدى.

كۆركەم سەھنىگە قويۇلغان ئۈستەلگە ئۈچ مىكروفون، ئىككى تەشتەك گۈل، بىرقانچە ئىستاكان قويۇلغان. ئوڭ تەرەپتە ئىدارە باشلىقى ئولتۇراتتى. ئۇ تەڭدىن تولىسى ئاقارغان چاچلىرىنى سىلىق تارىغان، بىر پار كۆك كاستۇم - بۇرۇلكا كىيگەن، ئاق كۆڭلەككە تاقىغان گالستۇكى سالاپىتىگە سالاپەت قوشقانىدى. يېنىدا ئولتۇرغان كامىلنىڭ زىيالىيلارغا خاس كېيىنىش، قىياپىتىگە ئۇنىڭ سۇرلۇك كۆرۈنۈشى قوشۇلۇپ ئۇنى تېخىمۇ

ھەيۋەتلىك كۆرستەتتى، ئۇ سەل جىددىيدەك، بىر تەرەپتىن خىيالچاندەك كۆرۈنەتتى. زالغا كىرىۋاتقانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى، ئىدارە باشلىقى ئولتۇرغانلارغا بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىققاندىن كېيىن ئورنىدىن تۇردى، كېكىرتىكىنى قىرىپ قويدى، زال بىردىنلا تىمتاسلىققا چۆكتى.

— ھۆرمەتلىك كەسىپداشلار ۋە دوستلار، ئالدى بىلەن قىممەتلىك ۋاقتىڭلارنى چىقىرىپ، بىزگە ھەمدەم بولۇش ئۈچۈن كەلگىنىڭلارغا چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن. دىيارىمىزدىن يېتىشىپ چىققان تەبىئىي پەن ئالىملىرىغا خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا ئىلمىي تېمىدا سۆز قىلىش پۇرسىتى كېلىپ بىزنى بەكمۇ خۇش قىلدى. بۇ ئۇلۇغ، ئەھمىيەتلىك بىر مۇساپىنىڭ باشلانغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. بۇ بىز ئۈچۈن دۇنياغا يۈزلىنىشنىڭ تۇنجى قەدىمى، مۇقەررەركى، بۇ تارىخىي بۇرۇلۇش، رېئال يۈكسىلىش، بىز بۇگۈن قىممەتلىك دوستلارنى تەكلىپ قىلىپ، شۇ ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا دۇنياغا جاكارلايدىغان ماقالىنىڭ تېخىمۇ ئەلالىششى ئۈچۈن ياردەم سورىماقچى. ماقالىنى باش گېئولوگ كامىل ئەترىتىنىڭ ياش ئىلمىي خادىمى يولداش مەسئۇد تەييارلىغان، يولداشلارنىڭ سەمىمىي پىكىر - تەكلىپ بېرىشىنى سورايمەن، — ئۇنىڭ سۆزى تۈگىشى بىلەن كامىل ئورنىدىن تۇرۇپ، باشلىقنىڭ سۆزىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىپ بەردى ۋە ئاخىردا:

— يولداشلار، مەن بىر جۈملە سۆز قىلاي، ماتېرىيال ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، ئىنگلىزچە ئۈچ خىل تىلدا تەييارلاندى، ئۇنى ياش گېئولوگ مەسئۇد سەمەدى تەييارلىغان، ئۈچ خىل تىلدىكىنى يولداشلارنىڭ ئالدىدا ئۆزى ئوقۇيدۇ. بىزنىڭ ئۈمىدىمىز ئىنگلىزچىگە كۆپرەك ياردەم بېرىشنى قولغا كەلتۈرۈش. ھازىر يولداش مەسئۇدنى سۆزلەشكە تەكلىپ قىلىمىز، — دېدى. ئالقىش سادالىرى ئىچىدە مەسئۇد مۇنبەرگە

چىقتى. كۆپچىلىككە ئېھتىرام بىلدۈرۈپ، ئوقۇشنى باشلىدى. ماقالىنىڭ ئۈچ تىلدىكىسىنى ئوقۇپ بولۇش ئۈچۈن يېرىم كۈن ۋاقىت كەتتى. مەسئۇد ئۆزىنى تۇتقان، پىشقان ئىلمىي خادىمغا خاس تەمكىنلىك بىلەن سۆزلىدى. بولۇپمۇ ئۇ خەنزۇچە، ئىنگلىزچە نۇسخىلىرىنى ئوقۇغاندا ئۆزىنىڭ ئىقتىدارىنى تولۇق ئىشقا سالدى، پۈتۈن سۆزلەش جەريانىدا پىكرىنىڭ چېچىلىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن رىزۋانگۈل بىلەن يانمۇيان ئولتۇرغان ئاينۇرغا كۆزى چۈشۈپ قېلىشىدىن ساقلاندى. دېمىسىمۇ ئۇ جەلپكار قىزنىڭ چىرايلىق كۆزلىرىدە يىگىتلەرنىڭ قەلبىنى چالغىتىۋېتىدىغان بىر خىل سېھرىي كۈچ بار ئىدى. بۇ كۈچ مەسئۇدقا تېخىمۇ قاتتىق تەسىر قىلاتتى. ئۇ ئاينۇر بىلەن رەسمىي يۈرۈۋاتقىلى يېرىم يىل بولۇپ قالاي دېگەن بولسىمۇ، ھەر قېتىم ئۇچراشقاندا، ئۇ سېھرىي كۈچ ئۆزىنى كۆرسىتەتتى. شۇڭا ئۇ پۈتۈن كۈچى بىلەن قىز ئولتۇرغان تەرەپكە قارىماسلىق ئۈچۈن تىرىشتى.

ئىلىم ئەھلى دېگەن، نېمىلا دېگەن بىلەن ئىلىم ئەھلى ـ دە، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۇيغۇرچە بىلمىسىمۇ خۇددى بىلىدىغاندەك، چۈشىنىۋاتقاندەك دىققەتتە ئاڭلىدى. خەنزۇچىسى ئوقۇلۇپ بولغاندا زالدا ئۇزۇنغا سوزۇلغان چاۋاك ساداسى كۆتۈرۈلدى، ئۆزئارا گۇدۇڭ ـ گۇدۇڭ پاراڭلار بولدى. بىر ئۇيغۇر يىگىتنىڭ ئۆلچەملىك ئورتاق تەلەپپۇزدا خەنزۇچىنى شۇنداق راۋان ۋە رىتىملىق سۆزلىگەنلىكى ئۇلارغا تەسىر قىلغان بولسا كېرەك. ئىنگلىزچىسى تېخىمۇ ئۆزگىچە كەيپىيات پەيدا قىلدى. چۈنكى، ئۇنىڭ سۆزلىگىنى ئاڭلىغۇچىلارنى قايىل قىلغان، ھەم ھەيران قالدۇرغانىدى. گۈلدۈراس ئالقىش سادالىرى بىلەن مەسئۇدنىڭ سۆزى ئۈزۈلۈپ تۇردى. ماقالە ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن بولسا، بىر توپ ئىلىم ئەھلى سەھنىگە چىقىپ كامىل بىلەن مەسئۇدنى ئورىۋېلىشتى. مەسئۇدقا قىزغىن مەدھىيە ئوقۇدى، سەممىمىي تەبرىكلىدى، ھەر خىل سوئاللار

بىلەن ماختاشتى، يازغان ئىلمىي ماقالىسىنىڭ خەلقئارادىكى هازىرقى ئىلىم سەۋىيەسىگە يەتكەنلىكىنى هەممىسى بىر ئېغىزدىن مۇئەييەنلەشتۈردى. مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىغا بولغان ئىشەنچلىرىنى بىلدۈرۈپ تەبرىكلەشتى. بۇ خىل سەمىمىي مەدەت ۋە تىلەكلەر كامىل بىلەن مەسئۇدنى هاياجانلاندۇردى، ئۇلارغا ئىلهام بەردى، ئۇلار كۆڭلىدىكىنى پەقەت «رەھمەت!» دېگەن سۆز بىلەنلا ئىپادە قىلدى.

## 4

ئايدىڭ كېچە، ئون بەش كۈنلۈك تولۇنئاي بۇلۇتسىز ئاسماندا نازاكەتلىك مەلىكىدەك زېمىنغا تىكىلمەكتە. ئۇ تەبەسسۇم قىلىۋاتقاندەك، پەقەت شۇ ئارقىلىق ئۆزى كۆرۈۋاتقاندەك ئۆزگىرىشلەرنى تەبرىكلىمەكتە ئىدى. ئاي تۈندىكى شاهىت، ئۇ نى ـ نى خۇشاللىق، شادلىق، قىزغىن قۇچاق، شېرىن سۆيۈشلەرنىڭ، كۆز ياش، هەسرەتلىك ئاه ئۇرۇشلارنىڭ شاهىتى، كىشىنى سۆيۈندۈرىدىغان كاتتا شان ـ شەرەپلەرنىڭ شۇنداقلا كىشىنى ئويغا سالىدىغان بەزى نومۇسلۇق ئىشلارنىڭ شاهىتى.

ئاي زېمىن سىرلىرىنىڭ خەزىنىسى، ئۇ ئۆز كۆكسىگە ئادەمزات خۇي ـ پەيلىنىڭ پۈتۈن جەريان، ئاقىۋەتلىرىنى يىغقان گۇۋاهچى. بۈگۈن كېچىمۇ ئۇ يېزىۋاتقان تارىخنىڭ يېڭى قۇرلىرىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتىدۇ، بىر ـ بىرى بىلەن چىڭ قولتۇقلىشىپ، كوچا سەيلىسى قىلىۋاتقان مەسئۇد بىلەن ئاينۇرنىڭ ئىزلىرى ئۇنىڭغا چۈشىدۇ. بۈگۈنكى ئون بەش كۈنلۈك تولۇنئاينىڭ تېخىمۇ نۇرلۇق بولۇپ كېتىشى بۇ بىر جۈپ ئاشىق ـ مەشۇققا زوقلانغانلىقىدىن، هەۋەس قىلغانلىقىدىن بولسا كېرەك.

جىمجىت كېچە، شاۋقۇن ـ سۈرەنلەر بېسىققان شەهەر شېرىن

ئۆيقۇدا. يېنىك چىقىۋاتقان ئىللىق باھار شامىلى تەكشى قەدەم تاشلاپ كېتىۋاتقان ئاينۇر بىلەن مەسئۇدنىڭ چاچلىرىنى سىلاپ، ئەركىلىتىپ ئۆتۈپ تۇراتتى. ئۇلار مەسئۇدنى بېيجىڭدا ئېچىلىدىغان خەلقئارالىق گېئولوگىيە ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا ئۇزىتىش زىياپىتىدىن قايتقان.

سائەت بەشلەرده باشلانغان ئۇزىتىش زىياپىتى سائەت ئون ئىككىلەرده تۈگىدى. زىياپەت يېمەكلىك ـ ئىچمىلىكلەرنىڭ مولىلىقى بىلەن ئەمەس، بەلكى، مەنىۋى نېمەتلىرىنىڭ موللىقىدىن ئۇنتۇلغۇسىز بولدى. ئىدارە باشلىقىنىڭ ۋە كاملىنىڭ سۆزى ئاڭلىغۇچىلارنىڭ قەلبىنى سۆيۈندۈردى، ئېپتىخارىغا ئېپتىخار قوشتى. مەسئۇدتەك ئېغىر تەبىئەتلىك يىگىت ئۆز ھاياجىنىنى باسالماي قالدى، يولداشلىرىنىڭ، كەسىپداشلىرىنىڭ سۆزلىرىلا ئەمەس، ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن بىلىنىپ تۇرغان قەلبىدىكى تىلەك، ئۈمىد، ئاپىرىن، مەدەتلىرى مەسئۇدقا قاتتىق تەسىر قىلدى. ئۇنىڭ شادلىقى روھىدا سەل بولۇپ ئاقتى، تومۇرىدىكى قانلىرى بىر خىل شېرىن تۇيغۇدىن دولقۇنلاندى، سەمىمىيلىك، ساپلىق، پاكلىق نېمىدېگەن ياخشى خىسلەت، شۇنداق ئادەملەرنىڭ ئارىسىدا ياشاش، بىرگە خىزمەت قىلىش، دوست بولۇشمۇ بىر بەخت.

— نېمانچە جىم بولۇپ كەتتىڭ؟ يېنىڭدا كېتىۋاتقىنىمنىمۇ ئۇنتۇپ قالدىڭغۇ دەيمەن، — دېدى ئاينۇر ئەركىلەپ.

— نېمە دېدىڭ ! ؟ — دېدى مەسئۇد ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىمىغاندەك. قىز گەپ قىلمىدى، مەسئۇد بىر ئازدىن كېيىن:

— ئۇنتۇپ قېلىش مۇمكىنمۇ، كىشىلەرنىڭ ئۆمرىدە ئەبەدىي ئۇنتۇلغۇسىز خاتىرىلەر بولىدۇ دېسە، مانا بۈگۈنكى كېچىنى دېسە بولىدۇ. ھازىر مەن شۇنىڭ پەيزىنى سۈرۈۋاتىمەن، ئۇنى بۇزۇشقا قىيماي ... بۇنى ماڭا سەن ئاتا قىلدىڭ. ئاينۇر، ئەتە مەن بېيجىڭغا ماڭىمەن، سەن قالىسەن، ياق مېنىڭ بىلەن ھەر مىنۇت بىرگە بولىسەن، رازىمۇ سەن ! ؟

— شۇنداق بولىدىغان بولسا، مەن قانچىلىك بەختلىك بولغان بولاتتىم ؟ !

— بۇ سۆزۈڭدە كىشىنى ھەم سۆيۈندۈرىدىغان ھەم ئەپسۇسلاندۇرىدىغان مەنە بار ئايىنۇرۇم. يەنە شۇبھىلىنىدىغان يەرلىرىڭ بار ئوخشايدۇ.

— مەسئۇد، مەن سېنى بارلىقىم بىلەن ياخشى كۆرىمەن، خىيالىمدىن بىر مىنۇت نېرى بولمايسەن، سېنى دائىم يېنىمدا دەپ ھېس قىلىمەن، لېكىن بۇلارغا بىر ئەندىشە دائىم ھەمراھ بولۇپ، سايە تاشلاپ تۇرىدۇ. مېنىڭچە بۇمۇ مۇھەببەت، — بۇ پەلسەپىۋى مەنە يوشۇرۇنغان مۇلاھىزە مەسئۇدقا بەكمۇ ياقتى، قەلبىنى تىترىتىۋەتتى، سۆيۈنۈش، ھاياجان، تەلپۈنۈش، تەشنالىق ئارىلىشىپ كەتكەن تۇيغۇلار ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى ئىگىلىدى. ئۇ غايىۋى بىر كەيپىياتقا چۆمدى، ئۇنىڭ تېنى يېنىك تىترەپ، يۈرىكى كۆكرەك قەپىسىگە پاتمايۋاتقاندەك بولۇپ، ئۇزاق - ئۇزاق نەپەس ئالدى. قانلىرىدا، ھۇجەيرىلىرىدە يوشۇرۇنۇپ تۇرغان بىر خىل سېھىرلىك كۈچ بىردىنلا ئۆزىنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسەتتى.

— مەسئۇد نېمە بولۇۋاتىسەن؟ — دېدى قولتۇقلاپ كېتىۋاتقان ئاينۇر ئۇنىڭدىكى ئۆزگىرىشلەرنى يۈرىكى بىلەن سېزىپ.

— مېنى ... مېنى قۇچاقلا ... مەھكەم قۇچاقلا، — دەپ تىترەك ئاۋازدا شىۋىرلىدى مەسئۇد قۇچىقىنى كېرىپ، — چاڭقاۋاتىمەن ... تەلپۈنىۋاتىمەن، — بىر جۈپ ئاشىق - مەشۇق تولۇن ئاينىڭ گۇۋاھلىقىدا بىر گەۋدە بولۇپ كەتكەندەك قۇچاقلاشتى. شېرىن لەۋلەر جۈپلەشتى، سالقىن شامال ئۇلارنىڭ چاچلىرىنى بىر - بىرىگە ئارىلاشتۇرىۋەتتى، قىزنىڭ ئېتەكلىرى رىتىملىق تەۋرىنەتتى.

باھارنىڭ ئايدىڭ كېچىسى، بۇلۇتسىز ئاسماندىكى ھۆسنىگە تولغان تولۇن ئاي، جىمىرلاپ تۇرغان سان - ساناقسىز

يۇلتۇزلار، يېنىك چىقىۋاتقان باھار شامىلى، تىنچ ئۇيقۇغا كەتكەن شەھەر، سوزۇلۇپ ياتقان ئادەمسىز يول، ئېلېكتر چىراغلىرىنىڭ ئاسفالىت يولدا يېنىپ تۇرغان شولىسى، ئەمدى بىخ چىقارغان نوتىلارنىڭ يېقىملىق چايقىلىشلىرى، بىر جۈپ ئاشىق ـ مەشۇقنىڭ ئىسسىق قۇچاقلىشىشى، تاتلىق سۆيۈشۈشلىرى، يېنىك تىترەشلىرى، شىۋىرلاشلىرى ... نېمىدېگەن گۈزەل ئايدىڭ كېچە ... نېمىدېگەن مەنىلىك تۇرمۇش ...

# ئون بەشنچى باب

## 1

— سىز رىزۋانگۈل بولىسىزغۇ دەيمەن، — ماگىزىننىڭ ئۈچىنچى قەۋىتىدىكى رەڭگارەڭ ئايالچە پوپايكىلارنى كۆرۈۋاتقان رىزۋانگۈل ئاۋاز چىققان تەرەپكە قارىدى، ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىدە چىرايلىق بىر قىز ئۇنىڭغا ئىللىق تەبەسسۇم قىلىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بولاقتەك قارا كۆزلىرىدىن يېقىملىق بىر نۇر بالقىپ تۇراتتى، قىياقتەك ئىنچىكە قاشلىرى يېڭى چىققان ئايدەك ئېگىلىپ تۇراتتى، سۈتتەك ئاق تېرىسىگە ياراشقان ھال رەڭ مەڭزى ئۇنى تېخىمۇ چىرايلىق قىلىپ كۆرسىتەتتى. تۇم قارا، قويۇق چاچلىرى قىزنىڭ يەلكىسىنى بىر ئالغاندى، يېڭى مودىدىكى پوپايكىسى بەدىنىنى قىسىپ، تەبىئىي فىگۇرىسىنى تولۇق نامايان قىلىپ تۇراتتى. كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان كۆكسى بىر شاختىكى قوشماق ئالمىدەك، ئۇنىڭ قىزلىق نازاكىتىگە تېخىمۇ قويۇق تۈس بەرگەنىدى. رىزۋانگۈل ھەم ھەۋەس ھەم ئەجەبلىنىش نەزەرىدە قاراپ قالدى، نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي تېڭىرقىدى.

— سىز مېنى تونۇمايسىز. مەن سىزنى ياخشى تونۇيمەن. بۇ ئادەملەر ئارىسىدا بولۇپ تۇرىدۇ، ھېچقانداق ئەجەبلەنگۈچىلىكى يوق، — دېدى بۇ ناتونۇش قىز. ئۇنىڭ سۆزلىرى شۇنداق راۋان، تەلەپپۇزى ساز، ئېيتىلىشى ئېنىق ئىدى، قىياپىتىدىن جۇرئەتلىك، قەيسەر تەبىئەتلىك قىز ئىكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى.

— ياق ... ياق، سىزنى پەقەتلا كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن، شۇڭا ... — رىزۋانگۈل ئۆزىنىڭ تەمتىرەپ قالغىنىنى يوشۇرۇپ

قالالمىدى.

— مانا كۆرۈشتۇق، — دېدى ئۇ قىز قاش - كۆزلىرىنى ئوينىتىپ، — تونۇشۇپ قالدۇق دېگەن گەپ، شۇنداق ئەمەسمۇ؟ بىرەر يىگىت تاسادىپىي شۇنداق دېگەن بولسا، ھەرقانداق قىز تەمتىرەيدۇ، ھودۇقىدۇ، ئۇنىڭ خىيالى بۇنىڭ تېگىگە يېتىدۇ. لېكىن كۆرۈپ تۇرۇپسىز، مەنمۇ سىزگە ئوخشاش، ئىككىمىز بىر جىنىس. ھە، پوپايكا ئالامسىز؟ مېنىڭ كۆزۈم خېلى مال تونۇيدۇ، مەن ئېلىشىپ بېرەي.

— ياق ... ھە، ئاشۇنداق خىيالىممۇ بار ئىدى، ئەپلىكرەك پوپايكىدىن بولسا، بىرنى ئالايمىكىن دەپ ئويلىغۇپىدىم.

— بۇ ياخشى پۇرسەت. مەن تاللىشىپ بېرەي، بۇ دوستلىقىمىزنىڭ باشلىنىشى بولۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس، بىر قۇر كۆرۈپ باقمامدۇق، — ناتونۇش قىز شۇ گەپ بىلەن رىزۋانگۈلنى قولتۇقلىۋالدى ۋە ئەينەك جازىنى بويلاپ ئاستا سۈرۈلدى. رىزۋانگۈلنىڭ كۆزى ئېسىپ قويۇلغان خىلمۇخىل پوپايكىلاردا بولسىمۇ، خىيالى باشقا يەردە، بۇ كىمدۇ؟ بۇ ناتونۇش قىز زادى كىم؟ مېنىڭ ئىسمىمنى قانداق بىلىدۇ؟ ئەھۋالدىن قارىغاندا مېنى خېلىلا ياخشى تونۇيدىغان ئوخشايدۇ ... قانداق قىلىپ تونۇيدۇ، مەن بىر يەردە كۆرگەنمۇ يە؟ ... ئۇ بۇنى ئەسلىيەلمىدى. باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ساۋاقداشلىرىنى ئەسلىدى، ئالىي مەكتەپتىكى ساۋاقدىشى بولسا، بىر كۆرۈپلا تونۇۋالاتتى. ئۇنى مېنىڭ نىمەم قىزىقتۇرغاندۇ؟ مېنى كۆرۈپلا تونۇشۇشقا ئۇرۇنىۋاتىدۇ.

— سىزگە بۇلارنىڭ بىرەرسىمۇ ياقمىدى بولغاي، — دېدى ناتونۇش قىز. رىزانگۈلنىڭ خىيالى ئۈزۈلدى، ئۇ راستىلا كۆزى ئوچۇق بولسىمۇ، پوپايكىنىڭ بىرنىمۇ كۆرمىگەنىدى. — شۇنداق، بىرەرسىمۇ كۆڭلۈمگە ياقمىدى، باشقا دۇكانلارنى ئارىلاپ باقسام بولامدىكىن، — دېدى ئۇ ئالدىراپ - تېنەپ.

— مەنمۇ شۇنداق ئويلىغان، يۈرۈك بولمىسا، مەخسۇس

پوپايكا ساتىدىغان دۇكانغا بېرىپ باقايلى، — ئۇ شۇ سۆزلەر بىلەن رىزۋانگۈلنى ئۆز ئىختىيارىغا قويماستىن پەسكە ئېلىپ ماڭدى.

شەھەرنىڭ ئاۋات كوچىسىدا ئادەم مىغىلداپ كەتكەن، ئۆتۈشۈۋاتقانلار بىر ـ بىرىگە تېگىشىپ، سۈركىلىشىپ ماڭاتتى، ھەممە ئادەم ئۆز ئىشى بىلەن ئالدىراش، بىرى ـ بىرىگە باقمايدۇ. ئالدىراپ مېڭىش، جۈپ ـ جۈپى بىلەن نېمىلەر توغرىسىدۇر مەسلىھەتلىشىپ مېڭىش، ھېچكىمنىڭ ھېچكىم بىلەن كارى بولماسلىق شەھەر ھاياتىنىڭ تەبىئىتى.

رىزۋانگۈلنىڭ خىيالى يېڭىدىكى قىزدا، ئۇ ھەرقانچە ئويلاپمۇ بىرەر نەرسىنى پەرەز قىلالمىدى، يېڭىدىكى قىزنىڭ مەقسەت ـ مۇددىئاسىنى پەرەز قىلالمىدى.

— قىزچاق، ئۇنچىلىك ئويلاپ كەتمەڭ، ئۆزىڭىزنى ئاۋارە قىلىپ نېمە قىلىسىز، ھەممىسى ئايدىڭلىشىدۇ.

— مەن بىر نەرسىنى سورىسام رەنجىپ قالماسسىز؟ — دېدى رىزۋانگۈل دادىللىشىپ.

— نېمىلەرنى دەيدىغانسىز، سورىغانغا رەنجىسەم، سىز بىلەن تونۇشۇشقا جۈرئەت قىلالمىغان بولاتتىم، قارىغاندا ئىچىڭىز پۇشتى بولغاي. چۈش ۋاقتىمۇ بولۇپ قالدى، يەنە بىر ياقتىن بۇ كوچا، سۆزلىشىش ئەپسىز، ئاۋۇ ياقتا بىر قەھۋەخانا بار، يۈرۈڭ.

— رەھمەت، سىزنى ئاۋارە قىلسام بولماس.

— سىزنى ئاددىي مېھمان قىلاي، — ناتونۇش قىز گېپىدە چىڭ تۇرۇۋالدى. رىزۋانگۈلنىڭ ئىختىيارىغا قويماستىن قەھۋەخانىغا سۆرەپ كىردى. ئۇلار مەخسۇس خانىغا كىرىپ ئولتۇرۇشتى. يېمەكلىك ـ ئىچمىلىك بۇيرۇدى، ئېلىپ كېلىنگەن قەھۋەنى ئازراق ئوتلىۋالغاندىن كېيىن، ناتونۇش قىز سۆز باشلىدى:

— مەن سىز ئويلىغان مەسىلىلەرگە ئەمدى جاۋاب بېرىمەن. ئىسمىم گۈزەلنۇر، كەسپىم ئارتىس، مەن بىر قېتىم توي

قىلغان، — ئۇلارنىڭ ئالدىغا تاتلىق يېمەكلىكلەر قويۇلدى. «گۈزەلنۇر»، «ئارتىس»، «بىر قېتىم توي قىلغان»، رىزۋانگۈلنىڭ كۆڭلىگە قارا بۇلۇتتەك بىر سايە چۈشتى، ئۇ ئەمدى تونۇشلۇق بىرىۋاتقان چوكانغا تۈزۈك قارىيالمىدى، ئارامسىزلىق ئۇنى قىيناشقا باشلىدى.

— قېنى تاتلىقلاردىن يېگەچ سۆزلىشەيلى، ياخشى كۆرەمسىزكىن، بىلمەيمەن، مەن تاتلىققا ئامراق، يەڭە، — ئۇ ئۆزىنى شۇنداق ئەركىن تۇتتى، سۆزلەرنىمۇ قەدىناس دوستىغا دەيدىغان تەلەپپۇزدا ئېيتتى، — مەن سىزنى مۇندىن ئۈچ ئاي ئىلگىرىلا تونۇيتتىم. ئۆزىڭىزنى كۆپ كۆردۈم. ھەممە ئەھۋالىڭىزنى بىلىمەن. بەك ھېسسىياتچان، ئىرادىلىك قىز ئىكەنسىز. دېمىسىمۇ سىزنىڭ ئەرلەرگە لايىق بولغان گېئولوگىيە كەسپىنى تاللىشىڭىز ئىرادىلىك ئىكەنلىكىڭىزنى ئىسپاتلايدۇ. شۇ تاپتا مەن ئېنىق دېمىسەممۇ كىملىكىمنى بىلىپ بولدىڭىز. ئىشىنىمەنكى، مەقسەتلىك تونۇشۇۋاتقىنىمنى پەملەپ بولدىڭىز، — گۈزەلنۇر ئېنىق قىلىپ، ھەربىر سۆزنى دانە - دانە قىلىپ سۆزلىدى، تەلەپپۇزى بارغانسېرى قەتئىيلەشتى.

— گۈزەلنۇر، مەن ھېچنېمىنى چۈشىنەلمىدىم، — دېدى رىزۋانگۈل تىترەك ئاۋازدا، ئۇ ئۆز ئەندىشىسىنى ھەرقانچە يوشۇرغان بولسىمۇ، قورۇبى يەتمىدى، — ماڭا ئېنىقراق دەپ باقسىڭىز، مېنىڭ بىلەن تونۇشۇشىڭىزدىكى مۇددىئايىڭىزنى ئېنىق بىلىپ باقسام.

— سىز خاتىرجەم بولۇڭ، ئازادە ئولتۇرۇڭ، مەقسىتىمنى ئېنىق ئېيتىپ، سىزنىڭ ياردىمىڭىزنى ئېلىش ئۈچۈن تونۇشۇۋاتقىنىم راست، قېنى، ماۋۇ تاتلىقلاردىن تارتىنماي ئېلىڭ، قورساق ئاچىدىغان ۋاقىت بولۇپ قالدى.

— رەھمەت، مېنىڭ يېگۈم يوق، سىز ئېلىۋېرىڭ.

— ئۇنچىلىك جىددىيلەشمەڭ، ھەممىنى ئوچۇق ئېيتىمەن، سىز ئەقىللىك، چېچەن قىز، ھېسسىياتچان ئادەم باشقىلارنىڭ

كۆڭلىنى ئاسان چۈشىنىدۇ. رەھىمدىل، كۆڭلى يۇمشاق كېلىدۇ. ئۆزىڭىزگە ئوخشاش بىرسى ئالدىڭىزدا كۆڭۈل ــ كۆكسىدىكى قايغۇ ــ ھەسرەتلىرىنى تۆكۈپ، نالە ــ پەرياد قىلسا، ئەلۋەتتە ھېسداشلىقىڭىز قوزغىلىدۇ. ھالىغا يىتىپ، ياردەملەشكۈڭىز كېلىدۇ، ــ گۈزەلنۇرنىڭ جاراڭلىق ئاۋازىغا تىترەك ئولاشتى، چىرايلىق، ئويناپ تۇرىدىغان كۆزلىرىنىڭ چاناقلىرىدا ياش لىغىلداپ قالدى، گۈزەل ھۆسنىنى مۇڭ پەردىسى چۈمكىدى، ئۇ سۆزىدىن توختاپ بىرقانچە قېتىم ئېغىر تىنىۋالدى. ئومىاق كۆكسى نەچچە قېتىم بىر ئەپلىك كۆتۈرۈلۈپ پەسەيدى، ــ مەنمۇ سىزدەك تاڭ سەھەردە ئەمدىلا يېشىلگەن پورەككە ئوخشاش چاغلىرىمدا غەمسىز، بەختلىك ئىدىم، بۇنى سۆيگەن يىگىتىم تەقدىم قىلغان. ئۇنىڭ سۆيگۈ بۆشۈكىدە شېرىن چاغلىرىمنى ئۆتكۈزگەنىدىم. مەن ئۇنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتىم، بىر كۈن كۆرمىسەم بىر يىل جۇدالىقتا قالغاندەك ھېس قىلاتتىم، يولىغا قاراپ، شېرىن خىياللارنى سۈرەتتىم. مەن ئۇ چاغلاردا شۇنچىلىك بەختلىك ئىدىمكى، دۇنيادا قايغۇ، بەختسىزلىكنىڭ بارلىقىنى ئۇنتۇغانىدىم، ــ گۈزەلنۇر ئۆكسۈپ كېتىپ، سۆزىنىڭ ئاخىرىنى داۋاملاشتۇرالمىدى. كىچىك سومكىسىدىن ئاپپاق ياغلىق چىقىرىپ، كۆزلىرىنى، پېشانىسىنى يېنىك سۈرتتى. ئارىغا جىمجىتلىق چۈشتى. رىزانگۈل نېمە دېيىشىنى بىلمەي قېتىپ ئولتۇراتتى، ئۇنىڭ مېڭىسى پىكىر قىلىش ئىقتىدارىنى يوقاتقاندەك قۇرۇق ئىدى، پەقەت غەلىتە بىر تەمتىرەش، چۆچۈش، ۋەھىمە ھېسسىياتىلا ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا ھۆكۈمران ئىدى. ئۇ گۈزەلنۇرنىڭ تېخىمۇ گۈزەللىشىپ كەتكەن چىرايىغا قورقۇش، ئەيمىنىش ۋە ئىچى ئاغرىش ئارىلاشقان نەزەر بىلەن قاراپ ــ قاراپ قوياتتى. ئۇنىڭ يېيىشكىمۇ، ئىچىشكىمۇ، بۇ يەردە ئولتۇرۇشقىمۇ تاقىتى يوق، بىراق تۇرۇپ چىقىپ كېتىشكىمۇ جۈرئىتى يوق ئىدى.

ــ ئادەمگە شۇنچىلىك ئېھتىياجلىق بولمىسا، ــ دەپ

سۆزىنى يەنە باشلىدى گۈزەلنۇر، — يۈرەكتىكىنى تۆكمەيدۇ، بولۇپمۇ ئەمدىلا تونۇشقان ئادەمگە دەرد ئېيتىش ئاسان ئەمەس، ماڭا ئۇنىڭدىن باشقا ئامال يوق. قاراڭ رىزۋانگۈل، گەپنىڭ ئېنىقىنى ئېيتاي، سىز ئەركىلىگەن قۇچاقتا، مەنمۇ قانغۇدەك ئەركىلىگەن. ئاشۇ لەۋلەردىن مەنمۇ هاياتنىڭ شېرىنلىكىنى تېتىغان، ئۇ يۈرەكتە ...

— گۈزەلنۇر گېپىڭىز بولسا تۈزۈك دەڭ، كىشى ئاڭلاپ ئولتۇرغۇدەك دېمەمسىز.

— ئاپپاق قىز، بەكمۇ يۈزى تۆۋەن، نازۇك ئىكەنسىز. قىز بالا دېگەن يىگىتنىڭ شۇ تەرەپلىرىگە خۇشتار بولمىسا، كۆز ياش تۆكەمدۇ، كېچىنىڭ تاتلىق ئۇيقۇلىرىدىن، تۇغۇپ چوڭ قىلغان ئاتا ـ ئانىسىدىن، كىندىك قېنى تۆكۈلگەن ئۆي، جان دوست، يار ـ بۇرادەرلىرىدىن ۋاز كېچىپ، شۇلارنىڭ كەينىدىن سەۋدايىلارچە كېتەمدۇ؟ يىگىت دېگەن شۇنداق تاتلىق، ھەممىدىن ۋاز كەچكۈزىدۇ، مەنمۇ ھەممە نېمىنى قايرىپ قويۇپ، ئالدىڭىزغا كەلدىم، بۇنىڭمۇ مەنىسى شۇ.

— ئېيتىڭا، مېنى نېمە قىل دېمەكچى، سىز نېمە مەقسەتكە يەتمەكچى؟ ئېنىق قىلىپ ئېيتىڭ، مەن ھېچنېمىنى چۈشىنەلمەيۋاتىمەن.

— ياق، سىزنىڭ بۇ گېپىڭىز ئادىل بولمىدى، سىز چۈشەندىڭىز، بىلدىڭىز، پەقەت چۈشىنىشنى خالىمايۋاتىسىز، — گۈزەلنۇر رىزانگۈلنىڭ قەلبىگە بارغانسېرى ئىچكىرىلەپ كىرىپ، ئۈزۈلدۈرمەي روھىي ھۇجۇم قىلغىلى تۇردى. كىشىلەرنىڭ مەنىۋى دەرياسىغا قارماق سېلىپ، بېلىق تۇتۇشتىكى تەجرىبىسىنىڭ ئۇستۇنلۇكىدىن پايدىلىنىپ رىزۋانگۈلنى قىستاۋاتاتتى، ھەر تەرەپتىن قورشاپ ئۇنى چۆچۈتىۋاتاتتى. ئۇ ھەقىقەتەن تەمتىرەپ قالدى، ئۇنىڭ ئارامسىز كۆڭلىدە پارچە ـ پارچە بۇلۇتلارغا ئوخشاش ئۈزۈك ـ ئۈزۈك خىياللار لەيلەپ يۈرەتتى. ئۇنىڭ ئۇلارنى بىر يەرگە يىغىشقا

قۇربى يەتمىدى.

— بۇنداق قىلىش، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى گۈزەلنۇر رىزۋانگۈلنىڭ ۋەھىمىلىك كۆزلىرىگە تىكىلىپ تۇرۇپ، — سىزدەك سەبىي قىزغا ياراشمايدۇ، سىز پورەكلەپ ئېچىلىۋاتقان گۈل، كېپىنەكلەرمۇ، بۇلبۇللارمۇ، ھەسەل ھەرىلىرىمۇ ئەتراپىڭىزدىن ئەگىپ كېتەلمەيدۇ. سىزگە تەمە، ئۈمىد بىلەن تىكىلىدىغان كۆزلەرنىڭ سانىنى ئۆزىڭىزمۇ بىلمەيسىز. ئۆزىڭىزنى خالىغىنىڭىزغا تەقدىم قىلسىڭىز بولىۋېرىدۇ. ئۇنىڭدىن تەلەپ قىلغان ھەممە نەرسىڭىزنى ئالالايسىز، قىزلىق تەلەپلىرىڭىزنى تامامەن قاندۇرالايسىز.

— مېنى نېمە كۆرۈۋاتىسىز ! — دېدى رىزۋانگۈل ئەلەم بىلەن، ئۇنىڭ سەۋر قاچىسى تاشتى، ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، — ئۆز ھايات يولۇمنى ئۆزۈم بەلگىلەش ئىقتىدارىم بار ! ھايات، تۇرمۇش، مۇھەببەت ھەققىدە، بىلىپ قويۇڭ، ئۆزۈمگە خاس قاراشلىرىم، ئېتىقادىم بار مېنىڭمۇ. نېمە قىلىشنى، قانداق قىلىشنى ئۆزۈم بەلگىلەيمەن، — رىزۋانگۈل غايىبتىن جاسارەت كەلگەندەك قەتئىيلەشتى، مەڭزى قىزىرىپ، چېكە تومۇرلىرى كۆپتى، كۆزلىرىدىن ئۆزگىچە بىر خىل ئۇچقۇن چاچراپ كەتتى.

— خان قىز، — دېدى گۈزەلنۇر كۈلۈپ تۇرۇپ، يېقىملىق تەلەپپۇزدا، — چېچىلماڭ، ئۆزىڭىزنى بېسىۋېلىڭ، مېنىڭمۇ سىزگە ھاياتنى ئۆگىتىش نىيىتىم يوق. مەقسىتىممۇ ئۇ ئەمەس، سىڭلىم، كامىل مېنىڭ تونجى سۆيگىنىم، ئېرىم ئىدى. مەن ئۇنىڭ بىلەن بەكمۇ بەختلىك ئىدىم، بىراق ھازىر مەن ئۇ بەختتىن مەھرۇم قالدىم. بۇنىڭ ماڭا ئېغىر كەلگەنلىكىنى، ئولتۇرۇڭ، ئولتۇرۇۋېلىڭ، سىز تەسەۋۋۇر قىلالمايسىز، — گۈزەلنۇرنىڭ ئاۋازىمۇ، چىرايىمۇ، پۈتۈن تۇرقى بىردىنلا ئۆزگەردى، كىشىنىڭ ئىچىنى ئاغرىتقۇدەك بىر قىياپەتكە كىردى، — ئويلاپ بېقىڭ، مەن ئەمدى مەڭگۈ بەختسىز ئۆتۈپ كېتىمەنمۇ، ئۇششۇك تەگكەن گۈلدەك ۋاقىتسىز سولىشىپ

كېتىشكە رازى بولۇپ ئولتۇرسام بولامدۇ ! ؟ ئاھ ... بۇنداق تۇرمۇش نېمىدېگەن ئېغىر، نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق ؟ ! مەن بۇ بەختتىن ئايرىلىپ قالغىنىمغا ئىقرار ئەمەس، ئەزبىرايى ئىقرار ئەمەس، ئۇنىڭغا قايتا ئېرىشىش ئۇمىدىم ئۈزۈلگىنى يوق، ئىشەنچىم كامىل ئىدى. بۇ يولدا ئۇنىڭ ئۆزىدىن باشقا كاشىلا يوق ئىدى، ئەمدى ... ئەمدى بىلىپ تۇرۇپسىز، سىز قوشۇلدىڭىز، ئۇ ماڭا تەۋە بەخت ... ئۇ بەخت مەڭگۈ مېنىڭكى، ھېچكىم تارتىپ كېتەلمەيدۇ، ھېچكىم ... — ئۇ ئاخىرقى سۆزلەرنى ئەسەبىي بىر خىل تەلەپپۇزدا ئېيتتى - دە، سومكىسىنى ئېلىپ ئورنىدىن تۇردى، — مەن سىز بىلەن ۋاقتى - ۋاقتىدا ئۇچرىشىپ تۇرىمەن، — دېدى ۋە قەددىنى تىك تۇتۇپ، يېنىك قەدەملەر بىلەن فىگۇرىلىق مېڭىپ خانىدىن چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ قىياپىتى شۇنداق خاتىرجەملىكنى ئىپادىلىگەن، قاشلىرى، كۆزلىرى، لەۋلىرى رىزۋانگۇل دەسلەپتە كۆرگەندەك ئوماق ۋە چىرايلىق تۇسكە كەلگەنىدى.

## 2

كامىلنىڭ قېدىرىش ئەترىتى بۇ يىللىق ۋەزىپىنى تاپشۇرۇپ ئالغىلى ئۈچ كۈن بولدى. بۇ قېتىمقى ۋەزىپىنىڭ ۋاقتى ئۇزاق، قېدىرىش دائىرىسى كەڭ ۋە شارائىتى قىيىن، نىشان چارقىلىقنىڭ شەرقىي جەنۇبىي تەرىپىگە توغرا كېلىدىغان ئالتۇنتاغنىڭ تېخى ئادەم ئايىغى باسمىغان ئەڭ ئىچكىرىكى قىسمى، گىياھسىز ئالتۇنتاغ، سېرىق، قىزىل، كۆكۈچ تويا، ھەر خىل رەڭلەردىكى قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان تىك تاش، كەسمە قىيا، ئاسمانغا تاقاشقان چوققىلاردىن ئىبارەت. كۈن نۇرى چۈشمەيدىغان تىرەن ھاڭلىرى، كۈن چىققاندىن تارتىپ، كۈن پاتقۇچە قۇياش نۇرى يېنىپ تۇرىدىغان چوققىلىرى بەكمۇ سۈرلۈك. بەزىدە ئاندا - ساندا ئۆسۈپ قالغان ياۋا ئوتلار ئۇچراپ

قالدۇ. سۇ تاپماق تەس، يوللىرى خەتەرلىك. بۇلارنى كامىل بىلەن ئەركىن بىلىدۇ، چۈنكى ئۇلار بەش يىل بۇرۇن ئالتۇنتاغقا بىر قېتىم تەكشۈرگىلى بارغانىدى.

بۈگۈن سەھەردىلا كامىل ئىشخانىغا ئەركىن، ئېلى، مەخمۇت، رىزۋانگۈل، راملە ۋە باشقا خىزمەتداشلىرىنى يىغىۋېلىپ، بۇ قېتىمقى قېدىرىپ تەكشۈرۈشنىڭ مەقسىتى، دائىرىسى، ئۇسۇللىرىنى تەپسىلىي چۈشەندۈرگەندىن كېيىن، شارائىت ھەققىدىمۇ خېلى ئۇزاق، ئەتراپلىق سۆزلىدى. بولۇپمۇ تەبىئەتنىڭ كەلتۈرىدىغان ئوڭۇشسىزلىقلىرى بىلەن يېڭىشكە تېگىشلىك رېئال قىيىنچىلىقلارنى بىر - بىرلەپ كۆرسەتتى. ئاخىر دۇچ كېلىش ئېھتىمالى بولغان تەبىئەتتىن كېلىدىغان خەۋپ - خەتەرلەر ھەققىدىكى پەرەزلىرىنى باشقىلار تەسەۋۋۇر قىلالىغۇدەك ئېنىق قىلىپ سۆزلىدى. كامىلنىڭ بۇنىڭدىكى مەقسىتى ئۆز ئەزالىرىدا روھىي تەييارلىقمۇ بولۇش، كوللېكتىپ ۋە شەخسلەرنىڭ ماددىي تەييارلىقنى ھەم ياخشى قىلىشنى قولغا كەلتۈرۈش ئىدى.

تەييارلىق ئۈچۈن يىگىرمە كۈندىن ئوشۇق ۋاقىت بار، ئاڭغىچە مەسئۇد يىغىننى تۈگىتىپ قايتىپ كېلىپ، ئەترەتكە قوشۇلۇپ تەكشۈرۈشكە چىقىدۇ. بۇ قېتىم ئۇلارغا يېڭى بىر ئەزا قوشۇلدى. ئۇ بولسىمۇ چىمەنگۈل، بۇ قېتىم ئۇ ئاچىسى گۈلئايشەمنىڭ ئورنىنى بېسىپ، ئەترەت ئەزالىرىنىڭ يېمەك - ئىچمىكىنى تەييارلايدۇ. كامىلنىڭ بۇ مەسلىھەتى ئېلىغا بەكمۇ ياقتى، ئەر - ئايالنىڭ بىرگە ئىشلىشى نېمىدېگەن ياخشى، كۆڭۈللۈك ئىش. تويى بولۇپ، ئىككى ئاي بولماستىنلا ئۇنىڭدىن تۆت - بەش ئايلىق ئايرىلىش ئاسان ئەمەس - تە. سېغىنىش پىراقى ئەلۋەتتە ئاسانغا چۈشمەيتتى. چىمەنگۈلنى يالغۇز تاشلاپ كېتىش ئېلىنى باشقا ئويلارغا سالمىسىمۇ، ھەر ھالدا ئەمدىلا ئون توققۇز ياشقا قەدەم قويغان ئائىلە، سۆيگۈ، ئەرنىڭ ئىللىقلىقىنى ئەمدىلا بىلىپ، ئىچكىرىلەپ كىرىپ كېتىۋاتقان يېڭى كېلىننى

يىرىم يىل تاشلاپ قويۇش ھەر نېمە بولسىمۇ، كۆڭۈللۈك ئىش ئەمەس ـ تە. يەنە بىر تەرەپتىن ياش كېلىنىنىڭ بىكاردىن ـ بىكار ئولتۇرۇشىنىڭ مەنىسىزلىكىدىن ئېيتقاندىمۇ، كامىلنىڭ بۇ ئورۇنلاشتۇرۇشى ئېلىغا بەكمۇ ياقتى.

## 3

كەچلىك چاي ئىچىلىپ، داستىخان يىغىشتۇرۇلدى، ئۆينى گۇگۇم قاراڭغۇلۇقى ئىگىلىدى. ئېلېكتر چىرىغىنىڭ يىپىنى تارتىپ ئۆينى يورۇتقان چىمەنگۈل كىرىپسلودا خىيال بىلەن ئولتۇرغان ئېلىنىڭ يېنىغا قىسىلدى، ئۇنى خېلى قىستىدى، ئېلى ھېچنېمە سەزمىگەندەك بىر خىلدا پېتىنى بۇزماي ئولتۇردى. كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قارىغان چىمەنگۈل مورىسى بىلەن ئېلىنى نۇقىدى.

— نېمە بولدى، جىمىپلا قاپسىزغۇ؟ — دېدى ئەركىلەپ.

— مېنى دەمسىز ! ؟ — دېدى ئېلى چۆچۈگەندەك بولۇپ، ئۇ چىمەنگۈلگە قارىدى.

— ئىككىمىزدىن باشقا ھېچكىم بولمىسا، نېمە دېگىنىڭىز ئۇ، بۈگۈن باشقىچىلىغۇ سىز، نېمىلەرنى ئويلاپ كەتتىڭىز؟

— ھېچ نەرسە ئويلىمىدىم، سىزنى قارىماي تۇرۇپمۇ كۆرەلەيمەنمۇ ـ يوق؟ دەپ سىناپ كۆرۈپ باقتىم.

— ئۇنىڭغا نېمە كەپتۇ ئەمدى، بىرىمىز بىر ياققا كېتىۋاتقاندەك، يە بىر ياققا بارامدىكەنسىزلەر؟

— چېچەنلىكىڭىزگە بارىكاللا گۈزەلىم، شۇنداق كۈنلەر كېلىپ قالدى، يەنە ماڭىدىغان بولدۇق، بۇ قېتىم ۋاقتى بەك ئۇزاق، يېرىم يىلغا سوزۇلىدىغاندەك قىلىدۇ.

— مۇنداق دەڭ، — دېدى چىمەنگۈل بوش ئاۋازدا. ئۇنىڭ چىرايىدىكى جۇشقۇنلۇق بىردىنلا يوقالدى، خىيالغا پاتقاندەك جىم بولۇپ قالدى. ئېلى ھازىرلا ئۆيدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك،

بىلەكلىرىنى چىڭ تۇتۇۋالدى ۋە تېخىمۇ مەھكەم چاپلاشتى. ئارىغا بىر پەس جىمجىتلىق چۈشتى، ھەر ئىككىسى ئېغىر خىيالغا پاتقاندەك جىم ئولتۇرۇشتى.

— چىمەنگۇل، بىزنىڭ خىزمىتىمىزنىڭ ئۆزى شۇنداق. شەھەردە بىزگە ئىش يوق، بىز مەڭگۈ تاغ - دالىلار بىلەن ئىش تۇتىمىز، ئۇلارنى شەھەرگە ئەكەلگىلى بولمايدۇ. بىز ئالدىغا بارىمىز، ئۆينى تاشلايمىز، خوتۇن - بالىلاردىن ئايرىلىمىز، ئاي - دالادا ياتىمىز. بوران - چاپقۇن، قار - يامغۇر، ئىسسىق - سوغۇقنىڭ ھەممىسىنى كۆرىمىز، بۆرىلەرنىڭ ھۇۋلاشلىرىنى، يىلانلارنىڭ كۇشۇلداشلىرىنى ئاڭلايمىز، نەچچە كۈنلەپ قۇرۇق نان غاجىلايمىز، ۋاقتى كېلىپ قالسا، سۇنىمۇ نورمىلىق ئىچىمىز. نېمىگە مەيۈسلىنىسىز، ئاغزىڭىزنى ئۇمچەيتمەڭ، بۇلار ھېچنېمە ئەمەس، پەقەت ... پەقەت ... — ئۇ سۆزىنىڭ ئاخىرىنى قىلماي چىمەنگۇلنىڭ چاچلىرىنى سىلىدى، بىر قولىنى ئارقىدىن ئۆتكۈزۈپ بېلىدىن قۇچاقلىدى.

— پەقەت بىر - بىرىمىزنى كۆرەلمەيمىز، ئايرىلىمىز، يېرىم يىل ... نېمىدېگەن ئۇزاق، — دېدى چىمەنگۇل مەيۈس تەلەپپۇزدا.

— يېرىم يىل ئۇزاقمۇ؟ — دېدى ئېلى.

— بەك ئۇزاق، بەك ... — دېدى چىمەنگۇل يىغا ئارىلاش. ئېلىنىڭ كۆڭلى قەۋەتلا سۆيۈنۈپ كەتتى، يالغۇز قېلىش خوتۇنغا يېنىك چۈشمەيدىغانلىقىنى بىلدى، بۇ مۇھەببەتنىڭ چوڭقۇرلىقى، سۆيگۈنىڭ ساپلىقى، ئىچەكىشىپ كەتكەنلىكىنىڭ دەلىلى. خىزمەت سەۋەبىدىن ۋاقىتلىق ئايرىلىپ تۇرۇشقا چىدىماي كۆز ياش قىلىپ، ھەسرەتلىنىۋاتقان خوتۇنىنى سۆيۈملۈك دېمەيدىغان ئەر بولماس.

— چىمەنگۇل نېمىشقا ياش تۆكىسىز؟ بۇ خىزمەت، مەڭگۈلۈك ئايرىلىپ كېتىۋاتقىنىمىز يوققۇ ...

— مەن بىلىمەن، بىلىپ تۇرۇۋاتىمەن، بىراق ئامالىم قانچە،

ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن ... مەنمۇ بىرگە بارسام بولمامدۇ، كامىل ئاكامغا ئۆزۈم ئېيتىمەن.

— قاراڭە سىزنى، سەت بولمامدۇ، يالغۇز قىلىشقا چىدىماپتۇ دېسە ... — ئىشىك يېنىك چېكىلدى. چىمەنگۈل ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى. كىرىڭ، دەپ بولغۇچە ئىشىك تۇۋىگە ئۆزى يېتىپ باردى. ئىشىكنى ئېچىپ رىزۋانگۈل كىرىپ كەلدى، ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ قاراپ تۇرغان ئېلىنىڭ ئالدىراپ - تېنەپ قىلغان ئىما - ئىشارىلىرىگە دىققەت قىلمىدى.

— چىمەنگۈل سىزنى تەبرىكلەيمەن، ئېلىدىن ئارتۇق قىزغىنلىق بىلەن تەبرىكلەيمەن ! — دېگىنىچە ئۇنى چىڭ قۇچاقلىدى، بىر - بىرىنى قۇلتۇقلىشىپ كىرىۋېلىشىپ ئولتۇردى. ئېلى بوشاشقان هالدا ئۆرە تۇرۇپ قالدى.

— نېمىگە تەبرىكلەيسىز، سىزلەر كېتىپ مېنىڭ قىلىشمىنىمۇ؟

— نېمىلەرنى دەپ يۈرىسىز، سىزمۇ بىز بىلەن بىرگە بارىدىغان بولدىڭىز.

— راستىما؟ سىز مېنى ئالدىمايۋاتىدىغانسىز، ئېلى راستىما؟ — دەپ ۋارقىرىۋەتتى چىمەنگۈل ئېلىگە قاراپ. ئېلى چىرايىنى غەلىتە قىلىپ، مۇغەمبەرلەرچە ئىككى قولىنى كېرىپ قويۇپ، بىر كىشىلىك كىرىۋېلىشقا ئۆزىنى تاشلىدى.

— چىمەنگۈل كىرىپكەنگىز نەمغۇ؟ يىغلىدىڭىزما؟ ئېلى سىزنى بوزەك قىلغان ئوخشايدۇ - هە؟ — دېدى رىزۋانگۈل.

— هەي، — دېدى ئېلى، — مۇهىم بىر ئىشنىڭ بېلىدىن ئوشاتتىڭىز جۇمۇ رىزۋانگۈل، ئەمدى مەقسىتىم ئەمەلگە ئاشمايدىغان بولدى، ئەتىگىچە كىرمىگەن بولسىڭىز.

— ئۇنداق مەخپىي ئىش بولسا، هازىرلا چىقىپ كېتەي، تېخى مېنىڭ كىرگۈچە تاقىتىم تاق بولۇپ كەتكەن، چىمەنگۈلنى بىر خۇشال قىلاي دەپ ئويلىۋېدىم، — ئۇ ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشەلدى، چىمەنگۈل ئۇنىڭ قولىغا ئېسىلدى.

— سىزگە چاقچاق قىلىۋاتىدۇ. نەدە مۇھىم ئىش بولسۇن، بىز يېرىم يىللىق تەكشۈرۈشكە چىقىمىز، سىز قالىسىز، دەپ شۇنى سۆزلىشىۋاتاتتۇق، — دېدى چىمەنگۈل ئالدىراپ. رىزۋانگۈل ئېلىگە قارىدى، بۇ قاراشتا نېمە ئىش دېگەن مەنە بار ئىدى. ئېلى دەرھال بىر نېمە دېمىدى، قىز بىر نېمىنى پەملىگەندەك قىلدى.

— سىزنى ئۇزاق ئايرىلمىز، يالغۇز قالىسەن، يېرىم يىلدىن كېيىن قايتىمەن دەپ قورقۇتۇپ، بوزەك قىلىۋاتقان ئىكەن ـ دە؟! — ئۇ ئېلىغا بۇرۇلۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — بۇ نېمە قىلغىنىڭىز سىزنىڭ، خۇشاللىقنى خۇشاللىق پېتىچە ئۆيگە ئېلىپ كىرمەي تەتۈر ئىش قىلىپ نېمە قىلاتتىڭىز؟ ئەر كىشى دېگەن شۇنداق ئەسكى بولىدىغان ئوخشايدۇ ـ ھە، چىمەنگۈل، — دېدى بۇ تەرەپكە قاراپ.

— ياق، ئەسكى ئەمەس، مېنىڭ بىلەن چىقىشىپ شۇنداق دېگەندۇ.

— مەن ئېنىق قىلىپ ئېيتىپ بېرەي، ۋاقتى ئۇزاقراق قىدىرىشقا چىقىدىغىنىمىز راست، لېكىن سىزنى تاشلاپ قويىدىغان ئىش يوق، بىز بىلەن بىرگە چىقىسىز، ئۆتكەن قېتىمقىغا ئوخشاش. پەقەت پەرقى: ئەمدى ئاچىڭىز بىلەن ئەمەس بەلكى سۆيۈملۈك ھەمراھىڭىز بىلەن، ئائىلە بويىچە دېگەن گەپ، بۇ كاملىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى، — دېدى رىزۋانگۈل.

— سىز نېمىشقا ماڭا تەتۈرسىنى دەيسىز، يا مېنىڭ بىرگە بېرىشىمغا قوشۇلماسسىز؟ — دېدى چىمەنگۈل ئېلىگە قاراپ، ئۇنىڭ تەلەپپۇزىدا، قىياپىتىدە قېيىدىغاندەك ئالامەتلەر بار ئىدى.

— چېقىشىپ دەپ قويغان.

— ياق ئۇنداق ئەمەس، — دېدى رىزۋانگۈل، — مۇھىم بىر ئىش، مەقسىتىم، دېگەنلەرنى ھېلىلا ئۆز ئاغزى بىلەن ئېيتقان، چېقىشىپ دېگىنى يالغان! مەقسىتىنى ئېيتقۇزۇۋۈڭ، چىمەنگۈل!

چىڭ تۇرۇڭ، مەنمۇ سىز تەرەپتە.

ئېلى دەماللىققا بىر نەرسە دېمىدى، چىمەنگۈل بىلەن رىزۋانگۈل راستىلا نېمە مەقسەت؟ دەپ ئۇنى قىستىغىلى تۇردى. ئاخىر بولماي ئۆزىنى ئەپقېچىپ ئۇنى ـ بۇنى دەپ باقتى، ئەمما ئىككىسىنى قايىل قىلالمىدى. رىزۋانگۈلنىڭ بىر قىسىم مەنىلىك سوئاللىرى بىلەن چىمەنگۈل بارغانسېرى چىڭ تۇردى. ئۇنىڭ نېمىلەرنى ئويلاۋاتقىنىنى بىلىش تەس بولسىمۇ، قىياپىتى جىددىيلەشتى. قاراشلىرىدىن ئەنسىزلىك، تەشۋىش مەنىلىرى چىقىپ تۇراتتى، ئېلى بۇلارنى سەزدى، ئويۇن چىڭغا چىققىلى تۇردى، رىزۋانگۈلمۇ سەل جىددىيلىشىپ قالغاندەك قىلاتتى.

— ئىككىڭلارغا نېمە بولدى، ئوتتۇرىغا ئېلىپ تالاپ نېمە قىلاي دەيسىلەر ؟! — دېدى بىر چاغدا ئېلى كۈلۈپ تۇرۇپ، — ئەر دېگەننىڭ ئايالدىن يوشۇرۇپ تۇرىدىغان ئازراق سىرلىرىمۇ بولىدۇ، بولۇشى كېرەك. ئەمدى مېنىڭ شۇ هوقۇقىمنىمۇ تارتىۋالماقچىمۇ؟ — ئۇ سۆزىدىن توختىدى. چىرايى جىددىي تۈس ئالدى. چىمەنگۈل بىر ئېلىغا، بىر رىزۋانگۈلگە قاراپ قويدى. بۇ سالماقلىق سۆزدىن چۆچۈگەندەك قىلاتتى، يەنە بىر تەرەپتىن ئېلىنىڭ خاپا بولۇپ قېلىشىدىنمۇ ئەنسىرەۋاتاتتى.

— ئېلى ئۇنداق پوپوزىڭىزنى قويۇڭ، يوغان سۆزلىرىڭىز بىلەن چىمەنگۈلنى قورقۇتالىغىنىڭىز بىلەن مېنى قورقۇتىمەن دەپ ئويلىماڭ، مەقسىتىڭىزنى بىلمىگۈچە چىقىپ كەتمەيمەن، بۇ پەقەت چىمەنگۈل ئۈچۈن.

— هەي، — دېدى ئېلى ئۆزىنى ئامالسىز قالغاندەك كۆرسىتىپ، — مۇشۇنچىلىك سىرنىڭ ساقلىنىشىغىمۇ ئىگىدارچىلىق قىلالمايدىغان هالغا چۈشۈپ قاپتىمەن، نېمىدېگەن بىچارىلىك بۇ، ئوغۇل بالىلىقىم نەدە قالدى؟

— بولدى، ئېلى، سىزگە شۇنچىلىك ئېغىر كېلىۋاتقان بولسا، ئېيتمىسىڭىزمۇ بولىدۇ، رىزۋانگۈل، بولدى قىستىمايلىچۇ، — دېدى چىمەنگۈل. ئۇنىڭ ئاۋازى، تۇرقى

يالۋۇرغاندەك ھالەتنى ئىپادىلىدى. رىزۋانگۇل نېمە دېيىشىنى بىلمەي تۇرۇپ قالدى. ئىلىنىڭ كۆكسى تىل بىلەن ئۇقتۇرۇپ بولغۇسىز بىر خىل ئىپتىخار، شادلىققا تولدى، بۇنىڭ سەۋەبىنى ئۇنىڭ ئۆزى بىلىدۇ، مۇنۇ ئىككى قىزنىڭ بىلىشى مۇمكىن ئەمەس.

— بۇ سىرنى، — دەپ سۆز باشلىدى ئىلى، — ئېيتىپ بەرسەممۇ رىزۋانگۇل سىز چۈشەنمەيسىز، چۈشەنگەن تەقدىردىمۇ ھېس قىلالمايسىز، چۈنكى سىز تېخى بىزنىڭ بۇ دۇنياغا قوشۇلمىدىڭىز؟ تەنھالىق دۇنياسى بىلەن جۇپلۇك دۇنياسى ئەلۋەتتە بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ، بۇنى شۇ سەپكە كىرىپ چۆككەندىلا ئاندىن بىلگىلى بولىدۇ، بىراق پەقەت ئەرلا، ئۆزى چىن يۈرىكىدىن ياخشى كۆرگەن قىزى بىلەن توي قىلىپ مۇراد - مەقسىتىگە يەتكەن ئەرلا چۈشىنىدۇ، ئېيتىڭا سىز چۈشىنەلەمسىز؟ مەڭگۈ چۈشىنەلمەيسىز، چۈنكى سىز ئەبەدىي ئەر بولالمايسىز - دە.

ئىلىنىڭ سىرلىق ۋە مەنىلىك سۆزلىرى رىزۋانگۇلنى ھەقىقەتەن جىمىقتۇرۇپ قويىدى. قانداقتۇر ئېيتىپ بولمايدىغان بىر سىرنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلدى. قىلغىنىم چېكىدىن ئېشىپ كەتتىمۇ نېمە، دېگەن ئوي يۈزىنى ۋىللىدە قىزارتتى. ئۇ ئەر - خوتۇنلۇق ئوتتۇرىسىدا كىشىلەرگە ئېيتقىلى بولمايدىغان سىرلار بولىدۇ دېگەننى كىتابلاردىن ئوقۇغانىدى. بۇنى ئەسلىگەن رىزۋانگۇل ئارامسىزلىنىپ ئولتۇرالماي قالدى، لېكىن ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۆيدىن چىقىپ كېتىشكە ھېچبىر باھانە تاپالمىدى، كۆڭلىدە تەن بەرگىسى كەلمىدى.

— سىززە ئىلى، مېنى تار يەردە قىستاپ ... خەپ توختاپ تۇرۇڭ، — دېدى سەل رەنجىگەندەك.

ئىلىنىڭ ئونداق قىلىشىدا ئېيتقىلى بولمايدىغان مۇددىئاسىمۇ يوق ئىدى. خوتۇنىنىڭ يالغۇز قېلىشىنى خالىمايدىغان قەلبىنى بىلىپ، ئۇنىڭدىن ھۇزۇرلانماقچى. بۇ

ھەقىقىي ياخشى كۆرۈشنىڭ باشقا خىل شەكىلدە ئىپادىلىنىشى بولۇپ، سۆيۈشكۈچى قەلبلەرگە باشقىچە بىر مەنىۋى ھۇزۇر بېرەتتى، ئېلى چىمەنگۈل بەخش قىلغان مۇشۇ ھۇزۇردىن قانغۇچە راھەتلەنمەكچى، خالاس.

4

يالغۇز ياتاق رىزۋانگۈلنىڭ ئوي - خىياللىرىنى ئەۋجىگە چىقىرىۋەتتى. ئۇ چىمەنگۈللەرنىڭ ئۆيىدىن خېلى كەچ قايتىپ كەلگەن بولسىمۇ، تېخىچە كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمىدى. بەش كۈندىن بېرى كېچىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى ئازابلىق خىياللار بىلەن ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزمەكتە ئىدى. بۈگۈنمۇ ئۇنىڭ كاللىسىغا گۈزەلنۇر كىرىۋالدى. ئۇنىڭ ئويناپ تۇرغان، تېگىگە يەتكىلى بولمايدىغان كۆل رەڭ كۆزلىرى، تەبەسسۇملىرى، چىرايىدىكى تېز - تېز يۈز بېرىپ تۇرىدىغان ئۆزگىرىشلەر رىزۋانگۈلنىڭ كۆز ئالدىدا تىكىلىنىپ تۇرۇۋالدى. شۇ كۈندىكى سۆزلىرى قۇلاقلىرىدا ئەكس سادا بولۇپ تەكرارلىنىپ تۇراتتى. بۇلار قوشۇلۇپ بىر ۋەھىمىلىك مۇھىت بولۇپ شەكىللىنىپ يالغۇز ياتاقنىڭ كېچىلىك جىمجىتلىقى قوشۇلۇپ، ئۆينىڭ ئىچى تېخىمۇ سۈرلۈك بولۇپ كەتتى. ئۇ ئازاب، قىينىلىش ئىچىدە ئىختىيارسىز «كامىلنىڭ ئىگىسى ھەقىقەتەن گۈزەلنۇرمىدۇ؟ مېنىڭ شۇنچە ياخشى كۆرۈپ قېلىشىمنى نېمە دەپ ئىزاھلاش كېرەك، راستىنلا مەن باشقىلارنىڭ بەختىگە چاڭ سالدىممۇ؟ ... تۇنجى سۆيگۈ ... قىزلىقنىڭ ساپ سوۋغىلىرىنى ... ئۇ نېمىشقا بەختىمدىن ئايرىلىپ قالدى؟ ئۇنى قولدىن چىقىرىۋېتىشكە نېمە سەۋەب بولغاندۇ؟ ئۇ قولىدىن كەتكىنىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ، قايىل ئەمەس ... يە ئايرىلىپ قالغاندىن كېيىن قەدرىنى بىلىپ، پۇشايمانىنىڭ دەستىدىن شۇنداق قىلىۋاتامدۇ؟» دېگەنلەرنى ئويلىدى. ئۇنىڭ خىياللىرى

شاخلىنىپ، ھەر ياققا پىلەك تاشلاپ مېڭىسىنى پۈتۈنلەي قاپلاپ كەتتى. «ئۇ چوكان راستلا ئۇنى مېنىڭدىن تارتىۋالماقچىمۇ ! ؟ سۆزلىرىنىڭ قەتئىيلىكى، ئۆزىنىڭ دادىللىقى ئەلۋەتتە قورقۇنچلۇق ... بىر ۋەھىمە، گۈزەلنۇرنىڭ پەيلى، جاسارىتى ...» رىزۋانگۈلنىڭ يۈرىكى تەرتىپسىز سېلىپ كەتتى، بىر نەرسە قىسقاندەك بەدەنلىرى كىرىشتى، مۇزلىدى. ئۇ يوتقىنىنىڭ چەتلىرىنى قولى بىلەن سىيپاپ يۇرۇپ تۇتۇپ ئاستىغا چىڭ قىستۇردى، پۇتىنى يىغىپ تۈگۈلدى، ۋۇجۇدىغا يېنىك تىترەك ئولاشتى، لېكىن كاللىسىدىكى خىياللار ئۈزۈلمىدى. ئۇنى ئۈزۈۋېتىشكە، كاللىسىدىن قوغلاپ چىقىرىۋېتىشكە قۇربى يەتمىدى.

تۈن كېچە، سۈرلۈك جىملىق، ۋەھىمىلىك يالغۇزلۇق ... بەخت تالىشىش ... خىرىس ... قورقۇنچلۇق مۇھىت رىزۋانگۈلنى تىنچ ياتقىلى، خاتىرجەم ئۇخلىغىلى قويمىدى. گۈزەلنۇر بىلەن كۆرۈشۈپ قايتقاندىن بېرى ئۇنىڭ كۆڭۈل تىنچلىقى بۇزۇلغان، زىددىيەتلىك خىياللىرى كۆپىيىپ كەتكەنىدى. رىزۋانگۈل كۈندۈزى ئىش بىلەن خىزمەتداشلىرى ئارىسىدا سەل تىنچلىنىپ قالغاندەك قىلىسىمۇ، ياتىقىدا يالغۇز قالغان، ئەتراپىنى كېچە قاراڭغۇلۇقى قاپلىغان ھامان ئۇنىڭ داۋالغۇپ تۇرغان روھىي دۇنياسى ئۆز كۈچىنى كۆرسىتەتتى.

رىزۋانگۈل بىرقانچە كۈندىن بېرى كامىلغا خۇپىيانە دىققەت قىلىپ كەلدى، ھەر قېتىم ئۇنى كۆرگەندە كۆڭلى جايىغا چۈشۈپ قالاتتى، ئەنسىرەش قايتىدىن تىكلىنىپ، كۆڭلىدىكى تۇمانلار تارقىلىپ كېتەتتى، ئۇنىڭغا ۋەھىمە بولۇپ تۇيۇلۇۋاتقان سايە يوقىلىپ، تىنچ ھالەتكە چۈشۈپ قالاتتى. كامىلنىڭ خاتىرجەملىكى، مۇراد ـ مەقسىتىگە يەتكەن ئادەمدەك غەمسىز قىياپىتى ئۇنى رازى قىلاتتى، كامىلنىڭ ئۆزىگە تەۋە ئىكەنلىكىگە بولغان ئىشەنچى قەتئىيلىشەتتى، بەخت تۇيغۇسى بىلەن كۆڭلى قانائەت تاپاتتى. كامىل قىزنىڭ كۆز ئالدىدىن

كېتىشى بىلەنلا تاسادىپىي كۆتۈرۈلگەن بۇلۇتتەك يەنە شۇ ئەندىشە، ۋەھىمە ئۇنىڭ كۆڭۈل ئاسمىنىدا پەيدا بولاتتى، خاتىرجەملىكى بۇزۇلۇپ، ئارامسىزلىق باشلىناتتى. ئازابلىرى قايتىدىن باش كۆتۈرەتتى ـ دە، مۇقەددەس بىر مەنزىلگاھ بارغانسېرى يىراقلاپ كېتىۋاتقاندەك بىر ھالەت ئۆزىنىڭ رەھىمسىز ۋەھىمىسى بىلەن قىزنى ئازابلايتتى.

يوتقاننىڭ ئىچىدە بارغانسېرى تۈگۈلۈپ كېتىۋاتقان رىزۋانگۈل چىدىغۇسىز ئازاب ئىچىدە رەھىمسىز خىيال دېڭىزىغا غەرق بولۇپ ئىڭرايتتى. بۇ دەھشەتلىك قاينام چۆرگىلىتىپ، ئۇنى ساراڭ قىلىۋېتەي دېدى. قۇتقۇزۇشقا سوزۇلغان قول يوق، يىراق بىر جۇپ كۈچلۈك قول ئۇنى قايىنامنىڭ تېخىمۇ دەھشەتلىك يېرىگە بار كۈچى بىلەن ئىتتەرمەكتە ئىدى. «ئاھ، خۇدا، مەن سېنىڭ ئالدىڭدا نېمە گۇناھ قىلغاندىمەن، مېنى مۇنداق ئازاب ئىچىدە قىيىنىشىڭنىڭ مەنىسىنى ھېچبىر چۈشىنەلمىدىم. مەن دۇنياغا قىز بولۇپ يارىلىپ قالغىنىم ئۈچۈن مۇشۇنداق زۇلۇمغا مەھكۇممۇ ... ! پاك ۋۇجۇدۇم، سەبىي قەلبىم بىلەن بىر يىگىتنى سۆيۈپ قالغىنىم گۇناھ ئەمەستۇ؟ ناۋادا بۇ گۇناھ بولىدىغان بولسا دۇنيادا گۇناھسىز بىرەر قىز، ئايال زاتى بارمىدۇ ! ؟» قىزنىڭ بۇ ئۇنسىز نالىسىنى كىم ئاڭلايدۇ، ئۇ مۇشۇ يېرىم كېچىدە قاراڭغۇ ئۆيدىن ئېتىلىپ چىقىپ، تۈن ئاسمىنىدىكى يۇلتۇزلارغا يېتەرمۇ؟ يىراق ـ يىراقلارغا ئۇچۇپ بېرىپ، چەكسىز ئورمانلاردا گۈركىرەرمۇ؟ ئاق قار بىلەن قاپلىنىپ تۇرغان تىك چوققىلارنىڭ ئارىسىدا ئەكس سادا چىقىرىپ جاراڭشىپ كېتەرمۇ، ئاھ ... قىز نالىسى، سۆيگۈ ئىلتىجاسى ئۆي قاراڭغۇلۇقىغا سىڭىپ جىمىپ كەتتى.

تۇمان ئىچىدىن بىر يورۇقلۇق كۆرۈنگەندەك، رىزۋانگۈلنىڭ كاللىسىغا بىر پىكىر تاسادىپىيلا كېلىپ قالدى. بۇ قايىنامدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن نېمىشقا كاملىغا قول ئۇزاتمايدۇ، بۇ ئوي قىزنى بىردىنلا سەگەكلەشتۈردى. ئۇنىڭ يولدىن ئازغان ئەقلى، ئەمدى

ئۆز يولىنى تاپقاندەك بولۇپ، كۆڭلى يورۇپ كەتتى. «ئۇ چوقۇم بۇ ئىشنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھەل قىلىدۇ، ئۆزىنىڭ ئەمدى ماڭا تەۋە ئىكەنلىكىنى ئىسسىق قۇچاق، شېرىن لەۋلىرى بىلەن بىلدۈرۈپ، كۆڭۈل ئازابلىرىمنى سۈرۈپ چىقىرىدۇ، ماڭا سوزۇلغان، ياق مېنىڭ بەختىمگە، تەقدىرىمگە، ھاياتىمنىڭ قەدىر - قىممىتىگە سوزۇلغان ئاشۇ قارا قولنى ئىرادە، ئەقىدە، سۆيگۈ قىلىچى بىلەن كېسىپ تاشلايدۇ. ھەي ئادەم دېگەن نېمانچە غەلىتە، سىرلىق مەۋجۇدات - ھە ... ! ياق ... ياق، ئەگەر كامىلنىڭ يۈرىكىدە شۇ تۇنجى مۇھەببەتنىڭ، تۇنجى سۆيگەن قىزنىڭ چېچىپ قويغان مۇھەببەت ئۇرۇقلىرى بولىسچۇ ....» بۇ ئوي قىزنى يەنە چۆچۈتتى. «كامىلنىڭ قەلبىدە گۈزەلنۇرنىڭ سىيماسى ئەبەدىيلىك پۈتۈلگەن، ئۇ يەردىن مەڭگۈلۈك ئورۇن ئالغان بولىسچۇ؟ ! » گۈزەلنۇرنىڭ ماڭا ئېيتقان سۆزلىرىنى بىرمۇبىر يەتكۈزسەم، توسۇلۇپ تۇرغان توغانىنى ئېلىۋەتكەندەك بىر ئىش بولسا، ئۇنىڭ ئۆزى بىلىشكە مەخپىي ئىنتىلىپ يۈرگەن، لېكىن پەقەتلا خەۋەر تاپالمىغان ئىشنىڭ خەۋىرىنى يەتكۈزۈپ قويغاندەك بىر ئىش بولۇپ قالسىچۇ ... ئاھ، بۇ نېمىدېگەن دەھشەت، نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق ! ... توۋا، مەن نېمە ئىش قىلىپ قويغىلى ئاز قالدىم ....»

رىزۋانگۈلنىڭ خىياللىرى بىردەم بۇلۇت ئىچىگە كىرىپ، بىردەم ئۇنىڭدىن چىقىپ پارقىراپ نۇر چېچىپ قويۇپ، يەنە بۇلۇت ئارىسىغا كىرىپ يوقالغان ئايدەك ئۆزگىرىپ تۇراتتى. بىردىنلا ئۇنىڭ خىياللىرى يېقىنقى ھايات بەتلىرىنى ۋاراقلاشقا باشلىدى. كامىلنىڭ قىياپىتى، يۈرۈش - تۇرۇشلىرى قىزنىڭ كۆز ئالدىدا گەۋدىلىنىشكە باشلىدى، بۇلارغا قوشۇلۇپ، ئۇنىڭ خاراكتېرى، تەبىئىتى، مىجەزى، پەزىلەتلىرى ھەققىدىكى قىزنىڭ ئابستىراكت يەكۈنلىرى ئۇنىڭ ھېلىلا كاللىسىدا تىكلەنگەن كامىل ئۈستىدىكى گۇمانلىرىنىڭ ئورنىنى ئىگىلەشكە باشلىدى، كامىل ئىچى بىر خىل، سىرتى بىر خىل

ئادەملەردىن ئەمەس، ئۇنىڭ ساختىلىق قىلىدىغان، ئۆزىنى ياساپ كۆرسىتىدىغان مىجەزى يوق. ئۇ ئۆز ئېتىقادىغا خىلاپ ئىشلارنىلا ئەمەس، بەلكى سۆزنىمۇ قىلمايدۇ. خاراكتېرىدا شاختىن ـ شاخقا قونۇپ يۈرىدىغان ئىللەت مەۋجۇت ئەمەس. قىز بۇلارغا شۇبھىسىز ئىشىنەتتى. كامىلنى ياقتۇرۇپ قېلىشى، ياق كامىلغا ئاشىق بولۇپ قېلىشىغا بەلكىم شۇلار سەۋەب بولغاندۇ. رىزۋانگۈل قەلبىگە نەقىش بولۇپ چېكىلگەن كامىلنىڭ سۆزلىرى، سەمىمىي قۇچاقلاشلىرى، قىنىپ ـ قىنىپ ئىشتىياقى بىلەن سۆيۈشلىرىنىڭ ساپ، ھەقىقىي ئىكەنلىكىگە ئىشىنەتتى. ئۆزىنى، بارلىقىنى ئاتىغانلىقىغا شۇبھىلەنمەيتتى، شۇنداق تۇرۇقلۇق نېمىگە قايغۇرىدۇ، نېمىشقا ھەسرەتلىرىنى كۆڭلىدىن چىقىرىۋېتەلمەيدۇ؟! نېمىشقا ۋەھىمە دەستىدىن كېچىلىرى ئۇخلىيالمايدۇ؟ بۇنىڭ سەۋەبىنى ئۇنىڭ ئۆزىمۇ بىلمەيدۇ، نېمە ئۈچۈن ئىكەنلىكىگە جاۋاب بېرىش ئۇنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ. ھەي، تەقدىر دېگەن شۇ ئوخشايدۇ. ئويلىمىغان يەردىن بىر تاسادىپىيلىق بىرسىنى بەخت ـ تەلەي بۆشۈكىگە سېلىپ ئەللەيلەيدۇ، بۇنىڭ راھىتى ئۇنىڭ ھاياتىدىكى ھەممە كۆڭۈلسىزلىكلەرنى ئۇنتۇلدۇرۇپ، راھەت ئاسمىنىدا مەست قىلىدۇ. ئۇ ئۆزى ئۆسۈپ چوڭ بولغان ئاشۇ يېزىنىڭ توپىلىق يوللىرىنى، ئۆزى ئوينىغان ئېرىق ياقىسىدىكى دەرەخ سايىلىرىنى، چۆمۈلگەن لايسۇلۇق كۆلنى، سامان، يانتاق ئارىلىرىدىن تۇخۇم تەرگەنلىكىنى، ئانىسىنىڭ ياماق كۆڭلىكى، ئاتىسىنىڭ تەر پۇراپ تۇرىدىغان دوپپىلىرىنى ئۇنتۇيدۇ. خۇددى كۈندۈزى قۇياشنىڭ يورۇقىنى كۆرۈپ كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقىنى ئۇنتۇغاندەك ئۇنتۇيدۇ. بىرسى تاسادىپىي كۆتۈرۈلگەن قويۇندەك كەلگەن پېشكەللىكتىن ھەممىدىن مەھرۇم قىلىنىدۇ. بۇ پېشكەللىك ئۇنىڭ خاتىرجەملىكى، بەخت ـ ئامىتىنى سورۇپ ئاسمانغا توزۇتىۋېتىدۇ، ئۇنىڭ كۆز ياشلىرى بىھۇدە ئاقىدۇ، ئۇنىڭ ئاھ ـ زار، ھەسرەتلىرىگە ھېچكىم پەرۋا قىلمايدۇ، دەل

شۇ چاغدا ئۇ ھوشىغا كېلىدۇ، ئۆز تەبىئىتىگە يانىدۇ. ئۆتمۈشنى ھەسرەت، ئېچىنىش، پۇشايمان بىلەن ئەسكە ئالىدۇ. ئۇلار ئۆتۈپ بولغان، ئەمدى قايتىشقا مۇمكىن بولمايدىغان بىر رېئاللىق بولسىمۇ، سېغىنىدۇ، ئېغىر ئۆكۈنۈش ئىچىدە سېغىنىدۇ، ئىنسان ئانا قۇچىقىدا راھەتلىنىپ ياتقاندا، بالىلىقنىڭ غەمسىز چاغلىرىدا، شېرىن ئارزۇلار بىلەن ئۆتكۈزگەن ياشلىقنىڭ تۇنجى يىللىرىدا ھايات يولىنىڭ بۇنداق بولۇشىنى ئويلىمايدۇ. رىزۋانگۈل بۇنىڭدىن بىر يىل بۇرۇن ئۆز ھاياتىدا مۇشۇنداق بىر قىيىن ئىشقا يولۇقىدىغانلىقىنى ئويلىمىغانىدى، خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغانىدى. بىر نەچچە ئاي بۇرۇن قانائەت تاپقان سۆيگۈ بۆشۈكىدە راھەتلەنگەندە، بۇنداق بىر ۋەھىمىلىك سايىنىڭ ئۆز ھەيۋىسى بىلەن قورقۇتۇشىنى، ئازابلىشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى. مانا بۇنى تەقدىر دېمەي مۇمكىنمۇ، بۇ ئىنسان ھاياتىنىڭ سىرلىق تەقدىرى. رىزانگۈل بۇ تەقدىرگە تەن بېرىشكە رازى ئەمەس، ئۇ بۇنى تەقدىرنىڭ بوزەك قىلىشى دەپ تەن ئالمايدۇ، تاقابىل تۇرۇشقا ئاجىزلىق قىلىپ تۇرسىمۇ، ئاخىرغىچە ئېلىشىش ئىرادىسىدىن يانمايدۇ. ئۇ شۇ يېرىم كېچىدە بىردىنلا غەيرەتكە كەلدى. غايىبتىن بىر جاسارەت ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا ئۇچۇپ كىردى، قانلىرى قىزىپ، قەددى تىكلەشتى. شۇ چاغدا ئۆزىنىڭ بەختىگە ئەيمەنمەستىن چاڭگال سېلىۋاتقان ھېلىقى خوتۇننىڭ ئالدىدا ھودۇققانلىقىدىن، تەمتىرەپ قالغانلىقىدىن خورلۇق ھېس قىلدى، ئۆزىنىڭ جۈرئەتسىزلىكىگە كايىدى. «كامىل مېنىڭ، مەن ئۇنى ياخشى كۆرىمەن، جېنىمدىن ئارتۇق ياخشى كۆرىمەن. بەختىمنى، بارلىقىمنى، بىر ئۆمۈر تەقدىرىمنى ئۆز ئىختىيارىم بىلەن ئۇنىڭغا تاپشۇرغان، ئۇمۇ مېنى مەن ياخشى كۆرگەندەك ياخشى كۆرىدۇ، ئۇ ماڭا بەخت بېرىدۇ، خۇشاللىق تەقدىم قىلىدۇ. كامىلنى مېنىڭدىن تارتىۋېلىشقا ھېچكىمنىڭ ھەققى يوق، بىلىپ قويۇڭ، سىزنىڭ ئەسلا ھەققىڭىز يوق» دېگەن سۆزنى بېشىنى

تىك تۇتۇپ دىيەلمىگەنلىكىگە قاتتىق پۇشايمان قىلدى. بۇ ئىشنى كامىلغا ئېيتىشنى ئويلىغاندا ئورۇنسىز شۈبھىلەنگەنلىكىگە خىجىل بولدى، ئەپسۇسلاندى. ئۇ كامىلنىڭ نىمىسىدىن شۈبھىلىنىدۇ؟ ئۇنىڭ سۆيگۈسىنىڭ سەمىمىي بولمىغان يېرى بارمۇ؟! مۇھەببىتىدە ئارىسالدىلىق سەزدىمۇ؟ ياق، ياق، ئۇ ھېچنېمە سەزمىدى. كامىل ئۇنى جېنىدىن ئارتۇق ياخشى كۆرىدۇ، بۇنىڭدا شۈبھە يوق ... ئۇنداق بولسا رىزۋانگۈلدىكى گۇمان، شۈبھىلەرنىڭ ئۆزى نېمە؟ بۇنى قىز بىلمەيدۇ، بىلىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. رىزۋانگۈل ئۆز قەلبىدىكى كامىلغا بولغان مۇھەببەتنىڭ سالمىقىنى ئۆلچەپ كۆرۈشكە ئاجىزلىق قىلىدۇ. ئۇنىڭغا ئورۇنسىز قىيىداپ قېلىشلىرىنىڭ، يەنە بىر دەمدىلا تەسەللى ئېلىپ تۇزۇلۇپ قېلىشلىرىنىڭ، بەزىدە قىن ـ قىنىغا پاتماي خۇشال بولۇپ كېتىشلىرىنىڭ، بەزىدە كۆز ياش تۆكۈشلىرىنىڭ قانداق كۈچنىڭ ۋەسۋەسىسىدە بولۇۋاتقىنىنى ئويلاپ كۆرمەيدۇ، بۇ خىل روھىي ھالەتلەر سۆيگۈ ئۇستۇنلۇكى، ياخشى كۆرۈشتە ئېشىپ چۈشكەنلىكىدىن بولىدۇ. شۈبھە مۇھەببەتنىڭ سايىسى، بۇ ئىككىسى مەڭگۇ بىر ـ بىرىدىن ئايرىلالمايدۇ.

تاڭ سوزۇلۇشكە ئاز قالدى، كېچىنىڭ تەڭدىن تولىسىنى ئۇيقۇسىز، خىيال بىلەن ئېلىشىپ ئۆتكۈزگەن رىزۋانگۈل ئاخىر ئۆز ـ ئۆزىدىن رازى بولدى، بىر قارارغا كېلىپ كۆڭلى تىنچىدى، خىياللىرى ئاياغلاشتى. ئۇ ئەتە ھەممە ئىشنى كامىلغا ئېيتىدۇ، يۈز تۇرا ئۇنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىپ تۇرۇپ ئۆزىنىڭ ئىرادىسىنى قوشۇپ ئۇقتۇرىدۇ.

# ئون ئالتىنچى باب

## 1

گۈزەلنۇر ھەقىقەتەن ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق ھەم گۈزەل ھەم نۇرلۇق. ئۇنىڭ ئىنچىكە، ئەگمە قاشلىرى، بۇلاقتەك كۆزلىرى، ئۇنىڭدىن يېنىپ تۇرغان ئۇچقۇن، سۇزۇك يۇزىگە ياراشقان مەڭزى، ئۇنىڭدىكى غۇنچىدەك زىنىخلار، ئاق سۇزۇك بويۇنلىرى، كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان كۆكسى، ئەۋرىشىم ـ ئىنچىكە بەللىرى ھەرقانداق يىگىتنىڭ مەيلىنى ئىختىيارسىز تارتىدۇ، يۈرەكلىرىنى ياپراقتەك تىترىتىپ، قېنىنى قىزىتىدۇ، ئۇنى كۆرگەن يىگىتلەر ئاغزىنى ئارمان بىلەن تەمشىپ قويىدۇ.

گۈزەلنۇرنىڭ ئويناپ تۇرىدىغان بىر جۈپ قارا كۆزى تىلسىملىق بىر دۇنياغا ئوخشايدۇ، ئۇنىڭدىن مۇھەببەت قوشاقلىرى بىلەن ئايال ھېسسىياتىنىڭ ئەڭ نازۇك، نەپىس داستانلىرىنى ئوقۇغىلى بولىدۇ. گۈزەلنۇرنىڭ بىر پۈتۈن تۇرقى ئېستېتىكىغا تولغان سەنئەت، گۈزەللىك ئىلاھى. ئۇ كىچىكىدىن تارتىپلا ناخشا ـ ئۇسسۇل خۇمارى ئىدى. سەنئەت ئىنستىتۇتىغىمۇ بىرلا قېتىم كۆرۈنۈشى بىلەنلا قوبۇل قىلىنغان. تەبىئىي تالانت، مول ئېستېتىك روھى بىلەن قوشۇلۇپ، مۇنبەت تۇپراقتا چۈشكەن ئۇرۇقتەك ھەممىنىڭ كۆزىگە چېلىقىپ تۇرىدىغان سەنئەت ئېتىزىنىڭ مايسىسى گۈزەلنۇر قىزلار ئىچىگە ھەسەت تېشى تاشلىسا، ئوغۇللار ئىچىگە ھەۋەس قويۇنى بولۇپ كىرەتتى. ئۇنىڭغا ئوچۇق ـ ئاشكارا، خۇپىيانە تاشلىنىدىغان كۆزلەر ھەر دوقمۇشتا دۈچ

كېلىپ تۇراتتى. قىزلىق تەبىئىتى گۈزەلنۇرنى ئاسماندا ئۇچۇپ يۈرگەندەك مەغرۇرلۇق، پەخىرلىنىش تۇيغۇسىدا مەستخۇش قىلغانىدى. بۇنداق ئۆتكەن كۈنلەردىن كەم خۇشلۇق ھېس قىلمايدۇ دەيسىز. گۈزەلنۇردا ئۆزىدىن پەخىرلىنىش، بۇ دۇنياغا چىرايلىق، ھېسسىياتچان يارالغانلىقىدىن رازى بولۇش ھېسسىياتى ئۇنىڭ يۈرۈش ـ تۇرۇشى، ئۆزىنى تۇتۇشى، كۆز تاشلاشلىرىدىن، ھەتتا كۆڭلىكىنىڭ ئېتەكلىرىنىڭ رىتىملىق تەۋرىنىشلىرىدىن مانا مەن دەپ چىقىپ تۇراتتى. بۇ ھالەت كۆز تاشلىغان يىگىتلەر ئۈچۈن ۋەھىمە بولۇپ، كۆڭلىدىكىنى ئاغزىدىن چىقىرىشقا يول قويمايتتى، گۈزەلنۇر ئەنە شۇنداق ھالەتتە ئىنستىتۇتنىڭ ئىككى يىلىنى ئۆتكۈزدى.

ئۆكتەبىر بايرىمىغا ئۇلۇشۇپ كەلگەن قۇربان ھېيتنىڭ ئىككىنچى كۈنى ئىنستىتۇتنىڭ كۆركەم زالىدا بۇ شەھەردە ئوقۇۋاتقان شىنجاڭلىق مۇسۇلمان ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن كۆڭۈل ئېچىش كېچىلىكى ئۆتكۈزۈلدى. ھەربىر ئالىي مەكتەپتىكى ئۇيغۇر، قازاق، ئۆزبېك، تاتار ئوقۇغۇچىلاردىن ئوغۇل ـ قىز بولۇپ ئۈچ يۈزدىن ئوشۇقى جەم بولدى. زامانىۋى تۇسكە كىرگەن مىللىي مۇزىكا ئەترىتى سەھنىدىن ئورۇن ئالغانىدى. يىگىت ـ قىزلار غەرب مودىسى بويىچە ناخشىغا تەڭكەش قىلىنغان مۇزىكىغا تانسا ئويناشتى، ساھىبخان مەكتەپ ئارىلاپ ـ ئارىلاپ ئۆز ئىچىدىكى ماھارەت ئىگىلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ تالانتىنى كۆرسىتىشكە تەكلىپ قىلىپ، تانسا ئويناشنى توختىتىپ تۇردى. كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى زالنى چۆرىدەپ قويۇلغان ئورۇندۇقلاردا ئولتۇرۇشتى. ئېلانچى قىز ئورنىغا چىقىپ «ھازىر مەكتىپىمىزنىڭ ناخشىچىسى گۈزەلنۇر ‹مېنىڭ يۇلتۇزۇم› دېگەن ناخشىنى ئېيتىپ بېرىدۇ» دەپ ئېلان قىلدى. زالنى گۈلدۇراس ئالقىش ساداسى بىر ئالدى، چاۋاك قىزغىن ۋە ئۇزۇنغا سوزۇلدى. پەرىزاتتەك گۈزەلنۇر مېڭىپ ئەمەس، ئۇچۇپ چىققاندەك لەرزان مېڭىپ ئوتتۇرىغا چىقتى، ئۇ يەنە بىر قېتىم يىگىتلەرنىڭ

ئالقىشىغا مۇيەسسەر بولدى. قىزنىڭ قاشلىرى، تەبەسسۇملىرى، ئۆزىنى تۇتۇشى، قىسقىسى، ئەڭ ئاددىي ھەرىكەتلىرىمۇ بىر سەنئەت ئىدى. ئۇنىڭدىن گۈزەللىك تۆكۈلۈپ تۇراتتى، ئوتتۇرا ھال مۇزىكىغا تەڭكەش قىلىنغان ناخشا ئاۋازى زالنى بىر ئالدى، ياق، ئاڭلاپ ئولتۇرغانلارنىڭ روھىي ئاسمىنىدا پەرۋاز قىلدى. تىڭشىغان كۆزلەر ھەيرانلىق، ھەۋەس، قىزغىنىش، شادلىق، يەنە قانداقتۇر ھېسسىياتلارنى يوشۇرالمىغان ھالدا كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ قالدى. ناخشىچى قىز گۈزەلنۇر ئاۋازىنى ئاستا ـ ئاستا يۇقىرىلاتتى، بۇنىڭغا ماس ھالدا ئۇنىڭ قاشلىرى، كۆزلىرى، لەۋلىرى، بىر تۇرۇپ پەسىيىپ، بىر تۇرۇپ كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان كۆكسى، ئومۇمەن پۈتۈن قىياپىتى سېھرىي گۈزەللىك ۋە غايىۋى لىرىكا تۇسىنى تېخىمۇ روشەن نامايان قىلدى. ناخشىدىكى سېھرىي كۈچ بىلەن ئورۇنلىغۇچىنىڭ قىياپىتىدىكى ئېستېتىك كۈچ قوشۇلۇپ نۇرغۇن يۈرەكلەرنى تىترەتتى. گۈزەلنۇرنىڭ ناخشىسى قانداق ئەركىن پەرۋاز قىلغان بولسا، ئۇنىڭ خۇمارلاشقان چىرايلىق كۆزلىرى تىكىلگەن كۆز ۋە ھاياجانلىق چىرايلارنى شۇنداق كېزىپ يۈرەتتى، شوخ كېپىنەك رەڭمۇرەڭ گۈل ۋە چېچەكلەر ئۈستىدە يېنىك پەرۋاز قىلغانغا ئوخشاش ئىدى. بىر چاغدا گۈزەلنۇرنىڭ كۆزى تىكىلىپ تۇرغان بىر جۈپ كۆز بىلەن ئۇچراشتى. شۇئان ئاجايىپ بىر كۈچلۈك نۇر ئېقىمى ئۇنىڭ كۆزلىرىنى چاقنىتىۋەتتى، ئۇ نۇرلۇق چاقماققا قاراپ سالغاندەك دەقىقە ئارىلىقىدا ھېچنېمىنى كۆرەلمەي قالدى، ھەممە نەرسە كۆز ئالدىدىن غايىب بولدى، ھەتتا ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنىمۇ ئۇنتۇدى. بۇ ئىنتايىن قىسقا ۋاقىت ئىچىدە يۈز بەرگەن كارامەت. گۈزەلنۇر ئېسىگە كەلگەندە ئۇنىڭ كۆزى يەنىلا شۇ بىر جۈپ كۆزدە ئىدى، يۈرىكى تەرتىپسىز سېلىپ كەتكەن، بەدىنى قىزىغان، پېشانىلىرى، بىر جۈپ كۆكسىنىڭ ئوتتۇرىسى نەملەشكەن، ئاۋازى تىترەپ چىقىۋاتقانىدى. قىز شۇنچىلىك كۈچەيمۇ كۆزلىرىنى يۆتكەشكە

قادىر بولالمىدى، ئەمدى ئۇنىڭ كۆزىگە قويۇق قارا قاش، خەت تارتىشقا باشلىغان بۇرۇت، يۇپقا لەۋلەر، ئاپپاق يۈز، سەل تۇرۇلگەن قاپاقلار ئېنىق كۆرۈندى، ئۇلار قىزنىڭ كۆزىگە شۇنچىلىك ئېنىق كۆرۈندىكى، خۇددى بىر ـ بىرىگە ئۇدۇل قارىشىپ تۇرغاندەك ئىدى. قىز ناخشىنىڭ ئاخىرىنى، كۆپچىلىككە قىلىنىدىغان ھۆرمەتنى ئاجايىپ نەپىس تۈس ئالغان ئادەتتى بويىچە تاماملىدى. ئۇنىڭ كاللىسى ئويلاش ئىختىيارىنى يوقاتقانىدى، گۈزەلنۇر ئوتتۇرىدىن قانداق چىقتى، قاياققا مېڭىپ نەدە ئولتۇردى، ئارىلىقتا يەنە نېمە ئىشلار بولدى، ئەسلىيەلمەيدۇ. بىر چاغدا تېنى مۇزلىغاندەك قىلدى، يېنىك سەسكەندى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ قۇلىقىغا يىراقتىن ئاڭلانغاندەك:

— مۇزلاپ كەتكەن ئوخشايسىز، — دېگەن يېقىملىق ئاۋاز ئاڭلاندى، ئۇچىسىغا بىر نەرسە يېپىندۇرۇلغاندەك قىلدى، بىرسى ئۆز يېنىغا چىڭراق تارتتى. قىز ئاستا ـ ئاستا تۇن ئاسمىنىدىكى يىراق يەردە پىلدىرلاپ تۇرغان يۇلتۇزلارنى، دەرەخ شاخلىرىنى، شالاڭلىشىپ قالغان يوپۇرماقلارنى پەرق قىلالىدى. بىردىنلا ئۇ ئۆزىنىڭ ئولتۇرغىنىنى، يېنىدا بىرسىنىڭ قولتۇقىدىن ئۆزىگە تارتىپ ئولتۇرغانلىقىنى سېزىپ، قورقۇپ كەتتى ۋە چۆچۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. قىز شۇ چاغدىمۇ يېنىدىكى ئادەمگە قارىمىغانىدى، يېنىك شامال چىقىپ تۇراتتى. يېقىملىق مۇزىكا ساداسى بىر پەسىيىپ بىر كۆچىيىپ ئاڭلىناتتى. نەچچە قەدەم يىراقلاشقان قىز بېشىنى كۆتۈرۈپ ئورنىدا تېخىچىلا ئولتۇرغان كىشىگە بۇرۇلۇپ قارىدى ۋە ئىختىيارسىز:

— سىز؟! — دەۋەتتى، بۇنىڭدا ھەيران قېلىش ياكى خۇشلۇقنىڭ بارلىقىنى بىلىپ بولمايتتى.

كامىل بىلەن گۈزەلنۇرنىڭ مۇھەببىتى مانا مۇشۇنداق باشلانغان. ئۇلار بىر ـ بىرىگە ئاتاپ يارىتىلغان تەبىئي بىر جۈپ ئىدى، مۇھەببىتى ساپ، سەمىمىي ئىدى، ئارمانلىرىغا يېتىپ،

كۆڭۈللىرى بەختلىك ئۆتەتتى. شېرىن مۇڭدىشىش، مەنىلىك سەيلە، ئىسسىق قۇچاق، تاتلىق سۆيۈشۈشلەر ئۆتۈۋاتقان كۈلەرنىڭ ئۇنتۇلغۇسىز ئەسلىمىلىرى ئىدى.

— كۆرمىگەن ئۈچ كۈن ئۈچ يىلدەك بىلىنىدى كامىل، — دەپ ئەركىلىدى گۈزەلنۇر يىگىتنىڭ بويىنىنى قۇچاقلاپ، ئۇنىڭ يۈزلىرىگە يۈزىنى سۈركەپ تۇرۇپ.

— مېنى كەچۈرگىن گۈزەل، كۆرۈشكە تېگىشلىك كىتابلارنى بەك زىچ ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپتىمەن، كېلىشكە ئامال قىلالمىدىم.

— سېغىنماپسىز ـ دە، ئۇنداقتا؟ مېنىڭ كۆز ئالدىمدا پەرۋانىدەك ئۈچۈپ يۈردىڭىز، يولىڭىزغا قاراپ كۆزلىرىم تالدى، دىلىم هاردى. سىز يەنە ...

— مەنمۇ سېغىندىم، ئاپپىقىم، دىسسېرتاتسىيە يېزىشقا تەييارلىق قىلىۋاتىمەن، مۇهىم بىر ئىلمىي مەسىلىنى هەل قىلىپ، پۈتكۈزىدىغان ئوقۇغۇچىلارغا بېرىلىدىغان ئەڭ يۇقىرى ئۇنۋاننى بىراقلا ئالاي دەيمەن، ئالاهىدە ئىلمىي قىممەتكە ئىگە بولسا، دەرىجە ئاتلىتىپ بېرىدىغان ئىشمۇ بار ئەمەسمۇ.

— كامىل ماڭا لازىمى سىز، سىز مەن ئۈچۈن دۇنيادىكى ئەڭ يۇقىرى ئۇنۋان، ماڭا ئۇنىڭدىن باشقا هېچنېمە لازىم ئەمەس. پەقەت سىز بولسىڭىزلا بولدى، دۇنيا گۈزەل، تۇرمۇش چەكسىز مەنىلىك، بەخت دېگەننىڭ هەممىسى سىز.

كامىل كان گېئولوگىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنى تاماملىغاندا گۈزەلنۇرنىڭ ئاخىرقى بىر يىلى قالدى. ئۇلار ئۈچۈن بۇ ۋاقىتلىق ئايرىلىش ئاسانغا چۈشمىدى، يىگىت هىجران ئازابلىرىنى كۆڭلىنىڭ بىر بۇلۇڭىغا سۈرۈپ قويۇپ، قىزنىڭ ئازابلىرىنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن بارلىق كۈچىنى سەرپ قىلدى، قىزنىڭ خالىغىنىدەك، رازى بولغۇدەك ۋەدىلەرنى بەردى. ئايدا ئىككى قېتىم خەت يېزىپ تۇرۇشنى بېكىتتى. بىر هەپتە ئەتىگەندىن تارتىپ كەچكىچە، تۈن نىسپىدىن ئاشقۇچە بىرگە

بولدى. نۇرغۇن قېتىم گۈزەلنۇرنىڭ مەڭزىدىكى ياشلىرىنى سۈرتتى، باغرىغا مەھكەم باستى، لەۋلىرىگە قېنىپ ـ قېنىپ سۆيدى، چاچلىرىنى سىلىدى. پۈتۈن كۈچى بىلەن قىزنىڭ تىلەكلىرىنى ئورۇنلاپ، تەلپۈنۈشلىرىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلدى.

— كامىل، سىز كەتسىڭىز مەن چۆل ـ جەزىرىدە يالغۇز قالغاندەك بولىمەن. ئۆزۈمنى يېتىم، ئاجىز ھېس قىلىپ، قانچىلىك قىينىلارمەن ؟!

— بىز جىسمانىي جەھەتتىن ئايرىلساقمۇ، مەنىۋى جەھەتتىن دائىم بىرگە ياشايمىز، سىز مېنىڭ قەلبىمدىن مەڭگۈلۈك ئورۇن ئالغان، ئۇ يەردىن بىر مىنۇت ئايرىلمايمىز.

— مەن ئايرىلىشقا چىدىيالمايدىغاندەك قىلىمەن. — كۆزۈمنى ئاچسام كۆرەلمىسەم، ئىزدىسەم تاپالمىسام، بۇنىڭغا چىداش مۇمكىنمۇ؟ — ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن مارجاندەك ياش تۆكۈلدى. ئۇ كامىلنىڭ يوغان قوللىرىنى، چىڭ بىلەكلىرىنى سىلايتتى، مەيدىسىگە بېشىنى قويۇپ، ئۇنىڭ ھىدىنى پۇرايتتى، بىر ياقتىن ئەركىلەيتتى. خۇمارلاشقان، ئىشتىياق بىلەن تەلمۈرگەن كۆزلىرى كامىلنىڭ كۆزلىرىدىن بىر نېمە ئىزدەيتتى. قىياقتەك قاشلىرىنىڭ مەنىلىك ھەرىكەتلىرى، جىنەستىدەك لەۋلىرىدىن تۆكۈلۈپ تۇرغان ھېسسىياتلىق تەبەسسۇم، كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان كۆكسىنىڭ ھە دېسىلا يىگىتكە سۈركىلىشىنىڭ مەنىلىرى ئېنىق ئىدى، قەلبىدە تىنىمسىز تېپىرلاۋاتقان ئارزۇنىڭ چېكىگە يەتكەنلىكىنى روشەن بىلدۈرۈپ تۇراتتى. بولۇپمۇ ئايرىلىش ھارپىسىنىڭ ئاخشىمى گۈزەلنۇرنىڭ ئىنتىلىشى چېكىگە يەتتى، ئۇنىڭ قىزلىق نازى بىلەن ئەركىلەشلىرى، كامىلنىڭ بىلمىگەنگە سېلىپ قىلىۋاتقان ھەرىكەتلىرىگە ئەركىلىك بىلەن قېيىداشلىرى، تۇرۇپ ـ تۇرۇپ كۆز چاناقلىرىنىڭ ياشقا تولۇشى قىز قەلبىدىكى ئىنتىلىش، خالاشنىڭ ئالامىتى ئىدى. ئۆزىنىڭ قۇچىقىدا سەبىي بالىدەك

ئەركىلەۋاتقان قىزنىڭ نېمە خالاۋاتقىنىنى سەزمەيدىغان ئەركەك زاتى بولمايدۇ، ئىنسان روھى ھەم جىسمانىي جەھەتتىن بىرىكىپ ئىپادىلەنگەن بۇنداق تۇيغۇغا بەكمۇ سەزگۈر بولىدۇ. بىر ـ بىرىنىڭ قەلبىدىكىنى بىلىش ئۈچۈن بىرلا قېتىم بېقىپ قويۇش، پىسسىڭگىدە كۈلۈپ قويۇش، ئىللىق تەبەسسۇم، كىرپىكلەرنىڭ سىكۈنت ئارىلىقىدىكى پىلدىرلاپ قويۇشنىڭ ئۆزى كۇپايە. تەلمۈرۈپ تۇرغان يۈرەكنىڭ قانائەت تېپىشى، ئىنتىلىپ تۇرغان تەننىڭ ئارامغا چۈشىشى قىز ـ يىگىت ئۈچۈن قىيىن ئەمەس، كۆزىنىڭ بىر قېتىم يۇمۇلۇپ، ئېچىلىشى بىلەن ئىش تامام بولىدۇ. لېكىن بۇنىڭ سالمىقى، بەدىلىنى يېنىك چاغلىغىلى بولمايدۇ. بولۇپمۇ كامىلدەك ئۆزىنى ۋە ئۆزىنىڭ ساپ، سەمىمىي ھېسسىياتلىرىنى قەدىرلەشنى بىلىدىغان يىگىت بۇ ئىشقا ئۇنداق يېزە قارىيالمايتتى. باھارنىڭ يېشىللىقى، كۈزنىڭ مولچىلىقى، گۈلنىڭ پورىقى، تاغنىڭ، ئورماننىڭ، دەريانىڭ شاۋقۇنى، ئۈلارنىڭ يارىشىقى بولغىنىدەك، مۇھەببەتنىڭ ھەم توي كېچىسىدىكى يارىشىقى شۇ ئەمەسمۇ. ئالمىنى پىشماي تۇرۇپ ئۈزۈۋېلىش، توي بولماستىن ناغرا چېلىش بۇ بىر پەمسىزلىك ... كامىلنىڭ ئەركىلەپ تۇرغان قىزنىڭ تىلىكىگە تۈتقان پوزىتسىيەسى ئۇنىڭ تۇرمۇشقا، ھاياتقا، ھاياتتىكى باشقا نەرسىلەرگە تۇتقان پوزىتسىيەسىگە ئوخشاش پرىنسىپال ۋە قەتئىي ئىدى. شۇڭا ئۇ قىزنىڭ باشقا تىلەكلىرىنى سېخىيلىق بىلەن ئورۇنلىغان بولسىمۇ پەقەت ئاشۇ بىرلا، يېگانە، شۇ كۈچلۈك تىلىكىگە سېخىيلىق قىلالمىدى. قارامىلىق قىلىشقا كۆڭلى ئۇنىمىدى. ئۇنى ئەڭ قىممەتلىك سوۋغا سۈپىتىدە توي كېچىسى تەقدىم قىلىش ئۈچۈن گۈزەلنۇرنىڭ ئۆزىگە ئامانەت قويۇشنى قارار قىلدى. ئۆزىنى چىڭ تۇتۇپ، ئۆزى بەلگىلىگەن پاسىلدىن ئۆتۈپ كەتمەستىن تاڭنى ئاتقۇزدى.

گۈزەلنۇرنىڭ كۆزىدىن قۇيۇلۇپ تۇرغان ياش، كامىلنىڭ ھىجرانلىق ئازابلىرىنى يۇشۇرغان تىكىلىشلىرى، پويىزنىڭ

ئاستا قوزغىلىشى ... يىراقلاپ كېتىۋاتقان پويىزدىن كۆز ئۈزمەي، ئېگىز كۆتۈرگەن قولىدىكى ئاق ياغلىقنىڭ توختىماي سىلكىنىشى بىر غايىۋى مەنزىرە بولۇپ، ئۇلارنىڭ خاتىرىسىدىن مەڭگۈلۈك ئورۇن ئالدى.

تەستە ئۆتكەن كۈنلەر، سېغىنىش ھېسسىياتىغا تولغان ئايلار تىزىلىپ بىر يىلمۇ ئۆتۈپ كەتتى، گۈزەلنۇر مەكتەپنى تاماملاپ ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلدى، ئۇنى كۈتۈۋالغىلى چىققان كامىل ۋە ئىككى دوستى قىزنى كامىلنىڭ ياتىقىغا ئېلىپ كەلدى. ئىككى كۈندىن كېيىن سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ياتىقىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدى، گۈزەلنۇرنىڭ ئوقۇغۇچىلىق ھاياتىغا ئوخشىمايدىغان بىر ھايات يولى شۇنىڭ بىلەن باشلاندى.

بىر جۈپ ئاشىق - مەشۇقنىڭ تويى بولغۇچىلىك ئارىلىقتىكى مۇھەببەتلىشىپ يۈرگەن چاغلىرى باشقىلارنىڭ زوقىنى كەلتۈرۈپ، ھەۋەس قىلغۇدەك ئۆتكىنىگە ئوخشاش توي مەرىكىسىمۇ، كىشىلەرنىڭ بىر ئۆمۈر خاتىرىسىدە قالغۇدەك ئۆتتى. بۇ قىزلارنىڭ توي مەرىكىسى ئۆتكۈزۈشتىكى ئارزۇسىنىڭ ئۈلگىسى، يىگىتلەرنىڭ بىردىنبىر ئارمانى بولۇپ قالدى. توي مەرىكىسىنى مۇشۇنداق ئۆتكۈزسە ئارمان قالمايدۇ - دە، بۇ مۇھەببەتنىڭ ئۇستىگە چېكىلگەن كەشتە، قولىقىغا قىستۇرۇلغان بىر تال گۈل ئەمەسمۇ ... ياخشى كۆرگەن يىگىت، تاڭ قالدۇرغان توي مەرىكىسى، كۆڭۈلدىكىدەك تۈزەشتۈرۈلگەن ئۆي، قانائەت تاپقان ياشلىق ئىنتىلىشلىرى، ئائىلىنىڭ ئىللىقلىقى گۈزەلنۇر ئۇچۇن بەخت بۆشۈكى. ئۇ تويى بولۇپ ئون كۈن ئۆتكەن بولسىمۇ، ئىشقا بارمىدى، ئۆيدىن سىرتقىمۇ چىقمىدى، كامىلدىن بىردەممۇ ئايرىلغۇسى كەلمىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قاراپ تويمىدى. ئىنتىلىۋاتقان تەلپۈنۈشلىرى تەسكىن تاپمىدى، قىزنىڭ قىزلىق ئەركىلەشلىرى، سېھىرلىك نازلىرى، كامىلنى سۆيۈشلىرى جىنسىي تەلپۈنۈشىنىڭ چېكىگە يەتكەنلىكىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى.

— مېنىڭ خىزمەتكە بارغۇم كەلمەيدۇ، كامىل، — دېدى گۈزەلنۇر كەچتە كامىلغا چاپلىشىپ يېتىپ، — سىزدىن بىر مىنۇتمۇ ئايرىلغۇم يوق، بىردەم يوقاپ كەتسىڭىز ئىچىم پۇشۇپ ئۆلەي دەيمەن.

— ئەمدى ئۇلارغا نېمە ھاجەت، ئىككىمىز بىر شەھەردە، توي قىلىپ بىر ئۆيگە كىردۇق، مەن ئەبەدىي سىزنىڭ، سىزمۇ مەڭگۈلۈك مېنىڭ، — دېدى كامىل ئۇنىڭ ئاپپاق سىلىق يەلكىلىرىنى سىلاپ.

— سىز يوق بېيجىڭدە بىر يىلنى ئۆتكۈزگىنىمگە ھازىر ئويلىسام پەقەت ئىشەنمەيمەن، خۇددى ئۇ دەھشەتلىك چۈشتەك بىلىنىدۇ.

— ئۇنداقتىمزە، سىز ئاجايىپ قەھرىمانلىق قىلىپسىز ـ دە، بۇنىڭدىن كېيىنكى ھاياتىمىزدا مۇنداق قەھرىمانلىقنى دائىم قىلىپ تۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ، يىلنىڭ كۆپ قىسمىدا ئۆيىنى تاشلاپ كېتىش مېنىڭ كەسپىمنىڭ خاراكتېرى، سىزنىڭمۇ ئۆيدىن ئايرىلىپ خىزمەت قىلىشىڭىزغا توغرا كېلىدىغان ۋاقىتلارمۇ بولىدۇ.

— ئۇنداق گەپلەرنى قىلماڭ، يۈرىكىم سىقىلىۋاتىدۇ، — دېدى گۈزەلنۇر لەۋلىرى بىلەن كامىلنىڭ ئاغزىنى ئېتىپ.

شېرىن ئاي بىلىنمەي ئۆتۈپ كەتتى. توي بولۇپ قىرىق نەچچە كۈندىن كېيىن كامىل ئۆز ئەترىتىنى باشلاپ كوئېنلۈن تېغىنىڭ غەربىي قىسمىنى قېدىرىش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇپ ئالدى. بىر ھەپتە ئالدىراش تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئىشلەشكە كىرىشىپ كەتتى. بۇ ئىش كامىل ئۈچۈن خۇشاللىق بولسىمۇ، گۈزەلنۇر ئۈچۈن كۆڭۈلسىزلىك بولۇپ تۇيۇلدى. ئايرىلىشنى ئويلىسا، ئۇنىڭ كۆڭۈل ئارامى بۇزۇلۇپ، غەمگە پېتىپ قالاتتى، يالغۇزلۇق، تەنھالىق ۋەھىمىسى يۈرىكىنى قىسىپ بىئارام قىلاتتى، بىر خىل ئېغىر يوقىتىشتەك بىلىنىپ، كۆڭلى يېرىم بولاتتى ۋە گېلىغا بىر نەرسە تۇرۇپ قېلىپ، كۆز چاناقلىرى

ياشقا تولاتتى.

ـــ جىنىم، ئىككى كۈندىن كېيىن مېنى تاشلاپ كېتىسىز شۇنداقمۇ؟ ـــ دېدى كەچقۇرۇنلۇق چاي ئۈستىدە گۈزەلنۇر كاملغا يېقىن ئولتۇرۇپ.

ـــ كېتىسىز دېگىنىڭىز نېمىسى گۈزەل، مېنىڭ ئىشىم شۇ تاغ ـ جەزىرىلەر ئىچىدە تۇرسا، مەن ئۇ يەردە خىزمەت قىلىمەن.

ـــ كۆڭۈللۈك ئىشلەمسىز؟

ـــ ئەلۋەتتە، بەك كۆڭۈللۈك، چۈنكى ئۇ مېنىڭ ھاياتىمنىڭ مەنىسى، مەۋجۇتلۇقىمنىڭ تۈۋرۈكى، بىر ئۆمۈر ياقتۇرۇپ قالغان كەسپىم، سىز بولسىڭىز ئۆمۈرلۈك ياقتۇرىدىغان خوتۇنۇم. مېنىڭ ھاياتتىن بۇنىڭدىن ئارتۇق تەلىپىم يوق.

ـــ ئايرىلىپ ياشاش سىزگە ئېغىر تۇيۇلمامدۇ؟

ـــ قىزىقسىز ـ دە، بۇ قانداق ئايرىلىش بولسۇن، ئىنسان ھاياتىنىڭ تەبىئىتى شۇ. ئادەم ئىشلىمىسە، ئەمگەك قىلمىسا، ئۇمۇمەن پائالىيەت قىلمىسا، قانداق بولىدۇ؟ ھېچبولمىغاندا جەمئىيەتتىن ئېلىۋاتقانىنىڭ ئورنىنى بولسىمۇ تولدۇرۇش كېرەك، ئادەم ئۆز ھاياتىنى مەنىگە ئىگە ...

ـــ بولدى قىلىڭا ... ـــ دەپ گەپنى ئۈزدى گۈزەلنۇر نازلىق قىيىداش بىلەن، ـــ مەن ئۇنداق چوڭ قائىدىلەرنى چۈشەنمەيمەن، ئاڭلاشنىمۇ خالىمايمەن، ماڭا سىز بولسىڭىزلا، كۆڭۈلدىكىدەك ئائىلەم، باشقىلارنىڭ كۆزلىرىدىن ئوت چىقىرىۋېتىدىغان كىيىملىرىم بولسا بولدى، جىنىمنى ئۆپرىتىشنى خالىمايمەن، ئالىمنىڭ خېنىمى بولۇپ ياشىسام رازىمەن.

ـــ مۇنداق دەڭ، ـــ دېدى كامىل نېمىنىدۇ غەيرىيلىك ھېس قىلغاندەك، ئۇ كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا خوتۇنىغا قارىدى. ئۇنىڭ تولغان چىرايى، بۇلاقتەك لۆمۈلدەپ تۇرغان سېھىرلىك كۆزلىرى، بوستاندەك تۆكۈلۈپ تۇرغان كىرپىكلىرى، ئاق يۈزىگە ياراشقان ھال رەڭ مەڭزى ... نېمىدېگەن گۈزەل رۇخسار ...

كامىل قولىنى ئۇنىڭ بىلىكىدىن ئۆتكۈزۈپ ئۆزىگە تارتتى. گۈزەلنۇر ئەركىلەپ بېشىنى ئۇنىڭ مۈرىسىگە قويدى.

## 2

چىرايلىق بېزەلگەن ئۆي، رەڭلىك چىراغ ئۆينى تېخىمۇ جازىبىلىك يورۇتۇپ تۇراتتى. ئۈستەل ئۈستىگە تىزىلغان تاتلىق يېمەكلىك، مېۋە ـ چېۋىلەر، چىنىگە قۇيۇلغان چايغا مۆڭلۈق كۆز تىكىپ ئولتۇرغان گۈزەلنۇر بەكمۇ پەرىشان. ئۇنىڭ سوزۇلۇپ تۇرغان قاشلىرى، ھەم جۈپلىشىپ تۇرغان جىنەستىدەك لەۋلىرى، ئوماق كۆكسىنىڭ بىر كۆتۈرۈلۈپ بىر چۈشىشى يالغۇزلۇقنىڭ ئېغىر كېلىۋاتقىنىنى ئىپادىلەپ تۇراتتى. بىر ھەپتىدىن بېرى ئۇ يالغۇز، كامىل ئۇنىڭدىن بەك يىراقتا، ئۇنىڭ يولغا چىقىش ئالدىدىكى تەسەللىلىرى گۈزەلنۇرغا يېنىكلىك بەخش قىلالمىدى. «ئۆزى بولسا ھېچ ئىش ئەمەستەك كېتىپ قالدى. ئۇنىڭغا ئايرىلىش ئېغىر كەلمەمدىكىن؟ يالغۇزلۇقتا يۈرىكى ئېچىشمامدىكىن؟ مېنى سېغىنمامدىغاندۇ؟ ئەر كىشىنىڭ يۈرىكى مۇشۇنداق قاتتىق بولامدۇ؟ ئۈچ ئاي نېمىدېگەن ئۇزاق، ئۈچ كۈن ياكى ئوتتۇز كۈن بولسىمۇ كاشكى، چىشىمنى چىشلەپ غەيرەت قىلىپ ئۆتكۈزسەم، مۇنداق كۆپ كۈنلەرنى قانداق ئۆتكۈزەرمەن؟!». ئۇ خىيالدىن توختاپ ئېغىر تىنىپ قويدى. چايدىن خۇشياقمىغاندەك بىر يۇتۇم ئوتلىدى، يېمەكلىكلەرگە تاۋى يوق، قول ئۇزاتمىدى، بىر چاغدا ئاستا ئورنىدىن تۇردى، ئۈنئالغۇغا لېنتا سېلىپ، كۇنۇپكىنى بېسىپ قويدى. لەرزان مۇزىكا ئاۋازى ياڭرىدى، يېقىملىق ناخشا ئۆينى بىر ئالدى. بۇ گۈزەلنۇرنىڭ ئۆزىنىڭ ناخشىسى ئىدى. بىر دەمدىن كېيىن ئۈنئالغۇنى ئۆچۈردى ـ دە، تېلېۋىزورنى ئاچتى. قىبرىشقاندەك ئېكراندا بىر يىگىت بىلەن بىر قىز ئوتلۇق نەزەرلىرى بىلەن بىر ـ بىرىگە بېقىشىپ،

شىرىن مۇڭدىشىپ ئولتۇراتتى. بۇ ئىچمىشقان يەرگە تۈز سەپكەندەك بولدى، گۈزەلنۇرنىڭ كۆڭلى چايقىلىپ، پاراكەندىچىلىكى ئاشتى، ئۇ تېلېۋىزورنىمۇ ئۆچۈرۈۋەتتى، كىرېسلوغا چۆكۈپ ئولتۇرۇپ ئىككى چېكىسىنى سىقىپ، كۆزلىرىنى يۇمۇپ مۇڭلىنىپ كەتتى.

يالغۇز قېلىش گۈزەلنۇر ئۈچۈن بەكمۇ ئېغىر چۈشتى. كۈندۈزى سەنئەت ئۆمىكىدە كەسىپداشلىرى بىلەن بىرگە بولۇپ، تەنھالىقنى ئۇنتۇغاندەك قىلىسىمۇ، ئۆيىگە بوسۇغىنى ئاتلاپ كىرىشى بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلى مۇڭ بىلەن تولاتتى، جۇدالىق ئەلەملىرى، سېغىنىش پىراقىغا قوشۇلۇپ ئۇنىڭ كاللىسىنى ئايلاندۇرۇۋەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ كەيپىياتىنى ئوڭشاش ئۈچۈن ئۇ ئىش ـ بۇ ئىش بىلەن مەلىكە بولۇپ باقاتتى، كىتاب ئوقۇيتتى، ئالبوملىرىنى ئېچىپ سۈرەتلەرنى كۆرەتتى، ھەتتا كامىلنىڭ كىيىملىرىنى كۆرۈپ باقاتتى، لېكىن ئۇنىڭ يالغۇزلۇق ئەلەملىرى بېسىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، بارغانسېرى ئەۋجىگە چىقىپ، ئۇنىڭ ئىچىنى بىر نېمە تاتىلىغاندەك ھېچبىر ئارامىغا قويمىدى. ئۇنىڭ خاتىرىلىرى بوي بەرمەس تۇسۇن تايدەك كامىلنىڭ ئوتلۇق كۆزلىرىنى، قاتتىق ـ قاتتىق قۇچاقلاشلىرىنى، تاتلىق سۆيۈشلىرىنى كۆز ئالدىغا تاشلاپ ئۇنى يېرىم بىھوش قىلىپ قوياتتى. مانا شۇ تاپتا يالغۇز ئۆيدە ئولتۇرۇش ئۇنىڭ ئۈچۈن چىدىغۇسىز ئازاب تۇيۇلدى ـ دە، ھېچنېمىنى ئويلىماستىن ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. باھارنىڭ ئىللىق شامىلى ئۇنىڭ يۈزلىرىگە ئۇرۇلدى، چاچلىرىنى ئوينىدى، مەڭزىنى سىلاۋاتقاندەك قىلدى. باھارنىڭ گۈگۈم ۋاقتى. يېشىللىققا پۈركەنگەن دەرەخ شاخلىرىنىڭ ئەۋرىشىم ھەرىكەتلىرى، يوپۇرماقلارنىڭ ئاستا شىۋىرلاشلىرى قوشۇلۇپ بىر خىل گۈزەل مۇھىت ھاسىل قىلغانىدى. يېنىپ تۇرغان ئېلېكتىر چىراغلىرى، ئۆتۈشۈپ تۇرغان چوڭ ـ كىچىك ماشىنىلار ... ئالدىراش كېتىۋاتقان ئادەملەر قايناق شەھەر

ھاياتنىڭ كۆرۈنۈشىنى نامايان قىلىپ تۇراتتى. ئاندا ـ ساندا ئۇچراپ تۇرۇۋاتقان جۇپلەر كەچلىك كوچا سەيلىسىنىڭ باشلانغانلىقىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى.

گۈزەلنۇر قويۇق ئۆسكەن دەرەخلەر سايە تاشلاپ تۇرغان پىيادىلەر يولىدا بىر ـ بىر قەدەم تاشلاپ ماڭغاچ ئەتراپقا كۆز تاشلىدى. يالغۇز كېتىۋاتقان ئايال كىشىنى كۆرمىدى، ھەر قېتىم جۇپ بولۇپ كېتىۋاتقانلارغا كۆزى چۈشكەندە يۈرىكى تېخىمۇ قىسىلدى، يالغۇزلۇق ئەلەمى كۈچەيدى. گۈزەلنۇر نەگە بارماقچى، نېمە قىلماقچى ئىكەنلىكىنى، ئۆيدىن قانچىلىك ئۇزاپ كەتكەنلىكىنى ئويلاپمۇ قويماستىن مېڭىشىنى داۋاملاشتۇردى. بىر چاغدا ئۇنىڭ قارشى تەرىپىدىن كەلگەن ئەر كىشى ئۇنى مۈرىسى بىلەن سوقۇۋەتتى، گۈزەلنۇر سەنتۈرۈلۈپ توختاپ قالدى ۋە بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىدى. نېمىشقىدۇ باشقىچىلا بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ كۆزى ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغان بىر ئوتلۇق كۆزگە دۇچ كەلگەنىدى.

— كەچۈرىسىز خانىم، خىيال بىلەن بولۇپ ئەدەپسىزلىك قىلىپ قويدۇم، — دېدى شۇنداق سىپايىلىك بىلەن.

— ھە ... كېرەك يوق ... — دېدى ھودۇقۇپ قالغان گۈزەلنۇر.

— بەكمۇ چىرايلىق ئىكەنسىز، مۇشۇ يالغۇز مېڭىشىڭىزدا خۇددى پەرىزاتقا ئوخشاپ قاپسىز.

— ئاشۇرۇۋەتتىڭىز، رەھمەت سىزگە، — دېدى ـ دە، ئالدىغا قاراپ كېتىپ قالدى. گۈزەلنۇرنىڭ ۋۇجۇدىدا باشقىچە تاتلىق سېزىم پەيدا بولدى ـ دە، كۆڭلى سەل كۆتۈرۈلۈپ قالدى، يالغۇزلۇقنى دەماللىققا ئۇنتۇدى. بۇ روھىي ھالىتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن گۈزەلنۇر ئەمدى ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئەرلەرگە ئانچە ـ مۇنچە كۆز تاشلىغاچ مېڭىپ، ئاۋات كىنوخانىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالدى. بىر ئاز ئويلاپ تۇرۇۋالغاندىن كېيىن كىشىلەر توپىغا كىردى. ھەر تەرەپتىن تىكىلىۋاتقان كۆزلەر،

سوركولوپ ئۆتۈۋاتقان ئادەملەر، تەبەسسۇملۇق چىرايلار ئۇنىڭغا ئازراق ئارام بەرگەندەك قىلدى، بىردىنلا گۈزەلنۇرنىڭ كىنوغا كىرگۈسى كېلىپ قالدى ... بېلەت ئېلىش ئورنىدىكى قىستاڭچىلىقنىڭ ئىچىگە شۇڭغىدى. ھەممە تەرەپتىن قىسىلدى.

— قىزچاق بېلەت ئالامسىز؟ — دېدى كېلىشكەن بىر يىگىت گۈزەلنۇرغا چاپلىشىپ تۇرۇپ.

— كىنوغا كىرەي دېۋىدىم.

— سىز چىقىپ كېتىڭ، بېلەتنى مەن ئالاي.

— رەھمەت، ئۆزۈم ئالىمەن.

— كۆرۈۋاتىسىزغۇ، قىستىلىپ ئاۋارە بولۇپ كېتىسىز.

— پۇل ئېلىۋېلىڭ.

— بېلەتنى ئېلىپ چىققاندىن كېيىن ...

يىگىت بىلەن گۈزەلنۇر يانمۇيان ئولتۇرۇپ كىنو كۆردى، ئارىلاپ - ئارىلاپ ئۇ يەردىن، بۇ يەردىن سۆزلەشتى، يىگىت ئانچە - مۇنچە چاقچاقمۇ قىلىپ قويدى، سىپايە، ئەدەپلىك مۇئامىلە قىلدى، ھەتتا گۈزەلنۇرنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قويماي ئۆيىنىڭ ئالدىغىچىلىك ئاپىرىپ قويدى.

گۈزەلنۇر يالغۇزلۇق ئەلەملىرىنى ئۇنتۇغاندەك، كۆڭلىنى يېنىكلەشتۈرىدىغان بۇ ئىشقا تېزلا ئۆگىنىپ قالدى. كوچىغا چىقىشى بىلەنلا ھېلىقى يىگىتنىڭ قارشى ئېلىشىغا كۆنۈپ قالدى. دەسلەپكى قېتىملاردا گۈزەلنۇر بۇ يىگىت ئۇستىدە ئانچە ئويلىمىغان بولسىمۇ، مۇناسىۋەتنىڭ قويۇقلىشىشى، يېقىنلىق ئىپادىلىرى چىقىپ تۇرغان مۇئامىلە ئۇنى ئويغا سالدى. «يىگىت گۈزەللىكىمگە زوقلانغان، بۇنىڭ نېمە يامىنى بار. بىرگە كىنو كۆرۈش، مۇڭدىشىپ ئولتۇرۇش ... ھېچ ئىش ئەمەس، ئۆزىمۇ كېلىشكەن، ئەدەپلىك يىگىت ئىكەن. ياخشىسى كۆڭلۈم تەسەللىي تاپتى، ئىچ پۇشۇقۇمنى چىقاردى، ئۆتۈۋاتقان كۈنلىرىمنى يېنىكلەشتۈردى.» ئۇنىڭ خىياللىرىنىڭ كەينىدە ئەندىشىلىك سايىلەرمۇ يوق ئەمەس ئىدى. شۇنىڭغا قارىماي كۆڭلى سىرتقا

تارتىپ تۇرىدىغان، كۆزلىرى ئىستەيدىغان بولۇپ قالدى.

— مەن سىزنى خېلى ۋاقىتتىن بېرى تونۇيمەن، سەھنىدىكى تۇرقىڭىز، يېقىملىق ناخشىلىرىڭىز، ئۇ چاغدىكى پۈتۈن قىياپىتىڭىز ... — يىگىت گۈزەلنۇرنىڭ يېنىدا كېتىۋېتىپ زوق بىلەن سۆزلىدى.

— ئۇزاقتىن بېرى كۆز سېلىپ يۈرۈپسىز ـدە، قارىغاندا بوش ئادەم ئەمەستەك قىلىسىز جۇمۇ؟ ! — دېدى ئەركىلەپ تۇرۇپ.

— ئۇنداق دەپ ئادەمنى قورقۇتماڭ، تاتلىق نەرسىگە كىم ئامراق ئەمەس، گۈزەل نەرسىنى كۆرسە كۆزىنى يۇمۇۋالىدىغان ئادەم بارمىدۇ، كۆڭۈل دېگەن ... سىز بىلەن مۇشۇنداق مېڭىشمۇ بىر بەخت دەڭا گۈزەلنۇر، — گۈزەلنۇرنىڭ كۆڭلى سۆيۈنۈپ كەتتى، يېنىدا كېتىۋاتقان يىگىت ئۇنىڭغا تېخىمۇ يېقىملىق تۇيۇلدى. ئىختىيارسىز مۇرىسى بىلەن يىگىتنى نوقۇپ قويدى، ئەركىلىك بىلەن كۆز تاشلىدى. يىگىت ئۇنىڭ ئاپپاق، يۇمشاق قوللىرىنى سىلاپ قويدى. بۇگۈن كىنودا ئۇلارنىڭ مۇرىسى، بىلەكلىرى بىر تېگىشكىنىچە كىنو تاماملانغۇچىلىك ئايرىلمىدى. گۈزەلنۇرنىڭ قولى يىگىتنىڭ ئالىقىنىدا خېلى ئۇزۇنغىچە تۇردى. كۆڭلى خېلى تەسەللى تاپتى، ئاددىي ئىستەكلىرى ھەر ھالدا قانائەت تاپتى. يالغۇزلۇق، تەنھالىق، غېرىبلىقلىرىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇدى. بىر چاغدا يىگىت گۈزەلنۇرنىڭ ئوتتۇرا قولىغا بىر ئۈزۈكنى ئاستا سېلىپ قويدى ۋە :

— بۇ مېنىڭدىن خاتىرە بولۇپ قالسۇن، ئۆتۈنۈپ قالاي گۈزەل، — دېدى قۇلىقىغا شىۋىرلاپ. ئۇنىڭ لەۋلىرى ئىسسىق قۇلاقىقا تېگىپ كەتتى، يېقىملىق بىر ھىد گۈزەلنۇرنىڭ ۋۇجۇدىنى شۇر قىلىپ ئېرىتتى، گۈزەلنۇر پەقەت مۇلايىمغىنە تەبەسسۇم تەقدىم قىلدى.

دەرەخلەر سايە تاشلاپ گۈڭگا قىلىپ قويغان پىيادىلەر يولىغا

كىرىش بىلەن گۇزەلنۇر يىگىتنى قولتۇقلىۋالدى، نازلىق قىلىق چىقىرىپ، ئەركىلەپ چاقچاقلىشىپ ماڭدى، ئۇ بارغانسېرى ئېچىلىپ ـ يېيىلىپ ئەركىنلىشىپ كەتتى، چىڭ كۆكسى تۇرۇپ ـ تۇرۇپ يىگىتنىڭ بىلەكلىرىگە تېگىپ قالاتتى. ئۇلار ۋاقىتنىڭ ئۆتكىنىنى تۇيمايلا گۇزەلنۇرنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كېلىپ قالدى، يىگىت ئۇنى مۇشۇ يەردە ئۇزۇتۇپ قويۇشقا ئادەتلەنگەن، شۇڭا ئۇ مېڭىشتىن توختاپ قالدى، گۇزەلنۇر توختىدى، لېكىن قولىنى ئۇنىڭ بىلىكىدىن چىقارمىدى. يېنىچە بولۇپ كۆزلىرىگە تىكىلگەن يىگىتكە يېقىن تۇردى ۋە بىر خىل ئىنتىلىش ھېسسىياتى بىلەن تىكىلدى. قايسىسى تەشەببۇسكارلىق قىلغىنىنى بىلگىلى بولمىدى، ئۇلار چىڭ قۇچاقلاشتى. لەۋلەر لەۋلەرگە جۇپلەشتى ... يۈزلىرى ئاناردەك قىزىرىپ، يۈرىكى سېلىپ كەتكەن گۇزەلنۇر كەينىگە ئۆرۈلۈپ نەچچە قەدەم تاشلىدى.

— رەھمەت گۇزەلنۇر، چىن قەلبىمدىن رەھمەت، — گۇزەلنۇرنىڭ قەدەملىرى ئىختىيارسىز توختىدى، ئۇ كەينىگە ئۆرۈلۈپ:

— ئۆيگە كىرىپ بىر پىيالە چاي ئىچىپ كېتىڭ، — دېدى. ئۇنىڭ ئاۋازى ھاياجاندىن تىترەپ چىقتى.

— رەھمەت، چوقۇم كىرىمەن، سىزلا خالىسىڭىز، لېكىن ھازىر ئەمەس، خەير ـ خوش.

— ياخشى چۈش كۆرۈڭ.

ئۆيىگە كىرگەن گۇزەلنۇر بىردىنلا ھوشىغا كېلىپ قالغان كىشىدەك چۆچۈپ كەتتى، ۋەھىمە بېسىپ، يۈرىكى تەرتىپسىز سالدى. جىنايەت ئۆتكۈزۈپ قويغاندەك قورقتى، قولىدىكى ئېسىل ئالتۇن ئۈزۈككە كۆزى چۈشۈپ چىرايى تاتىرىپ كەتتى. پۈتىدىن كىرگەن تىترەك پۈتۈن بەدىنىنى ئىگىلىدى. ئۇنىڭ تېنى، يۈرىكىمۇ مۇزلاپ كەتتى. ئۆزىنىڭ بۇ غەلىتە ھالىتىنى بېسىش ئۈچۈن كىيىملىرىنى سېلىپ ئالمان ـ تالمان يوتقانغا كىرىپ

يېتىۋالدى. تونۇش يوتقان ئۇنىڭ ھالىتىنى ئوڭشىيالمىدى، ئالاقزەدىلىكىنى تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقىرىۋەتتى. «ھەلىلا بولۇپ ئۆتكەن ئىش مېنىڭ چۈشۈم ئەمەس، نېمە قىلىپ قويدۇم. ئۇ كامىل ئەمەس، يات بىر يىگىت ...» گۈزەلنۇرنىڭ ئىچى ئېچىشتى، پۇشايمان ئۇنى قىيناشقا باشلىدى. «بۇ ساداقەتسىزلىك ... ياخشى كۆرگەن ئادەمگە قىلىنغان ۋاپاسىزلىق ... نېمىدېگەن ئۇيات. نېمىدېگەن سەتچىلىك ... كامىل مېنى كەچۈرگىن، يالغۇزلۇق مېنى ئازدۇردى، سېغىنىش پىراقى گاراڭ قىلىپ قويدى...» ئۇ ئازابلىق خىياللار بىلەن تولغىنىپ ياتالمىدى ... پەقەت ئەمدى بەس، ئىككىنچى مۇنداق ئىش تەكرارلانمايدۇ، دېگەن قارارغا كەلگەندىلا سەل خاتىرجەم بولغاندەك بولدى ـ دە، ئاستا ـ ئاستا ئۇيقۇغا كەتتى.

گۈزەلنۇر ئۆزىنىڭ ئەھدىسىگە ئەمەل قىلىپ بىرقانچە كۈندىن بېرى كەچلىكى سىرتقا چىقمىدى. بىراق، تاڭنى ئاتقۇزۇش ئۇنىڭغا ئاسان چۈشمىدى، تەنھالىق، سېغىنىش پىراقلىرى بۇرۇنقىدىن ئېشىپ كەتتى. يالغۇزلۇقتا زېرىكىش ئۇنى تېخىمۇ قىيىنغىلى تۇردى، بۇ خىل روھىي كەيپىياتنى ھېچقانداق قىلىپ ئوڭشىيالمىدى، ئەكسىچە تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقتى. تاقەت قىلىشقا قۇربى يەتمەي قالدى، كۆڭلى سىرتقا تارتىپ تىنىچ قويمىدى. ئىللىق بىر مەنزىرە ئۇنىڭ مەيلىنى تارتىپ، ئۆزىگە چاقىرغاندەك، گۈزەلنۇرنىڭ كۆڭلى ئۇ يەرنى خالاۋاتقاندەك بىر خىل كەيپىيات ئۇنى دەي ـ دەيگە سېلىپ ئارامىغا قويمىدى.

بۈگۈن گۈگۈم چۈشۈشى بىلەن كامىل ئۇنىڭ خىيالىغا كىرىۋېلىپ، سېغىنىشى ھەسسىلەپ ئاشتى. ئۇ كىرىپسىلۇدا ئولتۇرۇپ كۈنلەرنى ھېسابلىدى. «ئەمدىلا بىر ئاي بولغان، كېلىدىغانغا يەنە بىرقانچە ئاي ۋاقىت بار، نېمىدېگەن ئۇزاق ... قانداق ئۆتكۈزەرمەن بۇ كۈنلەرنى؟» ئۇنىڭ خىيال ئېكرانىدا كامىل بىلەن بىرگە بولغان مەنزىرىلەر لىپىلدەپ پەيدا بولۇشقا

باشلىدى، گۈزەلنۇر ئورنىدا ئولتۇرالماي قالدى ... چاچراپ تۇرۇپ كەتتى، ئۇياقتىن ـ بۇياققا ماڭدى، ئۇنى ـ بۇنى تۇتۇپ باقتى، ئۇنىڭغا ئۇرچۇرۇپ تىلپىۋىزورنى قويدى. ئاخىر بولماي دېرىزە ئالدىغا بېرىپ سىرتقا قارىدى. بىردىنلا ئۇنىڭ خىيالى ئىككى ھەپتىدىن بېرى ئۆزىگە يېنىكلىك بەخش قىلغان، يالغۇزلۇقىنى ئۇنتۇلدۇرغان ھېلىقى يىگىتكە كۆچتى. ئۇ ئۆزلىرى كۆپ قېتىم ماڭغان، مۇڭداشقان ۋە ھېلىقى بىر ـ بىرىگە شېرىنلىك ئاتا قىلىشقان پىيادىلەر يولىدا گۈزەلنۇرنىڭ چىقىشىنى كۈتۈۋاتقاندەك بىلىندى. ئالىچىپار يورۇپ تۇرغان يولدا بىرسىنىڭ ئۇ قاراۋاتقان دېرىزىگە قاراپ تۇرغىنىنى كۆرگەندەك قىلدى. قاراڭغۇ بولسىمۇ، ئۇ گەۋدە گۈزەلنۇرغا تونۇش، كۆزلىرى، كۆلۈمسىرەپ تۇرغان چىرايى ئېنىق كۆرۈنگەندەك قىلدى. گۈزەلنۇرنىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەپ سېلىشقا باشلىدى، يېقىملىق بىر تۇيغۇ ۋۇجۇدىغا تارىدى، تەلپۈنۈش، ئىنتىلىش يۈرىكىنى قامالىدى، ئۇ ئارقىغا ئۆرۈلدى ... ئۆزىمۇ بىلمىگەن ھالدا ئىشىكتىن چىقىپ كەتتى. گۈزەلنۇر پىيادىلەر يولىغا چىققاندا ئۇ يەردە ھېچكىم يوق ئىدى. پەقەت ئۇنىڭغا پەرۋا قىلماي ئۆتۈشۈپ تۇرغان ناتونۇش كىشىلەر، كەچلىك سەيلىگە چىققان جۈپلەر ئۇچرىدى. گۈزەلنۇر كۆڭلى غەش بولغان ھالدا ئۈمىدلىك نەزەر بىلەن ئەتراپىنى ئىزدىدى، پۇتلىرى بولسا، ئىختىيارسىز تاشلىنىپ، ئۆيدىن يىراقلاشتى. بىردىنلا ئۇنىڭ كۆڭلى بىر خىل ئىشەنچ بىلەن خېلى خاتىرجەم بولدى.

ـــ مەن سىزنىڭ چىقىشىڭىزغا ئىشىنەتتىم، ـــ گۈزەلنۇرنىڭ كۆڭلى سۆيۈنۈپ كەتتى.

ـــ كۈتۈۋاتقىنىڭىز كۆڭلۈمگە ئايان ئىدى، ـــ بۇ سۆز ئۇنىڭ ئاغزىدىن ئىختىيارسىز، تەبىئىي چىقىپ كەتتى، ئۇ بۇنداق دېيىشنى پەقەت ئويلىمىغانىدى، ـــ بىرقانچە كۈندىن بېرى ئالدىراش بولۇپ ...

ـــ بولدى، گۈزەل، ئىزاھلىماڭ، بۇنىڭ ھاجىتى يوق، مۇشۇ

چىققىنىڭىزنىڭ ئۆزى ماڭا يېتەرلىك، بىرگە ئايلىنىپ كېلىشنى خالامسىز؟ — گۈزەلنۇر شەھلا كۆزلىرىنى يىگىتنىڭ ئۈمىد بىلەن تىكىلگەن كۆزلىرىگە تىكتى - دە، يېقىملىق بىر ھەرىكەت بىلەن ئۇنى قولتۇقلىۋالدى.

ئۇلار بىر پەس جىمجىت مېڭىشتى، بۇنىڭدىن ھەر ئىككىسى ھۇزۇرلىنىۋاتقاندەك قىلاتتى. گۈزەلنۇرنىڭ يىگىتنى تېخىمۇ چىڭ قولتۇقلىشى ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى مەنىۋى راھىتىنىڭ يىگىتنىڭكىدىن ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ تۇراتتى.

— نەچچە كۈندىن مېنى كۈتتىڭىزمۇ؟ — دېدى جىمىلىقنى بۇزۇپ گۈزەلنۇر.

— بۇنىڭغا سىزنى گۇمانلىنىدۇ دەپ ئويلىمايمەن گۈزەل، خۇدا ئاتا قىلغان بەختكە پەرۋاسىز قارايدىغان قاغىش تەگكەن بەندە مەن ئەمەس.

— ئالىم، سىز سۆزگە نېمىدېگەن ئۇستا، شائىر ياكى يازغۇچىمۇ - يە سىز، مەن شۇنداق ئويلاپ قالدىم.

— مەن سىزگە دېدىمغۇ، سودا بىلەن شۇغۇللىنىمەن، لېكىن مېلىمنى كىم ئالاركىن دەپ خەقنىڭ كۆزىگە، مېڭىشىغا قاراپ ئولتۇرىدىغانلاردىن ئەمەس، — گۈزەلنۇر ئالىمنىڭ سۆزلىرى بىلەن بولۇپ كېتىپ، چىرايلىق بېزەلگەن چاققانغىنا بىر قەھۋەخانىغا كىرىپ قالغىنىنى سەزمەي قالدى. رەڭگارەڭ چىراغلار غۇۋا يورۇتقان مۇھىت بىر خىل لىرىكىلىق تۈسكە كىرگەنىدى. ئۇلار يۇمشاق كىرېسلودا ئۇدۇلمۇئۇدۇل ئولتۇرۇشتى. ئالىم تاتلىق يېمەكلىك، ئىچىملىك كەلتۈردى، كۆتكۈچىنى باشقا لازىم نەرسىلەر بولسا، چاقىرىمىز دەپ چىقىرىۋەتتى. بىر پەس ھەر ئىككىسى سۆز قىلمىدى، بىر - بىرىنىڭ كۆزلىرىگە قارىشىپ، تەبەسسۇم قىلىشىپ ئولتۇردى.

— قېنى، ئالدىمىزدىكىلەردىن ئالغاچ ئولتۇرايلى، كۆرگىلى ئەمەس، بەلكى يېگىلى ئەكەلدۇق بۇلارنى، — دېدى ئالىم گۈزەلنۇرغا ئىشارە قىلىپ. ئۇلار ئالدىدىكى يېمەكلىكلەرنى

يېيىشىپ، ئىچىملىكلەرنى ئىچىشىپ ئولتۇرۇپ، ئاستا ـ ئاستا مۇڭدىشىپ كەتتى. دەسلەپتە سۆزلىرى تازا قولۇشۇپ كەتمىگەن بولسىمۇ، تېزلا كونا تونۇشلاردەك بولۇپ كەتتى. بولۇپمۇ ئالىم ئۆزىنىڭ قەلبىدىكى ھېسسىياتلىرىنى، شېرىن ئارزۇلىرىنى تارتىنماستىنلا تۆكۈۋەتتى. گۈزەلنۇر دەسلەپتە ئازراق قىزارغان بولسىمۇ، تېزلا ئۇنىڭ ئاياللىق تەبىئىتىگە خاس سېغىنىش، ئىنتىلىش، تەلپۈنۈشلىرى ھەممىنى بېسىپ چۈشتى، يىگىتنىڭ سۆزلىرىگە ئىللىق تەبەسسۇم، جىلۋىلىك ناز، سېھىرلىك قىيا بېقىشلار بىلەن جاۋاب قايتۇرۇپ ئولتۇردى. ئالىمنىڭ ھاياجانلىق ھال ئېيتىشلىرى، قەلبىدىكى تاقەتسىزلىك ھالەتلىرىنى بىچارىلەرچە تۆكۈۋېتىشى گۈزەلنۇرنىڭ كۆڭلىنى قامال قىلدى، خەيرخاھلىق تۇيغۇسىنى ئويغاتتى. بولۇپمۇ ئالىمنىڭ «بىر قېتىم كۆرۈۋالسام، ھېچبولمىغاندا قارىغىنىڭنى كۆرۈۋالسامىمۇ كۆڭلۈم خۇشاللىققا تولۇپ، قانائەتلىنىپ يۈردۈم، سىز بىلەن مۇشۇنداق ئولتۇرۇش، مەن ئۈچۈن چەكسىز بەخت» دېگەن سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندا گۈزەلنۇرنىڭ كۆڭلى ئېرىپ كەتتى. ئىختىيارسىز يىگىتنىڭ ئۈستەل ئۈستىدىكى قوللىرىنى مېھرى بىلەن سىلىدى، ئالىم ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇ تەرەپكە ئۆتتى، گۈزەلنۇر ئەركىلىك بىلەن ئۇنىڭغا ئۆزىنى تاپشۇردى.

## 3

گۈزەلنۇر بۈگۈن زادى خاتىرجەم بولالمىدى. كۆڭلىنى تىنچلاندۇرۇش ئۈچۈن شۇنچە كۈچەپ باققان بولسىمۇ، مېڭىسىدىكى قارىمۇقارشى ئوي ـ خىياللارنى سۈرۈپ چىقىرالمىدى. شۇڭا ئۇ ئەتىگەندىن بېرى ئويچان، پەرىشان يۈردى، قولى ئىشقا بارمىدى، باشقىلار بىلەن سۆزلەشكۈسى كەلمىدى. گۇناھلىق ئىش قىلىپ قويغاندەك، كىملەردۇر ئۇنى مازاق قىلىپ، قارىلاۋاتقاندەك بىلىنىپ ئەركىن ـ ئازادە

بولالمىدى. بىر كىچىنى كىم بىلەن ئۆتكۈزگەنلىكىنى ئويلىسا يۈرىكى قىسىلىپ، نەپەسلىرى بوغۇلاتتى، يۈزلىرى قىزىراتتى. ئەتراپتىكىلەرنىڭ قاراشلىرىدا قانداقتۇر بىر مەنە باردەك بىلىنىپ، خۇدۇكسىنىپ، تەمتىرەپ بىر كۈننى ئۆتكۈزدى.

گۈزەلنۇر كەچقۇرۇنلۇقى ئۆيدە چاي ئىچىپ ئولتۇرۇپ، يەنە يالغۇزلۇق ھېس قىلدى، كۆڭلى باشقىچىلا بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ خىياللىرى ئىختىيارسىز ئالىم بىلەن خۇشال ئۆتكەن دەملەرگە كەتتى. ئۇ بىردىنلا يېنىكلىشىپ قالدى، ھەتتا سۆيۈنگەندەك بولدى، غېرىبلىق تۇيغۇسى پەسەيدى. بىردىنلا ئۆتكەن كېچىدىكى ئىش ھېچنېمە ئەمەستەك بىلىنىپ خاتىرجەم بولۇپ قالدى، چاي ئىچكۈسى كەلدى. گۈزەلنۇر ئالىمنى ياخشى كۆرۈپ قالمىغان بولسىمۇ، ھەر ھالدا ئۇنىڭغا كۆڭلىنىڭ بىر قىسمىنى بەرگەن، يالغۇزلۇق ئازابلىرىنى ئۇنتۇشقا، سېغىنىشلىرىنى بېسىشقا كۆڭلى تارتىپ قالغانىدى. كامىلنىڭ ياستۇقىغا يات بىر ئەرنىڭ باش قويۇشىغا رازى بولۇش گۈزەلنۇرغا گۇناھلىق، كەچۈرگىلى بولمايدىغان گۇناھلىق ئىش بولسىمۇ، ئەمما ئۇنى ۋەھىمىگە سالغان سايە بىردىنلا ئۆز ھەيۋىسىنى يوقىتىپ، ئەرزىمەس بىر نەرسىگە ئايلىنىپ قالدى. «ئادەم يالغۇزلۇق ئازابىدىن قۇتۇلۇپ، خۇشال ـ خۇرام يۈرسە نېمە بوپتۇ، ئۆزىدىن قانچە يۈز كىلومېتىر يىراقتا، ئۆز ئىشى بىلەن بەند بولۇپ يۈرگەن ئادەمدىن نېمە كۈتمەك كېرەك. خىيال، پەقەت خىيال، خىيال كىشىنىڭ كۆڭلىنى قاندۇرالمىسا، تەلپۈنۈشلەرگە تەسەللى بولالمىسا، سەن زارىقىپ كۈتۈۋاتقان، تەشنا بولۇۋاتقان نەرسىنى بېرەلمىسە، نەلەردىكى بۇلاقلاردىن سۇ تەمە قىلغان بىلەن ئۇسسۇزلۇق قانمايدۇ ـ دە، چاڭقاپ ئۆلۈش كېرەكمۇ؟» بۇ خىياللار گۈزەلنۇرغا غەيرەت، جاسارەت بەخش قىلدى. ئۇ ئۆزىگە تەسەللى بولىدىغان ئوي ـ خىياللارنى ئانچە كۆپ ئەيلا كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى. شۇنچىلىك يىراق يەردىكى ئادەمدىن بۇنچىلىك ئېھتىيات قىلىش ئەقىلسىزلىك، مەن ئۇنىڭ قولى ئەمەس، ئۆز

ئەركىم ئۆز قولۇمدا تۇرسا، بۇنچىلىك قىلىپ كېتىشىنىڭ نېمە ھاجىتى، دېگەن يەكۇننى چىقىرىپ، پۈتۈنلەي خاتىرجەم بولدى، تۇرمۇشىنى خالىغىنىدەك ئۆتكۈزۈشكە بەل باغلىدى.

ماڭغان ئىكەنسەن ئىز قالىدۇ، سۆزلىگەن ئىكەنسەن ئاۋاز چىقىدۇ. ئىنسانلار ئالىمى شۇنچە مۇرەككەپ، بۇنىڭدىكى ئىشلار تۈمەن مىڭ خىل بولسىمۇ، يەنىلا ئۇلارنى ئادەملەر بىلەلەيدۇ، ھەرقانچە ئۇستىلىق بىلەن قىلىنغان خۇپىيانە ئىشلارمۇ كىشىلەرنىڭ نەزەرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. شەھەردە ئادەملەر مىغىلداپ يۈرىدۇ، ھېچكىم بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى يوق. ھەتتا قوشنا قورۇدا ئولتۇرىدىغان كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسى بىر - بىرىنى تونۇماي ئۆتۈپ - يىگىرمە يىللارنى ئۆتكۈزۈۋېتىدۇ. بۇنداق يەردە بىرەر ئىشنى قىلىشتا، بىرەرسى كۆرۈپ قالمىسۇن، دەپ ئېھتىيات قىلىپ كېتىشنىڭ ھاجىتى يوق بولسىمۇ، ئەر - ئايال مۇناسىۋىتىگە دائىر ئىشلار يەنىلا ئادەملەرنىڭ ئاغزىغا چىقىپ قالىدۇ. گۈزەلنۇرنىڭ كېلىشكەن بىر يىگىت بىلەن كېچە، ئاخشاملاردا كۆڭلىنى خۇش قىلىپ، قۇشتەك ئېچىلىپ - يېيىلىپ ئويناپ يۈرگىنى ھەققىدىكى گەپ - سۆزلەرمۇ ئاخىر كاملىنىڭ قۇلىقىغا يەتتى. ئۇ پۈتۈن غەيرىتىنى يىغىپ ئۆزىنى باستى، بىر قانچە كۈن ئىچىدە ھەممىنى ئويلاپ چىقتى. گۈزەلنۇر بىلەن مۇھەببەتلىشىپ يۈرگەن مەنزىرىنى ئەسلىدى، قىزنىڭ ياخشى كۆرۈشىدىن شۈبھىلەنمىدى، بۇرۇنمۇ شۈبھىلەنمىگەن. بىراق، بىر نەرسە ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى گۇماننى تېخىمۇ ئىشەنچلىك تۇسكە كىرگۈزدى. گۈزەلنۇر بەكمۇ ھسسىياتچان ئىدى، بۇنى توي قىلغاندىن كېيىنكى جىنسىي ھۇزۇرغا ئامراقلىقى بىلەن قوشقاندا گۈزەلنۇرنىڭ جىسمانىي تەلپۈنۈشى ئادەتتىكى قىزلارنىڭكىدىن ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولاتتى. شامال چىقمىسا دەرەخ لىڭشىمايدۇ، ئۇ گەپ - سۆزلەرنىڭ ئاساسى يوق دەپ پەرۋاسىز قاراشقا كاملىنىڭ ۋىجدانى يول قويمىدى، لېكىن بۇنى قانداق

قىلىپ ئايدىڭلاشتۇرىدۇ. ئەرلىك غۇرۇرى ئازار يېگەن كامىلنىڭ بېشى قاتتى، خىياللىرى كۆپەيدى، قاپىقى باشقىدىن تۈرۈلدى. گۇمان ئىمانىنى قاچۇرىدۇ دېگەندەك، گۈزەلنۇرنىڭ نازلىق ئەركىلەشلىرى ئۇنىڭغا سۇنئىيدەك بىلىنىپ، خۇشلۇق بەخش قىلماي، غەشلىك بېرىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ خوتۇنىغا بولغان قىزغىنلىقى پەسىيىپ قالغاندەك ئىدى. تالادا ئېقىپ يۈرگەن گەپ ـ سۆزلەر، ئېغىر خىيال يۈكى ئۇنى باستى، قەددىنى سەل ئەگدى.

ئەكسىچە، گۈزەلنۇر كامىلغا بۇرۇنقىدىنمۇ قىزغىن مۇئامىلە قىلىدىغان، خۇدىنى يوقاتقاندەك ئەركىلەيدىغان بولۇپ كەتتى. بۇ ھال كامىلنى تېخىمۇ ئازابلىدى، گۈزەلنۇر شۇ ھەرىكەتلىرى، قىزغىن سۆيۈشلىرى، چىڭ قۇچاقلاشلىرى، شېرىن سۆزلىرى ئارقىلىق بىرەر نەرسىنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇش، كامىلنىڭ نەزىرىنى بىرەر نەرسىدىن توسۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىۋاتقاندەك بىلىندى. ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرى ئىچىگە تەشۋىش، ئەندىشە يوشۇرۇنغانمۇ ـ نېمە؟ دېگەن ئوي، كامىلنىڭ تېنىنى تىكەنلەشتۈرۈۋەتتى. كامىل ئۈچۈن ئازابلىق بولغان كۈنلەر ئۆتكەنسېرى ئۇنىڭ ئۈچۈن ئېنىق بولمىغان، تۇمان ئىچىدىكى ئىشلار ئايدىڭلىشىشقا باشلىدى. ئىككى قېتىم گۈزەلنۇرنىڭ كېلىشكەن بىر يىگىت بىلەن جىددىيلىك ۋە تەمتىرەش ئىچىدە سۆزلىشىپ تۇرغىنىنى كۆرۈپ قالدى، يەنە يىگىتنىڭ سەنئەت ئۆمىكىگە نەچچە قېتىم گۈزەلنۇرنى ئىزدەپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئۇزاق مۇڭداشقىنىدىن خەۋەر تاپتى. مەقسەتلىك كەينىگە چۈشۈپ يۈرۈپ، يەنە شۇ يىگىت بىلەن بىرگە تۇرۇپ ئالاقزەدىلىك ئىچىدە سۆزلىشىۋاتقىنىنى سۈرەتكە ئېلىۋالدى.

بىر شەنبە كۈنى كامىلنىڭ يىغانى ئۆرلىدى، مۇنداق ئازاب ئىچىدە ياشاشتىن تويدى. ئۇ ئىشتىن چۈشۈپ، ئۆيىگە كىرمەستىن كوچىغا چىقتى، بىر مەيخانىغا كىرىپ زاكۇسكا كەلتۈرۈپ ھاراق ئىچتى، ئۇ ئالدىرىمىدى، پۈتۈن خىياللىرىنى

تۇگەتكۇچە ئولتۇردى. ھاراقنىمۇ بولۇشىغا ئىچىپ، شىر كەيىپ بولدى. كامىل ھاراقنى ھەرقانچە ئىچسىمۇ پىكىر قىلىشى نورمال تۇراتتى. كېچە سائەت ئوندىن ئاشقاندا بىر ـ بىر دەسسەپ مەيخانىدىن چىقتى ـ دە، ئۆيىگە قاراپ ماڭدى. ئۇ ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى تېپىپ ئاچتى ۋە دەلدەڭشىپ ئۆيىگە كىردى. ئېرىنى كۇتۇپ ھارغان، خورلۇقى تۇتقان گۇزەلنۇر ئۇ ئۆيگە كىرىپ كەلگەندىمۇ ئېرىغا قارىمىدى. قېيداپ تەتۇر قارىۋالدى.

— قانداق خانىم، ئۆيدە زېرىكىپ قالماي خۇشۇاق تۇرغانسىز؟ — دېدى ئۇ مەسخىرە تەلەپپۇزىدا. ئېرىدىن مۇنداق سۆزلەرنى ئاڭلاپ باقمىغان گۇزەلنۇرنىڭ يۈرىكى جىغ قىلىپ قالدى، ئۇ كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا كامىلغا قارىدى. ئۇنىڭ ئورنىدا تازا راۋرۇس تۇرالمايۋاتقىنىنى كۆرۈپ، تولۇق قارىدى ـ دە، ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. كامىلنىڭ مەستلىكىنى بىلدى، كامىلنىڭ كۆزلىرى يېنىپ تۇراتتى، چىشلىرى غۇچۇرلايتتى، ئەلپازى باشقىچە ئىدى. گۇزەلنۇر كامىلنى بۇنداق ھالدا كۆرۈپ باقمىغان. ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئەندىشە چۈشتى، سۈر باستى، لېكىن ئارتىسلىق ھۇنىرىنى ئىشقا سېلىپ، ئۆزىنى تۇتۇپ:

— نېمە بولدىڭىز، ئۇزاق كۆرۈشمىگەن يېقىن دوستلىرىڭىزغا ئۇچراپ قېلىپ، خۇشاللىقتا جىقراق ئىچىۋاپسىزمۇ نېمە؟ — دېدى يېقىملىق تەلەپپۇزدا. ئۇ تەبەسسۇم قىلىپ كامىلغا يېقىنلاپ كەلدى.

— تاپتىڭىز، يېڭى دوستلاردىن يەنىلا كونا دوستلار ياخشى بولىدىكەن، ئېيتىپ بېقىڭا، سىز قايسىسىغا كىرىسىز؟

— نېمىلەرنى دەپ يۈرىسىز؟ ئولتۇرۇڭ! — ئۇ كامىلنى تۇتماقچى بولۇپ قولىنى ئۇزاتتى.

— تۇتماڭ، ئۆزۈم بىرىپ ئولتۇرالايمەن، ئۆزۈم خالىغان ئىشنى قىلالايمەن! — ئۇ دەلدەڭشىپ بېرىپ كىرىسلوغا ئۆزىنى تاشلىدى. گۇزەلنۇرمۇ ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇردى. كامىل گۇزەلنۇرنىڭ كۆزىگە بىر پەس تىكىلدى، بەرداشلىق بېرەلمىگەن گۇزەلنۇر ئاخىر كۆزىنى ئېلىپ قاچتى.

— نېمە بولدىڭىز، بۈگۈن باشقىچىلىغۇ سىز؟ قاراشلىرىڭىزمۇ بۆلەكچىلا، — دېدى گۈزەلنۇر. نېمىشقىدۇر يۈرىكى ئەنسىز سىلىپ تۇراتتى، ۋەھىمە سېزىمى ھەيۋە قىلاتتى. بىر پالاكەتنى ئۇنىڭ يۈرىكى تۇيدى.

— بىر نەرسە ئىزدەۋاتىمەن، ئۇنى بۈگۈن مۇشۇ ئۆيدىن تاپىمەن، مەن ئىزدەۋاتقىلى خېلى ۋاقىت بولدى، كۆپ ئىزدىدىم، ئاۋارە بولدۇم، ئازابلاندىم، ئەمدى مۇنداق ياشاۋېرىش جېنىمغا تەگدى، يۈرىكىمگە پاتتى. ئۇنى چوقۇم تاپىمەن، ئۇقتىڭىزمۇ؟ — يۈرىكى بىر دەھشەتلىك ئىشنى سەزگەن گۈزەلنۇر ياسىما ھەيرانلىق بىلەن:

— سىزنى شۇنچىلىك ئازابلىغان بۇ ئۆيدىكى نېمىدۇ؟ مەن ئەجەب سەزمەپتىمەنغۇ، شۇنىڭغا قارىغاندا مەن ئەقىلسىز ئوخشايمەن. سىز ...

— ياق ... ياق ... سىز بەك ئەقىللىك، چېچەن، يىلاننىڭ كۆشگىنىنىمۇ سېزىۋالىسىز، ئىشنى بەكمۇ پۇختا، ئەپچىل قىلىسىز، سىز سەھنىدىمۇ ئارتىس، ئۆيدىمۇ ئارتىس. ئارتىس دېگەن نېمە بولىمەن دېسە شۇ بولالايدۇ. بىردە ئالىيجاناب، ۋىجدانلىق، كىشىلەرنىڭ زوقىنى كەلتۈرىدىغان رولنى ئېلىپ چىقسا، بىردە ھىيلىگەر، ساداقەتسىز، ۋاپاسىزلارنىڭ رولىنى ئېلىپ چىقالايدۇ. ئۇلار ئۈچۈن دۇنيادا ھەقىقىي، چىن نەرسە يوق، ھەممە نېمە ئۇلار ئۈچۈن ئويۇنچۇق، مەن سىز ئۈچۈن ئويۇنچۇق، بۇنى ئىنكار قىلالامسىز؟ — دېدى ئازاب ۋە غەزەپ بىلەن.

— سىزنىڭ ماڭا پىكرىڭىز بار ئوخشايدۇ، بۈگۈن جىق ئىچىپ مەست بولۇپ قاپسىز، سىزنى ياتقۇزۇپ قوياي، ئەتە سۆزلىشەيلى.

— ياق، مەن هاراق ئىچمىدىم، زەھەر ئىچتىم، بىراق ئۆلمەيمەن، خۇدۇمنى بىلىمەن، مېنىڭ سەگەك، بۈگۈن تاڭ ئاتقۇچىلىك ئىزدىگەن نەرسەمنى تېپىپ، ئازابلىرىمنى ئۇنىڭ

بىلەن بىرگە دەپنە قىلىۋېتىمەن، ئۇ سىزدە، سىزدىن تاپىمەن. ھېلى ماڭا پىكرىڭىز بار ئوخشايدۇ دېدىڭىزما؟ مەن ھېچنېمە دېمىسەم بولاتتىما؟ مەن ئوغۇل بالا، يىگىت مەن، مېنىڭ ئۆزۈمگە تۇشلۇق غۇرۇرۇم بار، مېنىڭ ياستۇقىمغا باشقا بىر ئەرنىڭ باش قويغىنىغا ئېغىز ئاچماي يۈرسەم بولاتتىما؟ ياق ... ياق بۇنىڭغا ئەمدى تەخىر قىلىشقا بولمايدۇ گۈزەلنۇر!

— سىز... سىز نېمە دەۋاتىسىز؟ مەن شۇنداق ۋىجدانسىزما؟ مېنى ھاقارەت قىلىۋاتىسىز ... — ئۇ سۆزىنىڭ ئاخىرىنى يىغىغا ئايلاندۇرۇپ، ھۆكرەپ يىغلىدى. ئۇ يىغلاپ تۇرۇپ ئۆزىنى ئاقلىدى، سادىقلىقى ھەققىدە قەسەم قىلدى.

ئەر – خوتۇن ئوتتۇرىسىدا خېلى تالاش ـ تارتىش بولۇپ، ئاخىر جاڭجالغا ئايلاندى. ئۇلار بىر ـ بىرىگە بوش كەلمەي، ئۆز دېگەنلىرىدە تۇردى. گۈزەلنۇر ئۆزىنى كۈچەپ ئاقلىدى، ھەتتا كامىلنى گۇمانخور، ئارتىس بولغىنىم ئۈچۈن كۈنلەپ شۇنداق دەۋاتىسىز، دېگەنلەردىن تارتىپ، ئارتىس دېگەننىڭ ئېتى ئوتلۇق، ئۇلار ئۇستىدە ھەرقىسما سۆز ـ چۆچەكلەر توقىلىدۇ، دەپ يىغلىدى. كامىلنىڭ گۈزەلنۇرغا نىسبەتەن تۇنجى قېتىم قاتتىق غەزىپى ئۆرلىدى ـ دە، ئورنىدىن تۇرۇپ، ئايالىغا بىر پەس مىختەك تىكىلدى. كاستۇمىنىڭ ئىچ يانچۇقىغا قولىنى سېلىپ، بىر پارچە سۈرەتنى چىقاردى، گۈزەلنۇرنىڭ ئالدىغا تاشلاپ، كۆرسىتىپ تۇرۇپ قاتتىق ۋارقىرىدى:

— بۇ كىم؟ يېنىڭىزدا سۆزلىشىپ تۇرغان ئەبلەخ كىم؟ — گۈزەلنۇرنىڭ يىغىسى بىردىنلا توختىدى. كۆزى سۈرەتكە تىكىلىپ، چىرايى تاتىرىپ كەتتى، كۆزلىرى چەكچەيدى، لەۋلىرى كۆكەردى.

— بۇ بىزنىڭ ئۆمەكتىكى بىر كىشى، سىز مۇشۇنىڭ ئۈچۈن مېنى شۇنداق قارىلاپ كەتتىڭىزمۇ؟ ...

— ۋۇي يۈزسىز، سەممىيەتسىز ... يەنە دەۋاتقان گېپىنى،

سەن مۇشۇ ئۆيدە ... هەي ... هەي ... — دېدى ئۇ. كەينىگە ئۆرۈلۈپ گۈزەلنۇرنىڭ گىرىم ئەينىكى ئالدىغا بېرىپ، تارتمىدىن كىچىك قۇتىنى ئېلىپ ئاچتى، ئۇنىڭدىن بىر تال ئالتۇن ئۈزۈكنى ئېلىپ، — بۇنى نەدىن ئالدىڭ؟ — دېدى غەزەپ بىلەن.
ئورنىدىن ئاران تۇرغان گۈزەلنۇر ئالدىغا ئارانلا ئىككى چامدىيالىدى، پەس ئاۋازدا:
— سېتىۋالغان، — دېدى بېشىنى تۆۋەن سېلىپ.
— هە، ئارقىدىكى ئالىم دېگەن ئىسمىنى ئوبدان ئوقۇ، ئەمدى مۇشۇ سۈرەتتىكى ئاشىقىڭنى تاپ، ساڭا رۇخسەت! — دېدى كامىل ۋە بۇ ئۆيدىن چىقىپ يېنىدىكى ئۆيگە كىرىپ، ئىشىكنى ئىچىدىن تاقىدى، گۈزەلنۇر ئالقانلىرى بىلەن يۈزىنى تۇتقىنىچە پەسكە سىرىلىپ قالدى.

# ئون يەتتىنچى باب

## 1

گۈزەلنۇر ئۈچ يىلدىن بېرى كامىلدىن ئايرىلىپ قالغىنىغا تەن بېرىشنى خالىماي ياشىدى. ئۇنىڭ بەختىگە قايتا ئېرىشىش ئۈمىدى كۆل ئارىسىدىكى ئاخىرقى چوغدەك پىلىلداپ قالغان بولسىمۇ، ئۈمىدىنى ئۈزمىدى. ئىشەنچىسىدىن پۈتۈنلەي قالمىدى. بۇ كامىلنى بەك ياخشى كۆرگىنىدىن ئەمەس، ئۇنىڭدەك نام ـ ئاتىقى بار، بىلىملىك، ئىستىقباللىق بىر ئەرنى قولدىن چىقىرىپ قويۇشنى خالىمىغانلىقىدىن ئىدى.

ئالىم بىلەن تونۇشۇپ، ھەۋىسىنى قاندۇرۇپ يۈرگەندىلا ئۇنىڭ كۆڭلى بۆلۈنگەنلىكىدە شۈبھە يوق ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭ كۆڭلىدە پۇشايمان قىلىش ھېسسىياتى ئويغانمىدى، كامىلدىن ئايرىلىپ قېلىشىدىكى سەۋەبىنى ئۇنىڭغا ئارتىپ، ئالىمنى ئەيىبلىمەك ھېسابلىمىدى، ئەكسىچە ئاشۇ كۈنلەر ۋە ئالىم ھەققىدە گۈزەلنۇرنىڭ كۆڭلىدە ئۇنتۇيالمىغۇدەك شېرىن خاتىرىلەر قالدى. ئۇلارنى ئەسلەش ئۇنىڭغا بىر خىل مەنىۋى ھوزۇر، روھىي شادلىق بەخش قىلىپ، ئۇنىڭغا يالغۇزلۇق ئازابلىرىنى ۋاقىتلىق ئۇنتۇلدۇردى. بىراق ئالىم گۈزەلنۇر تۇل قالغان بىرقانچە يىل ئىچىدە ئۇنى بىرەر قېتىممۇ ئىزدىمىدى. گۈزەلنۇر شۇنچە كۈتكەن، تەمە قىلغان بولسىمۇ، ئۇنى بىرەر قېتىممۇ ئۇچراتمىدى. ئۇ خۇددى بۇ دۇنيادىن غايىب بولغاندەك يوقاپ كەتتى. گۈزەلنۇر ئالىمنى پات ـ پات ئەسلەپ قالاتتى، ئۇنىڭ بىلەن خۇشال بىللە بولغان چاغلارنى سېغىنىش بىلەن ئەسكە

ئالاتتى.

گۈزەلنۇر كامىلنى سىرتتىن كۆزىتىشنى، ئۇنىڭ ئىشلىرىدىن خەۋەر تېپىپ تۇرۇشنى ئۈزۈپ قويمىدى. ئۇ ئامال قىلىپ، ئەھۋالنى بىلىپ تۇردى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ قىزلار بىلەن باردى ـ كەلدىسىنى، بىرسى بىلەن يېقىنلىشىپ يۈرگەن ـ يۈرمىگەنلىكىنى بىلىشكە ئالاھىدە قىزىقاتتى. كامىلنىڭ ئۇزاق ۋاقىت قىزلارغا ئارىلاشماي يۈرىشى گۈزەلنۇرنى خىلمۇ خىل خىياللارغا سالدى. «كامىل يىگىتلىك غۇرۇرى بىلەن ھېسسىياتقا بېرىلىپ، ئائىلىنى بۇزۇپ مېنى ئۆيدىن چىقارغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ كۆڭۈل رىشتىسى ئۈزۈلمىدى، قىلىپ قويغىنىغا پۇشايمان قىلدى. ئۆزى قىلىپ قويغان ئىشنى ئۆزى ئەسلىگە كەلتۈرەلمەي ئازاب ئىچىدە ياشاۋاتىدۇ، كامىلنىڭ ھېلىھەم بويتاق يۈرۈشىنىڭ مەنىسى پۇشايماندىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئۇنىڭ ۋاقىت ئۆتۈپ ئىش كونىرىغاندا قايتا ئەپلىشىپ قېلىش ئويى بار، شەھەردە قىز ئازمۇ؟ ئۇ خالىغان بىرسىنى نىمىشقا ياقتۇرۇپ قالمايدىكەن، ئۇ مېنىڭدىن ئۈمىدىنى ئۈزگەن بولسا، بىرسىنى تېپىپ ئاللىقاچان توي قىلىۋالماسمىدى؟» بۇلار گۈزەلنۇرنىڭ بىرقانچە يىلنى تەمە بىلەن كۈتۈپ ئۆتكۈزۈشىنىڭ ئاساسلىرى ئىدى. لېكىن كامىل بىلەن رىزۋانگۈلنىڭ مۇھەببەتلىشىپ يۈرگەنلىكى ھەققىدىكى خەۋەر گۈزەلنۇرنىڭ ئۇ ئاساسلىرىنى قومۇرۇۋەتتى، ئۇنىڭ ئىچىگە ۋەھىمە تېشى بولۇپ تاشلىنىپ، باشقىچىلا بىر ئادەمگە ئايلاندۇرۇپ قويدى. «شۇنداق قىلىپ مېنىڭدىن ئايرىلغىنى ئايرىلغانمۇ؟ راستلا كامىل ئەمدى مېنىڭ بولماي، باشقا بىرسىگە تەۋە بولۇپ كېتەمدۇ؟ مەن تۇتقان ئۆي، مەن ياشىغان ئاشۇ ئائىلە، مەن بېشىمنى قويغان ياستۇققا ئەمدى باشقا بىرسى باش قويامدۇ؟! ...» بۇ خىياللار گۈزەلنۇرنىڭ يۈرىكىنى قۇرتتەك غاجاپ ئۇنى ئارامىغا قويمىدى ... «كامىل سەن مېنى شۇنداقمۇ خورلامسەن؟ مەن ساڭا قىزلىقىمنى تەقدىم قىلغان، سېنى دەپ

يالغۇزلۇق ئازابلىرىنى سىغىنىش، ئەسلەش بىلەن يەڭگەن چاغلىرىمۇ بار ئىدىغۇ ... ! »ئۇنىڭ چىشلىرى كىرىشىپ، كۆز چاناقلىرى ياشقا تولدى. غەزەپ، نەپرەت، رەنجىش، نادامەت ئارىلاشقان ھېسسىياتلاردا ئۆرتەندى، كىچىكلىرى كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمىدى، تولغىنىپ ياتالمىدى، ھەسرەتلىك تىنىپ نالە قىلدى، ئۇنىڭ كامىلغا بولغان تەمەسى ئەمدى ئۆچمەنلىككە ئايلىنىپ ئوغىسى قاينىدى. ئۆچ ئېلىش، ئىچ پۇشقىنى چىقىرىش، قورسىقىنى بوشىتىۋېلىش ئويىغا كەلدى ـ دە، ئاۋۋال ئىشنى قىزدىن باشلاشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، رىزۋانگۈلنى سىرتتىن ئوبدان تونۇۋېلىپ، بىرىنچى ھۇجۇمنى ئۇنىڭغا باشلىغانىدى.

گۈزەلنۇر رىزۋانگۈل بىلەن بىرىنچى قېتىم ئۇچرىشىپ كەلگەندىن كېيىن بىر تەرەپتىن مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئۈمىدلەنگەن بولسىمۇ، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆز رەقىبىنىڭ ئاسان تەسلىم بولمايدىغانلىقىدىن ئەنسىرەپمۇ قالدى. رىزۋانگۈلنىڭ دەسلەپتە ھودۇققانلىقى، تەمتىرەپ قېلىپ نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي گەپ ـ سۆز قىلماي تۇرۇپ قالغانلىقى، بىر قىزىرىپ، بىر تاتىرىپ ئارامسىزلىنىشى گۈزەلنۇرنىڭ غالىب كېلىش ئىشەنچىسىنى ئۇرغۇتقان، شۇڭا ئۇ ھېچ تەمتىرىمەي دېمەكچى بولغان سۆزلىرىنىڭ تەلەپپۇزىنى، قاش ـ كۆزلىرىنىڭ ھەرىكەتلىرىنى، پۈتۈن قىياپىتىنى غەلىبە قىلغۇچىلارنىڭكىگە ئوخشىتىۋالغانىدى. دېمىسىمۇ بۇ قېتىم گۈزەلنۇر ئۈستۈن كەلگەنىدى. نېمىلا بولسۇن ئۇ رىزۋانگۈلدىن چوڭ، بۇنداق ئىشلاردا تەجرىبىلىك، بۇنىڭغا ئۇنىڭ ئارتىسلىق كەسپى قوشۇلسا، يېڭىلا مەكتەپتىن چىققان، تۇرمۇش تەجرىبىسى كەم قىزنى تەمتىرەتمەي قوياتتىمۇ ...

رىزۋانگۈلنىڭ دەسلەپكى تەمتىرەش، ھودۇقۇش كەيپىياتىنى ئۇنىڭ ساپ مۇھەببىتى، كامىلغا بولغان ئىشەنچ ـ ئېتىقادى يەڭگەن، شۇڭا ئۇزاق ئۆتمەي، ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالغان، ئوڭشىۋالغانىدى. ئۇ ئۆزىنى چىڭ تۇتۇپ رەقىبىنىڭ سۆزلىرىنى

سەۋرچانلىق بىلەن ئاڭلاپ، ئۇنىڭ مۇددىئاسىنى بىلىشكە تىرىشتى، شۇڭا رىزۋانگۈل كۆڭلىدىكى سۆزلىرىنى ئوچۇق ـ ئاشكارا ئېيتىپ گۈزەلنۇرغا دەلمۇدەل تاقابىل تۇرۇشتىن ئۆزىنى تارتتى. يەنە بىر تەرەپتىن چوكاننىڭ ھەسرەتلىرى، كۆز ياشلىرىمۇ تەسىر قىلماي قالمىدى. ياش بىر ئايال قولدىن كەتكۈزۈپ قويغان بەختى ئۈچۈن نالە ـ پەرياد قىلىپ ياش تۆكۈۋاتسا، ئۇنى ئاڭلىغان رىزۋانگۈلنىڭ كۆڭلى بۇزۇلماسلىقى، ھېسداشلىق تۇيغۇسىنىڭ ئويغانماسلىقى مۇمكىن ئەمەس ـ تە. لېكىن قىز ئۆز بەختىدىن، ئۆز مۇھەببىتىدىن ۋاز كېچىشنىمۇ خالىمايتتى. ئۇ ئۆمۈرلۈك بەختسىز تۇرمۇش كەچۈرۈشكە رازى بولۇشنى راۋا كۆرمىدى. گۈزەلنۇر شۇ چاغدا قىزنىڭ روھىدىكى قارىمۇقارشىلىقلارنى پەرەز قىلدى، ئۇنىڭ تېگىگە يەتتى. شۇڭا ئۇ بىردەم قەتئىي ئىرادىسىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەرنى قىلغان بولسا، بىردەم ھال ئېيتىپ، ھەسرەتلىنىپ رىزۋانگۈلگە روھىي ئېرىتكۈچ دورا بەرسە، بىردەم ئۆتۈنۈش، يېلىنىش مەنىسىدىكى سۆزلەرنى قىلىپ، قىزنىڭ روھىنى پارچىلىماقچى بولغانىدى.

بۈگۈن شەنبە، ئۇلارنىڭ ئۇچراشقىنىغا توپتوغرا توققۇز كۈن بولدى. گۈزەلنۇر كۆڭلىگە پۈككىنى بويىچە ئىشتىن بالدۇر چۈشۈپ، ياتىقىدا بىر سائەتكە يېقىن ئەينەك ئالدىدا تۇرۇپ، ئۆزىنى ياسىدى. چاچلىرىنى يېڭى مودىدا تۈزەشتۈردى، يۈز ـ كۆزلىرىگە ھەشەم قىلدى، ئەڭ ئېسىل كىيىملىرىنى كىيدى. ئەپچىل سومكىسىنى ئېسىپ ياتىقىدىن چىقتى. ئۇ رىزۋانگۈلنىڭ ياتىقىغا بېسىپ كىرىپ، ئۇنىڭغا ئىككىنچى قېتىملىق ھۇجۇمنى باشلىماقچى. ئۇ بىرقانچە كۈندىن بېرى دەيدىغان سۆزلىرىنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپ مۇقىملىغان، ھەتتا قانداق ھەرىكەتلەرنى قىلىشنىمۇ بەلگىلەپ قويغانىدى.

گۈزەلنۇر بىنانىڭ پەلەمپىيىدىن يۇقىرىلىغانسېرى ئۇنىڭ يولدىكى خاتىرجەملىكى بۇزۇلۇپ، دەككە ـ دۈككىلىك ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلەشكە باشلىدى. كۆڭلىگە بىر ئەنسىزلىك

سايىسى چۈشتى. رىزاۋنگۇلنىڭ ئۈچىنچى قەۋەتتىكى ئىشىككە كەلگەندە بولسا، خېلى ھودۇقۇپ قالدى، نەپەسى قىسىلدى، تىزلىرى بوشاشتى. ئۇ پۈتۈن غەيرىتىنى يىغىپ ئىشىكنى چەكتى. كىرىشكە ئىجازەت بېرىلگەن ئاۋازنى ئاڭلىغان بولسىمۇ، ئىشىك دەرھال ئېچىلمىدى، بىر پەستىن كېيىن ئىشىك غاچ قىلىپ ئېچىلدى، ئىشىكنى گۈزەلنۇر ئاچماستىن رىزۋانگۇل ئاچقانىدى. رىزۋانگۇل كۆزلىرىنى پارقىراتقىنىچە تۇرۇپ قالدى. چىرايى سارغايدى، يۈزىنىڭ تېرىلىرى، قاپاقلىرى لىپىلداپ كەتتى.

— مېنى تازا قارشى ئالمايدىغاندەك تۇرىسىز، — دېدى گۈزەلنۇر رىزۋانگۇلگە ئىللىق تەبەسسۇمدا چىرايلىق كۆزلىرى بىلەن تىكىلىپ. كاللىسى پىكىر قىلىشتىن توختاپ قالغان قىز گەپ بىلەن ئېسىگە كەلدى ۋە:

— مەرھەمەت، كىرىڭ، — دېدى. ئۇنىڭ ئاۋازى تىترەپ چىقتى. گۈزەلنۇر خۇددى سەھنىگە ناخشا ئېيتقىلى چىققاندەك مەغرۇر مېڭىپ ئۆيگە كىردى ھەم كۆرسىتىلگەن كىرېسلوغا ئەپلىك جايلىشىپ ئولتۇردى. خېلى ھودۇقۇپ قالغان رىزۋانگۇل ئۆزىنى بېسىش ئۈچۈن ياتىقىدىكى نەرسىلەرنى رەتلىگەن بولۇپ گۈزەلنۇرغا قارىمىدى. دىت بىلەن سەرەمجانلاشتۇرۇلغان ياتاق سۈتتەك يورۇق ئىدى. ئاياللارغىلا خاس بولغان يېقىملىق پۇراق دىماقلارغا ئۇرۇلۇپ تۇراتتى. بىر پەسلىك جىمىلىقتا ياتاق تېخىمۇ لىرىكىلىق تۇسكە كىردى.

— مېنىڭ كىرىشىم سىزگە بەكمۇ تاسادىپىي تۇيۇلسا كېرەك. ھەرقانچە بولسىمۇ ياتىقىمغا بېسىپ كىرىدۇ، دەپ خىيالىڭىزغا كەلتۈرمىگەن بولغىيتتىڭىز، ئادەمنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك ئىش ئادەمنى ھەر كويلارغا سالىدىكەن، بەزىدە ئادەمنى چۆچۈتۈپ، قورقۇتۇپ جېنىنى تومشۇقىغىلا كەلتۈرۈپ قويىدىكەن. بەزىدە ئادەمنى ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان قارام باتۇرغا ئايلاندۇرۇپ قويىدىكەن. بىلىسىڭىز شۇ باتۇرلۇق روھى

مېنى ياتىقىڭىزغا ئېلىپ كىردى. ئەپۇ قىلارسىز، — رىزۋانگۈل كىرېسلودىن نېرى قويۇلغان ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇۋالغانىدى. ئۇ ياتىقىغا كىرگەن گۈزەلنۇرغا بىرىنچى قېتىم تولۇق دادىل قارىدى. ئىككى جۈپ كۆز بىر پەس مەنىلىك تىكىلىشتى. ئاخىر رىزۋانگۈل بەرداشلىق بېرەلمىدى بولغاي، ئالدى بىلەن كۆزىنى يانغا ئالدى، قەددىنى رۇسلاپ نېمىگىدۇر تەييارلاندى، بىراق، خېلى ۋاقىتقىچە ئۇنىڭ نەتىجىسى كۆرۈلمىدى.

— مەقسىتىڭىزنى تازا چۈشىنەلمىدىم، — دېدى رىزۋانگۈل ئۇزاق جىمجىتلىقتىن كېيىن، — مېنى خۇپسەنلىك قىلىۋاتىدۇ، دەپ ئويلاپ قالماڭ، پەقەت ئۇنداق ئويۇم يوق. مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم: ئۆز بەختىڭىز ئۈچۈن، ئۆز تەقدىرىڭىز ئۈچۈن ئىككىنچى بىرسىنىڭ بەختىنى ۋەيران قىلىپ، تەقدىرىنى ئۆزگەرتىشكە زورلاۋاتقىنىڭىزنى چۈشىنەلمىدىم.

— چۈشىنەلمەيۋاتىمەن دېگىنىڭىزگە ئىشەنگىلى بولمايدۇ، قىزچاق، چۈشىنىشنى خالىمايۋاتقىنىڭىز راست، رېئاللىقنى ئېتىراپ قىلىشتىن قورقۇۋاتقىنىڭىز راست. سىز مېنىڭ بەختىمگە چاڭ سالدىڭىز، تەقدىرىمگە رەھىمسىزلەرچە قول تىقتىڭىز، بۇنى ئىقرار قىلىشىڭىز كېرەك، بىلىۋاتامسىز ! ؟ ئەمدىغۇ مەقسىتىمنى چۈشەنگەنسىز؟ — بۇ سۆزلەر رىزۋانگۈلگە ھاقارەتتەك تۇيۇلغان بولسىمۇ، ئۇ ئۆزىنى پۈتۈنلەي تۇتۇۋالغانىدى. شۇڭا دېمەكچى بولغان ھەربىر ئېغىز سۆزنى ياخشى ئويلىشىپ قىلدى. سۆزلىرىنىڭ تەلەپپۇزىغا ئىشەنچ تۈيغۇسىنى بەردى.

— سىز گۈزەلنۇر، دېگەنلىرىڭىزنىڭ مەنىسىنى ئۆزىڭىز چۈشىنەمسىز؟ مۇھەببەت، ياخشى كۆرۈپ قېلىش ئۇ بىردەملىك ئىش ئەمەس. سىز ئېيتقاندەك خالىسا ئېلىۋالىدىغان، خالىمىسا تاشلاپ قويغىلى بولىدىغان نەرسىمۇ ئەمەس. شۇڭا، چاڭ سېلىش دېگەن نەرسىمۇ مەۋجۇت ئەمەس، سىزنىڭ ئۆز ۋاقتىدا ياخشى كۆرۈپ قېلىپ، ئەمدى ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالغىنىڭىز قانداق

ئىش بولسا، مېنىڭمۇ ياخشى كۆرۈشۇم، مۇھەببەت باغلىشىم ئوخشاشلا ئىش. سىزنىڭ كاملىنى ياخشى كۆرۈپ قېلىشىڭىزنى ھېچكىم سىزگە تاڭمىغىنىغا ئوخشاش، ئايرىلىپ قېلىشىڭىزغىمۇ بىرسى يول كۆرسەتمىگەن. مېنىڭ ئۇنى ياخشى كۆرۈشۇممۇ ھەرقانداق تاشقى كۈچتىن خالىي. سۆزلىرىمنىڭ مەنىسىگە قانچىلىك چۈشىنىۋاتىسىز، ماڭا ئۇ قاراڭغۇ، لېكىن سىز بۇ ھەرىكەتلىرىڭىزنىڭ بىھۇدە ئورۇنۇش ئىكەنلىكىنى چۈشىنىشىڭىز كېرەك، خانىم! — رىزۋانگۈل سۆزلىگەنسېرى قەتئىيلىشىپ كېتىۋاتاتتى، غايىبتىن كەلگەن بىر خىل جاسارەت ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا تىكلىنىۋاتاتتى، — سىز ئۆز تەقدىرىڭىز ئۈچۈن، بەختىڭىز ئۈچۈن قايغۇرۇۋاتىسىز، مەنچۇ، مەن قايغۇرماسلىقىم كېرەكمۇ! ؟ خانىم، بۇ دۇنيادا ئۆزىنى ئويلىيالىغان ئادەم باشقىلارنىمۇ ئويلىشى لازىم، ئەلۋەتتە، — كىرگەندىن بېرى ئۆزىنى شۇنچە ئازادە تۇتۇپ، رەڭگى ـ روھىدا ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمىغان گۈزەلنۇرنىڭ چىرايى ئاستا تاتىرىشقا باشلىدى، لەۋلىرىدىكى تەبەسسۇم ئۆچتى، كۆزلىرىدىكى غالىبلىق پەسىيىشكە باشلىدى، قەددى سەل پۈكۈلگەندەك بولۇپ قالدى.

— ئەلۋەتتە، رىزۋانگۈل مېنى ئويلىماي ئىش قىلىۋاتىدۇ دەپ ئويلىماسلىقىڭىز كېرەك ئىدى. كۆپ ئويلىدىم، ئۈچ يىلدىن بېرى ئويلاپ كېلىۋاتىمەن، مەن ئويلىمىغان نېمە قالدى؟ كېچىلەرنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزۈپ، كېچە ـ كېچىلەپ ئويلاپ چىقىمەن، كۆز ياشلىرىم، ئاھۇ ھەسرەتلىرىم يە خۇداغا يەتمىدى، يە كاملغا يەتمىدى، مېنىڭ ھالىمغا يېتىدىغان ئادەم چىقمىدى. بۇمىغۇ مەيلىتى، يولۇمنى توسىدىغان ئادەمنىڭ چىقىپ قالمىغىنىغا شۈكۈر قىلىپ، ئۈمىد بىلەن ياشاپ كېلىۋېدىم. كۆرۈپ تۇرۇپسىز، سىز يولۇمغا خەندەك، ئالدىمغا سېپىل بولۇپ چىقتىڭىز، مەن خۇدادىن ئۇنى تىلىمىگەنتىم، بەندىدىنمۇ ئۇنى تىلىمەيتتىم، — ئۇ سۆزلىگەنسېرى مۇڭلىنىپ كەتتى، ئاۋازىدا

كىشىنىڭ ئىچىنى ئاغرىتىدىغان بىر خىل مىسكىنلىك، چىرايىدا بولسا، بەكمۇ بىچارىلىك ئالامەتلىرى روشەن بىلىنىدى. كىرپىكلىرى شامال ئۇرۇۋاتقان شامدەك پىلدىرلىدى، ئۇششۇك تەگكەن گۈلدەك سالپايدى. بۇ گۈزەلنۇرنىڭ ئالدىن تۈزگەن پىلانىغا مۇۋاپىق كۆرسىتىدىغان ئويۇنلىرى ئىدى. ئۇ رىزۋانگۇلنىڭ روھىنى يۇمشىتىپ، كۆڭلىنى ئېرىتىپ، خەيرخاھلىقىنى قوزغاپ، كامىلدىن يىراقلاشتۇرۇپ مەقسىتىگە يەتمەكچى، ئالىدىغان ئۆچىنىڭ بىرىنچىسىدە غەلىبە قىلماقچى.

— سىڭلىم، بىز ئىككىمىز ئوخشاش جىنستىكى بىچارىلەر، ئايال خەق دېگەن ئاجىز بولىدىكەن، ئۇنىڭ قولىدىن ۋاقتى كەلگەندە قاقاھلاپ كۈلۈش، يەنە بىر ۋاقتى كەلگەندە ئاچچىق ـ ئاچچىق كۆز ياش تۆكۈشتىن باشقا نېمە كېلىدۇ. مەن ئۆز ۋاقتىدا كۈلگەن، ئەمدى ياش تۆكۈۋاتىمەن. سىڭلىم، مېنىڭ كۆز ياشلىرىم بەدىلىگە سىز ئەمدى كۈلەمسىز؟ مېنىڭ ئاھۇ ھەسرەتلىرىمگە شادلىنامسىز؟ — ئۇ بىچارىلارچە تۈگۈلدى. ئالقانلىرى بىلەن يۈزىنى ئېتىپ، ئۆكسۈشكە باشلىدى.

ئادەم ياغاچ ئەمەس ـ تە، يۈرىكىمۇ تاش ئەمەس، چوكاننىڭ سۆزلىرى، شۇ تاپتىكى ھالىتى، ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ يىغلاشلىرى رىزۋانگۈلگە تەسىر قىلدى. ئۇنىڭ ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ، كانىيىغا بىر نەرسە تاقاشتى، ئىچى ئېچىشتى، يۈرىكى سىقىلىپ، قاتتىق بىئارام بولدى، لېكىن ئۇ بۇ ھالىتىنى گۈزەلنۇرغا بىلدۈرمەسلىك ئۈچۈن چاي قۇيۇشقا تۇتۇندى. ئۇستەلگە تاتلىق ـ تۈرۈملەرنى تىزدى، بۇ چاغدا گۈزەلنۇر توختىماستىن مىچىلداپ يىغلاۋاتاتتى. ئەمما ئۇ قىزنى كۆزىتىشنى ئۇنتۇمىدى. ھەسرەتلىك سۆزلىرى، دەردلىك كۆز ياشلىرى، بىچارىلارچە قىياپىتى ئارقىلىق قىزنىڭ روھىغا تەسىر قىلغانلىقىدىن ئۈمىدلەندى، بۇنىڭدىن كېيىن سۆز ـ ھەرىكەتلىرىنى يېڭى شارائىتقا ماسلاشتۇرۇشنىڭ پىلانىنى تۈزگىلى تۇردى.

رىزۋانگۈل چاي قۇيدى ۋە:

— قىبنى چاي ئىچىڭ، تاتلىق - تۈرۈملەردىن ئالغاچ ئولتۇرۇڭ، — دېدى. ئۇنىڭ ئاۋازىمۇ تىترەپ چىقتى. مۇشۇنداق بىر تەسەللىنى كۈتۈپ تۇرغاندەك گۈزەلنۇر كىچىك سومكىسىدىن قاتلانغان قول ياغلىقنى چىقىرىپ، كۆز ياشلىرىنى سۈرتتى. رىزۋانگۈلگە تىكىلدى. ئۇنىڭ ئۇزۇن قايرىلما كىرپىكلىرىدە ياش قالدۇقلىرى پىلدىرلاپ تۇراتتى، ئۆينى يېقىملىق ئەتىرنىڭ پۇرىقى بىر ئالدى. ئارىغا ئېغىر جىمجىتلىق چۈشتى. ھەر ئىككىسى چاي ئىچكەچ ئولتۇرۇشتى. بولۇپمۇ رىزۋانگۈل خىيالچان ئىدى. ئۇنىڭ بىر نۇقتىغا تىكىلگەن كۆزلىرى بىر نەرسىنىڭ تېگىگە يېتىش ئۈچۈن پۇتۇن قۇۋۋىتى بىلەن ئىنتىلمەكتە ئىدى. ئالدىدا ئولتۇرۇپ تەقدىرىدىن، بەخت - پېشانىسىدىن ھەسرەتلىنىپ، دەرد ئېيتىۋاتقان ئايالنىڭ ھالىغا رىزاۋنگۈلنىڭ ئىچى ئاغرىدى، خەيرخاھلىق تۇيغۇسى ئۇنىڭ مەنىۋى ئاسمىنىدا ئەگىشكە باشلىدى. «دېمىسىمۇ بۇ ئايالغا نېمە ئامال، قىز ۋاقتىدا تاڭدىكى پورەكتەك، گۈل بەرگىدىكى شەبنەمدەك پاك، سەبىي چاغلىرىدا ئۇنى ياخشى كۆرگەن، مۇھەببىتىنى ئاتىغان، تەقدىرىنى تاپشۇرۇپ، بەخت ئاسمىنىدا ئۇچقان، ئۇنىڭ ئىسسىق قۇچاقلىرىدا ئەركىلەپ، شېرىن سۆيۈشلىرىدىن مەستخۇش بولغان ئەمەسمۇ ... ئۇ ئۆزىنىڭ قىزلىق ئىپپىتىنىڭ ئەڭ مۇقەددەس سوۋغىسىنى ئۇنىڭغا خالىسانە تەقدىم قىلىپ، ئىنسان زاتىغا خاس بولغان پەخىر ۋە خۇشلۇق ئىچىدە ئەر - خوتۇن بولغان ... لېكىن ئۇ بىچارە شۇلارنىڭ ھەممىسىدىن مەھرۇم بولغان، قولىدىن كەتكۈزۈپ قويغان، ھاياتتا ئايال زاتىغا بۇنىڭدىن ئېغىر يوقىتىش بولماس. خۇدا بىزنى ئايال يارىتىپ، شۇ جىنسقا خاس بولغان خۇسۇسىيەتلەرنى، مەنىۋى پەزىلەتلەرنى بېرىپ، ئىنسانىيەت دۇنياسىنىڭ زېرىكىشلىك تەرەپلىرىنى تولدۇرۇش ئۈچۈن سوۋغا قىلغاندا، پالاكەتلىك تەرەپلىرىنى نېمىشقا ئويلىمىغان بولغىيتتى؟ بىزنى شۇنچىلىك تەلتۆكۈس ياراتقان ئىكەن،

مۇكەممەللىكنى تاللاشنىڭ ھوقۇقلىرىنى نېمىشقا تولۇق بەرمىگەن بولغىيتتى؟ ...» بۇ ئويلار رىزۋانگۈلنىڭ كۆڭۈل ئاسمىنىنى تۇمان بىلەن تولدۇرۇۋەتتى، نەلىرىدۇر ئېچىشتى، غەشلىك، ئەلەم، پۇشايمان، ئېچىنىش، بىلىپ بولغۇسىز مۇرەككەپ تۇيغۇ ئۇنىڭ روھىنى داۋالغۇتىۋەتتى. شۇڭا، رىزۋانگۈل ئورنىدا ئولتۇرالماي قالدى، ئازابلانغان ھالدا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، تىزلىرى تىترىدى، بەدىنى ئۇيۇشقاندەك بولۇپ، قۇلاقلىرىدا خىلمۇخىل سادالار بىر ـ بىرىگە ئارىلىشىپ ياڭراپ كەتتى.

— سىڭلىم، — دەپ ئارىدىكى جىمىلىقنى بۇزدى گۈزەلنۇر پۇرسەتنى توغرا مۆلچەرلەپ، — مەن بۇ يوكنى كۆتۈرۈپ كېتەلىگەن، كۆتۈرۈپ كېتىشكە كۆز يەتكۈزەلىگەن بولسام، سىزنى بۇنچىلىك ئاۋارە قىلمىغان بولاتتىم. سىز ئويلاپ كۆرۈڭ، ئىككىمىزنىڭ بىر ئەرنى تالىشىپ، مۇشۇنداق سۆزلىشىشى ئاسانغا چۈشمەيدۇ. ماڭىمۇ قىيىن، ئەلۋەتتە، سىزگىمۇ ئاسان ئەمەس، لېكىن نېمىلا بولغان بىلەن سىز تېخى قىز، مەن بولسام ئايال، ھۆسنىگە تولۇپ، شېخىدا ئېچىلىۋاتقان گۈلگە كىمنىڭلا بولسا كۆزى چۈشىدۇ، قول ئۇزاتقۇسى كېلىدۇ، شېخىدىن ئۈزۈۋېلىنغان، سولىشىشقا باشلىغان گۈلگە كىمنىڭمۇ كۆزى چۈشىدۇ؟ زارىقىپ كەتكەن بىر قاخشال قول ئۇنىڭغا سوزۇلمىسا، تاشلىنىپ قالغىنى قالغان. مەن ئۆتۈنەي سىڭلىم، خۇدا يولىدا ئۆتۈنەي، بۇ يولدا مۇشۇ يەردە توختاپ قېلىڭ، ئەمدى مەن ئۆزۈمگە تەۋە بولغان ئاشۇ ئۆيگە كىرىۋالاي، ماڭا ئىچىڭىز ئاغرىسۇن!

رىزۋانگۈل راستىلا ئىككىلىنىپ قالدى، زىددىيەتلىك خىياللار ئۇنى گاڭگىراتتى، بېشىنى ئايلاندۇردى، ئۇنىڭ ئالدىدا ئىككى خىل تەقدىر يولى تىكلىنىپ تۇراتتى، بىرى بەختىدىن ئايرىلىپ قېلىپ مەڭگۈ پۇشايماندا ئۆتۈش، بۇنىڭ بەدىلىگە مۇنۇ بىچارە ئايالنى مۇرادىغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن كامىلدىن ۋاز كېچىش، يەنە

بىرى ئۆزىنىڭ بەختى ئۈچۈن، ئۆمۈرلۈك بەختى ئۈچۈن يىغا ـ زار، ئاھ ئۇرۇش، نالە ـ پەريادلارغا پىسەنت قىلماي، تالىلمۇالغان ھايات يولىدا ئاخىرغىچە مېڭىش. رىزۋانگۈل ئاللىقاچان ئورنىدا ئولتۇرۇۋالغانىدى. ئۇ نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي بىر پەس كۆزلىرىنى خانىنىڭ بولۇڭىغا تىكىپ ئولتۇردى.

يەنە مەنىلىك، سىرلىق كۆزلەر، كىرپىكلەر، ھال رەڭ مەڭىز، بىلىنەر ـ بىلىنمەس بويالغان لەۋلەر، گۈزەل قامەت ... بولارغا يوشۇرۇنغان بىر نەرسە رىزۋانگۈلگە غىل ـ پال كۆرۈنگەندەك قىلدى، ئۇ بۇنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالمىدى. توساتتىن ئۇنىڭ كاللىسىغا ئۆزىنىڭ تەقدىرى ھەققىدە بىر سوراق كېلىپ قالدى ـ دە، قاتتىق چۆچۈدى. چوڭقۇر ھاڭنىڭ گىرۋىكىگە كېلىپ قالغاندەك ئەندىكىپ كەتتى. كاللىسى بىردىنلا سەگەكلەشتى: «تەقدىر دېگەن ئويۇنىشىدىغان نەرسە ئەمەس، بۇنىڭدا بىر قەدەمنى خاتا بېسىپ قويسا، ئۆمۈرلۈك پۇشايماندا قالىدىغان ئىش، ھەممە نېمىدىن مەھرۇم قېلىپ سەكپارە بولۇپ يۈرىدىغان گەپ، مانا ئالدىمدىكى ئايال، بىر قەدەمنى قىيپاش دەسسەپ قويۇپ ... ياق ... ياق ... » دېدى ئىچىدە رىزۋانگۈل.

ــ مەنمۇ ئادەم، بۇ دۇنياغا بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈش تەمەسى بىلەن كەلگەن، ھازىرغىچە شۇنداق ئۈمىد بىلەن ياشاپ كەلدىم، ئادەم ئۆزىنىڭ بىر پۈتۈن ئۆمرىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان ئۈمىد، ئارزۇلىرى ئۈچۈن كۈرەش قىلمىسا، ئۇ بەخت نەدىن كېلىدۇ؟ مەن شۇنداق ھېسابلايمەنكى، ئۆزى كېلىپ قونىدىغان ئۇنداق بەخت قۇشى ئالەمدە يوق. كۈرەش قىلماي تۇرۇپ كېلىدىغان ئامەت پەقەت ئادەمنىڭ چۈشىدىلا بولىدۇ. سىزمۇ كۆڭلىڭىزدىكىنى يوشۇرماي تۆكتىڭىز، گۈزەلنۇر، مەنمۇ يوشۇرۇپ نېمە قىلاي، مەن كاملىنى بەكمۇ ياخشى كۆرىمەن. ئۇنىڭسىز بەختلىك تۇرمۇشنى تەسەۋۋۇر قىلالمايمەن، مېنىڭ بارلىقىم ئۇنىڭغا باغلانغان، كاملىسىز تۇرمۇشنىڭ ماڭا ھېچقانداق مەنىسى يوق، ئۆزىڭىز ئېيتىپ بېقىڭ، بىر پۈتۈن

ئۆمرۈمنى مەنىسىزلىك غارىغا بەند قىلىش مېنىڭ قولۇمدىن كېلەمدۇ؟ مەن ئۆزۈمنى ئەبەدىيلىك بەختسىز قىلىپ، سىزنى بەختكە ئېرىشتۈرسەم ئادالەتلىك بولامدۇ؟ مېنى شەخسىيەتچىلىكتە ئەيىبلىسىڭىزمۇ مەيلى، قارغىسىڭىزمۇ مەيلى، مەن مۇھەببىتىمدىن كېچەلمەيمەن، ماڭغان يولۇمنى سىزگە بوشىتىپ بەرمەيمەن! سىز بۇ يولدىن ساداقەتسىزلىك قىلىپ قاڭقىپ چىقىرىلغان ئىكەنسىز، ئىككىنچى يولاتمايمەن، بۇ مېنىڭ ھوقۇقۇم، كىشىلىك ئەركىنلىكىم، ھاياتىمنىڭ قىممىتى، بۇنى قوغداش مېنىڭ بۇرچۇم، ۋىجدانىمنىڭ بۇيرۇقى. سىزگە ئېنىق ئېيتاي، بۇ ئىشتا مەن ئالىيجانابلىق قىلالمايمەن، سېخىيلىقنى تېخىمۇ قىلالمايمەن! ئىنسان ھاياتتىن ئېلىشقا تېگىشلىك ئۇلۇشىنى ئالالمىسا، ئۇ ئادەمنى ھاياتنىڭ ئۆزى كەچۈرمەيدۇ، ئۇنىڭغا پەرۋاسىز قارىسا، ھايات ئۇنى مەسخىرە قىلىدۇ. ئۇنى نادانلىقتا ئەرزىمەس نەرسە دەپ بىلىپ بىر كىمگە بېرىۋەتسە، تارىخ قىساس ئالىدۇ، قىساس! — رىزۋانگۈل سۆزلىگەنسېرى روھلىنىپ، جۇشقۇنلىشىپ كەتتى، ئۇنىڭ پۈتۈن تۇرقىدىن قەيسەرلىك، بىر خىل بوي بەرمەس قەيسەرلىك چىقىپ تۇراتتى. سۆزلەر يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر يېرىدىن بۇلاقتىن ئۇخچۇپ چىققان قايىنامدەك ئېتىلىپ چىقتى. قوي كۆزلىرىدە بىر خىل نۇر چاقناپ، ئىشەنچ ۋە جاسارەتتىن بېشارەت بەردى. — مەنمۇ بۇ سۆيگۈ ئۈچۈن يەتكۈدەك، ئەرزىگۈدەك بەدەل تۆلىدىم. كۆز ياش، ئۇيقۇسىز تۈنلەر، ھەسرەتلىنىش، روھىي جەھەتتىن پۈچىلىنىش، قايغۇ ... بۇلارنىڭ ھەممىسى بەدەل، مەن بۇلارنىڭ بىكارغا كېتىشىنى خالىمايمەن. بىر ئادەمنى ياخشى كۆرۈپ قېلىپ ئۇنى ئاشكارىلاش، ۋايىغا يەتكۈزۈشنىڭ مۇشەققەتلىكلىكىنى بېشىمدىن ئۆتكۈزۈپ تۇرۇپ، بۇنى باشقا بىرسىگە ئۆتۈنۈپ بېرىشنىڭ بەكمۇ نادانلىق ئىكەنلىكىنى بىلىمەن. مەن ئۇنداق نادان ئەمەسمەن، مانا بۇلار مېنىڭ يۈرەك سۆزلىرىم، ئىرادەم ۋە قارارىم! — رىزۋانگۈل سۆزىدىن

توختاپ، يىنىك بىر تىنىۋالدى، ئېغىر بىر يۆكنى ئۈستىدىن ئىرغىتىپ تاشلىغاندەك يېنىكلىشىپ قالدى. مەڭزى قىزىرىپ، كۆزلىرى خۇمارلىشىپ چىرايلىقلىشىپ كەتتى.

گۈزەلنۇر خۇددى يوقاتقان ئادەمدەك غەلىتىلا ئولتۇرۇپ قالدى. ئۆڭۈپ كەتكەن چىرايىدىن ھېچقانداق ئىپادە بىلىنمەيتتى. خىيال سۈرۈۋاتقىنىنى ياكى ئوي - خىيالسىز ئولتۇرغىنىنى پەقەت بىلىپ بولمايتتى. ئۆتتۇرىغا ئېغىر جىمجىتلىق چۈشتى. خانا ئىچى سۈرلۈك تۈسكە كىردى.

دېمەكچى بولغىنىنى تەلتۆكۈس ئېيتىۋالغان رىزۋانگۈل گۈزەلنۇرنىڭ ئەمدى ئورنىدىن تۇرۇپ سۆزسىزلا چىقىپ كېتىشىنى خالايتتى. ئەمدى سۆزلىشىدىغان گەپمۇ قالمىدى. ئەمدى دېيىلىدىغان سۆزلەرنىڭ ھېچقاناق مەنىسى بولمايتتى. گۈزەلنۇر چىقىپ كېتىشنى ئويلاپمۇ قويمىغاندەك پېتىنى بۇزماي بىر خىلدا ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ نېمە قىلماقچى بولغانلىقىنى بىلىپ بولمايتتى. جىمجىتلىق داۋاملاشماقتا. رىزۋانگۈل تاقەتسىزلەنمەكتە. بىر چاغدا گۈزەلنۇرنىڭ لەۋلىرى مىدىرلىدى، قاشلىرى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى ۋە توساتتىن قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى. ئۇ قوللىرىنى تىزىغا ئۇرۇپ، بېشىنى كەينىگە تاشلاپ، پۈتۈن ئاۋازىنى بولۇشىغا قويۇۋېتىپ، ئەسەبىيلەرچە كۈلمەكتە ئىدى. بۇ ھەرىكەتلەر سەھنىدە بولۇۋاتقاندەك بىلىنگەن رىزۋانگۈل ئانچە پەرۋا قىلمىدى. ئۇنىڭ خالىغىنىنى قىلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇردى. بىر پەستىن كېيىن گۈزەلنۇر كۈلكىدىن توختىدى، پەرۋاسىز ئولتۇرغان رىزۋانگۈلگە غەلىتىلا قارىدى. ئۇنىڭ بۇ تىكىلىشىدە ئۆچمەنلىك، غەزەپ، ئازابلىنىش ئالامەتلىرى بار ئىدى.

— قىزچاق، كۆڭلىڭىزنى بەك بالدۇر خۇش قىلىۋېلىپ، كېيىن داغدا قالماڭ، سىزنىڭ ئىرادىڭىز كاملىغا ۋەكىللىك قىلالمايدۇ. ئۇنىڭ كۆڭلىدە نېمىلەرنىڭ بارلىقىنى سىز

قانچىلىك بىلىسىز؟ سىز ئۇنى قانچىلىك چۈشىنىسىز؟ كامىل هازىر سىز ئويلاۋاتقاندەك ئاددىي ئادەم ئەمەس، سىزدەك بىر گۈل قىزغا تومۇرىنى تۇتقۇزۇپ قويىدىغان، ئىچىدىكى سىرىنى ئاشكارىلاپ بېرىدىغان ساددىلاردىن ئەمەس، ئۇنىڭ سىزدەك قانچىسىنى بىر ـ بىرىگە قوشماي چۆرگىلەتكۈچىلىك بىگىسى بار. قىزلارنى قولغا چۈشۈرۈش ماهارىتى ئۈستۈن. ئۆمۈچۈك تورىنى بىلىسىزغۇ، بىلىندۈرمەستىن ئەپچىل تور توقۇيدۇ، ئۇنىڭغا چىۋىنلەر ئىختىيارسىز كېلىپ ئورۇلىدۇ ـ دە، ئىلىنىپ قېلىپ، زادىلا چىقىپ كېتەلمەيدۇ، كامىلمۇ قىزلارنى شۇنداق قولغا چۈشۈرىدۇ. مەنمۇ شۇنداق قولغا چۈشكەن، شۇنداق خورلىنىمۇ، ئازابلاپ، هاقارەت قىلغان بولسىمۇ يەنىلا چىقىپ كېتەلمەيۋاتىمەن. بىلىسىڭىز، كامىل شۇنداق مەغرۇر، هاكاۋۇر، تاش يۈرەك، باغرى قاتتىق، ئۇنىڭغا خوتۇن بولغان ئادەم شەرتسىز بويسۇنىشىلا كېرەك. ئەركىنلىك بېرىشنى خالىمايدۇ، ئۇ هۆكۈمرانلىق قىلىشنىڭلا كويىدا يۈرىدۇ، — گۈزەلنۇر سۆزىدىن توختاپ، تېپىتىنچ هالەتتە ئولتۇرۇپ سۆزىنى ئاڭلاۋاتقان رىزۋانگۈلگە قارىدى. ئۇنىڭ مۇددىئاسىنى بىلىپ بولمايتتى، ئۇ بىر پەس شۇ تەرىقىدە تىكىلىپ تۇردى.

— قېنى سۆزلەڭ، سۆزلەۋېرىڭ، مەن كۆڭۈل قويۇپ، سەۋرچانلىق بىلەن ئاڭلايمەن، دېمەكچى بولغانلىرىڭىزنى خاتىرجەم، تولۇق ئېيتىۋېلىڭ، — دېدى بىر چاغدا رىزۋانگۈل تەمكىنلىك بىلەن.

— سىز مېنىڭ دېگەنلىرىمگە ئىشەنمەيۋاتقاندەك قىلىسىز، سىرلىق قىياپىتى كامىلنىڭ روهىي دۇنياسىدىكى نۇرغۇن نەرسىلەرنى چۈمكەپ تۇرىدىغان بىر خىل پەردە، ئاسان بىلگىلى بولمايدۇ، شۇڭا سىز تېخى هېس قىلىپ كېتەلمەيسىز، ئۇنىڭ بىلەن بىر ئۆيگە كىرگەن كىشى ئاستا ـ ئاستا چۈشىنىدۇ. كامىل سۆزمەن، مەنىلىك سۆزلەيدۇ. ئاجايىپ ئېسىل سۆزلەرنى

قىلىدۇ، لېكىن ئۇلار كامىلنىڭ ئىچى بىلەن ئوخشاش ئەمەس. تېخى سىز ئۇنىڭ ئاداۋەت ساقلايدىغان، ئۆچ ئالىدىغان مىجەزىنى بىلمەيسىز، ئۇ بۇقىنى چىمدىپ ئۆلتۈرىدىغانلاردىن. ۋاقتى كەلگەندە دەردىڭىز ئىچىڭىزدىلا قالىدۇ، ئاغزىڭىزدىن چىقىرالمايسىز. بىلىپ قويۇڭ، كامىل دېگەن ئۆتۈپ كەتكەن كۈنلەمچى، ھەممە نېمىڭىزنى خۇپىيانە كۆزىتىپ تۇرىدۇ، پۇتىڭىزنىڭ ئۇچىغا، تىرنىقىڭىزنىڭ ئاستىغا ...

— ئەمدى بولدى قىلىسىڭىز بولارمىكىن! — رىزۋانگۇل زەردە بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، — ئۆزىڭىزنى تونۇشتۇرۇپ، مۇددىئايىڭىزنى بىلدۈرۈپ قويغىنىڭىزغا رەھمەت. مەن ئەمدى بىلدىم، ھەممىنى چۈشەندىم، كامىلنى سىز كۆرسەتكەن ئەينەكتىن يەنە بىر قېتىم تولۇق كۆرۈۋالدىم. بۇنىڭغا قوشۇپ سىزنىمۇ تېخىمۇ روشەن كۆرۈۋالدىم. ئىشىنىمەنكى، سىزمۇ مېنى چۈشىنىپ قالدىڭىز، قانداق قىزلىقىمنى بىلىپ قالدىڭىز، ئەمدى ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا قىلىشىدىغان گەپ قالمىدى، سىزگە كۆپ رەھمەت!

— سىز مېنى قوغلاۋاتامسىز؟ بولىدۇ، مەن كېتىمەن! — گۈزەلنۇر ئورنىدىن تۇردى، رىزۋانگۇلگە ئەلەملىك نەزەرى بىلەن قاراپ قويۇپ ئىشىككە قاراپ ماڭدى. ئۇ ئىشىك تۈۋىگە بېرىپ توختاپ، كەينىگە ئۆرۈلدى.

— مەن يولۇمدىن ئۇنداق ئاسان قايتىدىغان ئادەم ئەمەس، كۆرۈپ تۇرۇڭ، كامىلنى قولىڭىزدىن يۇلۇپ ئېلىپ، تاشلىۋەتمىسەم، سىزگىمۇ يوق، ئۆزۈمگىمۇ يوق قىلىۋېتىمەن، — دېدى ۋە كەينىگە ئۆرۈلۈپ ئىشىكنى ئاچتى.

— ئاچچىق ئۆزۈمگە ئۇنداق قول ئۇزىتىدىغان ئەخمەق تولكە دۇنيادا يوق، ئىزىدىن قايتمايدىغان يولۋاسلار تېپىلىدۇ، خانىم، — دېدى رىزۋانگۇل، بۇ سۆزنى گۈزەلنۇرنىڭ ئاڭلىغان، ئاڭلىمىغانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى.

## 2

رىزۋانگۈل خىزمەتتىن چۈشۈپ، سىرتقا چىقتى ـ دە، بىردىنلا ياتىقىغا كىرىشكە كۆڭلى تارتماي قويدى. راملەرنىڭ ئۆيىگە كىرگۈسى كېلىپ، شۇ تەرەپكە مېڭىپ كەتتى.

سالقىن شامال چىقىپ تۇراتتى، يېڭىدىن چىقىۋاتقان يوپۇرماقلار بىلەن تولۇپ كېتىۋاتقان دەرەخ شاخلىرى رىتىملىق چايقىلاتتى، هاۋادا نەملىك ۋە چېچەك پۇراقلىرى ئارىلىشىپ كەتكەن بىر خىل هىد دىماققا ئۇرۇلۇپ، باهار پەسلىنى نامايان قىلاتتى. غەربتە ئۇيقۇغا باش قويۇۋاتقان قۇياش مىس تاۋاققا ئوخشاش كۆرۈنەتتى. شەهەر ئاسمىنى قىزغۇچ رەڭگە كىرگەن، كەچكى شەپەق ئېگىز بىنالارنىڭ دېرىزە ئەينەكلىرىدىن يېنىپ، شەهەرنى بىر قىسمىلا تۈسكە كىرگۈزگەندى.

بىر ـ بىر دەسسەپ راملەرنىڭ ئۆيىگە كېتىۋاتقان رىزۋانگۈلنىڭ كاللىسى يەنە زىددىيەتلىك خىياللار بىلەن تولدى. ئۇ ئۆز تۇرمۇش يولىنىڭ تازا يۇرۇشلۇك بولمىغانلىقىنى ئويلاپ كۆڭلى غەش بولدى. «راملەگە سىڭلىشتۇرغاندا مېنىڭ مۇهەببەت يولۇم نېمىدېگەن ئوڭۇشسىزلىقلارغا تولغان، توسقۇنلۇقلار كۆپ؟ باشقىلار ئۇنى ـ تىنىسىزلا ئۆز ئائىلىسىنى قۇرۇۋېلىپ، خاتىرجەم ياشايدۇ، مېنىڭچۇ، بەلكى مېنىڭ پېشانەم تەتۈر، تەقدىرىم كاجدۇ ...» رىزۋانگۈل چىگىچ ئوي ـ خىياللار بىلەن بەنت بولۇپ تېزلا راملەرنىڭ ئىشىكىگە كېلىپ قالدى، ئۇ ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىش ئۈچۈن ئازراق تۇرۇۋالدى. رىزۋانگۈل ئىشىكنى چەككەندە، راملەنىڭ «كىرىڭ» دېگەن ئاۋازىنى ئاڭلىدى.

— بەك ئوبدان بولدى، رىزۋانگۈل، ئەتىگەندىن بېرى سىزنى كىرىپ قالسىكەن دەپ ئويلاپ يۈرەتتىم، — دېدى راملە ئىشىكتىن كىرگەن رىزۋانگۈلنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇنىڭ

بىلەكلىرىنى تۇتۇپ.

— ئۆزۈممۇ ئىچىم پۇشۇپ ئىشتىن چۈشۈپلا كىرگۈم كەلدى. ئەركىن يوققۇ؟ — دېدى كىرىسلودا ئىككىسى يانمۇيان ئولتۇرۇۋالغاندىن كېيىن رىزۋانگۇل.

— خىزمەتتىن چۈشۈپ تېخى ئۆيگە كىرمىدى، ھېلى كىرىدۇ.

— نېمە قىلىۋاتاتتىڭىز؟

— كەچلىك چايغا تەييارلىق، ئائىلە دېگەن شۇنداق بولىدىكەن.

— كۆڭۈللۈكمۇ ! ؟...

— نېمە دەيمەن، — كۇلدى رامىلە، سەل تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، — ئۇنىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق لەززىتى، تەمى بولىدىكەن، سىزگە راستىنى ئېيتسام، توي قىلغاننىڭ ئەتىسىدىن تارتىپ، ئادەم بىردىنلا چوڭ بولۇپ قالغاندەك بىلىنىدىكەن، توۋا دەيمەن. سۆز ـ ھەرىكەتلەرمۇ ئۆزىچىلا سالماقلىشىپ قالىدىكەن، ھەي، قىز ۋاقتىدىكىگە ئوخشىمايدىكەن.

— يېڭى چۈشەنچە، تەسىراتلىرىڭىز بەك كۆپ ئوخشايدۇ، ھېلىقى سىر بۇلۇڭى توشۇپ كېتىپ، تېشىپ چىققانلىرىنى سۆزلەۋاتىسىزغۇ دەيمەن.

— قاراڭە دېگەن گېپىڭىزنى، سىزگە ئۇنىڭ تۆرىدىكىلىرىنى دەپ بېرىۋاتىمەن، بىلەمسىز ! ئائىلە دېگەننىڭچۇ ئۆزگىچە خۇشلۇقى بولىدىكەن، ئاۋارىچىلىكى، خاپىلىقىمۇ يوق ئەمەسكەن. نېمىلا دېگەنبىلەن ئەمدى بۇرۇنقىدەك يالغۇز ئەمەس ـ تە. ھەممە نېمىنى ئويلىغاندا يەنە بىرسىنى قوشۇپ ئويلىمىسىڭىز بولمايدۇ، كۆڭلىڭىزنىڭ بىر يېرىدە مەنچۇ، دەپ يەنە بىر جۈپ كۆز قاراپلا تۇرغاندەك قىلىدۇ. بۇلار قىزىق، كىشىگە ئېغىر كەلمەيدۇ، بەلكى بىر خىل خۇشاللىق، پەخىر تۇيغۇسىنى بېرىدۇ، بۇمۇ ئايال كىشى ھاياتىنىڭ قىممىتى بولسا كېرەك، قاراڭە گەپ بىلەن بولۇپ سىزگە داستىخان سېلىشنى ئۇنتۇپ

قالغىنىمنى، قارىغاندا سىزگە ئېيتىدىغان گەپلىرىم كۆپ ئوخشايدۇ، — راملە سۆزىدىن توختاپ، ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشەلدى، رىزۋانگۈل ئۇنى توختىتمۇالدى.

— كۈتۈپ تۇرايلى، كۆپرەك خوش بولۇڭ، مەنمۇ ئائىلە ئەزاسىدەك داستىخاندا بىرگە ئولتۇرۇپ باقاي، — دېدى چاقچاق ئارىلاش، راملەمۇ كۈلدى، ماقۇل بولدى.

راملە ئازراق سەمرىپ قالغانىدى، چىرايلىرىمۇ سوزۇلۇپ قالغان، قورسىقىمۇ بىلىنەرلىك يوغىنىغان، خېلى ئېغىر - بېسىق بولۇپ قالغان، سۆزلىرىمۇ بۇرۇنقىدىن نۇرغۇن ئۆزگىرىپ، مەنىلىك، ۋەزمىن رىتىمغا چۈشكەنىدى. ئۇ ئۆزىنى پىشقان ئاياللاردەك تۇتۇۋالغان. بۇ ئائىلىنى خېلى يىللار تۇتقاندەك ئۆزلىشىپ كەتكەنلىكى ھەربىر ھەرىكىتىدىن چىقىپ تۇراتتى. بۇلارنى رىزۋانگۈل تولۇق بىلىپ كەتمىگەن بولسىمۇ، ھېس قىلغانىدى.

— ماڭا ھەيران قېلىۋاتىسىزغۇ دەيمەن، رىزۋانگۈل، نەچچە ئايدىلا يېنىك بىر قىزدىن ئېغىر - بېسىق بىر ئايالغا ئۆزگىرىپ كەتتىم، ئۆزۈممۇ سېزىپ تۇرىمەن، ھەيرانمۇ قېلىۋاتىمەن، ئائىلە دېگەن شۇنداق ھېكمەتلىك ئوخشايدۇ.

راملەنىڭ سۆزلىرى رىزۋانگۈل ئۈچۈن بىر يېڭىلىق ئىدى. شۇڭا ئۇ ئانچە سۆز قىلماي راملەنىڭ سۆزلىرىنى قىزىقىش ۋە ھەيرانلىق ئىچىدە تىڭشاپ ئولتۇردى.

— ئۆزۈمنىڭ قانداق ئۆزگىرىپ كەتكىنىمنى، قانداق قىلىپ كۆنۈپ قالغىنىمنى ئويلىسام ئەقلىم يەتمەيدۇ، بەلكىم ئايال كىشىنىڭ تەبىئىتىدە بۇنىڭغا تۇغما مايىللىق بار ئوخشايدۇ، مەن شۇنداق خۇلاسىگە كەلدىم، — ئەركىننىڭ كىرىشى ئۇلارنىڭ بۇ قىزىقارلىق سۆھبىتىنى ئۈزۈپ قويدى.

— مانا نېمىدېگەن ياخشى، سىز كىشىنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىدىغان قىز جۇمۇ رىزۋانگۈل، — دېدى ئەركىن مېھمانخانا ئۆيگە كىرىپ.

— ئەركىن، بۇ گېپىڭىز مېنىڭ كۆڭلۈم ئۈچۈنلا ئېيتىلغان گەپ ئەمەستۇ؟ — دېدى رىزۋانگۈل كۈلۈپ.

— يېقىندىن بېرى ئۆيىمىزگە كىرىپ قويايمۇ دېمىدىڭىز، ئىككىمىزنىڭ سىزنى ئەسلىمەيدىغان كۈنىمىز يوق. بۈگۈنمۇ چۈشتە گېپىڭىزنى قىلىشقان، ئەنە رامىلەدىن سوراپ بېقىڭ.

— بولدى سورىمايلا قوياي، گېپىڭىزلارنى قىلىشىدىغان شېرىكىم بولمىسىمۇ، مەنمۇ ئەسلەپ تۇردۇم، لېكىن گۇۋاھلىققا تارتىدىغان ئادىمىم يوق، — ئۇلار شۇ تەرىقىدە ئازراق چېقىشتى، رامىلە كۈلۈمسىرەپ ئولتۇرۇپ ئاڭلىدى.

رامىلە بىلەن ئەركىن ئىككىسى بىرلىشىپ چاي تەييارلىدى. رىزۋانگۈل خىيال بىلەن ئولتۇردى. بىردەم ئەركىن، بىر دەم رامىلە مېھمانخانا ئۆيگە كىرىپ، ئۇنىڭ خىياللىرىنى ئۈزۈپ تۇردى. چاي تەييار بولدى، ئۇلار قورۇغان سەي بىلەن يېمەكلىكلەر تىزىلغان ئۈستەلنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ چاي ئىچىشكە تەييالاندى. دەل شۇ چاغدا ئىشىكنى بىرسى چەكتى، ئەركىن ئىشىكنى ئېچىپ بىر نەرسىلەر دەپ سۆزلەپلا كەتتى. كىرگەن كامىل ئىدى، ئۇ مېھمانخانا ئۆيگە كىرىپ رىزۋانگۈلنى كۆردى.

— سىز بۇ يەردىمىدىڭىز؟! — دېدى ئۇنىڭ كۆزىگە قاراپ. رىزۋانگۈل ئورنىدىن تۇرۇپ كەتكەندى. ساھىبخانلار ئۇلار ئىككىسىنى بىر تەرەپتە ئولتورغۇزۇپ، ئۆزلىرى قارشى تەرەپتە ئولتۇردى، چاي ئىچكەچ تاغدىن ـ باغدىن سۆزلىشىپ ئولتۇردى. كامىل بىلەن ئەركىن ئىككى ـ ئۈچ رومكىدىن هاراق ئىچىشتى.

— كامىل، — دېدى ئەركىن بىر چاغدا سەل هاياجانلىنىپ، — قاچانغىچە ئىككىڭلار ئىككى ئۆينى ساقلاپ ياتىسىلەر؟ سىلەرنىڭ ئىچىڭلار پۇشمىغان بىلەن، مېنىڭلا ئەمەس، ھەممىمىزنىڭ ئىچى پۇشۇپ كەتتى، — بۇ گەپ رىزۋانگۈلنىڭ مەڭزىنى قىزارتتى، ئۇ بېشىنى يانغا ئېلىپ، كۆزىنى باشقا ياققا ئېلىپ قاچتى، كامىل بولسا كۈلۈپلا قويدى.

— مەنمۇ نەچچە قېتىم رىزۋانگۈلدىن سوراپ باقاي دەپ
ھېچلا بىر ئاغزىمدىن چىقىرالمىغانىدىم. بۈگۈن ۋاقتى -
سائىتى توشۇپتۇ. رىزۋانگۈل، نېمىنى ساقلاۋاتىسىلەر؟ تويىنى
ۋاقتىدا قىلىپ كۆڭلۈڭلارنى تىندۇرمامسىلەر! — دېدى رامىلە
ئورنىدىن تۇرۇپ، رىزۋانگۈلنىڭ يېنىغا ئۆتۈپ. ھەر ئىككىسى
گەپ قىلمىدى، كامىل كۈلۈپلا قويدى، رىزۋانگۈل خىيالغا
پاتقاندەك قىلاتتى، ئارىغا جىملىق چۈشتى.
— نېمە! ئىككىڭلارلا بىرنېمە دېيەلمەيسىلەرغۇ؟ خۇددى
بىر - بىرىڭلار بىلەن ماي تارتىشىپ قالغاندەك.
— دەڭا رىزۋانگۈل، نېمىگە تارتىنىشىۋاتىسىلەر؟ — دېدى
رامىلە.
— بىلمىدىم، — دېدى رىزۋانگۈل.
— كامىل، ئېغىرلىقنىڭمۇ چېكى بولىدۇ جۇمۇ، چېكىدىن
ئاشۇرۇۋېتىپ، رىزۋانگۈلنى زېرىكتۈرۈپ ئۈچۈرۈۋەتمە يەنە،
تۆمۈرنى قىزىقىدا سوق، دېگەن گەپ بار. رىزۋانگۈلنىڭ بىلمىدىم
دېگەن سۆزى بىر ئېغىز بولغان بىلەن مەنىسى چوڭقۇردەك
قىلىدۇ، — دېدى ئەركىن قىزىشىپ. كامىل بېشىنى يانغا
ئېلىپ، رىزۋانگۈلگە قارىدى:
— شۇنداقمۇ رىزۋان؟ — دېدى ئەركىلەتكەندەك تەلەپپۇز
بىلەن.
— ئەركىننىڭ ئاغزىنى بىلمەمسىز، ئۇ ئۆزىنىڭ ھېس
قىلغان، ئويلىغانلىرىنى راستتەك قىلىپ سۆزلەيدۇ، مەن
نېمىشقا ئاغرىنىدىكەنمەن. قىز بالا دېگەننىڭ تىلىمۇ قىسقا،
قولىمۇ قىسقا بولىدىكەن، ئويلىغىنىمىز كۆڭلىمىزدە
قالىدىكەن، ئۇنى چىقىرىشتىن قورقىدىكەنمىز، بويسۇنۇش
بىزنىڭ تەقدىرىمىز ئوخشايدۇ، — دېدى رىزۋانگۈل.
— قارا كامىل، ئاڭلىدىڭمۇ، مېنىڭ دېگىنىم
ئىسپاتلىنىۋاتامدۇ. ئېغىرلىقىڭ رىزۋانگۈلنىڭ جېنىغا
تېگىپتۇ، بۇ ھەقتە ساڭا دەيدىغان كۆڭلىدە نۇرغۇن گەپلىرى

بولسىمۇ ئېيتالمايۋاتقان گەپ، سېنى قامچىلىساق بولىدۇ. يارايسىز رىزۋانگۈل، چوڭيۇننى ئېرىتىدىغان ئوت جۇمۇ سىز، يەنە بىر قېتىم قول قويدۇم سىزگە.

— مۇنداق دەڭ رىزۋانگۈل، ماڭا پىكرىم بار دەڭ، ئىچىڭىزدە ساقلاپ قانچىلىك ئازابلانغانسىز، زادى نېمىشقا دېمەيسىز؟

— قانداق ئېيتىمەن، ئەرلەرگە ئوخشاش يۈزى قېلىنراق بولسا، ئازابلىنىشمۇ ئاز بولىدىكەن، كۆڭۈلدىكىنى چىقىرىشمۇ قىيىنغا چۈشمەيدىكەن، بولدىلا هازىرچە بۇ گەپلەرنى قىلىشماي تۇرايلى، — دېدى رىزۋانگۈل بىر خىل ئۆكۈنۈش بىلەن. قىزنىڭ بۇ سۆزى كامىلنىڭ قۇلىقىغا نۇرغۇن مەنىلەرنى يوشۇرغاندەك ئاڭلاندى. يۈرىكى ياخشى كۆرگەن قىزنىڭ كۆڭلىنىڭ چوڭقۇر يېرىدە تېخى يېشىلمىگەن بىر تۈگۈننىڭ بارلىقىنى سەزدى. ئۇ بىردىنلا سەگەكلەشتى، قىزنىڭ تەلپىگە قوشۇلغان بولۇپ، سۆزنىڭ تېمىسىنى ئۆزگەرتتى. ئۇ تۈنۈگۈن مەسئۇدتىن كەلگەن تېلېفوننىڭ مەزمۇنىنى سۆزلىدى. ئۇلار — ئەركىن، راھىلە، رىزۋانگۈل ئۈچەيلەن ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا مەسئۇدنىڭ ئۆز تەتقىقاتىنى ئىنگلىز تىلىدا مۇۋەپپەقىيەتلىك سۆزلىگەنلىكىنى بىلدى، دۇنيانىڭ ھەممە يەرلىرىدىن كەلگەن كەسپداشلىرىنىڭ مەسئۇدنىڭ ئىلمىي تەتقىقاتىغا يۇقىرى باھا بەرگەنلىكىدىن خۇشاللاندى. بولۇپمۇ بىر ئۇيغۇر يىگىتنىڭ ئىنگلىزچىنى شۇنداق ئۆلچەملىك، ئىنگلىزلارغا ئوخشاش تەلەپپۇزدا سۆزلىگىنىنى ماختاپ، ئۇنى تەبرىكلىگەنلىكىنى بىلىپ پەخىرلىنىشتى. يىغىن ئاياغلاشقاندى. مەسئۇدنىڭ كانچىلىق مىنىستىرلىقىدا پۈتكۈزىدىغان ئىشىنى پۈتكۈزۈپ بولۇپ يولغا چىقىدىغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپ، تۆت كىشىنىڭ روھىي كەيپىياتى خۇشلۇققا تولدى، بولۇپمۇ رىزۋانگۈل بەكمۇ ئېچىلىپ كەتتى:

— ئابايىملا مۇشۇ خۇش خەۋەرنى يەتكۈزمەي باشقىلا گەپنى قىلىپ، — دەپ تەنبىھ بەردى كامىلغا.

ئۇلار خىزمەت ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلار ھەققىدە سۆزلىشىپ، گەپنىڭ ئاخىرىنى ئايىنۇرغا يۆتكىدى، ئۇنى ھەممىسى بىردەك ماختاشتى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ پەزىلەتلىرىنى، مىجەز - خۇلقىنىڭ ياخشىلىقىنى ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي ماختاشتى. رىزۋانگۇل كۆپ سۆزلىدى، زوقلىنىپ سۆزلىدى، چۈنكى رىزۋانگۇل ئايىنۇر بىلەن سىرداش دوست بولۇپ كەتكەن، ھەپتىدە بىر - ئىككى قېتىم ئۇچرىشىپ تۇراتتى.

— بۇ خۇش خەۋەرگە ھەممىدىن بەك تەقەززا بولۇپ كەتكەن ئايىنۇر، ئەتە ئۇنىڭغا چوقۇم يەتكۈزىمەن. بىچارە قانچىلىك خۇش بولۇپ سۆيۈنۈپ كېتەر، بەك ھېسسىياتچان قىز، ئەتە چوقۇم ياش تۆكىدۇ، لەۋلىرى بولسا كۈلۈپ تۇرىدۇ، — دېدى زوق بىلەن رىزۋانگۇل.

كامىل بىلەن رىزۋانگۇلنى رامىلە بىلەن ئەركىن پەسكىچە ئۇزىتىپ چۈشتى. ئاي قاراڭغۇسى، ئاسماندا يۇلتۇزلار تېخىمۇ روشەن پارقىراپ تۇراتتى. سالقىن شامال ئاستا چىقىپ، يىراق يەرلەردە چېلىنىۋاتقان مۇزىكىنىڭ لەرزان ئاۋازىنى ئېلىپ كېلىپ تەقدىم قىلاتتى. يېقىملىق پۇراقلار دىماقنى قىتىقلايتتى، بىر - بىرىگە سۈركىلىپ كېتىۋاتقان قىز بىلەن يىگىت سۆزلەشمىدى، لېكىن پۈتۈشۈپ قويغاندەك چوڭ يولغا چىقتى. ئالىچىپار يورۇپ تۇرغان پىيادىلەر يولىغا چۈشۈپ ئاستا مېڭىشتى. رىزۋانگۇل كامىلنى قولتۇقلىدى، لېكىن كامىل قىزنىڭ قولىنى سىققىنىچە تۇتۇپ يۆتكىدى - دە، ئۇ قىزنى قولتۇقلىدى. بۇ ھال رىزۋانگۇلنىڭ كۆڭلىگە بىر گۇمان تېرىشنى تاشلىدى. «مېنىڭ رامىلەرنىڭ ئۆيىدىكى سۆزلىرىمدىن كامىل بىر نەرسىنى سەزگەن، بولۇپمۇ كۆڭلۈمدىكى زىددىيەت تۈگىمىنى ھېس قىلغان، بۇنىڭ نېمىلىكىنى بىلىشنى كۆڭلىگە پۈككەن، شۇڭا گەپنىڭ تېمىسىنى دەرھال ئۆزگەرتكەن. مانا ئەمدى ئۇنى بىلىش ئۈچۈن ئېغىز ئاچىدۇ.» بۇ خىيال رىزۋانگۇلنى بىردىنلا تىترەتتى. ئۇ تەشۋىش ئىچىدە قالدى.

ئۇنىڭ ھەممىنى كامىلغا ئېيتىپ، ئىشنى ئايدىڭلاشتۇرۇش ھەققىدىكى بىرقانچە كېچىلىك جاسارىتى نەلەرگىدۇر يوقالدى، كۆڭلىدىكى زىددىيەتلەردىن بېشارەت بېرىدىغان سۆزنى قىلغانلىقىغا پۇشايمان قىلدى، يېنىكلىك قىلغانلىقىغا ئۆزىگە كايىدى. ھەرقانچە قىستىسىمۇ ئاغزىدىن چىقارماسلىققا ئىرادە باغلىدى.

— رىزۋان، — دېدى كامىل جىملىقنى بۇزۇپ، — شۇ تاپتا نېمىلەرنى ئويلاۋاتىسىز؟ ماڭا ئېيتىشقا قىسىلىۋاتقان، لېكىن ئېيتمىسىڭىز بولمايدىغان مۇھىم بىر ئىش سىزنى بىئارام قىلىۋاتامدىغۇ دەيمەن.

— ياق ئۇنداق ئىش يوق، بولسا، مەن سىزگە بۇرۇنلا دېمەمدىم، راملەننىڭ ئۆيىدە دەپ قويغان ھېلىقى گەپتىن شۇنداق تەسىرات ئالدىڭىزغۇ دەيمەن، — دېدى رىزۋانگۈل تەبىئىي بىر خىل ھالەتنى ئىپادىلەپ.

— ياق ئۇ گەپ بىلەنلا ئەمەس، كۆڭلۈم بىر نەرسىنى تۇيغاندەك يۈرگىلى خېلى كۈنلەر بولۇپ قالدى، لېكىن ئۇنىڭ نېمىلىكىنى تازا بىلەلمەيۋاتىمەن.

— نەدىكى گەپلەرنى قىلىپ يۈرىسىز، سىزدىن يوشۇرىدىغان ھېچ نەرسەم يوق مېنىڭ.

— راستما ! ؟

— ھەئە.

— يېقىندىن بېرى، تازا قىزغىن ئەمەستەك بىلىنىدىغان بولۇپ قالدىڭىز، سۆزلىرىڭىز ئازىيىپ، خىيالىڭىز كۆپىيىپ قالغاندەك قىلىدۇ. رىزۋان، بەزى كۈنلىرى كېچىسى ئاز ئۇخلىغىنىڭىز كۆزلىرىڭىزدىن مانا مەن دەپ چىقىپلا تۇرىدۇ.

— مەن قىزغىن ئەمەسمۇ؟ يۈزى قىلىسىن، — دېدى قىز يېقىملىق ئەركىلەش بىلەن بېشىنى كامىلنىڭ مەيدىسىگە قويۇپ، بىلىكىنى تېخىمۇ مەھكەم قىستى. كامىلنىڭ قىزغىن ئەمەستەك قىلىسىز، دېگەن سۆزى ئۇنى بەكمۇ سۆيۈندۈردى، بۇ

سۆز كامىلنىڭ سۆيگۈسىنىڭ ساپ، سەمىمىي، تولۇپ-تاشقانلىقىنى نامايان قىلىپ، قىزنىڭ قەلبىنى يايرىتىۋەتتى.

كامىل بىلەن رىزۋانگۈل مۇڭداشقاچ تۈن نىسپى بولغۇچە كوچا سەيلىسى قىلدى. قىزنىڭ ئەركىلەشلىرى، سۆيۈشلىرى كامىلنىڭ ئاغزىنى ئەتتى، كۆڭلىدىكىنى ئىنىقلاشنىڭ يولىنى توستى، كامىل بۇنداق كۆڭۈللۈك بىللە بولۇشنىڭ كەيپىنى بۇزۇشنى خالىمىدى، شۇڭا ئۇ ئىش توغرۇلۇق قايتا ئىغىز ئاچمىدى.

# ئون سەككىزىنچى باب

## 1

بۇ يىللىق قېدىرىپ تەكشۈرۈشنىڭ دائىرىسى كەڭ، شارائىتى ناچار ھەم خەتەرلىك رايون بولغانلىقى ئۈچۈن كامىل تەييارلىق خىزمىتى ھەققىدىمۇ مەخسۇس مۇكەممەل پىلان تۈزۈپ چىقتى. ئۇنى ئەترەت ئەزالىرىنىڭ يىغىنىدا بىر - بىرلەپ چۈشەندۈردى. تەييارلىنىدىغان تېخنىكىلىق ئۈسكۈنىلەردىن تارتىپ،تاكى يىمەك - ئىچمەك، كوللېكتىپ لازىملىق نەرسىلەردىن تارتىپ، شەخسلەرگە كېرەكلىك نەرسىلەرگىچە تەپسىلىي چۈشەندۈردى. شارائىتنىڭ ئوساللىقى تۈپەيلى تارتىدىغان جاپا، دۇچ كېلىدىغان قىيىنچىلىق، تۇرمۇشتىكى قىيىنلىش ئېھتىماللىقلىرىنى ئوچۇق - ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويۇپ، سەپداشلىرىغا روھىي ھالەت جەھەتتىمۇ تەييارلىق قىلغۇزدى. يۈز بەرگۈسى قىيىنچىلىقلارغا تاقابىل تۇرۇشقا جاسارەت، كۈچ - قۇۋۋەت يىغىشقا دەۋەت قىلدى. ئۆزىنىڭ سەپداشلىرىغا بولغان ئىشەنچىسىنىڭ تولۇق ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، ھەممىنىڭ روھىنى ئۆستۈردى، تەييارلىق ۋاقتىنى كۆپرەك ئاجراتتى.

ئەترەت ئەزالىرى ئۆزلىرىنىڭ مەشغۇلات دائىرىسى بويىچە تەييارلىق خىزمەتلىرىگە جىددىي كىرىشىپ كەتتى. خىزمەت ۋاقتىدا ئومۇمىي ئىشقا تەييارلىق قىلسا، خىزمەتتىن كېيىنكى ۋاقىتلىرىدا ئائىلىسى بارلار ئۆي تەييارلىقىنى بىر - بىرلەپ ئورۇنلاشتۇرۇپ، تولۇقلاشنى ئۇنتۇمىدى. تېخى ئۆيلەنمىگەنلەرنىڭ ئىشى ئاسان، ئۆزىنىڭ غېمىنى قىلسىلا ئىش

پۈتىدۇ، ئۆزلىرى قەيەردە بولسا، كۆڭلى شۇ يەردە. ئۇلارنى ئۇن - تۇنسىز چاقىرىپ تۇرىدىغان ئائىلىسى يوق، كۆزىگە غايىۋى كۆرۈنۈپ، پىكىر - خىيالىنى تارتىپ تۇرىدىغان بالىسى، سېغىنىدىغان خوتۇنى يوق.

ئائىلىسى بارلارنىڭ يېتىپ ئاشقۇدەك يۈكى بولىدۇ، ئۆزلىرى يىراق يەرلەردە بولسىمۇ، خوتۇن ئۇن ئەكىلىشتە قانداق قىلىۋاتىدىغاندۇ؟ سالامەتلىكى قانداقتۇ؟ ئاغرىپ تارتىپ قالسا، باللار تاماقتا قىينىلىپ قېلىۋاتقانمىدۇ؟ دېگەن خىياللاردىن خالىي بولالمايدۇ. ئاشۇنداق چاغلاردا ئۆز كۆڭلىگە تەسەللى تېپىش ئۈچۈن، ھازىر ھەممە نەرسىنى تەل قىلىپ بەرگۈسى كېلىدۇ، ھەتتا دوختۇرخانىلارغا بېرىپ، تېخى ئاغرىمىغان خوتۇن - باللىرى ئۈچۈن دورىلارنىمۇ ئەكېلىپ قويىدۇ. باللىرى ئوقۇيدىغان مەكتەپلەرگە بېرىپ، ئوقۇتقۇچىلىرىدىن ئەھۋال ئۇقۇپ، ئۆزىنىڭ بىر مەزگىللىك سىرتتا خىزمەتكە چىقىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، پەرزەنتىنى تاپشۇرۇپ، ياخشىراق قاراپ قويۇشىنى ئۆتۈنىدۇ. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاددىي ئىشلار بولسىمۇ، كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، ھاياتنىڭ كۆزگە كۆرۈنمەس، لېكىن سالماق مەزمۇنى، بۇ كىشى ئۆمرىنىڭ يېرىمىنى دېگۈدەك ئىگىلەيدىغان، ھېچكىم ئويلاپ كۆرمەيدىغان تەرىپى.

كامىل ئائىلىسى بولمىسىمۇ كۆپ ئويلايدۇ. قېدىرىپ تەكشۈرگەن رايوندىن سىڭدۈرگەن ئەقىل، تۆككەن تەرگە تۇشلۇق ئىنسانلارغا پايدىلىق بايلىقلارنىڭ تېپىلىشىنى ھەممىدىن كۆپرەك ئويلاش ئۇنىڭ بۇرچى، چۈنكى ئۇ قانچە مىليون يىللار شۇ يەرنىڭ قوينىدا يېتىپ كەتكەن، لېكىن كىشىلەرنىڭ ياشىشى ئۈچۈن، ئادەتتىكىدەك ئەمەس، باياشات، راھەت ياشىشى ئۈچۈن ئۇ بايلىقلارنى تېپىپ تەقدىم قىلىشنى تىرىك ياشىشىدىكى مەجبۇرىيىتى، دەپ بىلىپ بۇ كەسىپنى تاللىغان. كامىل بۇ كەسىپنىڭ مۇشەققىتىنى بىلىدۇ. جاپانى يېتىپ - ئاشقۇدەك

تارتتى، ھەم مۇشۇ كەسىپنىڭ ئىشتىياقى ئۇنىڭغا يەتكۈدەك خورلۇقمۇ ئېلىپ كەلدى. ياخشى كۆرۈپ ئالغان قىزى، سۆيۈملۈك خوتۇنىدىن ئايرىلىشمۇ مۇشۇ كەسىپنىڭ كاساپىتىدىن بولدى، لېكىن ئۇ ھېچقاچان پۇشايمان قىلمىدى. ئۇنداق قىلىشنى ئويلىغانمۇ ئەمەس. ئۇ شۇ تاپتىكى تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئىشلەۋاتقاندىمۇ، ئىختىيارى ئەمەس كۆپرەك ئويلىدى. ھەممىنى كۆڭلىدىن بىر ـ بىرلەپ ئۆتكۈزدى، قول ئاستىدىكىلەرنىڭ تەقدىرى كامىلنىڭ قولىدا، ئۇنىڭ كاللىسى سەگەك، سەزگۈر بولسا، ئىشنىڭ نەتىجىسى چىقىدۇ، سەپداشلىرىنىڭ بەختەرلىكى كاپالەتكە ئىگە بولىدۇ، خېيىم ـ خەتەرسىز نەتىجىلىك قايتىدۇ. ھەمراھلىرىنىڭ بىرسىدىن ئايرىلىپ قېلىش، ياكى بىرەرسىنى مېيىپ، ناكا قىلىپ قايتىش كامىلنىڭ خىيالىغا سىغمايدۇ، ئۇلار كامىلنىڭ قېرىنداشلىرى، دوستلىرى، ئۇلارنىڭ ئاتا ـ ئانىسى، بالا ـ چاقىلىرى بار، ئۇلارنىڭ ئىشەنچىسىنى چوقۇم ئاقلاش كېرەك، بۇ كامىلنىڭ يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر يېرىدىكى ئىرادىسى، ئەھدىسى، قەسىمى. ئۇ ئويلىشى، باش قاتۇرۇشى كېرەك.

كامىل ئەترىتىنىڭ ئالتە ـ يەتتە يىللىق نەتىجىسى تونۇلۇپ، داڭق چىقىرىشى، باشقىلارنىڭ بۇ ئەترەت تەركىبىگە قوشۇلۇشقا خۇشتارلىقى بەلكىم ئەترەتنىڭ بېشى بولغان كامىلنىڭ مۇشۇ ئېتىقادلىرىدىن بولسا كېرەك. خۇددى سۇنىڭ بېشى سۈزۈك بولسا، ئاخىرىمۇ، ھەتتا ئۇنىڭ بىر تامچىسىمۇ سۈزۈك بولغانغا ئوخشاش.

كامىل خىياللىرىنى تېخى ئاياغلاشتۇرمىغانىدى. تاسادىپىيلا ئەركىنگە تاپشۇرۇشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويغان ئىش ئېسىگە كەلدى. ئۇ ئۇستىلى ئالدىدىن تۇرۇپ، ئىشىككە قاراپ ماڭدى، تېلېفون قاتتىق جىرىڭلىدى، كامىل تۇتۇپ بولغان ئىشىك تۇتقۇچىنى قويۇۋېتىپ كەينىگە ئۆرۈلدى، ئۇ تېلېفونغا يېقىن كېلىپ، قول ئۇزاتماستىن بىر ئاز تۇرۇپ قالدى.

— ھەئە، مەن كامىل، — دېدى ئۇ تۇرۇپكىنى ئېلىپ. ئۇ بىر پەس تېلېفوندىكى سۆزنى تىڭشىغاندىن كېيىن، — ھازىرلا بارامدىم، ئەزىزوپ ئاكا، شۇنداق جىددىيمۇ؟ تېلېفوندا دېسىڭىز بولمامدۇ، — دېدى. يەنە قارشى تەرەپنىڭ سۆزىنى ئاڭلىدى. — بولىدۇ، بولىدۇ، ھازىرلا ئالدىڭىزدا پەيدا بولىمەن، — دېدى كۈلۈمسىرەپ. ئۇ تۇرۇپكىنى قويۇپ خىيال سۈرۈپ قالدى. ئىدارە باشلىقى ئەزىزوپ دەرھال ئىشخانىسىغا يېتىپ كېلىشىنى ئېيتقان. شۇڭا كامىل «نېمە ئىشتۇ مۇنداق جىددىي چاقىرتىپ ئېيتىدىغان، تېلېفوندا ئېيتىشقا ئۇنىمىغىنىغا قارىغاندا خېلى مۇھىم ئىش ئوخشايدۇ. ئالدىنقى قېتىمدا مەسئۇدتىن كەلگەن تېلېفوننى ئاڭلاپ بولۇپلا، ماڭا يەتكۈزۈشكە ئالدىراپ كەتكەن، تېلېفوندا چېكىدىن ـ پېكىگىچە ئۇقتۇرۇپ بولغان، ئۇ خۇش خەۋەر بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئالدىرىغان. بۇ ئىشنى ئالدىغا چاقىرتىپ سۆزلىگىنىگە قارىغاندا، خۇش خەۋەر ئەمەس ئوخشايدۇ.» بۇ خىيال كامىلنى بىردىنلا سەگەكلەشتۈردى، قاپاقلىرى تۈرۈلدى، قېشىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئىككى تال تىك سىزىق چوڭقۇرلاشتى. ئۇ تېزرەك بېرىپ ئۇقۇپ بېقىشقا ئالدىرىدى.

كامىل باشلىقنىڭ ئىشخانىسىغا كىرگەندە، ئەزىزوپ ئۈستەلى ئالدىدا خىيال سۈرۈپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ قىياپىتىدىن بىر نەرسىنىڭ تېگىگە يېتىش ئۈچۈن ئۇرۇنۇۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى، ئۇ كامىلنى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇردى. ئىككى چامداپلا ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ، بىلىكىدىن تۇتۇپ، ئىشخانىسىنىڭ ئوڭ تەرەپتىكى كىرسلوغا ئولتۇرغۇزدى. ئۆزىمۇ ئۇنىڭ يېنىدىن ئورۇن ئالدى. باشلىق يېنىدىن فىلتىرلىق تاماكا چىقىرىپ بىر تالنى كامىلغا تۇتتى، بىرنى ئۆزى ئالدى، ئۇلار تۇتاشتۇرۇپ چېكىشتى. دەرھال گەپ قىلىشمىدى، بۇرۇنقى ئادىتى بويىچە چاقچاقمۇ قىلمىدى، بۇنىڭدىن كامىل بۈگۈنكى سۆھبەتنىڭ سالمىقىنى مۆلچەرلىدى، روھىي جەھەتتىن جىددىيلەشتى،

ئۆزىنى تەييارلىدى، لېكىن نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى تەخمىن قىلىشنى خالىمىدى.

— كامىل، — دەپ سۆز باشلىدى باشلىق تاماكىسىنى ئارقا - ئارقىدىن بىر پەس شورىۋېلىپ، — بۇ قېتىمقى خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا يۇرتىمىزنى دۇنياغا بىر تونۇتتۇڭلار، 80 - يىللاردىكى زىيالىيلىرىمىزنىڭ، تەبىئىي پەن مۇتەخەسسىسلىرىمىزنىڭ نېمە ئىشلارنى قىلىۋاتقىنىنى ئۇقتۇرۇپ قويدۇڭلار، بۇ بىر يېڭى تارىخىي دەۋرنىڭ باشلىنىشى. كامىل، ئۆزىمىزنىڭ مىنىستىرلىقىمۇ بىزنى يەنە بىر قېتىم چۈشەنگەن، گېئولوگلىرىمىزنىڭ نېمىلەر قىلىۋاتقىنىنى بىلگەن، شۇڭا ئۇلار بىزنى ئالاھىدە باھالاپتۇ، مىنىستىرلىقنىڭ تېلېگراممىسىدا سېنىڭ نامىڭ تەكىتلىنىپ تىلغا ئېلىنغان، بۇلار ئەلۋەتتە ھەممىمىزنى خۇشال قىلىدۇ. ھەممىدىن كۆپ سېنى خۇشال قىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. ئەتە كەچقۇرۇن مەسئۇد قايتىپ كېلىدۇ، ئايرودۇرۇمغا ئالدىغا بىللە چىقىمىز. ئۇنىڭ ... — ئۇ نېمىنىدۇر ئېسىگە ئالالماي سۆزىدىن توختاپ قالدى، — نېمە ھېلىقى ... ھېلىقى يۈرگەن قىزى ... ئۇنىڭغىمۇ خەۋەر قىلىپ قويغىن، بىز بىلەن بىللە چىقسۇن.

باشلىق يۇقىرىقى سۆزلەرنى دېگەن بولسىمۇ نېمىنىدۇر خىيالدىن ئۆتكۈزۈپ ئويلىنىۋاتقاندەك قىلاتتى. كامىل باشلىقنىڭ سۆزىنى دىققەت بىلەن ئاڭلاپ ئولتۇردى، بىر ئېغىزمۇ سۆز قىلمىدى. قىياپىتىدىمۇ ھېچقانداق ئىپادە يوق ئىدى. ئەزىزوپ قولىدىكى تاماكىسىنى بىرقانچە قېتىم شوراپ جىم ئولتۇردى. ئۇ كامىلنىڭ بىرەر سۆز قىلىشىنى كۈتۈۋاتامدۇ ياكى ئۆزىنىڭ كۆڭلىگە پۈكۈپ قويغان مەقسىتىنى قانداق سۆزلەر بىلەن بىلدۈرۈشنى پىلانلاۋاتامدۇ، بىلىپ بولمايتتى. كامىل كۈتۈپ ھاردى بولغاي، بېشىنى بۇراپ بىر خىلدا تاماكا چېكىۋاتقان باشلىققا قارىدى ۋە:

— مېنى مۇشۇ خۇش خەۋەر ئۈچۈنلا چاقىرتمىغانسىز، ماڭا

دەيدىغـان مۇھىم گـېپىڭـىز تېخـى ئېيتـىلمـىدىغۇ دەيمـەن؟ ــ دېدى. باشلىق كۈلۈپ كـەتتى، ئۇنـىڭغا ئـۇلاپ يۆتىلـىپ كەتتـى. بىر قولىنى كـامىلنـىڭ يەلكـىسىگـە قويۇپ، ئۇنـىڭغا مـەنىلىـك قارىدى.

ــ قالتـىس ئادەم جۇمۇ سـەن كامىل، سـېنى مۇشـۇ ئىشـقا چاقىرمـىغـىنـىمنـى كـەلمەي تـۇرۇپلا پەرەز قىـلـىپ بوپسـەن، شۇنداق، سېنى چاقىرتىشىمدا مەسلىھەتلىشىدىغان مـۇھىم بىـر ئـىش بـار، سـېـنـى ئـۆسـتـۈرۈپ بـاشـلـىق قـىلايـلـى دەپ مەسلىھەتلەشتۇق، بۇنى ئالدى بىلەن ئۆزۈڭگە ئېيتىپ قوياي دەپ چاقىرغـان، ــ كـامـىل بـىر نەرسە چـاقـقانـدەك چـۆچۈپ كەتتـى. كۆزلىرى تېخىمۇ يوغىناپ، ئەزىزوپقا قارىدى، ئۇنىڭ چىرايىدىن ئوڭايسىزلىق، ھەيرانلىق، غەيرىيلىك ھېس قىلىش ئىپادىلىـرى ئوچـۇق كۆرۈندى، ــ بۇ سـېنـىـڭ خـىزمەت نـەتـىجـىلـىرىڭـگە بېرىلگەن باھا، سېنى خۇشال بولىدۇ، يەكدىللىك بىلەن قوبـۇل قىلىدۇ، دەپ ئويلايمەن، ــ باشلىق سۆزىدىن توختىدى، قولىنـى كامىلنىڭ يەلكىسىدىن ئېلىپ، ئۇنىڭغا قارىماستىن تـاماكىدىـن بىر تال ئېلىپ، تۇتاشتۇرۇپ چېكىشكە باشلىدى.

ــ نېمـە دېدىڭـىز ئەزىزوپ ئـاكـا، مېنـى نـېمە قـىلـماقـچى بولۇۋاتىسىزلەر، ھازىر ئاڭلىغانلىرىمنى سىز دېدىـڭىزما؟ چـۈش كۆرۈۋاتمايدىغاندىمەن؟ ــ دېدى كامىل غەلىتە قىياپەتتە. باشلىق بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىمىغانـدەك، تاماكـىسىنى بىـر خىلـدا چېكـىپ ئولـتۇردى. كامـىل بولسا كـۈتەتتى. ئـوتتۇرىـغا جىمجىـتلـىـق چۈشتى.

ــ مېـنـىـڭ سۆزۈم سـاڭا ياقمـىدىمۇ قـانداق ! ؟ مەن ھەيـران قېلـىـۋاتـمـەن. ئـۆستۈرۈپ بـاشـلىق قـىـلـىمـىـز دېسە خـۇشـال بولمايدىغان ئادەممۇ بـولامدۇ؟ ــ دېدى باشـلىق جىمجىتلىقنـى بۇزۇپ.

ــ مـەن سىزگە ئـۆز ئىشـىمدىن زارلىـنىپ بىـرەر قېتـىم شىكايەت قىلغىنىم يوققۇ، كىشىلەرنىڭ ئۆسۈپ كېتىۋاتقىنىنى،

بىر سىنىڭ پىكاپلارغا چۈشۈپ يۈرگىنىنى ھەۋەس بىلەن ماختاپ بەرگىنىممۇ يوق ... قانداق قىلىپ مېنى ئۆستۈرۈش خىيالى كاللىڭىزغا كېلىپ قالغاندۇ، ئەزىزوپ ئاكا؟

— بۇ مېنىڭ خىيالىم ئەمەس كامىل، باشقىلارنىڭ پىكرى، تەكلىپى. سېنىڭ خىزمىتىڭنى مىنىستىرلىق ماختىغاندىن كېيىن، بۇ قېتىم مەسئۇد ئۆز ۋەزىپىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنلاپ، باشقىلارنى تاڭ قالدۇرغاندىن كېيىن ئىدارىدىكى بىر بۆلۈك باشلىقلارنىڭ كۆزى ساڭا چۈشۈپتۇ، ساڭا گەپنىڭ ئېنىقىنى ئېيتسام، سېنى مۇتەخەسسىسلەر باشقارمىسىنىڭ باشلىقى قىلىشنى مەسلىھەتلىشىپ، ھەممىسى بىرلىككە كەلگەندىن كېيىن مېنىڭ ئالدىمغا كەپتۇ، مەن بۇنى ساڭا ئېنىق ئۇقتۇرۇپ، رازىلىقىڭنى ئالاي دەپ چاقىرغان.

— سىز نېمە دېدىڭىز؟ — سورىدى كامىل جىددىي تەرىزدە ھەيرانلىق بىلەن.

— مەن مانا سېنىڭ بىلەن سۆزلىشىۋاتامدىم، باشقىلار يىغىن ئېچىپ قارار چىقىرىپ، ئېلان قىلساقلا بولىدۇ، دېگەنتى، مەن ئۇنىمىدىم، ئاۋۋال ئۆزىدىن سوراپ باقايلى دېدىم. ئۇلار ھەيران قېلىشتى، بۇ ئورۇنغا كۆز تىكىۋاتقانلار ئاز ئەمەس، بۇنى ئاڭلىسا كامىل خۇش بولىدۇ، سۆزلىشىشنىڭ نېمە ھاجىتى دېيىشتى.

— مېنى خۇشال بولىدۇ دېدىمۇ تېخى. سىز ئېيتىپ بېقىڭا، خۇشال بولايمۇ، خۇشال بولسام بولامدۇ؟ — دېدى كامىل ئەلەم بىلەن، — مەن سىزنى مېنى ھەقىقىي چۈشىنىدۇ، بىردىنبىر تولۇق چۈشىنىدىغان ئادەم دەپ يۈرۈپتىمەن. مېنى ئەتراپتىن ئېلىپ چىقىپ كەتسە رازى بولىدۇ، باشلىق قىلسا خۇش بولىدۇ دەپ ئويلىغان بولسىڭىز بەك ئەپسۇسلىنىۋاتىمەن. بىر تەرەپتىن خورلىنىۋاتىمەن، سىز مېنى شۇنچىلىك چۈشىنىدىكەنسىز، — كامىل سۆزىدىن توختاپ تاماكىدىن بىر تال ئېلىپ، تۇتاشتۇردى. ئەلەم بىلەن قاتتىق - قاتتىق شوراشقا باشلىدى.

ئۇنىڭ يۈزلىرى قىزارغان، قاپاقلىرى تۈرۈلگەنىدى. كامىل تاماكىنى كەينى ـ كەينىدىن سۈمۈرۈپ بىر دەمدىلا يېرىمىنى كۈلگە ئايلاندۇردى. ئەزىزوپ بىر پەس خىيال سۈرۈۋالغاندىن كېيىن كامىلغا قارىدى، تۇمشۇقىنىڭ ئۇچىدا كۈلۈپ قويدى.

— كامىل، سېنىڭ مۇشۇنداق ئاچچىقلىنىشىڭنى پەرەز قىلمىسام، يىغىننى باشقۇرۇپلا قاراردىن ئۆتكۈزۈۋېتەتتىم، ھۆججىتىڭنى چۈشۈرۈۋېتىشتە، سېنىڭدىن باشقىسى بولغان بولسا، ئىككىلەنمەي شۇنداق قىلاتتىم. چۈنكى ئۇنداق قىلمىسام ئۇ كىشى بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ، مېنىڭ ئۆسۈشۈمگە ئەزىزوپ قوشۇلماي، مۇشۇ ھالەتتە قالدىم دەپ مېنىڭدىن رەنجىيدۇ، خاپا بولىدۇ، تېخى ماڭا ئۆچ بولۇپ قالىدۇ. ھازىر ئازراق بولسىمۇ ئەمەل تۇتۇشقا ھەۋەس قىلمايدىغان ئادەمنى تاپماق تەس، قولىدىن كەلسىمۇ، كەلمىسىمۇ بولمەنلا دەيدۇ، لېكىن سېنى ئۇنداق ئادەملەرگە ئوخشاتقىلى بولمايدۇ، سەن باشقىچە ئادەم ـ دە ... — كامىلنىڭ چىرايى ئېچىلدى، كەيپىياتى نورماللاشتى، پېشانىسىدىكى سىزىقچىلارمۇ ئادەتتىكى ھالەتكە كەلدى. قولىدىكى يېرىمى قالغان تاماكىسىنىمۇ شورىمىدى، باشلىقىنىڭ سۆزى ئۇنىڭغا ئىللىق شامالدەك تەسىر قىلدى، تومۇرىدىكى قانلىرىنىڭ ئېقىشى نورماللاشتى، — سېنىڭ مەسىلىلەرگە قاراشلىرىڭمۇ باشقىلارنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ، ئۆزۈڭگە خاس قاراشلىرىڭ بار، بۇلارنى مېنى چۈشەنمەيدۇ دېسە بۇ تازا ئادىللىق بولماي قالىدۇ.

— مانا ئەزىزوپ ئاكا، بۇ گەپلىرىڭىز تازا لىللا گەپ بولدى، مەن شۇغۇللىنىۋاتقان كەسپنى دۇنيادا بۇنىڭدىن يۈكسەك كەسىپ يوق دەپ قارايمەن، ئۆمرۈمنى تاغ ـ داللاردا، تاش پارچىلىرى ئىچىدە ئۆتكۈزۈشنى بەكمۇ مەنىلىك دەپ ھېسابلايمەن، نام ـ شۆھرەت دېسەم ئون توققۇز يېشىمدا سەھنىگە چىققان بولسام، ھازىرغىچە نامىم پۈتۈن جۇڭگوغا پۇر كېتەتتى، ھەتتا نۇرغۇن دۆلەتلەرگە چىقىپ، شەرەپكە ئىگە

بولاتتىم، لېكىن ماڭا لازىمى ئۇ ئەمەس ئىدى. بىز ئۇيغۇرلار بېشىمىزنى كۆتۈرۈپ قاراۋاتقان، لېكىن بىرەرىمىز تېخى پۇتىمىز بىلەن دەسسەپ تۇرۇپ كۆرمىگەن زېمىنغا ــ تەبىئىي پەن زېمىنىغا چىقىش ئىدى. كۆرۈپ تۇرۇپسىز، چىقتىم، دەسسەپ تۇرۇۋاتىمەن، مەزمۇت تۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىۋاتىمەن. يەنە نۇرغۇنلارنى چاقىرىۋاتىمەن، ئۇلارغا قول ئۇزىتىۋاتىمەن، تارتىۋاتىمەن، ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىغىچە، ئاخىرقى نەپەسىمگىچە تارتىمەن. مانا مۇشۇ مەن ئۈچۈن پادىشاھ تەختىدىنمۇ سەلتەنەتلىك، ھەرقانداق يۇقىرى ئەمەلدىنمۇ ئۈستۈن، مەن دەسسەپ تۇرغان مۇشۇ پەللىگە خەلقىمىز ئىچىدىن بىر يىگىت ياكى قىزنىڭ چىقىپ تىك تۇرۇشى، مەن ئۈچۈن بېرىلگەن بىر قېتىملىق ئالىي مۇكاپات، نوبېل مۇكاپاتى. گېئولوگىيە كەسپى مېنىڭ جېنىم، ھاياتىمنىڭ مەنىسى، قىممىتى، مەن ئۇنىڭدىن ئايرىلالمايمەن، دەل ـ دەرەخ، گۈل ـ گىياھنىڭ يېشىللىقى ئۇنىڭ يىلتىزىنىڭ تۇپراق قوينىدا بولغانلىقى ئۈچۈن. مەن ئۇ يەردىن بىر مىنۇتمۇ ئايرىلالمايمەن، يىلتىزى ھاۋاغا كۆچۈرۈلگەن دەرەخ بولۇشنى خالىمايمەن، بۇلبۇل باغۇ بوستانغا يارالغان، بۈركۈت كۆكتە پەرۋاز قىلىشقا يارالغان، گۈل شېخىدا ئېچىلىشقا يارالغان، ئەزىزوپ ئاكا، كامىل پەقەت ... پەقەتلا گېئولوگىيەگە يارالغان... مەن ئۇنىڭدىن ئايرىلسام سولىشىمەن، قۇرۇپ قاخشال دەرەخكە ئوخشاپ قالىمەن. پەرۋاز قىلىدىغان بۈركۈت ئاسماندىن ئايرىلىپ قالسا، نېمىدېگەن ئازاب ـ ھە؟!

... مېنى باشلىق قىلدىم دەپ ئىشخانىغا بېكىتىپ قويۇش ساغلام، قاۋۇل بىر ئادەمنى داۋالايمىز دەپ دوختۇرخانىغا ئەكىرىپ قويغانغا ئوخشاش. ياق، ئەزىزوپ ئاكا، ياق، مەن كەسپىمدىن ئايرىلمايمەن، قولۇمنى باغلاپ، پۇتۇمنى چۇشەپ قويسا ماڭا ئۇۋال بولمامدۇ؟ بۇرۇقتۇرما بولۇپ ئۆلۈپ قالمامدىمەن؟ ياق ... ياق، ــ كامىلنىڭ پېشانىسىدىن، بۇرنىنىڭ ئۇچىدىن تەر چىقىپ كەتتى، ئۇ يانچۇقىدىن قول ياغلىقىنى

چىقىرىپ تەرلىرىنى ئېرتتى. ئەزىزوپ تاماكىدىن بىر تال ئېلىپ ئۇنىڭغا سۇندى، سەرەڭگە چېقىپ تۇتاشتۇرۇپ بەردى. باشلىقنىڭ قوللىرىنىڭ يېنىك تىترىشىگە قارىغاندا ھاياجانلانغىنى چىقىپ تۇراتتى، چىرايىدىكى ئۆزگىرىشلەرمۇ بۇنى ئىسپاتلايتتى.

— كامىل، مەن سېنىڭ مۇشۇنداق سۆزلىرىڭگە خۇمار، شۇنداق بىر ئادەم بولغىنىڭ ئۈچۈن ياقتۇرىمەن ئەمەسمۇ، سېنى قانىتىڭدىن ئايرىشنى مەنمۇ خالىمايمەن، سەن يىلتىز تارتقان ئاشۇ تۇپراقتا تۇرۇپ كۆكلەيسەن، مېۋە بېرىسەن، ئىش پۈتتى، قالغىنىنى ماڭا قويۇپ بەرگىن، مەن ئوڭشايمەن.

## 2

ئىنساننىڭ ھاياتى بىر خىل ئېقىپ تۇرىدىغان ئېرىقتىكى سۇ ئەمەس، تىنچ تۇرىدىغان كۆل ئەمەس، بۇلۇتسىز ئاسمانمۇ ئەمەس، ئۇنىڭ خۇشاللىقى، قايغۇسى، تىنچ ئۆتىدىغان دەۋرىمۇ، دولقۇنلۇق، شىددەتلىك، قايناملىق ۋاقىتلىرىمۇ بولىدۇ. جۇدۇن ـ چاپقۇنلۇق ۋاقىتلىرىمۇ بولىدۇ. بۇ ئىنسان ھاياتىنىڭ ھەقىقىي مەنىسى، ئۇنىڭ تەبىئىتى. كۆلكە بىلەنلا ئۆتكەن ھاياتنىڭ تەمى بولمىغىنىدەك، يىغا بىلەنلا ئۆتكەن ھاياتنىڭمۇ ھېچقانداق مەنىسى بولمايدۇ. ھاياتتا كۆلكە بىلەن يىغا دائىم بىر ـ بىرىنى مارىشىپ، بىر ـ بىرىنى قوغلىشىپ تىنىم تاپماستىن ئىنسان ھاياتىنى مەنىگە ئىگە قىلىدۇ، ھاياتنىڭ ئۈستىگە قونغان چاڭ ـ توزانلارنى تازىلاپ، قىممىتىنى ئاشۇرىدۇ، ئىنساننىڭ قۇلاقلىرىغا ھەر دائىم سىرلىق شىۋىرلاپ، بىرلىرىنى سەگەكلەشتۈرسە، بىرلىرىنى بىخۇدلاشتۇرىدۇ، بىرلىرىنى مەھرۇم قىلسا، بىرلىرىنى ئىگە قىلىدۇ. شۇ ئارقىلىق ھايات تارازىسىنىڭ پەللىسىنى تەڭشەپ، ئىنسان تۇرمۇشىنىڭ رىتىمىنى ئىزىغا سېلىپ، مۇقامىنى توغرىلايدۇ. ئۆز بالىسىنىڭ پەزىلەتلىك، ئەقىللىك چوڭ بولۇۋاتقانلىقىدىن ئانىنىڭ

كۆزلىرىدە شادلىق نۇرى چاقناپ، لەۋلىرىدىن تەبەسسۇم يېتىمىسە، يەنە بىر ئانا پەرزەنتىنىڭ خۇي ـ پەيلىدىن يۈرەكلىرى پارە ـ پارە بولۇپ، قان ـ ياش تۆكۈپ، ھەسرەتلىنىدۇ. نالە قىلىدۇ، كىملەرگىدۇر يالۋۇرىدۇ، يىلىنىدۇ، تىلەيدۇ، ئىلتىجا قىلىدۇ. قەبرىستانلىقتا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، ئالەمدىن ئۆتكەن ئاپىسىنى سېغىنىپ ياش تۆكۈۋاتقانمۇ بالا، كىسەلچان ئاپىسىنى يالغۇز ئۆيگە تاشلاپ قويۇپ، تۈن نىسپىگىچە ئەيش ـ ئىشرەتلىك تۇرمۇش قايىنمىدا خۇدىنى يوقاتقانمۇ بالا، مانا بۇلار تۇرمۇش، ئىنسان تۇرمۇشىنىڭ سىرلىرى، يۈگەنسىز، تۈگىمەس تۇرمۇش، بۇنى بىلىپ يەتكىلى بولمايدۇ. ئىنسان ئالدىن بىلەلىسە ئىدى ... لېكىن ئىنسان بۇنىڭغا قادىر ئەمەس.

يەتتە ـ سەككىز كۈن ئىچىدە كامىل ئىككى قېتىم ئۆزى ئويلاپمۇ كۆرمىگەن تۇرمۇشنىڭ سىنىقىغا دۇچ كەلدى.

شەنبە كۈنى كەچقۇرۇن كامىل رىزۋانگۈل بىلەن كوچا سەيلىسىگە چىقتى. بۈگۈن كامىل كۈندۈزى قىزنىڭ سەمىگە سالغان ۋە ئۇنىڭ خۇشاللىق بىلەن قوشۇلۇشىغا مۇيەسسەر بولغانىدى. كامىل رىزۋانگۈلنى ياتىقىغا ئالغىلى كىرگەندە قىز تېخى ئۆزىنى تۈزەشتۈرۈپ بولمىغانىدى. شۇڭا كۈتۈشكە توغرا كەلدى. رىزاۋنگۈل ئالدى بىلەن كىيىمدىغان كۆڭلەك ۋە يوپكا، پوپايكا تاللىدى. بۈگۈن ئۇنىڭ تازا ياسىنىپ چىققۇسى كېلىپ قالغانىدى، كامىل ياقتۇرىدىغان كىيىملىرىنى تاللىدى، يېڭى كىيگەندە كامىل كۆپرەك ماختىغان، بىر قانچە قېتىم بەك يارىشىپتۇ دېگەن كۆڭلىكى بىلەن پوپايكىسىنى تاللىدى. كامىل تاللاپ بەرگەن ئاياغنى، سەككىزىنچى مارتتا سوۋغا قىلغان نېپىز پايپاقنى ئالدى.

رىزۋانگۈل يۇيۇنۇش ئۆيىدە بىر سائەتتەك ھايال بولدى، ئۇ يەردىن چىقىپ ئەينەك ئالدىغا باردى، قىزنىڭ ئىشى تۈگىگىچە كامىل كىرىسلودا ئولتۇرۇپ كىتاب ئوقۇدى.

ـــ ئۇزاق ساقلىتىپ قويدۇم، ـــ دېدى ئىشلىرىنى تۈگەتكەن

رىزۋانگۇل، — ئىچىڭىز پۇشۇپ كەتتىمۇ دەيمەن؟

— بۇنىڭغىمۇ كۆنۈپ تۇرمىساق بولمايدۇ، كۆڭلۈمدىكىنى ئېيتسام، ياسانسىڭىز ئۇنى كۈتۈپ تۇرۇشمۇ مەنىلىك ئىش ئىكەن. بۇنىڭ ئىچكى لەززىتىنى بىلەلىسە ... — رىزۋانگۇل لاپ قىلىپ قاراپ قويدى. تاتلىق تەبەسسۇم بىلەن ئەركىلىدى، قاشلىرىنى مىدىرلىتىپ، بېشى بىلەن يېنىك ئىشارەت قىلدى.

باھار ھۆسنىگە تولغان گۆگۈم ھاۋاسىغا خىلمۇخىل گۈل - چېچەك پۇراقلىرى ئارىلىشىپ كەتكەن، يېنىك چىقىۋاتقان شامالدا نازۇك نوتىلار ئەپلىك چايقىلىدۇ، يوپۇرماقلار ئاستا شىۋىرلىشىدۇ، ئېلېكتىر نۇرلىرى شەھەر كوچىسىنى قىزغۇچ يورۇتۇپ، ئۇنى باشقىچە تۇسكە كىرگۈزگەن، شەھەر تېخىمۇ ئاۋاتلاشقان، بىر - بىرىنى قوغلىشىپ ئۆتۈۋاتقان ماشىنىلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدۇ. پىيادىلەر يولىدا بىر - بىرىگە باقماي ئالدىراش كېتىۋاتقان ئادەملەر بارغانسېرى ئاۋۇپ كەتكەنىدى. چېلىنىۋاتقان خىلمۇخىل مۇزىكىلارنىڭ ئاۋازلىرى لەرزان ئاڭلىنىدۇ.

كامىل بىلەن رىزۋانگۇل ئالىچىپار يورۇپ تۇرغان پىيادىلەر يولىدا قولتۇقلىشىپ ئاستا قەدەم تاشلاپ شەھەر مەنزىلىگە قاراپ ماڭدى، ئۇلار خېلى بىر يەرگىچە جىمجىت مېڭىشتى. ئۇنىڭدىن ھەر ئىككىسى بىر خىل يېقىملىق لەززەتلىنىۋاتقاندەك قىلاتتى.

— بىر قانچە ھەپتە بوپتۇ رىزۋان، بىز مۇشۇنداق سەيلە قىلىپ باقمىغىلى، ئويلىساق ۋاقتىمىزنى چىقىرالماپتۇق. يا سىز بىرەر قېتىم تەكلىپ قىلمىدىڭىز، بۈگۈنمۇ مەن دېمىگەن بولسام ...

— بولدىلا، ئۆتكەن ئىشنى تەگمەڭ، بۇ سىزگە ياراشمايدىكەن، نەق گەپنى قىلىشايلى، نەگە بارىمىز؟ كۆڭلىڭىزدىكى پىلانىڭىزنى ئېيتىڭ، — دېدى رىزۋانگۇل كامىلنىڭ گېپىنى ئۈزۈپ.

— سىز ئويلىغىنىڭىزنى دەپ باقامسىز؟ قانداق قىلساق

تېخىمۇ كۆڭۈللۈك بولىدۇ.

— سىزنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىڭىزغا بويسۇنىمەن، ھەممە ئىشتا سىز تەشەببۇسكار بولسىڭىز بولىدۇ، بۇ قائىدە.

— رىزۋان، شۇنداق قىلىشىمنى كۆڭلىڭىز خالاپ تۇرامدۇ، دائىم بويسۇنۇپلا يۈرۈش، ماقۇللا دېيىش سىزگە كۆڭۈللۈك تۇيۇلامدۇ؟ مەن مۇنداق ئويلايمەن: قىزلار ئومۇمەن يىگىتلەرنىڭ كۆڭلىگە قارايدۇ، ئۇلارنىڭ دېگەنلىرىگە ماقۇل بولىدۇ، ھەتتا كۆڭلىدىن خالاپ تۇرغان ئىشنىمۇ ئۆز ئاغزى بىلەن ئېيتىپ، ئاشكارىلىماستىن ئۇنىمۇ يىگىتنىڭ ئېيتىشىنى تەمە قىلىدۇ، بۇ ھال قىزلارنىڭ غۇرۇرىغا تەگمەمدۇ؟ ! ئۇلارنى زېرىكتۈرمەمدۇ، چۈنكى بۇنىڭدا بىر خىل بېقىندىلىق، قارامىلىق روھىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى بار. بۇ قىزلارنىڭ مۇستەقىللىقى ۋە ئەركىنلىكىنى چەكلەيدۇ. قىزلار نېمە ئۈچۈن مەن مۇنداق قىلىشنى خالاۋاتىمەن، ئۇنى قىلايلى، ئۇ يەرگە ئەمەس، پالانى يەرگە بارايلى، بۈگۈن ئەمەس، ئەتە ... مەن ئويلىشىپ باقاي، نېمە ئۈچۈن شۇ تاپنىڭ ئۆزىدىلا جاۋاب بېرىدىكەنمەن، دېگەندەك گەپلەر بىلەن ئۆزىنىڭ قىممىتىنى ئاشۇرمايدۇ؟

رىزۋانگۈل كامىلنى تېخىمۇ چىڭ قولتۇقلىدى، رەسمىي قاراڭغۇ چۈشۈپ، ئېلېكتىر چىراغلىرىنىڭ نۇرى تېخىمۇ چاقناپ كەتكەنىدى. قىز كامىلنىڭ سۆزلىرىنى بىر خىل غەلىتىلا ھېسسىياتتا ئاڭلىدى، چۈنكى كامىلدىن بۇرۇن بۇنداق سۆزلەرنى ئاڭلاپ باقمىغانىدى. بىر تەرەپتىن ھەيران قالدى، بىر تەرەپتىن چۆچۈدى، سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى تازا ئېنىق چۈشىنەلمىدى، ياق كامىلنىڭ مەقسىتىنى تازا ئېنىق چۈشىنەلمىدى دېگەن تۈزۈك. شۇڭا ئۇ نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي تېڭىرقاپ قالدى، لېكىن يىگىت ئىنكاس كۈتۈۋاتاتتى.

— بەلكىم ئۇ بىزنىڭ جىنسىي تەبىئىتىمىزدۇر، ياكى شۇنداق بولۇشى كېرەك دەپ ئادەتلەنگەنلىكىمىزدىن ئۆگىنىپ قالغاندىمىز، تازا ئېنىق بىر نەرسىنى دەرھال ئويلاپ تاپالمىدىم،

بۇ ھەقتە بۇرۇن ئويلاپ باقماپتىمەن، — دېدى رىزۋانگۇل تەمتىرەپ قالغاندەك توختاپ. كامىل كۈلۈپ قويدى، ئەركىلىگەندەك بېشىنى قىزنىڭ مەڭزىگە سۈركىدى. ئۇلار بىر پەس جىمجىت مېڭىشتى. كوچىدا ئۇلارغا ئوخشاش جۈپ - جۈپ قىزغىن مۇڭدىشىپ كۆڭۈللۈك سەيلە قىلغۇچىلار كۆپەيدى. تۇرۇپ - تۇرۇپ قىزلارنىڭ قېنىپ - قېنىپ كۈلگەن ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ. ماشىنىلار ئازلىدى، تەرەپ - تەرەپتىن چېلىنغان خىلمۇخىل مۇزىكىلار ئېنىق ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ. قويۇۋەتكەن ئۇنئالغۇلارنىڭ بەزىلىرىدىن مۇڭ بىلەن ئېيتقان ئوغۇل بالىنىڭ كوچا ناخشىسى قۇلاقلارغا ئالاھىدە كىرىپ تۇرىدۇ. ماگىزىنلارنىڭ ئىشىك - دېرىزىلىرىدىكى رەڭلىك چىراغلارنىڭ يېنىپ - ئۆچۈپ تۇرۇشىدىن شەھەرنىڭ كەچلىك مەنزىرىسى لىرىكىلىق تۈسكە كىرگەندى.

ھاياتنىڭ بۇ خىل رىتىمى قايغۇ بىلەن خۇشاللىقنى، يىغا بىلەن كۈلكىنى پەرق ئەتكىلى بولمايدىغان تۇرمۇش قايىنىمى ھاسىل قىلغان. شېرىن مۇڭداشقانلارمۇ، ھىجرانلىق تىغلىرىنى بىلەپ يۈرەكلەرگە نەشتەر سانجىۋاتقانلارمۇ، پۇشايمان ئىلكىدە ئەپۇ سوراپ قايتىدىن ئەپلىشىۋاتقانلارمۇ ئارىلىشىپ كەتكەن. تېخى چىرايلىق سۆزلىرى بىلەن رەزىل نىيىتىنى يوشۇرۇپ، قىزنىڭ باھارىنى خازان قىلىپ، ئۇنى ئۆمۈرلۈك داغدا قالدۇرۇشقا قاپقان قۇرۇۋاتقانلارنىمۇ پەرق ئەتكىلى بولمايتتى.

— مېنىڭچە، — دەپ جىملىقنى بۇزدى كامىل، — بۇ ئەرلەرگە قارىغاندا ئاياللارنىڭ ۋۇجۇدىدا مېھىر، مۇھەببەت، ۋاپا، ساداقەت ئامىللىرىنىڭ كۆپ بولغانلىقىدا. ھەرقانداق دۆت ئايالمۇ مۇھەببەت تۇيغۇسىنى ھېس قىلىشتا سەزگۈر ئەرلەردىن ئېشىپ چۈشىدۇ. ئايال زاتى مۇھەببەتنى ئەرلەرگە قارىغاندا بەك ئۇستۇن كۆرىدۇ، بۇ ھەقىقەت. مەن مۇنداق قارايمەن: بىز، بولۇپمۇ مۇسۇلمانلار ئەر ئايالنى باقىدۇ، بۇ ئۇنىڭ ئەرلىك مەجبۇرىيىتى دەپ قارايمىز. ئۆز ئايالىنى، بالىلىرىنى ياخشى

باقالمىغان ئەرنى كەمسىتمىدۇ، خورلايدۇ، ئوغۇل بالا ئەمەسكەن دەپ مەنسىتمەيدۇ. بىزنىڭ ئاياللىرىمىز بۇنى ھەقىقەت دەپ قارايدۇ، ئەرنىڭ ئۆزىنى بېقىش مەجبۇرىيىتى بار دەپ ھېسابلايدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۆزىنى باشقا بىرسىگە قارام قىلىپ قويىدۇ، ئەركىنلىكنى ئەر كىشىگە بېرىپ قويغىنىنى بىلمەيدۇ.

— بولدى، سىزنى گېئولوگ دېمەي پەيلاسوپ دېسە بولغۇدەك، شۇنچە رۇدىلارنى تەتقىق قىلغىنىڭىزنى ئاز دەپ قاچاندىن بېرى ھاياتنى، ئادەملەرنى تەتقىق قىلىدىغان بولۇپ قالدىڭىز؟ قارىغاندا تېخى مەن بىلمەيدىغان خېلى ھۈنەرلىرىڭىز بار ئوخشايدۇ، تېخى سىز ساپلا ئاياللارنى تەتقىق قىلغان ئوخشايسىز جۇمۇ ... — دېدى رىزۋانگۇل كامىلنىڭ مۈرەككەپ مۇلاھىزىلىرىدىن بىر نەرسە چۈشىنەلمەي.

— بۇ گەپلىرىم بىلەن كۆڭلىڭىزگە بىر گۇمان سېلىپ قويدۇممۇ ـ نېمە؟ سۆزىڭىزنىڭ پۇرىقى باشقىچە تۇرىدۇ جۇمۇ، رىزۋان.

— ئۇنىمۇ يوق دېگىلى بولمايدۇ، ئادەم دېگەننى چۈشەنمەك ئاسان ئەمەسكەن، — دېدى رىزۋانگۇل يېرىم چاقچاق، يېرىم راستتەك تەلەپپۇزى بىلەن. بىردىنلا رىزۋانگۇلنىڭ راملەنىڭ ئۆيىدە دېگەن سۆزى كامىلنىڭ ئېسىگە كەلدى ـ دە، سەل جىددىيلەشتى. «قىزنىڭ كۆڭلىدە ئېيتىش قىيىن بولۇۋتقان بىر تۈگۈن بار. ئۇ ماڭا مۇناسىۋەتلىك» دەپ ئويلىدى كامىل. بۇنىڭغا قىزنىڭ جۈرئەت قىلالماي يۈرگىنىگە قارىغاندا ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە ئائىت ئىش ئىكەنلىكىنى مۇقىملاشتۇردى. بۇنى قىزنىڭ ئاغزىدىن بىلىپ بېقىش قارارىغا كەلدى، شۇڭا ئۇ رىزۋانگۇلنى تېخىمۇ چىڭراق قولتۇقلاشقا دەۋەت قىلىپ نوقۇپ قويدى، بىلدۈرمەستىن ئۇنىڭ چىرايىغا سەپسالدى.

— رىزۋان، مېنىڭ بىر نەرسىگە ئىچىم پۇشۇپ تۇرىدۇ، ئىچىم پۇشقان بۇ نەرسە رېئاللىق ئەمەس، دەپ ئېيتالمايسىز. ئۇ

چوقۇم ماڭا مۇناسىۋەتلىك، شۇڭا ھازىرغىچە ئاغزىڭىزدىن چىقىرالماي كېلىۋاتىسىز، بىراق ئۇ نەرسە سىزنى ئازابلاۋاتىدۇ، مېنىڭ بۇ پەرەزلىرىمنى راست ئەمەس دەپ ئېيتالامسىز؟ !

— كامىل، پەيغەمبەرلىكنى ئاز قىلىڭ، توقۇپ چىققان نەرسىلىرىڭىزنى كىشىگە تاڭماڭ، مېنىڭ كۆڭلۈمدە ھېچقانداق تۈگۈن يوق، بولغان ھالدىمۇ ئۇنى يەشكۈچىلىكىم بار، ئەگەر قۇربىم يەتمىسە سىزنى ياردەمگە چاقىرمامتىم.

— بۇ گېپىڭىز تەبىئىي بولمىدى، رىزۋان.

— نېمىشقا شۇنداق دەيدىغانسىز كامىل، — دېدى رىزۋانگۈل. ئۇنىڭ ئاۋازى بەكمۇ زەئىپ چىقتى، مېنى مۇنداق قىينىماڭ، دېگەن مەنىنى ئېنىقلا ئىپادىلەپ قويدى. دەل شۇ چاغدا كۈتۈلمىگەن بىر ئىش يۈز بەردى. بىرسى كېلىپ رىزۋانگۈلنىڭ سول تەرىپىگە قاتتىق ئۇرۇلدى. قىزنىڭ قولى كامىلنىڭ بىلىكىدىن چىقىپ كەتتى ـ دە، قىز دەلدەڭشىپ، ئاران ـ ئاران دېگەندە ئۆزىنى توختىتىۋالدى.

— ھە ... نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئىزدەپ يۈرگەن گۈزەلىم سىزغۇ ... ماڭا بىر قاراڭە. مېنىڭ كۆزلىرىمگە تىكىلىپ بىر قاراڭە ... — دېدى ئۇرۇلغان ياش يىگىت. ئۇ مەستتەك قىلاتتى، ئۆزىنى تەڭشەپ مەزمۇت تۇرالماي تەۋرىنىپ تۇراتتى. رىزۋانگۈل چۆچۈپ كەتكىنىدىن كامىلنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇنى چىڭ تۇتۇۋالدى، ئاغزىغا گەپمۇ كەلمىدى، كامىل يىگىتكە ھەيرانلىقتا قاراپلا قويدى.

— سىز بىر دەم ئۇ يىگىتنىڭ يېنىغا، بىر دەم بۇ يىگىتنىڭ يېنىغا ئۆتۈۋالسام، ھېچبىر سورىقى يوق دەپ ئويلامسىز؟ بىر چاغلاردا سىزمۇ ماڭا شۇنداق چاپلىشىپ يۈرگەن.

— سىز نېمە دېمەكچى؟ قارىغاندا يولىڭىزنى داۋاملاشتۇرۇپ كېتىۋەرسىڭىز بولىدىغاندەك تۇرىدۇ، — دېدى كامىل سىلىق قىلىپ.

— ئەپەندىم، سىز بىلەن مېنىڭ ھېچقانداق مۇناسىۋىتىم

يوق، لېكىن بۇ قىز بىلەن ... ئېلىم ـ بېرىم ئىشىمىز بار.
— سىز كىم؟ مەن سىزنى تونۇمايمەن ! — دېدى رىزۋانگۈل خورلۇق بىلەن. ھېلىقى يىگىت ئەسەبىيلەرچە كۈلدى.
— رىزۋانگۈل، ئارىدىن بىر يىل ئۆتە ـ ئۆتمەي تونۇماس بولۇۋالسىڭىزلا ئۆتكەن ئىشلارنى يۇيۇۋېتىمەن دەپ ساددا ئويلاپسىز، ھېلىغۇ كۆزىڭىز ئوچۇق، كۆزىڭىزنى ئېتىپ قويۇپ قويۇۋەتسىمۇ ھېچقانداق يېڭىلىشمەي ھىدىمىنى پۇراپ تونۇۋالالايسىز. مۇشۇنداق قىلغان سەيلىمىزنىڭ سانىنى مەنمۇ ھېسابلاپ بېرەلمەيمەن، بەلكىم سىزمۇ ...
— تىلىڭنى يىغ تۆھمەتخور ! سېنىڭدەك نىمىنى كىم كۆرۈپتۇ؟ ! سەن زادى كىمسەن ! — دەپ ۋارقىرىدى رىزۋانگۈل ئاھانەت ۋە خورلۇققا چىدىماي.
— يۈرىكىڭىز پوك ـ پوك بولمىسا، يېڭى يارىڭىزنىڭ ئالدىدا كىملىكىمنى ئېنىق بىلدۈرۈشكە پۇرسەت بېرىڭ قەدىناس، مېنىڭ ئىسمىم قەلبىڭىزگە سىڭ سەبىي، پاك ۋاقتىڭىزدا يېزىلغان، مېنىڭ قەلبىمدىمۇ ئىسمىڭىز پۈتۈكلۈك، ياق ئىسمىڭىزلا ئەمەس، ئىسسىق قۇچاقلىشىشلار، تاتلىق سۆيۈشۈشلەرنىڭ خاتىرىسى يېزىقلىق. رىزۋانگۈل، خىزمەت ئورنى يۇقىرى، مائاشى كۆپ، ئىناۋەت ـ ئابرۇيى بار بىرسىنى ئۇچرىتىپلا دەسلەپكى سۆيگەن يىگىتىڭىزنى ئۇنتۇپ قالسىڭىز بەكمۇ ئىنسابسىزلىق بولىدۇ، ۋىجدانىڭىزنىڭ ئازابلانماي يۈرگەنلىكىگە مەن شۇ تاپتا بەكمۇ ئەپسۇسلىنىۋاتىمەن.
— سەن ۋىجدان دېگەننى بىلەمسەن؟ كىشىگە تۆھمەت قىلىۋېتىپ، قايسى يۈزۈڭ بىلەن ۋىجداننى پەش قىلىسەن؟ ! سەن لۈكچەك، سەن ۋىجدانسىز، تۆھمەتخور ! — دېدى ئەلەم ۋە خورلۇقتا يىرىلىپ كېتەي دېگەن رىزۋانگۈل. كامىل بولسا خىيالغا پېتىپ تۇرۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭ نېمىلەرنى ئويلاۋاتقىنىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ.
— رىزۋان قىز، بىز سەھنىدە ئويۇن ئويناۋاتمايمىز، رېئال

تۇرمۇشتا بولۇپ ئۆتكەن ئىشلار ھەققىدە سۆزلىشىۋاتىمىز. ياش گېئولوگ كامىل ئەپەندىنى تېپىۋېلىپ قولغا چۈشۈردىڭىز ـ دە، مېنى خۇددى كونا پايپاقنى ئىرغىتىپ تاشلىغاندەك تاشلىدىڭىز، مەن بۇنىڭ ئۈچۈن قايغۇرۇپ سىزنى ئىزدىگىنىم يوق، ئەلەمگە چىدىماي ئىچىمنى بوشىتىۋالاي دەپ ئىزدىگەن، بۈگۈن خۇدا ئۇچراشتۇرۇپ مۇرادىمغا يەتتىكۈزدى، سىزنى مۇنداق قىز دەپ ئويلىمايتىمەن، قالتىس ھۈنىرىڭىز بار ئىكەن جۇمۇ، مەن شۇ تاپتا مۇنۇ يىگىتكە ئېچىنىۋاتىمەن.

— مېنى ئاغزىڭغا ئالما، سېنىڭ خەيرخاھلىقىڭغا ھاجىتىم چۈشىدىغان ئادەم ئەمەسمەن، گېپىڭ تۈگىدىمۇ ياكى يەنە قىلىدىغان سۆزلىرىڭ بارمۇ، بولسا دېگىن، بولمىسا يولۇڭ ئەنە! — دېدى كامىل ئاچچىق بىلەن. يىگىت كېتىدىغاندەك ئەمەس، يەنە قانداقتۇر گەپلەرنى قىلىشقا تەييارلىنىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئىزتىراپتىن ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ، ئىچ ـ ئىچىدىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان يىغىسىنى ئاران ـ ئاران بېسىپ تۇرغان رىزۋانگۈل ھېچنېمىنى پەرەز قىلالمايدىغان ھالەتتە ئىدى.

— ئەگەر يەنە ئادەمنىڭ غۇرۇرىغا تېگىدىغان، ئىززەت ـ ھۆرمىتىگە تاقىشىدىغان گەپلەرنى قىلساڭ، مېنىڭدىن رەنجىمە! — دېگەن سۆزنى ئالاھىدە ئېيتىپ قويدى كامىل.

— ئەپەندىم، سىز ئاڭلىغان «چىن يۈرىكىمدىن ياخشى كۆرىمەن»، «پۈتۈن بارلىقىمنى تەقدىم قىلىمەن»، «مەڭگۈ سادىق بولىمەن» دېگەن سۆزلەرنى رىزۋانگۈلنىڭ ئاغزىدىن سىزدىن بۇرۇن تالاي قېتىم ئاڭلىغانمەن، شۇ ۋاقىتتا مەنمۇ ئىشەنگەن، شۈبھىلەنمىگەن.

— سەن مېنى شۇنچىلىك پەمسىز، ئەخمەق دەپ ئويلامسەن؟

— سىزلا ئەمەس كامىل ئەپەندى، مەنمۇ ئەخمەق، بۇنى بۇ رېئاللىق ئىسپاتلاپ تۇرمامدۇ؟ — رىزۋانگۈل يۈزىنى ئالىقانلىرى بىلەن ئېتىپ بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى.

— يەنە سىز ... — كامىلنىڭ كېلىشتۈرۈپ سالغان كاچىتى

بىلەن يىگىتنىڭ ئۈنى ئۆچتى، بىر مېتىردەك يەرگە بىرىپ ئولتۇرۇپ قالدى. كامىل يىگىتنىڭ ئورنىدىن تۇرۇپ، مۇشت ئېتىشىغا ئۆزىنى تەييارلاپ تۇراتتى، لېكىن ئەھۋال ئۇنداق بولمىدى، كاچات يېگۈچى ئورنىدىن تۇرۇپ يەرگە بىرقانچە قېتىم تۈكۈردى. تىلىنى قاتتىق چىشلىۋېلىپ ئاغزى قانغا تولۇپ كەتكەنىدى، ئۇ رىزۋانگۈلگە قارىتىپ بىرنى تۈكۈردى. نېمىلەرنىدۇ دەپ غۇدۇڭشىغىنىچە يول ياقىسىدىكى دەرەخلەر ئىچىگە كىرىپ كۆزدىن يوقالدى.

كامىلنىڭ تەسەللىلىرى قىزغا كار قىلمىدى. ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ يىغلاشلىرى توختىمىدى. كۆڭۈلگە پۈككەن كۆڭۈللۈك سەيلىمۇ سۇغا چىلاشتى. كامىل قىزنىڭ تەلىپى بويىچە ئۇنى ياتىقىغا ئاپىرىپ قويدى، تۇزۇكرەك سۆز قىلىشالمىدى، ئاخىر قىزنىڭ كۆڭلىنى ياساپ، تەسەللى سۆزلىرىنى قىلىپ بىر سائەتتىن ئوشۇق ھەمراھ بولدى. شۇنچىلىك ھەرىكەت قىلىپمۇ رىزۋانگۈلنىڭ كۆز ياشلىرىنى قۇرۇتالمىدى.

## 3

«كامىل، بۇ خەتنى يازغىنىمغا ھازىرغىچە ئۇمىدىنى ئۈزەلمەيتۇ، يەنىلا مېنى ياخشى كۆرىدىكەن دەپ خاتا چۈشىنىپ قالماڭ، مەن سىزگە ئىچ ـ ئىچىمدىن نەپرەتلىنىمەن. ھەر قېتىم ئويلىغىنىمدا ئۆچلىكىم كېلىپ، ئورنىمدىن تىك تۇرۇپ كېتىمەن، مۇشتلىرىم تۈگۈلۈپ، چىشلىرىم ئىختىيارسىز غۇچۇرلاپ كېتىدۇ.

كامىل، سىزدە ئەركەكلەرگە خاس مەردلىك، كەڭ قورساقلىقنىڭ سۇنىقىمۇ يوق. كۆكسى ـ قارنىڭىز كەڭ ئەمەس، ئۆتۈپ كەتكەن شەخسىيەتچى، سىزنىڭ نەزەرىڭىزدە ئۆزىڭىزدىن باشقا ھېچ نەرسە يوق، مەنلا بولسام، مېنىڭ ئويلىغانلىرىم، دېگەنلىرىم بولۇپ تۇرسىلا بولدى دەپ قارايسىز. يېنىڭىزدا

سىزگە خوتۇن بولغۇچىنىڭمۇ پۈتۈن تىرىك ئادەملىكى، ئۇنىڭمۇ ئۆزىگە يارىشا ھېسسىيات، ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنىڭ، ئوي ـ خىياللىرىنىڭ بارلىقىنى ئويلاپمۇ قويمايسىز، مەن سىزنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۆيلەنگەنلىكىڭىزنى، ئۆي ـ ئوچاقلىق بولغانلىقىڭىزنى زادىلا چۈشىنەلمىدىم. سىز تەبىئىي بىر ئايال كىشىنى خوتۇنلۇققا ئالغاندىن كۆرە، ئايال جىنىستا ياسالغان بىر ماشىنا ئادەمنى ياسىتىۋېلىپ، شۇنىڭ بىلەن ئۆي تۇتقان بولسىڭىز نېمىدېگەن باب كېلەتتى. ھەي ... ئەپسۇسكى، مەن ئۇقۇشماستىن گۈزەل ياشلىقىمنى، ئالتۇندەك قىزلىقىمنى سىزدەك بىر ھېسسىياتسىز، سوغۇق يۈرەككە تەقدىم قىلىپ قويۇپتىمەن. ئەمدى مىڭ پۇشايمان قىلغان بىلەنمۇ ئورنىغا كەلمەيدۇ.

كامىل، ھەر قاچان ئېنىقرارمەنكى، مەن سىزنى ياخشى كۆرەتتىم، ھەقىقەتەن چىن يۈرىكىمدىن، قەلبىمنىڭ چوڭقۇر يېرىدىن ياخشى كۆرەتتىم. ياشلىق ئارزۇ ـ ئارمانلىرىمنىڭ، قىزلىق تىلەكلىرىمنىڭ، ئۇرغۇپ تۇرغان ئاياللىق ھېسسىياتلىرىمنىڭ سىز بىلەن قانائەت تېپىشىنى كۈتكەنىدىم، كۆزلىرىمنى مۇھەببەت تۇمانلىرى توسۇغاندى، ھېسسىيات يالقۇنلىرى ئالا ـ يېشىل بولۇپ جۇلالىنىپ، ھەقىقىي مەنزىرىنى كۆرەلمەس قىلىپ قويغانىدى.

كامىل، سىز ئاياللار روھىنى چۈشىنەمسىز؟ پەقەتلا چۈشەنمەيسىز، قەلبىنى بولسا مۇتلەق بىلمەيسىز، ئۇلارنىڭ تەلپۈنۈشلىرىنى، خاھىشلىرىنى، ئىنتىزارلىقلىرىنى، چاڭقاشلىرىنى ھېس قىلالمايسىز. ئايال كىشىنىڭ قەلبى ئەرلەردىن نېمىلەرنى كۈتىدىغانلىقىنى، نېمىلەرنى تەمە قىلىپ، زارىقىپ كېتىدىغانلىقىنى بىلىپ باققانمۇ؟ ... مەن بۇنىڭدىن شۈبھىلىنىمەن، گۇمانلىنىمەن. ئۇلارنى بىلىدىغان يىگىت تويى بولۇپ كۆپ ئۆتمەيلا، قىزنى يالغۇز قالدۇرۇپ كېتىپ قالمايدۇ. سىز كېتىپ قالدىڭىز، ھېچقانداق بىئارامسىزلا كېتىپ

قالدىڭىز، سىز خۇددى ئۇسساپ قالغان ئادەم ئىستاكاندىكى سۇنى ئىچىۋېلىپ، ئۇنى شۇ جايىغىلا توككىنىدە تاشلاپ قويۇپ كېتىپ قالغاندەك كېتىپ قالدىڭىز. مەن ئىستاكان ئەمەس ئىدىم، قۇرۇق قالدۇرۇپ قويسا شۇ كىشى ئالمىسا، شۇ يەردە تۇرۇۋېرىدىغان. مەن يېڭى تويى بولغان قىز ئىدىم، تالاي ئۇيقۇسىز كېچىلەرنى ئۆتكۈزگەن، خۇشاللىقتا قىن ـ قىنىغا پاتماي، شادلىقتا چۆمگەن، ھەسرەتلىك كۆز ياشلار بىلەن تالاي قېتىم ياستۇقلارنى ھۆل قىلىپ قولغا كەلتۈرگەن ھايات لەززىتىنى ئەمدىلا تىلىنىڭ ئۇچىدا تېتىغان قىز ئىدىم. تومۇز ئىسسىقتا چۆلدە قېلىپ چاڭقاپ كەلگەن كىشىگە قانغۇدەك سۇ بەرمەستىن، ئۇنىڭ ئاغزىغا بىر نەچچە تامچە سۇ تېمىتىپ قويۇپ كېتىپ قېلىش نېمىدېگەن پاجىئەلىك، نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق؟ !
سىز مېنى تاشلاپ كەتكەندە شۇ ھالدا قالدىم. چاچقان ئۇرۇقلىرى ئۇنۇپ چىقىپ، مايسىلىرى يەلپۈنۈپ تۇرغان چاغدا دەريا سۈيى قۇرۇپ كېتىپ، مايسىلار سولىشىشقا باشلىغاندا يامغۇر تىلەپ كۆك ئاسمانغا كۆز تىكىپ، خۇداغا ئىلتىجا قىلغان بىچارە دېھقاندەك قالغىنىمنى سىز بىلمەيسىز، بىلمەيتتىڭىز. ئايال كىشى بىر سىرلىق دۇنيا، ئۇنىڭ روھىنىڭ بىر تىلسىمات ئىكەنلىكىنى سىز ئويلاپمۇ قويمايتتىڭىز، ئويلىغان تەقدىردىمۇ تېگىگە يېتەلەيدىغانلىقىڭىزغا ئىشەنمەيمەن.
كامىل، شۇ چاغدا مەن قالدىم، سىز كەتتىڭىز، مەن تەنھا قالدىم، بۇنىڭ مەن ئۈچۈن قانچىلىك ئازابلىق ئىكەنلىكىنى خىيالمۇ قىلمىدىڭىز، سىزگە ئاشۇ تاغ ـ دالا، دەشت ـ چۆللەر مېنىڭ قۇچىقىمدىنمۇ گۈزەل ۋە ئىللىقمىدى؟ مېنىڭ سىز خالىغانچە قاچىلاپ كېلىدىغان ئاشۇ نەس باسقان تاشلارچىلىك قەدرىم ـ قىممىتىم يوقمىدى؟ شۇلار ئۈچۈن، ئاشۇ لەنىتى تاشلار ئۈچۈن مېنى يالغۇزلۇق ئالىمىگە تاشلاپ ھىجران قىيناقلىرىغا تۇتۇپ بېرىپ كېتىپ قالدىڭىز. مەن ئۆيدە يالغۇز، داستىخان ئۈستىدە يېگانە، كېچىلەردە يەككە قالدىم. بىلسىڭىز، مەن

سىغىنىدىم، ئىزدىدىم، ھەممىڭلارنى يوراش ئۈچۈن كىيىملىرىڭىزنى سائەتلەپ باغرىمغا باستىم ... مەن نىملەرنى دەپ كەتتىم، ياق ... بۇلارنى دېيىشنىڭ نىمە ھاجىتى، قانداق زۆرۈرىيىتى بار؟ سىزنىڭ خەيرىخاھلىقىڭىزنى قوزغاشقا ئېھتىياجىم چۈشمىسە، بۇنداق دەردلىك ئېيتقان سۆزلەرنى قىلىشنىڭ مەنىسى نىمە ... ياق، مەن سىزگە ئۆلگۈدەك ئۆچ، يۈرىكىمدە پۈتمەس ـ تۈگىمەس نەپرىتىم بار، مەن خېتىم ئارقىلىق ئۆلارنى ئىپادىلەپ، قانغۇچە تىللاپ بىر قېتىم يىغانىمدىن چىقىۋالاي، ئەركىن نەپەس ئېلىپ، ھاردۇقۇمنى چىقىرىۋالاي.

كامىل، سىز ئۆتۈپ كەتكەن باغرى تاش، رەھىمسىز. مېنى بىر ئايال، بىر ئادەم سۈپىتىدە كۆرمىدىڭىز، قولىڭىزدىكى بىر بۇيۇمغا مۇئامىلە قىلغاندەك قارىدىڭىز، خۇشىڭىز كەلسە ئۇنى قولىڭىزغا ئېلىپ كۆرۈپ سىلاپ قويۇپ، خۇشىڭىز كەلمىسە تاشلاپ قويۇپ پەرۋاسىز يۈردىڭىز. بۇنداق خورلاشقا مەن چىدىمىسام كىم چىدايدۇ. مېنىڭ كۆز ياشلىرىم سىزگە تەسىر قىلمىدى، ئەركىلەشلىرىم، نازلىرىم تاش يۈرىكىڭىزنى يۇمشىتالمىدى. بۇنىڭ ئەكسىچە ھەددىڭىزدىن ئېشىپ، بارا ـ بارا مەندىن گۇمانلاندىڭىز، ئاخىر كۇنلەشكە ئۆتۈپ، خۇددى پايلاقچىلاردەك يۈرۈش ـ تۇرۇشۇمنى، سۆز ـ ھەرىكەتلىرىمنى تىمىسقىلاپ يۈرۈپ كۆزەتتىڭىز، مېنىڭ تونۇش ـ بىلىش، يار ـ بۇرادەرلىرىم بىلەن بىردەم ـ يېرىمدەم سۆزلىشىپ تۇرغىنىمنىمۇ بوش ئۆتكۈزۈۋەتمەي، تۆھمەت ماتېرىيالى قىلىپ توپلىدىڭىز. شۇنچىلىك شەرمەندىلىك دەرىجىسىگە يەتتىڭىزكى، مېنىڭ ئەر تونۇشلار بىلەن گەپلىشىپ تۇرغىنىمنى ئوغرىلىقچە سۈرەتكە تارتىۋېلىپ، قارىلاش پاكىتى قىلىپ خورلىدىڭىز. دوست ـ دۈشمەنلەر ئالدىدا ئابرۇيىمنى تۆكۈپ، ئىززەت ـ ھۆرمىتىمنى ئاياغ ـ ئاستى قىلىپ، دەپسەندە قىلدىڭىز. ئۆزىنى شۇنچىلىك بوزەك قىلغان، خورلىغان ئادەمدىن يەنىلا ئۈمىدىنى

ئۈزەلمەيدىغان ئەخمەق ئايالنى بۇ دۇنيادىن تاپقىلى بولماس.

كامىل، مەن سىزدىن نەپرەتلىنىمەن، چىشلىرىمنى غۇچۇرلىتىپ تۇرۇپ ئىسمىڭىزنى تىلغا ئالىمەن، بىللە ئۆتكەن كۈنلىرىمنى خورلۇق، يىرگىنچ بىلەن ئەسلەيمەن. پۇشايمان قىلىمەن، كېچىلىرى ئۇيقۇم قاچىدۇ. بەزىدە ياشلىرىم ياستۇقنى هۆل قىلىۋېتىدۇ، سىزنى قارغايمەن، تىللايمەن. يۈرىكىم بوشاشمايدۇ. مەن ئايال، ئاجىز بولغىنىم ئۈچۈن ئۆچۈمنى ئېلىپ، ئىچىمنى بوشىتىشقا ئامالسىز قالدىم. لېكىن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، مېنىڭ ئاھ ـ زارىم، بىهۇدە تۆكۈلگەن ياشلىرىم بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى ياقىڭىزدىن تۇتىدۇ. ئۆچۈمنى، ئىنتىقامىمنى ئېلىپ بېرىدۇ.

بىلىپ قويۇڭ، مۇشۇ خېتىمۇ قولۇمدىن كېلىدىغان ئۆچ ئېلىش، سىز بۇ خەتنى ئوقۇۋاتقاندا مېنىڭ كۆڭلۈم خۇش بولىدۇ. يېزىلىپ بولغاندا ئىچىم بىر قېتىم بوشىغان، ئوقۇۋاتقىنىڭىزنى هەر قېتىم ئويلىغاندا بىر قېتىم يېنىكلىشىپ قالىمەن، مەن سىزگە بەختسىزلىك تىلەيمەن، ئاپەت تىلەيمەن، خۇدانىڭ ئەدىپىڭىزنى بېرىشىنى تىلەيمەن».

بۇ ئۈزۈن خەتنى كامىل ئەتىگەن تاپشۇرۇۋالدى. ئىشخانىسىغا كىرىپ ئالدىرىماستىن باشتىن ـ ئاياغ ئوقۇپ چىقتى. ئۇنىڭ ئۈچ كۈن بۇرۇن يۈز بەرگەن ۋەقەدىن كۆڭلى غەش بولۇپ، سىرنى يېشەلمەي ئېغىرلاشقان كەيپىنى بۇ خەت بىردىنلا يېنىكلەشتۈرۈپ قويدى، چىگىچ خىياللىرىنىڭ ئۈچى تېپىلغاندەك بولدى. رىزۋانگۈل نەچچە كۈندىن بېرى مىجەزى يوقلۇقنى باهانە قىلىپ، خىزمەتكە چىقماي يېتىۋالغانىدى. كامىل هەر كۈنى كەچقۇرۇن ئۇنىڭ ياتىقىغا كىرىپ، هال ـ ئەهۋال سوراپ مۇڭدىشىپ تۇرغان بولسىمۇ، ئۇلار خۇددى كوچا سەيلىسىدىكى ۋەقە يۈز بەرمىگەندەك بۇ توغرۇلۇق ئېغىز ئېچىشمىدى. كامىل رىزۋانگۈلنىڭ ئۇ ئىش توغرىسىدا ئېغىز ئېچىشىنى هەر خىل باهانىلەر بىلەن چەكلەپ تۇردى، كامىل

قىزنىڭ ئىزاھلىشىنى، ئۆزىنى ئاقلاپ چۈشەندۈرۈشىنى خالىمايتتى. چۈنكى ئۇ بۇنىڭدا بىر سىر بار، رىزانگۈلنىڭ يېقىندىن بۇيانقى كەيپىياتىغا، بۇنىڭغا سەۋەبچى بولۇۋاتقان تۇغۇنگە مۇناسىۋەتلىك، دەپ قارايتتى. مانا ئۇ تۇغۇننىڭ ئۇچى كامىلنىڭ قولىدا، كامىل خەتنى كونۋېرتقا سېلىپ، قولىدا تۇتقىنىچە ئازراق ئويلاپ تۇرۇپ قالدى ـ دە، ئورنىدىن تۇرۇپ رىزۋانگۈل ئولتۇرىدىغان ئىشخانىغا قاراپ ماڭدى. قىز بۇگۈنمۇ ئىشقا چىقمىغانىدى، ئۇ ئەركىنگە سىرتتا ئازراق ئىشى بارلىقىنى ئېيتىپ قويۇپ، ئۆز ئىشخانىسىنى سولاپ بىنادىن چىقتى.

كامىل ياتاققا كىرگەندە رىزۋانگۈل ياشلىرىنى ئېرتىپ ئۆلگۈرەلمىگەنىدى. ئۇنىڭ قىزارغان كۆزلىرى، ئىششىغان قاپاقلىرى قاتتىق ئازابلانغانلىقىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى. كامىل جىمجىت بېرىپ بىر كىشىلىك كىرېسلودا ئولتۇردى. رىزۋانگۈل يۈزىنى كۆرسەتمەسلىك ئۈچۈن كارىۋىتىدا يېنىچە ئولتۇردى.

— رىزۋانگۈل، نېمىشقا يىغلايسىز؟ كۆز ياش بىلەن كۆڭۈلدىكى تۈگۈننى يېشەلەمسىز؟ — دېدى پەس ئاۋازدا سەل كۈلۈپ تۇرۇپ.

— مەن يىغلىسام، سىز كۈلىسىز ... — دېدى رىزۋانگۈل قېيىدىغاندەك. ئۇ سۆزىنىڭ ئاخىرىنى چىقىرالماي بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى. كامىل ئورنىدىن تۇرۇپ قىزنىڭ يېنىغا بېرىپ ئولتۇردى، قىزنىڭ ئىككى مۈرىسىدىن تۇتۇپ:

— بۇنچىلىك ئاۋارە بولۇشنىڭ ھاجىتى يوق، رىزۋان، كۆز ياشىڭىزمۇ ئۆزىگە لايىق قەدىر ـ قىممىتى بولۇشى كېرەك. سىزمۇ مۇنداق قىلسىڭىز رەقىبىڭىزنىڭ مۇددىئاسىنى ئورۇنلىغان بولىسىز، سىزنى قىيناش، ئازابلاش ئۈچۈن مۇشۇنداق قىلىپ يۈرسە، كۆڭلىدىكىنى قىلىپ بەرسىڭىز خۇش بولىدۇ.

— نېمە دېدىڭىز؟ — دېدى رىزۋانگۈل چۆچۈگەندەك بولۇپ،

ئۇ ياشقا تولغان كۆزلىرى بىلەن كامىلغا قارىدى، ئۆكسۈشىمۇ توختىدى، كامىل قىزنىڭ كۆزلىرىگە مېھىر بىلەن تىكىلدى، بىر پەس قاراپ تۇرغاندىن كېيىن:

— مېنىڭ دېگەنلىرىمنى رېئاللىق ئەمەس دەپ ئېيتالامسىز؟ مېنىڭ كۆزۈمگە تىكىلىپ تۇرۇپ ئەمەس دەپ بېقىڭا؟

— مەن ئۇنى تونۇمىسام، قانداق قىلىپ رەقىبىم بولغىدەك؟ ھېچكىمگە يامانلىق قىلمىسام، ماڭا كىم يامانلىق قىلغىدەك؟ — دېدى رىزۋانگۈل پەس ئاۋازادا. ئۇ تېخى سۆزىنى باشلىمايلا كامىلدىن كۆزىنى ئېلىپ قېچىپ، باشقا ياققا قارىۋالغانىدى.

— ئۇ يالغان مەستىنى تونۇماسلىقىڭىز راست، ئۇنى سىز ھېچ يەردە كۆرمىگەن، ئۇمۇ سىزنى تونۇمايدۇ. لېكىن سىزنى ئۇنىڭغا تونۇشتۇرغان ئادەم سىزنى تونۇيدۇ، ئەھۋالىڭىزنى بىلىدۇ، مېنى تونۇيدۇ، مېنى تونۇيدۇلا ئەمەس، بەش قولدەك بىلىدۇ، — رىزۋانگۈل نىمىشقىدۇر قورقۇش، ۋەھىمە ئىچىدە تىترەپ كەتتى، ھەممە ئىشتىن خەۋىرى بار دەك ئېيتىلغان كامىلنىڭ سۆزلىرى قىزنىڭ كۆڭۈل ئاسمىنىدا دەھشەتلىك قۇيۇن پەيدا قىلىپ، ئۇ يەردىكى ھەممە نەرسىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋەتتى، تېنىنى سوۋۇتۇپ، تىترىتىۋەتتى. شۇڭا ئۇ ئالمان ـ تالمان:

— كىشىنىڭ چۈشىدەك گەپلەرنى قىلماڭ، قانداق قىلىپ بىزنىڭ ئۇنداق دۈشمىنىمىز بولىدۇ، ئۇلار پەقەت سىزنىڭ پەرەز، قىياسىڭىز، — دېدى رەددىيە بېرىش تەلەپپۇزىدا. لېكىن، قىزنىڭ ئاۋازى شۇنچىلىك زەئىپ چىقتىكى، رىزۋانگۈلنىڭ ئۆزىمۇ چۆچۈپ كەتتى. ئۇ بۇ ھالىتىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن چاي قۇيۇشنى باھانە قىلىپ ئورنىدىن تۇرماقچى بولدى، كامىل ئۇنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇپ، ئۆزىگە تېخىمۇ يېقىن ئولتۇرغۇزۇۋالدى.

— سىزنىڭ بۇ ئىشتىن مېنى شۇنچىلىك قاچۇرۇۋاتقىنىڭىزنىڭ مەنىسىنى چۈشىنەلمىدىم. بۇنداق ئازابلىنىش ھاجەت ئەمەستى، شۇ تاپتىكى بىھۇدە

ئۆرۈنۈشىڭىزمۇ ماڭا سىرلىق بىلىنىۋاتىدۇ، ئۇنداق بولسا، ماۋۇ خەتنى كۆرۈپ بېقىڭا، — كامىل يانچۇقىدىن خەتنى چىقىرىپ قىزغا بەردى.

رىزۋانگۈل خەتنى ئوقۇغانسېرى جىددىيلەشتى، قىياپىتىدە ئاۋۋال ھەيران قېلىش، كېيىن چۆچۈش، بارا ـ بارا ئازابلىنىش ئالامەتلىرى ئېنىق كۆرۈندى. كامىل تاماكىسىنى بىر خىلدا شوراپ، ئاغزىدىن پۇرقىرىتىپ ئىس چىقىرىپ ئولتۇردى. قىز خەتنى ئوقۇپ بولدى. ئېغىر بىر تىنىۋېلىپ، يېنىدا ئولتۇرغان كامىلغا قارىدى، مەڭزى قىزىرىپ ئاناردەك بولۇپ كەتكەنىدى.

— كامىل مېنى كەچۈرۈڭ، مەن سىزنى شۇنچىلىك ئاھانەتكە قويىدۇم، مەن ئەيىبلىك، — دېدى ۋە يىگىتنىڭ بوينىغا ئېسىلىپ، كۆكرىكىگە بېشىنى قويدى.

— ياق، رىزۋان، مەن ئەپۇ سورىشىم كېرەك، مېنىڭ سەۋەبىمدىن شۇنداق ئازابلاندىڭىز، بۇنىڭ جاۋابكارى مەن، — دېدى قىزنىڭ چاچلىرىنى سىلاپ تۇرۇپ كامىل.

# ئون توققۇزىنچى باب

## 1

يېشىل لىباسقا پۈركەنگەن تەبىئەت تۈسىنى ئاستا ـ ئاستا ئۆزگەرتىپ، سىرلىق كىمخابلىق ئايالغا ئوخشاپ قالىدۇ، كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن دەرەخ شاخلىرى يالىڭاچلىنىپ، ئاچچىق كۈز شامىلىدا بىچارىلىك بىلەن چايقىلىدۇ، نالىلىك ئىڭرايدۇ، يوقالغان گۈزەللىكى ئۈچۈن پۇشايمان قىلىپ ھەسرەتلىنىدۇ، ياشلىق باھارىنىڭ ھەممە زىننەتلىرىدىن مەھرۇم بولۇپ، داغدا قالغان قىزدەك تەنھالىق، غېرىبلىق ئەلەمدە بوشىشىپ قالغاندەك بولۇپ قالىدۇ. يازچە قىن ـ قىنىغا پاتماي دولقۇنلىنىپ، شوخلۇق بىلەن ئاققان ئۆستەڭ سۇلىرى ھالسىرىغان تۇلپاردەك ياۋاشلىشىپ كېتىدۇ. ئۇلارنىڭ تىنماي ئېيتىدىغان ناخشىلىرى مۇرادىغا يېتەلمىگەن يىگىتتەك تىنىپ قالىدۇ. شوخلۇقلىرى غايىب بولۇپ، ھارغىنلىق يەتكەندەك ئىلمان ئېقىشىدۇ، ئۇلاردا نە كۆپۈك، نە بۇژغۇن كۆرۈنمەيدۇ، لەيلىشىپ تۇرغان سېرىق تەڭگىلەردەك يوپۇرماقلارمۇ ئېرىنچەكلىك بىلەن بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئاستا سۈرىلىدۇ. ئېرىقلارنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى مەجنۇنتاللارنىڭ بولۇق نوتىلىرى ئارىسىغا كىرىۋېلىپ، تاڭ سۈبھىسى بىلەن بەسلىشىپ، زوق ـ شوخ بىلەن سايرىغان ئاشىق بۇلبۇللارمۇ بۇ يەرلەرنى تاشلاپ كەتكەن، ئۇلارنىڭ يېقىملىق، مۇڭلۇق ئاۋازلىرى كىشىلەرنىڭ قۇلاقلىرىدا قالدى.

كامىلنىڭ قېيدىرىپ تەكشۈرۈش ئەترىتى كۈزنى مىنگىشىپ

كەتكەن، گىياھسىز، تاقىر تاغ تىزمىلىرى ئارىسىدا كۆتۈۋالدى. ئىشىنى تاماملاش ۋاقتى ئاللىقچان ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، بەلگىلىگەن نۇقتىلارنى تېخى تەكشۈرۈپ بولمىغانىدى. «ئۆيدىكى پىلان بازارغا توغرا كەلمەپتۇ» دېگەندەك، ئالدىن تۈزۈلگەن قېدىرىپ تەكشۈرۈش لايىھەسىدىكى بىر قىسىم ئورۇنلارنى ئۆزگەرتىشكە توغرا كەلدى. ئىلىم ـ پەن رېئاللىقى رەھىمسىز، ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتكە بويسۇنماي، خىيالىي ياندىشالارنى يۈز ـ خاتىر قىلماي جازالايدۇ، ئۆزىنىڭ قۇدرىتىنى بىر كۆرسىتىپ قويىدۇ، ئىلىم ـ پەن ئەھلى مانا شۇنىڭدىن قورقىدۇ، بۇ قورقۇش ئەلۋەتتە ھۆرمەت قىلىشنى ئەقىدە قىلىدۇ. سوبيېكتىپ ئىرادە ئوبيېكتىپ قانۇنىيەت بىلەن چىقىشقاندىلا ئاندىن تەبىئەتنى بويسۇندۇرىدىغان كۈچكە ئايلىنىدۇ، ئىختىرا قىلىش قابىلىيىتى بولۇپ شەكىللىنىدۇ. ئىنسانىيەت ئالىمىدە مۆجىزە تۇسىدىكى كەشپىياتلىرى بىلەن يەر شارىنى گۈللەپ ياشناش دەۋرىگە باشلاپ كىرگەن ئۇلۇغ كىشىلەرنىڭ قايسىبىرى تەبىئەتنىڭ جازاسىغا ئۇچرىمىغان؟ ئۇلار ئۇنىڭدىن قورقۇپ قالمىدى، رەنجىمىدى، قېيداپ تاشلاپ قويمىدى، ئەكسىچە ئەقىل تاپتى، تېخىمۇ يېقىنلاشتى، تەبىئەتنىڭ نەسىھەتلىرىنى، ئاگاھلاندۇرۇشلىرىنى سەمىمىي ئاڭلىدى، يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا ساقلىدى. بۇ قىممەتلىك مەنىۋى نۇر ئۇلارنىڭ ئەقىل يولىنى يورۇتۇپ، تەبىئەتنىڭ سىرلىق قوينىغا تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ كىرىشى ئۈچۈن يول كۆرسىتىپ، يورۇتۇپ بەردى. مانا بۇ ئىلىم ئەھلىنىڭ تەبىئەت بىلەن دوست بولۇش پىسخىكىسى. كامىل، مەسئۇد، ئەركىنلەرمۇ تەبىئەت بىلەن ئارىلىشىش جەريانىدا شۇ پىسخىكىنى ئۆگەنگەن. ئۇلارنىڭ تەبىئەتىدىمۇ تەبىئەت بىلەن ئورتاقلىق شەكىللەنگەنىدى.

كامىل ئەترىتىنىڭ بۇ قېتىمقى قېدىرىپ تەكشۈرۈشى ھەر قانداق قېتىمقىدىن جاپالىق، مۈشكۈل بولدى، سوتكىلاپ ئۈزۈلمەي چىقىدىغان جەنۇب بورىنىنىڭ دەستىدىن چېدىردىن

باش چىقارغىلى بولمايدىغان تەبىئەتنىڭ قاتتىق چاقچىقى، تۈرۈپ ـ تۈرۈپ ئۇلارنى سىناپ باقاتتى. ئاچ بۆرىدەك ھۆۋلىغان ئاۋاز ئۇخلاشتىن بۇرۇن قانداق ئاڭلىنىپ تۇرغان بولسا، ئويغۇدىن ئويغانغاندىمۇ بىر خىلدا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ھەرقانداق چارە قىلغان بىلەنمۇ غىچىرلىتىپ قۇم چاينىۋېلىشتىن خالىي بولغىلى بولمايتتى، سۇنى بولسا تېجەپ ئىشلىتىشكە توغرا كېلەتتى، ھەتتا بىرقانچە قېتىم سوتكىلاپ سۇسىز قالدى.

سىرتتا بوران ئاچ بۆرىدەك ھۆۋلاپ تۇرغان ۋاقىتلاردا كېچە بىلەن كۈندۈزنى ئانچە پەرق قىلغىلى بولمايتتى. ئۇدا چىراغ يورۇقىدا ئولتۇرۇشقا توغرا كېلەتتى. ئەترەت ئەزالىرى چوڭ چېدىرغا توپلىنىپ پاراڭلىشىدۇ، قىزىق ـ قىزىق چاقچاق، شاڭخولار بىلەن خۇشال ئولتۇرىدۇ. ئېلىننىڭ يۇمۇرلۇق سۆزلىرىمۇ، مەخمۇتنى گەپتە چۇشۇرۇۋالىدىغان شاڭخولىرىمۇ ئاخىر تۈگىمەيدۇ. بىر خىل تاماقنى يەۋەرسە، ئۇمۇ زېرىكتۈرگەندەك قىزىق ـ قىزىق گەپلەردىن زېرىكسە، تەمبۇر، دۇتار، ئىسكىرىپكا، داپلارنىڭ تەڭشىلىشى بىلەن قانغۇدەك ناخشا ئېيتىشىدۇ، كوچا ناخشىلىرى بىلەن يېڭى زامان مودىسىدىكى مۇزىكىلار چېلىنغاندا تانسىغا چۈشۈپ كېتىشىدۇ. تەۋەررۇك ئۈچ قىزنى تالىشىپمۇ كەتمەيدۇ، ئەرلەر بىلەن ئەرلەرمۇ تانسا ئويناۋېرىدۇ، بۇمۇ ئاخىر زېرىكتۈرىدۇ. ھەربىرى ئۆزى خالىغان ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. يانپاشلاپ يېتىپ، شەھەردە قالغان خوتۇن ـ بالىلىرىنى سېغىنىش بىلەن ئەسلىشىدۇ، تېخى ئۆيلەنمىگەنلىرى سۆيگەن قىزى بىلەن غايىۋى سۆھبەتلىشىپ، ئۇنىڭ ھۆزۈرىنى سۈرىدۇ. خورەك تارتىپ ئۇخلايدىغانلارمۇ، چىراغ يورۇقىدا كىتاب كۆرىدىغانلارمۇ بىر ـ بىرىگە كاشىلا قىلىشمايدۇ.

بۇ يەرنىڭ بورىنى بىر چىقىۋالسا، توختاشنى بىلمىگەندەك ئىككى كۈن ئۈچ كېچە ياكى ئۈچ كۈندۈز ئۈچ كېچە توختىماي چىقىدۇ. بوران توختاپ ھاۋا ئېچىلغاندا بولسا، كۈننىڭ نۇرى

ئادەتتىكىدىن كۆچلۈك يورۇپ كېتىدۇ، خۇددى بىر قانچە كۈندىن بېرى يىغىپ قويغان يورۇقلۇقنى بىراقلا چېچىپ تۈگەتمەكچى بولغاندەك چاقنىتىۋېتىدۇ. تاقىر، سېرىق توپىلىق ئېدىرلاردىن، قىزغۇچ رەڭدىكى تىزمىلاردىن، گۈل رەڭگىدىكى چوققىلاردىن يېنىپ، ۋىلىلداپ، لىغىلداپ تۇرغان نۇر جۇلاسى تاغنى بىر ئالىدۇ. ئۇ تۆت ئەتراپتا بىر خىل نۇر چەمبىرىكى ھاسىل قىلىپ، توختىماي ئېقىۋاتقان دەريادەك تەۋرىنىپ تۇرىدۇ. ھاۋا تونۇردىن چىققان ئوتنىڭ ھىدىدەك قىزىپ كېتىدۇ، توپىمۇ، تاشمۇ، قۇممۇ، شېغىلمۇ ئوخشاشلا قىزىپ كېتىدۇ، ئەترەتتىكى ئادەملەرنىڭ تېرىسىنى بىر - بىرىدىن پەرق ئەتكىلى بولماي قالىدۇ. ئاقلىرىمۇ، سېرىقلىرىمۇ، قارامتۇللىرىمۇ بىر خىل رەڭگە كىرگەن. يۈزلىرى، بويۇن تومۇرلىرى، ئومۇمەن كۆپىرەك ئوچۇق تۇرغان يەرلىرىنىڭ تېرىلىرى قارىدىغان، يېرىكلىشىپ كەتكەن، كالپۇكلىرى قېلىنراپ، يېرىكلىشىپ، گەز باغلاپ كەتكەندى. ھەتتا بەزىلىرىنىڭ مەڭزى، بەزىلىرىنىڭ پېشانە تېرىلىرى نېپىز بىر قات سويۇلغانىدى. چۈنكى بۇ تاغ ھاۋاسى ئۆزگىچە. ياز ئايلىرىدا كۈندۈزى قۇياشنىڭ تەبىئىتى كۆيدۈرگۈدەك ئىسسىق بولۇپ، ھەممە ياقتىن ئىسسىق ھۆپۈلدەپ ئۇرۇپ تۇرىدۇ. تۇرۇپ - تۇرۇپ چىقىپ تۇرىدىغان ئۇزۇك شامالمۇ كىشىنىڭ دېمى سىقىلغۇدەك ئىسسىق، ئاسمانمۇ، يەرمۇ، ئېگىزمۇ، ئۆيمۇ، تالامۇ ئوخشاشلا كىشىنىڭ دېمى تۇتۇلغۇدەك، نەپسى قىسىلغۇدەك ئىسسىق ئىدى. كېچىسى تۈن نىسپىدىن ئاشقۇچىلىك دىمىق ئىسسىق كىشىگە ئارام بەرمەيدۇ. تاڭغا يېقىن بولسا، يەر تېگىدىن چىققاندەك بىر خىل سالقىنلىق بەدەنلەرنى قورىدۇ. ئىختىيارسىز يوتقاننى چىڭ پۈركەشكە توغرا كېلىدۇ. ئۇ شەرق تەرەپتىكى تاغ چوققىسىدىن قۇياش ئۆزىنى كۆرسەتكۈچە داۋاملىشىدۇ، ئەتىگەندە قول، پۇت، يۈز - كۆزلەر بىر خىل قۇرغاق، يېرىكلىشىپ كېتىدۇ. تەبىئەتمۇ قىزىق، ئاياللارغا سېخىيلىق قىلىپ، يۇمشاق، ئاپپاق تېرە، قىپقىزىل

مەڭز، سۇزۇك ھال رەڭ لەۋ، قىيىلغان قاش، چىرايلىق كۆركەم نازاكەت تەقدىم قىلىدۇ ـ يۇ، يەنە كېلىپ ئۆزىنىڭ بەرگىنىگە ئۆزى تارلىق قىلىپ، ئۇلارنى بوزەك قىلىدۇ. رىزۋانگۈل، راملە، چىمەنگۈللەرنى ئەرلەرگە قارىغاندا كۆپرەك يەكلەيدۇ، ئۇلارنىڭ تىرىلىرىنى قارايتسىلا بولاتتىغۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە يىرىكلەشتۈرۈۋەتتى. خۇددى سۆيى قاچقان قوناق شېخىدەك قىلىپ قويىدى. ئۇلارنىڭ يەلپۈنۈپ تۇرىدىغان چاچلىرى چىگىچلىشىپ، بۇرۇنقى كۆركەملىكىنى يوقاتتى. ئەرلەرنىڭ بولسا، ساقاللىرى ئۆسۈپ ھەر بىرسىنى بىرقانچە ياش چوڭىيىپ قالغاندەك قىلىپ قويىدى. ئۇلار ئۆزلىرىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى ھەمراھلىرىغا قاراپ پەرەز قىلىشىدۇ. شۇنىڭغا قارىماي بىر ـ بىرىنى شاڭخو قىلىپ، قېنىپ ـ قېنىپ كۈلۈشۈپ كېتىدۇ، لېكىن تەبىئەتنى قارغىمايدۇ، ئاغرىنىش دېگەننى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەيدۇ. ئۇلار تەبىئەت بىلەن شۇنچىلىك ئىچەكىشىپ كەتكەنكى، ئۇنىڭ ئاشۇ خۇي ـ پەيلى بىلەن قاتتىق مىجەزىدىن سۆيۈنىدۇ، بىر خىل غۇرۇر تۇيغۇسى بىلەن پەخىرلىنىدۇ. تەبىئەت بىلەن ئىنساننىڭ بىر پۈتۈن ھالەتتە ياشايدىغىنىنى بىلگەن، ئۇنىڭ مەنىسىنى چۈشەنگەن ئادەملەرلا تەبىئەتكە شۇنداق دوست بولالايدۇ.

كۈتۈلمىگەن بىر ئىش بۇ قېتىمقى قېدىرىپ تەكشۈرۈش مەزمۇنىغا ئالاھىدە يېڭىلىق كىرگۈزدى. مەسئۇدنىڭ كىچىك گۇرۇپپىسى تۇنۇگۈندىن باشلاپ تەكشۈرۈشكە كىرىشكەن رايوندىكى تار جىلغىنىڭ ئىچىدە يوغان ئۈچ قورام تاشنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر بۇلاق تېپىلدى. گۇرۇپپا ئەزالىرى بۇلاقنى ئۇچراتقاندا خۇددى خەزىنە ئۇچرىغاندەك خۇش بولۇشتى. ھەر ھالدا بۇ كۆپ سۇ بولمىسىمۇ بۇلاق بولغىنى ئۈچۈن، سۇ بولغىنى ئۈچۈن تەۋەررۇك ھېسابلاندى. ئۇلار چۈشتە، كەچ ئىشتىن قايتقاندا بۇلاق سۈيىدىن قانغۇدەك ئىچىپ راھەتلىنىپ يېتىشۋالاتتى.

كۆن تىك بولۇپ، ئۇنىڭ نۇرى بىگىزدەك سانجىلاتتى، ھاۋانىڭ دىمىقلىقىدىن بەدەندىن توختىماي تەر چىقاتتى. مەسئۇد ئەزالىرىغا بۇلاق بېشىغا بېرىپ، ئازراق سالقىنداپ، ئوزۇقلىنىۋېلىشنى ئېيتتى. ئۇلار مەشغۇل بولۇۋاتقان ئىشلىرىنى شۇ يەردىلا توختىتىپ بۇلاققا قاراپ تۆۋەنلەشتى. ھەممىنىڭ ئالدىدا رىزۋانگۇل چۈشۈپ كېتىۋاتاتتى. بىر چاغدا ئۇنىڭغا بىرسى قارا دېگەندەك قىلدى، ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ، تاڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالدى. جىلغىنىڭ شىمال تەرىپىدىكى چوققىدا بىر جەرەن ئۇلارنىڭ ھەرىكەتلىرىگە تەشۋىشلىك قاراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئېگىز كۆتۈرۈلۈپ ئالدىغا سوزۇلغان بويىنى، قۇلاقلىرىنىڭ تىككىدە تۇرىشى، ھېلىلا ئېتىلىدىغاندەك قىياپىتى ھەم جىددىي ھەم تەشۋىشلىك ئىدى. ئۇنىڭ چىرايلىق كۆزلىرى نېمىنىدۇر تىنىماي ئىزدىگەندەك قىلاتتى. رىزۋانگۇل ھەم قىزىقىش ھەم ھەيران قېلىش بىلەن تۇرۇپلا قالدى. قىز جەرەننى مۇنداق يېقىن تۇرۇپ كۆرۈپ باقمىغانىدى، ئاندا ـ ساندا ئۇچراپ قالىدىغانلىرىنىڭ قارىسىنى كۆرۈپ بولغۇچە كۆزدىن غايىب بولاتتى. بۇ قاچىدىغاندەك ئەمەس. رىزۋانگۇل بىر پەس قاراپ تۇرغاندىن كېيىن قولىنى كۆتۈرۈپ، ۋارقىراپ قويدى، جەرەن شۇ ئان ئورنىدىن قوزغىلىپ، كۆزدىن غايىب بولدى. رىزۋانگۇل مېڭىشنى داۋاملاشتۇرۇپ پەسلىدى، بىر چاغدا ئۇ ئالدى تەرەپتىكى يەنە بىر ئېگىزلىكتە ھېلىقى جەرەننىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ بىر قىزغا، بىر پەستىكى بۇلاق بېشىغا قارايتتى، قىياپىتىدە بىر ۋەھىمە ئارىلاش قورقۇش، ئىنتىلىش بار ئىدى. رىزۋانگۇل «بەلكىم ئۇسساپ كېتىپ سۇ ئىچكىلى كەلگەن بولغىيتتى، قورقۇپ بۇلاق بېشىغا بارالمايۋاتسا كېرەك» دەپ ئويلىدى ۋە ئاۋايلاپ دەسسەپ پەسكە چۈشۈپ كەتتى. بىر چاغدا ئەتراپىدىكىلەرنىڭ ۋارقىرىغىنى ئاڭلاندى، ئۇلارمۇ ھېلىقى جەرەننى كۆرگەنىدى.

رىزۋانگۇل بۇلاق سۈيى ئېقىپ تۇرغان، كىچىك تاشلاردىن

ئۆزلىرى ياساپ قويغان ئېرىق بويىدا ئولتۇرۇپ ئاۋۋال قوللىرىنى، ئاندىن يۈزىنى يۇيۇۋاتقاندا كەينى تەرىپىدە بىر نەرسىنىڭ قىمىرلىغان شەپىسى بىلەن تىنىقى ئاڭلانغاندەك قىلدى. ئۇ چۆچۈپ ئورنىدىن تۇردى، ئەتراپقا ئەنسىزلىك ئىچىدە قارىدى. ئۆزىدىن ئۈچ مېتىردەك يىراقتىكى يوغان تاشنىڭ تۈۋىدىكى سەل ئويمانراق يەردە قىزغا قاراپ تۇرغان بىر جۈپ تەشۋىشلىك كۆزنى كۆردى. جىددىيلىشىپ قالغان رىزۋانگۇل يۈزىنى ئالىقانلىرى بىلەن ئېرتىۋېتىپ، كىرپىكلىرىدىكى ئېسىلىپ قالغان سۇ تامچىلىرىنى سىلاپ چۈشۈرىۋېتىپ، دىققەت بىلەن قارىدى ـ دە:

— ۋاي، جەرەن بالىسى! — دەپ ۋارقىرىۋەتتى. يۈگۈرۈپ ئۇنىڭغا يېقىنلاشتى، ياتقان بايقۇش قىمىرلىغان، تېپچەكلىگەن بولسىمۇ، ئورنىدىن تۇرالمىدى. رىزۋانگۇلمۇ بېرىپ تۇتالماي تۇرۇپ قالدى، ھېلىلا تاراملاپ ياش تۆكۈلۈپ كېتىدىغاندەك يېنىپ تۇرغان بىر جۈپ قارا كۆز ئۇنىڭغا نىجاتلىق تىلەپ تەلمۈرگەندى.

— ئېلى تېز كېلىڭ، جەرەن بالىسى! تېز كېلىڭ مەسئۇد! — دەپ ۋارقىرىدى رىزۋانگۇل سۆيۈنۈش ۋە خۇشاللىقىدىن ئۆزىنى تۇتۇپ ئالالماستىن.

تۇغۇلغىنىغا ئون نەچچە كۈن بولغان بۇ كىچىك جەرەننى ئانىسى ئەگەشتۈرۈپ، سۇ ئىچىشكە ئۆگىتىشكە ئېلىپ كەلگەن، چاڭقاپ كەتكەن بايقۇش بۇلاقتىكى سۇنى كۆرۈپ ئالدىراپ كېتىپ، تاش ئۈستىدىن يىقىلىپ چۈشكەنمۇ ياكى بايقىماستىن ئۆزىنى پەسكە ئاتقانمۇ، ئالدى ئوڭ پۇتى سۇنۇپ كەتكەندى. بىچارىنىڭ بۇ ھالىغا ھەممىسى ئېچىنىشتى. ئېلى جەرەن بالىسىنىڭ باش ـ كۆزلىرىنى خۇددى بالىسىنى سىلىغان ئاتىدەك سىلىدى، ئۇنىڭ يۇمشاق، يۇمران تۈكلۈك بەدىنىنى بىر پەس سىلىغاندىن كېيىن غەلىتىلا سۇنايلىنىپ تۇرغان پۇتىنى ئاۋايلاپ سىلىدى. چۆچۈگەن جەرەن بالىسى سەسكەنگەندەك

قىمىرلاپ كەتتى، باشقا ئەزالىرىنى مىدىرلاتقان بولسىمۇ، لېكىن سۇنغان پۇتىنى مىدىرىتالمىدى. بەدىنى بولسا، يېنىك تىترىدى، رىزۋانگۇل قاچىسىغا بۇلاقتىن سۇ ئەكېلىپ جەرەن بالىسىنىڭ تۇمشۇقىغا تۇتتى، ئۇ دەسلەپ قورقۇپ بېشىنى ئېلىپ قاچقان بولسىمۇ، سۇ ھىدىنى پۇراپ ئىچىشكە باشلىدى. ئۇ ھەقىقەتەن ئۇسسىغانىدى.

جەرەن بالىسى ئەتىرەتنىڭ تۇرالغۇسىغا ئېلىپ كېلىنگەندىن كېيىن، ئەترەت ئەزالىرىنىڭ ھەممىسى بىر - بىرلەپ كۆردى. سىلىدى، خۇشاللاندى. بىچارىگە ئىچىنىشتى، يەنە بىر تەرەپتىن سۆيۈنۈشتى. دوختۇر راملە ئۇنىڭ سۇنغان پۇتىنى ئاۋايلاپ، سىلاشتۇرۇپ، قېيىندا ئورنىغا چۇشۇردى. كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياشلارمۇ تۆكۈلدى، چۈنكى پۇتىنىڭ ئاغرىقىغا چىدىمىغان جەرەن بالىسى خۇددى كىچىك بالىدەك ئىڭرىغان ۋە چىرايلىق كۆزلىرىنى دوختۇرغا تىكىپ ياش تۆككەنىدى. دورىلار بىلەن قوشۇپ، ئاق داكا بىلەن بىر ئەپلىك تېڭىپ قويغاندىن كېيىن، راملەنى تۇمشۇقى بىلەن پۇراپ، باشلىرىنى يوتىسىغا سۇركەپ ئەركىلىگەندەك قىلدى. راملەنىڭ قورسىقىدىكى يورۇق دۇنياغا كۆز ئېچىشقا تەييارلىنىۋاتقان بىر جان تۇرۇپ - تۇرۇپ قىمىرلاپ، ئۆزىنىڭ ئالدىرىغانلىقىدىن سىگنال بېرىپ تۇراتتى، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ئانىلىقنىڭ مۇقەددەس مەسئۇلىيىتى يورۇتۇپ، خىيالىي بىر گۈزەل مەنزىرىنى نامايان قىلاتتى، بۇنىڭ بىلەن دوختۇرنىڭ قەلبى تىل بىلەن ئۇقتۇرۇپ بولغۇسىز سىرلىق شېرىنلىكتە يايرايتتى. راملەنىڭ قەلبىدىكى بۇ خىل يېڭى ھېسسىيات، يېڭى تۇيغۇلار بىلەن ئۇنىڭ جەرەن بالىسىغا نىسبەتەن قوزغالغان ھېسسىياتلىرىنىڭ ئورتاقلىقى ئۇنى تېخىمۇ شادلاندۇردى. بۇ شادلىق ئۇنىڭدا ئۆزىنىڭ ئىنسانلىقىدىن سۆيۈنۈش، ئانىلىقىدىن پەخىرلىنىش تۇيغۇسىنى بىر نازاكەت بىلەن زىننەتلىدى.

جەرەن بالىسىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدىن خەۋەر ئېلىش

چىمەنگۈلنىڭ بىر خىل خۇشاللىق بەخش قىلغۇچى مەشغۇلاتى بولدى. ئۇ بوشلا قالسا خۇددى كىچىك بالىنى ئەركىلەتكەندەك بۇ ئوماق جانىۋارنى ئېتىكىگە ئېلىۋېلىپ، ئۇنى سۆيۈپ، گۇرۇچ سۈيى، سۈت پاراشوكىنىڭ ئېرىتمىسىنى ئىچكۈزەتتى، باش ـ كۆزلىرىنى سىلايتتى، بەدەنلىرىنى يېنىك تاتىلاپ قويۇاتتى. ئۇ چاغلاردا راھەتلەنگەن جەرەن بالىسى ئەركىلىگەندەك قىلىپ، ئۆزىنى چىمەنگۈلگە سۈركەيتتى، قوللىرىنى، بىلەكلىرىنى ۋە ئاستا ـ ئاستا بېشىنى يۇقىرىلىتىپ ياش ئايالنىڭ قورساق ھەم كۆكسىلىرىنى يۇراپ قويۇاتتى.

ئانا بولۇش ئالدىدا تۇرغان ئىككى چوكاننىڭ غەمخورلۇقى، مېھرىدە جەرەن بالىسىنىڭ پۇتى تېزلا ساقىيىشقا باشلىدى. بويى ئۆستى، ئەتلىنىپ، تۈكلىرى پارقىراشقا باشلىدى. پۇتىنى ئاۋايلاپ دەسسەپ ماڭىدىغان بولغاندا ئۇنىڭ يېڭى شوخلۇقلىرى چىقتى، ئۆزىنىڭ يېڭى ئۆيى ــ قىزلار چېدىرىنىڭ ئىچىدە ئۇياقتىن ـ بۇياققا ئاۋايلاپ مېڭىپ، ئۇنى ـ بۇنى پۇراپ قويۇاتتى. چىمەنگۈل كىرسە ئۇنىڭغا ئەركىلەپ باشلىرىنى سىلكىپ، پۇتلىرىنى كۆتۈرۈپ قويۇاتتى، پاقالچەكلىرىنى يۇمشاق تىلى بىلەن يالاپ قويۇاتتى، كۆڭلىكىنىڭ ئېتەكلىرىنى شۈمەيتتى. ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى جەرەن بالىسى بىر كۈنى چىمەنگۈلنىڭ ئورنىغا چىقىپ يېتىۋاپتۇ، بۇنىڭدىن ئۈچ قىز سۆيۈنۈپ، چىمەنگۈلگە چاقچاقلارنى قىلىشتى، شۇنىڭدىن كېيىن ھە دېسىلا بۇ مېھمان چىمەنگۈلنىڭ ئورنىغا چىقىپ يېتىۋالىدىغان بولدى، لېكىن قەتئىي مەينەت قىلمايتتى. رىزۋانگۈل بىلەن رامىلە ھە دېسىلا چىمەنگۈلگە «سىز چوقۇم ئوغۇل تۇغىسىز، ئوغلىڭىزمۇ مۇشۇنداق چىرايلىق بولىدۇ» دەپ چېقىشىدىغان بولدى. چۈنكى جەرەن بالىسى ئەركەك ئىدى، چىمەنگۈل بۇ چېقىشىشتىن قەلبىدىكى سۆيۈنۈشنى يوشۇرالماي قالدى، بۇ گەپ تېزلا ئەرلەر ئىچىگە تارقالدى، بۇنى تارقاتقۇچى ئەلۋەتتە ئېلى بولدى.

كۆنلەر ئۆتۈپ، قېدىرىش ۋەزىپىسى ئاخىرلىشاي دەپ قالدى، ھاۋا مۆزلىدى. جەرەن بالىسىنىڭ پۈتىمۇ تەلتۆكۈس ساقىيىپ، بويى ئۆسۈپ كۆزگە كۆرۈنۈپ قالدى، ئۇ چېدىردىن خېلى يىراق يەرلەرگىچە بېرىپ، ئوتلاپ قايتىپ كېلەتتى.

بىر كۈنى كەچۈرۈنلۈقى تاماق ئېتىش بىلەن بولۇپ كەتكەن چىمەنگۈل كۈن غەربتىكى چوققىغا يېقىنلاشقاندا، چۈشتىن بېرى جەرەن بالىسىنى كۆرمىگەنلىكىنى ئەسلەپ، ئىشنى توختاتتى ـ دە، سىرتقا قاراپ ماڭدى. ئالدى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ياتىقىغا كىردى، ئۇ يەردە جەرەن بالىسىنى ئۇچراتمىدى. ئۇنىڭ ھەممە چېدىرلارغا كىرىپ ساياھەت قىلىدىغان ئادىتى بار ئىدى. شۇڭا چىمەنگۈل ئۇ يەرلەرنىمۇ ئىزدەپ باقتى، كۆڭلى يېرىم بولدى، جەرەن بالىسى ھەرقانداق ھالەتتىمۇ، بوران چىققان، يامغۇر ياغقان كۈنلىرىمۇ مۇنداق چاغقىچە قايتىپ كېلەتتى، ئۇ بۈگۈن نەگە كەتكەندۇ؟ نېمە بولغاندۇ؟ بىرەر ھادىسىگە ئۇچراپ ... ياق ... چىمەنگۈلنىڭ كۆڭلى پاراكەندە بولۇشقا باشلىدى. كۆز چاناقلىرىدا ياش پەيدا بولدى. ئۇنى چاقىرىپ ئۆگەتكەن «ئەركە» دېگەن نامى بىلەن چاقىرىپ كۆردى. لېكىن ھېچقانداق شەپە بولمىدى. ئۇ بىر تەرەپتىن «ئەركە» دەپ چاقىرىپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئەتراپقا سىنچىلاپ قاراشقا باشلىدى. چېدىرلاردىن بەش ئالتە يۈز مېتىردەك يىراقتىكى، غەرب تەرەپتىكى دۆڭلۈكتە چېدىرلارغا قاراپ تۇرغان جەرەن بالىسىنى كۆرۈپ خۇشال بولۇپ كەتكەن چىمەنگۈل قاراپ تۇرۇپلا قالدى. جەرەن بالىسى ئىككى ياققا ماڭاتتى، لېكىن پەسكە، چېدىر تەرەپكە ماڭمايتتى، بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن چىمەنگۈل خاتىرجەم بولۇپ، ئۇنىڭ قايتىپ كېلىشىگە ئىشەنچ ھاسىل قىلدى.

ئەترەت ئەزالىرى ئىلگىرى ـ كېيىن قايتىپ كېلىشتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا جەرەن بالىسىنى سوراشتى. ئۇلار ئۇنىڭغا ئۆگىنىپ قالغانىدى. بۇنداق چاغدا ئۇ بولماي قالىدىغان ئەھۋال مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. رىزۋانگۈل بىلەن رامىلە سۇرۇشتۇرگەندە:

— كەلمەپتىغۇ، ئاۋۇ ياقتىكى دۆڭلۈكتە تۇرغان، مەن چاقىرىپ قويغان، — دېدى چىمەنگۈل تاماق ئۇسۇۋېتىپ هەيران بولغىنىچە. رىزۋانگۈل بىلەن راملە چېدىردىن نېرىراق بېرىپ دۆڭلۈككە قارىدى، جەرەن بالىسى چېدىرلارغا قاراپ يەنىلا شۇ يەردە تۇراتتى، ئۇلار ئۇنى چاقىرغاچ ئىككى يانغا ماڭدى، لېكىن پەسكە قاراپ ماڭمىدى، جەرەن بالىسى باشلىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، كۆزىنى ئۈزمەي، مۇشۇ ياققا قارايتتى.

گۈگۈم چۈشۈشكە ئاز قالدى، ئاسمان كەچكى شەپەقنىڭ نۇرىدا قىزىلىلىقتا چۆمدى. ئەترەت ئەزالىرى قىزغۇچ نۇر ئىچىدە قاراپ تۇرغان جەرەن بالىسىنىڭ بۇ غەلىتە قىلىقىغا قارىشىپ تۇراتتى. ئۇ «ئەركە» دەپ چاقىرسىلا ئۇياقتىن ـ بۇياققا ماڭاتتى. چېدىر تەرەپكە بىر قەدەم تاشلىمايتتى. قاراپ تۇرۇشنىڭ ئورنى يوق، هازىرلا قاراڭغۇ چۈشىدۇ. شۇڭا ئېلى ئۇنى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن يول ئالدى. جەرەن بالىسى ئۇنىڭ قەدەم تاشلاپ كېلىشلىرىگە بېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، مەيدىسىنى كېرىپ قاراپ تۇردى. ئېلى ئۇنىڭغا ئەللىك مېتىردەك قالغاندا جەرەن بالىسى كۆزدىن غايىب بولدى، ئېلى دۆڭلۈكنىڭ ئۈستىگە چىققاندا، ئۇ يۈز مېتىردەك پەستە قاراپ تۇراتتى. ئېلى ماڭسا ئۇمۇ ماڭاتتى، توختىسا توختايتتى، ئاخىر بولماي ئېلى دۆڭدىن چۈشۈپ، چېدىرلار تەرەپكە قاراپ ماڭدى. بىر چاغدا جەرەن بالىسى دۆڭلۈكنىڭ ئۈستىدە يەنە پەيدا بولدى، ئېلى توختاپ بىر پەس قارىغاندىن كېيىن يەنە ئۇنىڭغا قاراپ ماڭدى. ئۇ يەنە دۆڭدىن غايىب بولدى. بۇ قېتىم ئېلى قاراپ تۇرغان سەپداشلىرىغا قوشۇلغاندىلا جەرەن بالىسى دۆڭلۈكتە پەيدا بولدى.

جەرەن بالىسى كىمنىدۇر كۈتەتتى، پەقەت شۇنىڭ كېلىشىنىلا كۈتەتتى، چىمەنگۈلنىڭ كۆڭلى بۇنى تۇيدى ـ دە، يول ئالدى، جەرەن بالىسى ئەمدى ئورنىدا تۇرالماي قالدى، ئويناقلاپ، تېپىرلاپ ئەركىلەيتتى. چىمەنگۈل ئۇنىڭ يېنىغا يېتىپ بارغاندا ئۇ باشلىرىنى چىمەنگۈلنىڭ پۇتلىرىغا سۈركەپ،

ئەمدىلا نەچچە سانتىمېتىر كەلگەن قوۋۇزۇقلىرىنى توختىماي مىدىرلىتىپ، پۇتلىرىنى كۆتۈرۈپ قىلىدىغان قىلىق تاپالماي قالدى. سۆيۈنۈش ۋە قانداقتۇر بىر خىل مۇڭلۇق ھېسسىياتتا كۆڭلى باشقىچىلا بولۇپ قالغان چىمەنگۈل تىزلىنىپ جەرەننىڭ باشلىرىنى، يۇمشاق بەدەنلىرىنى سىلىدى. ئۇمۇ ئۆزىنى خۇددى كىچىك بالىدەك سۇركىدى. جەرەن بالىسىنىڭ نەپەس ئېلىشلىرى تېزلەشكەن، يۈرىكىنىڭ دۈپۈلدەپ ئۇرۇشى ئاشكارا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. تۇمشۇقلىرى، بەدەنلىرى، ئادەتتىكىدىن ئىسسىق، شۇنىڭغا قارىماي يېنىك تىترەيتتى. ئۇنىڭمۇ كۆڭلى بىئارام بولۇپ تۇراتتى، چىمەنگۈلنىڭ كۆزى جەرەننىڭ كۆزىگە چۈشۈپ قېلىپ، يۈرىكى ئېچىشىپ كەتتى. چۈنكى ئۇ چىرايلىق كۆزلەردىن مونچاق ـ مونچاق ياش تۆكۈلۈۋاتاتتى. چىمەنگۈلمۇ كۆز ياشلىرىنى تۇتۇۋالالمىدى. بۇ جەرەننىڭ ئۆز غەمخورچىسى بىلەن خوشلىشىشى ئىدى. ئۇ ئايرىلىشقا قىيمايتتى، لېكىن كەتمەسلىككە ئامالىمۇ يوق ئىدى. ئۇ تاغ بالىسى. گۈگۈم بارغانسېرى قويۇقلىشىۋاتاتتى، چىمەنگۈل جەرەن بالىسىدىن قىيالمىغان ھالەتتە ئايرىلدى. ئۇ قاراپ تۇرغان سەپداشلىرىنىڭ ئارىسىغا قوشۇلۇۋالغۇچىلىك جەرەن بالىسى دۈگىلۈك ئۈستىدە خۇددى ھۆرمەت قاراۋۇلىدەك تۇردى. چىمەنگۈل ئۇنىڭغا قاراپ بىر قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ: «خەير ئەركە، ئامان بول !» دەپ ۋارقىرىدى. جەرەن بالىسى ئالدى ئىككى پۇتىنى ئېگىز كۆتۈردى. نەچچە دەقىقىدىن كېيىن ئارقىغا ئۆرۈلۈپ كۆزدىن غايىب بولدى. بۇنىڭ سىرىنى ئەترەت ئەزالىرى بىلگەن بولسىمۇ، ھېچكىم بىرەر ئېغىز سۆز قىلمىدى. ئۇلار سۈكۈت ئىچىدە چېدىرلىرىغا قايتىپ كىرىشتى.

## 2

بۇ يىل قىش كامىل ئەترىتى بىر ـ بىرىگە ئۇلۇشۇپ كەلگەن

خۇشاللىقلار بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتتى. بىر ئاي ئىچىدىلا بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈشنىڭ خۇلاسىسىنى چىقىرىپ، يۇقىرىغا يوللاپ بولدى، ئەۋرىشكىلەرنى خىمىيەلىك، فىزىكىلىق ئۇسۇللار بىلەن ئانالىز قىلىپ، بەلگە قويغان نۇقتىلاردىكى يەر ئاستى بايلىقلىرى ھەققىدە ئىلمىي باھالاشلارنى ئېلىپ بېرىپ، ئىسىم قويۇپ چىقتى. ئەمدى ئەتىيازغىچە ئىشخانىدا ئولتۇرۇپ ئۆگىنىش، يېزىش، سىزىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئادەتتىكى ئىش بىلەن مەشغۇل بولىدۇ. كامىل ئۆزىنىڭ كۆڭلىگە پۈكۈپ قويغىنى بويىچە، باشقىلار ئالدىرىتىشتىن بۇرۇن تويىنى قىلىۋېلىشى كېرەك. شۇڭا ئۇ ئادەتتىكى قىشلىق خىزمەت باشلىنىش بىلەنلا كۆڭلىدىكى توي قىلىش پىلانىنى ئۇقتۇردى. بۇ سۆزلەرنى قىلغاندا كامىل سەل ھاياجانغا تولسىمۇ چاندۇرمىدى. لېكىن رىزۋانگۈل ئۆز قەلبىنى پەقەت يوشۇرالمىدى. ئالدى بىلەن ئۇنىڭ قىزىرىشى، ئاندىن تاتىرىشى، پېشانىسىدىن تەر چىقىشى ھەممىنى ئاشكارىلىدى. كامىل ئۇنى غەيرەتلەندۈرۈش ئۈچۈن:

— يەنىلا كىچىك بالىدەك قىلىسىزغۇ، توي قىلىشقا تېخى بالدۇرمۇ - يە؟ — دېدى چاقچاق بىلەن.

— سىززە، مەن ئۇنداق گەپنى قىلمىدىمغۇ، ئادەمنى تەمتىرىتىپلا يۈرىسىز.

— ھازىرغىچىلىك تەمتىرىسىڭىز بىر ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن ئىش بار ئوخشايدۇ، مەن شۇنچىلىك قورقۇنچلۇقمۇ؟ ...

— نەدىكىنى، گەپ سىزدە ئەمەس، ئۆزۈمدە بولمامدۇ، مەن ياخشى كۆرۈشنىڭ بۇ خىل سىرلىرىنىڭ تېگىگە ھازىرغىچە يېتەلمەيۋاتىمەن، ئۆزۈمنى خېلىلا جۇرئەتلىك ھېسابلايمەن، بىراق سىز بىلەن بىرگە بولغاندىلا تەمتىرەيمەن، نېمىشقىكىن بىلمەيمەن، — دېدى ئەركىلەپ.

كامىل بىلەن رىزۋانگۈل تويىنىڭ تەييارلىق ئىشلىرىنى جىددىي قىلىشقا كىرىشتى. بۇ خەۋەر چىمەنگۈل بىلەن راملەنى خۇش قىلدى. ئۇلار رىزانگۈلگە ياردەملىشىپ ئالدىرىشىپ كەتتى.

ئازراق كىچىككىنە ئۇقتان ئاينۇر بىر كۈنى كەچقۇرۇن رىزۋانگۈلنىڭ ياتىقىغا كىرىپ، ئۇنىڭ كۆزىگە كىرىۋالدى. ئۆز ۋاقتىدا بۇ ئىشنى ئېيتمىغىنى ئۈچۈن رىزۋانگۈلگە جاۋاب بېرىش قىيىن بولغان سوئاللارنى قويۇپ تەمتىرەتتى. كۆڭلىگە كەلگەنلىك ھەققىدىكى سۆزلەرنى ھېسسىياتلىق سۆزلەپ، رىزۋانگۈلنىڭ كۆڭلىنى داۋالغۇتىۋەتتى.

— رىزانگۈل، مەن سىزنى سىرداش دوستۇم دەپ بىلىمەن. بۇ ئەقىدەمگە ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرقى مىنۇتىغىچە ئەمەل قىلىمەن. شۇڭا سىزگە قىزلارنىڭ قەلبىدىكى سىر بولۇپ ئىغا يوشۇرۇپ قويۇپ، ئۆزى بىلەن گۆرگە ئەكىرىپ كېتىدۇ دەيدىغان سىرلىرىمنى ئاشكارا ئېيتىۋېرىمەن. ئابايامقى سوئاللار سىز جاۋاب بېرىدىغان سوئاللار ئەمەس، مەن ئاللىقاچان جاۋابىنى تېپىپ بولغان سوئاللار. قىلغان سۆزلىرىم بولسا، روھىي ھۇجۇم، — دېدى ئاينۇر كۈلۈپ تۇرۇپ. رىزاۋنگۈل ئاينۇرنىڭ كۆڭلىنىڭ ياخشىلىقىدىن سۆيۈنۈپ كەتتى ۋە ئۇنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ، مەڭزىنى مەڭزىگە يېقىپ:

— مەنمۇ سىزگە ئۆمۈرلۈك سادىق دوست بولىمەن ئاينۇر، — دېدى. ئۇلارنىڭ لەۋلىرى كۈلۈپ تۇرسىمۇ، مەڭزلىرىنى سۆيۈپ ياش تۆكۈلدى. ئاخىر ئاينۇر توي كېيىمىگە مەسئۇل بولۇشنى ئۈستىگە ئالدى.

كامىلنىڭ تويى ئويلىغاندىن چوڭ ۋە بەكمۇ ھەشەمەتلىك بولدى. بۇنىڭدىكى بىردىنبىر سەۋەب كامىلنىڭ ئىلىم ساھەسىدىكى نامى ۋە شۆھرىتى ئىدى. ئەمەلدارلارنىڭ باللىرىنىڭ تويلىرىغا بۇنچىلىك كۆپ ھەم يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنىڭ كېلىشى بار ئىش ئىدى. بىراق، ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ تويىغا ئاپتونوم رايوننىڭ بىر قىسىم رەھبەرلىرى ۋە باشقا ئەمەلدارلارنىڭ كېلىشى ئەمدى كۆرۈلگەن بىرىنچى قېتىمقى ئىش ئىدى.

توي ۋېچىركىسى ئۆتكۈزۈلگەن كېچىسى كۈتۈلمىگەن بىر

ئىش يۈز بەردى. ياش ئوغۇل ـ قىزلار بىلەن تولغان ياسىداق زال قاينام ـ تاشقىنلىققا تولغان، ئېلېكترونلۇق چالغۇلارغا تەڭكەش قىلىپ ئېيتىلىۋاتقان مۇڭلۇق ناخشىلارغا ئوينىلىۋاتقان تانسا ئەۋجىگە چىققانىدى. دەل شۇ چاغدا زالغا چىرايلىق ياسانغان، كېلىشكەن بىر ئايالنىڭ كىرىپ كەلگەنلىكىگە ھېچكىم دىققەت قىلمىدى. ئۇ ئايال ئۈستىدىكى قېلىن كىيىملىرىنى سېلىپ زالنىڭ بىر چېتىدىكى كىيىم ئاسقۇچقا ئاستى، باشىنىكىنى ئېلىۋەتتى. يەلكىسىنى يېپىپ تۇرغان چاچلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ، توپ ئىچىگە كىردى. ئۇ تانسا ئويناۋاتقانلارنىڭ ئۆزە تۇرۇپ بىر ـ بىرى بىلەن سۆھبەتلىشىۋاتقان جۈپ ـ جۈپلەرنىڭ دالدىسىدا تۇرۇپ، زالنىڭ تۆرىدە ئولتۇرغان يىگىت بىلەن قىزغا بىر پەس قارىدى ـ دە، ئاستا ـ ئاستا سۈرۈلۈپ، مۇزىكانتلارنىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇ چوكان بۇ يەردە ئۈچ ناخشا ئېيتىلىپ بولغۇچە تۇردى، مۇزىكانتلار ئازراق دەم ئالدى، بۇ چاغدا ئۈنئالغۇنى قويۇۋەتتى. ئايال ھېلى ناخشا ئېيتقان يىگىت بىلەن ئازراق سۆزلەشتى ـ دە، قولىغا مىكروفوننى ئالدى. ئۆزىنى سەل دالدىغا ئېلىپ ھازىرلاندى، ئۈنئالغۇ توختىشى بىلەن ئېلېكترونلۇق مۇزىكىلار چېلىندى. بىر ئازدىن كېيىن ئايالنىڭ يېقىملىق ئاۋازى ياڭرىدى، كىملەرنىڭ ئۇ تەرەپكە قارىغانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى، مېھمانلار زالغا تولۇپ تانسا ئويناشىۋاتاتتى. ناخشا كىشىنىڭ يۈرىكىنى تىترەتكۈدەك مۇڭلۇق، قانداقتۇر بىر ھەسرەتنى يوشۇرغاندەك ئەلەملىك ئىدى. ئايالنىڭ بىرىنچى ناخشىسى يېرىمىغا بارغاندا كامىلنىڭ يۈرىكى جىغ قىلىپ قالدى. ئىختىيارسىز ئېيتىلىۋاتقان ناخشىغا دىققىتىنى ئاغدۇردى. ئۇ ھەم ھەيران قالدى، ھەم چۆچۈدى. ئۇ گۈزەلنۇرنىڭ ئاۋازىنى تونۇغانىدى. كامىل ئەنسىرەشكە باشلىدى، كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا رىزۋانگۈلگە قارىدى، ئۇ بىر خىل ئىچكى خۇشاللىقتا ئولتۇراتتى. كامىل گەۋدىسىنى سەل تىك قىلىپ، بېشىنى كۆتۈرۈپ مۇزىكانتلار بار تەرەپكە قارىدى، بىراق ناخشا

ئېيتقۇچىنى كۆرەلمىدى.

بىرىنچى ناخشا تۈگىگەندىن كېيىن زالدىكىلەر چاۋاك چالدى، چاۋاكنىڭ ئاخىرى ئۈزۈلمەي يېڭى ناخشا باشلاندى. بۇ بىرىنچىسىدىنمۇ مۇڭلۇق، تەسىرلىك ئېيتىلدى، ناخشىنىڭ ئاھاڭىغا ئېيتقۇچىنىڭ قەلبى بىرلىشىپ كەتكەندەك، بارلىق ئارزۇ - ئارمان، ئىستەك، پۇشايمان، ھەسرەت، پىغانلىرىنى ناخشىغا ئايلاندۇرۇۋەتكەندەك ھېسسىياتلىق ۋە مۇڭلۇق ئىدى.

كامىل بىر سەتچىلىكنىڭ چىقىپ قېلىشىدىن ئەنسىردى. ئورنىدا ئارامسىزلىنىپ، خەۋپسىرەپ ئولتۇردى. يەنە بىر تەرەپتىن گۈزەلنۇرنىڭ نىمە مەقسەتتە كەلگەنلىكى ئۈستىدە ئويلاندى، بىراق ھەرقانچە قىلىپمۇ كۆڭلىدە بىر يەكۈن چىقىرالمىدى. ئۇنىڭ مەقسىتى ھەققىدە ئېنىق بىر نەرسە تەخمىن قىلالمىدى. ئۇ بىرەر سەتچىلىك چىقىرىش ئۈچۈن كەلگەن بولسا، ناخشا ئېيتماس ئىدى. ۋېچىركىنى بۇزۇش بىلەن دەردىنى ئېلىپ، ئىچىنى بوشاتماقچى بولسا، ئوتتۇرىغا چۈشۈپ، بىرەر ئىش چىقارمامتى؟ گۈزەلنۇرنىڭ بىرىدىن - بىرى مۇڭلۇق، ھەسرەتلىك ناخشىلارنى ئىشتىياقى، زوق - ھەۋەسى بىلەن تىلدا ئەمەس، دىلدا ئېيتقاندەك ئېيتىشىنىڭ سىرىنى كامىل بىلەلمىدى. گۈزەلنۇرنىڭ ئىشتىياقى بىلەن ئېيتقان ناخشىلىرى ۋېچىركىنى تېخىمۇ قىزىتىۋەتتى. مېھمانلارنىڭ كۆڭلىنى تېخىمۇ يايراتتى. قىز - يىگىتلەرنىڭ ھېسسىياتىنى ئۇرغۇتۇپ، قانلىرىنى قىزىتتى، تانسا ئويناۋاتقانلارنىڭ كۆپ قىسمى توختىماي پىرقىرايتتى ... بەزىلىرى يېڭى - يېڭى پوكىسلار بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ھۈنىرىنى كۆرسەتكىلى تۇردى.

بۇ سىرلىق دەردمەن ناخشىچىنىڭ كىملىكىگە قىزىققۇچىلار كۆپىيىشكە باشلىدى. ئەمما كامىل ئەتىرىتىنىڭ كونا ئەزالىرىدىن باشقىلار پەقەت ئۇنىڭ سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ناخشىچىسى گۈزەلنۇر ئىكەنلىكىنىلا بىلىشتى. ئۇنىڭ تويى بولۇۋاتقان يىگىتنىڭ قويىۋەتكەن خوتۇنى ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى ۋە

بىلەلمىدى.

چوكان بىر سائەتتىن ئوشۇق ناخشا ئېيتتى، ھەممىنى ھەيران قالدۇردى، ئېيتىلغان ناخشىلارنىڭ يۈرەك تارىنى تىترىتىشىلا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ سېھىرلىك مۇڭى، كىشى قەلبىنى مەيۈس دولقۇنلىتىپ، قانداقتۇر خىيالىي بىر دۇنياغا سۆرەپ كىرىدىغان كۈچى باشقىلارنى تاڭ قالدۇردى. ناخشا ئېيتقۇچىنىڭ ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدىكى مەستانىلەرچە قىياپىتىمۇ باشقىلارنى قىزىقتۇرغان ۋە ھەيران قالدۇرغانىدى. دېمىسىمۇ ئۇنىڭ ناخشا ئېيتىۋاتقان ۋاقىتدىكى قىياپىتى، يېرىم يۇمۇلغان كۆزلىرى، ناخشا رىتىمىغا ماس ھەرىكەتلىرى، تولغىنىشلىرى، چاچلىرىنى ئېتىشلىرىمۇ چوڭقۇر مەنىگە ئىگە ئىدى. يەنە بىر سىرلىق يېرى شۇكى، ئۇ ئەتراپتىكى ھەممە نەرسىنى ئۇنتۇغان، ھەتتا مەۋجۇت دۇنيانىمۇ ئۇنتۇپ، پەقەت ئۆزىنىڭ مۆرەككەپ روھىي دۇنياسىغىلا مەپتۇن بولۇپ كەتكەنىدى.

ئايالنىڭ ناخشىسى تۈگىدى. ئۇ قولىدىكى مىكروفوننى يېنىدىكى بالىغا تۇتقۇزدى ـ دە، كەينىگە ئۆرۈلدى. ئەمدى ئۇ ئۇن نەچچە سېكۇنت ئاۋۋالقىغا پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغان بىر ئادەمگە ئايلاندى. قاشلىرى سوزۇلگەن، كۆزلىرى نۇرلىنىپ ئويناپ تۇراتتى، جىنەستىدەك لەۋلىرى تەبەسسۇمنى يوشۇرغان، مېڭىشلىرى سەھنىدە ئالقىشقا سازاۋەر ناخشىلارنى ئېيتىپ بولۇپ، قەلبى شادلىققا تولغاندەك نازاكەتلىك ئىدى. ئۇ ئۆزىدىن باشقا ئادەم يوقتەك سىلىقۋەتكەن پەلتۇسىنى كىيىپ، ئالدىرىماستىن تۈگمىلىرىنى ئەتتى، چاچلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ بولۇپ، باشىنىكىنى بىر ئەپلەك كىيدى. بىر ـ بىر دەسسەپ ئىشىككە قاراپ ماڭدى. ئىشىك تۈۋىدە توختاپ كەينىگە تولۇق ئۆرۈلدى. زالنىڭ تۆرىدە ئولتۇرغان كامىل بىلەن رىزۋانگۈلگە قارىدى. ئۇ چاغدىكى ئۇنىڭ لەۋلىرىدىكى تەبەسسۇمى يا كۈلكىگە يا يىغىغا ئوخشىماي قالدى.

ئىشىك غاچ قىلىپ ئېچىلىپ گۈزەلنۇر كۆزدىن غايىب بولدى. دەل شۇ چاغدا بىردىنلا كامىلنىڭ كۆڭلىنى بىر خىل مەيۈسلىك باستى. ئۇ ئاجراشقاندىن بۇيان بىرىنچى قېتىم گۈزەلنۇرغا ھەقىقىي ئىچ ئاغرىتتى. كۆڭلىنىڭ بىر يېرى تارتىشىپ، ھېسداشلىققا ئوخشاش بىر كەيپىيات سىلكىپ ئۆتۈپ كەتتى.

كامىل بىلەن رىزۋانگۈل مۇرات ـ مەقسىتىگە يېتىپ، بەخت بۆشۈكىدە ھاياتىنىڭ ئىنسانغا ئاتىغان لەززىتىنى سۈرۈۋاتقاندا ئەترەتتىكى يەنە بىر يىگىت مەسئۇد توي تەييارلىقىغا كىرىشتى. ئۇ ئاينۇرنىڭ تەلمۈرگەن چىرايلىق كۆزلىرىدىن ئوتلۇق مۇھەببەت، تاقەتسىز تەلپۈنۈش، ئىنتىلىش ئۇچقۇنلىرىنىڭ بۇرۇنقىدىنمۇ نۇرلىنىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، قىزنىڭ كۆڭلىدە نېمىلەرنىڭ قۇيۇندەك تىنىمسىز ئايلىنىپ، ئۇنى ۋەسۋەسىگە سېلىۋاتقىنىنى پەملىگەنىدى. ئۆزىنىڭ ھېسسىيات، ھاياجانلىرىنى ئانچە يوشۇرۇپ كەتمەيدىغان، تىلى چاققان ئاينۇر بۇنىڭغا كەلگەندە نېمىشقىدۇر بەكمۇ سالماق، ئىرادىلىك بولۇپ كەتتى. ئىككى كۈندە بىر دېگۈدەك مەسئۇد بىلەن ئۇچرىشىپ قانغۇدەك مۇڭداشقان كېچىلەردە مەسئۇد ئۆيىگىچە ئاپىرىپ قويۇۋاتقان بولسىمۇ، توي قىلىشنىڭ گېپىنى قەتئىي چىقارمىدى. ئۇ مەسئۇدقا قانغۇدەك ئەركىلەيتتى، قۇچىقىدا تۇگۈلۈپ ـ تۇگۈلۈپ قالاتتى، تويماستىن سۆيەتتى، پەقەت ئاشۇ بىرلا گەپنى ئاغزىدىن چىقارمايتتى. بىراق ئىچىدىن ئالدىراۋاتقىنىنى مەسئۇد ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن بىلەتتى. ئاخىر بولماي مەسئۇد بىر كۈنى كەچتە ئۇنى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇپ ئىشىك ئالدىدا توختىغاندا:

— ئاينۇر، مەن بىر سۆزنى خېلىدىن بېرى كۆڭلۈمگە پۈكۈپ، ئاغزىمدىن چىقىرالمىغانتىم، ئەمدى ئۇنى دېمىسەم بولمايدىغاندەك تۇرىدۇ، — دېدى ئۇنىڭ بېلىدىن قۇچاقلاپ تۇرۇپ.

— مەن قاچان ئېيتاركىن دەپ تەلمۈرۈپ، تاقىتىم تاق بولغان گەپنى ئەمدى ئاڭلايدىغاندەك تۇرىمەن، — دېدى ئاينۇر ئۇنىڭ بوينىدىن قۇچاقلاپ تۇرۇپ.

— توي قىلايلى، ماقۇل بولامسىز؟!

— قانچە تېز بولسا، شۇنچە ياخشى، — دېدى ئاينۇر يىگىتنىڭ كۆكرىكىگە بېشىنى مەھكەم بېسىپ تۇرۇپ ھەم كۈلۈپ، ھەم ئۆكسۈپ. شۇ كۈندىن ئېتىبارەن ئۇلار ئىككىسى توي قىلىش ۋە ئۇنىڭ تەييارلىقلىرى ئۈستىدە قىسىلماي كەڭ - كۇشادە سۆزلەشتى، مەسلىھەتلەشتى.

— ئاينۇر، بۇ قانداق بولغىنى، توي كىيىمىدىن باشقا ھېچنېمىنى مەن ئالمىسام، ھەممىنى سىز تەييارلاپ بولسىڭىز، — دېدى بىر قېتىم تويلۇق كىيىم ئۈستىدە سۆزلىشىپ مەسئۇد.

— بۇنىڭ نېمىسىگە ھەيران بولسىز، ئۆزۈم كىيىدىغان كىيىملەرنى ئۆزۈم ئالدىم شۇ.

— ئۇنى مەن تەييارلىشىم كېرەك ئىدى، ئاينۇر، بۇ ئەزەلدىن كېلىۋاتقان ئادەت.

— مەن تەييارلىسامىمۇ ئوخشاش ئەمەسمۇ، ئادەت دېگەنىمۇ ئالدى بىلەن بىرسى باشلاپ بېرىدۇ، ئاخىر باشقىلار ئۇنى دورىغاندىن كېيىن بۇنى ئادەت دەيمىز. مانا مەن مۇشۇنداق قىلىشنى خالاپ قالدىم. بۇنىمۇ دورايدىغانلار چىقىدۇ، بارا - بارا بۇ ئادەتكە ئايلىنىپ، كونىسىنى تاشلايدۇ، — دېدى ئاينۇر كۈلۈپ، ئەركىلەپ.

— مەن نېمە قىلىمەن، نېمە تەييارلىق قىلىمەن ئەمەسمە؟ — دەپ سەممىمىي سورىدى، قىزنىڭ قارشىغا قايىل بولغان مەسئۇد.

— سىزنىڭ پەقەت، پەقەت بىرلا ۋەزىپىڭىز بار، پەيلاسوپ، ئۇ بولسىمۇ مېنى بۇ دۇنياغا ئاپىرىدە قىلغان، ئاق سۈت بېرىپ چوڭ قىلغان ئاتا - ئانامغا ماڭا ئېرىشكىنىڭىز ئۈچۈن رەھمەت ئېيتىپ، ئۇلارنى خۇش قىلىسىز. بۇ خۇشلۇق سىزدىن پەخىرلىنىش، مېنىڭدىن رازى بولۇشنى مەزمۇن قىلسا بولىدۇ، —

دېدى ئاينۇر ئويناپ تۇرغان چىرايلىق كۆزلىرىنى مەسئۇدقا تىكىپ.

— سىز چۆچەكلەردىكى پادىشاھنىڭ قىزلىرىدەك ھېكمەتلىك ۋەزىپىنى تاپشۇردىڭىز، يەنە بىر تەرەپتىن بۇ تېپىشماققا ئوخشاپ قالدى. رەھمىتىمنى نېمە بىلەن يەتكۈزۈشكە ئەقلىم يېتەرمۇ؟

— بۇنىڭغىمۇ سىزنى ئاۋارە قىلمايمەن، باش قاتۇرۇپ مېڭىڭىزنى ئىسراپ قىلىشىڭىزنى راۋا كۆرمەيمەن، چارىسىنى ئاللىقاچان ئويلاپ قويغان، مېنىڭ دېگىنىم بويىچە قىلىسىڭىزلا بولىدۇ، بۇ ئىشلار ئۈچۈن سىزنى ئاۋارە قىلىشنى خالىمايمەن.

— بولىدۇ ئاينۇر، شۇنداق قىلمايمۇ ئامالىم يوق ئوخشايدۇ، تۇرمۇشتىكى ئىشلارغا پەمى كەملىك قىلىدىغان ئادەم سىزدەك چېۋەرلەرگە بويسۇنسا بولغۇدەك، بۇ ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتە ئەمەل قىلمىسا بولمايدىغان قانۇنىيەتتەك قىلىدۇ. بۇنى پەقەت مۇشۇ بىر قانچە ھەپتە ئىچىدە تونۇپ يەتتىم، — دېدى مەسئۇد سەممىيلىك بىلەن. بۇنىڭدىن ئاينۇرنىڭ قەلبى قەۋەتلا سۆيۈنۈپ يۈرەكلىرى ئويناپ كەتتى، ئۆزىنى تۇتۇۋالالماستىن يىگىتنىڭ بويىندىن قۇچاقلاپ لەۋلىرىدىن ئۇزاق سۆيدى.

— سىز بىلىسىزغۇ، — دېدى ئاينۇر مەسئۇدنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، — مەن يالغۇز قىز، بۇ دۇنيالىقتا ئاتا ـ ئانامنىڭ بىرلا تەۋەررۈكى، ئۇلار بىرلا مېنىڭ ئاتا، ئاپا دېگىنىمنى ئاڭلىغان. ئۇلارنىڭ قەلبى ئۇنىڭغا قانائەت قىلامدۇ دەيسىز، قىلىدىغان سوۋغات: چىن يۈرىكىڭىزدىن چىقىرىپ ئاتامنى ئاتا، ئاپامنى ئاپا دېسىڭىزلا بولىدۇ. ئۇلارغا بۇنىڭدىن ئارتۇق مۇقەددەس سوۋغات بۇ دۇنيادىن تېپىلمايدۇ، — ئاينۇرنىڭ ئاۋازى تىترەپ چىقتى، مەڭزى قىزىرىپ، تېخىمۇ گۈزەللىشىپ كەتتى. مەسئۇد دەرھال بىر نېمە دېيەلمىدى. ئۇ بىر نۇقتىغا تىكىلگىنىچە تۇرۇپ قالدى. قىز كۈتەتتى، جىملىق ھۆكۈم سۈرەتتى. ئاينۇرنىڭ چىرايى ئاستا ـ ئاستا ئاقىرىشقا، كۆزلىرىدىكى جۇشقۇنلۇق مەيۈسلۈككە ئايلىنىشقا باشلىدى،

غايىۋى بىر مەنزىرىدىن راھەتلەنگەندەك ئولتۇرغان مەسئۇد قىزدىكى ئۆزگىرىشلەرنى سەزمىدى.

— بۇ تەلەپ بەك ئېغىرمۇ؟ — دېدى بەكمۇ پەس ئاۋازدا.

مەسئۇد بېشىنى قىز تەرەپكە بۇرىدى، ئىككى قولدىن تۇتۇپ:

— ياق! سىز نېمىدېگەن يۇكسەك، ئاينۇر، ئادەمگە ھەقىقەتەن ئۇنىڭدىن مۇقەددەس سوۋغا بولمايدۇ، بۇ ھەقىقەت! — دېدى ئىخلاس بىلەن.

— سىز نېمىدېگەن ياخشى، — دېدى ئاينۇر. ئۇنىڭ كۆزىدىن چىققان تاڭ شەبنىمىدەك ئىككى تامچە ياش تەبەسسۇم تۆكۈلۈپ تۇرغان لەۋلىرىدە ئىككى تال مەرۋايىتتەك تۇرۇپ قالدى.

توي ئۇچۇن مەسئۇدقا ئازراقمۇ چىقىم قىلىشقا ئىمكانىيەت تۇغۇلمىدى، ئۇنىڭ يىغىپ قويغان پۇللىرى شۇ پېتىچە قالدى. بىر كۈنى كەچۇرۇن يېتىش ئالدىدا مەسئۇد مۇنداق دېدى:

— ئاينۇر، ئۆيىمىزمۇ زامانغا لايىق سەرەمجانلاشتۇرۇلدى، ئۆيدىكى ھەممە نەرسىدە سىزنىڭ سايىڭىز كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ، خالىسىڭىز مەنمۇ ئۆيگە لازىملىق نەرسىلەرنى ئالاي، سىزگە ئاتاپ يىغىپ قويغان خېلى پۇلۇم بار، قانداق دەيسىز؟

— نېمىشقا بۇنداق ئويلاپ قالدىڭىز، مەن سىزگە تەۋە بولغاندىن كېيىن ئۆيدىكى ھەممە نەرسىمۇ سىزگە مەنسۇپ، چۈنكى مەن بۇلارنى سىزگە ئاتاپ ئالغان ـ دە ... — دېدى ئاينۇر كۈلۈپ.

— ئۇ پۇللارنى قانداق قىلىمىز؟ — سورىدى مەسئۇد.

— ئۇ پۇللارنى ماڭا ئاتاپ توپلىغان بولسىڭىز ماڭا بېرىڭ، مەن نېمىگە ئىشلىتىشنى بىلىمەن.

— بولدى سىزگە ھېساب، لېكىن نېمىگە ئىشلىتىشنى ئېيتىپ بېرىشىڭىزنى خالايمەن، ئالتۇن ئۈزۈكتىن بىرنەچچىنى ئالامسىز ـ يە؟

— شۇ تۇرقىم بىلەن سىزگە ئانچە چىرايلىق كۆرۈنمەيۋاتىمەنمۇ؟ ئەمدى بۇ قولۇمغىمۇ بىرقانچە ئۈزۈك

سىلىنىۋالسام ئاندىن ...

— گەپنى نەلەرگە ئېلىپ كەتتىڭىز، دۇنيادا گۈزەللىكتە سىزگە يېتىدىغىنى يوق. مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم، نېمىگە ئىشلىتىدىغانلىقىڭىزنى بىلىش، باشقا ئويۇم يوق، — قىز بىر پەس جىم بولۇپ خىيالغا پاتتى، ئۇ چوڭقۇر بىر نەرسىنى ئويلاۋاتقاندەك قىلاتتى، بۇنى پەملىگەن مەسئۇد كۈتتى.

— مەن سىزنى ياخشى كۆرۈپ قالغاندىن كېيىن، — دەپ سۆز باشلىدى ئاينۇر جىملىقنى بۇزۇپ، — ئاجايىپ شېرىن خىياللار بىلەن كۈنلىرىمنى بەكمۇ مەنىلىك ئۆتكۈزدۈم. سۆيۈشكە ئەرزىيدىغان بىر يىگىتنى ياقتۇرۇپ قالغىنىمغا ئۆزۈمدىن ئۆزۈم پەخىرلىنىمەن، پەقەت مەن ئۆز ھەمراھىمنىڭ ئىلىم - پەن ساھەسىدە تېخىمۇ يۇقىرى ئۆرلەپ، مىللىتىمىزنىڭ ئىلىم - پەن سەۋىيەسىنى ئالدىنقى قاتارغا قوشۇش مۇساپىسىدىكى سەپىرىدە پۇتلىكاشاڭ بولماي ئاسانلىق يارىتىپ بېرىش رولىنى ئوينىسام دەپ ئەھدى قىلغانىدىم، بىلسىڭىز، مەن بۇ پۇلنى شۇ ئىش ئۈچۈن ئىشلىتىمەن. سىزنىڭ چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇپ كېلىشىڭىزنى ئارزۇ قىلىمەن، بۇنىڭ ئۈچۈن لازىملىق نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى سىزدە بار، مۇشۇ پۇل شۇنىڭ مۇھىم بىر بۆلىكى، مەسئۇد.

مەسئۇد جىددىيلەشكەن، ھاياجانلانغان، ھودۇققان ھالدا ئورنىدىن تۇرۇپ، ئاينۇرغا قارىدى. يېڭى كېلىن ئۆز ئېرىنىڭ مۇنداق ھاياجانلانغانلىقىنى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتاتتى. ئاينۇرمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. مەسئۇد ئۇنىڭدىن كۆزىنى ئۈزمەي تۇرۇپ، سۇرۇلگەندەك يېقىنلاشتى، ئوڭ قولىنى ئاستا كۆتۈردى، قولى يېنىك تىترەيتتى. ئىچ كۆڭلەك بىلەن تۇرغان خوتۇنىنىڭ مەرمەردەك ئاپپاق يەلكىسىنى نازۇك بىر نەرسىنى تۇتقاندەك ئاۋايلاپ تۇتتى، سول قولى بىلەن يەنە بىر يەلكىسىنى شۇنداق تۇتۇپ ئۆزىگە تارتتى، ئاۋايلاپقىنا قۇچىقىغا ئالدى. ئاينۇر ئېرىنىڭ قۇچىقىدا راھەتتە تولغۇلۇپ قالدى. مەسئۇد ئۇنىڭ

يۇمشاق چاچلىرىنى سۆيگىلى، بەللىرىنى سىلىغىلى تۇردى. ئۇ «مېنىڭ خوتۇنۇم، نىمىدېگەن ياخشى، پەرىزات ... پەرىشتە» دەپ توختىماي شىۋىرلايتتى ۋە كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكەتتى.

كامىل ئەترىتىنىڭ خۇشاللىقى بۇلار بىلەنلا تۈگىمىدى، رامىلە ناھايىتى ئومماق بىر قىز تۇغدى، ئەركىن ئاتا بولدى، چىمەنگۈل بولسا شۇنداق بۇدۇرۇق ئوغۇل تۇغدى. بۇنداق خۇشاللىقلار يەنە بار...

# يىگىرمىنچى باب

## 1

كامىل ئەزىزوپىنىڭ ئىشخانىسىدىن چىققانىدا قۇياش شەھەرنىڭ غەرب تەرىپىدە ئالتۇن تاۋاقتەك ئېسىلىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ قىزغۇچ نۇرلىرى ئاپپاق قارلاردىن يېنىپ، شەھەر ئاسمىنىنى بىر خىل لىرىكىلىق تۇسكە كىرگۈزگەنىدى. دەرەخ شاخلىرىغا ئېسىلىپ قالغان قار گۈللىرى ئاق رەڭگىدە بىر خىل يېڭى تۇس ئېلىپ، بىر قارىسا كۆز يوپۇرماقلىرىغا، بىر قارىسا، سارغۇچ تەڭگىلەرگە ئوخشاپ قالغانىدى. ئېگىلىپ تۇرغان نوتىلاردىكى قارلار تۇتاش ئېچىلىپ كەتكەن گۈللەرگە ئوخشاپ تۇراتتى. كامىل قىش پەسلىنىڭ گۈگۈم چۈشۈش ئالدىدىكى مەنزىرىسىنىڭ مۇنداق گۈزەل بولىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ باقمىغان، بەلكىم ئۇ بۇرۇن دىققەت قىلمىغاچقا شۇنداقمۇ ياكى بۈگۈن تەبىئەت شۇنداق گۈزەل كۆرۈنۈۋاتامدۇ، بۇنى بىلىشكە بولمايتتى. بىر - بىر دەسسەپ كېلىۋاتقان كامىلغا كۆزى چۈشكەنلا نەرسە يېقىملىق كۆرۈنۈپ، قەلبىدىكى ھېسسىياتلىرىنى تېخىمۇ ئۇلغايتىۋاتاتتى. كۆڭلىدىن تۇرۇلۇپ - تۇرۇلۇپ ئۆتۈۋاتقان خىياللىرىنى دولقۇنلىتاتتى. ئۇ بىردىنلا ھەر چامدىغاندا ئايىغى ئاستىدىن چىقىۋاتقان غىچىرلىغان ئاۋازنى ئاڭلاپ قالدى. ئۇنىڭغا دىققەت بىلەن قۇلاق سالدى، بۇ ئاۋازنىڭمۇ شۇنچىلىك يېقىملىق ئاڭلىنىۋاتقىنىنى مۇشۇ دەقىقىلەردىلا سەزدى. ئادەمنىڭ روھى بىلەن تەبىئەت ئىچىگە يوشۇرۇنغان سىر كۆزگە كۆرۈنمەس بىر باغلىنىشتا بولسا

كىرەك. قانداقتۇر بىر خىل تۇمان بىلەن چۈمكىلىپ، ھارغىنلىق ئىچىدە ئىڭىرلاشقان روھ رەڭمۇرەڭ گۈللەر ئىچىلىپ كەتكەن، كېپىنەكلەر شوخلۇق بىلەن قىن ـ قىنىغا پاتماي ئۇچۇشۇپ يۈرگەن، ئاشىق بۇلبۇللار مەستانىلارچە سايرىشىۋاتقان باغلارنى سېغىنىدۇ، ياپيېشىل قارىغايلار بىر ـ بىرى بىلەن بەسلىشىپ، بوي تارتىشقان، يېشىل چىمەنگە پۈركەنگەن چەكسىز يايلاق سوزۇلۇپ ياتقان، تاشتىن ـ تاشقا ئۇرۇلۇپ مەرۋايىت ئۈنچىلەر چاچرىتىپ ئېقىۋاتقان سۇلىرى بار جايلارنى ئىختىيارسىز خالاپ قالىدۇ.

ئۆركەشلىرى ئىز بېسىپ قوغلىشىپ ئېقىۋاتقان شوخ دەريانىڭ يۈزىنى شەپەق نۇرى پۈركىگەن، ئۆيگە قايتقان بېلىقچىلارنىڭ شوخ ناخشىلىرى يىراقتىن ئاڭلىنىپ تۇرغان، پادىچى بالىنىڭ مۇڭلۇق نېيى يىراقلاردا ئەكس سادا بولۇپ ئاڭلىنىپ تۇرغان، دەريانىڭ ئۇ چېتىدىكى يېزا ئۆيلىرىنىڭ تۈرخۇنلىرىدىن چىققان ئاقۇچ ئىسلار بوشلۇقتا تىك كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان مەنزىرە ئادەمنىڭ روھىنى بىردىنلا كۆتۈرۈپ، ئۇ يەردىكى تۇمانلارنى تارقىتىپ، كىشى كۆڭلىنى بۇلۇتسىز سۈزۈك ئاسماندەك ئېچىۋېتىدۇ، قايغۇ ـ ھەسرەتلىرىنى بىر خىل پاكلىق نۇرى بىلەن ئېرىتىپ، كۆڭلىنى يايرىتىدۇ، گۈزەللىك بىلەن بېزەپ تەبىئەتنىڭ، ھاياتنىڭ گۈزەللىكىنى تېخىمۇ نامايان قىلىدۇ.

يەنە بىر تەرەپتىن كىشىنىڭ كۆڭۈل ئارمانلىرى ئەمەلگە ئېشىپ يايرىغاندا، قىلغان ئىشىدىن ئۇتۇق قازىنىپ، ئۇنىڭدىن شادلانغاندا ئۇنىڭغا ھەممە نەرسە گۈزەل، ئاجايىپ يېقىملىق كۆرۈنىدۇ. ئەتراپتىكى ھەممە نەرسىدە بىر خىل جازىبىلىك نازاكەت جۇلالىنىپ تۇرغاندەك كۆرۈنىدۇ. قىشنىڭ يۈز ـ كۆزلەرگە سانجىپ، جانغا تېگىدىغان شىۋىرغانلىرىمۇ، يازنىڭ كۆڭۈلنى غەش قىلىدىغان بورانلىرىمۇ يېقىملىق تۇيۇلۇپ، ئۇنىڭ گۈركىرەشلىرى ئارامبەخش ناخشىدەك ئاڭلىنىدۇ. كامىل شۇ

تاپتا ئاشۇنداق كەيپىياتتا كېتىۋاتاتتى. ئۇ بىردىنلا ئىشخانىغا كىرمەي، ئۇدۇل ئۆيگە قايتىشنى خالاپ قالدى. بەلكىم ئۇ ئۆزىنىڭ هازىرقى كەيپىياتىدىن كۆپرەك هۇزۇرلىنىۋېلىشنى ئويلىغان بولسا كېرەك. رىزۋانگۇل تېخى ئىشتىن چۈشمىگەن. ئۇ ئۆيدە بىر پەس يالغۇز ئولتۇرۇپ، ئارمانسىز خىيال سۈرىۋالدۇ، ئۇنىڭغا هېچكىم هالاقەت بەرمەيدۇ، باشلىغان خىياللىرىنى ئاخىرىغا چىقىرىپ، هەقدادىغا يەتكۈچە داۋاملاشتۇرىدۇ. كامىلدەك گېپى ئاز، خىيالى كۆپ، ئىچىدىكىنى ئاغزىدىن ئاسان چىقارمايدىغان، ئىچكى هاياجان، خاپىلىقلىرىنى سىرتقى قىياپىتىدىن ئاسان بىلگىلى بولمايدىغان يوشۇرۇن تەبىئەتلىك كىشىلەر ئۈچۈن بەهۇزۇر خىيال سۈرىۋېلىشتىن كۆڭۈللۈك ئىش بولمىسا كېرەك.

دېگەندەك، كامىل ئۆيىگە كىردى، ئىسسىق ئۆي هاۋاسى، يېقىملىق ئائىلە پۇرىقى ئۇنىڭغا ئۆزگىچە بىر خىل راهەتنى هېس قىلدۇردى. ئۇنىڭ پاكىز قىرىلغان كۆكۈچ ئېڭىكى، مەڭزى ئېچىشقاندەك بولدى. ئالىقانلىرى بىلەن سىلاپ قويدى. شارپىسىنى ئېلىپ كىيىم ئاسقۇچقا ئىلدى، پەلتوسىنى سېلىپ ئاستى، ئايىغىنى سېلىپ، ساپما كەشنى كىيدى. مېهمانخانىغا ئۆيگە كىرىپ، بىر كىشىلىك كىرېسلوغا چۆكتى. شۇ چاغدا ئۇ بىردىنلا بىر قانچە سائەتتىن بېرى تاماكا چەكمىگىنىنى ئېسىگە ئېلىپ، تاماكا چەككۈسى كەلدى. چاي ئۈستىلىنىڭ تارتمىسىنى ئېچىپ، تاماكا ئالدى، بىر تالنى ئېلىپ، تۇتاشتۇرۇپ بىر قانچە قېتىم شورىدى، تاماكىمۇ بۈگۈن ئۇنىڭغا باشقىچىلا مەززىلىك تېتىدى.

كامىلنىڭ ئوي ـ خىياللىرى بۈگۈن نېمىشقىدۇر ئادەم دېگەن چوڭ ئۇقۇم دائىرىسىدىن چىقىپ كېتەلمىدى. نېمىلا ئويلىسۇن ئاخىر ئۇ ئادەم دېگەن مۇشۇ ئۇقۇمغا چېتىلىپ، ئۇنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتەتتى. «هاياتىمكى ئۇتۇق، مەغلۇبىيەت، خۇشاللىق، قايغۇ، ياخشىلىق، يامانلىق، كۈلكە، كۆز يېشى، گۈللىنىش،

ۋەيران بولۇش، دوست، رەقىب، شەپقەتچى، قاتىل ... بۇلارنىڭ ھەممىسىدە ئادەم ۋە ئادەمنىڭ خۇي - پەيلى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇراتتى. دۇنيا ئاپىرىدە بولغاندىن تارتىپ، ھازىرغىچە بولۇپ ئۆتكەن غوۋغا، ماجىرا، قان تۆكۈش، ۋەيران قىلىشلار ... تىكلەش، قۇرۇش، گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن بېرىلگەن قۇربانلار ... ھەممىسىنى ئادەملەر ئۈچۈن قىلغان. زېمىندىكى ھەممە نەرسىلەر ئادەملەر ئۈچۈن، ئادەملەر زېمىندىكى نەرسىلەر ئۈچۈن يارالغان. بۇ تەبىئەت بىلەن ئادەم، ئادەم بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىش. ئىنسان تەبىئەتكە قول سۇنىدۇ، تەبىئەت ئىنسانغا قول بېرىدۇ، كىم نېمە بېرىپ، نېمە ئالىدۇ؟ بۇنى ھېچكىم ئويلىمايدۇ. لېكىن ئىنسانىيەت ئالىمىدە بۇ خىل قېلىپلىشىپ قالغان قائىدە - يوسۇن ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا ئۆتۈپ داۋاملىشىدۇ. كىملەر كۆپ تەقدىم قىلىپ، ئاز ئېلىۋاتىدۇ، كىملەر ئاز بېرىپ كۆپ ئالدى، بۇنى ئويلايدىغان ئادەم چىقمايدۇ. يىللار ئۆتكەنسېرى ھەممە نېمە ئۇنتۇلىدۇ، كىشىلەر خۇددى دۇنيا ئاپىرىدە بولغاندىلا مۇشۇنداق سىياقتا تۇزۇلگەندەك ئۆزىنىڭ تىرىكلىكى ئۈچۈن پۈتۈن كۈچى بىلەن ئىنتىلىدۇ. ئۇلار ئايروپىلانغا چۈشۈپ، كۆك قەرىدە ئۇچۇپ كېتىۋاتقاندا، سۈتتەك يورۇتۇلغان زامانىۋى ئۆيلەردە ئولتۇرغىنىدا، قانچە يۈز كىلومېتىر يىراقلىقتىكى قېرىندىشى بىلەن بىر ئۆيدە ئولتۇرغاندەك سۆزلىشىۋاتقىنىدا بۇنىڭ ئىجادچىلىرىنى، ياراتقۇچىلىرىنى ئەسلەپ قويۇشارمۇ ! ؟ بۇ شانۇ شەۋكەتلىك دۇنيادا ئۇلۇغ ئۆتكەن ئادەملەرمۇ، ھېچكىمنىڭ كۆزىگە چېلىقماي نام - نىشانسىز ئۆتكەن ئادەملەرمۇ ئوخشاشلا بۇ دۇنيادىن كېتىدۇ، ئۇلاردىن نېمىلەر قالىدۇ؟ ئۇلارنىڭ ئىزلىرىنى تاپقىلى بولارمۇ؟» كامىلنىڭ مېيىگە قويۇپ بەرگەن خىياللىرى بارغانسېرى چوڭقۇرلاشتى، مۇرەككەپلىشىپ ئۆزىمۇ باشقا ئېلىپ چىقالمايدىغان دەرىجىگە يەتتى. لېكىن ئۇ يەنە ئادەملەر، ئادەملەرنىڭ ھاياتى دائىرىسىدىن چىقىپ كېتەلمىدى. كامىل

نېمە ئۈچۈن بۇلارنى ئويلاپ قالدى؟ ئۇ ئەسلىدە تاغلارنى، تاشلارنى، يەر ئاستىدىن چىقىدىغان ھەر خىل رۇدىلارنى ئويلىشى كېرەك ئىدى، ئۇ بۈگۈن نېمە ئۈچۈن ئادەملەرنى ئويلاپ قالدى؟ لېكىن ئۇ بۇنداق سوئاللارنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىدى، پەقەت خىياللىرىنى بولۇشىغا قويۇپ بەردى. «زېمىننى گۈللەندۈرۈش، يەر شارىنى تېخىمۇ گۈزەل، تېخىمۇ مۇكەممەل قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن يەنىلا ئادەملەر ئىزدەندى، ئويلاندى، قايغۇردى، شادلاندى. پۈتۈن ئۆمرىنى شۇ بىرلا مەقسەت ئۈچۈن سەرپ قىلدى، تامچە ـ تامچە سۇلاردىن دەريا، كۆللەر ھاسىل بولغاندەك، دۇنيانىڭ ھازىرقى مۇكەممەللىكى، كۆركەملىكى تامچە ـ تامچە تەرلەردىن، مىسقال ـ مىسقال ئەقىل ـ ئىدراكنىڭ جەم بولۇشىدىن تۈزۈلگەن، يەنىلا ئادەم ئەڭ ئۇلۇغ، ئۇنىڭ ئەمگىكى مۇقەددەس، ئەقلى بىباھادۇر ...» تاشقىرىقى ئىشىكنىڭ غاچ قىلىپ ئېچىلىشى كامىلنىڭ خىياللىرىنى ئۈزدى، لېكىن ئۇ قىياپىتىنى بۇزماستىن ئولتۇرىۋەردى. پەلتۇسىنى سېلىۋاتقان رىزۋانگۈل مىيىقىدا كۈلدى، لەۋلىرىنى مىدىرلىتىپ ئىچىدە بىر نېمىلەرنى دېدى، ئۇ كامىلنىڭ جىم ئولتۇرۇشىدىن بىر نېمە ھېس قىلدىمۇ، قاشلىرىنى مىدىرلىتىپ، تەبەسسۇم قىلدى.

— بۈگۈن كۈن قاياقتىن چىقتى ئەپەندىم؟— دېدى مېھمانخانا ئۆيگە كىرگەن رىزۋانگۈل، ئۇ ئاجايىپ يېقىملىق تەبەسسۇمدا ئېرىغا ئوتلۇق كۆزلىرى بىلەن قارىدى. توي قىلغاندىن بېرى رىزۋانگۈلنىڭ ۋۇجۇدىدا بۇرۇن يوشۇرۇپ تۇرغان ئاياللىق نازاكەت، تەبئىي يېقىملىق خۇلۇق، ئىپپەتلىك ئاياللارغا خاس بولغان جىنسىي سەلتەنەت بىردىنلا ئاشكارىلانغانىدى. شۇڭا ئۇنىڭ تەبەسسۇملىرى، قاراشلىرى، قىيا بېقىشلىرى ھەم كەينىگە ئۆرۈلۈشلىرىمۇ يېقىملىق ئىدى.

— مەنمۇ بۈگۈن كۈننىڭ قاياقتىن چىقىپ، قاياققا ئولتۇرىۋاتقىنىنى ھېچ بىلەلمىدىم. كۈن چىقىدىغان تەرەپ قايسى، ئولتۇرىدىغان تەرەپ قايسى؟ ئۇنىمۇ پەرق قىلالمىسام

كىرەك، رىزۋان، ــــ دېدى كامىل بىر خىل هاياجان بىلەن.

ــــ خۇداغا رەھمەت ئېيتسام بولغۇدەك، ھېلىمۇ سىزنى ئۆيىمىزگە ئەكىرىپ قويۇپتۇ، بولمىسا سىزدىن ئايرىلىپ قالىدىكەنمەن، شۇنىڭغا قارىغاندا مەن راستلا تەلەيلىك ئىكەنمەن جۇمۇ! نېمە، بۈگۈن كەيپىياتىڭىز باشقىچىلىغۇ؟ ــــ رىزۋانگۇل كامىلنىڭ يېنىدىكى بىر كىشىلىك كىرېسلودا ئولتۇردى.

ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا كىچىك چاي ئۈستىلى بار ئىدى، رىزۋانگۇل كامىل تەرەپكە سەل ئېگىشىپ ئولتۇردى.

ــــ ئامرىقىم، باشقىچە دېگەن سۆزنى كونكرېت بىر ئۇقۇم بىلەن دەپ بېقىڭا، ئۇنداق مەۋھۇم سۆزلەرگە بۈگۈن ئەقلىم يەتمەيدىغاندەك قىلىدۇ.

ــــ قىزىققۇ سىز، بۈگۈن سۆزلىرىڭىزمۇ باشقىچە، يەنە شۇ سۆزنى دېمەي ئىلاج بولمىدى، ــــ رىزۋانگۇل كۈلدى.

ــــ بۈگۈن سىز بەكمۇ چىرايلىق بولۇپ كېتىپسىز، تەبەسسۇملىرىڭىز، قاراشلىرىڭىز، مانا مۇشۇ ئولتۇرۇشىڭىزمۇ، ــــ دېدى كامىل خوتۇنىنىڭ كۆزلىرىنىڭ ئىچىگە قاراپ، رىزۋانگۇل ئىككى قولىنى ئۇنىڭغا ئۇزاتتى، كامىلمۇ قولىنى بەردى، ئىككى جۈپ قول مەھكەم جۈپلەشتى.

ــــ قوللىرىڭىز نېمىدېگەن ئىسسىق، يۈرىكىڭىزمۇ شۇنداق تېز سوقۇۋاتىدۇ، سىزگە بىر ئىش بولدى جۇمۇ، قاتتىق ھاياجانلىنىۋاتقاندەك قىلىسىز، كۆڭلىڭىزدە بىر خۇشاللىق بار، مەن چاي تەييارلاي، قورسىقىڭىز ئاچقاندۇ؟

ــــ ئۇقمىدىم، گېلىمدىن بىر نەرسە ئۆتەمدۇ، ئۆتمەمدۇ، بۇنىمۇ بىلمەيمەن، ــــ رىزۋانگۇل بىر نەرسىنى پەرەز قىلدى، بۈگۈن كامىلنىڭ دەيدىغان مۇھىم بىر ئىشىنىڭ بارلىقىنى سەزدى.

ئەر ـ خوتۇن چاي ئۈستىلىدە بىر ـ بىرىگە ئۇدۇلمۇئۇدۇل ئولتۇرۇپ چاي ئىچىشتى، بىر پەس جىم ئولتۇرۇشتى. بىر ـ بىرىدىن ئاۋۋال سۆز قىلىشنى كۈتۈۋاتسا كېرەك، ئاخىر

رىزۋانگۇل ئېغىز ئاچتى:

— ماڭا ئېيتىدىغان مۇھىم گېپىڭىز باردەك قىلىدۇ، ئاڭلاشقا تەققەززا بولۇپ ئولتۇرىمەن. سىزمۇ ـ زە، ئادەمنىڭ كۆڭلىنى بىلمەيسىز، خۇشلۇقىڭىزغا مېنىمۇ شېرىك قىلمامسىز؟ ! — دېدى كۇلۇپ.

— پاھ، سىز تازا پەيغەمبەرلەرچە ھۆكۈم قىلدىڭىزغۇ، مېنىڭ سىزگە ئېيتىدىغان گېپىمنىڭ بارلىقىنى، ئۇنىڭ مۇھىم ئىكەنلىكىنى، تېخى ئۇنىڭ خۇشاللىق ئىكەنلىكىنى نەدىن بىلدىڭىز؟ مۇشۇنداق چېچەن بولسىڭىز سىزدىن قورقسام بولغۇدەك جۇمۇ، — دېدى كامىل چاقچاق ئارىلاش. دېمىسىمۇ ئۇ قاتتىق ھاياجانلىنىۋاتاتتى، بۇ خۇش خەۋەرنى قەدىرلىك خوتۇنىغا يەتكۈزۈپ ئۇنىمۇ ئۆزىگە ئوخشاش خۇش قىلىشقا ئالدىرايتتى. ئەلۋەتتە، مۇشۇ بىرلا مەقسەتتە ئىشخانىغا بارماي ئۇدۇل ئۆيگە كەلگەن ئەمەسمۇ، لېكىن شۇ تاپتا خوتۇنى بىلەن مۇشۇنداق ئولتۇرۇشنى، ئۇزاقراق ئولتۇرۇشنى خالاپ قالدى. شۇڭا ئۇنى گەپكە سېلىپ ئولتۇرۇش ئۈچۈن گەپنى ئەگىتىپ، ئاغزىنى كولاپ، نەق سۆزنى قىلمايۋاتاتتى.

— خەق چېچەن خوتۇنلىرىدىن پەخىرلىنىپ ماختىنىشىدۇ، مۆك، گومۇش بولسا قورقىدۇ، سىز گەپنى تەتۈر قىلىپ قويدىڭىز، بۇگۈن سۆزلىرىڭىز ھېچبىر قولاشمايدۇ ھەم مەنىلىرىمۇ باشقىچە.

— مەنىمۇ شۇنداق ئويلاپ قالدىم، گەپلەرنىمۇ ئوڭشاپ قىلالمايدىغان بولۇپ قالغىنىمغا ئۆزۈممۇ ھەيران بولۇۋاتىمەن. ئەپلەشتۈرۈپ گەپ قىلىشنى ئۆگىتىپ قويسىڭىز بولغۇدەك، بولامدۇ؟ !

— گەپنى تولا ئەپقاچماي كۆڭلىڭىزدىكىنى ئېيتمىغا، سىزنى مۇشۇنداق قىلىپ قويغان زادى نېمە؟ توۋا دەيمەن، سىزنىمۇ مۇشۇنداق ھاياجانلاندۇرىدىغان ئىشلارمۇ بار ئىكەن بۇ دۇنيادا، — رىزۋانگۇل سۆزلەرنى قىلغاندا كۇلۇمسىرىمىدى، چىرايىدا سەل

رەنجىش ئالامەتلىرى كۆرۈندى.
— نېمە ئىش بولاتتى، سىزگە شۇنداق بىلىنمۇاتقاندۇ، سىز بىلەن چىقىشقۇم كېلىپ، سوئاللىرىڭىزغا ئاتايىن شۇنداق جاۋاب بەردىم، ئىشەنمىسىڭىز ئويلاپ باقمامسىز، بىزگە ئۇنداق خۇشاللىق ئاتا قىلىدىغان نېمە ئىش بولاتتى؟! بىلسىڭىز بىزگە كۆڭۈللۈك ئەمەس ئىشلار تېپىلىپلا تۇرىدۇ، ئېيتايلى، پالانى يەردە مەجلىس بار بېرىپ كەلگىن، مۇھاكىمە يىغىنىغا ماتېرىيال تەييارلاپ قاتنىشىپ كېلىسەن دېگەندەك ئۆيدىن ئايرىلىدىغان ئىشلار، سىزنى تاشلاپ كەتسەم ئەلۋەتتە كۆڭۈللۈك ئىش ھېسابلانماس.
— ياق چوقۇم مۇھىم ئىش بار، — دېدى رىزۋانگۈل قېيىدىغاندەك تەلەپپۇزدا، يەنە مېنى كولدۇرلىتىپ شۇنداق دەۋاتىسىز، ئەھمىيەتلىك، ئەرزىگۇدەك ئىش بولسا، سىزنى خۇشاللىق بىلەن ئۇزىتىپ قويىمەن، ئىسسىق باغرىمنى ئېچىپ كۈتۈۋالىمەن.
كامىل ئورنىدىن تۇردى، خوتۇنىنىڭ يېنىغا بېرىپ قولتۇقىدىن تۇتۇپ ئورنىدىن تۇرغۇزدى بىر قولىنى بېلىدىن ئۆتكۈزۈپ تۇتۇپ، يوغان كىرىسلوغا ئاپىرىپ ئولتۇرغۇزدى، ئۇنىڭ قوللىرى يەنىلا ئىسسىق ئىدى. يۈرىكىنىڭ تېز - تېز سوقۇۋاتقىنىنى رىزۋانگۈل تېنى بىلەن سەزدى. كامىلنىڭ بۇگۈنكى ھەرىكەتلىرى غەلىتىلا ئىدى. ئۇ تەنتەك يىگىتكە ئوخشاپ قالغانىدى. كامىل خوتۇنىنى شۇ تەرىقىدە ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ، ئۆزى ئۆيىنىڭ تۆرىسىگە باردى - دە، نۇتۇق سۆزلەيدىغاندەك ئۆزىنى رۇسلىدى، چاچلىرىنى قولى بىلەن تاردى، گېلىنى بىرقانچە قېتىم قىرىپ قويدى. قىزىقىسىنىپ قاراپ تۇرغان رىزۋانگۈل قىستاپ تۇرغان كۈلكىسىنى زورغا بېسىپ غەيرەت بىلەن ئولتۇردى.
— ھۆرمەتلىك خانىم، مەن سىزگە دوكلات قىلاي، — دەپ سۆز باشلىدى ئۇ خۇددى نۇتۇق سۆزلىگۈچىلەرگە ئوخشاش

قىياپەتتە، — ئېرىڭىز كامىل ئوسمان بىلەن سەپدىشى مەسئۇد سەئىدىنى گېرمانىيە فېدېراتسىيەسى گېئولوگىيە ئىلىم ساھەسى ئىلىم ئالماشتۇرۇش، ئۆزئارا ئۆگىنىش ئۇچۇن ئىلمىي لېكسىيە سۆزلەپ بېرىشكە تەكلىپ قىلغان، دۆلەت ماقۇللاپ تەستىق سالدى. بۈگۈن سىز رەسمىي ئۇقتۇرۇلدى. ئەمدى ...

— نېمە دېدىڭىز؟ ! — رىزۋانگۈل ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. كۆزلىرى يېنىپ، مەڭزى قىزاردى، — كامىل مەن بۇ سۆزلەرنى چۈشۈمدە ئاڭلاۋاتمايدىغاندىمەن؟

— ھەرگىز چۈشىڭىز ئەمەس، ئامىرىقىم، ئەمدى چۈشىمىزدىلا كۆرىدىغان دەۋر ئۆتۈپ كەتكەن ئوخشايدۇ، — رىزۋانگۈل ئۇچقان قۇشتەك كېلىپ كامىلنىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى ئاتتى، كۈچكە تولغان بىلەك شادلىقتا تەرتىپسىز سوقۇۋاتقان يۈرەككە بۇ ئەزىز تەننى چىڭ باستى، چىڭ جۈپلەشكەن لەۋلەر بىر نېمىلەرنى پىچىرلايتتى، بۇنى پەقەت شۇ بىر جۈپ يۈرەكلا بىلىشكە قادىر ئىدى.

## 2

گېرمانىيەگە تەكلىپ قىلىنغانلىق خەۋىرىنى كامىل قىسقىلا قىلىپ ئۇقتۇرغاندا ئىشخانا دەسلەپ جىملىققا چۆكتى، بىرقانچە مىنۇتتىن كېيىن بىردىنلا ئۇيقۇدىن ئويغانغاندەك ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ كۆتۈرۈلدى. ئەترەت ئەزالىرى بىر ـ بىرىگە باقماي سۆزلىشىپ كەتتى. بەزىلىرى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، قوللىرىنى ئاسمانغا كۆتۈرۈپ، نېمىلەرنىدۇ دېگىلى تۇردى، خۇشاللىقتىن ئۆزىنى تۇتۇۋالالماستىن بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىراپ تەكرارلىدى، بەزىلىرى بىر ـ بىرى بىلەن قول ئېلىشتى، قۇچاقلاشتى. پەقەت كامىل بىلەن مەسئۇدلا ئورنىدىن قوزغالماي كۆز ئالدىدىكى مەنزىرىگە پەخىرلىنىش نەزەرى بىلەن قاراپ ئولتۇراتتى.

— نېمىدېگەن ئۇلۇغ ئىش بۇ، ئەمدى بىز دۇنياغا تونۇلۇپتىمىز !

— ياشا كامىل، ياشا مەسئۇد، بىزنىڭ پەخرىمىز، غۇرۇرىمىز، شان ـ شەرىپىمىز !

— بىزنىڭ ئىشىمىزنى دۇنيا سەھنىسىدە تۇرۇپ جاكارلاش، ھەممىگە ئاڭلىتىش ئاسان ئىش ئەمەس. ئاددىي ئىش ئەمەس ! — ئەترەت ئەزالىرى ئۆز ھېسسىياتلىرىنى ئاددىي، قىسقا جۈملىلەر بىلەن بىلدۈرۈشكە باشلىدى. ئۇلار بارغانسېرى قىزىپ كېتىۋاتاتتى، ئىشخانا تېخىمۇ قاينام ـ تاشقىنلىققا چۆمدى. ئۆز ھاياجان، ھېسسىياتلىرىنى ئىپادىلەپ ۋارقىراپ سۆزلەيدىغانلار بارغانسېرى كۆپەيدى.

— بىر زامانلاردا پارلاق مەدەنىيەت ياراتقان پاراسەتلىك، باتۇر قەدىمىي خەلق ئەۋلادلىرىنىڭ ئەمدى ئىلىم ـ پەن مەشئىلى بىلەن جاھان ئەھلىنى ھاڭ ـ تاڭ قالدۇرۇش دەۋرى كەپتۇ.

— كامىل، مەسئۇد خەلقىمىزنى دۇنياغا بىر تونۇتۇپ قويىدىغا ن بولدۇڭلار، سىلەرگە شان ـ شەرەپلەر بولسۇن !

— تەڭرىتېغى بۈركۈتىنىڭ قانىتى ئەمدى سۇنۇق ئەمەس، بەردەم قاناتلىق بولدى، ئۇنىڭ دۇنيا ئاسمىنىدا پەرۋاز قىلىش دەۋرى باشلاندى. پەرۋاز قىلىمىز، پەرۋاز ... — يۈرەكنىڭ چوڭقۇر قېتىدىن فونتاندەك ئېتىلىپ چىقىۋاتقان سۆزلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدىغاندەك ئەمەس، سۆزلەرنىڭ ۋەزنى بارغانسېرى ئېغىرلاپ، مەزمۇنى چوڭقۇرلىشىپ كېتىۋاتاتتى. قارىماققا بۇلار ئاددىي، قىسقا جۈملىلەر بولسىمۇ، پۈتكۈل خەلقىمىز شەنىگە ئوقۇلغان مەدھىيە تۈسىنى ئېلىۋاتاتتى.

— بىر زامانلاردا دۇنيا ئاسمىنىدا چاقناپ، كۆزلەرنى قاماشتۇرۇپ، تاڭ قالدۇرغان، بىر دەۋر خىرەلەشكەن غەربىي دىيار يۇلتۇزى قايتىدىن نۇرلىنىپ چاقناش دەۋرىگە كىردى، — ئۇلار قاچانلاردا بۇ خىل مۇلاھىزىلەرنى قىلىپ، مۇناسىپ يەكۈنلەرنى چىقىرىپ قەلبىنىڭ چوڭقۇر يەرلىرىگە پۈكۈپ قويغان بولغىيتتى؟ ئېھتىمال ئۇلار تاغلار ئارىسىدا، گىياھسىز

چۆللەردە، تەبىئەت بىلەن كۈچ سىنىشىۋاتقاندا قەيسەرلىك كۆرسىتىشكە پۈتمەس - تۈگىمەس كۈچ - قۇۋۋەت مەنبەسى بولغان سىر مۇشۇ بولسا كېرەك. يۈزلىرى قارىداپ، كالپۇكلىرى يېرىلىپ، ساقال - بۇرۇتلىرى ئۆسۈپ كەتكەندىمۇ قىياپىتىدىن چىقىپ تۇرىدىغان جاسارەت، ئىرادە ئىپادىلىرىنىڭ يىلتىزى شۇ يەردە ئەمەسمىدى، كۆزلىرىدىن چاقناپ تۇرىدىغان ئۈمىد نۇرلىرى، غۇرۇر، پەخىرلىنىش، غالىبلىق مەنىلىرىنى بېرىپ تۇرىدىغان قاراشلىرىنىڭ سىرى ئۇلارنىڭ قەلبىدە، ۋۇجۇدىدا، جىسمىدا، قېنىدا ئاشۇ ئۇلۇغ غايىنىڭ ئۈزۈكسىز مەۋج ئۇرۇپ تۇرىدىغانلىقىدىن ئەمەسمۇ؟

بىر سائەتتىن ئوشۇق داۋام قىلغان ھاياجانلىنىش، غۇلغۇلا، تەبىئىي ئىنكاس بىلدۈرۈشلەر كامىل بىلەن مەسئۇدقا كۈچلۈك تەسىر قىلدى. قەلبىنى داۋالغۇتىۋەتتى، شۇڭا ئۇلار ئورنىدىن قوزغالماي، بىر ئېغىزمۇ سۆز قىلماي، نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي قالغان ئادەمدەك ئولتۇرۇشتى. ئاخىر ئەترەت ئەزالىرىنىڭ ھەممىسى بىر دەملىك قىيان بېسىلغاندەك ئورۇنلىرىدا ئولتۇرۇشتى. ئىشخانا چىۋىن ئۇچسىمۇ ئاڭلانغۇدەك جىمىلىققا چۆكتى، پەقەت ھاياجانلىق ئېلىنىۋاتقان نەپەسلەرنىڭ ئاۋازى بىر - بىرىگە قوشۇلۇپ ئاڭلىنىپ تۇراتتى. كامىل گەۋدىسىنى تىك قىلىپ، بېشىنى كۆتۈردى. ئۇ ئىشخانىدا ئولتۇرغان ئىشداشلىرىغا بىر - بىرلەپ قاراپ چىقتى، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن، قىياپىتىدىن ھاياجان، پەخىرلىنىش، مىننەتدارلىق ۋە قىسىلىش ئارىلىشىپ كەتكەن مۇرەككەپ ئىپادە كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

— ئاغىنىلار، بۇرادەرلەر، سىلەر قىلغان ھەربىر سۆز مېنىڭ يۈرەك بېغىشىمنى بىر قېتىمدىن سىلكىپ ئۆتتى. قانلىرىمنى دولقۇنلاتتى، ۋۇجۇدۇمدا زىلزىلە پەيدا قىلدى. مېنى كەينىمگە ئۆرۈلۈپ تېخىمۇ يىراقلارغا قاراش، ئالدىمغا بولسا، تېخىمۇ ئېگىز يەرلەرگە قاراشقا دەۋەت قىلدى. زىممەمدىكى يۈكنىڭ ئۆز ۋەزنى بىلەن قانچىلىك ئېغىرلىقىنى تېخىمۇ ئېنىق تونۇتتى،

بۇنى مەن يالغۇز كۆتۈرەلمەيمەن، مەسئۇد بىلەن ئىككىمىزمۇ كۆتۈرۈپ كېتەلمەيمىز. مۇشۇ يەردە ئولتۇرغان كەسپداشلار ۋە خەلقىمىز ئىچىدىن يېتىشىپ چىققان، يېتىشىپ چىقىدىغان بارلىق ئىلىم - پەن خادىملىرى تەڭ كۆتۈرگەندە ئۇنى تېخىمۇ ئېگىز كۆتۈرەلەيمىز، كۆك ئاسماندا پەرۋاز قىلدۇرالايمىز. بۇ مېنىڭ ئۇمىدىم ۋە نۆۋىتىدە بۇ بىر قانۇنىيەت، — كامىلنىڭ سۆزى تۈگىشى بىلەن گۈلدىراس چاۋاك ساداسى ئىشخانىنى كۆتۈرىۋەتتى. غاچ قىلىپ ئىشىك ئېچىلىشى بىلەن چاۋاك توختىدى. ھەممە كۆزلەر ئىشىك تەرەپكە تىكىلدى. ھۆسنىگە تولۇپ ئېچىلغان مودەن گۈلدەك ئاينۇر لەۋلىرىنى يېپىۋالالماستىن كىرىپ كەلدى. ئۇ قوللىرىنى كېرىپ، ئۇچقاندەك بېرىپ، تېخى ئولتۇرمىغان كامىلنىڭ بىلەكلىرىدىن سىقىپ تۇرۇپ: «تەبرىكلەيمەن، چىن قەلبىمدىن تەبرىكلەيمەن !» دېگەن سۆزنى تەكرارلىدى. ئاينۇر كامىلنى قويۇۋېتىپ، كەينىگە ئۆرۈلدى. مەسئۇدقا قارىدى، ئىللىق تەبەسسۇم قىلدى، ئۇنىڭ چىرايلىق كۆزلىرى كۈلۈپ تۇراتتى. قىزنىڭ مەڭزى بىردىنلا قىزاردى، ئۇ خۇدىنى يوقاتقاندەك بېرىپ مەسئۇدنىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى ئاتتى. بۇنداق بولۇشىنى ئويلىمىغان مەسئۇد تەمتىرەپ قالدى، ھودۇقتى، قۇچىقىدىكى خوتۇنىنىڭ نەلىرىنى تۇتۇشىنى دەرھال پەم قىلالمىدى، لېكىن تېزلا ئۆزىگە كەلدى، ئاينۇرنىڭ يەلكىلىرىنى سىلىدى.

ئاينۇر كىرپىكلىرى نەم، لەۋلىرى تەبەسسۇمغا تولغان ھالدا رىزۋانگۈلنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە ئۇنىڭ ئىككى قولىنى تۇتتى:

— رىزۋانگۈل، سىزگە چىن قەلبىمدىن رەھمەت، دۇنيادا ھەقىقىي دوستلارلا كىشى خۇش بولىدىغان خەۋەرنى يەتكۈزۈشكە ئالدىرايدۇ، سىز ئۆزىڭىزنىڭ دوستلۇققا مۇناسىپلىقىڭىزنى يەنە بىر قېتىم كۆرسىتىپ قويدىڭىز، — دېدى رىزۋانگۈلگە يېپىشىپ تۇرغان ئاينۇر.

— ئاينۇر، — دېدى ئېلى ئارىدىكى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ،

— سىزنىڭ بۇ ياۋروپاچە تەبرىكلىشىڭىز بىزنى بىر تەرەپتىن ھەيران قالدۇردى، يەنە بىر تەرەپتىن چۆچۈتتى، تېخى ھەۋەسمۇ قىلىپ قالدۇق، — ھەممىسى كۈلۈشتى، ئاينۇرنىڭ ئۆزى ھەممىدىن قاتتىق ۋە ئۇزاق كۈلدى. ئۇ جاۋاب بېرىشكە ئالدىرىمىدى، يېقىملىق كۈلۈپ ئاۋۋال ئېلىغا، كېيىن مەسئۇدقا قاراپ بولۇپ، ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسىگە بىر - بىرلەپ قاراپ چىقتى. باشقىلار ئۇنىڭ بىر نىمە دېيىشىنى كۈتەتتى. ئاينۇرنىڭ يېڭى - يېڭى پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدىغانلىقىنى بىلەتتى. بۇ ئىنگلىزچىگە پۇختا ئوقۇتقۇچى چەت ئەل رومانلىرىنى كۆپ ئوقۇپ، كاللىسىنى باشقىلاردىن بۇرۇن ئېچىۋەتكەنىدى، يەنە بىر تەرەپتىن بەكمۇ ھېسسىياتچان، ئوچۇق كۆڭۈل، كۆڭلىدىكىنى ئەركىن ئوتتۇرىغا قويالايتتى. سۆزگىمۇ ئۇستا ئىدى. ئۇنىڭغا تونۇش - بىلىشلىرى قايىل بولاتتى ۋە زوقلىناتتى، مەسئۇدنى بولسا تەلەيلىك، بەختلىك دەپ ھەۋىسى كېلەتتى.

— ئېلى، يەنە سىز كونا رامكا بويىچە پىكىر قىلدىڭىز، ئۆزىمىزنى تۆۋەن چاغلاپ، باشقىلارنى ئۈستۈن ھېسابلىدىڭىز، ئۇ خىل ئۇسۇل بىلەن ئۆز قەلبىدىكىنى ئىپادىلەش ياۋروپالىقلارغىلا خاس ئەمەس، مەنىۋى جەھەتتىن مۇكەممەللىشىپ، ئىنسانغا لايىق سۈپەتكە ئىگە بولغان بارلىق خەلقلەرگە ئورتاق، بىزنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىمىزمۇ ئىسسىق قۇچاقلىشىش، تاتلىق سۆيۈشۈش ئارقىلىق ئۆز قەلبىدىكى مۇھەببەت، تەشەككۇر، تەبرىكلىرىنى بىلدۈرگەن. بىز شۇلارنىڭ ئەۋلادى تۇرۇقلۇق، ئىنسان تېخىمۇ يۈكسەلگەن دەۋردە ياشاۋېتىپ، شۇنداق قىلساق بۇ نېمىشقا كىشىنى چۆچۈتىدىغان ئىش بولغۇدەك، يا مېنىڭ كۆز قارىشىم خاتامۇ؟! — دېدى ئاينۇر دانە - دانە قىلىپ.

— ئەدىپىڭىزنى تازا قاملاشتۇرۇپ بەردىمۇ، سەن ئاقساقال كاسكاسىنىڭ، — دېدى مەخمۇت ئېلىنىڭ چىشىغا تېگىپ.

— قىممىتى يوق ئاغزىڭنى يىغىپ تۇر مەخمۇت، — دېدى ئېلى ئورنىدىن تۇرۇپ، — ئاينۇر سىزنىڭ كۆزقارىشىڭىز بەكمۇ توغرا، بولۇپمۇ مەن قوشۇلىمەن، پەقەت بىرلا ئۈمىدىم بار، ئۆزىڭىزگە ئوخشاش قىزلاردىن كۆپرەك بولسىكەن دەيمەن، مەن مۇشۇنىلا ئۈمىد قىلىمەن.

— ئاۋۋال چىمەنگۈلگە ئۆگىتىپ قويۇڭ دېمەكچىمۇ سەن، قورسىقىڭدىكىنى ئوچۇق ئېيتىۋەرمەمسەن ! — دېدى ئەركىن. ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى ئۈنلۈك كۈلۈشۈپ كەتتى، ئۈچ چوكاننىڭ كۈلكىسى ھەممىنى بېسىپ چۈشتى.

— سېنىڭ مۇشۇ يېرىڭنى دېمىسە ... ئادەمنىڭ ئىچىدىكىنى بىلىپ تۇرىسەن جۇمۇ ! ئەمدى راملەغۇ بوش قىز ئەمەس، سېنى قانائەت ...

— ئېلى ئاغزىڭىز يەنە ئېچىلدىغۇ ... سەل ئاۋايلاپ ھە ! ... — دېدى راملە ئۇنىڭ گېپىنى ئۈزۈپ.

ئۇلار شۇ تەرىقىدە بىر پەس چېقىشتى، كۈلۈشتى. ئاينۇرنىڭ يېڭى ـ يېڭى كۆزقاراشلىرىنى ئاڭلىدى، ئاخىر گەپ كامىل بىلەن مەسئۇدنىڭ گېرمانىيەگە بېرىشى ئۈستىگە ئۆتتى. بۇ ئىشنىڭ ئەھمىيىتى، رولى ھەققىدە يەنە يېڭى ـ يېڭى مەزمۇنلار ئوتتۇرىغا چىقتى، ئىككىسىنى تەبرىكلەشتى. بىر چاغدا ئاينۇر قايتماقچى بولدى.

— بۈگۈن كەچتە بىزنىڭ ئۆيدە خاسىيەتلىك ئىشنى تەبرىكلەيمىز، ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى، يالغۇز ئەمەس جۇمۇ، خانىملار بىلەن.

— بۈگۈندىن باشلاپلا ئۆگىتىدىكەنسىز ـ دە، ئاينۇر، بىرىنچى بولۇپ مەن ۋەدە بېرىمەن، چىمەنگۈلنى چوقۇم ئېلىپ بارىمەن. قۇلاقلىرىنى سوزۇپ تۇرۇپ ئۆگىتىسىز جۇمۇ، — دېدى ئېلى قىزىقچىلىق قىلىپ.

— گەپنى چاقچاقتا بۇرىماڭ، كەچتە بىزنىڭ ئۆيگە، مەن كەتتىم.

— ھەي ئاينۇر، ئەسلىدە بىزنىڭ ئۆيدە بولسا بولاتتى، — دېدى رىزۋانگۇل ئالدىراپ. ئىشىك تۈۋىگە يېرىپ بولغان ئاينۇر توختاپ ئارقىغا ئۆرۈلدى، مەسئۇدقا قارىدى:

— سىز خاتىرجەم ئولتۇرۇۋېرىڭ، نېمە قىلىشنى ئۆزۈم بىلىمەن، رىزۋانگۇل سىزمۇ ئوخشاش، — دېدى - دە، ئىشىكتىن چىقىپ كەتتى.

كامىل ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرى بۇ خەۋەردىن ھەممىسى بىردەك خۇش بولۇشتى. لېكىن، ھوشنى يوقىتىپ قويمىدى، ئىشنى پۇختا قىلىپ، بۇ سەپەرنىڭ ئۇلۇغلىقىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن نېمە قىلىش كېرەكلىكىنى ئەتراپلىق، كەڭ - كۇشادە مەسلىھەتلەشتى. يەنە تويتوغرا ئۈچ ئاي ۋاقىت بار. لېكىن، تەييارلايدىغان ماتېرىيالمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. ئېيتايلى، شىنجاڭ گېئولوگىيە ئىشلىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى، ھازىرقى سەۋىيەسى، يەرلىك مىللىي گېئولوگىيە خادىملىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئەھۋالى، شىنجاڭنىڭ گېئولوگىيەلىك ئالاھىدىلىكى، يەر ئۈستى ۋە يەر قاتلىمى تۈزۈلۈشى، كان بايلىقلىرىنىڭ جايلىشىشى قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرى بىردىن چوڭ لېكسىيە تېمىلىرى ئىدى. كامىل بۇلارغا تەييارلىق قىلىش، كۆپچىلىكنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنى ئىشقا سېلىش، مەركەزلەشتۈرۈش ھەققىدە سۆزلىدى. بىر چاغدا ئېلى ئورنىدىن تۇردى، كامىل سۆزدىن توختاپ ئۇنىڭغا قارىدى. ئېلىنىڭ چىرايى سارغىيىپ كەتكەن، بىر نەرسىدىن ئازابلىنىۋاتقىنى بىلىنىپ تۇراتتى.

— ھەربىر ئادەم ئۆزىنىڭ ھالىغا يارىشا ئىش قىلسا بولغۇدەك، بىزنىڭ ئۇ چوڭ ئىشلارغا ماغدۇرىمىز يەتمىگەندىن كېيىن مەن چىقىپ ئۆزۈمنىڭ ئىشىنى تاپاي، مەسئۇد، سەن خاتىرجەم ئولتۇرىۋەرگىن، ئاينۇرغا مەن ۋە چىمەنگۇل تازا ئەسقاتىمىز، — دېدى ئېلى. ئۇ بېشىنى سالغان پېتى ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتى. بۇنىڭ مەنىسىنى ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى چۈشەندى. شۇڭا ھېچكىم بىر نېمە دېمىدى، مەسلىھەتنى داۋاملاشتۇردى.

## 3

كامىل بىلەن مەسئۇد باشقا خىزمەتلەرنى ئەترەتتىكى ئىشداشلىرىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، سۆزلەيدىغان لېكسىيە ماتېرىيالىنى يېزىشقا كىرىشىپ كەتتى. كامىلنىڭ ئىشخانىسى رەسمىي بىر كۇتۇپخانىغا ئايلاندى. ئۇلار بىر ھەپتە ۋاقىت سەرپ قىلىپ خەنزۇچە، ئىنگلىزچە بېسىلغان ئۆزلىرى سۆزلىمەكچى بولغان تېمىلار بار كىتابلارنى يىغدى. ژۇرناللارنى توپلىدى. ماتېرىيال بۆلۈمىگە كىرىپ، ئۆز ئەترىتىدىكىلەر يېقىنقى يەتتە ـ سەككىز يىل ئىچىدە تەييارلىغان قول يازمىلارنى ئېلىپ چىقىپ بىر ياققا قويدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار ماتېرىيال ئىچىگە چۆكۈپ كەتتى. دەسلەپتە تۈزگەن پىلانى بويىچە ھەر بىرى ئۆزىگە تەۋە قىلىنغان تېمىلارنىڭ مەزمۇنى بويىچە ئۇن كۈن ماتېرىيال ئۆگىنىشى كېرەك. ئۇلار بۇ نۇقتىنى بەكمۇ مۇھىم ھېسابلىدى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ قولىدىكى كىتابلارنى ئىلىم ـ پەن بالدۇر تەرەققىي قىلغان، ھازىرقى تەرەققىياتى بىزدىن ئۈستۈن بولغان دۆلەتلەرنىڭ ئالىملىرى يازغان، ئۇلاردىكى گېئولوگىيەلىك ئىلمىي ئاساسلار كامىل بىلەن مەسئۇدقا تونۇشلۇق بولسىمۇ، يېزىلىش ئۇسۇلى، بايان قىلىش ئۇسلۇبى، باھا بېرىش ھالقىلىرى قاتارلىق يېزىش تېخنىكىسىغا مۇناسىۋەتلىك تەرەپلىرى ئانچە تونۇشلۇق ئەمەس ئىدى. ئىلىم ئەھلى ئۈچۈن بەكمۇ مۇھىم بولغىنى ئۇلاردىكى پىكىر قىلىش ئۇسۇلى بىلەن كۆزقاراشلارنى سىستېمىلاشتۇرۇش مەنتىقىسى ئىدى. يۇقىرىقىلار بۇ ئىككى ئۇيغۇر مۇتەخەسسىسى ئۈچۈن ئۆگىنىشكە تېگىشلىك نۇقتىلار ئىدى. شۇنداق قىلغاندىلا ئۆز لېكسىيەلىرىنىڭ سەۋىيەسىنى ھازىرقى زامان سەۋىيەسىگە كۆتۈرەلەيتتى. دەرھەقىقەت بۇلارنى كۆز بىلەن كۆرگىلى، قول

بىلەن تونۇشلۇقى بولمايتتى، پەقەت ئوقۇش جەريانىدا ھېس قىلىنىۋالغىلى، بارا ـ بارا ئۇنى بىلىۋالغىلى بولاتتى، شەخسىنىڭ مېڭىسىدىكى مۇلكى بولۇپ شەكىللىنەتتى، قولغا قەلەم ئېلىپ يازغاندا كۆزگە كۆرۈنمەس يولباشچى، ئۇستاز بولالايتتى. ئىلىم ئەھلى ئۈچۈن بۇ بەكمۇ مۇھىم، قىممەتلىك ئىدى.

كامىل بىلەن مەسئۇدنىڭ قىلىدىغان ئىككىنچى ئىشى مەسئۇدنىڭ ئۆيىدە ئاينۇرنىڭ رىياسەتچىلىكىدە قىلىدىغان ئىنگلىزچە سۆزلەش مەشىقى ئىدى. بۇنى ھېلىقى مەسئۇدنىڭ ئۆيىدە تەبرىكلەش بولغان ئاخشىمى ئاينۇر ئوتتۇرىغا قويغانىدى. ئۇ چاغدا ئەترەت ئەزالىرى ئاينۇرغا شۇنچىلىك تەشەككۈر بىلدۈردىكى، ئۇنى ھەممىسى بىرلىشىپ باشلىرىدىن ئېگىز قىلىپ، بىرپەس كۆتۈرۈشكەن. ئاينۇر ئۆز ۋەدىسىدە چىڭ تۇردى، بىر كۈننىمۇ بوش قويمىدى. يەكشەنبە كۈنلىرىمۇ يۈز ـ خاتىر قىلمىدى، تولۇق ئىككى سائەت مەشىق قىلىشنى ئوقۇتقۇچىلىق ئادىتى بويىچە قاتتىق تەلەپ، ئىنچىكە كۆزىتىش بىلەن باشقۇردى. ئىككى ئوقۇغۇچىنىڭ تەلەپپۇزىدىكى ئەڭ كىچىك نۇقسانلىرىغىمۇ سەل قارىمىدى، بوش ئۆتكۈزۈۋېتىشكە كۆزى قىيمىدى، بىرەر سۆزنىڭ تەلەپپۇزىنى توغرىلاش ئۈچۈن ئۇ سۆزنى ئون ـ يىگىرمە قېتىمدىن تەكرارلاپ تۈزەتتى.

ۋاقىت قىممەت، ۋاقىت غەلىبە. كامىل بىلەن مەسئۇد بۇ خىل زامانىۋى ئاڭنى يېتىلدۈرگەن، شۇڭا ئۇلارنىڭ ئىشى كۆڭۈلدىكىدەك داۋاملاشتى. ھەر بىر تېمىدا يازغان لېكسىيەلىرى رازى بولغۇدەك پۇتۇپ چىقىۋاتاتتى. ئۇلار ماتېرىيالنىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى نۇسخىسى ياخشى، تەلەپكە لايىق يېزىلسىلا ئىشنىڭ پۈتكىنى ئەمەسلىكىنى بىلەتتى، ئۇلارنى خەنزۇچىغا، ئىنگلىزچىغا تەرجىمە قىلىش كېرەك، بۇ ئۇلار ئۈچۈن ھەممىدىن مۇھىم ئىدى. ئەلۋەتتە، ئۇلار گېرمانىيەگە بارغاندا ئىنگلىزچە سۆزلىشى كېرەك. بىراق ماقالىنىڭ ئىنگلىزچىسىنى ئىلمىي، سۈپەتلىك چىقىرىشى ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئانا تىلىدا

يېزىش زۆرۈر ئىدى، خەنزۇچىسى بولسا، دۆلەت ئىچىدە تەكشۈرۈپ كۆرۈش ئۈچۈن لازىم ئىدى. بۇ تەرەپلەرنى ياخشى بىلىدىغان كامىل بىلەن مەسئۇد ئۈچ تىلدىكىنى ئۆدۈللۈق تاماملىدى. ئەلۋەتتە ئىنگلىزچىسىنى ئاساسەن ئايىنۇر قىلىدى دېسىمۇ بولىدۇ. ئۇنىڭغا مۇھەببەتنىڭ كۈچى ئاجايىپ جاسارەت ۋە قىزغىنلىق بەخش قىلغانىدى. بىرقانچە يىلدىن بېرى گېئولوگىيە خادىملىرى بىلەن ئارىلىشىپ، ئۇ ھەقتىمۇ مەلۇماتلىق بولۇپ قالغان، شۇڭا ئۇنىڭ ئۈچۈن بۇنى تەرجىمە قىلىش قىيىنغا چۈشمەيتتى.

كامىل بىلەن مەسئۇدقا بارغانسېرى ۋاقىت بەكمۇ زىچ كېلىپ قېلىۋاتاتتى، كېچىلىرىمۇ ۋاقىت تۈن نىسپىدىن ئاشقىچىلىك ئولتۇرمىسا بولمايتتى. بۇ ئەھۋال ئەترەت ئەزالىرىنى تەشۋىشكە سالدى. بولۇپمۇ، ئەركىننى ئارامسىزلاندۇردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىنىڭ قارارىنى كامىلغا ئېيتتى. كامىل قوشۇلدى، خۇشال بولدى، شۇنىڭ بىلەن ماقالىنىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسىنى ئەركىن ئۈستىگە ئالدى.

جىددىيچىلىكتە ئۈچ ئاي شۇنداق تېز ئۆتتى. كۈتكەن ۋاقىت كېلىپ قالدى. ئەجىر ۋە تىرىشچانلىقتا يارىشا ماتېرىيالنىڭ ئۈچ خىل تىلدىكى نۇسخىسى پۈتتى، دۆلەت تەرىپىدىن ياخشى باھا بىلەن ماقۇللاندى، ئۇلارنىڭ خۇسۇسىي تەييارلىقلىرىمۇ بىر يەرگە بېرىپ قالدى. ياۋروپالىقلار كىيىنىشكە ئالاھىدە دىققەت قىلىدۇ، بۇنى ئاينۇر ھەممىدىن چوڭقۇر چۈشىنەتتى، شۇڭا ئۇ رىزۋانگۈل بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ھەربىرى ئۈچۈن ئىككى قۇردىن كاستۇم ـ بۇرۇلكا، بىردىن كۆزلۈك پەلتو تىككۈزدى، كىيىدىغان كۆڭلەكلىرى بىلەن تاقايدىغان گالستۇكلىرىنىمۇ ئىككى چوكان تاللاپ تۇرۇپ تەييارلىدى.

ـــ ئەتە يولغا چىقىمىز، ـــ دېدى كامىل يېنىدا ئولتۇرغان رىزۋانگۈلگە قاراپ، ـــ نەچچە كۈندىن بېرى تەييارلىق ئىشلىرى بىلەن بولۇپ چارچاپ كەتتىڭىز، نېمىلەرنى ئويلاۋاتىسىز؟

ئىككىمىز يالغۇز قالغاندا جىمىپ كەتتىڭىزغۇ؟

— لازىملىق نەرسىلەردىن نېمىلەر ئېلىنماي قالغاندۇ دەپ ئويلاۋاتىمەن.

— چامادانىنى ئېتىۋەتتۇق، ئەمدى ئۇلارنى ئويلىماڭ، لازىملىق نەرسە بولسا ئۆزىمىز ئالساقمۇ بولىدىغۇ، خۇددى مېنى كىچىك بالىدەك كۆرۈپ كېتىۋاتىسىز.

— ياق، كامىل، ئۇنداق ئەمەس، باشقا يۇرت ناتونۇش يەر، بىرەر ئىشنى ئەپلەشتۈرمەك ئاسان ئەمەس، ئۆزىمىز قىلساقمۇ ئاۋارىچىلىكتىن خالاس قىلايلى دەيمەن.

ۋاقىت تون نىسپىگە يېقىنلىشىپ قالغان بولسىمۇ ئۇلارنىڭ ياتقۇسى كەلمەيتتى، مۇشۇ تەرىقىدە ئولتۇرۇپ مۇڭدىشىپ تاڭنى كۈتۈۋالغۇسى كېلەتتى. بىر ـ بىرىگە كۆپرەك قارىشىۋېلىپ، ھىجرانلىق كۈنلىرىدىكى سېغىنىشلىرىغا تەسەللى تاپماقچى. كامىل يېنىدا ھاياجان ئارىلاش غەمكىن ئولتۇرغان خوتۇنىنىڭ يەلكىلىرىنى، قوللىرىنى، چاچلىرىنى سىلايتتى، ئۇنىڭغا تېخىمۇ يېقىنلىشىپ كۆزلىرىگە قارايتتى.

— ھە، راست، — دېدى كامىل بىر نەرسە ئېسىگە كەلگەندەك، جىددىي قىياپەتتە، — سىزگە نېمىلەرنى ئەكەلسەم بولار، بۇ توغرۇلۇق ھازىرغىچە بىرەر ئېغىز گەپ قىلماپسىز، مەنمۇ ئەجەب تىلغا ئالماقچىمەن ـ ھە، — بۇنىڭغا جاۋابەن رىزۋانگۈل بېشىنى كۆتۈرۈپ، كامىلنىڭ كۆزلىرىگە قارىدى، ئىللىق تەبەسسۇم قىلدى، مەڭزلىرى قىزاردى، ئۇزۇن كىرپىكلىرى پىلدىرلىدى، كامىلغا تېخىمۇ چاپلاشتى. بىر قولى بىلەن ئۇنىڭ يەلكىسىنى قۇچاقلاپ، بېشىنى يەلكىسىگە قويدى.

— سەپىرىڭىزدىن مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ پەخىر ۋە شادلىققا تولغان يۈرىكىڭىزنى ئېلىپ كەلسىڭىز، ماڭا شۇلا لازىم، — دېدى رىزۋانگۈل خۇددى ئۆزى ئۆزىگە سۆزلىگەندەك تۆۋەن ئاۋازدا. كامىل ھاياجانلاندى، سۆيۈندى، شۇڭا دەماللىققا بىر نەرسە دېيەلمىدى، ئېنىقكى، نېمە دېيىشنى بىلەلمىدى، خوتۇنىنىڭ

بىلىدىن چىڭ قوچاقلىۋالدى. بىر جۈپ يۈرەك بىر ـ بىرىگە تەگكەش بولۇپ تەرتىپسىز سوقۇپ تۇراتتى. چاپلىشىپ تۇرغان بىر جۈپ تەن ئوخشاش قىزىغانىدى. ئۇلار شۇ تەرىقىدە ئۇزاق تۇرۇشتى، بۇنىڭدىن ئىلىنۋاتقان مەنىۋى لەززەتنى قانغۇدەك تېتىۋېلىش ئىستىكى ھەر ئىككى ۋۇجۇدنى زىلزىلىگە سالغانىدى.

— رىزۋان، — دېدى كامىل بىر چاغدا، — خاتىرە ئۈچۈن بولسىمۇ بىرەر نەرسە تاپشۇرمامسىز؟ مەن ھەرقانچە ئويلاپمۇ لايىق بىرەر نەرسىنى تېپىشىم ناتايىن، بۇ جەھەتتىن دىتىمنىڭ كەملىكى سىزگە مەلۇمغۇ، — كامىلنىڭ ئاۋازى تىترەپ چىقتى.

— كەسپىمىزگە ئائىت بىگى كىتابلار بولسا، ئالغاچ كېلىڭ.

— ياق، مېنىڭ دەۋاتقىنىم سىز ئۈچۈنلا، كىتاب شەخسىي سوۋغا بولالمايدۇ. راستىنى ئېيتسام بىر نەرسە دېمىسىڭىز كۆڭلۇمنىڭ بىر يېرى يېرىم كېتىپ قالىدىغاندەك قىلىمەن، كىيىم ئالغاچ كېلەيمۇ، يەنى پەلتۇدەك نەرسە.

— ياق كامىل، ئۆزىمىزدىمۇ تولۇپ تۇرمامدۇ، بىزنىڭ كىيىملىرىمىزمۇ ئۇلارنىڭكىدىن كەم ئەمەس، ئۆز يۇرتىمىزدا ئۆزىمىزنىڭكىنى كىيسەك تېخىمۇ گۈزەل كۆرۈنىمىز.

— پەقەت خاتىرە ئۈچۈن ئۆز ئاغزىڭىز بىلەن بىر نەرسە دەڭ، بولمىسا بۇگۈن كېچە مەن ئۇخلىيالمايمەن! — ئوتتۇرىغا جىملىق چۈشتى، رىزۋانگۈل ئېرىغا تېخىمۇ چىڭراق يېپىشتى. بەلكىم مۇشۇ ھەرىكىتى بىلەن كۆڭلىدىكى تەشەككۈرىنى ئىپادە قىلىۋاتسا كېرەك.

— بولىدۇ ئەمىسە، ماڭا باھاسى ئەرزان قول سائىتىدىن بىرنى ئاتاپ ئالغاچ كېلىڭ، سائەت ئادەمدىن ئايرىلمايدۇ ھەم كۆزگە كۆپ كۆرۈنىدۇ. پەقەت مۇشۇ ئىككى ئالاھىدىلىكى ئۈچۈنلا سائەت بۇيرۇدۇم جۇمۇ سىزگە، — دېدى رىزۋانگۈل.

ۋاقىت يېرىم كېچىدىن ئۆتتى. ئۇلار ئۆيىنىڭ چىراغلىرىنى ئۆچۈرۈپ ئۇخلاش ئۈچۈن ياتقىلى خېلى ۋاقىت بولغان بولسىمۇ،

ئىككىسىلا ئويغاق ئىدى، قىلىنىدىغان سۆزلىرى تۈگىمىگەن بولسىمۇ، ئەمدى سۆزلەشمىدى، ئۇخلىماقچى بولغانلىقى ئۈچۈن سۆزلەشمىدى.

دېرىزىدىن تاڭ نۇرى چۈشكەندە رىزۋانگۈل چۆچۈپ ئويغاندى ـ دە، قاچانلاردا كۆزى ئۇيقۇغا كەتكىنىنى ئەسلىيەلمىدى. ئۇ يېنىغا قاراپ سۆيۈنۈپ كەتتى، قاچانلاردا ئوڭ قولىنىڭ كامىلنىڭ ياستۇقى ئورنىدا بولۇپ قالغىنىنى ئۆزى بىلمەيتتى. كامىلنىڭ ئۆزىنىڭ چىڭ كۆكسىگە يۈزىنى يېقىپ يېنىك ـ يېنىك نەپەس ئېلىپ شېرىن ئۇخلاۋاتقىنىدىن كۆڭلى شادلىققا تولدى. ئايرودۇرۇمغا مېڭىشقا يەنە ئىككى سائەتتىن ئارتۇق ۋاقىت بار ئىدى. شۇڭا، رىزۋانگۈل ئېرىنىڭ شۇ تەقلىدتە كۆپرەك ئۇخلىۋېلىشى ئۈچۈن مىدىر قىلماي ياتتى، قاتتىقراق نەپەس ئېلىشقىمۇ كۆزى قىيمىدى. شۇ تاپتا رىزۋانگۈلنىڭ بىلەك مۇسكۇللىرى چىڭقىلىپ، ئۇيۇشۇشقا باشلىغان بولسىمۇ، ئۇ بۇنىڭدىن بىر خىل راھەت، ھۇزۇر ھېس قىلىپ، ئۆزىچە ئەركىلەپ ياتاتتى. ئۇ بىر سائەت ۋاقىتنىڭ مۇشۇنداق تېز ئۆتۈپ كېتىدىغانلىقىنى تۇنجى قېتىم سەزدى. ئۆيىنىڭ ئىچى رەسمىي يورۇپ كەتتى، ئەمدى مۇنداق يېتىۋەرسە، ھېلىلا كۈننىڭ قىزغۇچ نۇرى دېرىزىدىن شۇڭغۇپ كىرىدۇ، ئالدىراپ قالىدۇ. رىزۋانگۈل قىيمىغان ھالدا يەنە بىر قولى بىلەن كامىلنىڭ يۈزلىرىنى مېھرى بىلەن سىلىدى، كامىل مىدىرلىدى، لېكىن كۆزىنى ئاچمىدى، ئاغزىنى تاتلىق تەمشىدى. بىر چاغدا ئۇ چۆچۈپ كۆزىنى ئاچتى، تۇنجى كۆرگىنى رىزۋانگۈلنىڭ خۇمارلاشقان كۆزى بولدى. ئۇ ئۆزىنىڭ يېتىش ھالىتىنى كۆرۈپ ئىتتىك ئۆرە بولدى ۋە خوتۇنىنىڭ كېچىچە ئۆزىگە ياستۇق بولۇپ بەرگەن ئاپپاق قولىنى تۆۋەندىن تارتىپ يۇقىرىغىچە ئاۋايلاپ سىلاپ چىقتى، ئاندىن ئۇنى چىڭ قۇچاقلاپ لەۋلىرىگە ئۇزاق سۆيدى.

شەرق ئۇپۇقى ئالتۇن رەڭگە كىرگەنىدى، ئاق قارغا

پۈركىنىپ تۇرغان بۇغدا چوقچىسى قەددىنى تىك قىلىپ، يىراقلارغا مەغرۇر تىكىلەتتى. يېنىك چىقىۋاتقان سەھەر شامىلىدا باھارنىڭ خۇشبۇي ھىدلىرى دىماققا ئۇرۇلاتتى، كۆكىرىشكە باشلىغان زېمىن تەبەسسۇم قىلغاندەك كۆرۈنەتتى. ئايرودرومنىڭ كەڭ ئۇچۇش مەيدانىدا قاناتلىرىنى كېرىپ، ھازىرلا يەردىن كۆتۈرۈلىدىغاندەك تۇرغان بىر يۈز سەكسەن كىشىلىك چوڭ ئايروپىلان تۆۋەن ئاۋازدا غارقىرايتتى. سەپەرگە ئاتلانغۇچىلار كۈتكۈچىلەرنىڭ يول كۆرسىتىشى بىلەن، پەلەمپەي ئارقىلىق يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، ئايروپىلان ئىشىكىدىن كىرىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇزاتقۇچىلار سۇپىسى ئادەم بىلەن لىق تولغان بولۇپ ئادەتتىكىدىن ئۆزگىچە ئىدى.

قارا كۆك سارجىدىن كاستيۇم - بۇرۇلكا كىيگەن، ئاق كۆڭلەكنىڭ ياقىسىغا چاقماقلىق گالىستۇك تاقىغان، قويۇق قارا چاچلىرىنى ئۇدۇل قىلىپ كەينىگە تارىۋالغان كامىل بىلەن مەسئۇد ئايروپىلان شوتىسىدا كۆرۈندى. ئۇلار بىر - بىر دەسسەپ ئەڭ يۇقىرىقى پەلەمپەيگە چىقىپ توختىدى ۋە ھەر ئىككىسى كەينىگە ئۆرۈلدى. ئۇلار ئايروپىلان سۇپىسىدا تۇرۇپ تىكىلىۋاتقان ئەللىك - ئاتمىش جۈپ كۆزلەرگە تىكىلىشتى، بۇ كۆزلەر ئۇلارغا تۇمەن مىڭلىغان كۆزلەردەك كۆرۈندى. تەبەسسۇم قىلىۋاتقان لەۋلەرگە نەزەر تاشلىدى، تىنىماي پۇلاڭلىتىلىپ تۇرغان قوللارغا قارىدى. قۇلاقلىرىغا بولسا، «ئاق يول بولسۇن»، «مۇۋەپپەقىيەت تىلەيمىز»، «شان - شەرەپ قۇچۇپ كېلىڭلار»، «خەير - خوش كامىل ئاكا»، «ئاق يول بولسۇن مەسئۇد» دېگەن سۆزلەر كەينى - كەينىدىن ئاڭلاندى. ئۇلار ئىككىسىمۇ تەڭلا قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈشتى، توختىماي پۇلاڭلىتىشتى. بىلدۈرۈلۈۋاتقان تىلەكلەر ئۇلارغا بەكمۇ مەنىلىك، ۋەزنىلىك بىلىندى - دە، بىردىنلا ئۆز قىممىتىنىڭ نەچچە يۈز ھەسسە ئاشقانلىقىنى ھېس قىلدى. شۇ تاپتا ئۇلار پۈتۈن خەلقنىڭ، تەڭرىتاغنىڭ مۇقەددەس تىلىكىنى زىممىلىرىگە ئېلىپ

كېتىۋاتقىنىنى تېخىمۇ روشەن ھېس قىلماقتا ئىدى.

كامىل بىلەن مەسئۇد قېيمىغان ھالدا ئايروپىلاننىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتى. ئۇزىتىش سۇپىسىدىكى بىر توپ كىشىلەر ئۇلارنى ھەرخىل شەكىللەر بىلەن ئۇزىتىپ قويۇشتى. توپنىڭ ئىچىدە باشقىلاردىن ئۆزىنى يوشۇرۇپ تۇرۇپ ئۇزىتىۋاتقان بىر ئايالنىڭ ئاخىرقى مىنۇتلاردا ئۇزۇن كىرپىكلىك چىرايلىق كۆزلىرىدىن ئىككى تامچە ياشنىڭ مەرۋايىتتەك دومىلاپ چۈشۈپ، ھال رەڭ لەۋلىرىدە توختاپ قالغىنىنى ھېچكىم كۆرمىدى. بۇ گۈزەلنۇر ئىدى.

يىراق سەپەرگە ئاتلانغان ئىككى نەپەر تەڭرىتاغ ئوغلانىنى قوندۇرىۋالغان تۆمۈر قۇش مەزمۇت قاناتلىرى بىلەن كۆك باغرىنى يېرىپ، ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى. ئۇنىڭ كۈمۈش رەڭ تېنىدە بىر دەملىك سەھەر شەپىقىنىڭ قىزغۇچ نۇرلىرى يالت قىلىپ جۇلالىنىپ ئۆتتى. ئايروپىلان مەغرۇر قەددى بىلەن پەخىرلىك تىكلىنىپ، ئاقيول تىلەۋاتقان بۇغدا چوققىسى، ھۆرمەت قاراۋۇللىرىدەك تىك تۇرۇپ ئۇزىتىۋاتقان چەكسىز قارىغايزارلىقلارنى پەستە قالدۇرۇپ، ئاسماننىڭ بىر چېتىنى تۇتاش ئىگىلىگەن سۇر بۇلۇتلارنى يېرىپ ئۆتۈپ، بىپايان كائىنات قوينىغا كىرىپ كەتتى.

1989 ـ يىلى ئۇرۇمچىدە يېزىلدى.
2010 ـ يىلى ئۇرۇمچىدە قايتا تۈزىتىلدى.

NIEDERSÄCHS.
STAATS. U. UNI.-
BIBLIOTHEK
GÖTTINGEN

# كۆزى ئېچىلغان بۇلاق (رومان)


ئاپتورى: تۇرسۇن روزى

مەسئۇل مۇھەررىرى: بارىجان زەپەر

مەسئۇل كوررېكتورى: ئارزۇگۇل كېرەم

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: مەمەت نەۋبەت

نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى: شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

تېلېفون: 0991-2827472

ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر

پوچتا نومۇرى: 830001

باسقۇچى: بېيجىڭ شۈنچىڭ رەڭلىك مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى

ساتقۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى

فورماتى: 880×1230 مىللىمېتىر 1/32

باسما تاۋىقى: 14

نەشرى: 2015 ـ يىلى 9 ـ ئاي 1 ـ نەشرى

باسمىسى: 2015 ـ يىلى 9 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى

تىراژى: 1 — 2000

كىتاب نومۇرى: ISBN 978 - 7 - 228 - 18751 - 5

باھاسى: 40.00 يۈەن